تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# جەزىرە



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





تۇرسۇنجان مۇھەممەت

# جەزىرە

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

荒野：维吾尔文/吐尔逊江·买买提．— 乌鲁木齐：
新疆人民出版社，2009.7
ISBN 978-7-228-12647-7

Ⅰ．慌… Ⅱ．吐… Ⅲ．长篇小说－中国－当代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ．I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2009)第 126511 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | 吐尔逊江·买买提 |
| 责任编辑 | 艾则孜·吐尔迪 |
| 责任校对 | 阿孜古丽·克里木 |
| 特约校对 | 万力·在顿 |
| 封面设计 | 买买提·努比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 邮政编码 | 830001 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米 1/32 |
| 印　　张 | 15.875 |
| 版　　次 | 2009 年 7 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2009 年 7 月第 1 次印刷 |
| 印　　数 | 1—5000 |
| 定　　价 | 36.00 元 |

# مۇندەرىجە


بىرىنچى باب   نەمدەلگەن كىرپىك ........................ 1

ئىككىنچى باب   يېكەنلىك مەيدان ........................ 25

ئۈچىنچى باب   جۇدۇنلۇق سەھەر ........................ 59

تۆتىنچى باب   كېچىككەن باھار ........................ 135

بەشىنچى باب   تۈندىكى گۈلخان ........................ 176

ئالتىنچى باب   قومۇشكۆلدىكى چۈش ........................ 223

يەتتىنچى باب   بورانلىق كېچە ........................ 310

سەككىزىنچى باب   ئۈزۈلگەن رىشتە ........................ 376

توققۇزىنچى باب   تەتۈر قىسمەت ........................ 407

ئونىنچى باب   يېكەنلىكتە كۈز ........................ 465

## بىرىنچى باب

# نەمدەلگەن كىرپىك

### 1

«تەلەيسىزنىڭ بېشىدىن ئامەتنىڭ قۇشى ئۇچماس» دېگەن گەپ راست ئىكەن، ئۆزلىرىنى بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ بىقۇۋۇللىرى ھېسابلاپ يۈرگەن بۇ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇز يىللىق ئۇچرىشىشىمۇ يەنە بىر يامغۇرلۇق كۈنگە توغرا كەلدى.

ھاۋانىڭ ئەلپازى بەكمۇ يامان ئىدى. غەرب تەرەپتىن باستۇرۇپ كېلىۋاتقان قاپقارا بۇلۇتلار ئەتراپنى بىردىنلا گۆگۈم قوينىغا باشلاپ كىردى. شەھەرنىڭ ئاسمانىغا بوي سوزغان ئېگىز بىنالىرى، كەڭ كوچىلىرىدىكى موكىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان ماشىنىلىرى، نېمىگىدۇر ئالدىراپ كېتىۋاتقان ئادەملىرى، شامالسىز تىنچىق ھاۋادا ماي بوياق رەسىمدەك مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرغان دەل - دەرەخلىرى — ھەممە ئاشۇ باستۇرۇپ كەلگەن قارا تۇمان قوينىغا غەرق بولۇپ كەتتى. قاپقارا بۇلۇتلار ئارىسىدىن گۈلدۈرلىگەن گۈلدۈرماما ئاۋازىمۇ كېلىشكە باشلىدى. ھەممىنى بىرھازا ساراسىمىگە سالغان قارا تۇمان شەھەر ئاسمىنىدىن تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. ئەتراپ يەنە بىرئاز يورۇغاندەك قىلدىيۇ، ئۇزاق ئۆتمەي چېلەك بىلەن قۇيغاندەك قارا يامغۇر قۇيۇۋەتتى. يامغۇر سۈيىدىن ھاسىل بولغان شەھەر كوچىلىرىدا ئېقىن سەل بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى.

شەھەرنىڭ جەنۇبىي تەرىپىگە جايلاشقان «ئاق ئالتۇن» رېستورانىنىڭ چوڭ زالى سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. پەردىلىرى قايرىۋېتىلگەن چوڭ دېرىزىلەردىن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان كۇل رەڭ ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىشى، يامغۇر سۈيىنىڭ شارقىرىشى، سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشەيگەن ئادەملەرنىڭ نېمىگىدۇر ۋارقىرىشى زال ئىچىگە بەكمۇ يىراقتىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى. يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان شۇنچە كۆپ ئادەم بەئەينى تام رەسىملىرىدەك مىدىر - سىدىر قىلماستىن، بىر - بىرىگە قاراپ ھاڭۋاققىنىچە تۇرۇپ قېلىشقانىدى. زال ئىچى گۆردىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە سۈكۈتكە پاتقان، پەقەت ياتسىراش ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆز قارىچۇقلىرىنىڭ مىدىرلاپ تۇرۇشىلا بۇ يەردە ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى.

يامغۇر بىر خىلدا شارىلداپ ياغماقتا. قارا بۇلۇتلار نېمىگىدۇر تەقەززا بولغاندەك بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، ئاز - تولا سۈزۈلگەن ئاسمان يەنە قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولماقتا ئىدى. تەكشى يېنىپ تۇرغان كوچا چىراغلىرىنىڭ يورۇقىدا يامغۇر تامچىلىرى سانسىزلىغان ئۇششاق ھاشاراتلار ئۇچۇشۇپ يۈرگەندەك كۆرۈنەتتى. چىمىرلىشىپ تۇرغان ئاشۇ تامچىلار قارىغان ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلاتتى.

خېلىدىن بېرى تاماكىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرغان خۇدابەردى نېمىشقىدۇر گېلىنى قىرىپ قويدى. ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بوشقىنا تاۋۇش سۈكۈتكە چۆمگەن زال ئىچىدە ئىسراپىلنىڭ نېيىدەك ياڭراپ كەتتى. ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويۇشتى. نۇرغۇنلىغان كۆزلەرنىڭ ئۆزىگە بىراقلا تىكىلگىنىنى سەزگەن خۇدابەردىنىڭ ساقال باسقان يۈزىگە سۇس قىزىللىق يۈگۈردى. زال ئىچىدە ئېغىر ئۇھسىنىشلار كۆپەيدى، ئورۇندۇق پۇتلىرىنىڭ چىنە خىشلىق پولغا سۈركەلگەن، كىمنىڭدۇر يۆتەلگەن، يەنە كىمنىڭدۇر خۇدابەردىگە ئوخشاش

گېلىنى قىرغان ئاۋازلىرى كېلىشكە باشلىدى. بۇ يەردە يېڭى بىر ھاياتلىق يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىۋاتقاندەك جانلىنىش پەيدا بولغانىدى.

بىر چاغدا زالنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى غىچىرلاپ ئېچىلىپ، كىيىملىرى يامغۇردا چۆپ - چۆپ بولغان ئىككى ئادەم شەمشىدىنىنىڭ ھەمراھلىقىدا كىرىپ كەلدى. زالدىكىلەر خۇددى بىرى كوماندا بەرگەندەك گۈررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بىر - بىرىگە تىكىلگەن قىرىق نەچچە جۈپ كۆزدە بېسىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان كۈچلۈك ھاياجان بالقىپ تۇراتتى. قىسقا گىرۋەكلىك شىلەپىسى ئاستىدىن كۈمۈشتەك ئاقارغان چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھېلىقى ئىككى ئادەم زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى. زالدا ئاڭلىنىپ تۇرغان ئاياغنىڭ رىتىملىق توكۇلداش ئاۋازى بېسىقىپ، ئورنىغا كىمنىڭدۇر بۇرنىنى تارتقان، خىتىلدىغان ئاۋازى ئالماشتى. زال ئىچىمۇ يامغۇرنىڭ شەپىسىنى سەزگەن چۆل - جەزىرىدەك سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. بىرپەستىن كېيىن يۇمىلاق ئۈستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرغانلار ھېلىقى ئىككى ئادەمگە قاراپ تاشلاندى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە بېسىقىپ ياتقان كۈچلۈك ماگما بىراقلا پارتلاپ چىققاندەك، ھەممەيلەن بىر - بىرىگە ئېسىلغىنىچە ئۇن قويۇپ يىغلاشقا باشلىدى.

— ئىبراھىم مۇئەللىم...

— ھۈسەيىن مۇدىر...

ھېلىقى ئىككى مويسىپىتمۇ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ، چىرايلىق كەكە ساقاللىرى ئارىسىغا كىرىپ كېتىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، ئۆزىگە تاشلانغانلارنى باغرىغا باسقىنىچە ئۇلاردىن ئەھۋال سوراشقا باشلىغانىدى.

— خۇدابەردىمۇسەن؟ قانداق ئەھۋالىڭ؟ بالا ئۇششاقلىرىڭ ئامان - ئېسەنمۇ؟

— ھوي، دىلمۇرات بالام، بۇ سەنمۇ؟ قانداق ئەھۋالىڭ؟ ھال -

ئوقىتىڭ قانداقراق؟

— ئاھ قىزىم ئايجامال، سېنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدىمغۇ؟ قېنى سېنىڭ ئىلىپتەك قامىتىڭ؟ قېنى سېنىڭ تاڭ پەسلىدە ئېچىلغان گۈلدەك رۇخسارىڭ؟ سېنى تۇرمۇش يەپ كېتىپتۇ، ئوبدان قىزىم...

— مەلىكىزاد، قىزىم، بۇ سەنمۇ؟ نېمە، ئەجەب سەمرىپ كېتىپسەنغۇ؟ ھال - كۇنۇڭ قانداق؟ كۆيۈ - سۆلكىتىڭ، بالا - ئۇششاقلىرىڭ ئامان - ئېسەنمۇ؟ نەلەردە يۈرىسەن، ئاپئاق قىزىم...

سورالغان سوئاللار جاۋابسىز قالاتتى. ھەممەيلەننىڭ خۇشاللىقتىن ئېغىزى كۈلەتتىيۇ، كۆز ياشلىرى كۆز يامغۇرىدەك تۆكۈلەتتى. شۇ تۇرقىدا ھېچكىمنىڭ ھېچنېمە دېگۈسى يوق، ھەممەيلەن كۆز ياشلىرى ئارقىلىق قەلبىدە ئۇيۇپ قالغان دەرد - ھەسرەتنىڭ چاڭ - توزانلىرىنى يۇيۇپ چىقىرىۋەتمەكچى بولغاندەك قىلاتتى. ئەلۋەتتە، بۇ كۆز يېشىغا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى جۇدالىق ئوتى كۆيدۈرگەن يۈرەكنىڭ ئىزگۇ مۇڭلىرىمۇ يوشۇرۇنغاندى.

بىرپەسلىك كۆچلۈك يىغا - زار ئېسەدەشكە ئالماشتى. زالدىكى شاۋقۇن - سۈرەنلەرمۇ بارا - بارا پەسەيمەكتە ئىدى. چىڭ سىقىشىپ تۇرغان قوللار گويا يېشىۋېتىلگەن ئارغامچىدەك بوشاشقا باشلىدى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا غۇژمەكلىشىپ قالغانلار ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن ھۆسىيىن مۇدىرنى ئۆز ئۆستەللىرىگە تەكلىپ قىلىشقىنىچە ئۆز ئورۇنلىرىغا قاراپ ماڭدى. قارىغاندا، ھەممەيلەننىڭ قەلب دېڭىزىدا كۆتۈرۈلگەن ھاياجان دولقۇنلىرى قىرغاقنى سۆيۈپ بولغاندىن كېيىن كەينىگە يانغاندەك قىلاتتى.

— توختايۇپ مۇدىر كەلمەپتۇغۇ؟

— نېمە، سەنمۇ ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ — شەمشىدىن ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چوڭ ئاچقىنىچە خۇدابەردىگە قارىدى، — ئاداش، ئۇ جاناب نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئامانەتنى ئىگىسىگە

تاپشۇرۇپ بوپتۇ. مەنمۇ يېقىندىلا ھۈسيىن مۇدىردىن ئاڭلىدىم. بىچارە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا زۇۋاندىن قېلىپ، نەچچە يىل كېسەل تارتىپتۇ. ئامانەتنى تاپشۇرۇشمۇ ئاسانغا چۈشمەپتۇ...

— شۇنداقمۇ؟ — خۇدابەردىنىڭ بىردەملىك ئېسەنگىرەشتىن قۇلاقلىرى ۋاڭشىپ كەتتى. ئۇ بۇ خەۋەرگە ئىشەنمىگەندەك شەمشىدىنگە گۇمانسىراپ قارىدى، — ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. خۇددى مەڭگۈ ئۆلمەيدىغاندەك ياشاپ يۈرەتتىغۇ ئۇ زاتى مۇبارەك؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن، خۇدابەردى، ئادەم دېگەن ھامان ئۆلىدۇ. تۇغۇلماق ھەق، ئۆلمەك بەرھەق، جاھاندا ئۆلمەيدىغان ھېچكىم يوق.

شەمشىدىن خۇدابەردىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى سېزىپ، ئۇنىڭ قاداق باسقان ئالىقىنىنى چىڭ سىققىنىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

ھەممەيلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا جايلاشتى. ئىبراھىم مۇئەللىم قاردەك ئاق قولياغلىقىنى چىقىرىپ تېخىچە مەڭزىدە پارقىراپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر ئىشتىن ھەيران بولغاندەك ھاڭۋېقىپ تۇرغان خۇدابەردىنىڭ يەلكىسىگە بوش ئۇرۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە ئالدى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

— قانداق ئوغلۇم، سەن بىلەن كۆرۈشمىگىلى ساپمۇساق ئوتتۇز ئىككى يىل بوپتۇ، قېنى بۇياققا كەل، سېنى ئوبدانىراق بىر كۆرۈۋالاي، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سېنى بەكمۇ سېغىنىدىم، كاشكى، مەندە بىرەر پارچە سۈرىتىڭ بولسىچۇ؟ — دېدى ئىبراھىم مۇئەللىم يەنە كۆز چاناقلىرىغا يامرىغان ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — سەنمۇ بىر كەتكەنچە مېنى ئىزدەپ قويايمۇ دېمىدىڭ. قارىغاندا، ئەينى چاغدا مەندىن قاتتىق كۆڭلۈڭ قالغان ئوخشايدۇ. مەن ئەمدى بۇ دۇنيادىن سېنى كۆرەلمەي كېتىدىغان بولدۇم، دەپ ئويلىۋىدىم. ھەرنېمە بولسا بۈگۈن ياراتقان ئىگەم

ئىككىمىزنى ئۇچرىشىشقا نېسىپ قىپتۇ. قېنى، بۇياققا كەل، يېنىمدا ئولتۇر...

ئۇلار بىر - بىرىنى يۆلەشكىنىچە سەل چەتتىكى بىر ئۇستەلنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە باشقىلار بوشىتىپ بەرگەن ئىككى ئورۇندۇققا كېلىپ يانمۇيان ئولتۇرۇشتى. شۇ تۇرقىدا خۇدابەردى بوغۇزىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرەلمىدى. يەلكىسىدىكى ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ كەڭ ئالىقىنى گويا كۈچلۈك قىزدۇرۇلغان دەزمالدەك ئۇنىڭ جىسمىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىغانىدى. ئۇ شۇنچە يىلدىن بېرى يىغىلىپ قالغان كۆڭۈل سۆزلىرىنى قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكى بۇ ئۇستازىغا قانداق سۆزلەپ بېرىشنى بىلمەيلا قالغانىدى.

ھەممەيلەن جايلىشىپ بولغاندىن كېيىن، زال ئىچى قايتىدىن چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە سۈكۈتكە پاتتى. ئولتۇرغانلار بويۇنلىرىنى قاقىرلاردەك سوزۇشقىنىچە ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن ھۇسىيىن مۇدىرغا قاراپ، ئۇلارنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتمەكتە ئىدى. ئەمما، ئۇزاق مۇددەت ئايرىلىپ، ئاران بىر تېپىشقاندا گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمىگەن ئاشىقلاردەك بۇ ئىككىسىنىڭ تىلىغىمۇ دەماللىققا سۆز كەلمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرى خوراتقان ئاجىز يۈرىكىدە كەچمىش دېڭىزىدىن كۆتۈرۈلگەن ھاياجانلىق دولقۇنلار تېخىچە مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى. بىر چاغدا ھۇسىيىن مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ زالدىكىلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى ۋە زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان شەمشىدىننى كۆرۈپ، قول ئىشارىسى بىلەن يېنىغا چاقىردى.

— بالام، — دېدى ئۇ شامالدەك تېز يېتىپ كەلگەن شەمشىدىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — بۈگۈنكى سورۇن سېنىڭكى ئوغلۇم، تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ كەتكەن بۇ مارجانلارنى بىر يىپقا تىزىش ئۈچۈن سەن ئاز ھەرەج تارتمىدىڭ. شۇڭا، سەن ئاۋۋال

بىر نەرسە دېمىسەڭ بولمايدۇ. قېنى ئەمىسە، قۇلىقىمىز سەندە. نېمە گېپىڭ بولسا تارتىنماي دەۋەرگىن. چۈنكى، ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ دوستلىرىڭ، ئەينى چاغدىكى ھەمتاۋاق بۇرادەرلىرىڭ. ئاشۇ چاغدا سەن بۇلارنىڭ بېشى ئىدىڭ، ھېلىھەم سەن بۇلارنىڭ قاياشىسەن. بۇ سورۇندا سەندىن ئەزىز باشقا بىرىمۇ يوق. قېنى، بىر نەرسە دېگىن، ئوغلۇم...

— مۇدىر، بۇ... بۇنداق قىلساق، قانداق بولىدۇ؟ ھەر ئىش بېشى بىلەن، دەپتىكەن، مېنىڭچە بولغاندا ئىككىلىرى...

شەمشىدىن گەدىنىنى تاتىلىغىنىچە دۇدۇقلاپ قالدى.

— بولدى بالام، بىزنىڭ مۇشۇنداق جەم بولمىقىمىزمۇ ئاسان ئەمەس. ئاران بىر يىغىلغاندا گەپ نۆۋىتىنى خوش ئېيتىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلمايلى. گەپنى يەنىلا سەندىن ئاڭلىغىنىمىز تۈزۈك. ئالدى بىلەن ئولتۇرغانلارنى بىر تونۇشتۇرۇۋەت. قارىسام، بەزىلەرنى تازا تونۇيالمىغاندەك قىلدىم. يىللار ئەينى چاغدىكى سۇمباتلىق يىگىتلەرنى چار ساقاللىقلارغا، نازاكەتلىك قىزلارنى چېھرىنى قورۇق باسقان مومايلارغا ئايلاندۇرۇپ ئۈلگۈرۈپتۇ. بۇلارنى كۆرۈپ يۈرىكىم قازاندەك ئېسىلىپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا ئېغىز ئاچىدىغان بولسام، يۈرىكىم شەبنەم چۈشكەن چار چۇرۇكتەك ۋاسسىدە يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. تەقدىرگە نېمە چارە، ئۇنىڭ يازمىشىغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامالىمىز يوق ئىكەن، بالام. شۇڭا، سەن گېپىڭنى باشلاۋەر، ئىبراھىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇرما...

شەمشىدىن ھۇسيىن مۇدىرنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بېشىنى سالغىنىچە بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى ۋە زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا قاراپ ماڭدى. زىغىر رەڭ كاستۇم - بۇرۇلكىسى بەكمۇ ياراشقان شەمشىدىن چىرايلىق ياسىتىلغان ۋە مايلاپ پارقىرىتىۋېتىلگەن چېچىنى بارماقلىرى بىلەن تاراپ قويغاندىن كېيىن، زالدىكىلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى. نېمىشقىدۇر ئاددىي كىيىنگەن، چىرايىدىن قانداقتۇر بىر مۇڭ -

ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرغان دوستلىرىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ھاياجاندىن قىزىرىپ تۇرغان چىرايى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلدى. ئۇ مۇشۇ دوستلىرى ئالدىدا خۇددى ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلماقچى بولغاندەك پۇزۇر ياسىنىپ، چېكىلىرى ئاقارغان چېچىنى پارقىرىتىپ يۈرگىنىدىن بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئەينى چاغدا تاپقان بىر بۇردا ناننى تەڭ يېيىشىپ، بىر جۇۋىنىڭ ئىسسىقىنى تەڭ ئېلىپ كەلگەن بۇ دوستلارنىڭ بەزىلىرى شۇ تاپتا بەكلا ئاۋارە ئىدى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدە كىشى ئويلاپ يەتمىگەن قىسمەتلەر ئۆزىنى كۆرسەتكەنىدى. ئاشۇ قىسمەتلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى ھېلىھەم ئۇلارنىڭ ئۈستىۋېشىدىن غىل ـ پال كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆسۈپ كەتكەن چاچ ـ ساقاللار، ئەتراپىغا قورۇق چۈشۈپ، نۇرى قاچقان خۇنۇك كۆزلەر، تارىمۇشتەك قېتىپ كەتكەن بارماقلار. يىللار شامىلى ئويۇپ چىققان قۇم تۇرالاردەك يىرىك چېھرىلەر، ئېغىر تۇرمۇش يۈكلىرى رەھىمسىزلىك بىلەن پۈككەن قامەتلەر...بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ شەمشىدىن ئۆز ـ ئۆزىدىن نومۇس قىلىپ كەتتى. ئەمما، سەھنىگە چىققانىكەن، يا ناخشا ئوقۇماي، يا ئۇسسۇل ئوينىماي چۈشكىلى بولمايدۇ ـ دە! شۇڭا، ئۇ تاڭلىيىغا چاپلىشىپ كەتكەن تىلىنى زورىغا مىدىرلىتىپ، غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازدا سۆزىنى باشلىدى:

— ھۆرمەتلىك ئۇستازلار، ساۋاقداشلار، دوستلار، بىمەھەل چاغدا ئالدىڭلارغا چىقىپ، ئۆزۈمنى سورىماي ئاتىكارچىلىق قىلغىنىمنى ئەپۇ قىلارسىلەر، — ئۇ يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى چىقىرىپ، چېكىسىدىن پۇرۇلداپ قۇيۇلۇشقا باشلىغان تەرلىرىنى سۈرتتى ۋە ئىچىگە تىنىپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بۈگۈن بىز بۇ يەرگە جەم بولۇپ، ئەينى چاغدا يېكەنلىك مەيدانىغا قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكىنىمىزنىڭ ئوتتۇز يىللىق خاتىرىسىنى تەبرىكلىمەكتىمىز. مانا، بىز بىلىپ ـ بىلمەي يۈرگەن مۇشۇ

ۋاقىت زەنجىرىدە يېڭىدىن ئوتتۇز ھالقا پەيدا بوپتۇ. بۇ ۋاقىت بىر ھېسابتا بىر ئادەمنىڭ يېرىم ئۆمرىگە تەڭ كېلىدۇ. ئويلاپ كۆرسەم، مۇشۇنچىۋالا ۋاقىت ئىچىدە بىرەر قېتىممۇ يۈز كۆرۈشۈشكە پۇرسەت بولمىغان دوستلارمۇ ئاز ئەمەسكەنمىز، — ئۇ ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان خۇدابەردىگە سەن شۇغۇ، دېگەندەك قاراپ قويدى، — توختايۇپ مۇدىر ۋە بىرنەچچە ساۋاقدىشىمىز تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى ئارىمىزدىن كېتىپمۇ قاپتۇ. يىللار دېگەن شۇنداق رەھىمسىز بولىدىكەن.

زالدىن يەنە ئېسەدەشلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىگە قايتىدىن ياش تولماقتا ئىدى.

— كونىلاردا دىدار غەنىيمەت، دەيدىغان گەپ بار، — دېدى شەمشىدىن بىر پەسلىك سۈكۈتتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بىزنىڭ مۇشۇنداق بىر جەم بولۇشىمىزنىڭ ئەھمىيىتىنى مەن سۆزلەپ ئولتۇرمىساممۇ بولار. ھەرقايسىڭلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىڭلارنى سەرپ قىلىپ، ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي، بۇ سورۇنغا داخىل بولۇپ بەرگىنىڭلارغا رەھمەت. بۈگۈنكى يىغىلىشىمىزغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، ساۋاقدىشىمىز جاپپار ئىلمىي لېكسىيە بېرىش ئۈچۈن بىر ھەپتە بۇرۇن شۋېتسىيىگە چىقىپ كەتكەن، يازغۇچى ساۋاقدىشىمىز ئابدۇسادىق ئاپتونوم رايوندىكى بىر ئەدەبىي ئىجادىيەت مۇكاپاتى يىغىنىغا مۇكاپات ئالغىلى كەتكەن، ۋىلايەتلىك پېداگوگىكا ئالىي تېخنىكومىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ساۋاقدىشىمىز قاسىم پەيزى ئامېرىكىغا كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتكەن بولغاچقا، ئۇلار بۇ پائالىيەتكە قاتنىشالمىدى. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ سىلەرگە دەيدىغان كۆڭۈل سۆزلىرى بار. ئۇلار ئەزىز تېنىڭلارغا سالامەتلىك، ئائىلەڭلەرگە بەخت، بالا - ئۇششاقلىرىڭلارغا ئىنساپ تىلىدى، — شەمشىدىن سۆزدىن توختاپ، دېمىنى رۇسلاپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ياندىكى ئۈستەلگە قارىدى، — ھۆرمەتلىك ئۇستازىمىز ئىبراھىم

مۇئەللىم بىلەن ھۇسەيىن مۇدىرنىڭ مۇشۇ يىغىلىشىمىزغا قاتنىشىپ، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلتۈرۈپ بەرگىنىگە بارلىق دوستلار نامىدىن رەھمەت ئېيتىمەن ۋە بۇلارغا سالامەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەيمەن.

ئۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپ زالدىن تورۇسنى ئېچىۋەتكۇدەك گۈلدۇراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. خۇددى مىڭلارچە كەپتەر بىراقلا ئۇچقاندەك چىققان بۇ سادادىن يوغان زالنىڭ تام - تورۇسلىرى تىترەپ كەتتى. ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن ھۇسەيىن مۇدىر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە تارامىلاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشكىنىچە ھەممەيلەنگە قاراپ قول ئىشارىسى قىلدى.

— رەھمەت، سىلەرگە كۆپ رەھمەت، سىلەرگىمۇ سالامەتلىك يار بولسۇن، ئىشلىرىڭلار بەرىكەتلىك بولسۇن، ئائىلەڭلار بەختكە تولسۇن، — دېدى ھۇسەيىن مۇدىر تارىلىرى چىڭ تارتىلغان تەمبۇرنىڭكىدەك جاراڭلىق ئاۋازدا، — شۇ تاپتا كۆز ئالدىمغا قولى ئىشتىن بوشىسىلا يەرگە بىرنەرسىلەرنى جىجاپ ئولتۇرىدىغان جىمغۇر بالا — جاپپار، يېكەنلىك مەيداننىڭ يېڭى ئېچىلغان بوزلۇقلىرىدا مامكاپلاردىن ئىلھام ئالغان كېپىنەكتەك ئۇچۇپ يۈرىدىغان كۈلگۈنچەك بالا — ئابدۇسادىق، كۆڭلىدە بىرنەرسىلەرنى ھېسابلاپ بۇس چىقارماي يۈرىدىغان قاسىم پەيزىلەر كېلىۋاتىدۇ. ئىشلىرى بەرىكەتلىك بولسۇن، باسقان ئىزلىرىدىن قىزىلگۈل ئۈنسۇن قۇشلىرىمىنىڭ... — ھۇسەيىن مۇدىرنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلدى.

— ئەمىسە ھەممەيلەن ئۆزىمىزنى بىرقۇردىن تونۇشتۇرۇپ چىقساق قانداق دەيسىلەر؟ — شەمشىدىن ئولتۇرغانلارغا بىرقۇر تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، كاستۇمىنىڭ تۈگمىسىنى ئېچىۋەتتى، — يەنىلا ئىشنى ئاۋۋال ئۆزۈمدىن باشلاي، ئىسمىم شەمشىدىن، ئەينى چاغدىكى سىلەرنىڭ ئەترەت باشلىقىڭلارمەن، ئېھتىمال مەندەك زۇلۇمخورنى ھېچكىم ئۇنتۇپ قالمىغاندۇ. ئاشۇ

چاغدا مەندىن كۆڭلى ئاغرىغان دوستلارغا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاي تۇتىمەن، مەندىن ئۆتكەن يەرلەر بولسا كەچۈرۈۋېتىڭلار...

— مېنىڭ ئىسمىم ئوبۇلتالىپ...

— مېنىڭ ئېتىم ئايشەم...

— مېنىڭ قۇددۇس...

— مېنىڭ ئايجامال...

ئۆز - ئۆزىنى تونۇشتۇرۇش يېرىم سائەتتىن ئارتۇق داۋاملاشتى. ھەممەيلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ بولغاندا ئۈستەللەرگە تاماقمۇ تارتىلىپ بولغانىدى. چىرايلىق ئەتلەس كۆڭلەك كىيىۋالغان كۆتكۈچى قىزلار ئۈستەللەر ئەتراپىدا گۈلدىن گۈلگە قونۇپ يۈرگەن كېپىنەكتەك ئايلىنىپ، پىيالىلەرگە چاي لىقلىماقتا ئىدى. بىر چاغدا چاقلىق پەتنۇسقا قويۇلغان، ئېغىزىغا بىر تۇتام ئوتياش چىشلىتىپ قويۇلغان بىر پاقلاننىڭ كاۋىپى زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلتۈرۈلدى. سارغىيىپ پىشقان كاۋاپنىڭ مەززىلىك ھىدى زال ئىچىگە تەكشى تارىدى. شەمشىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، پەتنۇسنى ئىتتىرىپ كەلگەن بالىنىڭ قولىدىن پىچاقنى ئالدى.

— ساۋاقداشلار، — دېدى ئۇ ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، — ئىلگىرى بىز داش قازان ئەتراپىدا ئۇماچقا تەلمۈرۈپ، بىر نان ئۈچۈن زار بولغاندۇق. ھازىر ئۇنداق كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى. بۇ كۈنلەرگە مىڭ شۈكۈر، بىز ھازىر يېمەك - ئىچمەكتىن غەم قىلمايدىغان بولدۇق. بۈگۈن دوستلارنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ بۇ سورۇننى ھازىرلىدىم، ئاۋۋال ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن ھۆسىيىن مۇدىرنى كاۋاپقا ئېغىز تېگىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى زالنى بىر ئالدى.

— رەھمەت، سىلەرگە رەھمەت، — دېيىشتى ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن ھۆسىيىن مۇدىر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ. ئۇلار

كاۋاپ قويۇلغان پەتنۇسنىڭ ئالدىغا باردى ۋە شەمشىدىننىڭ قولىدىكى پىچاقنى ئېلىپ، پاقلان كاۋىپىدىن ئازراق كېسىپ ئېغىزىغا سالغاندىن كېيىن، دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

— ئەمىسە ھەممەيلەن تارتىنىپ - قورۇنۇپ ئولتۇرماستىن، غىزاغا ئېغىز تېگەيلى، — دېدى شەمشىدىن. بىراق، شۇ تۇرقىدا كىمنىڭ گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتىدۇ دەيسىز؟ ھەممەيلەن چوكىنى تۇتۇشقىنىچە بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى...

رېستوراننىڭ مۇزىكا ئەترىتى سەھنىگە چىقتى. ئۇلار چالغۇلىرىنى بىرئاز سازلىغاندىن كېيىن، بۇگۈنكى سورۇن ئەھلىنىڭ ھۇزۇرىغا تەقدىم قىلىدىغان نومۇرلىرىنى باشلىۋەتتى. ئېلېكترونلۇق رويال، چاتما دۇمباق، باس گىتار ۋە ئەرەب دۇمبىقىنىڭ تەڭكەش قىلىشى بىلەن ۋالىس مۇزىكىسى باشلاندى. ھۇسىيىن مۇدىر قەلبىدە كۆتۈرۈلگەن ھاياجانلىق دولقۇنلارنىڭ مەۋج ئۇرۇشى بىلەن ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى ۋە مەلىكىزادىنىڭ ئالدىغا باردى. چىرايى تاڭ شەپىقىدەك قىزىرىپ كەتكەن مەلىكىزاد ئورنىدىن تۇرۇپ ياغلىقىنى بىرقۇر تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭغا قول بەردى. بىرى ياشىنىپ قالغان، يەنە بىرى سەمرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇلار مۇزىكىنىڭ ئەۋجىگە ماس ھالدا كېپىنەكتەك يەڭگىل پىرقىراشقا باشلىدى. زالدا يەنە بىر قېتىم ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى. ھۇسىيىن مۇدىرنىڭ يۈزىگە تېپىپ چىققان خۇشاللىق ئۇنىڭ كۆزى ئەتراپىدا نۇرغۇن ئۇششاق گۈللەرنى پەيدا قىلدى. مەلىكىزادمۇ كۆز ياشلىرىنى تۇختىتالمىغان ھالدا ھۇسىيىن مۇدىرغا ماسلاشماقتا ئىدى. ئۇلار شۇ تۇرقىدا رېستوراننىڭ چوڭ زالىدا ئەمەس، بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرىكى يېكەنلىك مەيداننىڭ توپا بۇخسۇپ تۇرىدىغان توپىلىق مەيدانىدا پىرقىراۋاتقاندەك ئىدى.

مۇزىكا ئالماشتى. ئىبراھىم مۇئەللىممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھۇسىيىن مۇدىر بىلەن بىر ئۇستەلدە ئولتۇرغان ئايشەمنى

تانسىغا تارتتى. يۈزلىرى يۇمىلاق، پېشانىسى كەڭ، چىرايى ئاپتاپتەك پارلاپ تۇرىدىغان، يىللار كۆز ئەتراپىغا نۇرغۇن ئۇششاق قورۇقلارنى ئاتا قىلغان بولسىمۇ، گۈزەللىكىنى يوقاتمىغان ئايشەمۇ ئانار دانىلىرىدەك قىزارغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيداندا ئۇلارمۇ كۆككە شۇڭغۇغان قارلىغاچتەك پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

— تۇرۇڭلار بالىلار! — دېدى ھۇسىيىن مۇدىر ياڭراق ئاۋازدا ۋارقىراپ، — ئىلگىرى ئوينايمىز دېسەك بۇنداق ئېسىل سورۇنلار يوق ئىدى. ھازىر شارائىت ياخشىلانغاندا، بىزنىڭ قىن-قىنىغا پاتمىغان شاش ئاتتەك ئويناقلاپ تۇرىدىغان ياشلىقىمىز يوق. شۇنداقتىمۇ، بولۇشىمىز مۇشۇ دەپ بىكار بولغان سامان تاغىرىدەك ئولتۇرۇۋالساق بولمايدۇ. سازەندىلەرنىڭ كۆڭلى قالمىسۇن، ھەممىمىز بىرلىكتە ئويناپ زالدىن چاڭ چىقىرىۋېتەيلى، تۇرۇڭلار دەيمەن، — ئۇ ئۆزى ئولتۇرغان ئۇستەلدىكىلەرنىڭ قولىنى تارتىشقا باشلىدى.

— سەنمۇ تۇرماسەن؟ — دېدى شەمشىدىن خۇدابەردىنىڭ يېنىغا كېلىپ، بېشى بىلەن ئايجامال ئولتۇرغان ئۇستەلنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ، — قارىغىنا، ئۇمۇ ساڭا قاراۋاتىدۇ.

خۇدابەردى ئۇ كۆرسەتكەن تەرەپكە قارىدى ۋە قارشى ئۇستەلدە ئولتۇرغان ئايجامالنىڭمۇ راستىلا ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئىككى جۈپ قارىچۇق بىر نۇقتىدا ئۇچرىشىپ قالدى. ئايجامالنىڭ قويۇق كىرپىكلەر سايە تاشلاپ تۇرغان كۆزلىرى ئۈركۈگەن كېيىكتەك بەدەر قاچتى. خۇدابەردىمۇ نېمىگىدۇر ئوڭايسىزلاندى.

— چاپسان تۇر، — دېدى شەمشىدىن يەنە پىچىرلاپ، — ئەمدى يەنە بوشاڭلىق قىلساڭ، ئاياپ ئولتۇرماستىن مۇشۇ سورۇندىلا كۆتۈڭگە تېپىمەن.

خۇدابەردى بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇپلا ئورنىدىن تۇردى ۋە ئايجامالنىڭ ئالدىغا باردى. تېخىچە

ھودۇقۇپ، تەمتىرەپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئولتۇرغان ئايجامالنىڭ سەزگۈلىرى ئۇنىڭغا كېلىۋاتىدۇ، ئەنە كېلىۋاتىدۇ دەپ بېشارەت بەرمەكتە ئىدى. ئۇ بېشىنى تېخىمۇ ئەگكىنىچە يەرگە قارىۋالدى. خۇدابەردى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، نېمە دەپ چاقىرىشنى بىلەلمىگەندەك بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. بۇنى كۆرۈپ ياندىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان مەلىكزاد ئايجامالنىڭ يېڭىدىن تارتىپ قويدى.

— ھوي، ئايجامال، نېمە بولدى ساڭا؟ قارىغىنا، ئالدىڭغا كىم كەپتۇ - ھە؟

ئايجامال خۇددى قورام تاشنى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر بىلىنگەن بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ، ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان خۇدابەردىنى كۆردى. ئىككى جۈپ كۆز يەنە بىر قېتىم ھەيرانلىق، ئەندىكىش ئىچىدە بىر - بىرىگە تىكىلدى. ئايجامال ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. خۇدابەردى ئۇنىڭ قولىدىن يەڭگىل تۇتۇپ، زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا ئېلىپ ماڭدى.

مۇزىكا بىر خىلدا داۋام قىلماقتا ئىدى. زالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇقتا ئىبراھىم مۇئەللىم ئايشەم بىلەن تانسا ئويناماقتا، خۇدابەردىمۇ كالانپاي قەدەملىرى بىلەن ئايجامالنى پىرقىراتماقتا. ئۇلارغا ماسلىشىپ يەنە بىرنەچچىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋېلىشقانىدى. ھەرەڭ - سەرەڭ كىيىنگەن، چىرايىدا گەرچە كۈلكە پارلاپ تۇرسىمۇ، ئىچ - ئىچىدىن ئېچىلالمايۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدە قانداقتۇر بىرنەرسە قېتىپ قالغانىدى. شۇ تاپتىكى ناخشا - مۇزىكىلار، ئۇستەللەرگە دۆۋىلىۋېتىلگەن ئېسىل قورۇمىلار، ئاستا، ئەمما بەكمۇ رەتلىك ئايلىنىۋاتقان رومكىلار ئاشۇ قېتىپ كەتكەن نەرسىنى بىراقلا يۇمشىتىشقا قادىر ئەمەستەك قىلاتتى.

— سىزنى قايتا كۆرگىنىمدىن بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتىمەن، — دېدى ئايجامال كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا ئاستا پىچىرلاپ، —

يېكەنلىك مەيدانىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى سىزنىڭ دېرىكىڭىزنى پەقەتلا ئالالمىدىم. بەزىدە سىزنى ئويلاپمۇ قالىمەن، ئەمما سىزنى ئىزدەشكە يۈزۈم يوقتەك بىر تۇيغۇدا شۇنچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. قايتا ئۇچرىشىشقا ئەمدى پۇرسەت بولمىدى دەپ يۈرىكىم سۇ ئىدى. ھەرھالدا ئامان ـ ئېسەن تۇرۇۋېتىپسىز. مەن تېخى سىزنى...

— ئېھتىمال ئۆلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ — دېدى خۇدابەردى مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ، — ئادەم دېگەننىڭ جېنى توختايۇپنىڭ ئارغامچىسىدەك چىڭ نېمە ئىكەن، ئاسانلىقچە ئۈزۈلمەيدىكەن، بولمىسا مەنمۇ ئاللىقاچان ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بولغان بولاتتىم. ھەي، تەقدىرنىڭ يازمىشىغا نە چارە؟ بىزنىڭ بىللە ئۆتۈشمىز پېشانىمىزگە پۈتۈلمىگەنىكەن، شۇڭا مەنمۇ تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەلھۆكمىللا دېدىم. ئايجامال، يېكەنلىكتىن ئايرىلغاندىن كېيىن نەلەردە يۈردىڭىز؟

— نېمىسىنى سورايسىز، خۇدابەردى؟ باشتىن ئۆتكەن ئىشلارنى بىر قول تانسا ئويناۋېتىپ قانداقمۇ سۆزلەپ بولغىلى بولسۇن؟ ھەي، شۇ تاپتا يۈرىكىم يىغلاۋاتىدۇ. ئەگەر ماڭا قايتا تۇغۇلۇش پۇرستى نېسىپ بولغان بولسا، مەن يەنىلا يېكەنلىك مەيدانىغا بېرىپ، سىزنىڭ تامىقىڭىزنى ئۆز قولۇم بىلەن ئېتىپ بېرەتتىم...

— بولدى ئايجامال، ئۇ گەپلەرنى قويۇپ، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىز ھەققىدە سۆزلەڭ. توي قىلدىڭىزمۇ؟ بالىلار نەچچىگە كىردى؟ ئوقۇشى قانداقراق؟

— شور پېشانە بىر ئايالنىڭ ئۆزى ھەققىدە سۆزلەيدىغان قانچىلىك سەرگۈزەشتىسى بولسۇن؟ — دېدى ئايجامال ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، ئاندىن خۇدابەردىنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا قاراپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — قايتا تەربىيىدىن قايتىپ ناھىيىلىك يېمەك ـ ئىچمەك شىركىتىگە ئىشقا چۈشتۈم. ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپ توي قىلدىم، ئۈچ باللىق بولدۇم،

ھازىر بالىلارنىڭ چوڭى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈۋاتىدۇ. قالغانلىرىمۇ ئوقۇۋاتىدۇ. مېنىڭ سەرگۈزەشتىم مانا مۇشۇنچىلىكلا... — ئۇنىڭ گەپ - سۆزىدىن قانداقتۇر قېيىداش، بىر ئىشلارغا كىنايە قىلىش مەنىسى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى ھېس قىلغان خۇدابەردىنىڭ كۆز جىيەكلىرىمۇ قىزىرىپ كەتتى. ئېغىر تىنىقلار بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى، ياش پەردىسى ئىچىدە خىرەلەشكەن كۆزلەر بىر - بىرىگە مەيۈس تىكىلدى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ تىلىغا سۆز كەلمەيتتى...

— ئەمدى بىرپەس جىم بولايلى! — دېدى شەمشىدىن تانسا ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مۇزىكانتلارغا سەل توختاپ تۇرۇڭلار، دېگەندەك قول ئىشارىسى قىلىپ تۇرۇپ، — ئارىمىزدا ھازىر ئىككى نەپەر ئۇستازىمىز بار. ئۇلاردىن بىرەر - ئىككى ئېغىز گەپ ئاڭلىمىساقمۇ كۆڭۈل ئۇنىمايدۇ. شۇڭا، ئاۋۋال ئىبراھىم مۇئەللىمنى سۆزگە تەكلىپ قىلساق.

زالدىن يەنە قىزغىن ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. ئىبراھىم مۇئەللىم ئورنىدىن تۇرۇپ قىسقا يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن، ھۆسيىن مۇدىرغا قارىدى. ھۆسيىن مۇدىر «سۆزلەۋەر» دېگەندەك باش ئىشارىسى قىلدى. ئىبراھىم مۇئەللىم سالماق قەدەملەر بىلەن زالنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدى.

— بالىلىرىم، بۈگۈن مەن ئەينى چاغدىكى سىنىپ باشلىقىڭلار، كېيىن يېڭەنلىك مەيداندىكى ئەترەت باشلىقىڭلار، ھازىر ۋىلايەتلىك پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان شەمشىدىنىنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن مۇشۇ يەرگە جەم بولغىنىمىزدىن بەكلا ھاياجانلىنىۋاتىمەن. شۇ تاپتا ئۆزۈمنى ئوتتۇز ياش ياشىرىپ كەتكەندەك سەزمەكتىمەن. بىز تونۇشقاندا سىلەر ياش، گۆدەك، تېخى پوتلاڭلىنى سۈرتۈشنىمۇ ئەمدى ئۆگەنگەن بالىلار ئىدىڭلار. ئەينى چاغدا مەن سىلەرنى مەڭگۈ چوڭ بولمايدىغاندەك ھېس قىلىپ بەكمۇ چىڭ تۇتقانىكەنمەن. بۈگۈن سىلەرنى كۆرۈپ سەل خىجىل بولۇۋاتىمەن. بالىلىرىم، سىلەر شۇ چاغدا تولۇقسىز

ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپلا قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن يېزا-قىشلاقلارغا يۈرۈپ كەتكەنىدىڭلار. مەن نەزەربەندتە بولغىنىم ئۈچۈن سىلەرنى ئۇزىتىشقىمۇ يارىمىغانىدىم. بالىلىرىم، ئەينى چاغدىكى جاپالىق تۇرمۇش سىلەرنى تاۋلىدى، ھەربىرىڭلارغا ئادەم بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەتتى. گەرچە سىلەر قايتا تەربىيىگە چۈشۈپ، ئۆرلەپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان بولساڭلارمۇ، ھېچبولمىغاندا ئاش-ناننىڭ قەيەردىن كېلىدىغانلىقىنى بىلىۋالدىڭلار. مانا، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە ئارىدىن ئوتتۇز يىل ئۆتۈپ كەتتى. بىز قېرىدۇق. سىلەرمۇ تۇرمۇش ئوچاقلىرىدا تاۋلىنىپ ئوتتۇرا ياشتىن ھالقىغان ئەرلەرگە، پىشقان ئانىلارغا ئايلاندىڭلار. بىر بۆلۈك ئوغلانلىرىمىز پروفېسسور، كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى ۋە قابىلىيەتلىك رەھبىري كادىرلارغا ئايلىنىپتۇ. بۇنىڭدىن مەن بەكمۇ سۆيۈندۈم. ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا يۈزى يورۇق بولسا، مېنىڭمۇ خەلقىم ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولىدۇ. مېنى مۇشۇنداق پەخىرلىك ھېس-تۇيغۇلارغا چۆمدۈرگەن سىلەرگە چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. مەن سىلەرنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدىمىڭلارغا قۇت، تۇرمۇشۇڭلارغا خۇشاللىق، ئائىلەڭلەرگە بەخت تىلەيمەن، — ئىبراھىم مۇئەللىم ھاياجاندىن بوغۇلۇپ، چاناقلىرىغا يامىرىغان كۆز يېشىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى، — مەن مۇشۇ پۇرسەتتە بىزنى بۇ قىممەتلىك ئۇچرىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرگەن بالام شەمشىدىنگە يەنە بىر قېتىم چىن دىلىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

زالدىن تۇرۇسنى ئېچىۋەتكۇدەك گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

— ئەمدى بىز ئەينى چاغدا يېكەنلىك مەيدان ئاسمىنىنى چاڭ كەلتۈرگەن ناخشىلاردىن بىر-ئىككىنى ئاڭلىساق دەيمەن، سىلەرچە قانداق؟

ھۈسىيىن مۇدىرنىڭ بۇ ئۆتۈنۈشى زالدىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم ئۆرىتۆپە قىلىۋەتتى.

— ناخشىنى كىم ئېيتىدۇ؟

— خۇدابەردى ئوقۇسۇن، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭغا قاراپ كۆز قىسىپ قويۇپ، — ئارىمىزدا ناخشىغا ئېغىز ئاچالايدىغان، ئۇسسۇلغا قول كۆتۈرەلەيدىغاندىن شۇلا بار.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ — خۇدابەردى خاپا بولغىنىدىن پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى، — «بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزىنى چاپاق بېسىپتۇ» دېگەندەك ئىش قىلمىغىنا، مەن نەدە يۈرۈپ ناخشا توۋلاپ، ئۇسسۇل ئويناپتىمەن؟ خېلى تۈزۈك ئادەم بوپتۇ دېسەم، ئادەمنى مازغا يۆگەشنىمۇ ئوبدانلا ئۆگىنىپسەن، بۇرادەر...

— ياق، شەمشىدىن خاتا دېمىدى. بىز خۇدابەردىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايمىز.

— ئۇنىڭ ناخشىسىنى بەكمۇ سېغىنغانىدۇق.

— توغرا، ئاشۇ چاغدا ئاياغقۇمدا ئوقۇغان ناخشاڭنى ئېيت، خۇدابەردى...

— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، سەن تېنىۋالالمايسەن، ئاشۇ چاغدا «راكېتا» چوڭ ئەترىتىدىن كەلگەن دوستلارنىڭ ئالدىدا سەن بىرنەچچە ناخشا ئوقۇغانغۇ؟ شۇنى ئېيت!

ھەممەيلەن زالنى بېشىغا كىيىپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. خۇدابەردى بەكمۇ ئوڭايسىزلاندى. ئۇ توپ ئارىسىدىن ھەممىدىن بەك ئۈنلۈك ۋارقىراۋاتقان ئوبۇلتالىپ بىلەن شەمشىدىنگە تازا ئالىيىپ قاراپ قويدى. ئۇ ئۇستازى ۋە دوستلىرىنىڭ بۇنداق تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تۈرمۈش ھەلەكچىلىكىدە پالاقلاپ يۈرۈپ، بىرەر قېتىممۇ ساز - پازغا يېقىن يولىمىغان خۇدابەردىنىڭ بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى.

— سازەندىلەر بىر ئوبدان ناخشا توۋلاۋاتسا، مەن سەھنىگە چىقىپ قاغىدەك قاقىلداپ يۈرسەم بولماس. مېنىڭچە، ئاشۇلارنىڭكىنى ئاڭلايلى، مۇدىر...

— لېكىن، بىزنىڭ خۇدابەردىنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغۇمىز

بار، — زالدىكىلەر بىراقلا ۋارقىراشتى.

— شۇنداق قىل، ئوغلۇم، بىرەر ناخشا توۋلاپ بەر، — دېدى ھۇسىيىن مۇدىرمۇ ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا ئۇنىڭغا قاراپ، — سېنىڭ ئاياغقۇمدا ئوقۇغان ناخشاڭ ئوتتۇز يىلدىن بېرى قۇلاق تۈۋىمدىن كەتكىنى يوق. بۈگۈن مەن يەنە بىر قېتىم ناخشىلىرىڭنى ئاڭلاپ، قەلبىمدىكى تەشنالىقنى قاندۇرۇۋالاي، ئوغلۇم...

خۇدابەردىگە ئەمدى يەنە بىرنەرسە دېيىشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. ئۇ بېشىنى سالغىنىچە سازەندىلەر ئولتۇرغان سۇپىغا قاراپ ماڭدى. زالدىكىلەر گۈلدۈراس ئالقىشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا مەدەت بەردى. خۇدابەردى سەھنىگە چىقىپ مىكروفوننى قولىغا ئالدى ۋە سازەندىلەرگە قاراپ بىرنەرسە دېگەندىن كېيىن، سەل تىترەپ تۇرغان بارماقلىرى بىلەن مىكروفوننى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئېلېكترونلۇق رويالنىڭ تىللىرى بېسىلىپ ئۇنىڭدىن مۇڭلۇق بىر كۈي تاراشقا باشلىدى.

تېرەك بوستان، تېرەك بوستان،
تېرەك بوستانغا مەن ھەيران.
سېنىڭ كۆڭلۈڭ ئارام تاپتى،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران.
...

خۇدابەردىنىڭ دەسلەپ سەل بوغۇق ئاۋازدا باشلانغان ناخشىسى مۇزىكا بىلەن بىرلەشكەندىن كېيىن، بارا - بارا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. زالدا ئولتۇرغانلار دەسلەپ چاۋاك بىلەن ناخشىغا جور بولغان بولسا، كېيىنچە ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ئوقۇشقا باشلىدى. كېيىن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، خۇددى ئومۇمىي خور ئېيتىۋاتقاندەك ناخشىغا كىرىشىپ كەتتى. ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە شۇ تاپتا سېغىنىش، ئارمان، ئۆتكەن

كۆنلەرنىڭ ئەسلىمىسى پارلىماقتا ئىدى. ئۇلار شۇ تاپتا ئۆزلىرىنى رېستوراندا ئەمەس، يېكەنلىك مەيدانىنىڭ ئايدىڭ ئاخشاملىرىدا ئاياغقۇمنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان گۈلخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغاندەك سېزىشەتتى. ئۇلار زىننەت چىراغلىرى لىپىلداپ تۇرغان سەھنىگە ئەمەس، يۇلتۇزلىرى كۆز قىسىۋاتقان ئاسمانغا قاراپ ناخشا تۇۋلاشماقتا... ناخشىنىڭ ئەۋجىگە چىققىنىغا ئەگىشىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئەسلىمە دولقۇنلىرى قىرغاقلارغا زەرب بىلەن ئۇرۇلماقتا. ئۇ يەردىن چاچرىغان ئۇششاق بۇژغۇنلار كۆزلەردىن فونتان بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئىدى...

ئوردىدىن چىققان يىگىتنىڭ،
تونى بار، ئىمچەسى يوق.
بېلىگە قىسقان گۈلىنىڭ،
بەرگى بار، غۇنچەسى يوق...
...

خۇدابەردىنىڭ بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ ئېقىۋاتقان بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىلدىرلىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يېقىملىق ئاۋازى يۈرەكنىڭ قات - قېتىغا سىڭىپ كېتەتتى. ئاشۇ چاغدا يېكەنلىك مەيدان ئاسمىنىدا بىمەھەل ياڭراپ تۇرغان ۋە ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بۇ ناخشىلار ھېلىمۇ ئۆز سېھرىي كۈچىدىن قالمىغانىدى.

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ يېمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلسەم،
لام - جىم دېمەي تۇرامسەن؟

ئالىقانات بىۋاپا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
...

ناخشىلار بىرىدىن يەنە بىرىگە ئالمىشاتتى. قىرىق ـ ئەللىك ئادەمنىڭ ئاۋازى قوشۇلغان ئومۇمىي خور تاغ جىرالىرىدىن ئوخچۇپ چۈشۈۋاتقان سەلدەك گۈرۈلدەيتتى. تاغ سۈيى بەزىدە يىراق ـ يىراقلاردا شىلدىرلىسا، بەزىدە تاشتىن تاشقا ئۇرۇلۇپ شاۋقۇنلايتتى. ھەممەيلەن ناخشىنىڭ سېھرىدە مەست بولغان، ئۆتمۈش ئەستىلىكلىرىدە چۈشەكەپ ۋارقىرايتتى. ھۈسيىن مۇدىر سەھنىگە چىقىپ خۇدابەردىنى مەھكەم قۇچاقلىدى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدىمۇ ياشلار لىغىرلاپ قالغانىدى. ئۇلار ناخشىغا قوشۇلۇپ كەتكەن ئۆتمۈش ئەستىلىكلىرى ئىچىدە يۈرۈپ ۋاقىتنىڭ قانداقسىگە بۇنچە كەچ بولۇپ كەتكىنىنى تۇيماي قېلىشقانىدى.

## 2

بۈگۈنكى يىغىلىش تۈن يېرىمىغىچە داۋاملاشتى. سىرتتا يامغۇر تېخىچە سىمىلداپ يېغىۋاتاتتى. زالدىكىلەرنىڭ ئېقىۋېرىپ كۆز ياشلىرى قۇرۇغان بىلەن، ئاسماننىڭ دەردى تېخى تۈگىمىگەن، ئۇ توختىماستىن ياش تۆكمەكتە ئىدى. شەھەر كوچىلىرىدا سەل بولۇپ ئېقىۋاتقان يامغۇر سۈيىنىڭ شارقىرىغان ئاۋازى چىراغلىرىنى ياندۇرغىنىچە ئاستا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىگە قوشۇلۇپ كېتەتتى. يول بويلىرىدىكى زىننەت دەرەخلىرىنىڭ ئاپتاپپەرەسنىڭكىدەك كەڭ يوپۇرماقلىرى كوچا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا خۇددى پاكىز يۇيۇلغان خرۇستال چىنىدەك پارقىراپ كەتكەنىدى. سىمىلداپ تۇرغان يامغۇر تامچىلىرىنىڭ يىغىلىپ قالغان توختام سۇلارغا چۈشكەندىكى «چىك ـ چۇك، چىك ـ چۇك» قىلغان ئاۋازى

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلاتتى.

زالدىن چىققانلار رېستوراننىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا يەنە بىر ئاز تۇرۇپ قېلىشتى. شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ بىر - بىرىدىن پەقەتلا ئايرىلغۇسى يوق ئىدى. يىراق ناھىيىلەردىن، يېزا - قىشلاقلاردىن مۇشۇ يىغىلىشقا كەلگەنلەر «ئارام مېھمانخانىسى»غا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا شەھەردىكىلەرنىڭ يېقىن - يورۇقلىرىنى ئۆيلىرىگە ئېلىپ كەتكۇسى بار ئىدى.

— بىزنىڭكىگە كېتەيلىچۇ، — دېدى شەمشىدىن خۇدابەردىنىڭ شوخىدەك قېتىپ كەتكەن قولىنى ئالىقانلىرى ئارىسىغا ئېلىپ چىڭ قىسقىنىچە، — ئىككىمىز ئايرىلغىلى شۇنچە يىل بوپتۇ، مۇشۇ چاغقىچە تاڭ ئاتقۇچە مۇڭداشساقمۇ تۈگەتكىلى بولمايدىغان پاراڭلىرىمىز يىغىلىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. كېچىچە پۇخادىن چىققۇدەك بىر ھال - مۇڭ بولايلى، ئاداش.

— سەنمۇ ھېرىپ - چارچىدىڭ، شەمشىدىن، كۆڭلۈڭ ماڭا ئېگىل بولدى. ھېلىمۇ قول ئىلكىڭدە بار ئىكەن. شۇنچە ئادەمنى بىر يەرگە جەم قىلغانلىقىڭ ئۈستىگە بىزدەك ياقا - پۇچقاقلىقلار ئۈچۈن ئېسىل مېھمانخانىدىن ياتاقمۇ ئېلىپ قويۇپسەن. كېچىچە شۇ يەردە يېتىپ ئوبدان بىر ئۇخلىۋالغۇم بار. بىزگە ئەمدى ھال - مۇڭ بولۇشقا ۋاقىت دېگەن چىقىدۇ. سەنمۇ ئوبدان بىر ئارام ئال. قالغان گەپ - سۆزنى ئەتە قىلىشايلى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى شەمشىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئايجامالنىمۇ شۇ مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان. ۋاقىت چىقسا...

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن، شەمشىدىن؟ — خۇدابەردىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ، دىردىيىپ تۇرغان قارامتۇل لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، — بىلىسەنغۇ، ئۇ دېگەن ھازىر خەقنىڭ ئىلكىدىكى ئادەم. ئۇنى تارتىپلا ياتاققا ئېلىپ كىرىپ كەتكىلى بو-

لىدىغان پادىشا كۆرۈپ قالغان بولساڭ، ئۆزۈڭگە ھېزى بول، مەنمۇ سېنى كەچۈرمەيمەن. بۇنداق گەپنى مېنىڭ ئالدىمدا ئىك-كىنچىلەپ دېگۈچى بولما. ئېسىڭدە بولسۇن، مەن ئۇنى ئىلگىرى ياخشى كۆرگەن، ھېلىھەم شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىمنى قەدىرلەپ كېلىۋاتىمەن. كىمدە - كىم ئۇنىڭ قەدىرىنى يەرگە ئۇرماقچى بو-لىدىكەن، مەن ئۇنى بوش قويۇۋەتمەيمەن. چۈشەندىڭمۇ؟!

— بىر ئېغىز چاقچاقىمۇ شۇنچە قايناامسەن؟ — شەمشىدىن ئۆزىنىڭ بولمىغۇر گەپ قىلىپ قويغىنىنى ھېس قىلىپ، خۇدا-بەردىنىڭ يەلكىسىنى دوستلارچە قېقىپ قويدى، — بولدى ئاداش، ھېسسىياتىڭنىڭ بۇنچە چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن. مېنى كەچۈر، ئەمىسە سەن دېگەندەك بولسۇن، ئەتە كۆرۈشەيلى...

شەمشىدىن ئىتتىكلا سۆزىنى تۈگىتىپ، سەل چەتتە باشقىلار ئورىۋېلىشقان ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن ھۈسەين مۇدىرنىڭ يېنىغا كەتتى. خۇدابەردى يامغۇر تامچىلىرى سىمىلداپ تۆرغان ئاسمانغا قاراپ كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالدى. نەمخۇش ھاۋا ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن قىزىشىپ تۆرغان جىسمىغا بىر ئاز ئاراملىق بەردى. ئۇ ئايرىلىشقا قىيماي چۇرقىرىشىپ تۆرغان دوستلىرىغا قاراپ بىرپەس تۆرغاندىن كېيىن، يامغۇر سۇلىرى يىغىلىپ قالغان پىيادىلەر يولىنى بويلاپ ئاستا يۈرۈپ كەتتى.

كېچە تەڭدىن ئاشقانىدى. ئۇ نەمخۇش ھاۋا كېزىپ يۈرگەن شەھەر كوچىلىرىدا مەقسەتسىزلا ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خېلىلا چارچىغانلىقىنى ھېس قىلدى. سىمىلداپ تۆرغان يامغۇر ئۇنىڭ كىيىملىرىنى چۆپ - چۆپ قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ نەملىشىپ قالغان تاماكىسىنى مىڭ بىر قىيىنىدا تۇتاشتۇرۇپ، پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە مېھمانخانا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

شەھەرنىڭ ئادەمسىز كوچىلىرىدا كېچىنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى شامىلى پەيدا بولۇشقا باشلىغانىدى. دەممۇدەم كۈچىيىۋاتقان شامال يوپۇرماقلاردا ئېسىلىپ تۆرغان تامچىلارنى

ئۆجمىدەك تاراسلىتىپ يەرگە تۆكەتتى. ئاندا ـ ساندا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان ماشىنىلارنىڭ چاقىدىن چاچرىغان يامغۇر سۇلىرىمۇ شامالنىڭ كۈچى بىلەن كېلىپ ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە يىغىلىپ قالغان توختام سۇلاردىن نېپىز تۇمان كۆتۈرۈلەتتى. لەيلەپ يۈرگەن نېپىز تۇمان ھاۋانىڭ نەملىكىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇۋاتقاندەك ئىدى.

خۇدابەردى ئاخىر ياتاققا قايتىپ كەلدى. ئىشىكنى ئېچىشىغا بوۋاقنىڭ تىنىقىدەك ئىللىق ھاۋا ئۇنىڭ يۈزىگە لاپپىدە ئۇرۇلدى. ئۇ ياتاققا كىرىپ، غۇۋا يېنىپ تۇرغان چىراغ يورۇقىدا ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سېلىۋەتكەندىن كېيىن يوتقانغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ يامغۇردىن كېيىنكى سوغۇق شامالدا توخۇ ئەت بولۇپ كەتكەن بەدىنىگە يۇمشاق يوتقان بەكمۇ راھەت بىلىندى. ئۇ يوتقان ئىچىدە كېرىلىپ، ئۇگە ـ ئۇگىلىرىدىن چىققان قاراسلىغان ئاۋازنى تىڭشىدى. ئۇنىڭ بەدىنى شۇنچىلىك راھەتلەندىكى، ئۇ بۇنداق تاتلىق سېزىمنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

ۋاقىت ئاستا ـ ئاستا ئۆتمەكتە. خۇدابەردىنىڭ شۇ تاپتا كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. ئۇ تورۇسقا قاراپ ياتقىنىچە بۇگۈن كۆرگەن دوستلىرىنىڭ چىرايىنى قايتىدىن بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شەمشىدىن، ئوبۇلتالىپ، دىلمۇرات، مەلىكىزاد، ئايجامال... ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى بىردىنلا ئۇركىدى، كۆز ئالدىدا بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل ئىلگىرى يېكەنلىك مەيدانىغا قايتا تەربىيىگە چۈشكەن چاغدىكى مەنزىرىلەر پەيدا بولدى. يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالغان ئاشۇ كۈنلەر قاچانلا بولسۇن يادىغا يەتسە، ئۇنىڭ تەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. ئۇ ھەم سېغىنىش، ھەم ئۆكۈنۈش ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ روھىي ھالەت ئىلكىدە يېكەنلىكتە ئۆتكۈزگەن ئىككى يىللىق ھاياتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى...

## ئىككىنچى باب

# يېكەنلىك مەيدان

### 3

سىنىپ ئىچى گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمگەنىدى. پارتىلاردا قاتار ئولتۇرۇشقان ئوتتۇز سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچى قانداقتۇر بىر شەپىنى سەزگەن مارالدەك جىددىيلەشكەن هالدا ئىشىككە قاراپ سۈكۈت ئىچىدە ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆڭلى مۇشۇ ۋاقىتتىن باشلىنىدىغان تەتۈر قىسمەتنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك ئىدى.

بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، سىنىپقا بېشىغا يارىشىملىق چىمەندوپپا كىيگەن ئىبراهىم مۇئەللىم كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ سەل چوڭقۇرغا مايىل نۇرلۇق كۆزلىرى بىرئاز قىسىلغان، قېلىن لەۋلىرىمۇ ئىستىهزا ئارىلاش سەل ئېچىلىپ قالغان، چىڭ تۈرۈلگەن قوشۇمىسى ئىككى قېشى ئارىسىدا بەئەينى تىك كۆتۈرۈلگەن نەيزىدەك سىزىق هاسىل قىلغانىدى. ئۇ سىنىپقا كىرىپلا قولىدىكى دەپتەرنى مۇنبەرگە تاشلىدى ۋە قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە سىنىپ ئىچىدە بىرنەچچە قېتىم ئايلاندى. ئۇنىڭ قوۋۇزى خۇددى بىرنەرسە چايناۋاتقاندەك دەممۇدەم كۆپۈپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ سىنىپتىكىلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى. بالىلارنى كۆرگەندە ئۇنىڭ تۇتۇلغان چىرايى بىرئاز ئېچىلغاندەك بولدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ مۇنبەرنىڭ

ئالدىغا كەلدى ۋە ئىككى قولى بىلەن ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان مۇنبەرنىڭ گىرۋىكىنى چىڭ تۇتقىنىچە پەستىكىلەرگە قارىدى.

— شۇنداق قىلىپ، — دېدى ئۇ خۇددى ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلاۋاتقاندەك پەس ئاۋازدا، — سىلەر مەكتەپ پۈتتۈردۈڭلار. ئەمدى سىلەر ئۇچۇرۇم بولغان قۇش باللىرىدەك ئالىي مەكتەپلەرگە ئۇچۇپ كېتىشىڭلار ياكى تولۇق سىنىپلاردا داۋاملىق ئوقۇشۇڭلار كېرەك ئىدى. بىراق، يېڭىدىن بىر سىياسەت كەپتۇ. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ھەممىڭلار ئۆز تەۋەلىكىڭلار بويىچە يېزا - قىشلاقلارغا بېرىپ، دېھقان - چارۋىچىلاردىن قايتا تەربىيە ئالىدىكەنسىلەر. بۇ ھەقتە مەكتەپمۇ سىلەرگە يىغىن ئېچىپ ئايرىم ئۇقتۇرۇش قىلماقچى.

ئۇ سۆزىنى توختىتىپ، سىنىپ ئىچىدە يەنە ئۇ ياندىن - بۇ يانغا مېڭىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ خۇرۇم بەتىنكىسى قەدەمدە بىر غاچىلداپ، تېخىمۇ سۇرلۇك كەيپىيات بارلىققا كەلتۈرگەنىدى.

— مېنىڭچە، بۇمۇ بىر خىل تەربىيە شەكلى، — دېدى ئىبراھىم مۇئەللىم دېرىزىدىن مەكتەپ مەيدانىدا بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقان تۆۋەن يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارغا نەزەر سالغىنىچە، — بىراق، بىلىم دېگەننى يەنىلا مەكتەپتە مۇنتىزىم ئوقۇپ ئالغانغا يەتمەيدۇ. شۇڭا، يېزىغا بېرىپ قايتا تەربىيە ئالامسىلەر ياكى مەكتەپتە قېلىپ تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇمسىلەر، ئۆزۈڭلار تاللىۋالساڭلار بولىدۇ. بۇ ھەقتە مەن كۆپ سۆزلىمەي. دېمەكچىمەنكى، سىياسەت بىلەن ئوينىشىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. بىراق ئەقلىڭلار بىلەن ئىش قىلساڭلار كېيىن پۇشايماندا قالمايسىلەر. قانداق قىلىشنى بۇگۈن ئائىلىگە قايتقاندىن كېيىن، ئاتا - ئاناڭلار بىلەن ئوبدان مەسلىھەتلىشىپ بېقىڭلار.

مۇئەللىم سۆزىنى تۈگىتىپ، ئۆزىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك ھەممەيلەننىڭ چىرايىغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى ۋە

نېمىشقىدۇر ئۇھ تارتقىنىچە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. سىنىپ ئىچى يەنىلا چىۋىن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە سۈكۈتكە پاتتى.

— مۇئەللىمنىڭ دېگەنلىرىنىڭمۇ ئاساسى بار، — دېدى سىنىپ باشلىقى شەمشىدىن بىر چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىراق، قايتا تەربىيە ئېلىشقا بارغان زىيالىي ياشلارنى ھۆكۈمەت كېيىن بىر تۇتاش خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغان گەپ بارمىش. بۇنى دادام يۇقىرىدىكى باشلىقلاردىن ئاڭلاپتۇ. ئىشقىلىپ، ھۆكۈمەتمۇ بىرنەرسىنى ئويلىمىسا، بىزنى مۇنداق ئىشقا سەپەرۋەر قىلىپمۇ يۈرمەس دەيمەن. قالدىسى، ھەممەيلەن ئاتا - ئانىمىز بىلەن ئوبدانراق بىر مەسلىھەتلىشىپ باقايلى...

شۇ كۈنى كەچتە خۇدابەردىنىڭ ئۆيىدە قىسقىلا بىر سۆھبەت بولۇپ ئۆتتى.

— مېنىڭچە، ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى سۈپۈركە سەيدى ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — ئەڭ ياخشىسى، سىلەرنىڭ مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇغىنىڭلار ياخشى. يېزا - قىشلاق دېگەن جەبىرسى تولا يەر. سىلەردەك بېلى قاتمىغان توڭ سويىملار ئۇ يەرگە بارساڭلار، ئاپتاپتا قالغان توخۇ يېغىدەك ئېرىپ، ھەپتىگە قالماي ۋاي ئانىكا دەپ، تۇغۇلغىنىڭلارغا يۈز مىڭ پۇشايمان قىلىسىلەر. يېزا سىلەرنى يەپ كېتىدۇ، ئوغلۇم. بىر دەملىك چىققان شامالغا ئەگەشكەن بىلەن بولمايدۇ. بۇنداق يۆنىلىشى نائېنىق شامال سىلەرنى ئۇچۇرۇپ ئاپىرىپ چوڭقۇر ئازگاللارغا، تاشلاندۇق باغلارغا، تۇۋى يوق ھاڭلارغا تاشلىۋېتىشى مۇمكىن. سەن ئىبراھىم مۇئەللىمگە مەكتەپتە قېلىپ داۋاملىق ئوقۇيدىغانلىقىڭنى ئېنىق دېگىن، بالام. شەيتاننىڭ كەينىگە كىرگەن بىلەن كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولىدۇ.

— مېنىڭمۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇم بار، — خۇدابەردى دادىسىغا قاراپ شۇنداق دېدى ۋە ئوچاق بېشىغا چىقىپ، ئانىسى سۇنغان ئاياقنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئاياقتىكى چامغۇر بىلەن جىگدە سېلىپ ئېتىلگەن ئوماچقا تىكىلگىنىچە بىرپەس ئولتۇردى. ئاياقتىكى

ئاش سوۋۇپ، ئۈستىدە نېپىز بىر قەۋەت قايماق پەيدا بولدى. خۇدابەردىنىڭ كۆتكىنىمۇ شۇ ئىدى. ئۇ ئۇماچنىڭ قايمىقىغا بەكمۇ ئامراق ئىدى. ئۇ ئانىسى سۇنغان چىلانقوشۇقى بىلەن ئاشنىڭ قايمىقىنى سىيىپ ئېلىپ پۈۋلىگىنىچە ئېغىزىغا ئاپاردى.

خۇدابەردى ئېشىنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ئارىتام قوشنىسىنىڭ ئوغلى جېلىل سادىقنى تېپىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقتى. بۇلار بىر سىنىپتىكى ئايرىلماس دوستلاردىن ئىدى. ئۇ شۇ تۇرقىدا بۇ ساۋاقدىشى بىلەن داۋاملىق ئوقۇش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. تەلىيىگە جېلىل سادىق ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى توپىلىق يولدا ئىككى ئۆكىسىنى ئوينىتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان خۇدابەردىنى كۆرۈپ، ئىككى قولىدىن تۇتۇپ چاقپەلەكتەك پىرقىرىتىۋاتقان كىچىك ئۆكىسىنى يەردە قويدى.

— قانداقراق؟ — سورىدى خۇدابەردى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئاتا - ئاناڭ نېمە دېدى، جېلىل؟

— نېمىنى نېمە دەيدۇ؟ — ئۇ خۇدابەردىنىڭ سوئالىنى چۈشەنمىگەندەك ياندۇرۇپ سورىدى.

— يېزىغا چۈشۈش ياكى مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇش ئىشىنىچۇ؟ — ئۇ جېلىل سادىقنىڭ پەرۋاسىزلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ نېمىگىدۇر ئىچى سىيرىلغاندەك بولدى. جېلىل سادىقنىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن بۇنداق پەرۋاسىزلارچە مۇئامىلە قىلىشىنى ئۇ پەقەت ئويلىمىغانىدى.

— خەق نېمە بولسا سەنمۇ شۇ، دەيدۇغۇ تاڭ، — دېدى جېلىل سادىق گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — دادامدىن ئاڭلىشىمچە، بۇ دېگەن بىزنىڭ بارىمىز دەپ بېرىۋالىدىغان، بارمايمىز دەپ قېلىپ قالىدىغان ئىختىيارىمىزدىكى ئىش بولمىسا كېرەك. ئاتا - ئانام مەكتىپىڭدىكىلەر قانداق قىلسا، سەنمۇ شۇنداق قىل، — دېدى.

— ماڭا قارا، جېلىل، — دېدى ئۇ دوستىنىڭ مۇرىسىدىن

تۇتۇپ ئۆزىگە قارىتىپ، — ئەلگە باققانمۇ ياخشى. بىراق، دادام تېگى - تەكتىنى بىلگىلى بولمايدىغان شامالغا ئەگەشمىگەن تۈزۈك، — دەيدۇ. بولسا بىز داۋاملىق ئوقۇيلى، ئاداش. مەكتەپتە ئالغان بىلىم دېگەن ھامىنى ئەسقاتىدۇ. ئىبراھىم مۇئەللىممۇ شۇنداقراق بىر گەپ قىلدىغۇ؟

— قېنى، قاراپ بېقىپ بىر نېمە دېمەيمىزمۇ؟ — جېلىل سادىق يىقىلىپ چۈشكەن ئۆكسىنى يۆلەپ، توپىسىنى قېقىشتۇردى، — مېنىڭچە بولغاندىمۇ ئوقۇغان ياخشى. بىراق، يېزىغا چۈش دېسە، ئۇنىڭغىمۇ ياق دېگىلى بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، بۇنىڭغا مەن كېسىپ بىر نەرسە دېيەلمەيمەن. «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە» دەپتىكەن. مەكتەپتىكىلەر قانداق قىلسا، بىزمۇ شۇنداق قىلارمىز، خۇدابەردى ئاداش.

خۇدابەردى دوستىدىن بۇنداق جاۋاب كۈتمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ جىلە بولغىنىدىن يىغلىۋېتىشكە تاسلا قالدى. ئۇ يىراقلارغا تىكىلىپ بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئېغىر خورسىنغىنىچە جېلىل سادىقنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— مەن مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇش قارارىغا كەلدىم، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن، — سەن مېنى دەپ بولسىمۇ مەكتەپتە قالارسەن، ئاداش. بىزنىڭ يەنىلا قول تۇتۇشۇپ مەكتەپتە ئاخىرغىچە بىللە ئوقۇغىنىمىز ياخشى. سەنمۇ ئاق - قارىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەس. مېنىڭ دېگەنلىرىمنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ھامىنى چۈشىنىپ قالىسەن.

جېلىل سادىق ئۇنىڭغا قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى.

— ناۋادا سەن داۋاملىق ئوقۇماقچى بولساڭ، مەنمۇ سەن بىلەن بىللە قالىمەن، خۇدابەردى.

— يارايسەن ئاداش، ئەمدى مېنىڭ ھەقىقىي دوستۇمغا ئوخشىدىڭ، — خۇدابەردى خۇشاللىقتىن ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى، — داداممۇ مېنىڭ ئوقۇشۇمنى خالايدىكەن، مۇشۇ يېشىمغىچە دادامنىڭ گېپىگە كىرىپ ھېچقاچان زىيان تارتىپ

باقمىدىم. بەلكىم سەنمۇ گېپىمگە كىرسەڭ، زىيان تارتماسسەن، ئادىشىم.

ئۇلار يەنە بىرپەس پاراڭلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن. ئەتە مەكتەپكە ماڭىدىغان چاغدا كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ خوشلاشتى.

ئەتىسى مەكتەپتە چوڭ يىغىن ئېچىلدى. مەكتەپ مۇدىرى چىڭقىلىپ تۇرۇپ زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئېلىشىنىڭ مۇھىملىقىنى، بۇنىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي سىياسىي ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى، تۆۋەنگە چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ ئىستىقبالىنىڭ چەكسىز پارلاق بولىدىغانلىقىنى، كەلگۈسىدە دۆلەتنىڭ ئۇلارنى چېنىقىش، قايتا تەربىيە ئېلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى يېرىم كۈن چۈشەندۈردى. توپ ئىچىدە ئولتۇرغان خۇدابەردى بىر چەتتە قوۋۇزىنى كۆپتۈرگىنىچە خىيالغا پېتىپ تۇرغان ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن، ئۇنىڭ مۇدىرنىڭ دېگەنلىرىگە قارىتا قانداق ئىنكاستا بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدەك، ئۇنىڭغا پات ـ پات قاراپ قوياتتى. ئەمما، مۇئەللىمنىڭ چىرايى ئىپادىسىز ئىدى.

— مەن داۋاملىق ئوقۇيمەن، — دېدى ئۇ يىغىندىن كېيىن ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، — جېلىل سادىق بىلەنمۇ كېلىشىپ قويدۇم، بىز يەنىلا سىزنىڭ قولىڭىزدا ئوقۇيمىز، مۇئەللىم.

ئىبراھىم مۇئەللىم سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى. بىراق، ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىدىن يەنىلا ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ سىنىپ ئىچى ھەرە كۆنىكىگە ئوخشاپ قالدى. ساۋاقداشلارنىڭ قايتا تەربىيە ئېلىشقا نىسبەتەن قىزغىنلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ۋۇجۇدىدىن يېڭى شەيئىلەرگە نىسبەتەن بولىدىغان ياشلارغا خاس بىر خىل كۈچلۈك ئىنتىلىش چىقىپ تۇراتتى.

ئاربدىن ھەپتە ئۆتتى، مەكتەپ ئىچىدە يەنىلا بىر خىل چۈشىنىكسىز قىزغىنلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. مۇشۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر ئىبراھىم مۇئەللىم مەكتەپتە پەقەتلا كۆرۈنمىدى. ئوقۇغۇچىلارمۇ بەئەينى سەركىسىنى يوقىتىپ قويغان مال پادىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى. شەمشىدىنلا سىنىپ ئىچىدە بالىلارنى بىر ئىشلارغا جورۇپ يۈرەتتى. ئاربدا قايتا تەربىيىگە چۈشىدىغان زىيالىي ياشلارنى تىزىملاش جەدۋىلى تارقىتىپ بېرىلدى. خۇدابەردى جەدۋەلنى چىرايلىق قاتلاپ ماتېماتىكا كىتابىنىڭ قېتىغا سېلىپ قويدى. جېلىل سادىق گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك خىرامان يۈرەتتى. شۇنىڭغا قاراپ خۇدابەردى ئۇنى ۋەدىسىدە تۇرۇپ، ماڭا ئوخشاش مەكتەپتە ئوقۇيدىغان بولدى دەپ خۇش بولاتتى.

— ئىبراھىم مۇئەللىمنى خىزمەتتىن توختىتىپتۇ، — دېدى بىر كۈنى شەمشىدىن خۇدابەردىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ئۇنىڭ نەدىلىكىنى مۇدىردىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايدىكەن.

ئۇستازىنىڭ نامەلۇم بىر يەردە ئازاب چېكىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، خۇدابەردىنىڭ يۈرىكى قوقاسقا كۆمگەندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنى ئاچچىق ياغ ئىچىۋالغاندەكلا خامۇش يۈردى.

4

بۈگۈن مەكتەپ ئىچى شۇنچىلىك قاينام - تاشقىنلىققا چۆمگەنىدىكى، داقا - دۇمباقلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئىنقىلابىي ناخشىلارنى بولۇشىغا توۋلاپ، قىن - قىنىغا پاتماي كەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چېھرىدە خۇشاللىق جىلۋە قىلاتتى. تۇمشۇقىغا گۈل قادالغان «ئازاد» ماركىلىق يېپيېڭى ئۈچ ماشىنا مەكتەپ مەيدانىدا توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، بالىلىرىنى ئۇزىتىشقا كەلگەن ئاتا - ئانىلار مەيداننىڭ بىر چېتىدە جىممىدە قاراپ تۇرۇشاتتى. بۈگۈن مەكتەپ

مۇدىرى شۇنچىلىك تىتىكلىشىپ كەتكەنىدىكى، ئۇ ماشىنىلارنىڭ ئەتراپىدا خۇددى مۇز ئۈستىدە قامچا يېگەن نۇردەك پىرقىراپ، كىمگىدۇر بىرنەرسىلەرنى دەپ ۋارقىرايتتى، كىملەرنىدۇر بىر ئىشلارغا بۇيرۇپ قولىنى شىلتىيتتى. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت چىققانىدى.

خۇدابەردى نېمىلا بولسۇن، ئۆزى بىلەن بىرنەچچە يىل بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلىرىنى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن مەكتەپكە كەلگەنىدى. مەيدىسىگە گۈل تاقاپ، رەتلىك تىزىلىپ ماشىنىغا چىقىۋاتقان ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆڭلى بىر ئاز يېرىم بولدى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ يېنىغا باردى. ماشىنىدا تۇرغان ساۋاقداشلىرى ئۇنى كۆرۈپ چۇرقىرىشىپ كەتتى. خۇدابەردىمۇ ماشىنىنى ئايلىنىپ ھەممە ساۋاقداشلىرىغا خوش دېدى. دەل شۇ چاغدا ماشىنا كوزۇپىنىڭ يان ياغىچىغا يۆلىنىپ تۇرغان بىرى ئۇنى كۆرۈپلا پەسكە شۇڭغۇدى. خۇدابەردى ئۇنىڭ تونۇش چىرايىنى غىل - پاللا كۆرۈپ قالدى - دە، قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ مايمۇندەك بىر ئىرغىپلا كوزۇپقا ياماشتى ۋە بىرنەچچەيلەننىڭ كەينىگە مۆكۈپ تۇرغان جېلىل سادىقنى كۆردى. ئىككى جۈپ كۆز بىر نۇقتىدا ئۇچراشقاندا، جېلىل سادىقنىڭ چىرايى شەلپەردەك قىزاردى.

— مە... مە... مەن...

خۇدابەردى ھەممىنى چۈشەندى. ئۇ ماشىنىغا بىر قاراپلا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاساسەن تولۇق ئىكەنلىكىنى، داۋاملىق ئوقۇيمەن دېگىنى بىلەن، بىر ئادەمنىڭ يەككە - يېگانە ھالدا دەرس ئاڭلىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ تېخىچە دېرىكى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇمۇ ئەمدى بۇ سەپتىن چۈشۈپ قالسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە قىلچە ئىككىلەنمەي ئولتۇرماستىن ماشىنىغا يامىشىپ چىقتى.

— نېمە، سەنمۇ بارامسەن؟ — سورىدى شەمشىدىن ئەجەبلە-

نىپ، — مەكتەپتە قالىمەن دېگەنىدىڭغۇ؟

— ھەممىڭلار كەتسەڭلار، ماڭا نېمە بار مەكتەپتە؟ — سوئالغا سوئال بىلەن جاۋاب بەردى خۇدابەردى. ماشىنىدىكىلەر دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا چاۋاك چېلىشتى. بەلكىم ئۇلارمۇ يەنە بىر تەلەيسىزنىڭ ئۆز سېپىگە قوشۇلغىنىدىن خۇشال بولغان بولۇشى مۇمكىن.

ماشىنىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قوزغىلىپ مەكتەپتىن چىقىشتى. مۇدىر ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قالدى. ئەتراپتىن ئاتا - ئانىلارنىڭ ۋارقىراپ يىغلاشقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. داقا - دۇمباقلارنىڭ گۈمبۈرلىشى يەنىمۇ كۈچەيگەندەك ئىدى. ئۆمرىدە ماشىنا دېگەنگە چىقىپ باقمىغان بالىلارنىڭ خۇشال قىي - چۇلىرى پەلەككە يەتتى. ئۇلار ماشىنىنىڭ كەينىدىن يىغلاشقىنىچە يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاتا - ئانىلىرىغا ئاخىرقى قېتىم قول ئىشارىسى قىلىشتى...

ئۇلار شۇ ماڭغانچە توختىماستىن يېرىم كۈن يول يۈردى. توپا توزۇتۇپ كېلىۋاتقان ماشىنىلار شېغىللىق يول بويلىرىدىكى ھوسۇلى يىغىۋېلىنغان ئېتىزلار، قومۇشى ئورۇۋېلىنغان دۆڭلۈكلەر، سارغايغان ياپراقلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر، مېۋىلىرى قىپقىزىل مونچاق باغلاپ كەتكەن جىگدىلىكلەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ تېز ماڭاتتى. بىر چاغدا ماشىنىلار ئۈچ يولغا بۆلۈندى. خۇدابەردىلەر چۈشكەن ماشىنا ئۆز يۆنىلىشى بويىچە ئالغا قاراپ كېتىۋەردى.

كەچ كىرىپ ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېپىلدى. ماشىنا ئۈستىدە بىر كۈن ئۆرە تۇرۇپ چارچىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ مانا ئەمدى ئەتىگەنكى قىزغىنلىقىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. باشقىلارنى ئۇزىتىشقا كېلىپ، ئەكسىچە ئۆزىمۇ ئۇزاپ ماڭغان خۇدابەردىنىڭ قورسىقى ئېچىشقا باشلىدى. ئۇ تۇيۇقسىز يولغا چىققاچقا، ئوزۇق - تۈلۈك، كىيىم - كېچەك دېگەنلەرنى ئېلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. شۇڭا، ئۇ دەممۇدەم تۇكۇرۇكىنى

يوتۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە مۆلدۈرلەپ قارايتتى.
— خۇدابەردى، — بىرى ئۇنىڭ پېشىنى تارتتى، — قورسى-قىڭمۇ ئاچقاندۇ، قېنى ئال ئاداش، ئازراق نان يەۋال...

خۇدابەردى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان جېلىل سادىقنى كۆرۈپ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى - دە، ئۇ تەڭلەپ تۇرغان بىر توغرام ناننى ئىتتىرىۋەتتى. ناۋادا ئۇ بۇرۇنلا راست گېپىنى قىلغان بولسا، خۇدابەردىمۇ بۇنداق كۈنگە قالمىغان، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئەل كۆزىدىن قېلىشمىغان ھالدا ئوغلىنىڭ تەييارلىقىنى جايىدا قىلىپ بەرگەن بولاتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆيىدىكىلەرگە خوشمۇ دېيەلمەستىن سەپەرگە ئاتلاندى. بەلكىم بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانىسى چاچلىرىنى يۇلۇپ نەچچە كۈن يىغلاپمۇ كېتەر، ئوغلىنىڭ باشتۇڭلىقىدىن بىچارە دادىنىڭ غەزىپىمۇ قايناپ تاشار. ھەممىگە مۇشۇ جېلىل سادىق دېگەن بىرنېمە سەۋەبچى. شۇلارنى ئويلاپ، ئاچلىقتىن قورسىقى غولدۇرلاپ كەتكەن خۇدابەردىنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن ناننى ئالغۇسى كەلمىدى.

— مە خۇدابەردى، ماۋۇ ناننى يە، ئاداش...

خۇدابەردى يەنە بىر يېنىغا قارىدى. بۇ دورەم نان سۇنغىنى شەمشىدىن ئىدى. يۈزىگە كۈنجۈت سېپىپ ياققان توقاچنى مۇشۇنداق كادىر ئائىلىسىدە چوڭ بولغان ئادەملا يېيەلەيدۇ. شۇ تۇرقىدا بۇ نان خۇدابەردىنىڭ كۆزىگە ئاسماندىن چۈشكەن ئالتۇن تاۋاقتەكلا كۆرۈندى. ئۇ قىلچە تۈزۈت قىلماي ئولتۇرماستىن، شەمشىدىن سۇنغان ناننى قولىغا ئالدى. بۇمۇ بىر ھېسابتا ئۇنىڭ جېلىل سادىقتىن ئۆچ ئالغىنى ئىدى...

كەچ كىرىپ ئاسماندا يۇلتۇزلار كۆز قىسىشقا باشلىدى. كۆز يەتكۈسىز قۇمۇشلۇقلار، سۆلىرى كۆمۈشتەك يالتىراپ تۇرغان سازلىقلار، بوز توپىلىق ئېدىرلىقلار ئاخىرلىشىپ، يىراقتىن قارىيىپ تۇرغان دەل - دەرەخلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئاشۇ دەرەخلەر ئارىسىدا ئاندا - ساندا ئوت يورۇقىمۇ كۆرۈنەتتى. ماشىنا كوزۇپىدا ئۆرە تۇرۇپ بەللىرى سىرقىراپ كەتكەن

ئوقۇغۇچىلار ئاشۇ ئوت يورۇقىنى كۆرۈپ ئاز - تولا جانلانغاندەك بولۇشتى. شىغىللىق يول ئاخىرلاشتى. ماشىنا قويۇق توپا - چاڭنى ئەگەشتۈرگىنىچە توپىلىق يولدا زورۇقۇپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. كەچكى شامال كۈچىيىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەيدىسىدىكى قەغەزدىن قىيىپ ياسالغان قىزىل گۈللەرنى ئۈچۈرۈپ كەتتى. ماشىنىدىكىلەرنىڭ ئۈستۈبېشى توپا - چاڭغا كۆمۈلدى. ئۇلار شۇ تۇرقىدا ھېلىلا گۆردىن ئېلىپ چىقىلغان مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى...

ماشىنا توپا توزۇتقىنىچە يوغان بىر ياغاچ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شاللىرى ئۇپراپ، كېشەكلىرى قىڭغىر بولۇپ كەتكەن دەرۋازا ئالدىدا ئىككى ئادەم قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرى بېشىغا قۇراق تەلپەك، ئۈستىگە ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن مازلىرى كۆرۈنۈپ قالغان ئۇزۇن چاپان كىيگەن، چارلاشقان ساقاللىرى گىجەكلىشىپ كەتكەن ئاتمىش ياشلاردىكى دېھقان ئىدى. يەنە بىرى بولسا بېشىغا ماش رەڭلىك شەپكە كىيگەن، قىسقا چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى گېلىغىچە ئېتىۋالغان ئەللىك ياشلاردىكى كىشى بولۇپ، مۇشۇ يەرنىڭ مەسئۇلى ئىدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى دەممۇدەم شوراپ، ئىسىنى قاراڭغۇلۇققا پۈۋلەپ تۇراتتى. خۇدابەردى ماشىنا چىرىغىنىڭ يورۇقىدا ئۇنىڭ يالتىراق قوڭغۇزدەك پارقىراپ تۇرغان چېقىر كۆزلىرىگە قارىدى. قارىدىيۇ، نېمىشقىدۇر تەنلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— ماشىنىدىن چۈشۈڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن توپىغا ئىلەشتۈرگەندىن كېيىن، — تېز بولۇڭلار، تېز...

ماشىنىدىكىلەر ئۇنىڭ چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇپۇر - توپۇر بولۇشۇپ، يۈك - تاقلىرىنى ماشىنىدىن تاشلاشقا باشلىدى. گۈپۈلدەپ چۈشۈۋاتقان نەرسە - كېرەكلەرنىڭ تېگىدىن بوخۇناقلار كۆتۈرۈلەتتى. ھېلىقى ئىككىسى چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن بۇرۇنلىرىنى ئېتىشكىنىچە سەل يىراققا بېرىپ تۇردى.

يۈكلەر چۈشۈرۈلۈپ، ئوقۇغۇچىلارمۇ ماشىنىدىن چۈشكەندە خېلىلا كەچ كىرىپ كەتكەنىدى. تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغان ماشىنا كەينىگە ياندى. ئۇ يەنە كېچىلەپ يول يۈرۈپ، ئەتە توشۇلىدىغان ئوقۇغۇچىلار بار مەكتەپكە ئۇنۇپ بولمىسا بولمايتتى.

— ئوغۇللار بۇ تەرەپكە، قىزلار بۇ تەرەپكە، — دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى ھېلىقى چېقىر كۆز ئادەم، — ۋاقىت قىس بولغاچقا، ياتاق تەييارلاشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. ھازىرچە مەيداننىڭ كونا ئامبىرىدا يېتىپ تۇرىسىلەر، ياتاق مەسىلەڭلارنى كېيىن ھەل قىلىمىز. يوتقان - كۆرپەڭلارنى ئامبارغا ئەكىرىپ، تام بويلىتىپ سېلىۋېلىڭلار، كېچىچە ئوبدان ئۇخلاپ ئەتە سەھەر تۇرمىساڭلا بولمايدۇ. ھە راست، تونۇشۇۋالايلى، مەن بۇ قېتىمقى قايتا تەربىيە ئېلىشقا چۈشكەن زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى، ئىسمىم توختايۇپ. بۈگۈندىن كېيىن بىز مۇشۇ يېكەنلىك مەيداندا ھەممىشە بىللە بولىمىز، بىرەر ئىش بولسا مېنى ئىزدىسەڭلا بولىدۇ. ئەمىسە ياتاققا قاراپ مارش...

خۇدابەردىنىڭ يۈك - تاقى بولمىغاچقا، شەمشىدىننىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ بەردى. ئۇلار قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ چاشقان سىيدۇكى ۋە زەي پۇراپ تۇرغان ئامبارغا كىرىشتى.

تاملىرىنى ئۆمۈچۈك تورى قاپلىغان ۋە چاڭ - توزان دەستىدىن قارىداپ كەتكەن يوغان ئامبار قارىغان كىشىگە تۈۋى يوق ئۆڭكۈردەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئەينىكى ئىسلىشىپ كەتكەن كىرسىن چىراغنىڭ ئاجىز يورۇقى ئامبارنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. ئامبارنىڭ تېگى ئوشۇقچە كېلىدىغان توپا ئىدى. بۇ يەردە نە كارىۋات، نە سۇپا كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە باشلىرىنى چايقىغىنىچە كىگىز - كېچەكلىرىنى كۆك توپا ئۈستىگىلا سېلىشتى.

خۇدابەردىنىڭ ھېچنېمىسى يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ بىر چەتتە

قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ جىلىل سادىققا بولغان غەزىپى يەنىمۇ ئۆرلىمەكتە ئىدى.

— بۇياققا كەل، — ئۇنى يەنىلا شەمشىدىن يېنىغا چاقىردى، — ئەمدى ئىككىمىز ئەر - خوتۇنچىلاپ بىر يوتقاندا ياتىدىغان بولدۇق. قېنى دېگىنە، قايسىمىز ئانىسى، قايسىمىز دادىسى بولىمىز؟

ياتاقتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى. مۇشۇ كۈلكە بىلەن ئۇلارنىڭ قەلبىدە پەيدا بولغان غەشلىك تاراپ كەتكەندەك بولدى.

ئۇلار يوتقانلىرىغا چۈمكىنىپ ئولتۇرۇپ سوغۇق سۇ بىلەن قاتتىق نانلىرىنى غاجاشقا باشلىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەتىگەنكى قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى.

5

يېكەنلىك مەيدان يېڭىدىن ئېچىش پىلانلانغان بوز يەر ئىدى. يېكەنلىك دېگەن ئىسمىدىنلا بۇ يەردە سازلىقلارنىڭ كۆپلۈكىنى، ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز سازلىقلاردا يېكەنلەرنىڭ بەش قولدەك ئۆسۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. دىمىسىمۇ پاخپىيىپ تۇرغان يۇلغۇنلار، پۈپۈكلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان قومۇشلار، يەر يۈزىنى بىر ئالغان چېقىر تىكەنلەر، مېۋىلىرى قوڭغۇزدەك پارقىراپ تۇرغان قارىقاتلار غۇچچىدە ئۆسكەن ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا يىلان باغرى بولۇپ ئېقىپ تۇرىدىغان سازلىقلار بار ئىدى. ئاشۇ سازلىقلاردا يېكەن دېگەن تۇزغاقلىرىنى تۇزۇتۇپ پاخپىيىپ كېتىشكەنىدى. كۈندۈزلىرى سازلىق تەرەپتىن دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان بىر خىل سېسىق پۇراق كېلىپ تۇراتتى. كەچ تەرەپتە ئېچىرقاپ كەتكەن توپ - توپ پاشىلار ئۇچۇپ كېلىشىپ، خۇددى بىرەر ئېلىشى باردەك بۇ يەردىكىلەرگە نەشتەرلىرىنى سانجىيتتى. ئىشقىلىپ، يېكەنلىك

مەيدان شەھەردىن كەلگەن زىيالىي ياشلارغا نىسبەتەن ئىت باغلاپ قويسىمۇ تۇرمايدىغان زېرىكىشلىك يەر ھېسابلىناتتى.

ئۇلار كېلىپ ئەتىسى ئەتىگەن چوڭ يىغىن ئېچىلدى. رەتلىك كىيىنگەن زىيالىي ياشلار قايتا تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى توختايۇپنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئامبارنىڭ ئالدىدىكى توپىلىق مەيداندا سەپ بولۇپ ئولتۇرۇشتى. بۈگۈن نىمىشقىدۇر ھاۋا بىر ئاز تۇمانلىشىپ قالغانىدى. يېشىللىقنى يوقاتقان كۈز غازىڭىدەك سارغىيىپ تۇرغان ئاسماندا نە بۇلۇت، نە ئۇچار قۇش كۆرۈنمەيتتى. خۇدابەردى ئاشۇ بەترەڭ ئاسمانغا قاراپ، ئۆز كۆڭلىنىڭمۇ خۇددى ئاشۇ ئاسماندەك بۇرۇقتۇرما بولۇپ تۇرغىنىنى ھېس قىلدى.

توختايۇپ ئاۋۋال بىر تىزىملىككە قاراپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىسمىنى بىرمۇبىر چاقىردى. تىزىملىك بىلەن ئادەم ئۇدۇللاشتۇرۇپ بولۇنغاندا، ئۇنىڭ سېمىزلىكتىن پارقىراپ تۇرغان يۈزىدە، ئۇچى بىر ئاز قىزىرىپ تۇرىدىغان بۇرنىنىڭ ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى.

— خوش، — دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغانلارغا مۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، — ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى مۇنداق دەپ تەلىم بەرگەن: سىلەر ياشلار ئەتىگەن سائەت سەككىز - توققۇزلاردىكى قۇياشقا ئوخشايسىلەر، دۇنيا سىلەرنىڭ، شۇنداقلا بىزنىڭ، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا سىلەرنىڭ. ھە، ئەمدى رەسمىي گەپكە كەلسەك، بىز بۈگۈن بۇ يەرگە ئەتىگەن سائەت سەككىز - توققۇزلاردىكى قۇياشقا ئوخشايدىغان ياشلاردىن تەشكىللەنگەن بىر قوشۇن بولۇپ جەم بولدۇق. ئىنقىلابىي قوشۇن بولغانىكەن، تەشكىلىي تۈزۈم بولمىسا بولمايدۇ. سىلەر ئەمدى مۇئەللىم نېمە دېسە، شۇنى ھەجىلەيدىغان ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمەس. دۆلەت سىلەرنى بۇ يەرگە كەلگۈسىنىڭ ئىگىلىرى، بىلىمگە تولغان، يىراقنى كۆرەلەيدىغان زىيالىي ياشلار دەپ ئەۋەتتى. سىلەرمۇ

دۆلەتنىڭ ئۈمىدىگە يارىشا ئادەم بولۇشىنىڭ يولىنى ئۆگىنىشىڭلار كېرەك. گەپنىڭ قىسقىسى، قايتا تەربىيە ھەرگىزمۇ سىلەرنىڭ ئوچاق ئېتىپ ئوينايدىغان باللار ئويۇنۇڭلار ئەمەس. ھوش ـ كاللاڭلارنى يىغىپ، سوتسىيالىزمىنىڭ ئەڭ ئاۋانگارت قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇشقا تىرىشىشىڭلار كېرەك. سىلەرنى تەربىيلەش، يېتىشتۈرۈش جەھەتتە مەن تەشكىلىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىزمۇ يەردە قويمايمەن. بۇ ياق، — ئۇ يېنىدا قوللىرىنى پاختىلىق ئۇزۇن چاپىنىنىڭ يېڭىگە تىقىپ تۇرغان چاڭگا ساقال ئادەمنى كۆرسەتتى، — «راكېتا» چوڭ ئەترىتىنىڭ سىلەرگە قايتا تەربىيە بېرىش ئۈچۈن ئاجراتقان دېھقانلار ۋەكىلى، ئۆزى ئېزىلگەن كەمبەغەل دېھقان، ئىسمى مەتقۇربان تاش. ئۇنى مەتقۇربان مۇدىر دېسەڭلار بولىدۇ. ئومۇمىي ئىشلارغا مەن مەسئۇل، ئېتىز ـ ئورەك ئىشلىرىغا ئۇ مەسئۇل بولىدۇ.

خۇدابەردى ئۇنى تونۇدى، ئۇ ئاخشام ماشىنا يورۇقىدا كۆرگەن ھېلىقى ئادەم شۇ ئىدى.

— بىز بۇگۈن بىرىنەچچە ئەترەتكە بۆلۈنىمىز، — دېدى توختايۇپ چىرت قىلىپ يەرگە بىرنى تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، — بىر گۇرۇپپا ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى بولىدۇ. بىر گۇرۇپپا ئاشپەزلىك ئەترىتى بولىدۇ. بىر گۇرۇپپا ئارقا سەپ ئەترىتى بولىدۇ، ئۇلارغا بىر هارۋا بېرىلىدۇ؛ ئۇلار ئاساسەن جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇش، يېكەنلىك مەيداندىكى هارۋا بىلەن قىلىنىدىغان ئېغىر ئىشلارغا مەسئۇل بولىدۇ. شۇڭا، تاماققا قولى كېلىدىغانلار، جاڭگالغا قورقماي كىرىپ، دۆڭلەرنى يىقىتىپ، ئوتۇن كولىيالايدىغانلار ئۆزۈڭلارنى مەلۇم قىلىڭلار.

بىردەملىك بەس ـ مۇنازىرە ئارىلاشقان پاتىپاراقچىلىقتىن كېيىن ئايجامالنىڭ باشچىلىقىدىكى ئاشپەزلەر ئەترىتى، خۇدابەردىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئارقا سەپ ئەترىتى، شەمشىدىنىنىڭ باشچىلىقىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى قۇرۇلدى.

شۇنىڭ بىلەن توختايۇپنىڭ رەھبەرلىكىدىكى زىيالىي

ياشلارنىڭ يېكەنلىك مەيداندا قايتا تەربىيە ئېلىش ئۇلۇغ ئىشى باشلانغان بولدى...

چۈشتىن كېيىن خۇدابەردىگە بىر ئۆكۈز قوشۇلغان ھارۋا ئەكېلىپ بېرىشتى. چوڭ چاقلىق، شاللىرى قېلىن، رام كۆتەكلىرى پۇختا قىلىپ ياسالغان مۇنداق ھارۋىلارنى كىشىلەر «پىكاپچاق ھارۋا» دەپ ئاتىشاتتى. دېمىسىمۇ چاقلىرى ناھىيە باشلىقلىرى ئولتۇرىدىغان ماش رەڭلىك جىپلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان بۇنداق ھارۋىلار كىشىلەر ھەۋەس قىلىدىغان ئالاھىدە قاتناش قورالى ھېسابلىناتتى.

— ئۆكۈزگە ئوبدان قاراڭلار، — دېدى توختايۇپ خۇدابەردى باشلىق يىگىتلەرگە ئىشىنەلمىگەندەك دەرگۇماندا قاراپ، — جاڭگالدا بىرەرىڭلار بىرنېمە بولساڭلار مەيلىكى، ئۆكۈزگە زىيان يېتىشكە رۇخسەت يوق. ئۇ دېگەن دۆلەتنىڭ مۈلكى، ئاچ - ئۇسسۇز قويۇشقا، زەخمىلەندۈرۈپ ناكا قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. ئۇقتۇڭلارمۇ؟

— ئۇقتۇق...

6

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن يېكەنلىك مەيدانىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ قايتا تەربىيە ئېلىش ھەرىكىتى ئامبارنىڭ شەرق تەرىپىدىكى كۆز يەتكۈسىز بوزلۇق — قومۇش، يانتاق، چىقىرتىكەن، يۇلغۇنلار گىرەلىشىپ ئۆسكەن دۆڭلۈكلەرنى ئۆلچەشتىن باشلاندى. ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكىلەر ئىشنى باشلىۋەتكەنىدى.

شەمشىدىن ئەتىگەندىلا توختايۇپتىن تۈنجى ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى.

— ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە جاپا - مۇشەققەتتىن

قورقماي، بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم، دەپ تەلىم بەرگەن. سىلەر مۇشۇ يەرلەرنى، — دېدى توختايۇپ كۆزنىڭ شەپىسىنى سېزىپ يېشىللىقىنى يوقاتقان سارغۇچ ئۈسۈملۈكلەر بىلەن قاپلىنىپ ياتقان دۆڭلۈكلەرنى بىگىز بارمىقىدا كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — بىر ھەپتىگىچە تۈزلەپ، تاختىلاپ تەييار قىلىسىلەر، كېلەر ھەپتە بۇ يەرگە كۆزگە بۇغداي تېرىيمىز.

— بۇنچە يەرنى قول بىلەن قانداقمۇ تۈزلەپ بولغىلى بولىدۇ؟ — شەمشىدىنىنىڭ يەلكىسىدىن تاغ باسقاندەك كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

— نېمە؟ قول بىلەن تۈزلىمەي، ھاۋاجازدا تۈزلەمتىڭ ئۇكا؟ — توختايۇپ مەسخىرە ئارىلاش خىرىلداپ كۈلۈپ قويدى، — بىلىپ قوي، سەن دېگەن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ باشلىقى، ئىشنىڭ بىسمىللىسىدا مۇنداق بېلى سۇيۇقلۇق قىلغىلى تۇرساڭ، ماۋۇ كۆك ماڭقىلارنى ئىشقا سالالمايسەن. قانداقلا بولسۇن، مەن ۋەزىپىنى ساڭا چۈشۈردۈم. ھېسابنى يەنىلا سەندىن ئالىمەن. قانداق تۈزلەشنى مەتقۇربان تاشتىن سورا. ئۇ دېگەن دېھقانلار ۋەكىلى بولغاندىكىن، قانداق قىلىشنى بىلىدۇ. بۈگۈنكى ۋەزىپە مۇشۇ يەرنى تۈزلەش، — ئۇ ئالدى تەرەپتە چوقچىيىپ تۇرغان بىر دۆڭنى كۆرسەتتى، — مۇشۇ يەر تۇخۇم قويسا دومىلاپ كەتمىگۈدەك تۈپتۈز بولمىسا، كەچلىك ئۆگىنىشتە سەن ئۆزۈڭنى تەكشۈرىسەن يىگىت...

ئۇ يانچۇقىدىن موخوركا چىقىرىپ، ئۆزى كېسىۋالغان گېزىت قەغىزىگە تۆككەندىن كېيىن باش بارماقتەك تومۇلۇقتا قىلىپ ئوراشقا باشلىدى. شەمشىدىنىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. ئىككى مو كەلگۈدەك دۆڭلۈكنى ھېچقانداق دېھقانچىلىق تەجرىبىسى يوق، ئىش كۆرمىگەن يىگىرمىدەك بالىنىڭ يۇمران قولىغا تايىنىپ قانداقمۇ تۈزلەپ بولغىلى بولسۇن؟ توختايۇپ ئەمىسە ئىش تامام، دېگەندەك مۇرىسىنى قىسىپ قويدى ۋە

موخوركىسىغا ئوت يېقىپ، پۈرقىرىتىپ چەككىنىچە ئامبار تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

— ساۋاقداشلار، — دېدى شەمشىدىن كەتمەن، گۈرجەك، پالتىلارنى تۇتقىنىچە ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلارغا يېقىنراق كېلىڭلار دېگەندەك قول ئىشارىسى قىلىپ، — بۇگۈنكى ۋەزىپە مۇشۇ دۆڭنى تۈزلەش ئىكەن. ۋەزىپە ئادا بولمىسا، كەچلىك ئۆگىنىشتە ئۆزۈمنى تەكشۈرگۈدەكمەن. بۇنداق بولغاندا، «ھالۋىنى كىم يېدى، ھېكىم؛ تاياقنى كىم يېدى، يېتىم» دېگەندەك ئىش بولغۇدەك. شۇڭا، مېنى يەرگە قاراتمىساڭلا. ئالدى بىلەن مەتقۇربان ئاكا قانداق قىلىش ھەققىدە بىر يولىيورۇق بەرسە. ۋەزىپىنى تاماملاشقا ئىشەنچىڭلار بارمۇ؟

— بار، — ھەممەيلەن تەڭلا ۋارقىراشتى.

ساۋاقداشلىرىنىڭ غەيرىتىنى كۆرۈپ، شەمشىدىنىنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدىكى تۇمان بىر ئاز تارىغاندەك بولدى. ئۇ بىر چەتتە زوڭزىيىپ ئولتۇرغان دېھقانلار ۋەكىلىگە قاراپ قويدى.

— بىز ئالدى بىلەن چاتقاللارغا ئوت ياقايلى، — دېدى مەتقۇربان تاش ئورا كۆزلىرىنى قىسىپ ئەتراپنى بىر قۇر كۆزەتكەندىن كېيىن، — ئاندىن كۆيمەي قالغان يىلتىزلارنى كولىۋېتىپ يەرنى تۈزلىسەك، ئىش بىرقەدەر ئاسانغا توختايدۇ.

— ئەمىسە قىزلار، سەل يىراقراق ئۆتۈپ تۇرۇڭلار، — شەمشىدىن تۇنجى قېتىم ئەترەت باشلىقلىق سالاھىيىتى بىلەن بۇيرۇق چۈشۈردى، — ئوغۇللار، چاتقاللارنىڭ ئوتتۇرىسىدىن باشلاپ ئوت قويۇڭلار. ھە راست، بىر يېرىڭلارنى كۆيدۈرۈۋېلىشتىن ئېھتىيات قىلىڭلار.

قىزلار كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە چۇرقىرىشىپ نېرىقى دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشتى. ئوبۇلتالىپ بىلەن قۇددۇس چاتقاللىقنىڭ قۇرۇق ئوت - چۆپلىرى قويۇقراق يېرىنى تاللاپ ئوت ياقتى. ئەتىگەنكى مەيىن شامالنىڭ كۈچى بىلەن بىرپەستىلا ئەتراپ ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. چاراسلاپ

كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوت بۇ يەردىكى يۇلغۇنلارنى، يانتاق - چېقىر تىكەنلەرنى، قومۇش - چىغلارنى يالماپ يۇتماقتا ئىدى. ئوت يالقۇنجاۋاتقان يەرنىڭ ئۈستىدىن قاپقارا تۈتۈنلەر پۇرقىراپ كۆككە ئۆرلەيتتى. قىزلارنىڭ چۇرقىراشلىرى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى. چۈنكى، چاراسلاپ تۈتەپ كۆيۈۋاتقان قومۇشلۇقلاردىن ياۋا توشقان، سېرىققۇيرۇق، سالما - پاتمىچۇقلار توپ - توپ بولۇپ قېچىپ چىقىشقا باشلىغانىدى. قاپقارا ئىس - تۈتەكلەرنىڭ ئارىسىدا چۆل تورغىيىنىڭ ئەنسىز چۇچۇلىغىنى ئاڭلىناتتى. بۇ يەردىكى قۇشلار، جانىۋارلار ئۈچۈن قىيامەت باشلانغانىدى. كەتمەن - گۈرجەك كۆتۈرۈۋالغان ئوغۇللار قېچىپ كېتىۋاتقان توشقانلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا باشلىدى. ئوت يالقۇنىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن توشقانلار ھە دېگەندە قاچىدىغان يەر تاپالماي يىگىتلەرنىڭ ئولجىسىغا ئايلىناتتى. يېرىم سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار ئون نەچچە ياۋا توشقان تۇتۇۋالدى.

— ئاشپەزلەرگە ئاپىرىپ بېرىڭلار، — دېدى شەمشىدىن يېتىپ كەلگەن تەتۈر قىسمەتلىرىدىن قىپقىزىل كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتكەن ياۋا توشقانلارغا قاراپ، — ئۇلار ئوخشىتىپ توشقان قوردىقى قورۇسۇن. كەچتە ئوبدانراق بىر ھاردۇق چىقىرايلى.

تۈنجى قېتىم ئۈۋچىلىقنىڭ تەمىنى تېتىغان يىگىتلەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قانلار قايناشقا باشلىغانىدى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى ئۈمىدسىزلىكنىڭ ئورنىنى يەنە بەخت تەبەسسۇمى ئىگىلىدى.

— ماڭا ئىككىنى ئېلىپ قويۇڭلار بالىلىرىم، — دېدى مەتقۇربان تاش شەمشىدىنگە ئۆتۈنۈش نەزىرىدە قاراپ، — ئۆيدە ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىۋاتقان ئانام بار، ھاپىز تېۋىپ ئۇنىڭغا ياۋا توشقان گۆشى بۇيرۇغان.

شەمشىدىن بېشىنى لىڭشىتتى. قۇددۇس قولىقىدىن تۇتۇپ تۇرغان ئىككى توشقاننى ئۇنىڭغا بەردى. خۇشاللىقتىن مەتقۇربان تاشنىڭ ئورا كۆزلىرى پۇرۇشۇپ كەتتى.

چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىغان ئوت بىر - ئىككى سائەتلەردىن كېيىن ئاخىر ئۆچتى. ئوت يالقۇنى يالماپ ئۆتكەن يەرلەردە قارامتۇل كۈللەر توزۇپ تۇراتتى. دۆڭنىڭ يانباغىرلىرىدىكى كۈللەر ئارىسىدىن يەنىلا كۆكۈچ ئىس كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. شەمشىدىن ئاۋۋال ئوغۇللارنى ئوت قويغان يەرگە بېرىپ، چالا كۆيگەن چۈچىلىلارنى كولاپ چىقىرىشقا بۇيرۇدى. قىزلار تېخىچە نېرىقى دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئۆزلىرىنىڭ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقالماي قاراپ ئولتۇراتتى.

ئىش باشلاندى. شەمشىدىنمۇ بىر كەتمەننى قولىغا ئېلىپ، ئالىقانلىرىغا تۈكۈرگىنىچە كۆيمەي قالغان يۇلغۇنلارنى كولاشقا باشلىدى. بىر پەستە ھەممەيلەننىڭ چېكىسىدىن شۇرۇلداپ تەر قۇيۇلۇشقا باشلىدى. دەممۇدەم قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەر كۆزلەرنى زىدىگە تامچىغان تۇز سۈيىدەك چىدىغۇسىز ئېچىشتۇراتتى. قىزلارمۇ دۆڭدىن چۈشۈپ كولانغان يىلتىزلارنى تېرىشكە تۇتۇندى.

بۈگۈن ھاۋا بەكمۇ ئوچۇق ئىدى. دېڭىز يۈزىنى ئەسلىتىدىغان كۆپكۆك ئاسماندا كۈز قۇياشى پارلاپ تۇراتتى. تېخى تەپتىدىن تولۇق كەتمىگەن قۇياش تىكلەشكەنسېرى ئەتراپنى قىزدۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئاشۇ زۇمرەتتەك ئاسمان بېتىدە ھېلىلا ئېتىپ چىقىرىلغان پاختىدەك شالاڭ بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرەتتى. قاياقتىندۇر پەيدا بولغان بىر سار قاناتلىرىنى كەرگىنىچە ئاستا ئۇچۇپ، باش كۆتۈرمەي ئىشلەۋاتقان ياشلارغا ئېگىزدىن قاراپ قوياتتى. كۈن چۈش بولغاندا ئەتىگەنكى غۇر - غۇر شامالمۇ بىراقلا توختىدى. پەقەت چاتقاللىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئەنسىزلىككە چۈشكەن تورغايلارنىڭ چۇۋ - چۇۋ قىلغان مۇڭلۇق ئاۋازى كېلەتتى.

يېرىم كۈنلۈك ئەمگەك دېھقان بالىلىرىغا ھېچقانچە ئېغىر بىلىنمىگىنى بىلەن شەمشىدىنگە ئوخشاش ئەزەلدىن قەلەم بىلەن قەغەز تۇتۇپ كەلگەن كادىر بالىلىرىغا نىسبەتەن بەكمۇ جاپالىق

بىلىنىپ كەتتى. شەمشىدىنىنىڭ ئالىقانلىرى ھۆررەك ـ ھۆررەك قاپىرىپ چىققانىدى. تېشىلگەن قاپارتمىلار ئوتتا كۆيگەندەك ئېچىشاتتى. ئۇنىڭ قان تەپچىرەپ چىققان ئالىقىنىنى كۆرۈپ ئايشەمنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇ چۆرىسى كەشتىلەنگەن نېپىز قولياغلىقىنى چىقىرىپ، شەمشىدىنىنىڭ ئالىقىنىنى تېڭىپ قويدى. ئۇ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا ئايشەمگە قاراپ قويدى. ئىككى ئۆرۈمە چېچى يەلكىسىدە پۇلاڭلاپ تۇرغان بۇ قىزنىڭ چىرايىدا ئۆز ئىشىدىن مەمنۇن بولغان بەخت كۈلكىسى پارلاپ تۇراتتى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا توختايۇپ بىر تەۋەڭ نان بىلەن بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرگەن ئىمىنجاننى ئەگەشتۈرگىنىچە ئىش مەيدانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ چاتقاللارنىڭ كۆيدۈرۈلۈپ، يىلتىزلارنىڭ كولىنىپ بولغىنىنى، ئەمدى دۆڭنىڭ توپىسىنى پەسكە سىيرىلدۇرۇپ تۈزلىسىلا بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ناننى كۆرۈپ تاماقنىڭ مۇشۇ يەردە يېيىلىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان ياشلار ئېغىر ئۇھ تارتىشقىنىچە كەتمەنلىرىنى يەردە قويدى. ئۇلار ئەتىگەن قىزلار چىقىۋالغان ھېلىقى دۆڭنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، توختايۇپ ئۆز قولى بىلەن تارقىتىپ بەرگەن بىردىن توم ناننى قولىغا ئېلىشتى. تونۇردىن قومۇرۇلغىنىغا تېخى ئۇزۇن بولمىغان ناندىن ئادەمنىڭ نەپسىنى تاقىلدىتىۋېتىدىغان بىر خىل مەززىلىك پۇراق كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئىسسىق ناننى كۆرۈپ قىزلارنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياش لىغىرلاپ قالدى. بەلكىم ئۇلار ئانىسى بىللە تونۇر بېشىدا ئولتۇرۇپ نان يېقىۋاتقان مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولۇشى مۇمكىن.

مۇزدەك سۇ ۋە ئىسسىق نان ھېرىپ ئاچقان ياشلارنىڭ پۈت ـ قولىغا قايتىدىن جان كىرگۈزدى. ئۇلار نانلىرىنى يېيىشكىنىچە دۆڭنىڭ يانباغىرلىرىدا سوزۇلۇپ يېتىشاتتى. يەر تېرىش دېگەننىڭ قانداقلىقىنى ئوبدان بىلىدىغان دېھقان باللىرىمۇ

ئىلگىرى تەييار يەرگە ئۆرۈق سېلىش، پاسار چېپىش، ئورما ئورۇش، خامان ئېلىش، مال بېقىش دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، چاتقاللىقنى تۈزلەپ يەر قىلىش دېگەننى كۆرۈپ باقمىغاچقا، بۇگۈنكى ئەمگەك ئۇلارغىمۇ ئېغىر كەلگەنىدى. ئالىقانلىرى قاپارغان يىگىتلەر تېشىلىپ ئېچىشىۋاتقان زېدىلىرىگە دۈمىنىڭ يۇمشاق توپىسىنى سۈۋىغانىدى، ئاغرىقى توختاپ، بىر ئاز ئارام بەرگەندەك بىلىندى.

— ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋجۇشى ياشلار كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇشى، جاپا - مۇشەققەتتىن قورقماسلىقى، ئىنقىلابىي كۈرەشتە سەپنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك، دەپ تەلىم بەرگەن. قارنىمىز تويغان بولسا ئەمدى قوپۇپ ئىشنى باشلامدۇق، يىگىتلەر؟ — توختايۇپ قاپقارا تىرنىقى بىلەن چىشىنى كولىغىنىچە توۋلىدى. قارىغاندا، ئۇ ئاشپەزلەرگە ئەۋەتىپ بېرىلگەن توشقان گۆشىگە ئاللىقاچان ئېغىز تېگىپ بولغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ توختىماستىن گارت - گارت قىلىپ سېسىق كېكىرىشلىرىمۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۈرەتتى.

ھەممەيلەن ئەجەبلەنگەندەك بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. شەمشىدىن بۆرۈتى ئەمدىلا خەت تارتقان نېپىز لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمىنىنى قولىغا ئالدى. بۇنى كۆرۈپ باشقىلارمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئەتراپتىن كەتمەننىڭ گۈرسۈلدەپ بىرنەرسىلەرگە ئۇرۇلغان، كەتمەن چاپقانلارنىڭ «ھېق، ھېق، ھېق...» دەپ كۈچۈنگەن ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. بەزىدە قىزلارمۇ يىگىتلەرنىڭ قولىدىكى كەتمەنگە ئېسىلىپ، ئۇلارنى بىردەم ئارام ئېلىۋېلىشقا ئۈندەشەتتى. كەتمەن چېپىشقا كەلگەندە بەزى قىزلار ئوغۇللاردىن قېلىشمايتتى. بولۇپمۇ شەمشىدىننىڭ قولىدىن كەتمەننى ئالغان ئايشەمنىڭ ھېچبىر كۈچىمەيلا پاتمان - پاتمان توپىلارنى پەسكە ئېتىشى يىگىتلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكەنىدى. چالا كۆيگەن قومۇشلۇقلار ئارىسىدىن بەزىدە يۇگۈرۈپ چىققان سالما - پاتمىچۇقلار يىلتىز -

كۆتەكلەرنى تېرىۋاتقان قىزلارنى ساراسىمىگە سېلىپ سەكرىتەتتى. ئۇلارنىڭ چىرقىراشقان ئاۋازى بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىدا ئەكس سادا بولۇپ ياڭراپ كېتەتتى. گەرچە ئىش ئېغىر، جاپالىق بولسىمۇ، بۇ يەردە ئىشلەۋاتقانلار بىرنەچچە يىل بىر سىنىپتا ئوقۇغان ساۋاقداشلار بولغاچقا، ئېغىر ئىش ئۇلارغا يەنىلا كۆڭۈللۈك تۇيۇلماقتا ئىدى.

كەچ كىردى، ھەرھالدا دۆڭنىڭ گۈشى بىلەن ئۇستىخانلىرى ئايرىۋېتىلىپ، ئوي ـ چوڭقۇرى تۈزلەندى؛ يىلتىز ـ چاتقاللاردىن قۇتۇلغان ئەت توپا تۈزلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر پارچە يەر جامالىنى كۆرسەتتى. ئەتىدىن بېرى قولىنى كەينىگە تۈتقىنىچە ئۈندىمەي چۆرگىلەپ يۈرگەن مەتقۇربان تاش سىنچى كۆزلىرىنى قىسىپ يەرنىڭ تەكشىلىك ھالىتىنى بىرھازا كۆزەتتى ۋە رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. چۈشلۈك تاماق يېگەن دۆڭنىڭ ئۈستىدە بالىلارنىڭ چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ، خورەك دېگەننى دۆڭ تارتىپ قانغۇدەك ئۇخلاپ ئويغانغان توختايۇپ ئىششىپ كەتكەن قىزىل كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، تۈزلەنگەن يەرلەرنى بىرقۇر تەكشۈرگەندىن كېيىن، ئىشتىن چۈشۈشكە بۇيرۇق بەردى.

7

پىكاپچاق ھارۋا ئامباردىن يېڭى ئېچىلغان يەرگە تۈتىشىدىغان چىغىر يولدا چايقىلىپ كەلمەكتە. ئېغىر قەدەملەر بىلەن پۈشۈلداپ كېلىۋاتقان ئۆكۈز بەزىدە پاخپىيىپ تۇرغان قومۇشلارغا تۇمشۇقىنى سوزغىنىچە توختىۋالاتتى. ئۇنىڭ بېغىشى پىشقان قومۇشلارنى يالماپ تارتقاندىكى پاراسلىغان ئاۋاز بۇ يەرنىڭ سۈكۈتىنى بۇزاتتى. ھارۋىنىڭ ئۈستىدە بىر ـ بىرىگە يۆلەنگىنىچە جىمجىت ئولتۇرغان ئۈچ يىگىت گويا ئۇيقۇغا كەتكەندەكلا كۆرۈنەتتى. ئۇلار توختايۇپنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن،

بۆگۈن ئېچىلغان يەرلەردىن چىققان يۇلغۇن كۆتەكلىرىنى هارۋىغا بېسىپ ئېلىپ كېتىشكە ماڭغانىدى.

ئەتراپ تولۇن ئاينىڭ سۈتتەك نۇرلىرى بىلەن يورۇپ تۇراتتى. كۈز كېچىسىنىڭ سالقىن هاۋاسى بەكمۇ يېقىشلىق ئىدى. ئاي نۇرىدا كۈمۈشتەك پارقىراپ كۆرۈنىدىغان قومۇش پۆپۈكلىرى كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى. يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمان يەنىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك، چاۋا ياغىنى ئەسلىتىدىغان شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا كېزىپ يۈرگەن يۈپيۈمىلاق تولۇن ئاي تېخىمۇ هۆسنىگە تولۇپ قالغاندەك بىر تۇيغۇ ئۇلارنى مەست قىلىۋەتكەنىدى. قەلبىدە پەيدا بولغان ئىزگۇ هېسلاردىن مەست بولۇپ كېتىشكەن يىگىتلەر  خېلى بىر چاغقىچە ئۆكۈزنىڭ توختىۋالغانلىقىنى هېس قىلىشمىدى. پەقەت قاياقتىندۇر پەيدا بولغان مەيىن شامال ئۇلارنىڭ يۈزىنى ئۆپكەندىلا خىيال دۇنياسىدىن مۈشۈ چىغىر يولغا قايتىپ كېلىشتى.

— خىتە، خىت، هۇ مېڭىشى قوڭغۇزدەك، يېپىشى توڭغۇزدەك قېرى ئەبگا، خىت دېدىم، خىت...

خۇدابەردى هارۋىنىڭ ئالدىدا ئۆكۈزنىڭ باشبېغىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان دىلمۇراتنىڭ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— هەي دىلمۇرات، سېنىڭ هەيدەۋاتقىنىڭ ئېشەك ئەمەس، ئۆكۈز، ئۆكۈز دېگەننى خىت دېمەيمىز، چۇھ دەيمىز. ئۇنى «خىت» دەپ هەيدىسەڭ هەرگىز ماڭمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئېشەكنىڭ تىلىنى ئۇقمايدۇ ـ دە، بولمىسا ئۇنىڭغا بىر تەرجىمان هەمراھ قىلىۋالامسەنيا، بۇرادەر...

هارۋىدىكىلەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. دىلمۇراتنىڭ يۈزلىرىنىڭ پوكاندەك قىزارغىنى ئاي نۇرىدا ئېنىق كۆرۈندى.

— ئەمىسە ئۆكۈزنىڭ تىلىنى بىلىدىغان بىرىڭلار هەيدى-سەڭلارچۇ، — دېدى ئۇ قېيىدىغاندەك قىلىپ، — هەممىڭلارنىڭ هارۋىدا بىر زەمبىل پوقتەك ئولتۇرغىنىڭلار ئولتۇرغان. ئادەمنى

زاڭلىق قىلىشتىن باشقىسى قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ زادى...
— بوپتۇ، كەينىگە ئۆت، — دېدى خۇدابەردى تېخىچە كۈلكىدىن ئۆزىنى باسالمىغان هالدا، — هارۋىنىڭ كەپىنكىسىدە ئولتۇرۇۋالسۇن دېسەك، ياخشى كۆڭلىمىزنى چۈشەنمىدىڭ. بولۇشۇڭ مۇشۇ بولسا، ئەمدى ئۆكۈزنىڭ باشبېغىغا يېقىن يولىما. هارۋىنى ئۆزۈم هەيدەيمەن.
— دىلمۇرات، — دېدى ئەتىدىن بېرى ئۇندىمەي ئولتۇرغان جاپپارمۇ سۆزگە ئارىلىشىپ، — ئوغۇل بالا دېگەنىنىڭ هايۋاننىڭ تىلىنى ئاز - تولا ئۆگىنىپ قويغىنىنىڭ زىيىنى يوق، بولۇپمۇ ئېشەكنىڭ...
— ئۇنداقتا ئېشەككە تەرجىمان بولىدىغىنى سەن ئىكەنسەن - دە؟!
ئۇلار يەنە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. چەكسىز سوزۇلغان قومۇشلۇق دالىدا ئۇلارنىڭ كۈلكىسى يىراق - يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. هارۋىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئولتۇرغان دىلمۇرات تېخىچە كۈلۈۋاتقان خۇدابەردىنىڭ غولىغا بوشقىنا بىرنى ئۇردى.
خۇدابەردى ئۆكۈزنىڭ باشبېغىنى سىلكىدى. بۇرنىدىن تېشىلىپ ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇككە باغلانغان ئارغامچا ئۆكۈزنى يولغا كىرگۈزدى. ئۇ يەنىلا ئاۋۋالقى سۈرئىتىدە ئالدىرىماي مېڭىشقا باشلىدى.
— بېشىنى يەيدىغان توختايۇپ، — دېدى دىلمۇرات يەرگە قاتتىق تۈكۈرگىنىچە، — ئەتىمۇ خۇدانىڭ يورۇق كۈنى بولغاندىكىن، يىلتىز - كۆتەكلەرنى تاڭ ئاتقاندا توشۇساق بولماسمىدى؟ بىزنى بىر كېچە ئىشقا سېلىۋالمىسا چۈشى بۇزۇلامدىغاندۇ ئۇنىڭ؟ هەي، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم ئىكەنمىز، نېمە كۈن بۇ بىزگە؟
— بۈگۈن هارۋىنىڭ ئوق - شارەكلىرىنى مايلايمىز دەپ بىر كۈن بىكار يۈرگەندىكىن، ئۇنىڭ قورسىقى كۆپكەن گەپ. كېچىچە ئىشلىتىپ ئورنىنى تولدۇرۇۋالاي دېگەندۇ؟
— ياق، ياق، هەرگىز ئۇنداق ئەمەس، — دېدى خۇدابەردى

ئىككى ھەمراھىمىزنىڭ زارلاشلىرىغا رەددىيە بېرىپ، — ئەتە بىزنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشىمىز بار. گۇڭشې ئاشلىق پونكىتىغا بېرىپ، بۇ ئايلىق نورما بىلەن كۈزگى بۇغداي ئۇرۇقى ئەكېلىدىكەنمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە يىغىلغان ئوتۇنلارنى بۈگۈن توشۇۋەتمىسەك، ئەتە يەنە دۆۋىلىنىدىغان گەپ. يەرنى بىكار قىلمىساقمۇ بولمايدۇ. شۇڭا، تولا قاقشىماي ئىشىمىزنى قىلايلى، — خۇدابەردى ئىككى ھەمراھىغا قاراپ يەنە قوشۇپ قويدى، — بىز ھەرھالدا شۈكۈر قىلمىساق بولماس. بايا كۆردۈڭلارغۇ، بۈگۈن يەر ئاچقانلارنىڭ ئالىقىنى ئېشەكنىڭ يېغىرىدەك ئېچىلىپ كېتىپتۇ. ئۇلارغا قارىغاندا بىزنىڭ ئىشىمىز يەنىلا يېنىك ئىكەن. ئەمدى تولا قارغىش قىلماڭلار. بولمىسا سىلەرنى بوز ئاچىدىغانلار بىلەن ئالماشتۇرۇۋالىمەن.

ھارۋا ئەزمىلىك بىلەن بەكمۇ ئاستا ماڭاتتى. سۇس چاڭ-توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ھارۋىنىڭ كەينىدىن بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاقىرىپ كۆرۈنگەن ئىككى سىزىق — كەڭ يۈزلۈك چاقنىڭ گۈلدار ئىزلىرى پارقىراپ كۆرۈنەتتى، چاق ئىزى مۇشۇ سوزۇلۇشىدا قارىيىپ كۆرۈنگەن چاتقاللىقلارنىڭ ئارىسىغىچە كىرىپ كەتكەنىدى.

— قايسىڭلار ناخشا بىلىسىلەر؟ — سورىدى بۇ خىل جىم-جىتلىقتىن ئىچى سىقىلغان دىلمۇرات چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە، — مۇشۇنداق ئايدىڭ ئاخشامدا ناخشا دېگەننى بولۇشىغا توۋلىمىساق قانداق بولىدۇ؟ گاچىدەك مۆرىمەي ماڭىمىزمۇ؟

— بىلسەڭ، ئۆزۈڭ ئېيتماسەن؟ — خۇدابەردى كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى، — سېنىڭمۇ زۇۋانىڭ تۇتۇلۇپ قالمىدىغۇ؟

— بىلگەن بولسام ئابايىلا باشلىۋېتەتتىم ناخشا دېگەننى، — دىلمۇرات ئايانچلىق كۈلۈپ قويدى، — مەن مەكتەپتە ئۆگەنگەن «ئۆگىنەيلى لېي فېڭدىن» ۋە «سالام تىرانا» دېگەن بىرنەچچە ناخشىدىن باشقىنى بىلمەيمەن. بۇ ناخشىلارنىمۇ ئوقۇۋېرىپ

زېرىكتى كىشى.

— بىزنىڭ مەھەللىدىكى يىگىتلەر مۇنداق ناخشىلارنى توۋلاپمۇ قويىدۇ، — دېدى جاپپار ئالدىغىراق سۈرۈلۈپ ۋە ئويلىنىپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا بىر ناخشا باشلىدى:

ئەجەب ئايدىڭ بولۇپتۇ،
يار بىلەن كۆرۈشكۈدەك.
لەۋەن يارنى تاپقاندا،
قۇچاقلاپ سۆيۈشكۈدەك.
...

ئۇنىڭ ئاۋازىنى دېگەندەك ياخشى دېگىلى بولمىسىمۇ، ھەرھالدا ناخشىنى ئەگىم - تۇراقلىرىنى جايىدا ئېلىپ يامان ئەمەس ئوقۇۋاتاتتى. سۈكۈتكە پاتقان مۇشۇنداق جىمجىت ئايدىڭ كېچىدە ئۇنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتەتتى. جاپپار ئۈزمەي ناخشا توۋلايتتى. بۇ ناخشىلاردىن يۈرىكى ئىشق ئوتىدا پۇچىلانغان ئاشىقنىڭ ئۆزىنى ھىجران دەردىدە ئۆرتىگەن مەشۇقىغا بولغان بىر خىل كۈچلۈك مەپتۇنكارلىقى، تەلپۈنۈشى ۋە سېغىنىش ھېسسىياتى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. خۇدابەردى شۇ چاغقىچە نۇرغۇن ناخشىلارنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇنداق ئېسىل ناخشىلارنى ئەزەلدىن تىڭشاپ باقمىغانىدى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشىلارنىڭ مۇڭ دېڭىزىغا غەرق بولغانىدى. دىلمۇراتمۇ ئېغىزىنى يېرىم ئاچقىنىچە جاپپارنىڭ چىرايىغا ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ قالغانىدى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، قانچىلىك يول ماڭدى، بۇلارنى ھېچقايسىسى ھېسابلاپ چىقالمايتتى. پەقەت ھارۋا ئېگىز بىر دۆڭنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان تۈزلەڭلىكتىكى ئوتۇن دۆۋىسى

ئالدىغا كەلگەندىلا جاپپارنىڭ ناخشىسى ئۈزۈلدى. ئۇلار هارۋىدىن چۈشتى. خۇدابەردى يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمانغا قارىغىنىچە تازا بىر كېرىلدى. ئۇنىڭ كىرىشىپ كەتكەن بەدىنى غاراسلاپ كەتتى.

— بۇ ئوتۇنلار ئاز ئەمەس ئىكەن، — دېدى جاپپار هېلىقى چوقچىيىپ تۇرغان بىر دۆۋە يىلتىزنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، — بىر هارۋىدىن ئاشىدىغاندەك قىلىدۇ. كېچىچە باسساقمۇ تۈگىتەلمىگۈدەكمىز.

— «كۆز قورقاق، قول باتۇر» دەپتىكەن. قېنى، بىر كۆچەپ باقمايمىزمۇ؟ — خۇدابەردى شۇنداق دېگىنىچە هارۋىدىكى ئارغامچىنى يەرگە تاشلىدى ۋە ئوتۇن دۆۋىسى ئىچىدىن يوغان بىر يۇلغۇن كۆتىكىنى قولىغا ئالدى، — ۋوي، بەكلا ئېغىرغۇ؟ قارىغاندا بۇ ئوتۇنلار هۆل ئىكەن.

— ئايجامال ئوت كۆيدۈرەلمەي تۇتۇن يەپ، كۆزىدىن ياش قۇرۇمايدىغان بوپتۇ - دە، ئەمىسە، — دېدى دىلمۇرات پىخىلداپ كۈلگىنىچە، — ئۇ بوگۈن توختايۇپ يىغىپ بەرگەن بىر تامنىڭ شاخ - شۇمبىلىرى بىلەن چاي قايناتقانىكەن.

— چۈشتە ئامبار ئەتراپىدىن مەززىلىك كاۋاپنىڭ پۇرىقى كەلدىغۇ؟ — سورىدى جاپپار هارۋىغا ئوتۇن بېسىۋېتىپ، — هە راست، بۇ پۇراق مۇدىرىمىز توختايۇپنىڭ ياتىقى تەرەپتىن كەلگەندەك قىلدى.

— بۇرنۇڭ ئوۋ ئىتىنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن، جاپپار. چۈشتە ئۇ شەمشىدىنلەر ئوۋلىغان توشقاننىڭ گۆشىدە كاۋاپ قىلدۇرۇپ يەپتۇ. ئايجامال ئۇنىڭ ياتىقىدىن بىر چىنىدە ئۇششاق سۆڭەكلەرنى ئېلىپ چىققاندا كۆرۈپ قالدىم.

خۇدابەردى سۆزىنى تۈگىتىپ قاياقتىن كاۋاپ قىلغۇدەك توشقان چىقىپ قالاركىن دېگەندەك، دۆڭنىڭ نېرىسىدىكى قومۇشلۇقلارغا قاراپ قويدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭمۇ توشقان كاۋىپىغا ئېغىز تېگىپ باققۇسى كېلىپ قالغاندى.

ئۇلار ئەمدى دەيدىغانغا باشقا گەپ قالمىغاندەك جىم بولۇشتى ۋە باش كۆتۈرمەي ھارۋىغا ئوتۇن بېسىشقا باشلىدى. بىرەر سائەتكە قالماي ھارۋىدىكى ئوتۇن خېلىلا ئېگىزلىدى. ئاي يورۇقىدا ئوتۇن دۆۋىسىنىڭ بارغانسېرى كىچىكلەپ بارغىنىنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار ھارۋىنى توشقۇزۇپ بولغاندا، يەردە ئازراقلا تەمەچ ئېشىپ قالغانىدى.

— ئەمدى بولار، — دېدى خۇدابەردى ھەمراھلىرىغا قاراپ، — جاپپار، سەن ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلا. دىلمۇرات، سەن ھارۋىنىڭ بۇ تەرىپىگە ئۆت، ئوتۇنلارنى پۇختا تاڭمىساق يولدا ئاۋارە قىلىدۇ. ھە قېنى، كۇچەڭلار، نېمە، ئارغامچىنىڭ بۇ ئۇچى بوشاپ كەتتىمۇ؟ جاپپار، سەن نېمە قىلىۋاتىسەن؟ ئاناڭنىڭ قارىغۇ ئۇچىينى تارتقاندەك نېمانچە ئاۋايلايسەن ئارغامچىنى، چىڭراق تارت...

ئۇلار ھاسىرىشىپ، ئىنجىقلىشىپ يۈرۈپ ھارۋىدىكى ئوتۇنلارنى تاڭدى. ئىش تۈگىگەندە ئۇلارنىڭ چىگە ئارغامچا يالاپ كەتكەن ئالىقانلىرى پىژىلداپ ئېچىشىپ كەتكەنىدى.

— ھېچ يەردە ئىشنىڭ ئاسىنى يوق ئىكەن، — دېدى دىلمۇرات چېكىسىدىن قۇيۇلغان تەرلىرىنى يېڭىنىڭ ئۇچىدا سۈرتۈۋېتىپ، — ياخۇدا، نېمە كۈن بۇ بىزگە؟ دېھقان - چارۋىچىلاردىن قايتا تەربىيە ئالىسىلەر دېسە، قىر بېشىدا بىر چىرايلىق ئولتۇرۇپ مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ دەرسىنى ئاڭلىغاندەك ئىش ئوخشايدۇ دەپتىمەن. بۇنى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش دېسىمۇ توغرا بوپتىكەن.

— ئۆلۈكنى كۆمۈش ئۈچۈنمۇ بىرمۇنچە ئاۋارە بولۇپ گۆر كولاشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى خۇدابەردى ئۇنىڭ كۆڭلىكىدىكى توپا - چاڭنى قېقىشتۇرغىنىچە، — ئىشقىلىپ، بىز بۇ يەرگە ئوينىغىلى كەلمىدۇق. باشقىلار نېمە بولسا بىزمۇ شۇ، جاپادىن ئۆلۈپمۇ قالماسمىز. چىدا، ئاداش دىلمۇرات.

جاپپار زۇۋان سۈرمىدى، ئەمما ئۇنىڭ چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنى

بۇلارغا ئېنىق ئاڭلاندى...

ئۇلار هارۋىنى ھەيدەپ ئامبارنىڭ يېنىغا كەلگەندە تاڭ سۈزۈلدى. يىراقتىكى مەھەللىلەر تەرەپتىن خورازلارنىڭ بەس ـ بەستە چىللاشقىنى ئاڭلىناتتى. ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى ئېچىشىپ تۇرغان ئارقا سەپ ئەترىتىدىكىلەر هارۋىنى ئاشخانا قىلىنغان ئۆينىڭ يېنىغا ھەيدەپ كېلىشتى ۋە ئۆكۈزنىڭ چۇلۇكىنى تارتىپ توختىتىشتى. بۇ چاغدا ئايجامال يەنە بىر قىز بىلەن يەرنى ئويۇپ ياسىغان ئوچاقتا ئېسىلغان قازانغا چاي قاينىتىش ئۈچۈن سۇ قۇيۇۋاتاتتى. خۇدابەردى ئۇنىڭ قولىدىكى چېلەكنى ئېلىپ بىر كۆتۈرۈپلا غورتىلدىتىپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى. ئايجامال كېچىچە كۆز يۇممای ئىشلىگەن يىگىتلەرگە ئىچى ئاغرىدى بولغاي، ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ هايالىشمايلا ئۈچ دانە توقاچ ئېلىپ چىقتى.

— بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ، ھېلى قولۇڭلار بوشىغاندا يەرسىلەر، — دېدى ئۇ ناننى خۇدابەردىگە سۇنۇۋېتىپ، — تېز بولۇڭلار، تاراق ـ تۇرۇقتىن بۇ يەردىكىلەر بىردەمدىلا ئويغىنىپ كېتىدۇ. ناننى بىر يەرگە تىقىۋېتىڭلار.

جاپپار كۆڭلىكىنى سالدى، خۇدابەردى قىزغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ناننى كۆڭلەككە يۆگەپ ئاشخانىنىڭ كەينىدىكى قومۇشلارنىڭ ئارىسىغا تىقىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇلار ھە ـ ھۇ بىلەن هارۋىدىكى ئوتۇننى چۈشۈرۈشكە باشلىدى. ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتتا باسقان ئوتۇن، يېرىم سائەتكە قالماي چۈشۈرۈپ بولۇندى.

تاڭ ئاتتى. توختايۇپ ياتىقىدىن چىقىپ، كېۋەز غوزىلىرىدەك ئىششىغان قاپاقلىرىنى ئارراقلا ئۇۋۇلىغىنىچە هارۋىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئوتۇنلارنىڭ ئەتراپىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلانغاندىن كېيىن، خۇدابەردىدىن سورىدى:

— ھەممىسى تۆگىدىمۇ؟ ئەكەلگەن ئوتۇنۇڭلار سەل ئازدەك قىلامدۇ، نېمە؟

— ئازراق تەمەچلىرى ئېشىپ قالدى.
— نېمىشقا؟
— هارۋىغا پاتمىدى.

توختايوپ باشقا بىرنەرسە دېمىدى ۋە يانچۇقىدىن پوشتىكىنى چىقىرىپ، جەھلى بىلەن پۈۋلەشكە باشلىدى. بىرپەستىن كېيىن ئامبار تەرەپتىن ئۆيىقۇسىغا قانمىغان باللارنىڭ بېشى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ تۇرقىدىن يەنىلا هارغىنلىق چىقىپ تۇراتتى. ئەتىگەنلىك چاي ۋاقتى بولغانىدى.

توختايوپ بىر سېۋەت زاغرىنى قىزلار ياتقان ئامبار بىلەن ئوغۇللار ياتقان ئامبارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەيدانغا ئېلىپ كەلدى ۋە ھەربىر بالىغا بىردىن ناننى ئېتىپ بەردى.

— ئەتىگەن تۇرۇپ، — دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا، — يېگەن نانغا تۇشلۇق ئىش قىلمىساڭلار بولمايدۇ. چاينى تېز ئىچىپ تونۇگۇنكى يەرگە مېڭىڭلار، ۋاقىت قىستاپ قېلىۋاتىدۇ. كۈزگى بۇغداينى ۋاقتىدا تېرىمىساق هوسۇلغا تەسىر يېتىدۇ. كىمدە ـ كىم ۋەزىپىنى دېگەن قەرەلدە ئورۇندىمىسا، مەن ئۇنداق ئادەمنى بوش قويۇۋەتمەيمەن، ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن.

بىردىن قاتتىق زاغرىغا ئىگە بولغان ياشلار گەپ ـ سۆز قىلماستىن، تېخى قايناپ ئۈلگۈرمىگەن داغ قايناق بىلەن نانلىرىنى يېيىشكە تۇتۇندى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن تېخى هاردۇقى چىقىپ ئۈلگۈرمىگەن باللار كەتمەن ـ گۈرجەكلىرىنى مۈرىسىگە تاشلىغىنىچە ئىش مەيدانىغا مېڭىشتى. خۇدابەردىمۇ هارۋىدىكى ئوتۇن ئۇۋاقلىرىنى سۆپۈرۈپ تازىلاشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا ئامبار تەرەپكە سوزۇلغان توپىلىق يولدا خۇدابەردىنىڭ دادىسى سۆپۈركە سەيدى پەيدا بولدى. ئۇ يوتقان ـ كۆرپە ۋە باشقا نەرسە ـ كېرەكلەر ئارتىلغان ئېشەكنى يېتىلىۋالغان بولۇپ، قەدەملىرى تولىمۇ ئېغىر، ئۈستۈبېشى توپا ـ چاڭغا كۆمۈلۈپ كەتكەنىدى. خۇدابەردى دادىسىنى بۇ هالدا كۆرۈپ هارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى ـ

دە، ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ يۈگۈردى.

— دادا...

سۈپۈركە سەيدى ئوغلىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ئوغلىنىڭ قىلىقىغا نارازى بولغانلىق ئىپادىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى قۇچاقلاپ تۇرغان خۇدابەردىنىڭ بېشىنى سىلىغىنىچە بىرھازا تۇرۇپ قالدى. بوۋاينىڭ بەدىنى بوش تىترەۋاتقاندەك قىلاتتى. يۈرىكى ھاياجاندىن گۈپۈلدەپ سوقاتتى. ئۇلار شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزاق تۇرۇشتى.

— قاچان يولغا چىققاندىڭ، دادا؟ — بىر چاغدا خۇدابەردى ئۇنىڭ باغرىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

— تۇنۇگۈن چۈشتە، — دېدى بوۋاي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ئېغىلدىن قېچىپ چىققان ئوغلاقتەك بىزگە خوشمۇ دېمەي يولغا چىقىۋاپسەن. ئاناڭ بىچارە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئاسقىپ كەتتى. ئۇ بىر كېچە يىغلاپ چىقتى. سېنىڭ ئورۇن - كۆرپىسىز، ئوزۇق - تۈلۈكسىز يولغا چىققىنىڭ ئاناڭغا بەكلا ئېغىر كەلدى. ئەسلىدە ئاناڭمۇ بىللە كەلمەكچىدى، بىراق قوشنىلارنىڭ مۇشۇ بىرلا ئېشىكىنى سورىيالىدۇق. شۇڭا، لازىملىق نەرسىلەرنى ئېلىپ تۈنۈگۈن چۈشتە يولغا چىققانىدىم، كېچىلەپ مېڭىپ، بۇ يەرنى ئاران تېپىپ كەلدىم، بالام...

— سېنى جاپادا قويۇپتىمەن، دادا. ئەسلىدە مەن ساۋاقداشلىرىمنى ئۇزىتىپ قويۇشقا كەلگەن، قارىسام، جىلىل سادىقمۇ ماشىنىدا تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەپرايىم ئۆرلەپ، ھېچنېمىنى ئويلىمايلا ماشىنىغا چىقىپتىمەن. تۈنۈگۈن كېچە شەمشىدىن بىلەن بىللە ياتقان، كېچىدىن ئوتۇن توشىدۇق، دادا...

بوۋاينىڭ كۆزلىرىگە مۆللىدە ياش كەلدى. ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماستىن ئامبارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئېشەكنىڭ ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى چۈشۈرۈپ، ياتاققا ئېلىپ كىرىشتى. قاراڭغۇ ئۆڭكۈرگە ئوخشايدىغان بۇ يوغان ئامبارنى كۆرۈپ سۈپۈركە سەيدىنىڭ ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، بوغۇزىغا بىرنەرسە

قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. ئۇ خېلىغىچە زۇۋان سۈرمەستىن، بالىلارنىڭ ھەرەڭ - سەرەڭ تاشلاپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىلىرىگە كۆز يۈگۈرتتى.

— بىر ھېسابتا، — دېدى ئۇ خېلىدىن كېيىن خۇدابەردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئوغۇل بالىنىڭ ئاز - تولا جاپا تارتىپ باققىنىمۇ ياخشى ئىش، جاپا دېگەن ئوغۇل بالىنى تاۋلايدۇ. ئەمما، سىلەر تېخى كىچىك ئىدىڭلار، بالام. بوپتۇ، تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇ بولسا، سەن يەنە نېمە قىلالايسەن؟ چىدىماي بولمايدۇ. ئەمما، دۇرۇس ئادەم بول، بالام. ئۆيدىن، بىزدىن ئايرىلدىڭ، ئەمدى باشقىلار كىمنىڭ ئوغلى ئىكەن دېسە، سۈپۈركە سەيدىنىڭ دېگۈدەك ئادەم بولمىساڭ بولمايدۇ. خەقنىڭ رىزقىغا قارا سانىما، دوستلىرىڭ بىلەن ئەپ ئۆتكىن، ئاچچىقنىڭ كەينىگە كىرمە، ھەر ئىش بولسا ئالدى - كەينىنى ئويلاپ قىل. ئەمدى سەن نامدا بىزنىڭ بالىمىز بولغىنىڭ بىلەن، بۇ يەردە ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمىگە ئايلاندىڭ. شۇڭا، تەشكىلنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقمىساڭ بولمايدۇ. مېنىڭ ساڭا دەيدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك، قالغىنى خۇداغا ئامانەت. نەسىھەتىمنى قۇلاقتا تۇتساڭلا، بىزمۇ سەندىن خاتىرجەم بولاتتۇق، بالام.

— دېگىنىڭدەك قىلىمەن، دادا.

— ئەمىسە مەن قايتاي، ئىشەكنى ئەتە سەھەردە ئىگىسىگە ئاپىرىپ بەرمىسەم بولمايدۇ. سەنمۇ ئىشىڭغا بار. خۇدا نېسىپ ئەتسە يەنە كۆرۈشەرمىز.

— دادا، ئانامغا سالام دەپ قوي، مەندىن ھەرگىز ئەنسىرىمەسۇن، رۇخسەت ئالالىساملا سىلەرنى يوقلاپ بارىمەن.

— بولىدۇ بالام، خۇدايىم ئىنسابىڭنى بېرەر، ۋاقتىڭ چىقسا يوقلاپ بارارسەن.

— چاي ئەكىرسەم، ناشتا قىلىپ ماڭامسەن، دادا؟

— بولدى بالام، مەن ناشتىنى يولدا قىلىۋالىمەن، ئەمدى ئالدىرىمىسام بولمايدۇ.

سۆپۈركە سەيدى ئامباردىن چىقىپ ئېشەكنىڭ باشىنى يەشتى. ئۇ خۇدابەردىگە يەنە بىر قېتىم قارىۋالغاندىن كېيىن، نەملىشىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ، ئىتتىككىلا ئېشەككە مىندى. تەرلىرى قۇرۇمىغان بىچارە ئېشەك كەلگەن يولى بىلەن ئۇششاق يورغىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سوكۇلداشلىرىغا ئەگىشىپ بوۋاينىڭ گەۋدىسى يۇقىرى - تۆۋەن سىلكىنەتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ سىلكىنىشلىرىگە ۋۇجۇدىنىڭ تىترىشىمۇ سىڭىپ كەتكەنىدى. خۇدابەردى ئۇزاپ كېتىۋاتقان دادىسىنىڭ قارىسى يىتكۈچە كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭمۇ مىڭ يېرىدە يىغا قاينايتتى. ئۇ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان دادىسىغا قاراپ، ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۇ يۈز كۆرۈشەلمەيدىغاندەك بىر تۇيغۇ ئىچىدە تولغاندى. ئۇنىڭ كۆڭلى بۇ جۇدالىقتىن يېرىم بولماقتا ئىدى. ئۇ قارىچۇقلىرىنى تۇسۇۋالغان ياش پەردىلىرى ئىچىدە يىراقلاپ كېتىۋاتقان دادىسىنىڭ لىغىرلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، ھەقىقىي لىغىرلاۋاتقىنىنىڭ ياش پەردىلىرى ياكى دادىسى ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى...



ئۈچىنچى باب

# جۇدۇنلۇق سەھەر

## 8

شەمشىدىنىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتى توختايۇپنىڭ سۇرگە دورىسىدەك كۈچ كۆرسىتىشى بىلەن چىشىنى چىشىغا بېسىپ ئىشلەپ، ئىككى ھەپتىدە يۈز مو كەلگۈدەك بوز يەر ئاچتى. بۇ يەر توختايۇپنىڭ مۆلچەرىدىكى ساندىن خېلىلا ئاز بولسىمۇ، ھەرھالدا كۆزگە بۇغداي تېرىشتىن ئىلگىرى مۇشۇنچىلىك يەرنى ئەھيا قىلغىنىدىن ئۇمۇ خۇشال ئىدى.

شەمشىدىنلەر يەنە نەچچە كۈن ئالدىراپ يۈرۈپ بۇ يەرگە ئېرىق چاپتى ۋە يەرلەرنى ئوسا قىلدى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ «راكېتا»دىن ياردەمگە كەلگەن ئۈچ دېھقان ئۆزلىرى ئېلىپ كەلگەن ئون نەچچە ئۆكۈز بىلەن بۇ يەرلەرنى ئاغدۇردى. ئەمدى ئۇلار بېرىپ تۇرماقچى بولغان سېپىالكا كەلسىلا يەرگە ئۇرۇق سېلىش باشلىناتتى.

شۇ كۈنى بۇ يەرگە ئۆكۈز بىلەن دېھقانلارنى باشلاپ «راكېتا» چوڭ ئەترىتىنىڭ سېكرېتارىمۇ كەلگەنىدى. ئۇ بوز كۆرپىدىن تىكىلگەن تەلپەك كىيگەن، قېلىن لەۋلىرى ئۇستىدىكى ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقىنى ئەسلىتىدىغان قويۇق بۇرۇتى قۇلىقىغا تاقاشقان، قارامتۇل چىرايىدىن سۇر ـ ھەيۋە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ئېگىز بويلۇق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئېيىقنىڭكىدەك كەڭ يەلكىسى،

ھەربىر قەدىمىگە ماس ھالدا ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ تۇرىدىغان گەۋدىسى، تۆش يانچۇقىنىڭ ئۈستىگە داھىيىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئىزناك قادالغان ئۆرە ياقىلىق خادانى چاپىنى، يېنىغا ئېسىۋالغان ماس رەڭلىك بىرېزىنت سومكىسى... قوشۇلۇپ، ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن سۈلەت بېغىشلىغانىدى. ئۇ قىر بېشىغا كېلىپ، توختايۇپ بىلەن خالار - خالىماس كۆرۈشۈپ قويدى.

— تەييار بوپتۇ - دە، — دېدى ئۇ كۆز ئالدىدا يېيىلىپ ياتـقان بوز يەرگە قاراپ قويۇپ، — سىلەرمۇ بوش كەلمەپسىلەر.

— راست دەيلا، — دېدى توختايۇپ ئېغىزىدىكى يېرىمى چېكىلىپ بولغان موخوركىسىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ، — بىز قىلغۇدەك ئىش چىققاندا كېيىك تۇياقلىشىپ كېتىمىز دېسىلە. يەڭنى تۈرۈپ قىلغىلى تۇرساق، بىزگە ئاسان بىرنەرسە توشمايدۇ.

سېكرېتار ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ، — سىلىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىرنەرسە خىيالىمغا كېلىپ قالدى. ئۇمۇ سىلىدەك كېيىك تۇياق ئىدى.

— ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە بولامدىكىن؟

— بالىلارنىڭ ئانىسىنىڭ مەندىكى رىزقى، — دېدى سېكرېتار پېتىنى بۇزماستىن ھىجىيىپ، — سىلى ئۇنى كۆرسىلە جەزمەن تونۇيدىلا...

توختايۇپنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان چىرايى بىردىنلا يامغۇر پەسلىدىكى ئاسماندەك تۇتۇلدى. ئۇنىڭ سۇس تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرغان لەۋلىرىدە ئاچچىق تەم پەيدا بولدى. توختايۇپ ئېغىر پۇشۇلدىغىنىچە بىرھازا تۇرۇپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ ئېگىز دەرەختىن يىقىلغان ئادەمدەك ئەس - ھوشىنى يوقاتقانىدى

— ئەمىسە ئۆكۈز بىلەن ئادەملەر سىلىدە قالدى، — دېدى سېكرېتار غالىبلارچە قىياپەتتە، — ئەتە - ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە بىكارلاپ «راكېتا»غا ماڭدۇرۇۋېتەرلا. بۇلار سەل چاپلىكەش خەق،

كۇدە بىلەن بۇغداينى ئايرىيالمايدىغان مايماقلارغا ھېزى بولۇپ قويسىلا، بولمىسا يېكەنلىكتە نەۋرىلىك بولۇپ قالىدىلا بىكار.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ، ئېتىزنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ئىشلەۋاتقان قىزلارغا ئاچ كۆزلەرچە قاراپ قويدى.

— خاتىرجەم بولسىلا، — دېدى توختايۇپ كۆمۈردەك قارىداپ، — بۇ يەردىكى قىزلار كۇدە بىلەن بۇغداينى ئايرىيالمىغان بىلەن، بۇقا بىلەن ئۆكۈزنى ئايرىغۇچىلىكى بار. نېمىنىڭ ئۆزىگە بەكرەك ئەسقاتىدىغانلىقىنى سىلىدىن ئوبدانراق بىلىدۇ.

سېكرېتار سوغۇق ھىجايغىنىچە دىمىغىنى قېقىپ قويدى ۋە قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە «راكېتا»غا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان توختايۇپنىڭ چىشلىرىنىڭ غۇچۇرلىغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

شۇ كۈنى توختايۇپ ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىكىلەرنى يەنە ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلدى. بىر گۇرۇپپا «راكېتا»دىن كەلگەن دېھقانلار بىلەن يەر ئاغدۇرىدىغان، يەنە بىر گۇرۇپپا داۋاملىق بوز يەر ئاچىدىغان بولدى. گەرچە بۇ ئىككىلا گۇرۇپپىنىڭ باشلىقلىقىنى يەنىلا شەمشىدىن قىلىۋاتقان بولسىمۇ، بىراق ئۇ ئاساسلىقى كۈزگى بۇغداي تېرىش ئىشىغا مەسئۇل ئىدى. توختايۇپ جېلىل سادىقنى بوز يەر ئېچىش گۇرۇپپىسىغا ۋاقىتلىق مەسئۇل قىلدى.

كەچ كۈزنىڭ بارغانسېرى قىستاپ كېلىشىگە ئەگىشىپ، كېچىلىرى سوغۇق ئۆزىنى خېلىلا كۆرسىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئامبار يېنىدىكى قارا سۆگەتلەرنىڭ غازاڭلىرى پۈتۈنلەي ئالتۇن رەڭگە كىرگەن، ئەتە ـ ئاخشاملىرى پەيدا بولغان سوغۇق شامال ئاشۇ ساپسېرىق غازاڭلارنى يەلپۈتكىنىچە يەرگە تاشلايتتى. ئامبار ئەتراپى ئۈچۈشۈپ يۈرگەن غازاڭلار بىلەن تولغانىدى.

بۈگۈن توختايۇپ شەمشىدىننى ئارقىسىغا سالغىنىچە سېكرېتارنى ئىزدەپ «راكېتا»غا كەلدى. ئۇلار كۈزگى تېرىيدىغان

سىيالكىنى سۆيلەپ كېلىشكەندى. ئۇلار «راكېتا»غا كەلگەندە، مەھەللە دوقمۇشىدىكى داجەيچە پەلەمپەي ئېتىزلاردا ئادەملەر مىغىلدىشىپ يۈرەتتى. كۆزگى بۇغداي تېرىش مەۋسۇمى ئۆتۈپ كېتىشكە ئاز قالغانلىقتىن، چوڭ ئەترەت ئۇلارغا بېرىپ تۇرماقچى بولغان سىيالكىنىڭ بېشىدىمۇ ئوت كۆيمەكتە ئىدى. ئىككى كۈندىن بېرى سىيالكىنىڭ كەينىدىن قالماي يۈرگەن مەتقۇربان تاشىنىڭمۇ ئاچچىقتىن ئۆتى تاشاي دەپ قالغانىدى. ئۇنىڭ غەزەپتىن ئەزەلدىن تارغاق كۆرۈپ باقمىغاندەك گىجەكلىشىپ تۇرغان ساقاللىرى دىر - دىر تىترەيتتى.

— بۇ يەرنىڭ كۈزگىسى بۇگۈن كېچە پۈتۈنلەي تېرىلىپ بولىدۇ، — دېدى سېكرېتار گارت قىلىپ كېكىرگەندىن كېيىن، توختايۇپقا مەنىستىمىگەندەك قاراپ قويۇپ، — ھەرقايسىلىرى بىزگە سۈرگۈ دورىسى بولمىسىلىمۇ، سىيالكا ئەتە ئەتىگەن قاشلىرىغا يېتىپ بارىدۇ. خاتىرىلىرىنى جەم قىلىشسىلا.

— سۈرگۈ دورىسى بىز ئەمەس، ماۋۇ كۈنسېرى كۆچىيىۋاتقان سوغۇق بولۇۋاتىدۇ، — دېدى توختايۇپ غۇززىدە كەلگەن ئاچچىقىنى يۇتۇۋېتىپ، — پەسىل ئۆتۈپ كەتسە، ھەر ئىككىمىزنىڭ تەشكىلىنىڭ ئالدىدا جاۋاب بەرمىكىمىز تەسكە توختاپ قالارمىكىن؟ زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا چۈشۈپ دېھقان - چارۋىچىلاردىن قايتا تەربىيە ئېلىشى مەن چىقارغان شامال ئەمەس. بۇنىڭدا ھەرقايسىلىرىنىڭمۇ مەسئۇلىيىتى بار. ئەسلىدىغۇ ياشلارنى «راكېتا»نىڭ ئۆزىگە ئەكېلىپ، ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆرپىسىدە ياتقۇزۇپ، ئىش - ئەمگەكتە بىللە بولغان بولساق، قايتا تەربىيە دېگەندىن تۈز تاماتتى. بىراق، ئۆزلىرى «راكېتا» كىچىك، تېرىلغۇ يەر ئاز، بىز قايتا تەربىيىگە ۋەكىل چىقىرىپ بېرەيلى، ئۇلار ئۆز كۈچىگە تايىنىپ بوز يەر ئاچسۇن، دەپ تۇرۇۋالدىلا. ئەمدى كېلىپ بۇ خۇددى مېنىڭ شەخسىي ئىشىمدەك، سىيالكا دەپ كەلسەم كىرگەن - چىققاننى تۇيماي گەپ قىلامدىلا؟

— ئۇنى بىلمەن، — دېدى سېكرېتار كىر دەستىدىن قارىداپ، ئۆز رەڭگىنى پەرق ئەتكۈسىز بولۇپ كەتكەن قولياغلىقى بىلەن مايلىغاندەك كۆرۈنىدىغان گۆشلۈك يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكىنىچە، — بىزگىمۇ بۇغداي تېرىش ۋەزىپىسىنى شۇ گۈڭشې ئىنقىلابىي كومىتېتى چۈشۈرگەن. ۋەزىپىنى تاماملىماي تۇرۇپ، سىلىگە بېرىپ تۇرىدىغان سېيالكا يوق.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئېتىزنىڭ نېرىقى تەرىپىگە ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

ئوسمىسىغا قانغان توختايۇپ بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان مەتقۇربان تاشنى يېنىغا چاقىردى ۋە سېيالكىنى قانداقلا بولسۇن ئەتە ئەتىگەن جەزمەن ئېلىپ بېرىشىنى، بولمىسا ئۆزىنىڭ گۈڭشېغا، ھەتتا ناھىيىگىچە ھال ئېيتىپ بارىدىغانلىقىنى جېكىلىدى. ئۇ يىراقتا قولىنى كىمدۇر بىرىگە شىلتىپ، ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ۋارقىراۋاتقان سېكرېتارغا ئۆچمەنلىك نەزىرىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن، شەمشىدىنگە يۈز دېگەندەك باش ئىشارىسى قىلدى ۋە يېكەنلىك مەيدان تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

— تۇ مۇدىر، — يىراقتىن سېكرېتارنىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى، — بىر ئىشنى سىلىگە دېيىشنى ئۇنتۇپتىمەن، بوپتۇ، كۆڭۈللىرى يېرىم بولمىسۇن، بىزنىڭ كۆرپىدە ياتالىغۇدەك قىزلىرى بولسا ئەۋەتسىلە، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ئىشىكىمىز ئوچۇق.

ئەتراپتىن كۈزگى تېرىۋاتقان دېھقانلارنىڭ پاراقلاپ كۈلۈشكەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— كىچىككىنە سېكرېتارلىق ئەمىلى تېگىپتىكەن، بىرنېمىسى ئىشتانغا پاتماي قاپتۇغۇ بۇ قېرى ئېشەكنىڭ، — دېدى توختايۇپ يول بويى غۇدۇراپ، — قارىغىنا شەمشىدىن ئۇكام، ئۇنىڭ بىزگە قىلغان ھۆرمەتسىزلىكىگە. ئۇ دېگەن كىم، بىز دېگەن كىم؟ ناۋادا مۇشۇنداق قارا قورساق سەركىلەر بىزدەك زىيالىيلارنىڭ قولىغا قالىدىغان بولسا، ئىككى كۈندە ئارپىسىنى

ئۆرۈپ قولىغا تۇتقۇزۇپ قوياتتۇق بەچچىغەرلەرنىڭ. ھۇي كاساپەت، سېيالكا ئەتە ئەتىگەن كەلمىسۇنچۇ قېنى، مەنمۇ گېپىمنى ئاڭلىتىدىغان يەرلەرنى قانداق تېپىشنى بىلمەن.

شەمشىدىن ئۈندىمىدى. ئۇ يولدىن تېرىۋالغان جىگدە شوخسى بىلەن چىشلىرىنى كوچىلىغىنىچە توختايۇپنىڭ كەينىدىن كەلمەكتە ئىدى. سېكرېتارنىڭ بىمەنە چاقچاقلىرى ئۇنىڭمۇ غۇرۇرىغا تەگكەنىدى. بىراق، بۇ دېگەن چوڭلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىش بولغاچقا، ئۇ بىرنەرسە دېمەستىن، خىيال سۈرۈپ يولىنى داۋام قىلاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن سېيالكا ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئىككى ئات قوشۇلغان ئۈچ تاپلىق بۇ نەرسە توختايۇپنىڭ كۆزىگە ئالتۇندىن ياسالغان شاھ مەپىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ گۇلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا سېيالكىنى ئېلىپ كەلگەن يىگىرمە بەش ـ يىگىرمە ئالتە ياشلار چامىسىدىكى شاپ بۇرۇت يىگىتنى ئۆزىنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كىرىپ، ئايجامال قورۇپ كىرگەن توشقان گۆشى بىلەن مېھمان قىلدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟ — سورىدى ئۇ قورسىقى تويغان شاپ بۇرۇتنىڭ ئالدىغا بىر چىنە پۇراقلىق چاينى قويۇۋېتىپ، — ئىسمىڭىزنى بىلىۋالسام، بۇنىڭدىن كېيىن چاقىرىشقا ئاسان بولاتتى، ئۇكام.

— نەجمىدىن، — دېدى ئۇ قىزىق چايدىن بىرنەچچە ئوتلىغاندىن كېيىن، — نەجمىدىن دېسىلە بولىۋېرىدۇ.

— ھە نەجمىدىن ئۇكام، بىرەر يۈز مو يەرنىڭ كۆزگىسىنى بۇ سېيالكا بىلەن قانچە كۈندە تېرىپ بولغىلى بولار؟

— ئۈچ ـ تۆت كۈن كېتەرمىكىن....

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئەتىۋارلىقنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن كۆزگى بۇغداي تېرىشقا ئاجرىتىلغان گۇرۇپپىنىڭ باش قاشلىغۇدەكمۇ ۋاقتى يوق ئالدىراش چاغلىرى باشلاندى. شۇ كۈنى چۈشكىچە سېيالكىچى يىگىت بىلەن ئەترەت ئەزالىرى بىر ـ

بىرىگە يېتىر قاشقان ھالدا قاراشتى. شەمشىدىن سېپىالكىغا قېتىلغان ئاتلارنى يېتىلىدى، نەجمىدىن سېپىالكىنىڭ كەينىدىكى ياغاچ پەلتەڭدە ئۆرە تۇرۇۋېلىپ، دىسكا ئارىسىدىن چۇشۇۋاتقان ئۇرۇقنىڭ مىقدارىنى، تېيىز - چوڭقۇرلۇقىنى كۆزىتىپ ماڭدى. سېپىالكىنىڭ كەينىدىن كۇلكە - چاقچاقلىرى بىلەن ئايشەم، مەلىكىزاد قاتارلىق ئون نەچچە قىز سۆرەم تارتىپ كېلىشمەكتە ئىدى. قىزلارنىڭ شوخ كۇلكىلىرى نەجمىدىننى بىر ئاز ئەيمەندۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ بەزىدە موخوركىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە بەدىنىدىن ئەتىر سوپۇنىنىڭ ئۆتكۇر ھىدى كېلىۋاتقان بۇ شەيتان پۇشتىلىرىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قوياتتى. ئەمدىلا ئون يەتتە - ئون سەككىزلەرنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ قىزلار شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭغا تولغان كۆكچى قوغۇنلارنى ئەسلىتەتتى. بۇنداق چۇرۇك كۆكچىلەر پىچاقنى كۆرۈپ بولغۇچە چاراسلاپ يېرىلىشقا تەييار تۇراتتى.

ئۇلار چۇشلۇك تاماقنى كۇزگى بۇغداي تېرىلىۋاتقان ئېتىزنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپلا يېيىشتى. شەمشىدىن ئاتلارنى سۇغىرىپ، سېپىالكىنىڭ بىر يەرلىرىنى تەڭشەپ يۇرگەن نەجمىدىننى يېنىغا چاقىردى.

— ھوي ئاداش، بۇياققا كېلىڭلا، تاماق يەيمىز...

ئۇ ئاتلارنى سېپىالكىدىن چىقىرىپ سۇلۇ ۋە بېدە كۆكى قاچىلانغان توۋرىنى بېشىغا كىيدۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، قولىدىكى توپا - تۇماننى قېقىشتۇرغىنىچە ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. شەمشىدىن ئۇنى يېنىدا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، توختايۇپ ئەۋەتىپ بەرگەن بىر تەۋەك ئىسسىق ھورنانىنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويدى.

— قېنى ئېلىڭلا، — دېدى ئۇ نەجمىدىننى تاماققا تەكلىپ قىلىپ، — بىز بۇ يەرگە يېڭى كەلگەچكە، شارائىتىمىز دېگەندەك ياخشى ئەمەس، قۇرۇق نان بولسىمۇ يەپ تۇرايلى، كەچتە قونالغۇ-غا بارغاندا سىلىنى ئوبدانراق كۇتۇۋالارمىز.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ — دېدى نەجمىدىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — بىر ئوبدان يۇمشاق نان بار ئىكەنغۇ؟ ئەمىسە مەن تۇزۇت قىلىپ ئولتۇرمىدىم.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە پاختىدەك يۇمشاق پىشقان ھورناندىن بىرنى قولىغا ئالدى ۋە ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ، باشقىلارمۇ كۈلۈشكىنىچە نانغا تۇتۇش قىلدى.

— غىزادىن كېيىن بىرنى، غىزادىن كېيىن بىرنى دەپتىكەن، قېنى ئېلىڭ، — تاماقتىن كېيىن نەجمىدىن گېزىت قەغىزىگە موخوركا تۆكۈپ شەمشىدىنگە سۇندى. ئۇلار قىر بېشىدا ئولتۇرۇپ بىر ئورامدىن موخوركا چېكىشتى.

— بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرىسىلەر؟ — سورىدى نەجمىدىن موخوركىسىنىڭ كۈلىنى پۈۋلىگىنىچە، — ئاڭلىسام، شەھەردىن كەپسىلەر، بۇ پاشلىقتا كۆنەلىدىڭلارمىكىن؟

— قاچانغىچە تۇرۇشىمىزنى مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى شەمشىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — بۇ يەرنىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن. بالىلارنىڭ بەزىسى چىدىيالمايۋاتىدۇ. قاچانلا قارىساڭ، ئۇلارنىڭ كۆزى ياشقا لىق تولغان. مەنمۇ ئەپسۇسلىنىۋاتىمەن. ئەمما، تەشكىل شۇنداق قىلىشقا بۇيرۇغانىكەن، «بولدى، قايتا تەربىيىنى ئېلىپ بولدۇڭلار، ئەمدى قايتىڭلار» دېمىگۈچە تۇرىدىغان گەپ. ھەرقانچە يىغلاپ - قاقشىساقمۇ بىكار. باشنى تاشقا ئۇرغان بىلەن، ئاغرىيدىغىنى يەنىلا باش بولىدۇ، ھەرگىزمۇ تاش ئەمەس.

— مەن تېخى سىلەرنى بۇ يەرگە كۆنەلمەيدۇ، ھەپتە ئۆتمەي قۇيرۇقىنى خادا قىلىپ كەلگەن يېرىگە جۆنەيدۇ، دەپ ئويلىغان، — دېدى نەجمىدىن ئۆزىچە كۈلۈپ قويۇپ، — بەلكىم ھازىرغىچە جان ئاتىكام دەپ قېچىپ كەتكەنلەرمۇ چىققاندۇ؟

— ياق، — دېدى ئوبۇلتالىپ سۆزگە ئارىلىشىپ، — بۇ يەرنىڭ ئىشى ھەرقانچە ئېغىر بولسىمۇ، قاچاق ئەسكەر بولمايمىز، قېچىش بىزگە ياراشمايدۇ.

— راست دەيدۇ، ئىش قىلغانغا ئادەم ئۆلەمتى؟ — بىر چەتتە ئولتۇرغان مەلىكىزادمۇ گەپكە ئارىلاشتى.

نەجمىدىنىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇلار تاغدىن - باغدىن پاراڭلىشىپ يەنە بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، يىراقتىن كېلىۋاتقان توختايۇپنى كۆرۈپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

9

كەچتە نەجمىدىن ئۇلارنىڭ يېنىدا قونۇپ قالىدىغان بولدى. يوغان ئامبارنىڭ يېنىدىكى بوشلۇقتا گۈلخان سېلىندى. سېيىلكىنىڭ كەلگىنى ۋە كۆزگىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك تېرىلغىنىدىن خۇشاللىقتا چۆمگەن توختايۇپمۇ بۈگۈن كەچكى سىياسىي ئۆگىنىشنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. دېمىسىمۇ، بۇ ياشلار مۇشۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى پەقەت كۈندۈزى ئىشلەش، كەچتە ئۆگىنىش قىلىش، كېچىسى ئۇخلاش بىلەن بولۇپ، بىرەر قېتىممۇ كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى ئۆتكۈزمىگەنىدى. ئەڭ مۇھىمى، توختايۇپنىڭ بۇ يەردىكى بىرنەچچە قىزغا، بولۇپمۇ قولى تاتلىق، قانداق ئىشقا بۇيرۇسا لام - جىم دېمەي ئورۇندايدىغان ئايجامالغا ئالاھىدە نەزىرى چۈشكەنىدى. شۇڭا، ئۇ مۇشۇ پۇرسەتتە ئۆزىنىڭ دۇتار چېلىش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، قىزلارنىڭ كۆڭلىگە ئوت يېقىشنىمۇ ئويلاپ قويغانىدى. گۈلخاننىڭ بىر چېتىدە قىزلار، يەنە بىر چېتىدە توختايۇپ باشلىق ئوغۇللار ئولتۇرغانىدى.

بۈگۈن ئارقا سەپكە مەسئۇل ئەترەتمۇ ئۇرۇق يۆتكەش ئىشىنى بالدۇرلا تۈگەتكەنىدى. خۇدابەردى ئۆكۈزگە ئۆز قولى بىلەن يەم بەرگەندىن كېيىن، دىلمۇرات بىلەن جاپپارغا بىرئاز ماكچىيىپ قالغان چاقتا يەل بېرىۋېتىشنى تاپىلاپ قويۇپ، شەمشىدىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان

گۈلخاننىڭ يورۇقىدا ھاياجانغا چۆمگەن قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى ئاڭلىناتتى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىمۇ گۈلخاننىڭ چوغىدەك قىزىرىشقا باشلىغانىدى.

توختايۇپ بىرىنى بۇيرۇپ ياتىقىدىكى دەستىسى سۆڭەكتىن نەقىشلەنگەن دۇتارنى ئاچىقتۇردى. قارىغاندا، ئۇ بىر ـ ئىككى سەر قىيقىمۇالغانمىكىن، كۆپۈشۈپ تۇرغان يۈزى ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ گۈلخان يورۇقىدا دۇتارنى ئېشىكگە تۇكۇرۇپ، قۇلىقىنى تولغاپ تەڭشىگەندىن كېيىن. ئۆزىچە بىر ناخشىنى باشلىدى:

يول سوزۇلۇپ ياتاركەن،
دەرەخلىرى قاتاركەن.
چىن ۋاپادار يار بولسا،
نەگە كەتسەڭ تاپاركەن...

توختايۇپ دۇتارنى ئىمكان بار مۇڭ پەدىلەرگە سايرىتىپ، ئاۋازىنى تىترىتىپ ناخشا توۋلىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ سەل يۇقىرىغا مايىل ئاۋازى ئېغىزىنى ھەرقانچە چوڭ ئېچىپ ۋارقىرىسىمۇ پەقەتلا بوغۇلمايتتى. ئۇ ناخشىدىن توختاپ، پەدە يۆتكەۋاتقان پۇرسەتتە گۈلخاننىڭ قارشىسىدا ئېڭىكىنى يۆلىگىنىچە مۇڭغا چۆكۈپ ئولتۇرغان قىزلارغا قاراپ قوياتتى. ئۇ شۇ تۇرقىدا چىشىغا قاراپ تەبەسسۇم قىلىۋاتقان شاتۇتىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى سەزمىگەن قىزلار خىرامان ھالدا ناخشىغا قۇلاق سالاتتى. ئوغۇللار چاۋاك بىلەن تەڭكەش قىلاتتى. سورۇن ھەقىقەتەن قىزىغانىدى.

ـــ دۇتارنىمۇ چالدۇق، ـــ دېدى توختايۇپ گۈلخان ئەتراپىدىكىلەرگە ۋارقىراپ، ـــ ناخشا دېگەن ئۇسسۇلغا ئەگەشمىسە بىكار، قېنى، ئىككى قولىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرەلەيدىغان قىزچاقلار، بارماقلىرىدىن قاس چىقىرالايدىغان

يىگىتلەر يوقما؟ بار بولسا بۇگۈن ئۈيىنىۋېلىڭلار، ئەتە ھىتتىتى - شىتتىتى دېسەڭلار، ئېغىزىڭلارغا پوق...

ئۇ شۇنداق دەپ قويۇپ يەنە بىر ناخشىنى باشلىدى:

تاغدا قويلار يايراركەن،
باغدا قۇشلار سايراركەن.
سەن يارىمنى كۆرگەندە،
مىسكىن كۆڭلۈم يايراركەن...

توختايۇپنىڭ كۆز ئىشارىسى بىلەن شەمشىدىن ئورنىدىن تۇردى ۋە بارماقلىرىدىن قاس چىقارغىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ قوللىرىنى كېرىپ ئۇششاق قەدەملەر بىلەن گۈلخاننىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، نەجمىدىننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئوڭ تىزىنى بېسىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى. سەل ھاياجانلانغانلىقتىن چىرايى بىرئاز قىزارغان نەجمىدىن كىملەردىندۇر تارتىنغاندەك ئەتراپقا قارىغىنىچە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئىككىلىنىپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىر قولىنى بېشىنىڭ كەينىگە قويۇپ، يەنە بىر قولى بىلەن شەمشىدىنگە سالام بېرىپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ ھەربىر ئۇسسۇل ھەرىكىتىدە ئاجايىپ مەردانىلىك، نەپىسلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شەمشىدىن بۇ دېھقان يىگىتنىڭ ئۇسسۇلغا بۇنچىلىك ئۇستىلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ھە دېگەندە ئۆزىنىڭ بىرئاز چېنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان شەمشىدىن ناخشىنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدى. نەجمىدىن يېكەنلىك مەيداندىكى سازلىقلاردا ئۆزۈپ يۈرگەن ئەركەك غازلاردەك مەيدىسىنى كەرگىنىچە سورۇندا پىرقىراپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۇسسۇلغا مەپتۇن بولۇپ قالغان قىزلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتكەنىدى. توختايۇپمۇ قىزلار تەرەپكە قاراپ ئايجامالنىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى كۆرۈۋاتقانلىقىغا

دىققەت قىلدى ۋە ناخشىسىنى تېزرەك ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشتى.

گۈلخان ئەتراپىدىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى كۆتۈرۈلدى. توختايۇپ بۇ چاۋاكلارنىڭ ئۆزىنىڭ ناخشىسىغا چېلىنغىنىنى ياكى نەجمىدىننىڭ ئۇسسۇلىغا چېلىنغىنىنى بىلەلمىدى. ئۇ ئالدىراپ بىر تال موخوركا تۈتاشتۇرۇپ، كۈچەپ - كۈچەپ شوراشقا باشلىدى. قوۋۇزىنى تولدۇرۇپ سۈمۈرۈلگەن ئىس ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى قىقىۋەتتى. توختايۇپ بىرھازا قىقىلىپ يۆتەلگەندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇردى.

— دۇتار چالالايدىغانلار بارمۇ؟ — سورىدى ئۇ بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

نەجمىدىن ئورنىدىن تۇردى. ئۇ يەنىلا بىرئاز ئىككىلىنىپ قالغانىدى. بۇنى كۆرۈپ ياشلار يەنە گۈلدۈراس ئالقىش ياغدۇراتتى. نەجمىدىن سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ توختايۇپنىڭ قولىدىكى دۇتارنى ئالدى.

— ئۆزلىرىدەك ياخشى چالالمىساممۇ، ھەرھالدا بۇنى ئۇنىلەتلەيمەن، كۆپرەك مەدەت بەرگەيلا.

نەجمىدىن دۇتارنىڭ قۇلاقلىرىنى تولغاپ، ئۆز پەدىسىگە تەڭشىگەندىن كېيىن، بارماقلىرىنى پەدىلەر ئۈستىدە ئوينىتىشقا باشلىدى.

ئىشىك ئالدى مەجنۇنتال،
يار چېچىغا ئوخشايدۇ.
ئاھۇ كۆزلۈك جانانىنى
شەرەت قىلسام توختايدۇ.

توختايۇپ بىشىدىكى ماش رەڭلىك ھەربىي شەپكىسىنى سەل كەينىگە سۈرۈپ قويغاندىن كېيىن، قوللىرىنى ئايروپىلان قانىتىدەك كەرگىنىچە گۈلخاننى بىر ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ

كۆزلىرى سەل ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان قىزلارنىڭ چىرايىغا بىرمۇبىر تىكىلگەندى. ئۇ ئايلىنىپ بېرىپ ئايجامالنىڭ ئالدىدا چىپپىدە توختىدى ۋە ئوڭ قولىنى بېشىنىڭ كەينىگە، سول قولىنى كۆكسىگە قويدى. بۇنى كۆرۈپ قىزلار چۇرقىرىشىپ كەتتى. يىگىتلەر قىزغىنلىق بىلەن چاۋاك چالدى. قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئايجامال نېمە قىلىشىنى بىلمىگەندەك مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى...

ئاققاش ئۆستەڭ بويىدا،
سېرىق قۇشقاچ ئەگىيدۇ.
يارغا كۆيگەن بۇ يۈرەك،
قانداق قىلسام سەگىيدۇ؟
...

نەجمىدىننىڭ ناخشىسى داۋام قىلماقتا. توختايۇپ تېخىچە ھاڭۋېقىپ قالغان ئايجامالنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلگىنىچە لىڭشىپ تۇراتتى. ئايجامالنىڭ يېنىدىكى قىزلار ئۇنى ئىتتىرىپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. توختايۇپ ئىككى قولىنى پاق - پۇق قىلىپ ئۇرۇپ قويۇپ يەرگە ئېڭىشكىنىچە ئايجامالنى يەنە ئۇسسۇلغا تارتتى. بۇنىڭدىن تېخىمۇ ئۇيالغان بىچارە قىز يۈزلىرىنى تۇتقىنىچە «پارت» قىلىپلا ياتاق تەرەپكە قاراپ قاچتى.

خۇدابەردىنىڭ نېمىشقىدۇر كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. دادىسى دېمەتلىك بۇ ئادەمنىڭ ئېغىزىنى كالچايتقىنىچە ئايجامالنى ئۇسسۇلغا تارتىشى ئۇنىڭ دىتىغا تازا ياقمىدى. ئۇ شەمشىدىننىڭ مۈرىسىگە نوقۇپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى .

— نەگە بارىسەن؟

— ئۇخلايمەن.

— نېمە؟ ئۇخلايمەن؟ — شەمشىدىن كۈلۈپ كەتتى، — ھەي، قارىغىنا سورۇننىڭ قىزىپ كەتكىنىگە، بىر ئاز ئوينىمامسەن؟

ھەممە كىشىنىڭ تۇيىقى قىزىۋاتقاندا، سېنىڭ ئۇيقۇڭ كەلگىنىنى نېمە دەي ئەمدى؟ مەن تېخى سېنىمۇ بىرنەچچە ناخشا ئوقۇپ بېرەمدىكىن دەپتىمەن، مەكتەپ سەنئەت كۆرۈزۈكىدىكى چېغىڭدا سازلىق پاقىسىدەك كۆركىراپ ئاۋازىڭ بېسىقمايتتىغۇ؟ شۇ ناخشىلاردىن بىر - ئىككىنى توۋلىۋەتمەمسەن؟...

خۇدابەردى ئەپسۇسلۇق بىلەن بېشىنى چايقىغىنىچە يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ شەمشىدىننىڭ چاقىرىشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك ئىدى.

ئۇ ياتاققا قايتىپ كېلىپ، مۇزدەك يوتقانىنىڭ ئىچىگە كىردى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. گۈلخان تەرەپتىن تېخىچە نەجمىدىننىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىزلار چۇرقىرىشاتتى، يىگىتلەر ئىسقىرتىشاتتى. سورۇن تېخىمۇ ئەۋجگە چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

شۇ كۈندىن كېيىن نەجمىدىنمۇ بۇلارغا ئېچەكىشىپلا كەتتى. گەرچە ئۇلار كۈندۈزلىرى شۇنداق جىددىي ئىشلىسىمۇ، كەچ كىرسىلا گۈلخان يېقىپ، دۇتار چېلىپ، بىر كۈنلۈك جىددىي ئەمگەكنىڭ ھاردۇقىنى ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن چىقىرىشاتتى. نەجمىدىننىڭ دۇتارغا كەلگەندە ھەقىقەتەن كارامىتى بار ئىدى. ئىككى تارلىق، ياغاچتىن ياسالغان بۇ چالغۇ ئۇنىڭ قولىغا چىقسىلا، خۇددى جېنى بار تىرىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ دۇتار چېلىش ماھارىتىگە خۇدابەردىمۇ قىزىقىپ قالدى. قولى بوشىسىلا نەجمىدىننىڭ يېنىغا بېرىپ دۇتار چېلىش ھالىتىگە دىققەت قىلىدىغان، بەزىدە ئۇنى - بۇنى سورايدىغان بولۇۋالدى. يېكەنلىكتەك بۇنداق زېرىكەرلىك مۇھىتتا ئادەمنىڭ ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىرەر ئەرمەك بولمىسا بولمايتتى. شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە يېكەنلىك مەيداندا توختايۇپنىڭ دۇتارىدىن باشقا بۇ يەرنى قىزىتقۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى.

تۇزلەنگەن يەرگە بىر ھەپتىدە ئاران ئۆرۈق سېلىپ بولۇندى. كۆزگى بۇغداي تېرىپ بولۇنغاندىن كېيىن، توختايۇپ يەنە

تېرىككەك، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، ھە دېسە ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ باشقىلارغا زەھرىنى چاچىدىغان بولۇۋالدى. نەجمىدىن سېيالكىسنى ئېلىپ يېكەنلىك مەيداندىن كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە گۈلخان يېقىش قەتئىي مەنئى قىلىندى.

— ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىنىڭ ئاساسى دەپ تەلىم بەرگەن، — دېدى ئۇ كۆزگى تېرىش ئاخىرلاشقان كۈننىڭ ئەتىسى زىيالىي ياشلارغا چوڭ يىغىن ئېچىپ، — ھەرقايسىڭلارنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيىتىڭلارنىڭ مەزمۇنىدا دۇتار چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش دېگەن گەپ يوق. چىشىمنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ بەرسەم، گەدىنىمگە مىنىپ، كۆزۈمگە توپا چېچىشماقچىمۇ سىلەر؟ يارىم ـ پارىم دېگەن شەيتاننىڭ مۇقامى، بۇ ھەرقايسىڭىزدەك كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان گەپ ئەمەس. بەك ئوقۇغۇڭىز بولسا، «يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»، «بىز كوممۇنىزم جەڭچىسى»، «ئىنتېرناتسىئونال» دېگەندەك ناخشىلارنى ئوقۇڭ. مەن يېكەنلىك مەيداندا شامالغا قاراپ تۇكۇرىدىغان، ئېقىنغا قارشى ئۈزىدىغان، شەيتان نەغمىسىگە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ھاماقەتلەرنىڭ چىقىشىغا يول قويمايمەن. ناۋادا سىلەرنى بۇزغان مۇشۇ دۇتار بولسا، مەن بۇنداق زەھەرلىك چۆپنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشقا رازىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئامبار تېمىغا يۆلەپ قويغان دۇتارنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، تامغا زەرب بىلەن ئۇردى. «ۋىڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن دۇتارنىڭ تارىسى ئۈزۈلۈپ، قارنى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

— ئەمدى بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارغا كەلسەك، بوز يەر ئاچىدىغان گۇرۇپپا داۋاملىق ئۆز ئىشى بىلەن بولىدۇ. بۇغداي تېرىغان گۇرۇپپا ئوغۇت توپلاش ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. مېنىڭ ئوغۇت توپلاش دېگىنىم ھەرگىزمۇ بۇلارنى يولدىن ئۆتكەن ئېشەكلەرنىڭ كەينىدىن قاچان تېزەكنى چۈشەركىن دەپ پالاقلاپ

ھەممە كىشىنىڭ تۆيىقى قىزىۋاتقاندا، سېنىڭ ئۆيقۇڭ كەلگىنىنى
نېمە دەي ئەمدى؟ مەن تېخى سېنىمۇ بىرنەچچە ناخشا ئوقۇپ
بېرەمدىكىن دەپتىمەن، مەكتەپ سەنئەت كۆرۈژۈكىدىكى چېغىڭدا
سازلىق پاقىسىدەك كۆركىراپ ئاۋازىڭ بېسىقمايتتىغۇ؟ شۇ
ناخشىلاردىن بىر - ئىككىنى توۋلىۋەتمەمسەن؟...

خۇدابەردى ئەپسۇسلۇق بىلەن بېشىنى چايقىغىنىچە يولىنى
داۋاملاشتۇردى. ئۇ شەمشىدىنىنىڭ چاقىرىشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك
ئىدى.

ئۇ ياتاققا قايتىپ كېلىپ، مۇزدەك يوتقاننىڭ ئىچىگە
كىردى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. گۈلخان
تەرەپتىن تېخىچە نەجمىدىنىنىڭ ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
قىزلار چۇرقىرىشاتتى، يىگىتلەر ئىسقىرتىشاتتى. سورۇن
تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىۋاتقاندەك ئىدى.

شۇ كۈندىن كېيىن نەجمىدىنمۇ بۇلارغا ئېچەكىشىپلا كەتتى.
گەرچە ئۇلار كۈندۈزلىرى شۇنداق جىددىي ئىشلىسىمۇ، كەچ
كىرسىلا گۈلخان يېقىپ، دۇتار چېلىپ، بىر كۈنلۈك جىددىي
ئەمگەكنىڭ ھاردۇقىنى ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن چىقىرىشاتتى.
نەجمىدىنىنىڭ دۇتارغا كەلگەندە ھەقىقەتەن كارامىتى بار ئىدى.
ئىككى تارلىق، ياغاچتىن ياسالغان بۇ چالغۇ ئۇنىڭ قولىغا
چىقسىلا، خۇددى جېنى بار تىرىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالاتتى.
ئۇنىڭ دۇتار چېلىش ماھارىتىگە خۇدابەردىمۇ قىزىقىپ قالدى.
قولى بوشىسىلا نەجمىدىنىنىڭ يېنىغا بېرىپ دۇتار چېلىش
ھالىتىگە دىققەت قىلىدىغان، بەزىدە ئۇنى - بۇنى سورايدىغان
بولۇۋالدى. يېكەنلىكتەك بۇنداق زېرىكەرلىك مۇھىتتا ئادەمنىڭ
ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان بىرەر ئەرمەك بولمىسا بولمايتتى.
شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە يېكەنلىك مەيداندا توختايۇپنىڭ دۇتارىدىن
باشقا بۇ يەرنى قىزىتقۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى.

تۇزلەنگەن يەرگە بىر ھەپتىدە ئاران ئۇرۇق سېلىپ بولۇندى.
كۈزگى بۇغداي تېرىپ بولۇنغاندىن كېيىن، توختايۇپ يەنە

تېرىككەك، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان، ھە دېسە ئۇنى ـ بۇنى باھانە قىلىپ باشقىلارغا زەھرىنى چاچىدىغان بولۇۋالدى. نەجمىدىن سېپىالكىسىنى ئېلىپ يېكەنلىك مەيداندىن كەتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە گۈلخان يېقىش قەتئىي مەنئى قىلىندى.

— ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىنىڭ ئاساسى دەپ تەلىم بەرگەن، — دېدى ئۇ كۈزگى تېرىش ئاخىرلاشقان كۈننىڭ ئەتىسى زىيالىي ياشلارغا چوڭ يىغىن ئېچىپ، — ھەرقايسىڭلارنىڭ بۇ يەردىكى پائالىيىتىڭلارنىڭ مەزمۇنىدا دۇتار چېلىش، ناخشا ئېيتىش، ئۇسسۇل ئويناش دېگەن گەپ يوق. چىشىمنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ بەرسەم، گەدىنىمگە مىنىپ، كۆزۈمگە توپا چېچىشماقچىمۇ سىلەر؟ يارىم ـ پارىم دېگەن شەيتاننىڭ مۇقامى، بۇ ھەرقايسىڭىزدەك كەلگۈسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان گەپ ئەمەس. بەك ئوقۇغۇڭىز بولسا، «يۈيگۈڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى»، «بىز كوممۇنىزم جەڭچىسى»، «ئىنتېرناتسىئونال» دېگەندەك ناخشىلارنى ئوقۇڭ. مەن يېكەنلىك مەيداندا شامالغا قاراپ تۈكۈرىدىغان، ئېقىنغا قارشى ئۈزىدىغان، شەيتان نەغمىسىگە ئۇسسۇل ئوينايدىغان ھاماقەتلەرنىڭ چىقىشىغا يول قويمايمەن. ناۋادا سىلەرنى بۇزغان مۇشۇ دۇتار بولسا، مەن بۇنداق زەھەرلىك چۆپنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشقا رازىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا ئامبار تېمىغا يۆلەپ قويغان دۇتارنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، تامغا زەرب بىلەن ئۇردى. «ۋىڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن دۇتارنىڭ تارىسى ئۈزۈلۈپ، قارنى پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى.

— ئەمدى بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن قىلىدىغان ئىشلارغا كەلسەك، بوز يەر ئاچىدىغان گۇرۇپپا داۋاملىق ئۆز ئىشى بىلەن بولىدۇ. بۇغداي تېرىغان گۇرۇپپا ئوغۇت توپلاش ئىشىغا مەسئۇل بولىدۇ. مېنىڭ ئوغۇت توپلاش دېگىنىم ھەرگىزمۇ بۇلارنى يولدىن ئۆتكەن ئېشەكلەرنىڭ كەينىدىن قاچان تېزىكى چۈشەركىن دەپ پالاقلاپ

يۇرسۇن دېگىنىم ئەمەس. بىزدە يەر دېگەن تولا گەپ. ئەخلەت ـ چاۋار، ئوت ـ پاسار دېگەنمۇ يېتەرلىك. شۇڭا، بىرنەچچە ئورەك كولاپ، ئىچىگە ئوت ـ پاسارلارنى بېسىپ كۆمۈۋەتسەكلا، ئەتىيازغىچە يېتەرلىك ئوغۇتقا ئېرىشىمىز. ئاڭلىشىمچە، تەشكىل يېقىندا بۇ يەرگە يەنە بىر گۇرۇپپا زىيالىي ياشلارنى ئەۋەتىدىكەن. ئادەم كۆپەيسە، ئاۋارىچىلىكمۇ كۆپىيىدۇ دېگەن گەپ. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنى خۇشاللىق بىلەن ئۆز سېپىمىزگە قوشۇۋېلىپ، تەشكىلنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ئاقلىماي بولمايدۇ. ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەترەت ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ، قىشلىق يېقىلغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىۋېلىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن جاڭگالدىن ئوتۇن كولاپ كەلمەي بولمايدۇ، ناۋادا ئوتۇن ئۈلگۈرمىسە مەن بۇ ئەترەتتىكى نان كۈچۈكلىرىنىڭ پۇتىنى ئوتۇننىڭ ئورنىدا ئوچاققا تىقىۋېتىمەن. گېپىم گەپ، قىلالماسمىكىن دەپ تومۇر تۇتۇشقا رۇخسەت يوق. دېگەنلىرىم ئۇقۇشلۇق بولدىمۇ؟

— بولدى...

ئارىدىن بىرنەچچەيلەن بوش ۋارقىرىدى.

— ئەمىسە گەپ بىر، قۇلاق ئىككى. دېگەنلىرىم چۈشىنىشلىك بولغان بولسا، گۇرۇپپا مەسئۇللىرى ۋاقتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشقا كىرىشسۇن! ئاشپەزلىك گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭمۇ سېسىق ئوسۇرۇپ كۈن چۈش بولغۇچە يېتىشىغا رۇخسەت يوق. ئەتىگەنلىك چاي، چۈشلۈك، كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئۈلگۈرمەي ئىشقا تەسىر يېتىدىغان بولسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەن ئۇلارنىمۇ بوش قويۇۋەتمەيمەن. ھەرقايسىڭىزنىڭ چېپىنى چۈشۈرۈپ، قازاننىڭ قارىسىنى سۈركەپ، ئەر ئالماس قىلىۋېتىمەن، ئۇقۇشتىڭىزمۇ؟ ئەمىسە گەپ تامام، قالغان ئىشلار ئەترەت باشلىقلىرىغا قالدى، مەن دېگەن تىكەننى كىرگەن يەردىن ئېلىشنى بىلىمەن...

ھەممەيلەن يىغىندىن روھسىز تارقاشتى. نەچچە كۈندىن

بېرى ئۇلارنىڭ كەيپىياتىدا پەيدا بولغان قىزغىنلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ھەممەيلەن سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك بوشاپ، چوڭقۇر خورسىنىش بىلەن ئۇلۇغ - كىچىك تىناتتى.

ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ يەرگە يەنە ئاتمىش نەپەر زىيالىي ياش يېتىپ كەلدى. بۇلارغا قوشۇلۇپ قايسىبىر ئىدارىدىن ھۈسىيىن مۇدىر ئىسىملىك قىرىقلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان يەنە بىر كىشىمۇ كەلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن يېكەنلىك مەيداندىكى قايتا تەربىيە ئالىدىغانلارنىڭ سانى بىرەر يۈزگە يېقىنلاپ قالدى. بۇ ھال گەرچە توختايۇپنى خۇشال قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا قانداقتۇر بىر ھۈسىيىن ئىسىملىك بىر كۆز - قۇلاقنىڭ ئاۋۇغىنى كەيپىنى ئۇچۇردى. قانداقلا ئىش بولسا ئۆزى پىچىپ، ئۆزى تىكىدىغان توختايۇپ ئەمدىلىكتە بەزى ئىشلارنى مۇئاۋىن دېگەن قالپاق بىلەن كەلگەن بۇ ئادەمگە مەسلىھەت سالمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلىغاندا، زەھەر يەۋالغاندەك تولغىنىپ كېتەتتى.

كەلگەنلەر ئەسلىدىكى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. خۇدابەردىنىڭ ئارقا سەپ گۇرۇپپىسىغا تاشپولات تۇرسۇن باشلىق ئۈچ يىگىت تەقسىم قىلىندى. ئېگىز بويلۇق، كىيىم - كېچەكلىرى سەل كونا، ھەمىشە قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، چوڭقۇر خىياللار ئىلكىدە يۈرىدىغان تاشپولات تۇرسۇن بەكلا جىمغۇر يىگىت ئىدى. ئۇ خۇدابەردىنىڭ يېنىغا كەلگەندە گەپ - سۆز قىلماستىن، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقىپ قويدى.

## 10

كۆز يەتكۈسىز جاڭگال... بىر - بىرىگە گىرەلىشىپ كەتكەن سۇ ئۆركەشلىرىنى ئەسلىتىدىغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئاندا - ساندا قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇششاق قۇم دانچىلىرىنى پىرقىرىتىپ

يۈرەتتى. بىر ـ بىرىگە ئەركىلەپ سۈۋىنىپ تۇرغان سانجاق ـ سانجاق دۆڭلۈكلەردە يىڭنە يوپۇرماقلىرى سارغايغان يۇلغۇنلار ئېتىنىڭ تۈكىدەك پاخپىيىپ كېتىشكەنىدى. ئەتىگەنكى شەبنەم ۋاقىتلىرىدا يۇلغۇنلارنىڭ قۇرۇغان چىمانلىرىدىن ئادەمنى مەست قىلىدىغان بىر خىل پۇراق تاراپ تۇراتتى.

ئارقا سەپ گورۇپپىسىدىكىلەرنىڭ بۇ يەردە ئوتۇن كولاۋاتقىنىغا بىر ھەپتىچە بولۇپ قالغانىدى. يىگىتلەر ھەر كۈنى سۇبھى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاش ۋاقتىغىچە بىردىن دۆڭنىڭ بىقىنىنى ئېچىپ بولاتتى. يۇمشاق دۆڭ توپىسى كەتمەن بىلەن تۆۋەنگە سىيرىلدۇرۇلغاندا، تاغدىن چۈشكەن سەلنى ئەسلىتەتتى. توپىسى سىيرىلىپ بولغاندا دۆڭنىڭ ئورنىدا يۇلغۇن دېگەن گۆشى شىلىپ ئېلىۋېلىنغان قوۋۇرغىدەكلا يالىڭاچلىناتتى. ئاندىن ئۇلار پالتا ـ كەكىلىرى بىلەن يۇلغۇننىڭ تۈۋىنى كېسىپ بىرلا قايرىيدىغان بولسا، قۇچاق ـ قۇچاق ئوتۇنلار قولىغا چىقاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئالتە يىگىت بىر ھەپتە ئىچىدە ئىككى ماشىنا كوزۇپى تولغۇدەك ئوتۇن دۆۋىلىگەنىدى.

— ئەمدى مۇنداق قىلايلى، — دېدى خۇدابەردى ھەمراھلىرى بىلەن بىر دۆڭنىڭ ئۈستىدە ناشتا قىلىۋېتىپ، — بۇ يەردە ئۈچىمىز قالايلى، قالغان ئۈچ ئادەم ھارۋىغا ئوتۇن بېسىپ يېكەنلىككە توشۇسۇن. بۇ يەردە سۇمۇ ئاز قالدى. نانلارمۇ قېتىپ، كۆكىرىپ، تەمىدىن كېتىپتۇ. ئوتۇن توشۇغانلار سۇ بىلەن ناننى كۆپرەك ئالغاچ كېلەرسىلەر. بۇ يەردە قالغانلار داۋاملىق ئوتۇن كولىمىساق، بىرەر يۈز ئادەمنىڭ قىشلىق يېقىلغۇسىنى ئۈلگۈرتەلمەيمىز.

— ئۇنداقتا ئوتۇننى كىم توشۇيدۇ؟ — ئالدىراپ سورىدى دىلمۇرات.

— سەن توشۇساڭمۇ بولىدۇ، كىملا توشۇسا مەيلى.

— مېنىڭچە، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن قولىدىكى يۇلغۇننىڭ قۇرۇق غازىڭىنى بۇرنىغا تۇتۇپ ھىدلىغىنىچە، — بىر

قېتىم ئوتۇن ئېلىپ يېكەنلىككە چىققانلار يەنە بىر قېتىم جاڭگالدا قالسۇن. كېيىنكى قېتىم جاڭگالدا قالغانلار يېكەنلىككە ئوتۇن ئېلىپ چىقسۇن، مۇشۇنداق ئايلانما شەكىلدە ئىش قىلساق ھېچكىمنىڭ قورسىقى ئاغرىمايدۇ.

— بولىدۇ ئەمىسە، — خۇدابەردى ئۇنىڭ پىكرىنى ئورۇنلۇق دەپ بېشىنى لىڭشىتتى، — بۇ دورەم دىلمۇرات، جاپپار، ھېبىبۇللا ئۈچىڭلار توشۇيسىلەر، كېلەر نۆۋەت باشقىمىز ماڭارمىز.

دىلمۇراتنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئۇ بىر ھەپتە ئىچىدە بۇ جاڭگالدىن بەكمۇ زېرىككەنىدى. ھەممەيلەن ئۇلاش - چۇلاش ئىشلەپ ئىككى سائەتلەردە بىر ھارۋا ئوتۇننى بېسىپ بولدى. نەچچە كۈندىن بېرى بىكار يېتىپ، پۇشۇلداپ قالغان ئۆكۈز ئېغىر ھارۋىنى تەسلىكتە ئورنىدىن قوزغىدى. دىلمۇراتلار ئوتۇننىڭ ئۈستىگە چىقىپ جايلاشتى. ھارۋىنى جاپپار ھەيدىگەنىدى.

— ئەمىسە يول بولسۇن، يولدا كۆپرەك ئېھتىيات قىلارسىلەر.

— يولدا دىققەت قىلىڭلار، — دەپ جېكىلىدى خۇدابەردى ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋارقىراپ، — تەۋەررۈك ئۆكۈزنى ھاردۇرۇپ قويماڭلار، بولمىسا ھارۋىنى ئۆزۈڭلەرنىڭ تارتىشىڭلارغا توغرا كېلىدۇ.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز ئوتۇننى تاشلاپلا يەنە بۇ ياققا ماڭىمىز.

ئۇلار بىرپەستىلا قاتمۇقات دۆڭلەرنىڭ ئارىسىدا كۆزدىن يىتتى.

خۇدابەردى بىلەن تاشپولات تۇرسۇن ھېلىقى دۆڭنىڭ ئۈستىدە يەنە بىرپەس ئولتۇردى. ئەتراپ شۇنچىلىك سۈكۈتكە پاتقانىدىكى، ئۇلارنىڭ بوش چىقىۋاتقان تىنىقىمۇ بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كەچ كۈز مەزگىلى بولغاچقا، بۇ يەرنىڭ كېچىسىدە سوغۇق خېلىلا ئۆزىنى كۆرسىتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە

سەل بەتتەملىشىپ كەتكەن مۆزدەك سۇدا ناشتا قىلغاچقا، ئۇلارغا سانجىق تۇرۇپ قالغانىدى. خۇدابەردى توختىماستىن ھېقىقداپ كەتكەنىدى. تاشپولات تۇرسۇن يانچۇقىدىن موخوركا چىقىرىپ گېزىت قەغىزى بىلەن ئوراشقا باشلىدى.

— بىر تال چېكىپ قويامسەن؟ — سورىدى ئۇ خۇدابەردىدىن.

— چەكسەم چەكتىم، — دېدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، — بۇنداق ئاسمىنى كەڭرى يەردە ھېلىقى موخوركا ئەمەس، نەشە بولسىمۇ چېكىدىغاندەك قىلىمەن جۇمۇ.

ئۇلار كۈلۈپ قويۇشتى.

— سېنى نەدىن سورايمىز، تاشپولات؟ — سورىدى خۇدابەردى ئۇ سۇنغان موخوركىنى شوراۋېتىپ، — يېقىنلىككە كېلىشتىن ئىلگىرى قەيەردە قايتا تەربىيىدە بولغانىدىڭلار؟

— قومۇشكۆل دېگەن يەردە تۇغۇلغانىكەنمەن، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ يىراقلارغا تىكىلگىنىچە پەس ئاۋازدا، — قومۇشكۆل بۇ يەردىن بەكمۇ يىراقتا، مېنىڭ باللىق چاغلىرىم شۇ يەردە ئۆتكەن. باشلانغۇچ بىلەن ئوتتۇرا مەكتەپنى ئايباغدىكى تاغامنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ ئوقۇدۇم. ئەسلىدە ئوقۇشۇم تۈگىسىلا تىكەندەك يالغۇز قالغان ئانامنىڭ يېنىغا — قومۇشكۆلگە قايتماقچىدىم. بىراق، ماۋۇ قايتا تەربىيە دېگەن نېمە قەيەردىن پەيدا بولدىكىن، يەنە مېنىڭ پۈتۈمنى باغلىۋالدى. بىز خېلىدىن بېرى سايقۇم مەيدانىدا تۇرغان. بىراق، ئۇ يەرنىڭ دائىرىسى كىچىك، كېيىنكىيىتىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغاچقا، بىزنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىشتى.

خۇدابەردى ئۇنىڭ قەلبىدە چوڭقۇر بىر ئازابنىڭ تىنىپ ياتقانلىقىنى دەممۇدەم ئۇھ تارتىشلىرىدىن سېزىپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى ئۇ چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن تىكەندەك يالغۇز قالغان ئانىسىنى تىلغا ئالدى. دېمەك، ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆرتەۋاتقان دەرد ـ ھەسرەت ئانىسىغا بولغان سېغىنىشتىن پەيدا بولغانىدى. بۇنداق ھەسرەتمۇ ئادەمنى چىدىغۇسىز ئازابلايتتى.

— ئۆيۈڭدە ئاناڭغا ھەمراھ بولغۇدەك بىرەرى باردۇ؟ — ياندۇرۇپ سورىدى ئۇ تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ ئولتۇرغان تاشپولاتتىن.

— ئانام يالغۇزلا... دادام كىچىك ۋاقتىمدا ئۆلۈپ كېتىپتىكەن، شۇنىڭدىن بېرى ئانام بارلىق مېھرىنى بىر ماڭىلا بەرگەنىدى. كېيىن بىزنىڭ يۇرتتا مەكتەپ بولمىغاچقا، مېنى ئايباغدىكى تاغامنىڭ يېنىغا ئەكىرىپ بەرگەن، — ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۇھ تارتقاندىن كېيىن خۇدابەردىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — سەن بىلەمسەن ئاداش، ئۆزۈم بۇ يەردە بولغىنىم بىلەن كۆڭلۈم قومۇشكۆلدە، ئانامنىڭ يېنىدا! كۆز ئالدىڭدا موخوركا چېكىپ ئولتۇرغىنى مېنىڭ سۇرىتىم، ئانامنىڭ قېشىدا چۆرگىلەپ يۈرگىنى بولسا مېنىڭ روھىم...

خۇدابەردىنىڭ كۆز ئالدىدىمۇ يىراقتىكى ئوغلىنىڭ دەردىدە يىغلاپ يۈرگەن ئانىسىنىڭ مىسكىن چىرايى پەيدا بولدى. ئۇ ئانىسىنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمىگىلى خېلى كۈنلەر بولغانلىقىنى ئويلاپ، تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بەكمۇ ئەيىبلىكتەك ھېس قىلدى. ئۇ چوڭلارنىڭ ئېغىزىدىن «قەلبىدە ياراتقان ئىگىسى بىلەن تۇغقان ئانىسىنى ھەمىشە ياد ئەتمىگەن كىشىنى ھەرگىزمۇ ئادەم دېگىلى بولمايدۇ» دەپ ئاڭلىغانىدى. قارىغاندا، ئۇ تاشپولات تۇرسۇندەك ھەقىقىي ئادەم بولمىسا كېرەك. شۇلارنى ئويلاپ، خۇدابەردىنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ يەنە بىر ھەمراھى ناشتىدىن كېيىن سىپى بوشىغان پالتىلارنىڭ تۇۋىگە سۇ قۇيۇش، يېرىق ئارىلىقلىرىغا شىنا قېقىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرەتتى. ئۇ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، تېخىچە دۆڭنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان خۇدابەردى بىلەن تاشپولات تۇرسۇننىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئىشنى باشلامدۇق؟ — سورىدى ئابدۇسادىق. ئۇ تاشپولات تۇرسۇن بىلەن بىللە كەلگەن، يۈزلىرىنى سۈس دانىخورەك

باسقان، كۆزى ئالغايراق يىگىت ئىدى. ئۇ خۇدابەردىنىڭ قولىدىكى يېرىملاشقان موخوركىنى ئېلىپ بىرنەچچىنى شورىدى.

— بۈگۈن مېنىڭ ھېچ ئىش قىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ. — دېدى خۇدابەردى تېخىچە ھېلىقى خىجالەتچىلىك ئىلكىدە. — ئوتۇننىمۇ يېتەرلىك كولىدۇق. بۈگۈن ماڭغانلارنىڭ قاچان قايتىپ كېلىشىنى بىلىپ بولمايدۇ. ئۇنىڭغىچە ئوتۇن دېگەننى كولىۋالىمىز. سېنىڭچە، بىز جاڭگالدا بولسىمۇ بىرەر كۈن دەم ئېلىپ باقمايلىمۇ؟

— بۇ ئىشنى سەن قارار قىلمىساڭ بىز نېمە دەيتتۇق؟ — دېدى تاشپولات تۇرسۇن كۈلۈپ قويۇپ، — بىراق، بىز دەم ئالغان تەقدىردىمۇ بۇ يەردە نېمە قىلارمىز؟

— مۇشۇ دۆڭلەرنى ساياھەت قىلايلى. ناۋادا ئۇچراپ قالسا، بىرەر - يېرىم توشقان ئوۋلىيالىساق، تېخى ياخشى. كاۋاپ بىلەن يېرىلغان كالپۇكلىرىمىزنى بىرئاز بولسىمۇ ھۆمىلىۋالارمىز. مۇشۇنچىۋالا يوغان جاڭگالدا خۇدانىڭمۇ بىزگە ئاتىغىنى باردۇ.

— قويغىنا، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن خۇدابەردىنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويۇپ، — بۇ سۇسىز جاڭگالدا توشقان نېمە قىلسۇن؟ بوپتۇ، سەن دەم ئېلىشقا قويۇپ بەرسەڭ، مەن ئوبدان بىر ئۇخلىۋالاي. ئانام چۈشۈمگە كىرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

خۇدابەردى ئۇنىڭ مۇڭ تۆكۈلۈپ تۇرغان چىرايىغا ئېچىنغاندەك قاراپ قويدى.

بۈگۈن ئۇلار راستىلا بىر كۈن دەم ئالدى. تاشپولات تۇرسۇن ئۆزى دېگەندەك بىر دۆڭنىڭ كۈنگەي تەرىپىدىكى يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە ئورۇن سېلىپ ئۇخلاش ئۈچۈن ياتتى. خۇدابەردى بىلەن ئابدۇسادىق توشقان ئوۋلاشقا ماڭدى. بۇ يەردە سۇ بولمىغىنى بىلەن ياشىرىپ تۇرغان يۇلغۇنلار ھاياتلىقتىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. خۇدابەردى توشقان ئوۋلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئېگىز - پەس دۆڭلەر ئارىسىدىكى ئويمانچاقلاردا كېلەر -

پاتمىچۇق، قىلىيورغا، سېرىقىقۇيرۇق دېگەنلەرنىڭ ئىزلىرى قەدەمدە بىر ئۇچرايتتى. خۇدابەردى بىر ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قولىنى سايىۋەن قىلىپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. ئەتراپ زامان ئاخىر بولغاندەك شۇنچىلىك تىپتىنچ ئىدى. كۆز يەتكۈسىز جاڭگالدا نە بىرەر ئۇچار قۇشنىڭ، نە بىرەر چۆل جانىۋارلىرىنىڭ تىۋىشى ئاڭلانمايتتى. ئۇلار بۇ يەردە ئوۋچىلىقنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئەڭ ياخشىسى تاشپولات تۇرسۇندەك ئۇيقۇنىڭ پەيزىنى سۈرمەكچى بولۇشتى. كىم بىلىدۇ، ئۇلارمۇ چۈشىدە ئانىسىنى كۆرەمدۇ تېخى...

ئۇلار ئەتراپنى ئايلىنىپ كېلىۋېتىپ بىر چاتقاللىق ئارىسىدىن «پارت» قىلىپ قېچىپ چىققان توشقاننى غىل - پال كۆرۈپ قېلىشتى. خۇدابەردىنىڭ كۆزى ۋاللىدە چاقنىدى. ئۇلار توشقان قېچىپ بارغان يەنە بىر چاتقاللىقنى ئىككى تەرەپتىن قورشىدى. ئۇلارنىڭ قولىدا پالتا - تىۋەزىنىلەر تەخ ئىدى. خۇدابەردى خۇددى ئۇۋغا يېقىنلاشقان تايغاندەك ئەتراپنى ھىدلاپ، ئالدىغا تىكىلگىنىچە ئاستا - ئاستا كەلمەكتە ئىدى. ئابدۇسادىقمۇ پالتىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىۋىش چىقارماستىن چاتقاللىققا يېقىنلاپ كەلدى.

شۇ ئەسنادا ئەجەلنىڭ قارا قانىتى سايە تاشلاپ تۇرغان بىچارە توشقان تازا باراقسانلاپ ئۆسكەن ئىككى تۈپ يۇلغۇن يېنىدىكى چىغ تۈۋىدىن كۆزلىرى چەكچەيگەن پېتى يۈگۈرۈپ چىقتى. ئادەمگە ئۆلۈم يېقىنلاشقاندا ئەزرائىلنىڭ ئالدىغا ئۆزى بارغاندەك، بىچارە توشقانمۇ دەل ئابدۇسادىقنىڭ ئالدىدىن چىقىپ قالدى. ئۇ ئېگىز كۆتۈرۈۋالغان پالتىنى توشقانغا زەرب بىلەن ئۇردى. بىسى پارقىراپ تۇرغان پالتا دەل توشقاننىڭ يەرنى تېپىپ ئېتىلىشقا تەييارلانغان كەينى ئىككى پۇتىغا تەگدى - دە، ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق چىرقىرىغان ئاۋازى تىمتاسلىققا چۆمگەن جاڭگالنى چاڭ كەلتۈردى. ئۇنىڭ نالىسىگە تاقەت قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خۇدابەردىنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

يىراق - يىراقلارغا تىكىلگىنىچە ئۇھ تارتىۋاتقان تاشپولات تۇرسۇن گەۋدىلەندى. بەلكىم شۇ تۇرقىدا توشقاننىڭمۇ يولىغا قاراپ قالغان ئانىسى بولغىيدى؟ يا بولمىسا ئۇنىڭمۇ ئاھ ئۇرۇپ تۇرغان بالىلىرى بولغىيدى؟ مەيلى قانداقلا ئويلىسۇن، خۇدابەردىنىڭ يۈرىكى قوقاسقا كۆمگەندەك ئېچىشىپ كەتتى. كەينى ئىككى پۇتى كېسىپ تاشلانغان توشقان چىر - چىر چىرقىرىغىنىچە خۇددى ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان نامەلۇم بىرىنىڭ ئالدىغا بارماقچى بولغاندەك، ئالدى پۇتلىرى بىلەن يۇمشاق قۇملارنى تاتىلايتتى. ئۇنىڭ پالتا زەربىسىدە ئۈزۈلگەن پۇتلىرىدىن ئادەمنىڭكىگە ئوپمۇئوخشاش قىپقىزىل قان ئېتىلىپ چىقماقتا ئىدى. خۇدابەردى قۇملۇق باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان قاننى كۆرۈپ، ئۇۋۇنىڭ گېپىنى چىقارغىنىغا يۈز مىڭ پۇشايمان قىلدى. ئەمدى بولغۇلۇق بولغان، ھەرقانچە پۇشايمان قىلغان بىلەنمۇ چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيتتى. توشقاننى ۋاقتىدا بوغۇزلىۋەتمىسە ئۇنىڭ جېنى يەنىمۇ قىينىلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. ئۆز غەلىبىسىدىن خۇشاللىقتا چۈمگەن ئابدۇسادىقنىڭ چىرايىدا غالىبلارچە بىر كۈلكە قېتىپ قالغانىدى. ئۇ يېنىغا ئېسىۋالغان غىلاپتىن پارقىراپ تۇرغان پىچىقىنى چىقاردى ۋە «بىسمىللا ئاللاھۇئەكبەر» دېگىنىچە توشقاننىڭ بوغۇزىغا سۇردى...

شۇ كۈنى چۈشتە ئۇلار ئەتىگەن ناشتا قىلغان دۆڭگە جەم بولدى. ئۇيقۇسىغا قانغان تاشپولات تۇرسۇننىڭ كەيپى چاغ ئىدى. خۇدابەردى قانداقتۇر بىر مۇرەككەپ تۇيغۇنىڭ ئىسكەنجىسىدە غەمگە پېتىپ، توختىماستىن ئۇھ تارتقىنىچە يەرگە بىرنەرسىلەرنى جىجىپ ئولتۇراتتى. ئابدۇسادىقنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەن، ئۇ دۆڭنىڭ ئۈستىگىلا گۈلخان يېقىپ، توشقان كاۋىپى پىشۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. بىر پەستە ئەتراپقا ئادەمنىڭ ئېغىزىدىن سېرىق سۇ ياندۇرغۇدەك مەززىلىك كاۋاپ ھىدى تارىدى.

— ئۇۋدىن قۇرۇق قول قايتماپسىلەر - دە، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئوتنىڭ كۆچلۈك ھارارىتىدە ياغلىرى پىژىلداپ ئېقىۋاتقان توشقان كاۋىپىغا قاراپ، — كىم تۇتتى بۇنى؟

— مەن ! — ئابدۇسادىقنىڭ ھاياجاندىن سەل تىترەپ كەتكەن ئاۋازى دۆڭنىڭ ئەتراپىغا كاۋاپ ھىدىدەك تارىدى، — قارىسام، يۇگۈرۈپ نەق ئالدىمغا چىقىۋاتامدۇ، يا پىرىم دەپ پالتىنى بىر ئۇرسام نەق تېگىپتۇ. ھەي، قولۇمنىڭ مۇنداق دەللىكىنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقمىغانىدىم... يەنە ۋاقىت چىقسا مۇشۇنداق ئوۋ ئوۋلاپ تۇرساق، بۇ يەردىن ھەرگىزمۇ زېرىكمىگۇدەكمىز... يەي دېسە كاۋاپ، قالاي دېسە ئوتۇن، كەم نەرسە بىرلا خوتۇن، ناۋادا توختايۇپ مۇدىر ھەربىرىمىزگە قىزلاردىن بىرەردىن قوشۇپ بولغا سالغان بولسا، بۇ يەردىن ئالتۇن بېرىمەن دېسىمۇ، يېكەنلىككە ھەرگىز چىقمىغان بولاتتىم...

— سەن تېخى قىزلارنى ئويلاپ شالۋاقلىرىڭنى ئېقىتىۋاتامسەن؟ — دېدى تاشپولات تۇرسۇن سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — بىلىپ قوي، سەندەك لىڭتاسمىغا تېگىدىغان قىز تېخى ئانىسىدىن تۇغۇلمىغان بولۇشى مۇمكىن. تەشكىل سېنى بۇ يەردىن ئۆزىگە خوتۇن تېپىۋالسۇن دەپ ئەمەس، ئىش - ئەمگەكتە بېلى قاتسۇن، دەپ ئەكەلگەن، شۇڭا تولا چۇشەكىمەي كاۋىپىڭنى تېزرەك پىشۇرغىنا...

— مەيلى مەن لىڭتاسما بولاي ياكى بولماي؛ بۇ يەردىن خوتۇن تاپاي ياكى تاپماي، بۇ مۇھىم ئەمەس. قىزلارنىڭ ھەممىسى بەربىر ئەرگە تېگىدۇ. بىزمۇ خوتۇن ئالىمىز. شۇنداق بولغاندىكىن، يىراقتىكىسىنى ئويلاپ ئولتۇرغۇچە يېنىمىزدىكىنى... — ئۇ تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئۆزىگە قاراپ چەكچەيگىنىنى كۆرۈپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى.

توشقان كاۋىپى پىشتى. ئابدۇسادىق خۇشامەتگويلۇق بىلەن ھىجىيىپ، يۇلغۇن شېخىدىن ياسالغان ئۇزۇن زىخقا ئۆتكۈزۈلگەن توشقان كاۋىپىنى خۇدابەردى بىلەن تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئالدىغا

ئېلىپ كەلدى.

— قېنى، كاۋاپقا مەرھەمەت، بەگلىرىم...

خۇدابەردىنىڭ كۆزىگە تېخىچە توشقاننىڭ قان ئېقىۋاتقان پۇتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. قۇلاق تۈۋىدە كىچىك بالىنىڭ يىغىسىغا ئوخشايدىغان ھېلىقى چىرقىراق ئاۋاز ياڭرايتتى. ئۇ كاۋاپقا قولىنى سوزدىيۇ، ئىتتىككىلا تارتىۋالدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا جان بەرگەن توشقاننىڭ گۆشىنى يېگۈسى كەلمىدى. تاشپولات تۇرسۇن كاۋاپقا قاراپ بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن ئازراقلا كېسىۋالدى.

— سەن يېمەمسەن؟ — سورىدى ئۇ خۇدابەردىدىن.

— يېگۈم يوق.

— توشقان كاۋىپىغا رايىڭ يوق تۇرۇپ، ئەتىگەن نېمىشقا ئوۋنىڭ گېپىنى چىقاردىڭ ئەمىسە؟

— مەن چۈشەكەپ قالغان ئوخشايمەن...

ئابدۇسادىق ئىشتىھا بىلەن كاۋاپقا تۇتۇش قىلدى. تاشپولات تۇرسۇن قولىدىكى بىر توغرام كاۋاپنى تۇتقىنىچە يىراقلارغا قاراپ ئولتۇراتتى. قارىغاندا، ئۇ يەنە ئانىسىنى ئويلىغان ۋە كاۋاپنى كۆرۈپ ئانىسىغا قىسىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. دېمىسىمۇ يىراق يەرنىڭ ئەندىشىسى يامان بولىدۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ سېغىنىشلىرى يەنىمۇ كۈچىيىپ كەتكەنىدى. خۇدابەردى ماچىلدىتىپ كاۋاپ يەۋاتقان ئابدۇسادىققا يىرگەنگەندەك قاراپ قويۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئاشۇ قىپقىزىل قان ئەمدىلىكتە ئابدۇسادىقنىڭ جاۋغايلىرىدىن ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

كاۋاپقا تويغان ئابدۇسادىق خۇددى بەز يېگەن مۈشۈكتەك لەۋلىرىنى يالىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ، يەرگە بىرنەرسىلەرنى جىجىپ ئولتۇرغان خۇدابەردى بىلەن بىر چىشلەم كاۋاپنى تۇتقىنىچە ئېغىر خىياللارغا غەرق بولغان تاشپولات تۇرسۇننىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەمدى نېمە قىلىمىز؟

— ئۇخلا، — دېدى خۇدابەردى خۇشياقمىغاندەك قىلىپ.
— مەن ھېلىقى يەرگە يەنە بىر بېرىپ كېلەيمىكىن؟
— قەيەرگە؟
— توشقان تۇتقان يەرگە...
— نېمىشقا؟
— يەنە ئۇچراپ قالسا...
— بىر توشقاننى يالغۇز يەپ، يەنە نەپسىڭ تويمىدىمۇ؟ — خۇدابەردى بىردىنلا ئۇنىڭغا چېچىلدى، — ئىنساپ... ئىنساپ... ئىنساپ!...

ئابدۇسادىق نېمە بولغىنىنى ئۇقالماي تاشپولات تۇرسۇنغا قارىدى. ئۇنىڭ چىمچىقلاپ تۇرغان كۆزلىرى پارقىراپ كەتكەنىدى. تاشپولات تۇرسۇن ئابدۇسادىقنىڭ يېڭىدىن ئاستا تارتىپ قويدى. ئۇ كەينىگە يېنىپ دۆڭنىڭ يانباغرىدىكى يوتقان - كۆرپىسى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئەتراپنى يەنە ئېغىر سۈكۈت ئىلكىگە ئالدى...

— ئۇنىڭغا نېمىشقا چېچىلىسەن؟ — سورىدى تاشپولات تۇرسۇن بىرئازدىن كېيىن پەس ئاۋازدا، — ئۇنىڭ نەپسى تويغان بىلەن كۆزى تويماپتۇ، ئۇۋ خۇمارى تېخىچە بېسىقمىغان ئوخشايدۇ.

— سەن بىلمەيسەن، — دېدى خۇدابەردى ئېغىر خورسىنىپ قويۇپ، — توشقان دېگەن ئادەمدەك ياش تۆكۈپ، كىچىك بالىدەك ئۈن قويۇپ يىغلايدىكەن. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ كىچىك ۋاقتىمدىكى ئۇكىلىرىمنىڭ يىغا ئاۋازى يادىمغا يەتتى. ناۋادا بىرى ئىنىڭنى يىغلىتىپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، زىخقا تارتىپ كاۋاپ قىلىپ ئالدىڭغا ئەكەلسە يېگۈڭ كېلەمدۇ؟

تاشپولات تۇرسۇن خۇدابەردىنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى يوغان ئاچقىنىچە ئۇنىڭ ئۇستۇۋېشىغا باشتىن - ئاياغ قاراپ چىقىپ، ئۇنىڭ نېمىشقا تۇتۇلۇپ ئولتۇرغىنىنىڭ تېگىگە يەتتى - دە، ئورنىدىن ئاستا تۇردى ۋە قولىدىكى ھېلىقى بىر

چىشلەم كاۋاپىقا قاراپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنى چۆرۈپ يىراقلارغا ئېتىۋەتتى.

## 11

سوغۇق دەممۇدەم كۈچىيىشكە باشلىدى. قىرو باسقان قومۇشلۇقلار ئارىسىدىكى سازلىقلاردا نېپىز مۇز پارچىلىرى پەيدا بولدى. چۆرىسىدە قومۇش، يۇلغۇن، چىقىرتكەن، ئاقتىكەنلەر بولۇق ئۆسكەن يېكەنلىك مەيداندىكى سازلىقلاردىن كېلىدىغان پاشىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلدى. گەرچە بوز يەر ئېچىش تېخىچە داۋام قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئورەك كولاپ چىرىندىلەرنى كۆمۈش، جاڭگالدىن ئوتۇن ئەكېلىپ قىشنىڭ غېمىنى غەملەش دېگەندەك ئىشلار ئاساسەن ئاخىرلاشقانىدى. ئارقا سەپ ئەترىتىدىكىلەر ئەمدىلىكتە ئېچىلغان يەرلەردىكى شاخ ـ شۇمبا، ئوت ـ پاسار دېگەندەك نەرسىلەرنى توشۇشقا بەلگىلەنگەنىدى. شەمشىدىن يەنىلا باش ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، كۈندىلىك ئىشلارنى توختايۇپ ئۆزى بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇراتتى. ھۆسىيىن مۇدىر بولسا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئېچىلغان بوز يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرەتتى.

توختايۇپ بۈگۈن زىيالىي ياشلارنى بىر كۈن دەم ئېلىشقا قويۇۋەتتى. دېمىسىمۇ ئۇلار يېكەنلىك مەيدانغا كەلگەن شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بوز يەر ئېچىش، كۆزگى بۇغداي تېرىش، ئوغۇت توپلاش، ئوتۇن كولاش دېگەندەك قۇيرۇقى كېسىلمەيدىغان بىرتالاي ئىشلار بىلەن ئالدىراش ئۆتكەنىدى. ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ياشلار نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كىيىشكە كۆزى قىيمىغان چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، بوينىغا شارپىلىرىنى ئوراپ، «قىزىل بايراق» گوڭشېسىنىڭ بازىرىغا بېرىش ئۈچۈن جابدۇنۇشتى. توختايۇپمۇ ھۆسىيىن مۇدىرنى ئالدىرىتىپ

ياتىقىدىن چىقتى ۋە ئۇدۇل كەلگەن بىرىنى خۇدابەردىنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

— تېزدىن هارۋىنى قات، — دېدى توختايۇپ ئۆزىگە قاراپ ئالدىراش كېلىۋاتقان خۇدابەردىنى كۆرۈپلا، — بازاردىن ئاشخانىغا لازىملىق كۆكتات ئەكەلمىسەك بولمايدۇ.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ بولۇپ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر قىزنى بۇيرۇدى:

— تېز بېرىپ ئايجامالغا ئېيتىپ قوي. ھەمراھلىرىدىن بىر - ئىككىنى ئېلىپ تەييار بولسۇن. بازاردىن ئاشخانىغا كېرەكلىك سەي - كۆكتات ئەكېلىشكە بارىمىز.

ئۇلار يولغا چىققاندا كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەنىدى. يېكەنلىك مەيداندىن بازارغا تۇتىشىدىغان ئوڭغۇل - دوڭغۇل توپىلىق يولدا پىكاپچاق هارۋا چايقىلىپ شۇنچىلىك ئاستا ماڭاتتىكى، توختايۇپ بۇنىڭدىن نارازى بولۇپ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. يول بويلىرىدىكى جىگدىلەر، قارا سۆگەتلەر، قاپاق تېرەكلەر، سېرىق سەگۈلەرنىڭ ھەممىسى يالىڭاچلانغان، يول يۈزى ئاشۇ دەرەخلەردىن تۆكۈلگەن غازاڭلار بىلەن تولغانىدى. هارۋىغا قېتىلغان ئۆكۈز قەدەمدە بىر توختىۋېلىپ ئاشۇ غازاڭلارنى پۇرايتتى. خۇدابەردىنىڭ شۇنچە قاتتىق ۋارقىراشلىرى، قولىدىكى تاياق بىلەن پاتىڭغا ساۋاشلىرى ئۇنىڭ قېتىغىمۇ كىرىپ چىقمايتتى. بۇنى كۆرۈپ ھوسىيىن مۇدىر ئۆزىچە كۈلۈپ كەتتى.

— نېمە بۇ؟ — گۆلەيدى توختايۇپ ئۆكۈزنىڭ ساغرىسىغا تېپىپ قويۇپ، — «تېجىمەلنىڭ يېگىنى چىرايىغا چىقماپتۇ» دېگەندەك، شۇنچە باققانىنىڭ پايدىسى يوقما؟ نېمانداق ماڭمايدىغان نېمە بۇ؟ بۇنىمۇ ئۆكۈز دېگىلى بولسۇنمۇ؟

— ۋاي توختايۇپكا، سىلى بۇ ئۆكۈزنىڭ قاشاڭلىقىنى بۈگۈنلا كۆرۈپ رەللە بولغانلىرى بىلەن، بىز كۈندە ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق جەڭ قىلىمىز. بەزىدە ئۇ شۇنچىلىك جاھىللىق قىلىدۇكى، ئاچچىقىمىزدا ئۇنى بوغۇزلىۋېتىپ، يەردە ئۆمىلەپ

كېتىۋاتقان قوڭغۇزنى قوشقۇمىز كېلىدۇ بۇ ھارۋىغا.

خۇدابەردىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئايجامال پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى. توختايۇپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ، ھارۋىدىن پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان قىزلارغا، توغرىسى، تېخىچە ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈۋاتقان ئايجامالغا ئالىيىپ قاراپ قويدى.

— قارىغاندا، بۇ ئۆكۈز بەك قېرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى ھۇسىيىن مۇدىر پەس ئاۋازدا، — «قېرى كالىغا پىچاقمۇ كار قىلماس» دېگەن گەپ بار. شۇڭا، ئۇ ئۇستىگە تاراسلاپ چۈشۈۋاتقان تاياقنى پىسەنتىگە ئالمىغان ئوخشايدۇ. مۇمكىن بولسا ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىغا ئېيتىپ، ياشراق ئاتتىن بىر ـ ئىككىنى ئالدۇرساق بولغۇدەك.

— ئات دېگەننىڭ سۇلكىتىنى شاھ ـ سۇلتانلارنىڭ ئاستىدا كۆرگۈلۈك، — دېدى توختايۇپ يەرگە قاراپ چىرتىتىمدە تۈكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، — ئۇنى ئات دەپ ئۇلۇغلىغان بىلەن جاڭگالغا بولالمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ نەرسىنىڭ گېلى شاھ خانىشلىرىنىڭكىدەك بەكمۇ نازۇك، ئۇنى بۇ ئۆكۈزدەك قومۇشلۇقلارغا باغلاپ قويۇپ باقىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىزگە يەنىلا ئۆكۈز ياخشى.

— ياشراق بولسا ئۆكۈز بولسىمۇ بولىدۇ.

ئۇرغۇلۇق ئېيتىلغان «ياشراق» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ توختايۇپنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلدى. ئۇ ھۇسىيىن مۇدىرنىڭ بۇ گېپىدىن «سىزگە قارىغاندا مەن ياشراق، شۇڭا سىزدىن يەنىلا مەن ياخشىراق» دېگەن مەنىنى چۈشەنگەندى. ئۇ پۇشۇلداپ تۇرغان ئۆكۈزدەك كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە ھۇسىيىن مۇدىرغا بىر نەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى.

ئايجامال خۇدابەردىنىڭ بىر ئىشلارنى يابىسا كەلتۈرۈپ ئورۇنلۇق سۆزلەيدىغانلىقىنى ياقتۇراتتى. ئۇ قىزىرىپ ـ تاتىرىپ تۇرغان توختايۇپ بىلەن قولىدىكى يۇلغۇن تايىقىنى ھە دېسە

ئۆكۈزنىڭ ساغرىسىغا سانجىپ، ھەيىيارلىق قىلىۋاتقان خۇدابەردىگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ، قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزىنى تۇسۇپ تۇرۇپ كۈلۈپ قويدى...

بازارغا ئاز قالغانسېرى يولدا ئادەم كۆپىيىشكە باشلىدى. قولتۇقىغا بىرەر - ئىككىدىن توخۇ - ئۆردەك قىستۇرغان، كىچىك سېۋەتلەرگە قاچىلانغان، بوز ياغلىقلارغا چىگىلگەن تۇخۇملىرىنى ئاۋايلاپ كۆتۈرۈۋېلىشقان، ئېشەكلىرىگە چامغۇر - سەۋزە، گۈلە - قاق، جىگدە - چىلان دېگەندەكلەر قاچىلانغان تاغارلارنى ئارتىۋېلىشقان دېھقانلار ئالدىراش ھالدا بازارغا مېڭىشقانىدى. ئېشەكلەرنىڭ ھاڭرىغان، كالىلارنىڭ مۆرىگەن، قويلارنىڭ مەرىگەن ئاۋازلىرى بىلەن توپىلىق يول بەكمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. بازارغا ماڭغان دېھقانلار ھارۋىدىكىلەرگە قىزىقسىنىپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ كۆزىگە ئۆكۈز ھارۋىسىدىكىلەر بەكمۇ غەلىتە، خۇددى باشقا بىر ئىقلىمدىن ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان مەخلۇقلاردەك كۆرۈنگەنىدى. ئېشەكلىرى ئالدىغا ئۆتۈپ كەتكەن دېھقانلار ھارۋىدىكىلەرنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپ قويۇشاتتى.

بىر چاغدا يېكەنلىك مەيداندىن پىيادە يولغا چىققان ياشلارمۇ ئۇلارغا يېتىشىۋالدى. شەمشىدىن، ئوبۇلتالىپ، قۇددۇس، ئايشەم، مەلىكىزاد قاتارلىق بىر توپ ياش شوخ كۈلكىلىرى بىلەن يولنى چاڭ كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. شەمشىدىن ئۆكۈزنى ماڭدۇرالماي تېرىككىنىدىن يۈزلىرى قىزىرىپ كەتكەن خۇدابەردىگە قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى.

— بازاردا دىققەت قىلىڭلار، — دېدى توختايۇپ ئۇلارنىڭ قىيقاس سېلىپ كۈلۈشكىنىگە ئاچچىقى كەلگەندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويۇپ، — قوينىغا چايان كىرىۋالغان تۇل خوتۇندەك قىيقاس سېلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارغا يامان تەسىر بېرىپ قويساڭلار بولمايدۇ. زىيالىيغا تۇشلۇق ئىش قىلىڭلار.

— بىلىمىز، — شەمشىدىن كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋارقىرىدى، —

خاتىرجەم بولسىلا توختايۇپكا، بۇلارنىڭ يېنىدا مەن بولسامىلا چاتاق چىقمايدۇ.

— گېپىنىڭ يوغانلىقىنى كۆرمەمدىغان، — توختايۇپ ئۆزىچە غودۇراپ قويدى. شەمشىدىنلەر قەدىمىنى تېزلىتىپ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىشتى.

ئۇلار كۈن قوزا چۈش بولغان مەھەلدە يېزا بازىرىغا ئاران يېتىپ كېلىشتى. دەل - دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى پۈتۈنلەي تۆكۈلۈپ بولغان، توپا - تۇمان ئۆرلەپ تۇرغان بۇ بازار ئادەمگە بەكمۇ غېرىبسىنىپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. يۇلغۇن شېخىدىن ۋادەكلىنىپ، ئۈستىگە سامان ئارىلاشتۇرۇلغان سېغىز لاي چېچىلغان بىرنەچچە دۇكان، يول بويلىرىدا ياغاچتىن ئاددىيلا قىلىپ ياسالغان پەلتەڭلىرىنى قويۇۋېلىپ، ئۈستىرىسىنى كاپلاپ ئولتۇرغان ئىككى - ئۈچ قېرى ساتىراش، تانابىنى كۈچ بىلەن تارتىۋاتقان خېرىدارغا يۈزلىنىپ ئولتۇرۇپ قۇم چاقتىن ئۇچقۇن چىقىرىپ پىچاق چاقلاۋاتقان چاقچىلار، غۇژژىدە توپلىشىۋالغان ئادەملەر ئارىسىدا راۋاب بىلەن تەڭكەش قىلىپ جەڭنامىلەرنى سۆزلەۋاتقان ئاپئاق ساقاللىق مەدداھلار، ھەر خىل رەڭ بىلەن بوياپ پىشۇرۇلغان تۇخۇملىرىنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان مومايلار، بىرەر - يېرىم نانغا ئىشلەش ئۈچۈن يوغان - يوغان سوغىلاردا سۇ توشۇپ يۈرگەن مەدىكارلار، رەستىلەردە بىكاردىن - بىكار ئايلىنىپ يۈرگەن سەھرا ياشلىرى يىراقتىنلا ئادەمنىڭ كۆزىگە چېلىقاتتى. بازارنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئادەملەر مىغىلدىشاتتى. ئىككى تەرىپى قارا سۆگەتلەر بىلەن قاپلانغان ئۇزۇن كوچىدىن ئۆتسە، مال بازىرى ۋە سەي - كۆكتات بازىرىغا بارغىلى بولاتتى. توختايۇپ ھارۋىسىنى كۆكتات بازىرىغا ھەيدەشنى بۇيرۇدى. يوغان چاقلىرى تاراقلاپ تۇرىدىغان ھارۋىدىكىلەرگە بازار ئەھلى قىزىق بىر ئويۇن كۆرۈۋاتقاندەك ھەۋەس بىلەن قاراپ كېتىشتى. شۇنچە كۆپ ئادەمنىڭ ئۆزلىرىگە خېلى يىراقتىن قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئايجامال بىلەن يەنە

ئىككى قىز تىرىنقىنى كولىغىنىچە يەرگە قارىۋالدى.

ئۇلار ھارۋىنى كۆكتات بازىرىنىڭ يېنىدىكى دەڭگە ئەكىرىپ توختاتتى.

— بىرەر ئاي يەتكۈدەك چامغۇر – زەدەك، ئون – يىگىرمە كاۋا – قاپاق سېتىۋالايلى، — دېدى توختايۇپ ھوسىيىن مۇدىرغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — تاغارنى سىز تۇتۇڭ، دەپتەرنى مەن تۇتاي، قىزلار ھە – ھۇ دېيىشىپ بەرسۇن. سودىلىقنى پۈتتۈرۈپلا يولغا چىقمىساق، ماۋۇ قېرى تاپ بىلەن ئەتە تاڭغىچمۇ بېرىپ بولالمىغۇدەكمىز يېكەنلىككە.

— بولىدۇ.

— سىلەر ئالدىغاننى ئېلىپ بولغۇچە مەن بازار كۆرۈۋالسام بولامدۇ؟ ھارۋىنى بەرىبىر دەڭگە قويۇۋەتكەندىكىن مېنىڭ ئىشىم يوقتەك تۇرىدۇ.

خۇدابەردىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، توختايۇپنىڭ قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ كەتتى.

— نېمە؟ بۇ بازاردا ساتىدىغان ئاناڭنىڭ بىرنېمىسى بارمىدى؟ گېپىڭچە، كۆكتات سېتىۋېلىش بىزنىڭلا ئىشىمىز ئىكەن – دە؟ چامغۇر سېلىپ ئەتكەن ئاش ئالدىڭغا كەلگەندە، ئىچمەيمەن دەپ باققان يېرىڭ بارمۇ؟ ئىشنى مەندەك قېرى بىلەن مۇشۇ قىزلارغا تاشلاپ بېرىپ، قوڭۇڭنى قىرغا ئالاي دەمسەن؟ تولا سەپرايىمنى ئۆرلەتمەي، تۇتە ماۋۇ چېپتە تاغارنى. سەن بولمىساڭ، مەن بۇ مېكىچىنلار بىلەن بىر ئاي يەتكۈدەك چامغۇر – زەدەكنى كۆكتات بازىرىدىن ئاۋۇ دەڭگە قانداق توشۇپ بولىمەن؟ تېخى مېنىڭ ئىشىم يوق ئىكەن، دەۋاتقىنىنى، سېتىۋالغان چامغۇر – زەدەكنى تاغارغا قاچىلاپ، دەڭگە يۈدۈپ ئاپىرىش ئىش ئەمەسمىكەن؟

خۇدابەردىنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ قىزلارنىڭ كۆزىچە توختايۇپنىڭ يېنىدىن سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئىزا تارتقىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولدى. خۇدابەردى

نىمىشقىدۇر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، توختايۇپ تاشلاپ بەرگەن بىرنەچچە تاغارنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى.

سەي ـ كۆكتات بازىرىدىمۇ ئادەملەر مىغىلدىشاتتى. چامغۇر، پىياز، تۇرۇپ، سەۋزە، يېسىۋىلەك، كاللەكسەي، قىزىلمۇچ، شوخلىلار... ئاق يەرگە دۆۋىلىۋېتىلگەنىدى. يوغان تاغارلارنى يۇدۇۋېلىپ كىشىلەر توپى ئارىسىدىن چىقالمايۋاتقان خېرىدارلار، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كۆكتاتلىرىنى ماختاۋاتقان باققاللار، يوغان ياغاچ خاپانلىق تورۇزلىرىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئېلىم ـ سېتىم ئىشلىرىغا هە ـ هۇ دېيىشىپ بىرىۋاتقان تورۇزچىلار... هەممىسى ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش ئىدى. توختايۇپ بىرنەچچە چامغۇر دۆۋىسىنى ئارىلاپ، ئەڭ ئاخىرىدا چار ساقاللىق بىر ئادەم بىلەن قىزىرىپ ـ تاتىرىپ يۇرۇپ باھا تالىشىپ، خېلى ئۇزۇندا كېلىشتى.

— ئەمىسە ئەللىك چارەك چامغۇر، — دېدى توختايۇپ دەپتىرىگە بىرنەرسىلەرنى جىجىغاندىن كېيىن، — ئەللىك چارەك زەدەك، ئوتتۇز چارەك تۇرۇپ، ئون چارەك پىياز... مۇشۇلارنى جىڭلاپ بەرسىلە، پۇلىنى هېلى ئۆزۈم كەلگەندە هېسابلىشىمەن.

هە راست، — ئۇ كەينىدە تاغار تۇتۇپ تۇرغان خۇدابەردى بىلەن هۇسيىن مۇدىرغا بۇرۇلدى، — سىلەر ماۋۇ دادىكام چارەكلەپ بەرگەن كۆكتاتلارنى هارۋىغا بېسىپ تەييارلاڭلار، مېنىڭ يەنە ئازراق سودىلىقىم بار، ئايجامال مەن بىللە بارسۇن، ماۋۇ ئىككى قىزغا ئوبدان كۆز ـ قۇلاق بولۇڭلار. ئالغان نەرسىلەرگە هېزى بولۇڭلار، بىر سەر كەم چىقىپ قالغۇدەك بولسا، قالغان هېسابنى مەن سىلەر بىلەن قىلىمەن. سودىنى مەن قىلغان بىلەن هېسابقا سىلەر ئىگە. ئالغىنىمىز كۆكتات بولسىمۇ، هۆكۈمەتنىڭ نەرسىسى، ئوتتا كۆيمەيدۇ، سۇدا ئاقمايدۇ...

ئايجامال تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا مۇشۇ كۆكتات بازىرىدا قالغۇسى بار ئىدى. بىراق، توختايۇپ ئۇنى

كۆزىدە ئۆرۈپ، شەرەتلەپ، مەجبۇرىي دېگۈدەك ئارقىسىغا سېلىپ ئېلىپ كەتتى.

گېلىدا مۈشتۈمچىلىك پوقىقى بار، ئورا كۆز، كەكە ساقال بىر تورۇزچى ئۆزىدىن بۇرۇن كەلگەن يەنە ئىككى تورۇزچىنى دوق - تەنىلەر بىلەن قوغلىغاندىن كېيىن، ھۆسىيىن مۇدىرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئۇلارنىڭ تورۇزى كەم تارتىدۇ، سىلىدەك كۆپ ئالىدىغانلارغا مەندەك لىللا تورۇزچى لازىم بولىدۇ. بولمىسا زىيانىنىڭ چوڭىنى تارتىدىلا...

ئۇ تورۇزچى يەڭلىرىنى شىمايلاپ، ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ، بىسمىللا دەپلا خاپىنىغا چامغۇر ئۇستى. ئۇ شۇنچىلىك چاققانلىق بىلەن ئىش قىلاتتىكى، ھۆسىيىن مۇدىر بىلەن خۇدابەردى ئۇنىڭ زادى قانچىلىك چامغۇر تارتىپ بولغىنىنى بىلەلمىگىلى تاسلا قالدى.

ئۇلار توختايۇپ تاپىلغان نەرسىلەرنى ھارۋىغا بېسىپ بولغاندىمۇ ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىدى. تاغار يۇدۇپ بەللىرى مۈكچەيگەن قىزلارنىڭ غۇنچىدەك لەۋلىرى ئۇسسىغانلىقتىن گەز باغلىغانىدى. ھۆسىيىن مۇدىر دەممۇدەم سائىتىگە قاراپ قوياتتى. بازاردىكى چاڭ - توزانلار يەتمىگەندەك، دەڭدىكى ئۇلاغلار ئۆزلىرىچە يۇمىلىنىپ، بەدىنىگە يۇققان توپىلارنى گۈۋۈشۈپ، بۇ يەرنى قۇيۇن كۆتۈرۈلگەندەك تۇسكە كىرگۈزۈپ قويۇشقانىدى. قىزلارنىڭ نەيزىدەك ئۇزۇن كىرپىكلىرىگە بىر قەۋەت چاڭ قونغان، ئۇستۇۋېشىدىنمۇ توپا - تۇمان قويۇلۇپ تۇراتتى. بىر - بىرى بىلەن تېپىشىۋاتقان ئېشەكلەرنىڭ جەھلى بىلەن ھاڭراشلىرى ئادەمنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەيتتى. ھاڭگىلارنىڭ بەتقىلىقلىرى چاڭقاپ كەتكەن گۈلدەك سولاشقان قىزلارنى ئۇيالدۇرۇپ قويماقتا ئىدى. شۇڭا، ھۆسىيىن مۇدىر خۇدابەردىگە ھارۋىغا قاراپ تۇرۇشنى جېكىلەپ، قىزلارنى كەينىگە سالغىنىچە دەڭدىن چىقىپ كەتتى.

خۇدابەردى لىققىدە كۆكتات تاغارلىرى بىسىلغان ھارۋىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ھارغانلىقىدىن پۇت - قولىدا جان دېگەن نەرسە قالمىغانىدى. ئۇ ئۇھ دەپ ئەمدىلا كۆزىنى يۇمۇشىغا بىرىنىڭ بوش چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ، ئۇكام؟

خۇدابەردى كۆزىنى ئېچىپ، ھارۋىنىڭ يېنىدا تۇرغان كوسا ساقال بىر ئادەمنى كۆردى. مىڭ يېرىدىن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان بۇ ئادەم قورايدەك بارماقلىرى بىلەن ھارۋىدىكى تاغارلارنى بىر - بىرلەپ تۇتۇپ باقتى. خۇدابەردى ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بۇ «ئاكىسى»غا قاراپ ھەيران بولغىنىچە سورىدى:

— ماڭا دەۋاتامسىز؟

— ھەئە، قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟ ئىسسىققىنا گۆشگىردە يېگۈڭ بارمۇ؟ — ئۇ چاپىنىنى قايرىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن باغلىۋالغان پوتىسىدىكى تومپىيىپ تۇرغان تۈگۈنچەكنى كۆرسەتتى، — تېخى تونۇردىن ھېلىلا قومۇرغان، غىققىدە ياغ چاينايسەن، ياغ... سۆيى باغدىن گۆشگىردە، گۆشى تاغدىن گۆشگىردە... يېگەنلەر دەرماندا، يېمىگەنلەر ئارماندا، ھاپىز ناۋاينىڭ ئاتا مىراس گۆشگىردىسى...

— مەندە پۇل يوق.

— ئاستىڭدىكى پۇل بولماي نېمە؟ — كوسا ساقال لىققىدە چامغۇر قاچىلانغان تاغارنىڭ بۇرجىكىنى تۇتۇپ قويدى، — قارىسام، كوللېكتىپقا ئالغاندەك قىلىسەن. غاچچىدە بىر تاغار چۇشۇرۇپ بەرسەڭ، گۆشگىردىدىن ئىككىنى بېرىمەن.

— يولىڭىزغا مېڭىڭ، ئاكا، — دېدى خۇدابەردى تەرىنى تۇرۇپ، — تاغاردىن بىرنى چۇشۇرۇپ بەرگىنىم ئۆز يانچۇقۇمدىكىنى ئوغرىلاپ سىزگە بەرگىنىم بىلەن ئوخشاش. مېنى مۇشۇنداق پوقنى يەيدۇ دەپ ئويلىغان بولسىڭىز خاتالىشىپسىز.

— كەتسە تەشكىلنىڭ كېتىدۇ، ساڭا نېمىدى، ئۇكام؟

ئىسسىقلا گۈشگىردە، ئۇچنى...

— يولۇڭغا ماڭ، — خۇدابەردى سۇرەن سېلىپ ۋارقىرىدى، — ھېلى بىكار باجگىرغا تۇتۇپ بېرىمەن بولمىسا.

كوسا ساقال قانداق تېز پەيدا بولغان بولسا، يەنە شۇنداق تېزلىك بىلەن كۆزدىن غايىب بولدى. ئۇ خۇدابەردىنىڭ غەزىپىدىن راستلا قورقۇپ قالغانىدى.

ئارىدىن بىر ـ ئىككى سائەت ئۆتۈپ كەتتى. ئۇسسىغانلىقتىن خۇدابەردىنىڭ لەۋلىرى قارا گەز باغلاپ كەتكەنىدى. ئۇ بارغانسېرى ئۇزاپ كېتىۋاتقان قۇياشقا قاراپ، بۈگۈن يېرىم كېچىنى قىلماي تۇرۇپ يېكەنلىك مەيدانىغا يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى ئويلىدى. ئاچلىقتىن ئۇنىڭ ئۈچەيلىرى غولىغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ سەپرايى ئۆرلەشكە باشلىدى.

بىر چاغدا دەڭگە شەمشىدىن بىلەن ئوبۇلتالىپ كىرىپ كېلىشتى. دوستلىرىنى كۆرۈپ خۇدابەردىنىڭ تىتىلداپ تۇرغان كۆڭلى بىرئاز تىنىغانىدەك بولدى.

— يولدا ھوسىيىن مۇدىر بىلەن قىزلار ئۇچرىغانىدى، سېنى سورىساق، مۇشۇ دەڭدە قالدى، دېدى. يوقلاپ كەلدۇق، — دېدى شەمشىدىن ھارۋىغا چىقىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، — دېسەم ـ دېمىسەم قورسىقىڭ كوركىراپ كەتتى ھەقىچان. ئازراق بىرنەرسە يەۋالامسەن؟

— ئۇنى بىر دېمە، مەن ئەتىگەن ئىچكەن بىر قاچا ئۇماچ بىلەنلا...

— بايا توختايۇپنى كۆرۈپ قالدىم، ئۇ ئايجامالنى كەينىگە سېلىپ گۈڭشې ئاشخانىسىغا كىرىپ كەتتى، ئېھتىمال تاماق يېگىلى ماڭغان بولسا كېرەك. يۈر ئاداش، ھارۋىغا ئوبۇلتالىپ قاراپ تۇرسۇن، سىرتقا چىقىپ ئازراق بىرنەرسە يەۋالغىن.

شەمشىدىن شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى.

— ھېلى توختايوٛپ كېلىپ قالسا تەگەپ قالارمىكىن، — دېدى خوٛدابەردى كەينىگە تارتىشىپ، — سىرتقا چىققان بىلەنمو يانچوٛقنىڭ ھالى بوش، يەيدىغان بىرنەرسە تاپماقمو ئاسان ئەمەس. يەنىلا دەڭدە توٛروٛپ توٛرايلىچوٛ.

— سەن ئوٛنىڭ نەگە باغلاپ قويسا شوٛ يەردە توٛرىدىغان ئىتى ئەمەسقوٛ؟ — شەمشىدىنىنىڭ قوشوٛمىسى توٛروٛلدى، — تىرىك ئادەم دېگەننىڭ تاماق يەيدىغانلىقىنى توختايوٛپمو بىلىشى كېرەك - دە. ماڭ دېگەندىكىن ماڭە. سەندە بولمىسا مەندە بار، بىرەر - يېرىم نان دېگەننى تاپارمىز ئاداش. توختايوٛپ بىرنېمە دېگوٛدەك بولسا، ھەممە گوٛناھنى ماڭا ئارتىپ قوي.

ئوٛلار بىر - بىرىنى تارتىشىپ دەڭنىڭ ئالدىغا چىقىشىغا چىرايى ئوٛششوٛك تەگكەن موٛچەتەك قىزارغان توختايوٛپ دەلدەڭشىگىنىچە كېلىپ قالدى. قارىغاندا، ئوٛ ئوبدانلا قىزىۋالغاندەك قىلاتتى. توختايوٛپ دەرۋازا ئالدىدا ئوٛچرىشىپ قالغان شەمشىدىن بىلەن خوٛدابەردىنى كوٛروٛپ، چىرايىنى پوٛروٛشتوٛرگىنىچە سورىدى:

— ئايجامال كەلدىموٛ؟

— ياق.

ئوٛ پوٛشوٛلداپ بىرئاز توٛروٛۋالغاندىن كېيىن يەنە سورىدى:

— ھەممىنى ھارۋىغا بېسىپ بولدوٛڭلارموٛ؟

— ھەئە.

— قالغانلار قېنى؟

— قىزلارنى ھوٛسيىن موٛدىر باشلاپ چىقىپ كەتكەن، مەن ھارۋىدا ساقلاپ ئوٛلتوٛردوٛم. قورسىقىم ئېچىپ كېتىپ شەمشىدىن بىلەن تاماق يەيلى دەپ...

— نېمە؟ شوٛنچە نەرسە بېسىلغان ھارۋىنى دەڭگە تاشلاپ قويوٛپ مېڭىشقا قانداق پېتىندىڭ؟ يوٛرىكىڭ قاپتەك بار ئىكەنغوٛ سېنىڭ؟ — توختايوٛپ بەقەمدەك قىزارغان كوٛزلىرىنى چەكچەيتىپ خوٛدابەردىگە ۋارقىرىدى، — «يولۋاس تاغدىن چوٛشسە،

مايمۇنغا بايرام بوپتۇ» دېگەندەك، بىردەم بولمىغىنىمىغا ھەرقايسىڭىزنىڭ بېشى ئەجەب يوغىناپ كېتىپتۇ دېسە. لىققىدە كۆكتات بېسىلغان پۈتۈنسۈرۈك بىر ھارۋىنى شۇنداقلا تاشلاپ قويۇپ، ھەممىڭىز كونا چاپاننىڭ پېتىدەك تۆت تەرەپكە تاراپ كېتىشىپسىز. مېنى قايتىپ كەلمەيدۇ دەپ ئويلاشقانمىدىڭىز؟ — ئۇ خۇدابەردىنىڭ كۆزىگە غەزەپلىك تىكىلدى، — ناۋادا كوللېكتىپنىڭ مۈلكى زىيانغا ئۇچرايدىغان بولسا، ھەممىڭىزنىڭ كۆرىدىغان كۈنى بار.

خۇدابەردى زۇۋان سۈرمىدى.

— ھارۋىغا ئوبۇلتالىپ قاراۋاتىدۇ، — دېدى شەمشىدىن سۆزگە ئارىلىشىپ، — خۇدابەردى تاماق يەۋالسىلا...

— ھارۋىغا قاراش ئارقا سەپنىڭ ئىشى، — توختايۇپ شەمشىدىننىڭ گېپىنىڭ بىلىگە تەپتى، — ئوبۇلتالىپتەك پىت خالتىلىرىغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟

— ئارقا سەپتىكىلەرنىڭمۇ قورسىقى ئاچمىدىغان ئىش بارغۇ؟!

توختايۇپ شەمشىدىننىڭ ئاچچىقتىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزىگە بىر قاراپلا جىم بولدى. ئۇ خۇدابەردىنىڭ يېڭىدىن تارتقىنىچە بازار تەرەپكە قاراپ ماڭدى. توختايۇپ نېمىگىدۇر غۇدۇڭشىغىنىچە دەڭگە كىرىپ كەتتى.

ئۇلار نەچچە قەدەم ماڭار - ماڭمايلا ئايجامال بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. سەل ھودۇقۇپ، كوچىنىڭ تۆت تەرىپىگە ئەنسىزلىك بىلەن قاراپ كېلىۋاتقان ئايجامال خۇدابەردى بىلەن شەمشىدىننى كۆرۈپ قۇلاقلىرىغىچە قىزاردى. ئۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ خۇدابەردىدىن سورىدى:

— توختايۇپ مۇدىر قايتىپ كەلدىمۇ؟

— ھەئە، ئۇمۇ كېلىپلا سىزنى سوراپ، دەڭگە كىرىپ كەتتى.

— سىلەر قاياققا ماڭدىڭلار؟

— تاماق يېگىلى...

— مەن سىزگە ئازراق بىرنەرسە ئېلىۋالغانىدىم، — دېدى ئايجامال قويىنىدىن گېزىتكە ئورالغان بىر تۈگۈنچەكنى چىقىرىپ، — توختايۇپ مۇدىرنىڭ ئەمەلىيەتتە قىلىدىغان ھېچقانداق سودىلىقى يوق ئىكەن. ئۇ بىر تونۇشى بىلەن گۈڭشې ئاشخانىسىدا تاماق يەپ، ئازراقتىن ئىچىشمەكچى بولدى. ئۇلار ھاراق ئىچسە ماڭا نېمە بار، شۇڭا مەن پۇرسەت تېپىپ بۇنى ئالدىم - دە، غىپپىدە تىكىۋەتتىم. بۇ بازارنىڭ ئوي - چۇڭقۇرىنى بىلمىگەندىكىن، باشقىلاردىن سوراپ يۈرۈپ ئاران مۇشۇ يەرگە كەلدىم. ئېلىڭ، بىر ئاز سوۋۇپ قالدى ھەقچان، شۇنداق بولسىمۇ قورساقنى گوللاشقا يېتىدۇ.

شەمشىدىن خۇدابەردىنىڭ تۇتۇۋالغان يېڭىنى قويۇپ بەردى. ئۇ سەل ئىككىلەنگەندەك بولۇپ ئايجامال سۇنغان بولاقنى قولىغا ئالدى.

— سىز تاماقلىنىپ بولغاندىن كېيىن دەڭگە بىللە بارايلى، — دېدى ئايجامال ئۆتۈنۈش ئاھاڭىدا، — بولمىسا قېچىپ كەتكىنىم ئۈچۈن مېنى ئىت تالىۋالىدۇ.

— بولىدۇ.

ئۇلار بازارنىڭ بىر چېتىدىكى كۆلنىڭ يېنىغا كېلىشتى. بىر مو كەلگۈدەك بۇ كۆلدە لىققىدە سۇ بار ئىدى. كۆل بويىدىكى يالىڭاچلانغان دەرەخلەر ئارىسىدىن قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بازار ئايلىنىپ ھارغانلار كۆل بويىغا توپلىشىۋالغان بولۇپ، ئۇچۇمى بىلەن سۇ ئىچىۋاتقان بىرنەچچە قىز خۇدابەردى، شەمشىدىن ۋە ئايجامالنى كۆرۈپ ئۈركۈگەن قۇشقاچلاردەك يىراق كېتىشتى.

خۇدابەردى تۈگۈچنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىكى بىرنەچچە مانتىنى كۆردى. بولاق مانتا دېسە جېنىنى بېرىدىغان خۇدابەردى ئۆزىنىڭ بۇنداق نانغا ئېغىز تەگمىگىلى ئۇزاق بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن ئايجامالغا قاراپ قويدى ۋە مانتىدىن بىرنى ئېلىپ شەمشىدىنگە سۇندى.

— سەن يەۋەر، — دېدى ئۇ خۇدابەردىنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، — بىز بايا بىر هايانكەشتىن گۆشگىردە ئېلىپ يېگەن، قورسىقىم توق.

— ئەمىسە مەن تۇزۇت قىلمىدىم، — خۇدابەردى شۇنداق دېگىنىچە مانتىلارنى چوڭ ـ چوڭ چىشلەپ يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىشتىها بىلەن مانتا يەۋاتقان تۇرقىغا قاراپ ئايجامالمۇ سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى.

## 12

قىش باشلاندى. يېكەنلىك مەيداندا نەشتەردەك سانجىلىدىغان سوغۇق شامال توختىماي سوقۇپ تۇراتتى. بۇگۈن هاۋا شۇنچىلىك تۇتۇلدىكى، يېكەنلىكتىكىلەر: «كېچىچە چوقۇم قار ياغىدۇ» دېيىشتى. دېمىسىمۇ يالىڭاچلانغان دالىدا ئاچچىق شامال ئۇشقىرتىپ تۇراتتى. قاپقارا بۇلۇتلار تېخىمۇ پەسلەپ، بىر خىل نەم هاۋا ئادەمنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلاتتى. ئاسمان بىلەن زېمىن سۆيۈشۈپ تۇرغان يىراق ئۇپۇقتا قارا بۇلۇتلار بارغانسېرى قويۇقلىشىپ بارماقتا ئىدى.

ئوتتۇرىسىغا يوغان تۆمۈر مەش قويۇلغان ئامبارغا كىرسىڭىز چىراغ يېقىۋېتىلگەنىدى. مەشتە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈۋاتىسىمۇ، ئامبار چوڭ بولغاچقا، يەنىلا ئىسسىتالمايتتى. مەشنى چۆرىدەپ ئولتۇرغان قايتا تەربىيە ئالغۇچىلار قوللىرىنى چاپىنىنىڭ يېڭىگە تىقىۋالغانىدى.

— ئۇلۇغ داهىيىمىز ماۋجۇشى بىزگە: «ئۆگىنىش، ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىش» دەپ تەلىم بەرگەن، داهىيىمىزنىڭ شۇ ئالىي يوليورۇقىنىڭ روهىغا ئاساسەن بۈگۈن بىز ئۇنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن مەشهۇر ماقالىسىنى يەنە بىر قېتىم ئۆگىنىمىز، — دېدى توختايۇپ قولىدىكى تولا

ئوقۇلغانلىقتىن چەت - چۆرىسى تىتىلىپ كەتكەن بىر كىتابنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، — ئۆگىنىشكە يولداش ھۇسەيىن مۇدىر يېتەكچىلىك قىلىدۇ. تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ خورەك تارتىشقا، كۆزىڭىزنىڭ ئۇيقۇغا، بىر يېرىڭىزنىڭ بۇخاراغا كېتىشىگە رۇخسەت يوق. كىمدە - كىم ئۆگىنىشكە پاسسىپ مۇئامىلىدە بولسا، شۇنداق ئادەمنىڭ ئىدىيىسىدە مەسىلە بار دېگەن گەپ. بۇنداق ئادەمنىڭ ئىدىيىسىنى ئوبدان قازماسلىقتا بىزنىڭ ئامالىمىز يوق. شۇڭا، ئۆگىنىش ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قىلايلى. ھوش - كاللىمىز بىلەن ئاڭلىغاننى ئېسىمىزدە تۇتۇپ، سورىغان سوئالغا تولۇق جاۋاب بەرگۈدەك بولۇشىمىز كېرەك.

ھۇسەيىن مۇدىر كىرسىن چىراغنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلۈپ، توختايۇپ سۇنغان كىتابنى قولىغا ئالدى ۋە قاتلاقلىق يەرنى ھېچ قىينالمايلا ئاچتى. ئۇ چىراغ يورۇقى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇرغان ئامباردىكى ياشلارغا ئەمسە ئۆگىنىشنى باشلىدۇق - ھە، دېگەندەك قاراپ قويغاندىن كېيىن، ھېلىقى ماقالىنى ئوقۇشقا باشلىدى...

ئۆگىنىش ئالاھازەل ئىككى سائەتتەك داۋاملاشتى. ماقالە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، توختايۇپ يەنە گەپ يورغىلىتىشقا باشلىدى.

— ھەممىمىزگە ئايانكى، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى بىر ئاز كۆتۈرۈپ، — قىش كىردى، سوغۇق كۈچەيدى، ئەمدى چار پاقىدەك ئۇيقۇغا كېتىدىغان بولدۇق دەپ ئويلىغان بولساڭلار چۆچۈرىنى خام سانىغان بولىسىلەر. بىزنىڭ مۇشۇنداق تاڭ - تاڭ قىشتىمۇ قىلىدىغان نۇرغۇن ئىشلىرىمىز بار. مەسىلەن، «راكېتا» چوڭ ئەتىرىتىگە ياردەملىشىپ قىغ چىقىرىمىز؛ ئەتىيازغىچە ئوغۇت قىلىش ئۈچۈن يانتاق چاپىمىز؛ سېغىزلىق ئامباردىن سېغىز يۆتكەپ كېسەك قۇيۇپ، يازىچە ياتاق سالىمىز. بۇمۇ بىر ھېسابتا خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىق — يولداشلارنىڭ مەنپەئىتىنى ئويلىغانلىق. شۇڭا، ئىشلەش بىلەن ئۆگىنىشنى بىرلەشتۈرۈپ،

قىشلىق تەربىيىسىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتىمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن يولداشلاردا پۇختا ئىدىيىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك. قارىسام، بەزىلەرنىڭ بۇرنىنىڭ بېزى يوغىناپ قاپتۇ. تۇر دېگەن يەردە تۇرمايدىكەنسىلەر. مۇنداق بىغەرەزلەر ھوشۇڭلارنى يىغىۋېلىڭلار، بولمىسا پېقىرنىڭ باشقىلارنىڭ بۇرنىدىكى بەزنى ئېلىشقا خېلى ئېپى بار. ۋاقتانۋاق كېلىپ بىلمەپتىمىز، ئۇقماپتىمىز دېسەڭلار، مەن ئۇنىمايمەن. مېنىڭمۇ ئۆز خىزمەت پرىنسىپىم بار. پرىنسىپقا يېتىپلا قالسا، كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن.

بۇنداق تەھدىت سېلىش ئۇنىڭ دائىملىق ئادىتى بولغاچقا، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا قاراڭغۇدا ھومىيىپ ئولتۇرۇۋەردى. توختايۇپ مۇشۇ قاتتىق گەپلىرى ئارقىلىق ئايجامالغا تەگىۋاتاتتى. ئاشۇ قېتىم ئۇ توختايۇپنى ئاشخانىدا قويۇپ قېچىپ چىققاندىن بېرى بۇ ئاقساقالنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇئامىلىسىدە خېلىلا ئۆزگىرىش بولغانىدى. بەزىدە ئۇ قازان بېشىغا چىقىۋېلىپ، ئايجامالنىڭ ئىشلىرىغا ئەڭ تەرسا قېيىنانىدەك چېپىلاتتى.

— نېمە، ماي دېگەننى قازانغا ئاقئۆستەڭنىڭ سۇيىدەك قۇيىدىغان گەپمۇ ئۆزى؟ ئايدەك خېنىم، ناۋادا قازان ئۆزلىرىنىڭ بولغان بولسا، سەرلەپ، مىسقاللاپ قۇيار بولغىيدىلە؟ كوللېكتىپنىڭ بولغاندىكىن، قارنىلىرى ئاغرىماپتۇ ـ دە؟ ئى قاقتەك يەرنى ئاۋايلىغاندەك، ماينىمۇ تېجىسىلە دەيمەن. ئەتە قويۇپ قورۇق قاپاقنى تەڭلەپ تۇرۇۋالسىلا، «يا سۇف» دەپلا سىلىگە ماي چىقىرىپ بېرەلمەيمەن ـ دە!

— نېمە؟ مۇشۇمۇ ئۇماچما؟ تامغا سۇۋايدىغان شىلىمنىڭ ئۆزى بوپتۇغۇ بۇ؟ ئۇننى ئاياپراق ئىشلەتسىلە بولمامدۇ؟ سىلىنىڭ بۆز خالتىلىرىدىن تۆكۈلمىسىلا مەيلىمۇ؟ بىلىپ قويسىلا، بىر ئادەمنىڭ ئايلىق نورمىسى ئوتتۇز جىڭ، يىگىرمە جىڭى قارا ئاش، ئون جىڭى ئاق ئاش، ئۇننى قازانغا كۆردۈم دېمەي مۇنداق تۆكۈۋەرسىلە، چەكلىك نورما قانداق يېتىدۇ؟ ئۇن تۈگىسە،

سىلىنى ئون جىڭ قوناقتا تېگىشكىلى بولامدۇ، ئاپئاق خېنىم؟

— ئاشۇ سىلىنىغان كالا گۆشى قېنى؟ ئون جىڭ گۆش سىلىنىغان ئاشتىن چىۋىنىنىڭ قانتىدەك گۆش چىقىمىدىغۇ؟ مۇنداق كېتىۋەرسە، قازان بېشىدىكىلەر كېيىنىگە چىچىپ ياتىدۇ جۇمۇ؟ ئاچ كۆزلۈك دېگەننىڭمۇ چېكى بولۇشى كېرەك. ھېچكىم كۆرمىدى، ھېچكىم بىلمىدى دېگەن بىلەن، ئىگىسى بار يەر بۇ، سورىقى يوق ئىش نەدە ئىكەن؟...

ۋاي – ۋۇي، ئۇنىڭ تاپمايدىغان گېپى يوق. يىلدىن سېسىق ھەممە گەپلەرنىڭ ئۆزىگە قارىتىپ دېيىلىۋاتقىنىنى سېزىپ تۇرغان ئايجامال نېپىز لەۋلىرىنى چىشلىگىنىچە يەرگە قاراپ تۇرۇۋالاتتى. توختايۇپنىڭ ئاشۇ چاغدا ئۆزىگە يېلىنىپ يالۋۇرغىنى؛ ناۋادا گېپىگە كىرسە، خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىدىغانلىقى؛ پۇل دېگەننى غازاڭدەك خەجلەپ، ئىزىنى ئۆچۈرۈۋەتسىلا بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئېيتىپ ئىچۈرۈشلىرى، بازار ئايلىنىپ كىيىم – كېچەك ئېلىپ بەرمەكچى بولغىنى، يالغۇز قالغاندا ئۇنىڭ ئۇ يەر – بۇ يەرلىرىنى سىلاپ – سىيپاشلىرى... مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا ئايجامالنىڭ تېنى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەندەك تىكەنلىشەتتى. ئۇ توختايۇپنىڭ تەگەشلىرىگە سۈكۈت قىلىش ئارقىلىقلا قارشى تۇراتتى. بۇنداق سۈكۈتمۇ بىچارە توختايۇپنى تېرىكتۈرۈپ جېنىنى چىقىراتتى.

قەھرىتان قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقى دەممۇدەم كۈچەيمەكتە ئىدى. ياز بويى بوزىرىپ ياتقان شىۋاقلىق دالا ئەمدىلىكتە توختايۇپنىڭ يۈزىدەك قارامتۇل تۈسكە كىرگەنىدى. غۇيۇلداپ سوقۇپ تۇرغان ئاچچىق شامالدا تىترەشكە باشلىغان قومۇش غوللىرى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ غەش قىلاتتى. يىراقتا — كۆل چېچىۋەتكەندەك تۇمانلىشىپ تۇرغان ئۇپۇقتا «راكېتا»نىڭ دەل – دەرەخلىرى، باغ – ئورمانلىرى، ئۆي – ساتمىلىرى قارىيىپ كۆرۈنەتتى. قىش كىرگەندىن بېرى بارغانسېرى ئۇلتۇرۇشۇپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان پاكار ئۆيلەرنىڭ مورىسىدىن كۆتۈرۈلگەن

ئاقۇچ تۈتۈن مانانلىشىپ تۇرغان ئاسمانغا ئېرىنچەكلىك بىلەن كۆتۈرۈلەتتى. ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئىتلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدا كاڭشىشلىرى ئەمەلىيەتتە قىشنىڭ تاشتىن قاتتىق كۈنلىرى ئۈستىدىن كىمگىدۇر دادلىنىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

بۈگۈن يېكەنلىك مەيداندىكىلەر رەتلىك تىزىلىپ، توختايۈپنىڭ يول باشلىشى بىلەن «راكېتا»غا قاراپ يول ئالدى. پۈشتىكىنى پات ـ پات كۈركىرىتىپ، ئىككى رەت بولۇپ كېتىۋاتقان ياشلارغا كاماندا بېرىۋاتقان توختايۈپ بۈگۈن خېلىلا روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ بېشىغا ماش رەڭلىك ھەربىيچە قۇلاقچا، ئۈستىگە سېرىق تاشلىق قېلىن جۇۋا كىيىپ، بېلىگە خۇرۇم كەمەر باغلىۋالغانىدى. ئۇ مۇشۇ كىيىملىرى بىلەن ھەربىي سەپكە ئاتلانغان يېڭى ئەسكەرگە ئوخشاپ قالغان، قەدەم ئېلىشلىرىمۇ شۇنچە يەڭگىل، دەممۇدەم ئالدى ـ كەينىگە تاشلىنىپ تۇرغان قول ھەرىكىتىمۇ شۇنچە سىلىق ئىدى. ئۇ ئاشۇ چاققانلىقى بىلەن ئەمدىلا قىرانىغا يەتكەن يىگىتلەرگە ئوخشاپ قالغانىدى.

ئۇلار «راكېتا»غا يېتىپ كەلگەندە كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنىدى. كۆل رەڭلىك ئاسماندا پارقىراپ تۇرغان نۇرسىز قۇياش ئادەمگە سوغۇق كۈلۈپ تۇرغاندەك تەسىرات بېرەتتى. «راكېتا»نىڭ كوچا ـ كويلىرىدا ئۇچرىغان قېرى ـ چۈرىلەر، قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىغا پەرۋا قىلماستىن، بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئويناۋاتقان بالىلار، يول بويلىرىدىكى كۆللۈكلەردە دان ئىزدەپ تېپىچەكلىشىپ يۈرگەن توخۇلار، چەللىلەردە دۈگدىيىپ ئولتۇرغان قۇشقاچلار... ھەممىسى شىپپىدە توختاپ، بۇ يېڭى كەلگۈندىلەرگە ـــ ئىككى رەت تىزىلىپ كېتىۋاتقان ياشلارغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قېلىشقانىدى. مەڭزىلىرى تاغ ئالمىسىدەك قىزارغان بالىلار ئۆيلىرىنى تاشلاپ، بۇرنىدىن سارقىپ چۈشەي دەپ قالغان پوتلىسىغىمۇ پەرۋا قىلماستىن ئۇلارنىڭ كەينىگە چۈشۈشتى. قېلىن چاپانلارغا چۆمكىنىپ، بويۇنلىرىغا يۇڭ شارپا ئورىۋالغان ياشلار تاشلاندۇق باغلارنىڭ

ئەتراپىدىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان توپىلىق يول بىلەن مېڭىپ، بىر دۆڭنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان «راكېتا» چوڭ ئەترىتىنىڭ كالا ئېغىلى ئالدىغا كېلىپ توختاشتى.

بۇ يەردە دېھقانلار ھە ـ ھۇ دېيىشىپ قىغ چىقارماقتا ئىدى. تۆمۈر ئارىلىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئاياللارنىڭ قولىدىكى تاغارلارغا قىغ ئۇسۇۋاتقان ئەرلەر ئۇستۇۋېشىدىكى تۆپىلىكى يىرتىلىپ كەتكەن كونا تەلپەك، ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن مازلىرى چۇۋۇلۇپ چىققان، پەشلىرى سوغۇق شامالدا لەپىلدەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن چاپان، كاسىسى يىرتىلىپ ، تىزلىرىغا ياماق سېلىنغان پۇرلەش ئىشتانلىرىغا پەرۋا قىلماستىن، ئېغىل ئەتراپىغا يېتىپ كەلگەن زىيالىي ياشلارغا قاراپ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قېلىشتى. ئېغىر قىغ تاغارلىرىنى يۇدۇۋېلىپ، بەللىرى قىسماق گۈندىسىدەك ئېگىلگەن ئاياللارمۇ ئورنىدا توختاپ، سەل پەسكە چۈشۈۋالغان تاغىرىنى ئۆرىدىگىنىچە ئۇلارغا قارىدى. شۇنداق، بىر توپ قىز ـ يىگىتنىڭ سەپ تارتىپ كېلىشى «راكېتا»لىقلارنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇرغانىدى. ئەزەلدىن «راكېتا»دىن چىقىپ باقمىغانلار كوپىراتسىيىنىڭ مۇشەققىتىنى بىزلا تارتىمىز دەپ ئويلىشاتتى. ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقىنىڭ تۆت ئىكەنلىكى ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. مانا ئەمدى ئۇچىسى قىچىشىپ، تۈگمەننىڭ ئالدىغا ئۆزلىرى كېلىشكەن بۇ ئەخمەقلەرنى كۆرگەندە ئۇلار نېمىشقىمۇ ھەيران قالمىسۇن؟ «راكېتا»دىكىلەر يېكەنلىك مەيدانغا بېرىپ كەلگەنلەردىن: «ئۇ يەرگە بىر توپ ئاق نانچىلار كەپتۇ. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتسە ئەتىر سوپۇننىڭ پۇرىقى كېلىدىكەن. ئۇلار كەتمەننى ئېگىز كۆتۈرۈپ، يەرگە ئاۋايلاپ سېلىپ ئۆزلىرىچە بوز يەر ئېچىۋېتىپتۇ» دېيىشكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. «راكېتا»نىڭ قىز ـ جۇۋانلىرى بەزى يىگىتلەرنىڭ: «يېكەنلىكتىكى قىزلار بىر ـ بىرىدىن شوخ، دان سۈيگە قانغان كۆكۋاشتەك تولغان، ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان سەتەڭلەر ئىكەن. ئۇلار بىلەن چۈشۈڭدە بولسىمۇ بىرەر قېتىم يايرىۋالساڭ،

نېمە ئارمان...» دەپ تىللىرىنى تامشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچى ئاچچىققا تولغاندى. مانا، ئەمدى ئۇلار ئۆزلىرى سەپ تارتىپ بۇ يەرگە ئاياغ بېسىشقاندى. شۇڭا، تاغار يۇدۇۋالغان ئايالLARنىڭ كۆزلىرىدىن تەئەججۇپ، ئۆچمەنلىك ئارىلىشىپ كەتكەن سوغۇق ئۇچقۇنلار چاقنىماقتا ئىدى.

— يېكەنلىكنىڭ ئەزىمەتلىرى ياردەمگە كەلدى، — دېدى توختايۇپ كالا ئېغىلىنىڭ ئالدىدىكى كەڭ مەيداندا پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇرغان سېكرېتارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۈنلۈك ئاۋازدا، — زىيالىي ياشلار قىغ چىقارغاچ ھەرقايسىلىرىدىن قايتا تەربىيە ئالماقچى. بىز قىلغۇدەك ئىش بولسا ئورۇنلاشتۇرسىلا.

سېكرېتار ئۆزىمۇ تويىمىغان ھالدا نار تۆگىدەك لوڭگىدە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ سەل قىزارغان كۆزلىرىنى ئىككى رەت تىزىلىپ تۇرغان ياشلارغا، توغرىسى، قىزىل شارپىلىرىنى بوينىغا تاشلاپ، شاپتۇل چېچىكىدەك قىزىرىپ تۇرغان قىزلارغا ھەۋەس بىلەن تىكتى. ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ بۇرۇتى چاشقاننىڭ تىۋىشىنى سەزگەن مۈشۈكنىڭكىدەك دوردايدى. ئۇ سەپ ئىچىدىكى قىزلارغا بىرھازا قارىغاندىن كېيىن، ئېغىزىغا يىغىلغان سېرىق سۆلارنى غۇرتتىدە يۇتۇۋەتتى ۋە نەزىرىنى توختايۇپقا يۆتكىدى. چىرايى بىر قىزىرىپ، بىر تاتىرىپ تۇرغان توختايۇپ تېخىچە سېكرېتارنىڭ ئېغىزىغا قاراپ تۇراتتى.

— ھە... ھە... ھە، كەلگىنىڭلار ئوبدان بوپتۇ، — دېدى سېكرېتار سەل دۇدۇقلاپ، — بىزمۇ شۇ تۇرقىدا تازا ئادەم سېغىنىپ تۇراتتۇق. خوش، باشلاپ كەلگەن ئادەملىرى نېمە ئىشلارنى قىلالايدۇ؟

— «راكېتا»لىقلارغا ئوخشاش قىغ چىقىرالايدۇ، بوز يەر ئاچالايدۇ، تېرىقچىلىق قىلالايدۇ، سىلى بۇلارنى بوش چاغلىمىسىلا، سېكرېتار. سىلىنىڭ قوللىرىدىن نېمە كەلسە، ئۇلارمۇ شۇنى قىلالايدۇ.

سېكرېتار توختايۇپنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ

قويدى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، سەپ ئىچىدىكى قىزلارغا يەنە بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، توختايۇپقا يۈزلەندى.

— بوپتۇ، سىلى بىلەن ئەمدى چاقچاقلىشىپمۇ يۈرمەيلى، ھەممىسى ئۆز بالىلىرىمىزدەك، تېخى تىرنىقى قاتمىغان بۇركۇت چۈجىلىرى ئىكەن. ئەستاغپۇرۇللا شەيتان دېمىسەك بولمايدۇ. بۇلار تويغا ماڭغان جۇۋانلاردەك ياسىنىپ - تارىنىپ كېلىشىپتۇ. قىغ چىقار دېسەك، كىيىملىرى پاسكىنا بولۇپ كېتەرمىكىن؟

— ھېچقىسى يوق، — دېدى توختايۇپ ئۈستىدىن تاغ يىقىلـ- غاندەك يېنىك تىنىپ قويۇپ، — بۇلارمۇ ئىش - ئەمگەكتە پىشمىسا، قانداقمۇ دېھقان - چارۋىچىلاردىن قايتا تەربىيە ئالدى دېگىلى بولسۇن؟ قانداق ئىش بولسا خاتىرجەم ئورۇنلاشتۇرۇۋەرسىلە، ھۆددىسىدىن چىقىشقا قۇربىمىز يېتىدۇ.

سېكرېتار قولىنى كۆيدۈرۈۋشكە باشلىغان موخوركىسىنى ئاخىرقى قېتىم بىرنەچچىنى شورىدى - دە، ئىتتىككىلا يەرگە تاشلىدى. ئۇ بېشىنى قاشلاپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، توختايۇپقا دېدى:

— بوپتۇ ئەمىسە، قىزلار ماۋۇ پاخمۇۋاش سېكىلەكلەر بىلەن قىغ توشۇسۇن، ئوغۇللار ئاۋۇ تەرەپتىكى ئات ئېغىلىغا بېرىپ قىغ چىقارسۇن، ئۇلارغا ئايرىم ۋەزىپە بېرىپمۇ يۈرمەيلى. ھەرقايسىڭلار بىر ھېسابتا بىزگە مېھمان، شۇڭا كۆچۈڭلارنىڭ يېتىشىچە ئىشلەڭلار. شۇنداق قىلسا بولارمۇ، تۇ مۇدىر؟

توختايۇپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇ سېكرېتارنىڭ بۈگۈنكى سىلىق مۇئامىلىسىدىن قەۋەتلا سۆيۈنگەندى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ، تېخىچە سەپنى بۇزماستىن قاقىرلاردەك بويۇنلىرىنى سوزۇۋشۇپ تۇرغان ياشلارنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلەلمىگەندەك ئازراق تۇرۇۋالدى ۋە گېلىنى قىرىپ قويۇپ ئۇنلۇك ئاۋازدا دېدى:

— قىزلار مۇشۇ يەردە قېلىپ قىغ توشۇيدۇ. ئوغۇللار ئات ئېغىلىغا بېرىپ قىغ چىقىرىسىلەر، ھۇرۇنلۇق قىلىشقا،

لىڭتاسىمىلىق قىلىشقا رۇخسەت يوق. كىمدە ـ كىم شۇنداق قىلىپ، زىيالىي ياشلارنىڭ، يېكەنلىك مەيدانىنىڭ يۈزىنى تۆكسە، مەن ئاياپ ئولتۇرماستىن، ئۇنداق ئادەمنىڭ ئانا ـ مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن. ئوغۇللارغا شەمشىدىن، قىزلارغا مەلىكىزاد مەسئۇل بولىدۇ. ئەمىسە گەپ چۈشىنىشلىك بولغان بولسا، قازىنىغا دەز كەتكەن سەپرا كېلىنىدەك چەكچىيىپ تۇرماي ئىشىمىزغا بارايلى.

توختايۇپنىڭ بۇيرۇقى بىلەن سەپ بىردىنلا بۇزۇلدى. ئوغۇللار شەمشىدىنگە ئەگىشىپ سېكرېتار كۆرسەتكەن ئات ئېغىلى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. قىزلار يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە تېخىچە هاڭۋېقىپ تۇرۇشقان ئاياللارنىڭ قولىدىكى تاغارغا ئېسىلىشتى. مەلىكىزادمۇ تارغاق يېقىن يولىمغىلى خېلى بولغان پاخما چاچلىرىغا سامان، قومۇش قۇلاقلىرى يېپىشۋالغان سەپكۈن يۈزلۈك بىر چوكاننىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ مۇرىسىدىن چۈشۈپ قالاي دېگەن تاغارغا قولىنى سۇندى.

— ئا...ي خېنىم، — دېدى چوكان ئىتتىكلا، — سەۋزە كۆكى يۇلۇپ باقمىغان قوللىرىنى مەينەت قىلىۋالمىسىلا، بولدى تۇتمىسىلا...

سېكرېتار تىزلىرىغا شاپىلاقلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. يالىڭاچلانغان تېرەككە قونۇۋېلىپ، قىشنىڭ ئاچچىق سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن توك قاغىنىڭ قاقىلدىشىنى ئەسلىتىدىغان بۇ كۈلكە ئاۋازى مەلىكىزادنى بەكمۇ هەيران قالدۇردى. ئۇ چوكاننىڭ سۆزىدىكى قايسى مەنىنىڭ سېكرېتارنى بۇنچە كۈلدۈرۈۋەتكىنىگە ئەقلى يەتمىگەن هالدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى...

## 13

زېرىكىشلىك كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. هەش ـ پەش دېگۈچە يېڭى يىل يېتىپ كەلدى. هارپا ئاخشىمى

نەجمىدىن يېكەنلىك مەيداندا تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ شەمشىدىن، خۇدابەردى، ئوبۇلتالىپ قاتارلىقلارنى يېڭى يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن «راكېتا»غا چىللاپ كەلگەنىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ توختايۇپنىڭ بىر ئاز ئاچچىقى كەلدى. بىراق، نەجمىدىن «راكېتا» چوڭ ئەترىتىنىڭ سېپالكىچىسى بولغاچقا، كېلەر يىللىق كۈزگى تېرىش ئىشىنى ئويلاپ، ئۇنىڭ يۈزىنى قىلغان بولدى.

— تېز بېرىپ تېز قايتىڭلار، بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىسۇن.

خۇدابەردى نەجمىدىنگە ئېيتىپ تاشپولاتنىمۇ چاقىرىۋالدى. قېلىن كىيىنگەن تۆتەيلەن ساھىبخانىغا ئەگىشىپ «راكېتا» تامان يۈرۈپ كەتتى.

هارارەتسىز قۇياش بىردەمدىلا بۇلۇتلار قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئەتراپنى گۇگۇم قوينىغا ئالدى. كەچ كىرىشكە ئەگىشىپ كۈچىيىۋاتقان ئىزغىرىن شامال ئادەمنىڭ بۇرۇن - قۇلاقلىرىنى هەريدەك چاقاتتى. شەمشىدىن بىلەن نەجمىدىن پاراڭلاشقىنىچە ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن خۇدابەردى، تاشپولات تۇرسۇن ۋە ئوبۇلتالىپلار غاز قانىتى بولۇپ ئەگىشىپ كەلمەكتە ئىدى. بارغانسېرى قويۇقلىشىپ بېرىۋاتقان گۇگۇم پەردىسى ئىچىدە ئۇلارنىڭ قولىدىكى تاماكىنىڭ بىر يېنىپ، بىر ئۆچۈۋاتقان چوغلىرى ئېنىق كۆرۈنەتتى.

ئۇلار شىۋىرغاننىڭ شەپىسى كېلىۋاتقان نەمخۇش هاۋادىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالاتتى. چويۇندەك قېتىپ كەتكەن يولدىن تاراقلىغان ئاياغ تىۋىشى كېلەتتى. ئۇلار يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن توپىلىق يولدىن كۈزگى تېرىلىپ توڭ ياتقۇزۇلغان ئېتىز تەرەپكە بۇرۇلدى.

— بۇ يەردىن ماڭساق، بىر ئورام موخوركا چەككۈچىلىك ۋاقىتتا «راكېتا»غا يېتىپ بارىمىز، — دېدى نەجمىدىن تاشلانمىغان جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، — يول خېلىلا قىسقىرايدۇ.

يېڭىلا تېرىلىپ، سوغۇق چۈشۈپ بولغۇچە ئۈنۈپ چىققان بۇغداي مايسىلىرى قىشنىڭ قاتتىق سوغۇقىدا رەڭگىنى يوقاتقانىدى. يەرگە چاپلىشىپ ياتقان مايسا قۇلاقلىرى قارىداپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئاشۇ مايسىلارغا پەرۋاسىزلىق بىلەن دەسسەپ كېتىپ باراتتى.

— «راكېتا»دا ئىشلار ئالدىراشمۇ؟ — سورىدى شەمشىدىن.

— كۆزدىن بېرى بەكلا ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، — دېدى نەجمىدىن قولىدىكى تاماكا قالدۇقىنى چۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، — ئىشنىڭ تولىلىقىدا باشنى قاشلىغۇدەكمۇ ئارامچىلىق يوق. هاشارغا بېرىپ بىر - ئىككى ئاي سىرتلاردا تۈنەپ يۈرگەچكە، خوتۇن ئانىسىنىڭكىگە ياماناپ كەتكىلى تاس قالدى. ئالدىنقى بازار كۈنى ئىككى كويغا بۆز ياغلىقتىن بىرنى ئېلىپ بېرىپ، ئاران توختىتىۋالدىم ئۇنى... شۇڭا سىلەرنىمۇ يوقلاپ كېلەلمىدىم.

— هاشار بىلەن بولۇپ كېتىپ خوتۇنىسىز قالغىلى تاس قاپسىز - دە، نەجمىدىن.

— شۇ ئەمەسمۇ؟ ياز كۈنىغۇ كېتىپ بارىدۇ، قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە يوتقاننى يالغۇز ئىسسىتماق ئاسان ئەمەس. خوتۇنمۇ دەل شۇنى بىلىپ قالغاندەك مېنى تار يەردە قىستىدى. قانداقلا بولسۇن، ئۇنى ئېلىپ قالدىم. ئەمدى ئىككى كويلۇق ياغلىققا بۇرۇن - قۇلىقىدىن چىققۇچە تويغۇزىمەن ئۇنى...

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— سىلەرنىڭ قېشىڭلاردىمۇ چىرايلىق قىزلار تولا ئىكەن، — دېدى نەجمىدىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — هەممىشە يېنىڭلاردا بولغاندىكىن، ئىككى ئېغىز تاتلىق گېپى بىلەن يۈرەكنى ئويىنىتىپمۇ تۇرامدۇ ياكى جەننەتنىڭ مېۋىسىدەك كۆرگىلى بار، يېگىلى يوق سەتەڭلەرمۇ ئۇ؟

— بىز تېخى ئۇ تەرىپىنى ئويلاشمىدۇق، — دېدى شەمشىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — بەلكىم قىزلار بىزنى ماراۋاتسا كېرەك، شۇڭىمۇ ئۇلار قويۇنلىرىدا مانتا توشۇپ ئاۋارە...

ئۇ سۆزلەۋېتىپ خۇدابەردىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

— ئۇنداق قىلغىنىڭلار بولماپتۇ، — نەجمىدىن خۇدابەردىنىڭ پوكاندەك قىزارغىنىنى سەزمەستىن، يەنە گەپ باشلىدى، — بۇنداق ئىشلاردا ئوغۇل بالا دېگەن ھاكۈرىغاق بولمىسا بولمايدۇ. غۇنچە قىلىپ قۇلاققا قىسقۇدەك ئۇنداق گۈزەللەرنى گاھ دېسە قولغا قوندىغان دەمدەردەك ئۆگىتىۋالمىغان بولساڭلار، سىلەرنىمۇ تەمبەل يىگىت دېگىلى بولمىغۇدەك. موللامدىن ئاڭلىشىمچە، ئاياللار دېگەن ئەرلەرنىڭ كۆڭلى ئۈچۈنلا يارىتىلغانمىش. ياراتقان ئىگەمنىڭ ئۇممىدىنى يەردە قويۇپ، تېخىچە سالتاڭ يۈرگەن بولساڭلار، قاملاشمىغان ئىش قىلغان بولىسىلەر، ئاغىنىلەر. بىر ئەركەك ئۈچۈن ئايال كىشى دېگەن كاتتا ئىلتىپات ۋە مۇكاپات. شۇڭا، ئاياللارنى كۈلدۈرۈش، رازى قىلىش ئەركەكلەرنىڭ بويىنىدىكى قەرز ۋە پەرز! مەن بارغۇ، سىلەردەك چېغىمدا ئىككىنچى خوتۇننى كېيىش بازىرىغا يولغا سالغانمەن.

— نېمە؟ ھازىرقى خوتۇنىڭىز...

— ئۇ دېگەن خوتۇنلارنىڭ تۆتىنچىسى، — ئۆزىچە خىرىلداپ كۈلۈپ قويدى نەجمىدىن، — سىلەرنىڭ مەيداندىكى قىزلارنى كۆرۈپ، ئۇنىمۇ يولغا سېلىپ قويغۇم كېلىۋاتىدۇ شۇ تۇرقىدا. بىراق، سىلەرزە، «ياندىكى كاسىپنىڭ قەدرى يوق» دەپ، شۇنچە گۈزەل قىزلارنى قىسىر قويۇپ يۈرۈپسىلەر ئەمەسمۇ؟ يېزا دېگەندە بارغۇ، بۇنداق قىزلارنى ئۈسسۈز قويۇش گۇناھلىق ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ كەمدە نېمە ئەرزان دېسە، خوتۇن ئەرزان. ھازىر دېگەن بىر كۆڭلەكلىك گۈللۈك چىت، بىر تامباللىق خام خەسە، بىر جۈپتىن مەسە - كالاچ، بىر تال ھىلھىلە ياغلىق، بىر كەتمەن، ئىككى تاغار، بىرەر - ئىككى چارەك قوناق يارمىسى بولسىلا، چوڭ توي قىلىپ، بىر خوتۇننى يوتقانغا سولىغىلى بولىدۇ. مۇشۇنداق ياخشى ئىشنى سىلەرنىڭ بىلمەي يۈرگىنىڭلار قىزىق

دېسە...

— بىز دېگەن ئەمدىلا مەكتەپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىغان بالىلار، تېخىچە بۇ يەردە يېرىم ئوقۇغۇچى سالاھىيىتىدە يۈرۈۋاتىمىز. شۇڭا، خوتۇن ئالىمىز دېسەكمۇ رۇخسەت قىلماسلىقى مۇمكىن، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن پەس ئاۋازدا.

— رۇخسەت قىلسا ـ قىلمىسا بەربىر، كۆڭۈل دېگەن تەشكىل باشقۇرىدىغان نەرسە ئەمەس. قىزلار خالىسىلا، بۇنداق چەت ـ ياقا يۇچقاقلاردا نى ـ نى ئىشلارنى قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، ئاچقان يەرگە بارىدىغان قىزلاردىن بىرەرىنى ئاداش تۇتۇپ قويغاننىڭ زىيىنى يوق...

ئۇلار كۈلكە ـ چاقچاق بىلەن مېڭىپ، مەھەللىگە قانداق كىرىپ كەلگىنىنى تۇيمايلا قېلىشتى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بارغان بولۇپ، ئەتراپ پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق ئىچىگە غەرق بولغانىدى. قارا سىياھ تۆكۈۋېتىلگەندەك دۇغىلىنىپ تۇرغان ئاسماندا نە ئايدىن، نە يۇلتۇزلاردىن ئەسەرمۇ يوق. نەشتەردەك سانجىلىدىغان نەمخۇش شامال شۇۋىرغاندىن شەپە بېرىپ تۇراتتى. خۇدابەردى ئۆزىچە ئۇھ تارتىپ قويدى. ئۇ قارىيىپ تۇرغان قىش ئاسمىنىغا قاراپ، كۆكتە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇرىدىغان ياز كېچىلىرىنى خىيال قىلدى. قىش كۈنلىرى بەزىدە ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، كېچىلىرى ئاسماندا بىرى سامان چېچىۋەتكەندەك كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار تويپ پەيدا بولسىمۇ، ياز كۈنلىرىدىكىدەك يارقىن كۆرۈنمەيتتى. خۇدابەردى تۇيۇقسىز قىش ئاسمىنى بىلەن ياز ئاسمىنىدا پەيدا بولىدىغان يۇلتۇزلار ئوخشاش بولسىمۇ، ئادەمگە بېرىدىغان تۇيغۇسىنىڭ ئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ياز ئاخشاملىرىدىكى يۇلتۇزلار ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى، بولۇپمۇ ئاشىق ـ مەشۇقلار بۇنداق يۇلتۇزلۇق ئاخشاملاردا شېرىن مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ پەيزىنى سۈرۈشەتتى. قىش كۈنىدىكى يۇلتۇزلارنىڭ چاراقلىشى بولسا پەقەت پاھىشىنىڭ جىلمىيىشىدەك نازاكەتسىز ئىدى.

ئۇلار قاپقارا كۆرۈنىدىغان باغ چىتلاقلىرى ئارىسىدىكى يىلان باغرى چىغىر يولدا بىرپەس مېڭىشتى. قاراڭغۇلۇققا پاتقان مەھەللە ئادەمگە گۆرىستاندەك قورقۇنچلۇق ۋە سۈكۈتلۈك بىلىنەتتى. پەقەت قاراڭغۇلۇقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدە پىلىلداپ كۆرۈنۈپ قالىدىغان چىراغ يورۇقلىرىلا بۇ يەردە ھېلىھەم ھاياتلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلار گويا نەجمىدىننىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىققا ئەمەس، بەلكى قايسىبىر ئۆيگە ئوغرىلىققا كېتىۋاتقاندەك تىۋىش چىقارماستىن مېڭىشاتتى. بىر دوقمۇشتىن قايرىلغاندا ھويلىسىغا قارا چىراغ يېقىپ قويۇلغان بىر ئۆي ئۇلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. شال پارەكلىرىدىن ئاددىيلا ياسالغان قوش قاناتلىق دەرۋازا چوڭ ئېچىپ قويۇلغانىدى.

— كەلدۇق، — دېدى نەجمىدىن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — سىلەرنى مۇشۇنداق تاڭ - سوغۇقتا بىرمۇنچە يول ماڭغۇزدۇم، باسقان قەدىمىڭلارغا رازى بولۇڭلار، يىگىتلەر.

— سىزمۇ بىز ئۈچۈن ئاۋارە بولۇپ، بىرمۇنچە يول ماڭدىڭىز، شۇڭا سىزمۇ رازى بولۇڭ، ئاغىنە.

شەمشىدىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ قويغىنىچە ئىشىك ئالدىدا توختىدى.

— قېنى ئەمىسە، ئۆيگە مەرھەمەت، چوڭ ئەترەت باشلىقىمىز شەمشىدىننى ئىززەت - ئىكرام بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلايلى...

خۇدابەردىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

— تازا ھېرىپ ئاچقاندا، تولا ئويۇن چىقارماي يولۇڭغا ماڭغىنا، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭ يەلكىسىدىن ئىتتىرىپ، — بۇ يەردە مەن ئاۋۋال ماڭمىسام، باشقىلارغا تەخسىرات كېتىمدۇ دەيدىغان تۆرە غوجام يوق، ھەممىمىز ئوخشاش، قېنى مېڭىۋەر...

ئۇلار بىر - بىرىنى بىرئاز خوش - خوشلىغاندىن كېيىن،

ئاۋۋال خۇدابەردى، ئاندىن باشقىلار: «ئەسسالامۇئەلەيكۇم» دېيىشكىنىچە ھويلىغا كىرىشتى.

پاكىز سۈپۈرۈلگەن كەڭ ھويلا پىلىكى چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان قارا چىراغنىڭ يورۇقىدا غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ھويلىنىڭ بىر چېتىگە توختايۇپنى چۇكۇلداتقان ھېلىقى تەۋەررۈك سېيالكا توختىتىپ قويۇلغان بولۇپ، چىراغ يورۇقىدا قارىيىپ كۆرۈنەتتى؛ يەنە بىر چېتىدە كەتمەن – تاماق، ئارا – بۇقۇسا، ئورغاق – ئوتىغۇچ دېگەندەك نەرسىلەر دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى. قىيا ئوچۇق تۇرغان ئۆينىڭ ئىشىكىدىن تېخىمۇ يورۇق چىراغ نۇرى ھويلىغا چۈشۈپ تۇراتتى. ئاشۇ يورۇق چىقىپ تۇرغان ئۆينىڭ ئىچىدىن بىر نەرسىنىڭ تاكىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

— خوتۇن، مېھمان كەلدى، — دەپ ۋارقىرىدى نەجمىدىن ھويلىغا كىرىپلا، — قېنى، ئىشىكنى ئاچ!

ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا بىر ئايال ئىشىكنى ئاچتى. ئۆيدىكى چىراغقا كەينىنى قىلىپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ نەجمىدىننىڭ خوتۇنى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلغان شەمشىدىنلەر بىر ئېغىزدىن ئەھۋال سوراپ سالام قىلىشتى.

— قېنى، ئىچكىرى كىرىشسىلە، — دېدى ھېلىقى چوكان ئىككى قولىنى ھەدەپ پەرتۇقىغا سۈرتكىنىچە، — قازان بېشىدا تاقىلداپ يۈرۈپ ھەرقايسىلىرىنىڭ كەلگەنلىكلىرىنى ئۇقماي قاپتىمەن.

ئەمدى ئۇلار تەكەللۇپ قىلىشمىدى. شەمشىدىن ئىشىكى ئېچىۋېتىلگەن ئۆيگە بىرىنچى بولۇپ قەدەم باستى. لاپپىدە ئۇرۇلغان ئىسسىق ھاۋا ئۇنىڭ سوغۇقتىن مۇز پارچىسىدەك قېتىپ كەتكەن قۇلىقىنى سۆيۈپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن خۇدابەردى، تاشپولات تۇرسۇن، ئوبۇلتالىپلار بىر – بىرلەپ ئۆيگە كىرىشتى. ئۆي ئىچىگە شېشىسى پاكىز سۈرتۈلگەن كىرسىن چىراغ يېقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن تاراۋاتقان يورۇقلۇق

ئاقارتىلغان تاملارنى، تامغا تۇتۇلغان چوڭ گۈللۈك زەدىۋاللارنى، ئويۇقلارغا تىزىپ قويۇلغان جام ـ ئاياقلارنى، لىم ياغاچتىكى قۇرۇق تۇرغان قارلىغاچ چاڭگىلىرىنى روشەن يورۇتۇپ تۇراتتى. ئۆي ئىچى شۇنچىلىك ئاددىيلىقىغا قارىماي بەكمۇ رەتلىك ئىدى. سۇپىدىكى تامغا يۆلەپ قويۇلغان نەقىشلىك دۇتار چىراغ يورۇقىدا ياغلىق قاپاقنىڭ قورسىقىدەك پارقىرايتتى. ئىشىكنىڭ كەينىدىكى سىرلانمىغان ئىشكاپ ئۈستىدە ئىككى چايدان ۋە پىيالىلەر دۈم كۆمتۈرۈپ قويۇلغان بىر پەتنۇس قويۇلغانىدى. بۇ مەنزىرىلەر يېكەنلىككە كەلگەندىن بېرى يوغان ئامباردا يېتىپ ـ قوپۇپ، ئائىلە مۇھىتىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلىپ قالغان يىگىتلەر ئۈچۈن تېخىمۇ مېھىرلىك تۇيۇلدى.

— قېنى، يۇقىرى ئۆتۈڭلار، — دەپ تەكلىپ قىلدى نەجمىدىن ئۇلارنىڭ پالتوكتىلا تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ، — ھەرگىز تارتىنماڭلار، ئۆز ئۆيۈڭلاردىكىدەك يۇقىرى ئۆتۈڭلار، يىگىتلەر.

شەمشىدىن ئايغىنى سېلىپ، چىرايلىق گۈللۈك كىگىز سېلىنغان سۇپىغا چىقتى. قالغانلارمۇ تەرتىپ بويىچە ئۇنىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئىسسىق ئۆي، مېھرلىك ئائىلە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىللىتىپ، چەكسىز راھەت بېغىشلىغانىدى.

ئايال ساھىبخانا تەمتىرىگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سالدى. ئۇنىڭ سەپكۈنلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى. پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ مېھمانلارغا تۇتۇۋاتقاندىمۇ ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىترەشلىرىدىن پەتنۇستىكى پىيالىلەر بىر ـ بىرىگە يېنىك ئۇرۇلۇپ، بوشقىنا جىرىڭلاپ كەتتى.

— ھودۇقما خوتۇن، — دېدى نەجمىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — سېنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىڭنى دەيمەن ـ دە. ئىككى ئەركەكنى كۆرۈپ بولغۇچە يالاقلىرى يېيىلىپ، قۇيرۇقلىرى ئويناقشىپ كېتىدىغان جۇۋانلار بىلەن پەقەت خوشۇم يوق مېنىڭ. خوتۇن

دېگەن سېنىڭدەك يات ئەرلەرنى كۆرسە ھودۇقۇپ، قويغان ـ تۇتقىنىنى بىلمەي قېلىشى كېرەك. بىراق، بۇلارنىڭ ئالدىدا مۇنچىلىك تىترىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق. بۇلار دېگەن مېنىڭ ئاغىنىلىرىم، سېنىڭ ئىنىلىرىڭ بولىدۇ. شۇڭا، چىشلىرىڭنى كاسىلدىتىپ، كاچكۇلغا چۇشۇپ كەتكەن مېكىياندەك تىترەپ تۇرماي، ئەتكىنىڭنى تېزرەك داستىخانغا ئېلىپ چىق. بۇلار تېخى كەچلىك تاماق يېمىدى.

ئايال بېشىنى كۆتۈرمەستىن قازناق ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىرپەستىن كېيىن قازناق تەرەپتىن مەززىلىك پولۇ ھىدى كېلىشكە باشلىدى. يېكەنلىك مەيدانغا كەلگەندىن بېرى بۇنداق شاھانە تاماقتا ئېغىز تېگىپ باقمىغان ياشلارنىڭ ئېغىزىغا سېرىق سۇ لىق تولدى. ئۇلار دەممۇدەم ئېغىزىدىكى شۆلگەيلىرىنى غورتىلدىتىپ يۇتماقتا ئىدى.

نەجمىدىن ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بەردى. ئاندىن داستىخانغا چىلان ياغىچىدىن ياسالغان تاۋاقلاردا توخۇ گۆشى بېسىلغان پولۇ كەلتۈرۈلدى. ئۇلار ساھىبخانلارنىڭ ئالسىلا ـ باقسىلا دېيىشىنى كۈتمەيلا ئاشقا قول سۇنۇشتى. تېز ـ تېز سۇنۇلۇۋاتقان قوللاردىن ئۇلارنىڭ بىر كاپام بولسىمۇ ئاشنى جىقراق يەۋېلىشنىڭ كويىغا چۈشكەنلىكىنى پەرەز قىلىش قىيىن ئەمەس ئىدى. كونىلارنىڭ «ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ» دېگىنى دەل مۇشۇنى كۆرسەتسە كېرەك، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۈچ تاۋاق ئاش ئۇلارنىڭ ئاشقازىنىدىن ئورۇن ئېلىپ ئۈلگۈردى.

— ئاشتىن يەنە بارمۇ؟ — سورىدى نەجمىدىن قۇرۇقدالغان تاۋاقلارغا قاراپ قويۇپ.

ئايال تولىمۇ ئوڭايسىز بىر ھالەتتە ئېرىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ يېلىنغاندەك بېقىشلىرىدىن ئەمدى تۈگىدى، دېگەن مەنە ئېنىق چىقىپ تۇراتتى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى شەمشىدىن قولىدىكى ماي يۇقۇندىسىنى يۈز ـ كۆزىگە سۈرتكىنىچە، — ھېلىمۇ قورساق

يېرىلىپ كەتكۈدەك يەۋالدۇق، ئۆيدىن چىققاندىن بېرى بۇنداق ئېسىل تاماقنى ئۇنتۇپلا كەتكەنىكەنمىز. ھېلىمۇ سىلەرنى كۆپ ئاۋارە قىپتۇق، رەھمەت سىلەرگە.

— ئايجامالنىڭ ئۇمىچى بىلەن يۇندىدەك تېتىمىدىغان سۇيۇقئېشىنى ئىچىۋېرىپ پۇت - قولدا ماغدۇرمۇ قالمىغانىدى، ئەجەب تېتىدى بۇ ئاش...

شەمشىدىن تېخىچە قورۇق تاۋاقتىن كۆزىنى ئۈزمەي ئولتۇرۇپ سۆزلەۋاتقان ئوبۇلتالىپقا ھاي، دېگەندەك قاراپ قويدى. دېمىسىمۇ ئايجامالدا نېمە گۇناھ بار؟ ئۇماچ بىلەن سۇيۇقئاشنى ئۆزى چاغلاپ ئېتەلەمتى؟ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە شۇنچىۋالا ئادەمگە ئوخشىتىپ تاماق ئېتىشمۇ بىر گەپ - دە! ئايجامالنىڭ قولىدىن چىققانلىرىنىڭ ھەممىسى توختايۇپ تۇزۇپ بەرگەن تاماق تىزىملىكىدىكى تەلەپ بويىچە ئېتىلگەن تۇرسا. ئوبۇلتالىپنىڭ بۇنى چۈشەنمەي، قارا قورساقلارچە گەپ قىلغىنى خۇدابەردىنىڭ كۆڭلىگە كەلدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە ئۆيدىكى ئاناڭنىڭ ئەتكەن ئېشىمۇ تايىنلىق، ئوبۇلتالىپ، — دېدى شەمشىدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئۆيگە مېھمان ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، ئاچچىقىنى زورىغا بېسىۋالغان ھالدا، — ھەممە ئادەم قورساقنىڭ غېمىدە يۈرگەن بۇ كۈنلەردە كىممۇ ھەر كۈنى بەتتە پولۇ يەپ يۈرىدۇ دەيسەن؟ دەپتەردىكى نورماڭغا بېقىپراق گەپ قىلساڭ بولارمىكىن؟ ھەممىنى ئايجامالدىن كۆرسەڭ قانداق بولىدۇ؟ ھېلىمۇ ئۇ بىچارە قولىنى تاختا - نوغۇچ، چېچىنى سۈپرا قىلىپ، ھەرقايسىڭنى ئېلىپ قويغان خوتۇنۇڭدەك بېقىۋاتىدۇ. يەنە نېمە قىلىپ بەرسە بولاتتى ساڭا؟

— ناھايىتى توغرا گەپ قىلدىڭ، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن نەجمىدىن سۇنغان لۆڭگە بىلەن قولىنى سۈرتكىنىچە، — ئاشپەز دېگەننىڭ دەردىنى قازان بېشىغا بېرىپ باققان ئادەم بىلىدۇ. ھېلىمۇ ئۇ قىزلار چىداملىق ئىكەن. بىرەر يۈز ئادەمنىڭ

قورسىقىنى ئاچ قويماي كېلىۋاتىدۇ. يەنە كېلىپ، تاماق ئوخشىمىسا باشقىلاردىن دەشنەم يەپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ كۆپ ئىكەن. كۆزنى يۇمۇپلا ئۇلارنى ئۇ ـ بۇ دېسەك، ئىككىلا ئالەمدە قارا يۈز بولىمىز.

خۇدابەردى گەپ ـ سۆز قىلماستىن داستىخانغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. نېمىشقىكىن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئايجامال دېگەن ئىسىمنى ئاڭلىسا، قەلبىدە قانداقتۇر بىر تاتلىق سېزىم باش كۆتۈرىدىغان، يۈرىكى مەيىن شامالغا دۇچ كەلگەن ياپراقتەك بوش تىترەيدىغان بولۇپ قالغانىدى. گەرچە ئۇلار ئارىسىدا ئالاھىدە بىر مۇناسىۋەت بولمىسىمۇ، ئايجامالنىڭ ئاشۇ كۈنى بازارغا ماڭغانىدىكى تاتلىق كۈلكىسى ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تېخىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېغىزىدىن بولسا ئايجامال ئەكېلىپ بەرگەن مانتىنىڭ تەمى تېخىچە كەتمىگەنىدى.

شۇ ئارىدا ئۆيگە قارا چىبەرقۇتتا تىكىلگەن ئۇزۇن پاختىلىق چاپان كىيگەن، بېشىدىكى كۆرپە تەلپىكى بىلەن قاپقارا بۇرۇتلىرى بەكمۇ ماسلاشقان ئېگىز بويلۇق ئىككى يىگىت كىرىپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ بىرى تەمبۇر، يەنە بىرى قولىدا لىققىدە بىر نەرسە قاچىلانغان سۇلياۋ باك كۆتۈرۈۋالغانىدى. نەجمىدىن ئۇ ئىككىسىنى شەمشىدىنلەرگە تونۇشتۇردى:

— بۇلار مېنىڭ «راكېتا»دىكى ئەڭ يېقىن ئاغىنىلىرىم، بۇ ياقىنىڭ ئىسمى جامال، بۇ ياقىنىڭ توختى، ھەر ئىككىسى مۇشۇ مەھەللىلىك باللار. بۇلارنىڭ سىلەر بىلەن بەكمۇ تونۇشقۇسى بار ئىدى، شۇڭا چىللاپ قويغان. كۆڭۈللەرگە كەلمەس ـ ھە؟

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز نەجمىدىن؟ ئۇلار ئىلگىرى سىزنىڭ دوستلىرىڭىز بولسا، مانا ئەمدى بىزنىڭمۇ دوستىمىز بولۇپ قالدى. بۇنىڭ كۆڭۈلگە كېلىدىغان نېمىسى بار؟

— شۇنداق، كونىلار: «بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان» دەپتىكەن. بۈگۈن دىدار ـ مۇلاقەتتە بولدۇق، ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالىدىغانلىقىمىزدا گەپ يوق.

— بۈگۈن، — دېدى نەجمىدىن ھەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، — يېڭى يىلنىڭ ھارپا ئاخشىمى ئىكەن. مۇشۇ كېچە ئۆتۈپ كەتسە ھەممىمىز بىر ياشتىن چوڭ بولغۇدەكمىز. شۇڭا، كونا - يېڭى ئاغىنىلەر جەم بولۇپ يېڭى يىلنى تەبرىكلىسەك، دېگەن ئوي بىلەن سىلەرنى چاقىرغىلى بارغانىدىم. ھەرھالدا كۆڭلۈمنى يەردە قويماي كېلىپ بەردىڭلار. ئەمدى ئوبدان بىر ئولتۇرايلى، بولامدۇ؟

— بولمايدىغان نېمىسى بار؟ — تاشپولات تۇرسۇن موخوركا ئورىغىنىچە ھېلىقى ئىككى يىگىتكە يەر تېگىدىن قاراپ كۈلۈمسىرىدى، — سىز چاقىرمىغان بولسىڭىز، ئاشۇ چاشقان سۈيدۈكى پۇراپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ ئامباردا پەنەر چىراغنىڭ ئىسىنى يۇتۇپ، زامانىنىڭ يېتىملىرى سىياق ئولتۇرغان بولاتتۇق. سوغۇققا قارىماي كۆڭۈل ئىزدەپ بېرىپسىز، شۇ تۇرقىدا مەن بەكمۇ ھاياجانلىنىۋاتىمەن، ئەمدى مۇشۇ يەردە تۈننى تاڭغا ئۇلىساقمۇ مەن رازى.

— شۇنداق، «كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر» دېيىشىدۇ كونىلار...

— ئادەم دېگەن كۆڭۈل بىلەن ئادەم!

— «ئات مۇت بولسا، قوڭ چويۇندىن» دەپ ئاڭلىمىغانمۇ سىز؟ مۇشۇنداق قىش كېچىسىدە گالغا يېگىلى بەتتە پولۇ، ئولتۇرغىلى ئىسسىق ئۆي بولىدىغان بولسا، نەچچە كۈن دېسىڭىزمۇ بۇتتەك ئولتۇرۇۋېرىمىز بىز...

ئوبۇلتالىپنىڭ بۇ گېپىدىن ھەممەيلەن كۈلۈپ كېتىشتى.

جامال بىلەن توختى چاپانلىرىنى سېلىپ تامدىكى قوزۇققا ئىلىپ قويغاندىن كېيىن، سەل قورۇنغان ھالدا سۇپىغا چىقىپ، شەمشىدىننىڭ يېنىدىن ئورۇن ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھودۇقۇش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى يېكەنلىك مەيداندىن كەلگەن ئۆزلىرى دېمەتلىك يىگىتلەرگە قىزىقىسىنىپ قارايتتى.

قاچا - قۇچىلار يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن نەجمىدىننىڭ

ئايالى داستىخانغا تەخسىلەرگە ئېلىنغان قۇرۇق ئۈزۈم، يېمىش جىگدە، گۈلە ـ قاق دېگەندەكلەرنى تىزدى؛ ئاندىن پىيالىلەردىكى چاينى يېڭىلاپ قويۇپ، بىر ئىش بولسا چاقىرارسىز، دېگەندەك ئېرىگە قاراپ قويدى ـ دە، ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— كونىلار: «ھاڭرىغاننىڭ ھەممىسى ھاڭگا ئەمەس» دەپتىكەن، داۋراڭ قىلغانغا تۇشلۇق ئىش يوق. داستىخىنىمىنىڭ ھالى چاغلىق، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىلەر.

— بىز ھېلىلا كۆرۈشكەن ئادەملەر بولمىغاندىكىن، تولا تەكەللۇپ قىلىشمايلى، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭ ئەيىبكارلاردەك سورىغان ئۆزرىسىگە جاۋابەن. — مۇشۇ كۈنلەردە جاھاننىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمىزغۇ. ھېلىمۇ بۇ ئۆيدە مۇشۇ نازۇنېمەتلەر بار ئىكەن. داستىخاننىڭ بۇنچىلىك بېزەلگىنىدىن خۇش بولساق بولىدۇ، نەجمىدىن.

— توغرا.

— كۆڭۈلدىكىدەك گەپ بولدى، ئەمدى ئارتۇقچە تۇزۇت قىلىشمايلى.

خۇدابەردىلەر شۇنداق دېيىشكىنىچە داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشتى. نەجمىدىن ھېلىقى باكتىن بىر چەينەككە قانداقتۇر بىرنەرسىنى تۆكۈشكە باشلىدى. شۇئان ئۆي ئىچىنى ئېچىغان ئۈزۈمنىڭكىدەك چۈچۈمەل پۇراق بىر ئالدى.

— بۇ ئاغىنىمىز جامالنىڭ كۆڭلى، — دېدى نەجمىدىن داستىخانغا كېلىپ، قولىدىكى چەينەكنى كۆرسىتىپ، — بۇنى مەيزاب دەيمىز. ئاغىنىمىزنىڭ كۆكتات يېرىدە نەچچە تۈپ تېلى بار. ھەر يىلى بىر ـ ئىككى باك مەيزاب سالىدۇ. مۇشۇنداق يېقىن ـ يورۇقلار جەم بولغاندا مەردلىكى تۇتۇپ كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. تەمى بەك ياخشى. ئىچىپ باقساڭلار، ئۇنىڭ قولىغا ئاپىرىن دېمەي قالمايسىلەر.

ئۇ ئىككى ھېجىر چىنىگە مەيزاپ قۇيغاندىن كېيىن، بىرىنى ئۆزى ئېلىپ، يەنە بىرىنى شەمشىدىنگە سۇندى:

— قېنى ئاداش، ئىشنى يەنىلا ئىككىمىزدىن باشلايلى، يېڭى يىلىڭلارغا، يېڭى يېشىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!

شەمشىدىن ئىلگىرى بۇنداق ئىچىملىكلەرگە ئېغىز تېگىمەي باقمىغاچقا، ئارىسالدى بولۇپ بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. بىراق، ئۇنىڭ يەنىلا نەجمىدىنىنىڭ قولىنى قايتۇرغۇسى كەلمىدى، شۇڭا كۆزىنى يۇمۇپلا چىنىنى قولىغا ئالدى.

— مەن شۇ چاغقىچە مەيزاب دېگەننى ئىچىش تۇگۇل، ئىسمىنىمۇ ئاڭلاپ باقمىغان، بىراق دوستۇمنىڭ كۆڭلى بولسا، زەھەر بولسىمۇ ئىچىمەنغۇ بۇگۈن.

ئۇلار چىنىلىرىنى بىر - بىرىنىڭكىگە يېنىك تەگكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن بىراقلا كۆتۈرۈشتى. بىر يېرى تاتلىق، يەنە بىر يېرى ئېچىغان ئۆزۈم تېتىيدىغان قىرتاق سۇيۇقلۇق شەمشىدىنىنىڭ گېلىنى تاتلىغىنىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ بىر قولى بىلەن جاۋغايلىرىدىن سارقىغان مەيزاب تامچىلىرىنى سۈرتكىنىچە يەنە بىر قولى بىلەن بوشىغان چىنىنى نەجمىدىنگە سۇندى.

پىيالىلەر شۇ تەرتىپتە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئايلىنىشقا باشلىدى. خۇدابەردى، تاشپولات تۇرسۇن، ئوبۇلتالىپلار شەمشىدىنىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزىگە سۇنۇلغان چىنىنى گەپ - سۆز قىلماي ئىلىشتى. مەيزاب ئىچىش بىرھازا داۋام قىلغاندىن كېيىن، شەمشىدىن ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل قىزغىنلىقنىڭ پەيدا بولغىنىنى ھېس قىلدى. خۇدابەردىنىڭ چىرايىمۇ تاڭ پەيتىدە ئېچىلغان ئەتىر گۈلىنىڭ بەرگىلىرىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. شەمشىدىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئېچىلىپ ئولتۇر، ئاداش. گەرچە بۇ يەردە ئايجامالنىڭ گېپى چىقىپ قالغان بولسىمۇ، ئوبۇلتالىپ قەستەن دېمىدى. بۇ بىر ئۇقۇشماسلىق، شۇڭا ئۇنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، شەمشىدىن؟ مېنىڭ ئايجامال بىلەن نېمە ئىشىم بار؟ قارىسىغا گەپ قىلما.

— نېمە ئىشىڭلارنىڭ بارلىقىنى مەن بىلمىدىم. بىراق، بىر

قىزنىڭ توختايوْپنىڭ كوْزىنى غەلەت قىلىپ، قوينىغا تىقىۋالغان مانتىنى ئاتايىن بىراۋ ئوْچوْن توشوْپ يوْرگىنىنىڭ تېگىگە يەتكوْچىلىكىم بار. بوْنىڭ ئادەتتىكى موْناسىۋەت ئەمەسلىكىنىموْ چوْشىنىمەن. قارىغاندا، ھەممىمىزدىن سەن بوْروْن چىققوْدەكسەن. تەلىيىڭ كەلسوْن، خوْدابەردى. يېكەنلىك مەيداندا ئالمىنىڭ باش بوْرنىغا يەنىلا سەن ئېغىز تېگىدىغان بولدوْڭ، ئاداش...

— ئوْ كوْنى ئايجامال مېنىڭ ھارۋا يېنىمدىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى بىلگەچكە، شوْنداق قىلغان بولوْشى موْمكىن ياكى بولمىسا ئېشىپ قالغان مانتىنى تاشلىۋېتىشكە كوْزى قىيماي...

— بولدى، بولدى، تولا يوقىلاڭ سەۋەب كوْرسەتمە. قارىغىنا، خوْددى مېنىڭ ئالدىمدا ئەمەس، توختايوْپنىڭ ئالدىدا توْرغاندەك جىددىيلىشىپ كەتكىنىڭنى؟ بوْ دېگەن نوموْس قىلغوْدەك ئوْنچىۋالا يامان ئىشموْ ئەمەس. بىر قىزنىڭ سېنى ياخشى كوْرگىنى سېنىڭ بەختىڭ...

— نېمە دەپ پىچىرلىشىۋاتىسىلەر؟ — سورىدى ئوبوْلتالىپ.

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى شەمشىدىن ئولتوْرغانلارغا كەچوْروْمچىلار، دېگەندەك قاراپ قويوْپ، — ماۋوْ شە كوْرمىگەنگە ئىككى ئېغىز نەسىھەت قىلىپ قويدوْم شوْ، باشقا گەپ يوق. ھە راست، ئوبوْلتالىپ، ناۋادا سەن ئىشتاننى ياندىن ئىزمىلايدىغان ئايال كىشى بولوْپ قالغان بولساڭ، بىزگە كوْن يوق ئىكەن جوْموْ بوْ ئالەمدە. ھەممىگە توْل خوتوْندەك چېپىلىپلا يوْرىدىكەنسەن. خوْدابەردىگە ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بولغوْچە چېچىكىڭ توْكوْلوْپ كەتتىغوْ سېنىڭ؟

— شوْنداق قىلمىسوْن دەپ، ئاللاموْ مېنى ئەركەك قىلىپ ياراتقانىكەن، شەمشىدىن.

— بايا نەجمىدىن دېگەندەك، ھاڭرىغانىڭ ھەممىسى ھاڭگا ئەمەس ئوبوْلتالىپ.

— بىراق، مەن راۋوْروْس ھاڭگىلارغا ھاڭگا بولغوْدەك

ھاڭگا...

ئوبۇلتالىپنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇلار يەنە پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

— مەيلى سەن قانداق ھاڭگا بول، بۇ بەربىر. ھاڭگا دېگەننىڭ ئۆزى ئېشەك دېمەكتۇر. ئېشەك بىلەن ئادەمنىڭ پەرقى بار.

— ئېشەكنىڭمۇ بەزىدە ئادەمگە ئەسقېتىپ قالىدىغان تەرەپلىرى بولىدۇ...

كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئۆلتۈرۈپ ئىككى چەينەك مەيزاب ئىچىلىپ بولدى. ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، قۇشقاچ تىلى سايراشقا باشلىغانىدى. بىر چاغدا نەجمىدىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سورۇن ئەھلىگە مۇراجىئەت قىلدى:

— ئىچىدىغانىنىمۇ ئىچتۇق، دەيدىغانىنىمۇ دېدۇق، ئەمدى بىر ئاز ساز - پاز چېلىپ ئوينىمايلىمۇ، ئاغىنىلەر؟

— ناۋاتتەك گەپ بولدى، — دېدى ئوبۇلتالىپ تىزىغا مۇشتلاپ، — ئاشۇ كۈنى نەجمىدىن ئاداشنىڭ يېكەنلىك مەيداندا چالغان دۇتارى بىلەن ئوقۇغان ناخشىسى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

— ئەمىسە سىزدىن كەلسۇن، — دېدى شەمشىدىن تامغا يۆلەپ قويۇلغان دۇتارنى نەجمىدىنگە سۇنۇپ، — سىز بۈگۈن ھەم ساھىبخانا، ھەم سازەندە بولۇپ، سورۇندىن چاڭ چىقىرىۋېتىڭ، ئادىشىم...

— ساز دېگەن ماۋۇ ئادىشىمىز نىڭ قولىدا بۆلەكچە سايرايدۇ، — دېدى نەجمىدىن دۇتارنى ئېلىپ توختىغا سۇنغاچ، — «ئىسمى مەمەت توختى، دۇتار ئۇنىڭدىن قورقتى» دېگەن قوشاقمۇ دەل مۇشۇ ئاغىنىمىز ئۈچۈن توقۇلغان. مەن ئۆزۈمنى سورىماي دۇتارنى تىرىڭلىتىپ ئولتۇرسام، ئاغىنەم پىيادە قالغاندەك ئىش بولىدۇ. «قۇشقاچ بولسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دەپتىكەن، ئەڭ ياخشىسى، ساز يەنىلا دوستىمىزدىن كەلگىنى تۈزۈك.

ئەتىدىن بېرى سۆزگە ئارىلاشماي، نۆۋىتىنى جىممىدە ئىچىپ، بىر خىلدا ئولتۇرغان توختى نېمىشقىدۇر قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بولدى، ئۆزۈڭ چېلىۋەر، دېگەندەك قولىنى سىلكىدى. ئەمما، نەجمىدىن ئۇنىمىغىنىغا قارىماي دۇتارنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى. جامالمۇ تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ تارىلىرىنى تىرىڭلىتىشقا باشلىدى.

— موللىنىڭ ئالدىدا سوپىسى يورغىلىغاندەك، ھەرقايسىلىرىنىڭ ئالدىدا ئاتىكارچىلىق قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى توختى بىردەملىك تۇزۇتلەردىن كېيىن دۇتارنى قولىغا ئېلىپ، — «داڭدار ئۆكۈزنىڭ شىرىقى پوق» دەپتىكەن، بۇرادىرىمىزنىڭ داڭلاپ ئۇچۇرغىنىغا يارىشا كۆڭۈللىرىنى ئاللىمسام ئەپۇ قىلىشارلا. ساز دېگەن خوتۇن كىشىگە ئوخشايدۇ، ئۇنى قولۇڭغا ئالغاندا ئۆزۈڭنىڭ خاھىشى بويىچە بىر قېتىم تۇزىۋالمىساڭ، كەلسە - كەلمەس پەدىلەرگە كېتىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا، دۇتارنى ئوبدانراق بىر سازلىۋالاي...

ئۇ جامالغا قاراپ بېشىنى بىلىنەر - بىلىنمەس لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، دۇتارنىڭ پەدىلىرىنى بېسىپ، تارىسىنى چىڭىتىشقا باشلىدى. سازلار تەڭشىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن كۆز بېقىشىپ قويدى ۋە كۆزىنى يۇمۇپلا بىر ناخشىغا چېلىشقا باشلىدى.

دەردىم بۇدۇركى، ئى مەھلىقالار،
كۆيدۈردى ھىجرۇ دەردۇ بالالار.
قان بولدى باغرىم بۇ گۈلشەن ئارا،
ھېچ ھاسىل ئولماي ئارزۇ مۇرادلار...

دۇتار بىلەن تەمبۇر تەڭكەش قىلىنغان، مۇقام پارچىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەننىڭ ھەيرانلىقتىن ئېغىزى ھاڭ ئېچىلىپ قالدى. دېمىسىمۇ

توختىنىڭ ئاۋازى شوئنچىلىك يېقىملىق ۋە موڭلۇق ئىدىكى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن چىققان ھەربىر تاۋۇش گۈل بەرگىلىرىگە شۇۋىرلاۋاتقان تاغ سەلكىنىنى، شىرىلداپ چۈشۈۋاتقان جىرا چەشمىلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ تولىمۇ زىل تەڭشەلگەن دۇتارنىڭ پەدىلىرىنى ماھىرلىق بىلەن بىسىپ، يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تېگىدىغان ناخشىلارنى ئارقا - ئارقىدىن ئېيتماقتا ئىدى. شەمشىدىن، خۇدابەردى، تاشپولات تۇرسۇن، ئۇبۇلتالىپلار بۇ كۈيلەرنىڭ ئەۋجىدە مەستلىكى يەنىمۇ كۈچىيىپ كەتكەندەك، بېشىنى سالغىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. خۇدابەردى يېنىغا قاراپ، موڭلىنىپ ئولتۇرغان تاشپولات تۇرسۇننىڭ كۆز ياشلىرىنىڭ تاشاي دەپلا قالغىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ خىيال قۇشى ئاللىقاچان قومۇشكۆلدىكى ئانىسىنىڭ يېنىغا ئۇچقان بولسا كېرەك، كۆزلىرى ئالدىدىكى نامەلۇم بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالغانىدى. تاشپولات تۇرسۇننىڭ بۇ ھالىنى كۆرۈپ، خۇدابەردى ئۆزىچە ئېغىر خورسىنىپ قويدى.

ئولتۇرۇش ئالاھازەل يېرىم كېچىلەرگىچە داۋاملاشتى. ئەمدى دۇتار - تەمبۇر چالغانلارنىڭ قولى تېلىپ، ئاۋازى پۈتكەن، ناخشا تىڭشىغۇچىلارنىڭمۇ نېرۋىسى تالغانىدى. ئەڭ مۇھىمى، توختايۇپنىڭ: «تېز بېرىپ، تېز قايتىڭلار» دېگەن مۇقەددەس بۇيرۇقى شەمشىدىنلەرنى ئالدىرىتىشقا باشلىغانىدى. ئۇلار تاڭ يورۇماستىن بۇرۇن ياتاققا قايتىپ بارمىسا، ئۇ توڭگۇز پۈشتىنىڭ ئۆزلىرىنى بوش قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— كەلگەن مېھماننىڭ كەتمىكى بار، — دېدى شەمشىدىن نەجمىدىنگە ئۆزرە ئېيتىپ، — ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، بىز ئەمدى قايتايلى، ياخشى كۈتۈۋالغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت. پۇرسەت بولسا بۇ دوستلارنى باشلاپ يېكەنلىك مەيدانىغىمۇ ئۆتەرسىز. بىزنىڭ يولغا چىقىدىغان ۋاقتىمىز بولدى.

— مۇشۇ يەردە قونۇپ قالمامسىلەر؟ — سورىدى نەجمىدىن ھەيران بولۇپ، — ئاخشام ھاۋانىڭ ئەلپازى خېلىلا يامان تۇراتتى.

دېسەم ـ دېمىسەم سوغۇق ئەدەپ كەتتى شۇ تۇرقىدا. بۇ قاراڭغۇ كېچىدە قانداقمۇ يول يۈرگىلى بولسۇن؟ يوتقان ـ كۆرپىلىرىمىز كونا بولسىمۇ سىلەرنى توڭدۇرۇپ قويمايمەن. يېكەنلىككە ئەتە ئەتىگەن قايتىڭلارچۇ، باللار.

— باشلىقنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز، — دېدى شەمشىدىن ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ ئەسنىگەندىن كېيىن، — ئۇنىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىپ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولمايدۇ. تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرى ياتاققا بېرىۋالمىساق، يەنە ئىش چىققاندا ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچمىقىمىز تەس بولىدۇ. شۇڭا، بىزگە رۇخسەت قىلىسىڭىز.

— ئۇنداق يېرى بولسا ماڭساڭلار مەيلى. بىراق، تالا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىكەن. ئېگىز ـ پەس يوللاردا ماڭمىقىڭلار تەس بولارمىكىن؟

— ئادەم دېگەن يىقىلىپ ـ قوپۇپ چوڭ بولىدۇ، قاراڭغۇدا يىقىلىپ چۈشسەك قايتىدىن تۇرۇپ ماڭارمىز. قانداقلا بولسۇن، يېكەنلىككە قايتمىساق بولمايدۇ، ئاداش. بىز ئۈچۈن سالغان داستىخىنىڭلارغا رازى بولۇڭلار.

نەجمىدىنلەر ئۇلارنى ئۈزىتىپ مەھەللىنىڭ دوقمۇشىغىچە كېلىشتى.

— ئەمدى قايتىڭلار، — دېدى شەمشىدىن يېكەنلىك مەيدانىغا تۇتىشىدىغان يول ئېغىزىغا كەلگەندە ئۇلارنى توسۇپ، — كۆڭلۈڭلار تېگىل بولدى، رەھمەت. بىزمۇ يالغۇز بولمىغاندىكىن قايتىپ كېتەلەيمىز، خاتىرجەم بولۇڭلار.

نەجمىدىن، جامال، توختىلار كەينىگە ياندى. شەمشىدىن، خۇدابەردى، تاشپولات تۇرسۇن ۋە ئوبۇلتالىپلار يېكەنلىك مەيدانىغا تۇتىشىدىغان چىغىر يولغا چۈشتى.

سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى بارغانسېرى ئەدەشكە باشلىغانىدى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئىزغىرىن شامال قانداقتۇر ھەم سوغۇق، ھەم يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك بىرنەرسىلەرنى ئۇلارنىڭ

يۈزىگە ئۇراتتى. يۈزلەرگە ئۇرۇلغان ھېلىقى سوغۇق. نەمخۇش نەرسە ئادەمنىڭ تىنىقى بىلەن ئۇچراشسىلا مىژژىدە ئېرىپ كېتەتتى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇنىڭ نېمىلىكىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، يەرگە، كېتىۋاتقانلارنىڭ ئۈستىۋېشىغا شەپىسىز چۈشۈۋاتقىنىغا قاراپ، شەمشىدىنلەر ئۇنى قارمىكىن دەپ پەرەز قىلىشتى.

## 14

ئۇلار پەرەز قىلغاندەك كېچىدىن راستلا قار ياغقانىدى. تەبىئەت يېڭى يىلنى ئۆزىنىڭ ئاپئاق قارلىرى بىلەن كۈتۈۋالغانىدى.

خۇدابەردى ئەتىگەن تۇرۇپ، ھېلىقى تەۋەررۈك ئۆكۈزگە يەم بېرىش ئۈچۈن تالاغا چىقتى. ئەتراپ — ئامبارنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى مەيدانلار، كۆز يەتكۈسىز يۇلغۇنلۇقلار، قۇمۇشلۇقلار، چېقىرتىكەنلىكلەر، شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن كۆزگى بوغداي ئېتىزلىرى ئاپئاق قاردىن لىباس كىيگەنىدى. قار تېخىچە ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ئۇ چىڭقىلىپ ئاغرىپ تۇرغان چېكىسىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئامبارنىڭ كەينىدىكى دۆڭنىڭ نېرىسىغا سېلىنغان ئېغىل تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. دەل شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاخشام ئۇلار مېڭىپ كەلگەن يولدا ئىز بېقىۋاتقان بىرىنى كۆرۈپ قالدى. توختايۇپ... ئۇ تېخىچە ئاق لىباس كىيىشكە ئۈلگۈرەلمەي بۆرەك يېغىدەك ئالىتاغىل بولۇپ تۇرغان يولغا ئېگىشىپ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى كۆزەتمەكتە ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇلار دەسسىگەن يەر ئۇلارنىڭ ئىزىنى ئەينەن ساقلاپ قالماقچى بولغاندەك، يۈزىگە قونغان قارلارنى ئۇدۇللۇق ئېرىتىۋەتكەنىدى، نەملىشىپ ياتقان بوز توپىلاردا ئۇلارنىڭ قەدەم ئىزلىرى ئاق قەغەزگە ئۇرۇلغان تامغا ئىزىدەك شۇنداق ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

خۇدابەردى ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈن كۆرىدىغان كۈنى بارلىقىنى هېس قىلىپ، شەپە چىقارماستىن ئېغىلغا كىرىۋالدى. تېخىچە يورۇق چۈشمىگەن ئېغىل ئىچىدە كۆشەپ ياتقان قېرى ئۆكۈز خۇددى بىر دۆۋە كۆمۈردەك قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇ ئېغىلغا ئادەم كىرگىنىنى بىلىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى ۋە خۇدابەردىدىن تىنچلىق سورىغاندەك سوزۇپ مۆرەپ قويدى.

ئۇ توغراق ياغىچىدىن ياسالغان ئولاققا لىققىدە پوستەك تۆكتى. ئۆكۈز ئاستا كېلىپ ئولاقنى هىدلىدى ۋە «يەنە مۇشۇنى يەيمەنمۇ؟» دېگەندەك خۇدابەردىگە قاراپ قويدى. ئۆكۈزنىڭ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۈمۈش تەڭگىدەك پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

خۇدابەردى ئېغىل ئىچىدە دېلىغۇل بولۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۆكۈز تەقدىرگە تەن بەرگەندەك پۇشۇلداپ ئولاقنى هىدلاپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پوستەكنى پاراسلىتىپ يالماشقا باشلىدى. خۇدابەردى سىرتتىكى شەپىلەرگە زەن قويۇپ قۇلاق سالاتتى. بىر كەمدە سىرتتىن ئەتىگەنلىك چاي قاينىتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقان ئايجامالنىڭ يۆتەلگەن، قازانغا شارقىرىتىپ سۇ قۇيغان، ئوچاققا تاراقشىتىپ ئوتۇن تاشلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇشۇ شەپىلەر بىردىنلا ئۇنىڭغا هوشىنى تاپقۇزدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىق قىلىپ ئېغىلغا كىرىۋالغىنىدىن خىجىللىق هېس قىلدى.

— مەيلى، نېمە بولسا ئەل قاتارى كۆرمەمدىمەن؟ مېنىڭ تۇخۇ يۈرەكلىك قىلىپ ئېغىلغا كىرىۋالغىنىم نېمىسى؟ توختايۇپتىن قورقۇپ ئېغىل ئىچىدە بىر ئۆمۈر قالالمايمەن ـ دە ! هاممىنى ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدىغان گەپ. هەي، مېنىڭ دىتسىزلىقىم...

ئۇ شۇنداق پىچىرلىغىنىچە سىرتقا چىقتى. ئەتراپ خېلىلا يورۇپ قالغانىدى. قازان ئەتراپىنى يۈز ـ قولىنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىسسىق سۇ تىلەپ كەلگەن بىرمۇنچە ئادەم ئورىۋېلىشقانىدى. خۇدابەردىمۇ بىر بېسىپ، ئىككى چامداپ ئوچاق ئالدىغا كەلدى.

يۈزىگە قارا يۇقۇپ قالغىنىنى سەزمەي يۈرگەن ئايجامال ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە، تولا ئىشلىتىلگەنلىكتىن يېرىمى پۇچۇلۇپ كەتكەن قەلەي نوگاي بىلەن قازان بېشىدىكىلەرنىڭ قاچىسىغا ئىسسىق سۇ قۇيۇپ بەرمەكتە ئىدى. ئۇ ئېغىل تەرەپتىن كېلىۋاتقان خۇدابەردىنى كۆرۈپ، بېشىنى يېنىككىنە لىڭشىتىپ قويدى. بۇ ئۇنىڭ خۇدابەردىدىن ئەھۋال سورىغىنى ئىدى.

— نېمە، كېچىچە ئۆكۈزگە ھەمراھ بولۇپ ئېغىلدا ياتقان ئوخشىمامسەن؟ — بىر چەتتە ئېغىزىنى چايقاۋاتقان جېلىل سادىق ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى، — قاچاندىن بېرى ئۆكۈز بىلەن بىر ئۆيدە بولۇپ قالدىڭلا؟

— سەن ئۇنى تالاق قىلغاندىن بېرى...

ئەتراپتىن پاراققىدە كۈلكە ئاۋازى كۆتۈرۈلدى. قاق سەھەردە باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالغان جېلىل سادىق پوكاندەك قىزىرىپ كەتتى.

— ئىسسىق سۇ ئالىدىغان قاچىڭىز قېنى؟ — سورىدى ئايجامال كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا، — ياكى يۈز - قوللىرىڭىزنى ئۆكۈز قوشناچىم ئىسسىق تىلى بىلەن يالاپ قويدىمۇ بۈگۈن؟

خۇدابەردى ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشقا پېتىنالمىدى، شۇڭا ئۇ كۈلۈپلا بېشىنى چايقىدى.

— ئاۋۇ يەردە مېنىڭ قاچام بار، — دېدى ئايجامال ئاشخانا ئۈچۈن ئامبار ھېسابىدا تەييارلانغان بىر كىچىك ئۆينى كۆرسىتىپ، — غاچچىدە ئېلىپ چىقىپ يۈزىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ. ھېلى چاي قايناپ قالسا سۇ ئېلىپ بېرەلمەيمەن.

خۇدابەردى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇندى. ئامباردىكى ئەمبەل ئۈستىدە پاكىز يۇيۇلغان بىر گۈللۈك چىنە تۇراتتى. ئۇ ئەتراپقا يەنە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن، بۇ يەردە شۇ چىنىدىن باشقا قاچا يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئۇنى قولىغا ئالدى.

ئۇ يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چىنىنى ئايجامالغا سۇندى. قىزنىڭ چىرايى سوغۇقتىنمۇ ياكى ئۇچاقتىن كۆتۈرۈلگەن ئوتنىڭ تەسىرىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر چۆلدە ئېچىلغان چوغلۇق بەرگىلىرىدەك قىزىرىپ كەتكەندى. ئۇ چىنىنى ئېلىۋېتىپ خۇدابەردىگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. خۇدابەردىمۇ ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى ۋە خوجىلىق باشلىقى تارقاتقان بىر زاغرىنى ئېلىپ ياتىقىغا ماڭدى.

ناشتىدىن كېيىن توختايۇپ قار باسقان مەيداندا پەيدا بولدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى ئادەتتىكىدىن بەكرەك تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. قارىداپ كەتكەن چىرايىدا نۇر دېگەندىن ئەسەرمۇ يوق، بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىدە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترەككە سالىدىغان قەھرلىك ئۇچقۇنلار يالتىرايتتى. ئېغىزىدىن پۇرقۇپ چىقىۋاتقان ئىسسىق ھور ئۇنىڭ يۈرىكىدە گۈرۈلدەۋاتقان غەزەپ ئوتىنىڭ تۇتۇنىدەك كۆرۈنەتتى. قاغا قاق دېمەستە خۇيى تۇتۇپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ غەزەپلىك تۈرقىنى كۆرۈپ، ھەممەيلەننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. توختايۇپ قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە مەيداننى بىرنەچچە ئايلاندى ۋە نېمىگىدۇر غەزەپلەنگەن بۇقىدەك ھۆركىرىدى:

ـــ شەمشىدىن، قېنى سەن؟ ئاخشامقى ئالىقاناتلىرىڭنى ئېلىپ دەرھال بۇ يەرگە چىق!

شەمشىدىن، خۇدابەردى، تاشپولات تۇرسۇن، ئوبۇلتالىپلار بېشىنى سالغىنىچە ياتاقتىن چىقىپ، مەيداننىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا چاتلىرىنى مەغرۇر كېرىپ، شەھەر ئالغان گېنېرالدەك قېتىپ تۇرغان توختايۇپنىڭ ئالدىغا كېلىشتى. مۇشۇنداق ئىشنىڭ ھامىنى يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئاخشاملا پەرەز قىلغان شەمشىدىن ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى.

ـــ بىزدە ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىش دەيدىغان سىياسەت بار، ـــ دېدى توختايۇپ يەرگە چىرتىتىدە بىرنى

تۆكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، — مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم، شۇنداقتىمۇ ئاخشام قانداق چاغدا قايتىپ كەلگىنىڭلارنى ئۆز ئاغزىڭلاردىن ئاڭلاپ باققۇم بار. قېنى ئەمىسە، قۇلىقىم سىلەردە!

— ئا...ئاخشام بىز...شۇ...ئاخشام... — ئوبۇلتالىپ كېكەچلىگىنىچە ھەمراھلىرىغا يەرنىڭ تېگىدىن قارىدى.

— نېمە، تىلىڭنى قارلىغاچ چوقۇۋالغان پاشىدەك گىڭشىلدايسەنغۇ؟ — يەرنى قاتتىق تېپىپ ۋارقىرىدى توختايوپ، — گېپىڭ بولسا، ئالدىدا بىرنېمىسى بار ئوغۇل بالىدەك جاڭ - جۇڭ سۆزلىمەمسەن؟ ھۇ دادىسىنىڭ توخۇمى پاخشى چىقىپ قالغان ھارام تاماق.

— راست گەپنى قىلغاندا، بىز ئاخشام تاڭ كېچە بىلەن قايتىپ كەلدۇق، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە دادىللىق بىلەن تىكىلىپ، — بىز يولغا چىققاندا مەھەللىدە توخۇ تېخى بىرىنچى قېتىم چىللىغان.

توختايوپ سوغۇق ھىجىيىپ قويدى.

— راست گەپ قىلمىدىڭلار، — دېدى ئۇ گېلىغا پىچاق سورۇلگەن قېرى بۇقىدەك خارقىراپ، — ھەقىقەتەن راست گەپ قىلمىدىڭلار. مېنى بىلمەيدۇ، ھېچنېمىنى ئۇقمايدۇ دەپ ئويلىغان بولساڭلار، چۆچۈرىنى خام ساناپسىلەر، يىگىتلەر. مەن دېگەن بارغۇ، ھەرقايسىڭدىن يەتتە - سەككىز ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان ئادەم. مېنىڭ زېمىنىدىكى ئاياغ ئىزلىرىمۇ سىلەر كۆرگەن يۇلتۇزدىن جىق. ھېلىغۇ ھەرقايسىڭدەك سويمىلار ئىكەن، يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىكى يىلاننىڭ نېمە دەپ كۇشۇلدىغىنىنىمۇ بىلەلەيدىغان ئادەممەن. ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى كۆتۈرۈلسە تېزەك چۈشىدىغىنىنى بىلمەيدىغان ئادەمنى تەشكىلمۇ ھەرقايسىڭغا باش قىلىپ ئەكېلىپ قويمايدۇ. مەن سەنلەرنىڭ سەممىيىتىڭلارنى بىر سىناپ باقاي دېگەن، سىناقتىن ئۆتەلمىدىڭلار. بىر كېچە سىرتتا پالاقلاپ يۈرۈپ، بىرەرىڭلار قار ئاستىدا توڭلاپ قالساڭلار، مەن تەشكىلگە نېمە دەپ چۈشەندۈرەتتىم بۇ ئىشنى؟

قېنى سىلەردىكى تەشكىلىي تۈزۈم قارىشى؟ ئېغىلدىن چىقمۇالسا، ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلىدىغان بوز ھاڭگىمۇ سىلەردىن ياخشىراق. تېز بېرىپ، تېز قايتىڭلار دېگەن گېپىمنى قۇلاقتا تۇتساڭلار يامان بولامتى؟

— بىز ساق - سالامەت قايتىپ كەلدۇق، — توختايۇپكا. ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق...

— ئەمىسە بىرەرىڭىز ئۆلۈپ بەرسىڭىز بولامتى؟ — ئۇ ئوبۇلتالىپىنىڭ بۇ گېپىدىن بەكمۇ غەزەپلەندى. ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ غەزەپ كەلگىنىنى بويۇن تومۇرلىرىنىڭ بارماق توملۇقىدا كۆپۈپ چىققىنىدىن بىلگىلى بولاتتى. ئۇ يەرنى قاتتىق تېپىپ ۋارقىرىغىنىچە ئوبۇلتالىپىنىڭ كاچىتىغا چاڭگىدە بىرنى سالدى. شۇئان ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزىدە بەش بارماقنىڭ ئىزى قالدى... بىچارىنىڭ بۇرنى چۇۋۇلۇپ، پوتلىسى ئېقىشقا باشلىدى، — تېخى گۇناھىڭنى بوينۇڭغا ئالماي گەپ يورغىلىتامسەن، گۇژگىنەك؟ يېكەنلىك مەيداندا بىرەرىڭ ئۆلسەڭ، بۇ يەردىن ئىش چىقسا ياخشى بولامتى؟ نېمە دېگىنىڭ بۇ، سېرىق تۇك؟

ئۇ ئوبۇلتالىپقا قاراپ يەنە ئېتىلدى. بىراق، قاچانلاردىدۇر ئۇلارنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۆلگۈرگەن ھۇسىيىن مۇدىر ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى. توختايۇپ ئوبۇلتالىپقا زەنجىرلەنگەن ئىتتەك داپشىپ، ھۇسىيىن مۇدىرنى خېلى يەرگىچە دارقىرىتىپ سۆرەپ ئەكەلدى.

— ھەر ئىش بولسا چىرايلىق دېيىشەيلى، تۇ مۇدىر. بۇ دېگەن يېزىدا بولسا بىرەر - ئىككى بالىغا دادا بولۇپ قالىدىغان ئادەم. ناۋادا غورۇرىغا تېگىپ كەتسەك، تەربىيىمىزنىڭ ئۈنۈمى ئەكسىچە نەتىجە بېرىشى مۇمكىن...

توختايۇپنىڭ غەزىپى تېخىچە بېسىلمىغانىدى. ھۇسىيىن مۇدىرنىڭ ئۆزى تەرەپتە تۇرماي، مۇنۇ ياغاچ قۇلاقلارغا بۇلاشقىنى ئوتىنىڭ ئۇستىگە ماي چاچقاندەك ئۇنىڭ غەزىپىنى يەنىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ تىلىغا گەپ كەلمەيتتى، ئۇ قار

ئاربلاش تۆپىراقتىن قولىغا چىققۇدەك بىرنەرسە ئىزدەيتتى. چويۈندەك قېتىپ كەتكەن چالمىلارنى قومۇرماقچى بولۇپ يەرنى تاتىلايتتى. پىرقىراپ يۈرۈپ ئۇنىڭ يارىشىملىق سۆسەر تۇمىقىمۇ چۈشۈپ قالغانىدى.

— هە... هەممىڭ تەكشۈرۈشنامە يېزىپ، مېنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمنى كۈتۈش. مەن كۆرسىتىمەن. گېپىمنى ئاڭلىمىغانلارنىڭ، بويۇنتاۋلىق قىلغانلارنىڭ قانداق ئاقىۋەتكە قالىدىغىنىنى هەرقايسىڭغا كۆرسىتىپ قويىمەن...

هۆسىيىن مۇدىر ئۇنى بېلىدىن مەهكەم قۇچاقلاپ سۆرىگىنىچە ياتىقىغا ئەكىرىپ كەتتى. بىر كاچات يېگەن ئوبۇلتالىپنىڭ پوتلىسى تېخىچە ئېقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ شەمشىدىنىڭ كۆلكىسى قىستىدى.

— ناۋادا چىدىساڭ، بۇرنۇڭنى بىر تاشلىۋەتمەسمەن، ئوبۇلتالىپ؟ نېمانداق بۇرنۇڭدىن پوزا چىقىرىپ مىشىلداپ تۇرسەن؟ قارىغىنا، كۆرپىسىگە چېچىپ قويغان كىچىك بالىدەك ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يۈرگىنىڭنى؟ بولە تېز، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرمەي.

ئوبۇلتالىپ ئەمدىلا هوشىغا كەلگەندەك بولۇپ ئامبارنىڭ كەينىگە يۈگۈردى. بىرئازدىن كېيىن ئۇنىڭ كۈچەپ مىشقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. توختايۈپنى ياتىقىغا ئەكىرىپ قويۇپ چىققان هۆسىيىن مۇدىر ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئېيقى قەغەز، قارىسى سىياھ. بىر پارچىدىن تەكشۈرۈشنامە يېزىپ تاپشۇرۇپ بېرىڭلار، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — شۇنداق قىلىپ توختايۈپ سىلەرنى بىر قېتىم ئەدەپلىشۋالغان بولسۇن. بولامدۇ شەمشىدىن؟

ئۇلار بېشىنى لىڭشىتىشتى.

— ساهىبخانا قويۇۋەتمىسە بىزگە نېمە ئامال؟ مۇشۇ ئادەمنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ، شۇنچە كەچ بولۇپ كەتكىنىگە قارىماي قايتىپ كەلسەكمۇ يەنىلا ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمىدى.

ھۆسىيىن مۇدىر شەمشىدىنىنىڭ يەلكىسىگە بوش ئۇرۇپ قويدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن بىر يەرگە بارساڭلار، ئىلاج بار بالدۇر قايتىشقا ئالدىراڭلار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — توختايۇپنىڭ ئەنسىرىگىنىنىڭمۇ ئاساسى بار. «كوزا كۈندە سۇنماس، كۈنىدە سۇنار» دېگەندەك، ناۋادا بىرەر ئىش چىقىپ قالسا ھېچقايسىمىز ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بولالمايمىز. بولامدۇ، يىگىتلەر؟

— تەربىيە دېگەننى مانا مۇنداق بەرمەمدۇ؟ — ئەتىدىن بېرى ئۇندىمەي تۇرغان تاشپولات تۇرسۇن ئېغىر خورسىندى، — «ئارپىنىڭمۇ نەرخى بار، بۇغدايىنىڭمۇ نەرخى بار» دېگەندەك، ئۇز گەپمۇ بىرگە ماڭىدۇ ئەمەسمۇ؟

شۇ كۈنى ئۇلار بىر پارچىدىن تەكشۈرۈشنامە يېزىپ شەمشىدىنگە تاپشۇردى. چىرايلىق يېزىلغان تەكشۈرۈشنامىلەرنى قاتلاپ تۇتۇۋالغان شەمشىدىن توختايۇپنىڭ ياتىقىغا كېتىۋېتىپ ھۆسىيىن مۇدىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— نەگە؟

— ھېلىقى تەكشۈرۈشنامىلەرنى ئېلىپ ماڭغاندىم...

— بولدى شەمشىدىن، ئۇنى مەن ئەكىرىپ بېرەي، — دېدى ھۆسىيىن مۇدىر قاتتىق بىرنى چۆشكۈرگەندىن كېيىن بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، — شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئالدىغا كىرسەڭ، يەنىلا تالىۋېلىشى تۇرغان گەپ. سىلەر بىر - ئىككى كۈنگىچە ئۇنىڭغا كۆرۈنمەيراق يۈرۈڭلار، شۇنىڭغىچە ئۇ ئەربابنىڭ ئاچچىقىمۇ يېنىپ قالار.

شەمشىدىن بېشىنى لىڭشىتتى. ھۆسىيىن مۇدىر قەغەزلەرنى قايتىدىن چىرايلىق قاتلاپ، توختايۇپنىڭ ياتىقى تەرەپكە ماڭدى.

توختايۇپتىن بىر كاچات يېگەن ئوبۇلتالىپنىڭ مەڭزى تېخىچە قىزىرىپ تۇراتتى. ئۇ ياتاق دېرىزىسىدىن سىرتقا قارىغىنىچە خىيال سۈرمەكتە. توختاۋسىز ئۇھ تارتىشلىرىدىن ئۇنىڭ قەلبىدىكى پىغاننىڭ تېخىچە بېسىلمىغانلىقىنى

بىلىنۋالغىلى بولاتتى.

خۇدابەردىنىڭ قىلىدىغان باشقا ئىشى بولمىغاچقا ئۆكۈزنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئېغىلغا ماڭدى. ئۇ قولىنى ھور پۇرقۇپ تۇرغان ئېغىزىغا تۇتۇپ ئىسسىتقىنىچە ئەتىگەن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى خىيال قىلىپ كېتىۋاتاتتى. قانداقتۇر بىر تىۋىشتىن چۆچۈگەن خۇدابەردى خىيال قوينىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئايجامالنى كۆرۈپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. ئايجامال ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە بىر كىتابنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— بۇنى تۇتۇپ تۇرۇڭە...

خۇدابەردى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئايجامال سۇنغان كىتابنى قولىغا ئالدى. دەل شۇ چاغدا قىز: «قارلىق كەتتى» دەپ ۋارقىرىدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۈركۈگەن كېيىكتەك پارت قىلىپلا قاچتى. دەقىقە ئىچىدە ئېسىنى يىغقان خۇدابەردى قىزنى قوغلاپ بىرنەچچە قەدەم يۈگۈردىيۇ، توختايۇپنىڭ ياتىقى ئالدىدا ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، ئورنىدا چېپپىدە توختىدى. شۇ تۇرقىدا غەزىپى تاشقان توختايۇپنىڭ چىرايى كۆمۈردەك قارىداپ، قېلىن قاپاقلىرى تېگىدىكى بىر جۈپ كۆزى چىلبۆرىنىڭكىدەك چەكچىيىپ كەتكەنىدى. بۇنى كۆرۈپ خۇدابەردىنىڭ تېنى تىكەنلىشىپ كەتتى.

تۆتىنچى باب

# كىچىككەن باھار

## 15

ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان زىرىكەرلىك قىش كۈنلىرى تۈزى ئىغىر مىھماندەك ھىچ كىتەي دىمەيتتى. ئەتراپ يەنىلا چويۇندەك قىتىپ تۇراتتى. بوز رەڭلىك تۇپراقتا باھاردىن دىرەك بىرىدىغان يىشىللىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. مارت ئىيى يىقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەتىيازغا تەئەللۇق ئىللىقلىق بەكمۇ يىراقتا قالغاندەك، ئۇنىڭدىن ھىچبىر شەپە كەلمەيتتى.

— ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە: «پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا ئالتۇندەك غەلىبە ياتىدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن، — دىدى توختايۇپ بۈگۈن ئەتىگەنكى يىغىلىشتا سەپنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، — شۇڭا ھەرقايسىڭىز ئاڭلىق ھالدا ئىنتىزامغا بويسۇنۇشىڭىز كىرەككى، ئىنتىزامسىزلىق، باشباشتاقلىق قىلىشىڭىزغا رۇخسەت يوق! بۈگۈن يىكەنلىك مەيدانىغا سۇ كىلىدۇ. گەرچە يەرنىڭ توڭلىرى ئىرىمىگەن بولسىمۇ، يازغى بۇغداي تىرىيدىغان يەرنى ئۇسا قىلىۋالمىساق، ھاۋا - جاھان ئىللىغاندا سۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بولالمايمىز. سۇ دىمەك — قان دىمەكتۇر. شۇڭا، بىر تامچە سۇنىمۇ زايە قىلىۋىتىشكە بولمايدۇ. بۈگۈن ئارقا سەپ ئەترىتىنىڭ ئالاھىدە قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق، خۇدابەردىلەرمۇ سۇ تۇتۇشقا ياردەملىشىدۇ. شەمشىدىنىنىڭ

گۆرۈپپىسىدىكىلەر سۇ ياقىلايسىلەر. خۇدابەردىنىڭ گۆرۈپپىسىدا ئادەم ئاز بولغاچقا، ئۇلارغا مەلىكىزادىنىڭ گۆرۈپپىسىدىكى قىزلارنى قوشۇپ بەردىم، — توختايۇپ شۇنداق دەۋېتىپ بىر چەتتە قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان ئايجامالغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى، — يەرنى ئۇسا قىلىش ۋەزىپىسى ئاياغلاشماي تۇرۇپ ئېتىزدىن قايتىپ كېلىشكە رۇخسەت يوق. چۇشلۇك ناننى ئېتىز بېشىغا ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن. گېپىم چۈشىنىشلىك بولدىمۇ؟

— چۈشىنىشلىك بولدى، — ۋارقىراشتى ئۇلار.

— ئەمىسە ئىش شۇنداق بولسۇن، ھە راست، ھۆسىيىن مۇدىر شەمشىدىننىڭ گۆرۈپپىسىغا مەسئۇل، مەن خۇدابەردىنىڭ گۆرۈپپىسىغا قارىشىمەن. مەقسىتىمنى چۈشەنگەن بولساڭلار، كەتمەننى ئېلىپ ئېتىز بېشىغا مېڭىڭلار ئەمىسە. بۇ يەردە تولۇك تېزەكتەك قاراپ تۇرغان بىلەن يەر دېگەن ئۆزلۈكىدىن ئۇسا بولمايدۇ.

مەيدانغا يىغىلغان زىيالىي ياشلار ئۆۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك پاتىپاراق بولۇپ ياتاقلىرىغا مېڭىشتى.

خۇدابەردى ئۆز ئەترىتىدىكىلەرنى ئەگەشتۇرۇپ توختايۇپنىڭ يانىغا كەلدى.

— ھە، نېمە گەپ؟ — توڭلۇق بىلەن سورىدى گېزىت قەغىزىدە موخوركا ئوراۋاتقان توختايۇپ ئۇنى كۆرۈپلا سەپرايى ئۆرلەپ، — مەن دەيدىغاننى دەپ بولدۇمغۇ؟ ئاياغ تاختىدىكى بوز يەرنىڭ سۇيىنى سىلەر تۇتىسىلەر...

— بىراق، بىزدە ئۆكۈز ھەيدەيدىغان تاياقتىن باشقا ھېچقانداق قورال يوق، — دېدى خۇدابەردى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، — سۇنى تاياقتا تۇتقىلى بولمايدۇ ـ دە. شۇڭا، كەتمەن ھەل قىلىپ بەرمىسلە بولمايدۇ، توختايۇپكا.

— كەتمەن دېگەن مەلىكىزادىنىڭ گۆرۈپپىسىدىكى قىزلاردا تولا گەپ، — توختايۇپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، — شۇلارنىڭ كەتمىنىنى ئىشلىتىپ تۇرۇڭلار.

— كەتمەن دېگەن قىزلارغىمۇ لازىم بولىدىغاندۇ؟

توختايۇپ بىر چەتتە تۇرۇپ سۆزگە ئارىلاشقان دىلمۇراتقا ئالىيىپ قويدى.

— ھەي لاتا بەل، سەن قىزلارنى ئۆزۈڭگە ئوخشاشلا كەتمەن چاپىدۇ دەپ ئويلىغانمىدىڭ؟ بېغىشى قۇرۇمىغان قومۇشتەك قىزلارنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ ئالدىڭدا پىلدىرلاپ تۇرغىنى ئىشتاننىڭ بېغىمۇ ياكى ئوغۇل بالىنىڭ نىشانىمۇ؟ ئېتىز بېشىغا بارماي تۇرۇپلا قىزلارغا سەپسېلىۋاتامسەن تېخى؟ ئۇلار يېنىڭلاردا تۇرۇپ ھە ـ پە دېيىشىپ بەرسە بولمىدىمۇ؟ يەنە نېمە كەتمەن غەلۋىسى بۇ؟ مۇشۇ تاڭ ـ تاڭ سوغۇقتا سەنلەر ئۈچۈن كەتمەن ئىزدەپ نەگە بارىمەن؟ بارىنى بىللە ئىشلىتىشسەڭ بولمىدىمۇ؟

توختايۇپ يەنە قايناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، پۇت ـ قولى غەزەپتىن دىر ـ دىر تىترەيتتى. كېرىلگەن بۇرۇن تۆشۈكىدىن پۇرقىراپ ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئۇ يەنە ئازراقلا چىچاڭشىسا دىلمۇراتنى ئۇرۇۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. شۇڭا، خۇدابەردى ئۇلارنى باشلاپ قىزلار ياتىقى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

— ھەي دىلمۇرات، — دېدى خۇدابەردى پەس ئاۋازدا، — ساڭا كەتمەن شۇنچە لازىممىدى؟ نېمە قىلىسەن ئۇنىڭ ئالدىدا چۇكۇلداپ؟ بارنى تەڭ ئىشلەتمەيمىزمۇ قىزلار بىلەن.

— ناشتىلىقنى ئىت ئېلىپ قاچتىمۇ نېمە بۇ سەپرا قېرىنىڭ؟ — غودۇڭشىدى دىلمۇرات ئاچچىقىنى باسالمىغان ھالدا، — بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويغىنىمغا، دۆڭگە ئورنىتىلغان ئىچى بوش قاپاقتەك غوڭۇلداپ كەتتى دېسە، ۋاي بېشىنى يەيدىغان قىزىلكۆز...

خۇدابەردىلەر سۇ تۇتماقچى بولغان بوز يەر كۈزگى بۇغداي تېرىلغان ئېتىزلارنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئىدى. شۇڭا، ھەممەيلەن بۇ يەرنى ئاياغ تاختا دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلار ئېتىز بېشىغا بارغاندا كۈن

نەيزە بويى ئۆرلىگەن بولۇپ، ھارارەتسىز قۇياش شەرق ئاسمىنىدا سوغۇق جىلمايغىنىچە ئېسىلىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن ئېرىق ـ ئورەكلەرنى بىر قۇر تەكشۈردى. توپىسى ئېلىۋېتىلگەن ئېچىقلار قۇمغا چىقىپ قالغان بىلىقنىڭ ئېغىزىدەك يوغان ئېچىلىپ تۇراتتى. ئۇنى ئېتىش ئۇچۇن خېلى توپا كېتەتتى. بىراق، چويۇندەك قېتىپ كەتكەن يەرگە كەتمەن ئۆتمەيتتى. بۇنى كۆرۈپ خۇدابەردىنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

— قىزلار، رەنجىمەي تەمەچ تېرىپ كېلەمسىلەر؟ — دېدى ئۇ مەلىكىزادقا قاراپ، — يەرگە ئوت يېقىپ، ئاز ـ تولا ئىسسىق ئۆتكۈزمىسەك، توپا ئالغىلى بولمىغۇدەك. بۇ ئېچىقلارنى ئەتمەي تۇرۇپ، ئېرىقتىن ئېتىزغا سۇ چىقارغىلى بولمايدۇ.

— پەرمانلىرىغا بويسۇنىمىز، — مەلىكىزاد خۇشخۇيلۇق بىلەن ئالىقىنىنى چېكىسىگە تەگكۈزۈپ چاس بەردى، — سىلەر بىز قىزلارنى بوش چاغلىماڭلار، ئوتى يەرنىلا ئەمەس، سىلەرنىمۇ ئىسسىتقۇدەك تەمەچ تېرىپ كېلىمىز.

قىزلار ئېتىزنى بېشىغا كىيىپ كولۇشكىنىچە بوز يەرنىڭ ئەتراپىدىكى چاتقاللىقلارغا كىرىپ كېتىشتى. خۇدابەردى مەلىكىزادنىڭ چاقچىقىدىن ئايلىنىپ ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغانىدى.

— قىزلار بىلەن بىللە ئىشلىسە كۆڭۈللۈك بولامدۇ نېمە؟ — دېدى جاپپار ھېجىيىپ تۇرۇپ.

ئۇلار كەتمەنلەرنى قولىغا ئېلىپ، توپا چىقىرىش ئۇچۇن تولۇق يەرنى قىرىشقا باشلىدى. ئەتراپتا تاراڭ ـ تۇرۇڭ، غارت ـ غۇرت قىلغان ئاۋازلار كۆچەيمەكتە ئىدى. بىرپەستىن كېيىن بىر قۇچاقتىن تەمەچ كۆتۈرگەن قىزلار ئېتىز بېشىدا پەيدا بولدى. ئوغۇللار تەمەچنى ئېچىق يېنىدا قويۇپ ئوت يېقىشتى. ئاسمانغا قويۇق ئىس كۆتۈرۈلدى، سوغۇقتىن نەملىشىپ تۇرغان چاۋا ـ چاتقاللار تۇتەپ بىرئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، لاپ قىلىپ ئوت ئالدى ۋە گۇرۇلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. راست دېگەندەك، ئوتنىڭ يېنىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان يىگىتلەر بىرپەستىلا تەرلەپ

كېتىشتى.

— مەلىكىزاد راست دەپتۇ، — دېدى دىلمۇرات خۇشامەتگۇيلۇق بىلەن، — قىزلار تېرىپ كەلگەن تەمەچىنىڭ ئۇتى ھەقىقەتەن يامان ئىكەن، ئادەمنى بىردەمدىلا تەرلىتىۋەتتى مانا.

— ھەي دىلمۇرات، سەن تېخىچە چۈشەنمىدىڭمۇ؟ ئۇتنىڭ بۇنداق كۈيۈشىدە سەۋەب بار.

— قانداق سەۋەب؟

— بۇ تەمەچكە قىزلارنىڭ بىزگە بولغان ئوتلۇق مېھرى سىڭگەن، شۇڭا ئۇتنىڭ تەپتى بار - دە!

— ياپياش قىزلار بولغاندىكىن، ئوتى ئۇنچىلىك تەرلەتمىسىمۇ بولماس...

— «ئوتى يوق چوكان چوغى يوق ئوچاققا ئوخشايدۇ» دەپتىكەن، ئۇنچىلىك تەپتى بولمىسا، ئۇنى قانداقمۇ قىز دېگىلى بولسۇن؟

— ھاي، ھاي، — دېدى خۇدابەردى بارغانسېرى لاۋزىلىشىپ كېتىۋاتقان چاقچاق ئىگىلىرىنى شۇكلەپ، — گەپ - سۆزدە دىققەت قىلايلى، ياخشىلىقنا يامانلىق دېگەندەك، قىزلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىدىغان گەپ قىلماڭلار. بولمىسا ئەمدى تېرىدىغان تەمەچكە سىلەر بارسىلەر.

ئوت بىرپەس كۆيگەندىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئۆچۈشكە باشلىدى. تەمەچلەر كۆيۈپ تۈگىگەنىدى. بۇنى كۆرگەن مەلىكىزاد قىزلارنى قول ئىشارىسى بىلەن چاقىرىپ، يەنە چاتقاللىققا كىرىپ كەتتى.

— قىز دېمەك ئانا دېمەكتۇر، قىز دېمەك ئاچا - سىڭىل دېمەكتۇر. شۇڭا، قىزلارغا شۆلگەي ئېقىتقان ئادەم كۆزۈمگە باشقا بىرنەرسە كۆرۈنمىدۇ، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن چاقچاق ئىگىلىرىگە سوغۇق نەزەردە قاراپ قويۇپ، — بىز دېگەن مادىسىنى كۆرسىلا شالۋىقى ئېقىپ كېتىدىغان بوز ھاڭگا ئەمەس، بەلكى ئىسسىق يۈرىكى مۇھەببەتتىن كۆكلەپ تۇرىدىغان ئادەم

بولغاندىكىن، ھايۋاندىن ئاز ـ تولا پەرقىمىزنىڭ بولغىنى ياخشى. بۇ يەردىكى قىزلار كىمنىڭلا كۆرسە سۆۋۈنىدىغان مۇشۇك ياكى كىملا خالىسا كۆز قىسىدىغان پاھىشە ئەمەس. ئۇلارنىڭ كۆڭلى جانان چىنىدەك نازۇك، سەللا دىققەت قىلمىساق، ئۇنى چېقىپ قويۇشىمىز مۇمكىن. بىزدە ئوغۇل بالىغا لايىق ئىپىسىل كۆڭۈل، گەپ ـ سۆزلىرىمىزدە يىگىتلەرگە خاس شەرم ـ ھايا بولۇشى كېرەك. شۇنداق بولغاندىلا ئاندىن بىز ھەقىقىي ئادەملىك سالاھىيەت ھازىرلىيالايمىز. چۈشەندىڭلارمۇ؟

ھەممەيلەن بېشىنى ئاستا لىڭشىتىشتى.

توختايۇپنىڭ ئۇستاتلىقىنى كۆرۈڭ. ھېلى كېلىدۇ دېگەن سۇ كۈن چۈش بولاي دېگەندىمۇ قارىسىنى كۆرسەتمىدى. يىراقتىن شەمشىدىنىنىڭ سۇ ياقىلاش ئەترىتىدىكىلەرنىڭ ۋارقىراشقان، كەتمەنلىرىنىڭ بىر ـ بىرىگە تاڭ ـ تۇڭ قىلىپ ئۇرۇلغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بىراق، ھاۋا شۇنچە گۈلدۈرلىسىمۇ يامغۇر ياغمىغاندەك، يىراقتىن شۇنچە ۋارقىراش ـ جارقىراشلار ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، بۇ يەرگە بىر تامچىمۇ سۇ كەلمىگەنىدى.

— چۈش بولاي دەپ قاپتۇ، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن خۇدابەردىنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئەتىگەن ئىچكەن ئۇماچ ئاللىقاچان قورساقتىن چۈشۈپ قالدى. چۈشلۈك نانىنى ئۆزىمىز ئېلىپ كەلسەكمىكىن؟ بىكار ئولتۇرغاندا نان يەۋالمىساق، ھېلى سۇ كەلگەندە ئالدىراپ قالىمىز.

— توختايۇپ نانىنى ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن، دەۋاتقان. ئەمدى ئۆزىمىز نان دەپ ئالدىغا بارساق، ئۇ ئوغرى نېمە دەپ قالار؟ يەنە ئەتىگەنكىدەك چالۋاقاپ كېتەرمۇ؟

— كارىمىز نېمە؟ ئادەم بولغاندىكىن نان يەيدىغان گەپقۇ؟ — تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭغا ئەجەبلەنگەندەك قاراپ قويدى، — نېمە بولدى ساڭا خۇدابەردى؟ خېلىلا جىگەرلىك ئوغۇل بالا ئىدىڭغۇ سەن؟ ئەمدى توختايۇپنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن نېمانچە قورقىسەن؟ ئانىڭ توخۇ يۈرىكىدە ئېغىزلاندۇرمىغان بولغىيدى سېنى؟ نېمانچە

قورقۇنچاقلىق قىلىسەن؟

— ھەي، بۇ توختايۇپنىڭ ئىچكى ئادەمنىڭ ئىچكى ئەمەس، كۇھقاپنىڭ ئىچكى ئىكەن، بىر ئىچىلسا يەرۇ ئاسماننى قۇم - بوران باسىدىكەن. ئۇنىڭ گۇركىرەشلىرىچۇ تېخى، بۇ قىزىلكۆز بىلەن تەڭ تۇرساق، يېكەنلىكتە بىرەرىمىزنىڭ ئۆلۈكى قالىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئامال بار ئۇنىڭ بىلەن تۇتۇشۇپ قالمىساق ئىكەن، دېگەن ئوي بىلەن ئۇنىڭدىن يىراق يۇرۇۋاتىمەن. ئەرزىمەس ئىشلار ئۇچۇن كۆڭۈلنى زېدە قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟

تاشپولات تۇرسۇن بىر تال يۇلغۇن چىۋىقىنى چىشلىگىنىچە قاش ئۇستىدە خىيالغا پېتىپ بىرھازا ئولتۇردى. ئۇنىڭغىچە قىزلارمۇ يەنە بىر قۇچاقتىن تەمەچ كۆتۈرۈپ قايتىپ كېلىشتى.

— ئەمدى ئارام ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى خۇدابەردى ئۇلارغا قاراپ، — مۇشۇ ئوت كۆيۈپ بولسىلا ئېچىقنى ئېتىدىغان توپا ئالغىلى بولىدۇ. ھە راست، قورسىقىڭلار ئاچتىمۇ؟

— ئېچىشنىغۇ ئاچتى، بىراق يەيدىغانغا نان يوق - دە.

شەمسىقەمەر ھەييارلىق بىلەن كۆزلىرىنى ئويناتتىپ، خۇدابەردىگە ئەركىلىگەندەك كۈلۈپ قويدى.

— توختايۇپنىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولدى، ئۇ ناننى ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن، دەۋاتقان.

مەلىكىزادىمۇ دۆڭگە چىقىپ خۇدابەردى بىلەن تاشپولات تۇرسۇننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بۇ يەرگە سۇ قاچان كېلىدىكەن؟ — سورىدى ئۇ.

— قاچان كېلىشىنى ئۇققىلى بولمىدى، — دېدى خۇدابەردى ئاسمانغا، توغرىسى بارغانسېرى غەربكە سىلجىۋاتقان قۇياشقا قاراپ قويۇپ، — بەلكىم كېچىچە كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئىشقىلىپ، سۇنى ئالماي تۇرۇپ بۇ يەردىن قايتالمايدىغان ئوخشايمىز.

مەلىكىزاد ئۇھ تارتقىنىچە جىم بولدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك تىك كۆتۈرۈلگەن ئىنچىكە قاشلىرى

ھىمىرىلىپ، قوشۇمىسى تورۇلگەنىدى.

كۈن چۈشتىن قايرىلغاندا، ئۇلار يىراقتىن توختايۇپنىڭ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كەتمەنلىرىنى قولىغا ئالدى. ئۇلار جىددىي ئىشلەۋاتقاندەك تۇرمىسا، ئۆزلىرىنى يەنە ئىت تالىۋېلىشتىن قورققانىدى. قولىنى كەينىگە تۇتقان توختايۇپ ناۋاي بالا بىلەن ئايجامالنى كەينىگە سالغىنىچە خېلى ئۇزۇندا بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. تاشتۆمۈر ئىسمىلىك بۇ ناۋاي يېكەنلىككە يېقىندىلا يۆتكەپ كېلىنگەنىدى. ئۇ بىر تەۋەككۈلى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، ئىسسىق گىردىنىڭ مەززىلىك ھىدى خېلى يىراقتىنلا گۇپۇلدەپ پۇراپ تۇراتتى. قورسىقى ئېچىپ كوركىراپ كەتكەنلەر ئىختىيارسىز ھالدا تاشتۆمۈرنىڭ مۈرىسىدىكى تەۋەككۈلگە ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ قويۇشتى.

— ئەتىدىن بېرى شۇنچە ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى مۇشۇمۇ؟ — دېدى توختايۇپ ئازراقلا يۇمشىتىلغان توپىنى كۆرۈپ، — ھەرقايسىڭنى بوز يەرگە سۇ تۇتۇشقا بۇيرۇسام، بۇ يەردە پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئوچاق ئېتىپ ئوينىشىپسەن - دە! ماۋۇ دىغىراپ كەتكەن مايماقلارغا بايرام بولدىمۇ بۈگۈن؟ ھەي ھاراملىق، نېمە سېسىق چىشلىرىڭنى كۆرسىتىپ ھىجىيىسەن؟ — ئۇ بىر چەتتە پىخىلداپ كۈلۈۋاتقان جاپپارغا قاراپ ۋارقىرىدى، — بىرىنىڭ ئوچۇق قاپتىمۇ نېمە؟ ئاتا - ئاناڭدىن كۆرەلمىگەن تەۋەررۈكنى بۈگۈن كۆرگەن ئوخشىمامسەن؟

قىزلار بېشىنى تۆۋەن سېلىۋېلىشتى. توختايۇپ تېخىچە ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ قارا بوراندەك گۈركىرىمەكتە ئىدى.

— سەن ئاداش، — دېدى ئۇ خۇدابەردىگە قولىنى شىلتىپ، — ئېشەكنىڭ بېشىنى تۇتقۇزۇپ قويسا، مەنچە ئادەم يوق دەپ قالدىڭمۇ؟ نېمەڭگە نېمە يەتمەي بېزىرىپ تۇرىسەن بۇ يەردە؟ ھېلى سۇ كەلسە ئۇسسۇل ئويناپ بەرگەن بىلەن، بوز يەرنىڭ ئۇسسىسى قانامدۇ؟ ماۋۇ لاتا قاسقاسلىرىڭنى ئىشقا بۇيرۇمامسەن؟ ھەي

مەلىكزاد، سەنلەرنى بۇ يەرگە ئەر تېپىۋالسۇن دەپ يولغا سالدىڭمۇ مەن؟ قىلغان ئىشىڭ قېنى؟ نېمە بۇ يەردە نايناقلاپ، قۇيرۇق كۆتۈرۈپ، تېقىمىڭغا سىيىپ يۈرۈشىسەن؟ بەك لازىم بولۇپ كەتكەن بولسا، ئامبارنىڭ تېمىغا ئېلان چىقىرىشساڭ بولمامدۇ؟ قانداق دېگەن گەپ بۇ؟

يىڭدىن سېسىق بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، قىزلار ئۇيالغىنىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇشتى. ئوغۇللارنىڭمۇ ئېچىپ كوركىراپ كەتكەن قورساقلىرى سېسىق گەپكە غىقىقىدە تويدى. غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن تاشپولات تۇرسۇن مۇشتىنى مەھكەم تۈگكىنىچە ئالدىغا بىر قەدەم ئېلىۋىدى، خۇدابەردى ئۇنىڭ پېشىدىن ئاستا تۇتۇۋالدى ۋە بېشىنى چايقاپ قويدى.

— بۈگۈن مۇشۇ يەرگە سۇ ئالماي تۇرۇپ قايتىمەن، دېيىشمە، — دېدى توختايۇپ تولۇق تېزەكتەك قېتىپ كەتكەن يەرگە قاتتىق تېپىپ، — ۋەزىپە ئورۇندالماي تۇرۇپ ھېچكىمنىڭ قايتىشىغا رۇخسەت يوق. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن ھەرقايسىڭنى ئاياپ ئولتۇرمايمەن. گەپ بىر، قۇلاق ئىككى، — ئۇ ئايجامالنىڭ ئالدىدا ئۆز ھەيۋىسىنى بىرھازا كۆرسىتىۋالغاندىن كېيىن تاشتۆمۈر ناۋايغا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ناۋاي تەۋەڭنى يەردە قويدى ـ دە، قاراپ تۇرغانلارغا سارغىيىپ پىشقان بىردىن گىردە تارقىتىپ بەردى.

— بەرگەن ناننى ھالاللاپ يېيىش ئۈچۈن ئادەمدە ۋىجدان بولۇشى كېرەك، — دېدى توختايۇپ قىزلارغا قاراپ، — ماۋۇ كۆك ماڭقا، سوكال قۇيرۇق بىرنېمىلەرنى كۆرۈپ، ئۈشىشۈك تەگكەن غوزىدەك ئېچىلىپ كېتىشىسىڭىز بولمايدۇ. ھەر ئىش يولى بىلەن بولغىنى ياخشى.

ئۇ بىرھازا قايناپ پۇخادىن چىقتى ـ دە، تېخىچە يەرگە قاراپ تۇرغان ئايجامال بىلەن تاشتۆمۈرگە قايتىش ئىشارىسى قىلدى. تاشتۆمۈر تەۋەڭدە ئېشىپ قالغان ئىككى گىردىنى قانداق

قىلىمىز، دېگەندەك توختايۇپقا قارىدى.

— ئېلىۋال، — دېدى ئۇ ناۋايغا گۆلىيىپ، — ھېسابى يوق نېمە ئەمەس نان دېگەن. بۇلار ئۆز نېسىۋىسىنى ئېلىپ بولۇشتىغۇ؟ ئاشقىنىنى ئامبارچىغا ئۆتكۈزۈۋەت.

توختايۇپ ئايجامال بىلەن ناۋاينى كەينىگە سېلىپ، سۇ كېلىشنى كۈتۈپ تۇرغان بوزلۇقلارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ يۈرۈپ كېتىشتى. بىردىن گىردىنى تۇتقىنىچە قىر بېشىدا ھاڭۋېقىپ تۇرغان خۇدابەردىلەر ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ قېلىشتى.

— مەن ھامان بىر كۈنى بۇ توڭگۇز پۇشتىنى بوغۇزلىۋېتىمەن، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە، — بۇ ناكەسنىڭ قىزلىرى يوقمىدۇ؟ نېمانچە سېسىق گەپلەر بۇ؟ قىزلارنىڭ ئالدىدا ئۇيالماستىن شۇنداق گەپنىمۇ قىلامدۇ؟ شەرم ـ ھا ـ يا دېگەننى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋەتتىغۇ بۇ قارا توڭگۇز؟ ھەي، ھەي، ئىچىم ئەجەب ئاچچىققا تولدى دېسە. يەرنىڭ شۇنچە قاتتىقلىقىنى بىلمەمدۇ ئۇ؟ بۇ دېگەن قىش كۈنى تۇرسا...

خۇدابەردى ئۇنچىقمىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭمۇ ئىچى ئاچچىققا تولغانىدى. ئۇ گىردىنى تۇتقىنىچە خىيالغا پېتىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى.

— بۇ مۇنداقلا دېيىلگەن گەپلەر ئەمەس. توختايۇپ ئۆزىنى راسا كۆرسىتىپ، ئىچىنى بوشىتىۋالدى، ئاداش.

— قانداق دەيسەن؟ — تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— قايسى كۈنى ئايجامال ماڭا قارىلىق تاشلىغانىدى. قوغلاپ كېتىۋاتسام ئۇ كۆرۈپ قالغان. ئۇ ئايجامال بىلەن ئىككىمىزگە ئۆزىنى ئوبدان بىر كۆرسىتىپ قويماقچى. بايا سېنى شۇڭا تۇتۇۋالغانىدىم.

— سەن قوغلىساڭ ئايجامالنى قوغلاپسەن، ئۇنىڭ قىزىنى قوغلىمىغاندىكىن، نېمە قىلىدۇ بۇنچە قارغىشلىق قىلىپ؟ قىز ـ

يىگىتلەرگە ئىسسىق ئۆتۈشۈپ قالسا، ئۇ ھۆركىرەپ يۈرۈپ سوۋۇتالامتى؟ بۇنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ ھۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلمىگەن قاۋان...

— گەپنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە، — دېدى خۇدابەردى ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ناۋادا قوغلىغىنىم ئايجامال ئەمەس، ئۇنىڭ قىزى بولسىدى، ئىشلار بۇنچە مۇرەككەپلىشىپ كەتمىگەن، توختايۇپمۇ بارىكاللا قىچقىرىپ، مېنى بېشىدا كۆتۈرگەن بولاتتى. پەممىچە، بۇ ناكەس ئۆزىچە ئايجامالغا قانات سۆرەۋاتسا كېرەك. بۇ خۇددى «سەۋزىدىن خەۋەر يوق، گۇرۇچ دەم يەپتۇ» دېگەندەكلا بىر ئىش. مېنىڭ ئايجامالنى قوغلاپ يۈرگىنىمنى كۆرۈپ، توختايۇپنىڭ كۇنداشلىقى قوزغىلىپ قالغان ئوخشايدۇ.

تاشپولات تۇرسۇن ھەيران بولۇپ، ئېغىزىنى چوڭ ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى.

— ھە، ئەسلىدە بۇ مۇنداق ئىشمىدى؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— شۇنداق، مەن ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوق، ئۆزۈمگە كۇنداش تېپىۋالغان ئوخشايمەن.

كەچ كىرىپ ئەتراپقا گۇگۇم پەردىسى يېيىلىشقا باشلىغاندىلا بۇ يەرگە سۇنىڭ بېشى يېتىپ كەلدى. شەمشىدىن سۇنى باشلاپ كېلىپ خۇدابەردىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ياتاققا ماڭدى. ھارغانلىقتىن ئۇنىڭ پۇتلىرى ئۆلۈك توخۇنىڭكىدەك قاتلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا كەينىگە بۇرۇلدى ۋە خۇدابەردىدىن سورىدى:

— قارىسام، كېچىچە سۇ تۇتقۇدەكسەن، بالىلاردىن بىرەر نەرسە ئەۋەتىپ بېرىمەنمۇيا؟

— كېچىنىڭ سوغۇقى يامانىدەك قىلىدۇ. بولسا بىرەر يېپىنچا ئەۋەتىپ بەرگىن.

شەمشىدىن ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يولىغا راۋان بولدى.

كېچە، ئىزغىرىن شامال بارغانسېرى كۈچەيدى. ئەتراپتىن سۈنىڭ شىلدىرلىغىنى، شامالنىڭ ئۇشقىرتقىنى ۋە ئاللىكىملەرنىڭ گۇڭگۇرلىغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قىزلار گۈلخان سالغانىدى. گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا ئېتىزلارغا باشلانغان سۇ پاكىز سۈرتۈلگەن ئەينەكنىڭ يۈزىدەك پارقىرايتتى. ئېچىقلارنى ئېچىپ، سۇنى ئېتىزغا باشلىۋەتكەن ئوغۇللار ئوتنىڭ قېشىغا يۈگۈرۈشەتتى. دېمىسىمۇ، لالما ئىتلار توڭ تېزەكتەك قېتىپ قالىدىغان بۇنداق سوغۇقتا قولنى يەڭدىن چىقىرىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى.

گۈلخان بارا ـ بارا ئۆچۈشكە باشلىدى. تېرىپ قويۇلغان تەمەچلەر كۆيۈپ تۈگىگەنىدى. قاپقاراڭغۇ كېچىدە يەنە تەمەچ تېرىپ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، قىزلار ئۇششۇك تەگكەن گۈللەردەك شۈمشىيىشكە باشلىدى. كېچە تەڭدىن ئاشقاندا ئۇلارنىڭ چىشلىرىنىڭ كاسىلداشلىرى بىراقلا كۈچەيدى.

— مەلىكىزاد، — دېدى خۇدابەردى ئۇنى چاقىرىپ، — ماۋۇ جۇۋىدا بىردەم ئىسسىنىۋېلىڭ، — ئۇ ئاخشام ئوبۇلتالىپ ئەكېلىپ بەرگەن ئېغىر جۇۋىنى سېلىپ قىزغا سۇندى، — ئەسلىدە سىلەر قايتىپ كەتسەڭلارمۇ بولاتتى. بىراق، قايتىپ بارساڭلارمۇ توختايۇپنىڭ سېسىق گەپلىرىدىن قۇتۇلمىقىڭلار ئاسان ئەمەس. شۇڭا، ئېتىز بېشىدا قىينىلىۋاتىسىلەر مانا.

— بو... بولدى، ئاۋارە بولماڭ، چاپىنىم قېلىن، توڭلىمايمەن، جۇۋىنى يەنىلا ئۆزىڭىز كىيىڭ، ماڭا ھېچ ئىش بولمايدۇ، — دېدى مەلىكىزاد تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— شۇنداقتىمۇ بىردەم ئىسسىنىۋېلىڭ، بۇنداق قاتتىق سوغۇقتا بىز چىدىغان بىلەن، سىلەر بەرداشلىق بېرەلمەيسىلەر، — خۇدابەردى شۇنداق دېگىنىچە جۇۋىنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويدى. مەلىكىزاد ئىسسىق جۇۋىغا چۈمكىنىپ قىر بېشىدىلا ياتتى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ تىترىكى خېلىلا بېسىقىپ قالدى.

تەڭ كېچە بولغاندا سوغۇقنىڭ پەيلى يەنىمۇ يامانلاشتى.

ئېرىقلاردا مۇز ئارىلاش ئېقىۋاتقان سۇنىڭ بوش شىلدىرلىغىنى ئاڭلىناتتى. يېڭى ئېچىلغان بۇ يەر چاسا شەكىلدە بولۇپ، يىراق - يىراقلاردا ئاندا - ساندا ئوت يورۇقى كۆرۈنۈپ قالاتتى. بوز يەرنىڭ ئاياغ تەرىپىدىن سۇ تۇتۇۋاتقانلارنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرىشقىنى، پۈتى سۇغا كىرىپ كەتكەن قىزلارنىڭ ئەنسىز چىرقىراشقىنى ئاڭلىناتتى. بۇ ئاۋازلار خۇدابەردىنىڭ يۈرىكىدە يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىق پەيدا قىلاتتى. جۇۋىغا چۈمكىنىپ خېلىلا ئىسسىپ قالغان مەلىكىزاد ئەتراپتىكى تىۋىشلارغا قۇلاق سېلىپ بىردەم ياتقاندىن كېيىن، خۇدابەردىگە دېدى:

— ئەمدى جۇۋىنى سىز بىردەم يېپىنىڭ، پۇت - قولىڭىزنى ئوبدانراق ئىسسىتىۋالمىسىڭىز بولمايدۇ. سۇغا مەن قاراپ تۇراي.

— بولدى مەلىكىزاد، مەن توڭلىمىدىم، سىز خاتىرجەم يېتىۋېرىڭ، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى چىشلەپ. خۇدابەردى قىزغا شۇنداق دېگىنى بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى غال - غال تىترەپ تۇراتتى. قىشنىڭ ئىزغىرىن شاملى ئۇنىڭ سۆڭەك - سۆڭىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. پۈتۈنسۇرۇك ئەركەك تۇرۇپ، بىر قىزنىڭ ئۈستىدىكى جۇۋىنى سالدۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئۈستىگە ئارتىشقا كۆڭلى ئۇنىمايتتى. مەلىكىزاد ئۇنىڭ تىترەۋاتقىنىنى ئاۋازىدىن بىلىپ قالدى.

— جېنىم خۇدابەردى، تەرسالىق قىلماي جۇۋىنى ئېلىڭ. مەن خېلىلا ئىسسىپ قالدىم.

— ياق، ئۆزىڭىز يېپىنىۋېرىڭ، مەن ھېچنېمە بولمىدىم...

— ئەمسە بۇياققا كېلىڭ، — دېدى مەلىكىزاد ئارىسالدى بولۇپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، — بۇ يوتقاندەكلا يوغان جۇۋا ئىكەن، بىللە يېپىنايلى.

خۇدابەردى ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ مەلىكىزادنىڭ بۇنداق دېيىشىنى كۈتمىگەنىدى، شۇڭا ئۇ كېكەچلەپ گېپىنىمۇ تۈزۈك ئۇقتۇرالمىدى.

— ئۇ... ئۇ... ئۇنداقتا... قا... قانداق بولىدۇ، مە...مەلىكىزاد؟

بۇ... بۇ... بۇ... مە... مە...

— سىز نىيىتىڭىزنى بۇزمىسىڭىزلا ھېچنېمە بولمايدۇ، — دېدى مەلىكىزاد ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ ۋە جۇۋىنىڭ بىر پېشىنى قايرىپ ئۇنى يۆگىدى، — مۇشۇنداق تاڭ - تاڭ سوغۇقتا بۇنىڭدىن باشقا چارە يوق.

خۇدابەردىنىڭ كاللىسى قۇيقۇرۇق ئىدى. ئۇ خۇددى مەلىكىزاد كىچىك ۋاقىتلىرىدا ياساپ ئوينايدىغان قونچاقتەك جۇۋىنىڭ ئىچىدە جىمىدە ئولتۇراتتى. قىزنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ئاجايىپ كۈچلۈك بىر ھارارەت دەسلەپ ئۇنى تېخىمۇ مۇزلىتىۋەتكەندەك تۇيۇلدى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ ئۆزىنى بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. شۇنداق، ياش قىزنىڭ بەدىنىدىن تاراۋاتقان بىر ئىللىق ئېقىم ئۇنىڭ ئاۋۋال قەلبىنى، ئاندىن بەدىنىنى ئاستا - ئاستا ئىللىتىشقا باشلىغانىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ مۇشۇ بۇرۇقتۇرمىلىقتا تولغان ھاۋادەك مانانلىشىپ كەتكەن كۆڭلىدە ئاجايىپ كۈچلۈك بىر يىغا قايناشقا باشلىدى. ئۇ قىزنىڭ ئىسسىق بەدىنىگە يۆلەنگىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. مەلىكىزادنىڭ تېنىدىن كېلىۋاتقان تاغ ئالمىسىنىڭكىدەك چۈچۈمەل پۇراق ئۇنىڭ سەزگۈلىرىنى غىدىقلىماقتا ئىدى.

بىر چاغدا خۇدابەردى ئۆزىنى خېلىلا ئىسسىپ قالغاندەك ھېس قىلدى ۋە سۇ باشلىغان ئېتىزلارنىڭ تولغان - تولمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە بارىسىز؟ — سورىدى مەلىكىزاد بوش ئاۋازدا.

— سۇغا قاراپ باقاي، ئېتىز تولغان بولسا، سۇنى باشقا ئېتىزغا يۆتكىمىسەك بولمايدۇ.

— مەن ياردەملىشەيمۇ؟

— بولدى، سىز ئولتۇرۇۋېرىڭ، مەن قاراپ باقساملا بولدى.

خۇدابەردى قىر ياقىلاپ سۇ كىرىۋاتقان ئېتىزنى بىر قۇر چۆرگىلىدى. ھەممە يەر ئەينەك يۈزىدەك سۈس پارقىراپ تۇراتتى.

ئۇ سۇنى يەنە بىر ئىتىمىزغا باشلىۋەتكەندىن كېيىن مەلىكىزادىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— بىر ئىتىمىز تۇشۇپتۇ، سۇنى يەنە بىرىگە باشلىۋەتتىم، — دېدى خۇدابەردى ئۆز ئىشىنى مەلىكىزادقا دوكلات قىلىش مەجبۇرىيىتى باردەك ئەستايىدىل قىياپەتتە.

— توڭلىدىڭىزمۇ؟ بولسا يەنە ئازراق ئىسسىنىۋېلىڭ، — دېدى قىز ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىپ، — قېنى، ماۋۇ جۇۋىنى...

— ۋاي بولدى قىلىڭە مەلىكىزاد، مەن توڭلىمىدىم، توڭلىغان تەقدىردىمۇ چىدايمەن. ئوغۇللارنىڭ بەدىنى قىزلارنىڭكىگە قارىغاندا چىداشلىق كېلىدۇ. بۇنچىلىك سوغۇققا ھېچنېمە بولمايمەن. سىز خاتىرجەم بولۇپ يېپىنىۋېلىڭ.

— ئە...ئەمىسە، بايىقىدەك... بىردەم ئىسسىنىۋېلىڭ خۇدابەردى، — مەلىكىزاد يەنە ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ جۇۋىنىڭ پېشىنى قايرىدى، — ھەي، مۇشۇ جۇۋا بولمىغان بولسا قانداقمۇ قىلار ئىدۇقكىنتاڭ؟ ھەم قېلىن، ھەم ئىسسىق جۇۋا ئىكەن بۇ.

خۇدابەردى تارتىنىشىپ تۇرماستىن جۇۋا ئىچىگە كىردى. ئىسسىق جۇۋا ئىچىدە ئىككى تەن يەنە بىر يەرگە كەلدى. ئۇلار قانداقتۇر بىر شەپىگە دىققەت قىلىۋاتقاندەك جىممىدە ئولتۇرۇشاتتى. بىر - بىرىدىن ئۆتۈشۈۋاتقان ئىسسىقلىق خۇدابەردىنىڭ مۇز بولۇپ قېتىشقا باشلىغان ۋۇجۇدىنى باھار پەسلىدە ئاينىشقا باشلىغان گۈل نوتىسىدەك ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلماقتا ئىدى.

بىر چاغدا يىراقتىن قولچىرىغىنىڭ يورۇقى كۆرۈندى. خۇدابەردى ئىتتىكلا جۇۋا ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى ۋە بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان چىراغ يورۇقىغا تىكىلگىنىچە قاراپ تۇردى. قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئەلەڭگۈپ تۇرغان چىراغ يورۇقىدا بىرنەچچەيلەننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى پەرق ئېتىش قىيىن ئەمەس ئىدى.

— خۇدابەردى...

قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ قىز بېشىغا چىقىپ ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى.

— ھە... مانا مەن...

قولچىرىغىنىڭ يورۇقى بۇلار تەرەپكە قاراپ ئىتتىك - ئىتتىك پۇلاڭلاشقا باشلىدى. قارىغاندا، كەلگۈچىلەر قەدىمىنى تېزلەتكەندى.

— سەن بۇ يەردىمىدىڭ؟ — دېدى ھۆسىيىن مۇدىر چىراغنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — قانداقراق؟ سۇنى تۇتۇپ بولاي دېدىڭلارمۇ؟

— تېخى يېرىمى باردەك قىلىدۇ، — دېدى خۇدابەردى ھۆسىيىن مۇدىر باشلاپ كەلگەن شەمشىدىن، ئوبۇلتالىپ، قۇددۇس قاتارلىق دوستلىرىنى كۆرۈپ، — سۇ بەكلا ئاز ئىكەن، تاڭ ئاتارغا يېقىنراق تۇتۇپ بولىدىغان ئوخشايمىز، — ئۇ ئويلىنىپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھۆسىيىن مۇدىرغا قاراپ دېدى، — مېنىڭچە، سىلەر كەلگەندىكىن، ئەمدى قىزلار قايتىپ كېتىپ ئارام ئالسىمىكىن؟ ئۇلار بەك توڭلاپ كەتتى، بۇنداق تاڭ - تاڭ سوغۇقتا ئۇلارنى ئوغۇللار بىلەن تەڭ ئىشلىتىمەن دېيىش ئەقىل - ھوشى جايىدا ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس.

— بولىدۇ، ئۇلار قايتىپ كەتسۇن، ھېلىمۇ بىچارىلەر نېمە بولۇپ كەتتىكىن بۇ سوغۇقتا؟

خۇدابەردى مەلىكىزادىنى قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى. جۇۋىغا چۆمكىنىپ ئولتۇرغان مەلىكىزاد بەدىنى خېلىلا ئىسسىپ قالغان بولسىمۇ، پۇتىنىڭ پېيى تارتىشىپ قالغاچقا، دەماللىققا يەر دەسسىيەلمەي قالدى.

— سىز قىزلارنى ئېلىپ قايتىپ كېتىڭ، — دېدى ئۇ مەلىكىزادقا پەس ئاۋازدا، — ھۆسىيىن مۇدىر بىرنەچچە يىگىتنى باشلاپ كەپتۇ. قالغان سۇنى ئەمدى مۇشۇلار بىلەن تۇتۇۋېتىمىز. قىزلارنى چاقىرىشقا ئاۋازىڭىز يېتەمدۇ؟

— سىناپ باقاي، — دېدى مەلىكىزاد ۋە ئوت كۆرۈنۈپ

تۇرغان تەرەپكە قاراپ ۋارقىرىدى، — ئايگۈل، خانقىز، جەمىلە، سىلەر قەيەردە؟

يىراقتىن قىزلارنىڭ تىترەڭگۈ ئاۋازى بوشلا ئاڭلاندى.

— مەلىكىزاد ئاچا، بىز بۇ يەردە...

— تېز بۇياققا كېلىڭلار، ياتاققا قايتىدىغان بولدۇق...

— تاشپولات !... — خۇدابەردىمۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ ۋارقىرىدى.

— ھە !... — يىراقتىن تاشپولات تۇرسۇننىڭ بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يېڭىدىكى قىزلارنى ماڭدۇرۇۋەت، ھۆسىيىن مۇدىر ئۇلارنى قايتسۇن، دېدى. ياردەمگە شەمشىدىنلەر كەپتۇ.

— بولىدۇ...

يېرىم سائەتكە قالماي قىزلارنىڭ ھەممىسى جەم بولدى. ئىچ - ئىچىگە سوغۇق ئۆتۈپ كەتكەن قىزلار كاچكۇلغا چۇشۇپ كەتكەن مۇشۇكتەك دىر - دىر تىترىشەتتى. قاراڭغۇدا سۇغا كىرىپ كېتىپ سېزىمىنى يوقاتقان پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەي قالغان قىزلارنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى.

— سىلەر قايتىڭلار، قىزلار، — دېدى ھۆسىيىن مۇدىر بوغۇزىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بەكمۇ قىيىنىدا، — ھېلىمۇ سىلەرنى قىيناپ قويدۇق. سىلەردە ھەرقانچە دەردىمىز بولسىمۇ تۈگىگەندۇ. ياتاققا تېزرەك بېرىپ، ئىسسىق سۇ بولسا پۇتۇڭلارنى يۇيۇۋېتىپ يېتىڭلار، بولمىسا زۇكام تېگىپ قالىدۇ. ھەي ئىست، سىلەر بۇنداق كۈنگە قالمىساڭلار ياخشى بولاتتى...

قىزلارنىڭ خىتىلداشقىنى، ئېغىزىنى تۇتۇۋېلىپ بۇقۇلداشقىنى ئاڭلاندى. ئۇلار ئەتىدىن بېرى جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇققا يىغلىمىغانىدى، مانا ئەمدى يۈرىكىدىكى مۇزنى ئېرىتىدىغان تەسەللىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ئۆزىنى تۇتالماستىن يىغلاشماقتا ئىدى.

— ئەمىسە يولغا چىقىڭلار، — دېدى خۇدابەردىمۇ كۆز

جىيەكلىرىدە لىغىرلاپ قالغان ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، — ھۇسىيىن مۇدىرغا رەھمەت دېيىشنى ئۇنتۇپ قالمىغايسىلەر.

مەلىكىزاد ئۇستىدىكى جۇۋىنى سېلىپ، مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا خۇدابەردىگە سۇندى.

— بۇنى ئېلىڭ، ئۆزىڭىزنى كۆپرەك ئاسراڭ. سوغۇق ئۆتكۈزۈۋالماڭ يەنە.

خۇدابەردى بېشىنى لىڭشىتتى ۋە جۇۋىنى ئېلىپ ئۇستىگە يېپىندى. مەشكە قاقلاپ ئەكەلگەندەك ئىسسىق تۇرغان جۇۋىدا قىزنىڭ ھېلىقى تاغ ئالمىسىنىڭكىدەك چۇچۇمەل ھىدى قېلىپ قالغانىدى...

— مە، — شەمشىدىن بىر قەغەز بولاقنى خۇدابەردىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ پەس ئاۋازدا دېدى، — ھېلىقى ئاشپىزنىڭ ئەۋەتتى. قىشنىڭ كېچىسى ئۇزاق، سوغۇقى يامان، قورسىقى ئېچىپ قالمىسۇن، — دەيدۇ.

خۇدابەردى بولاقنى سىرتىدىن تۇتۇپ بېقىپ، ئۇنىڭ چۈشتە ئېشىپ قالغان ھېلىقى ئىككى گىردە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى يەنە بىر قېتىم تاتلىق سىزىم ئىلكىدە تېپىرلىدى. ئۇ ناننى خۇددى بىرى ئېلىپ قاچىدىغاندەك جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە تىقتى.

— ھېلى ئاياغ تەرەپكە ئۆتكىنىڭدە، — دېدى ئۇ شەمشىدىن-نىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — تاشپولات تۇرسۇنغا ئېيتىپ قوي، مېنى بىر ئىزدىسۇن...

## 16

ھەش-پەش دېگۈچە مارت ئېيىمۇ يېرىملىشىپ قالدى. بىراق، ھاۋادا قىلچىلىك ئىللىش كۆرۈلمىدى. پەقەت ئەتىيازنىڭ قىش ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان غۇي-غۇي شامىلى يېكەنلىك مەيداننىڭ تېخى ئېچىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن بوزلۇقلىرىدا كالتە

قۇيۇنلارنى پىرقىرىتىپ يۈرەتتى. دەل ـ دەرەخلەرنىڭ ئاچچىق قىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن قارامتۇل شاخلىرىدا بىخ دېگەندىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ھەممىلا يەردىن بىر خىل كۆڭۈلسىزلىك ئۆرلەپ تۇراتتى. سوغۇقنىڭ پەيلى يانمىغان دالىدىن ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىللىقلىق بېغىشلايدىغان ھېچ نەرسە تېپىلمايتتى.

ئاشۇ قېتىمقى سۇ تۇتۇشتىن كېيىن جېلىل سادىق بىلەن ئون نەچچە قىز زۇكامداپ بىراقلا يىقىلدى. يېكەنلىك مەيداننىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇرى بەرگەن تابلېتكىلارنىڭمۇ ئۈنۈمى بولمىدى. قىزلار ياتىقى تەرەپتىن كېسەللىك چىرمىۋالغان قىزلارنىڭ ئىڭراشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جېلىل سادىقمۇ قاتمۇقات يوتقانغا چۈمكىنىپ، لاغىلداپ تىترەپ، يىڭنە يېگەن ئىتتەك تۈگۈلۈپ ياتاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە توختايۇپنىڭ يېكەنلىك مەيداندا قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ ناھىيىگە كېتىۋالغانىدى.

بىر كۈنى ھۇسەيىن مۇدىر خۇدابەردىنى ئىزدەپ كەلدى.

— قارىغاندا، زۇكام تەگكەن قىزلارنى گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا يۆتكىمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — قىزلارنىڭ ھالى بارغانسېرى يامانلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق چاغدا توختايۇپنىڭ بولماسلىقى بېشىمنى بەكمۇ قاتۇردى. ئۇكام خۇدابەردى، ھارۋاڭنى قوشساڭ، قىزلارنى دوختۇرخانىغا يۆتكىسەكمىكىن؟

— سىلى نېمە دېسىلە شۇ، — دېدى ئۇ قىزلار ياتىقى تەرەپكە قاراپ قويۇپ، — ئۇلارنىڭ مۇشۇنداق ئىڭراپ ياتقىنىغا ھەپتىدىن ئاشتى، قىزلارنى دوختۇرخانىغا ۋاقتىدا يۆتكىمەي بىرەر ئىش چىقىدىغان بولسا، مېنىڭ ئىككى قولۇم توختايۇپ مۇدىرنىڭ ياقىسىدىن ئالىدۇ. مەن قىزلار ئۈچۈن ئاخىرىغىچە دەۋا قىلىمەن.

— ئەمىسە ھارۋاڭنى تەييارلا، ئەتە ئەتىگەندىلا يۈرۈپ كېتەيلۇق.

— دېگەنلىرىدەك قىلىمەن، مۇدىر.

ئۇلار شۇنداق ئاددىيلا خوشلاشتى. ھۆسىيىن مۇدىر بېشىنى سالغىنىچە قىزلار ياتىقى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. خۇدابەردى ئەتە ئۆكۈزنىڭ ئايىغىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەمنى كۆپرەك بېرىش كېرەكلىكىنى ئويلاپ، ئېغىلدىن بىر كىچىك تاغارنى ئالدى ۋە ئامبارچىنى ئىزدەپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىزغىرىن شاماللىق بىر كېچە ئۆتۈپ، ئاخىر تاڭ ئاتتى. نەچچە كۈندىن بېرى تۇمانلىشىپ تۇرغان ئاسماندا قىزارغان شەپەقنىڭ جامالى ئايان بولدى. ئۇ يېڭى بىر باھارنى چىللاپ كەلمەكچى بولغاندەك شوخ كۈلۈپ چىققانىدى. دېڭىز يۈزىنى ئەسلىتىدىغان يايپېشىل ئاسمان بېتىدە ئۈزۈپ يۈرگەن توپ ـ توپ بۇلۇتلار باھارنى زارىقىپ كۈتكەن تەبىئەتكە قاراپ تەبەسسۇم قىلاتتى. ئەتراپ قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدا ئالتۇن سۈيى يالىتىلغاندەك پارقىراپ كەتكەنىدى. كۈننىڭ ھارارەتلىك نۇرىغا قاقلىنىپ ئىسسىق ئۆتكەن تۇپراقتىن نېپىز تۇمان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

ئۆكۈز قوشۇلغان پىكاپچاق ھارۋا نەملىشىپ تۇرغان بوز تۇپىلىق كاتاڭ يولدا چايقىلىپ كەلمەكتە. قېلىن يوتقان ـ كۆرپە سېلىنغان ھارۋىغا بەش قىزنى ياتقۇزۇپ دوختۇرخانىغا ماڭغان ھۆسىيىن مۇدىرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى. ھارۋا ھەر قېتىم قاتتىق سىلكىنىپ، قىزلارنىڭ ۋايساشلىرى ئەۋجگە چىققاندا، ئۇ يىڭنە ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قالغاندەك بىئارام بولاتتى. ئىنسانىي تۇيغۇغا باي، رەھىمدىل ئادەملا باشقىلارنىڭ دەرد تارتىۋاتقىنىنى كۆرگەندە مۇشۇنداق ئازابلىق تۇيغۇغا غەرق بولىدۇ. خۇدابەردى ئۇنىڭ قىزلار بىلەن تەڭ ئازابلىنىشلىرىغا قاراپ شۇنداق ئويغا كەلگەنىدى. ئۇ ھارۋىنى سىلىق ھەيدەشكە شۇنچە تىرىشسىمۇ، يولنىڭ ناچارلىقى بۇنىڭغا ئىمكانىيەت بەرمەيتتى. شارلىرى مايسىرىغان چاقتىن كىشىنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرىدىغان چىرقىراق ئاۋاز چىقاتتى. ھەر قېتىم غىچىرلىغان، پىچاق يېگەن چوشقىدەك چىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلانغاندا، خۇدابەردىنىڭ

قولاقلىرى غوڭۇلداپ كېتەتتى.

ئۇلار چۈشكە يېقىن گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ھۈسىيىن مۇدىر دوختۇرخانا باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ قىزلارنى ياتاققا ئالدۇرغاندىن كېيىن، خۇدابەردىنى يېكەنلىك مەيداندا قالغان يەنە بەش قىز بىلەن جېلىل سادىقنى ئېلىپ كېلىشكە ماڭدۇردى.

ئۆكۈزمۇ ھارۋىنىڭ خېلىلا يېنىكلەپ قالغىنىنى سەزگەندەك، ئېغىزىدىن شالا ئېقىتقىنىچە يېكەنلىككە بارىدىغان توپىلىق كاتاڭ يولدا تېز ـ تېز قەدەم ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. يولدا خۇدابەردىدىن باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. يالغۇزلۇقتىن خۇدابەردىنىڭ بەكمۇ ئىچى پۇشتى. بۇ دۇنيادا ئۆزىدىن باشقا ئادەم قالمىغاندەك كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ئۆكۈزنىڭ باشبېغىنى قويۇۋېتىپ سارغىيىپ ياتقان قومۇشلۇق دالىغا، يىراقلاردا پىرقىراپ يۈرگەن قۇيۇنلارغا، يول بويلىرىدىكى مېۋىسى بىلەن قىشچە جىگدىچى، قارىغۇشقاچلارنى مېھمان قىلىپ چىققان ساخاۋەتچى جىگدىلەرگە، ساڭگىلاپ تۇرغان شاخلىرى ئەتىيازنىڭ قۇرغاق شامىلىدا بوش لىڭشىپ تۇرغان قارا سۆگەتلەرگە نەزەر تاشلىغىنىچە خىيالغا چۆمدى...

— ئايجامال... ئايجامال، ئايدەك جامال... — ئۇنىڭ خىيال قۇشى ھەممىشە كۈلۈمسىرەپلا تۇرىدىغان ئاشۇ قىزنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ باراتتىيۇ، ئەمما ئۇنىڭ قەيىرىگە قونۇشنى بىلمىگەندەك ئەگىپ يۈرەتتى. گەرچە قىز ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىن قولىدىن كېلىشىچە خەۋەر ئېلىپ تۇرغىنى بىلەن، بۇنىڭ ياخشى كۆرۈشتىن دېرەك بېرىدىغىنى ياكى ھېسداشلىقتىن پەيدا بولغىنى خۇدابەردىگە قاراڭغۇ ئىدى. بەزىدە ئۇنىڭ يېڭى ئېچىلغان بوزلۇققا ئوخشاش چاڭقاق قەلبىدە ئايجامالغا نىسبەتەن قانداقتۇر تاتلىق خىياللارمۇ پەيدا بولاتتى. ئەمما، بۇ تاتلىق خىياللار ئۇنىڭ كۆڭلىدە تاتلىق پېتىچە قېلىۋېرەتتى. ئۇنى قىزغا قانداق بىلدۈرۈشنى، كۆڭلىدىكى تاتلىق

تەمنى قىزغا قانداق تېتىتىشنى ئۇ بىلمەيتتى. گەرچە ئۇنىڭ بېشى يىگىرمىلەرگە بېرىپ قالغان بولسىمۇ، قىزلار دېگەن ئۇنىڭ نەزىرىدە جاۋابىنى مەڭگۇ تاپقىلى بولمايدىغان تېپىشماق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ئايجامالنىڭ ياخشىلىقلىرىغا ئۈنسىز مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ كەلدى. ناۋادا ئايجامال مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە هارۋىدا بولسىمۇ، خۇدابەردى ئۇنىڭغا نېمە دېيىشنى يەنىلا بىلمىگەن بولاتتى.

توپىلىق يولنىڭ چېكى هېچ كۆرۈنمەيتتى. ئاشۇ سارغىيىپ تۇرغان قومۇشلار، يۇلغۇنلار، چېقىرتىكەنلەر ئارىسىدا يىلان باغرى سوزۇلغان بۇ توپىلىق يول ئادەمنىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ غەش قىلاتتى. خۇدابەردىنىڭ ئىچى سىقىلىپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىغۇسى، هۆڭگىرەپ يىغلىغۇسى كېلىپ كەتتى. ئۇ ئېغىزىنى چوڭ ئېچىپ، ئەمدىلا ۋارقىراي دەپ تۇرۇشىغا ئالدىدىكى توقايدا بىر قىز كۆرۈندى. قارىغاندا، ئۇ خېلى ئۇزاق جايدىن پىيادە كەلگەن بولسا كېرەك، پاختەك تۈكى رەڭلىك كايىسىنىڭ سەل سۇزۇلگەن مۈرىلىرىگە نېپىز بىر قەۋەت چاڭ قونغانىدى. چىغىر يولدا جىندەك يالغۇز كېتىۋاتقان قىزنى كۆرۈپ، خۇدابەردى قۇشقاچ كامىرىدەك ئاچقان ئېغىزىنى دەرهال يۇمۇۋالدى. ئۆكۈز قۇرۇق هارۋىنى داراقلىتىپ سۆرەپ قىزغا يېتىشىۋالدى. خۇدابەردى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قىزغا قارىدى. ئون ئالتە ـ ئون يەتتە ياشلاردا بار، ياغلىقى تېگىدىن يېلىملاپ سىپتا تارالغان قۇندۇزدەك چاچلىرى كۆرۈنۈپ قالغان، تېگى ئاق چېكىت گۈللۈك چىت كۆڭلىكى زىلۋا بەستىگە يېپىشىپ تۇرغان بۇ قىز يەرگە قارىغىنىچە كېتىپ باراتتى. ئۇ ياغلىققا چېگىلگەن بىر كاۋىنى قولتۇقلىۋالغانىدى. قىزنىڭ قەلەم بىلەن سىزىپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان ئىنچىكە قاشلىرى تەرەپتىن سارقىپ چۈشكەن قاڭشارلىق بۇرنى ئۈستىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى يالىلدايتتى. خۇدابەردى قىزنىڭ تەستە يۆتكەۋاتقان قەدەملىرىگە قاراپ، هارغانلىقتىن پۇتلىرىدا كۈچ قالمىغانلىقىنى هېس

قىلدى.

— ھا... ھارۋىغا چىقىۋالامسىز؟ — دېدى خۇدابەردى ئۆكۈزنىڭ باشبېغىنى تارتىپ قويۇپ، — قارىسام، بەكلا ھېرىپ كەتكەندەك قىلىسىز...

قىز بېشىنى سالغىنىچە لام - جىم دېمەستىن يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ نېمىدىندۇر چۆچۈپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلىرى يەرگە ئېقىپ چۈشۈپ كېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. خۇدابەردى قىزنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئۆزىچە كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ ئۆكۈزنى يولنىڭ چېتىگە تارتىپ تۇرۇپ، — مەن يېكەنلىك مەيداندا تۇرىمەن، ئىسمىم خۇدابەردى، مەن سىز ئويلىغاندەك ئۇنچىۋالا ئەسكى ئادەملەردىن ئەمەس. سىزگە مېنىڭ بۈرگىچىلىك زىيىنىم تەگمەيدۇ. قارىسام، سىزمۇ شۇ تەرەپكە بارىدىغاندەك قىلىسىز. يولىمىز بىر بولغاندىكىن، ھارۋىغا چىقىۋالسىڭىز ھېچنېمە بولمايدۇ.

قىز شارتتىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭغا لەپپىدە قاراپ قويدى. بىراق، ئۇندىمەستىن يولنىڭ چېتىگە چىقىپ قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. خۇدابەردى قىزنىڭ كۆزلىرىدىن تەرسالىق، يېتىرقاش، قورقۇنچ ۋە ياتسىراشلار پەيدا قىلغان بىئىلاجلىقنى كۆرۈپ نېمە دېيىشنى بىلەلمەيلا قالدى. ئۇ قەدىمىنى بارغانسېرى تېزلىتىپ، شامالدەك كېتىۋاتقان قىزنىڭ جىسمىدىكى پارت قىلىپ قېچىشقا تەييار تۇرغان جەسۇرلۇقنى كۆرۈپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى ئۇ ئۆكۈزنى ھەيدەپ قىزغا يېتىشىۋالغاندىن كېيىن ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا، — ناۋادا سىز مەندىن مۇشۇنداق ئۈركۈپ قېچىپ يۈرسىڭىز، مەنمۇ سەمىمىيلىكىمدىن گۇمانلىنىپ قېلىشىم مۇمكىن. راست دەۋاتىمەن، يولىمىز بىر بولغاندىكىن، سىزنى غەرەزسىزلا ھارۋامغا تەكلىپ قىلدىم. مېنىڭ باشقىچە نىيىتىم يوق، ماڭا

ئىشىنىڭ. ناۋادا مۇشۇنداق پىيادە ماڭمەن دېسىڭىز. ئۇنىڭغىمۇ مەيلى. بىراق، هارۋامغا چىقىۋالمىسىڭىز، كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، قىزچاق.

قىزنىڭ چىرايىدا ئىككىلىنىش ئالامىتى كۆرۈلدى. ئۇ بىر هېسابتا خۇدابەردىنىڭ دېگەنلىرىگە ئىشەنگەندەكمۇ قىلاتتى. خۇدابەردى قىزنىڭ سەل تاتارغان چىرايىدىكى دېلىغۇللۇقنى كۆرۈپ هارۋىنى ئۇنىڭ يېنىدىلا توختاتتى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — يالغۇزلۇقتىن جېنىم چىقاي دېگەندە ئاران بىر ئۇچرىدىڭىز. مۇشۇكچىلىك بولسىمۇ هەمراھ بولار دېسەم، مۆڭۈپ - قىيغىتىپ هېچبىر تۇتۇق بەرگۈڭىز يوق. ماڭا ئىشىنىڭ، شۇنداق يوغان بىر هارۋىدا ئۆزۈم يالغۇز ماڭسامۇ ماڭمەن، سىز چىقىۋالغانغا ئۆكۈزنىڭ بىر يېرى ئۈزۈلۈپ چۈشمەيدۇ. يول بىر بولغاندىكىن يەنىلا بىللە ماڭغان ياخشىراق. قېنى كېلىڭ، هارۋىغا چىقىۋېلىڭ، ئىنس - جىننىڭ قارىسىمۇ يوق بۇ چىغىر يولدا بىر كاۋىنى قولتۇقلاپ يالغۇز مېڭىشتىن زېرىكمىدىڭىزمۇ؟ خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ هېچقانداق يامان نىيىتىم يوق.

خۇدابەردى بىردىنلا ئۆزىنىڭ بەكلا كۆپ سۆزلەپ كەتكەنلىكىنى هېس قىلدى. شۇنىڭغا يارىشا قىزمۇ ياغلىقتا چىگىلگەن كاۋىنى ئاۋايلاپقىنا هارۋىغا قويدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە خۇدابەردىگە گۇمانسىراش ئىلكىدە تىكىلىپ تۇراتتى.

— قېنى، سىزمۇ چىقىڭ، — دېدى ئۇ قىزغا قولىنى سۇنۇپ، — ئەكېلىڭ قولىڭىزنى...

قىز ئۇنىڭ ئۆزىگە سۇنۇلغان قولىغا پەرۋا قىلماستىن، چاققا دەسسەپلا هارۋىغا چىقىپ، بىر بۇرجەكتە تۇگۈلۈپ ئولتۇردى. خۇدابەردى تېززەك بولمىسا قىز يەنە هارۋىدىن چۈشۈۋالىدىغاندەك بىر ئەندىشە بىلەن ئۆكۈزنىڭ يېغىرىغا ياغاچ چوقۇدى. ئۆكۈز بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن چۆچۈگەندەك يۇشۇلداپ

ئورنىدىن قوزغالدى. ھارۋىنىڭ تاراق - تۇرۇقى يەنە ئەتراپنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇشقا باشلىدى.

— قارىسام، خېلى ئۇزۇندىن كەلگەندەك قىلىسىز، — دېدى خۇدابەردى قىزغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ، — نەگە بېرىپ، نەدىن كېلىشىڭىز؟

قىز ئۇندىمەستىن تىرنىقىنى تاتىلاپ، نېپىز لەۋلىرىنى چىشلەپ قويدى.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

ئۇ يەنىلا گەپ قىلمىدى.

— نەگە بارىسىز؟

— «راكېتا»غا...

خۇدابەردى ھارۋىنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى ئارىسىدىن قىزنىڭ خۇددى يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك تولىمۇ پەس ئاۋازىنى ئاڭلىدى. خۇداغا شۈكۈر، ھەرھالدا بۇ قىز زۇۋانغا كەلگەنىدى.

— «راكېتا»غا بىرەرىنى ئىزدەپ بارامسىز ياكى...

— بىزنىڭ ئۆي شۇ يەردە...

— ئەسلىدە سىزمۇ «راكېتا»لىق ئىكەنسىز - دە؟ — دېدى خۇدابەردى كۈلۈپ قويۇپ، — ئۇ يەردە مېنىڭمۇ ئەل - ئاغىنىلىرىم بار. مەن «راكېتا»غا بىر قېتىم بارغان.

قىز شۇنداقمۇ دېگەندەك قاراپ قويدى. بىراق، ئۇ كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە سەپسېلىپ قاراۋاتقان خۇدابەردىنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ دىككىدە چۆچۈپ، نەزىرىنى ئىتتىكلا باشقا ياققا ئاغدۇرۇۋالدى. قىزدىكى بۇ تارتىنىشنى كۆرۈپ خۇدابەردى باشقا گەپ قىلمىدى ۋە قولدىكى تاياق بىلەن ئۆكۈزنى ھەيدىگىنىچە قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا ئىسقىرتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا ياققا بۇرىغىنىنى سەزگەن قىزمۇ ئۆزىچە يېنىك تىنىپ قويدى.

توپىلىق يولدا پىكاپچاق ھارۋا نېپىز بىر قەۋەت توپا -

چاڭنى ئەگەشتۈرگىنىچە چايقىلىپ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بىركەمدە خۇدابەردى نېمىگىدۇر غۇدۇراپ قويدى. ئۇنىڭ يىراقلارغا تىكىلگەن بىر جۈپ كۆزى پايانى يوق مۇشۇ قومۇشلۇقلاردىن بىزار بولغاندەك قىسىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، هارۋىنىڭ بۇرجىكىدە ئولتۇرغان قىزغا يەنە بىر قېتىم قارىدى. قىز دەل مۇشۇنداق سۈكۈتنى خالىغاندەك كۆزلىرىنى يۇمۇپ، چايقىلىپ تۇرغان هارۋىدا لىڭشىپ ئولتۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۇ باشقا بىرنېمە دېمەستىن، قولىدىكى تاياقنى هارۋىنىڭ شوتىسىغا ئۇرۇپ قويدى.

هارۋا يېكەنلىك مەيدان بىلەن «راكېتا»غا تۇتىشىدىغان ئاچا يول ئېغىزىغا كەلگەندە، ئۇ ئۆكۈزنىڭ باش بېغىنى ئاستا تارتىپ هارۋىنى توختاتتى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى خۇدابەردى ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — ئەسلىدە سىزنى «راكېتا»غىچە ئاپىرىپ قويسام ياخشى بولاتتى. بىراق، مېنىڭ يەنە دوختۇرخانىغا ئاپىرىدىغان ئادەملىرىم بار. يەنە بىر يول ماڭمىسام بولمايدۇ. سىزگە مۇشۇ يەردە خوش دەيدىغان بولدۇم. «راكېتا»دىكى نەجمىدىننى كۆرۈپ قالسىڭىز، ئۇنىڭغا مەندىن سالام دەپ قويۇڭ، يېكەنلىكتىكى خۇدابەردى سالام دېدى، دېسىڭىز بولىدۇ.

— نەجمىدىننى... — قىز هەيران بولغاندەك خۇدابەردىگە قاراپ قويدى.

— شۇنداق، هېلىقى سېيالكىچى نەجمىدىننى كۆرسىڭىز، ئۇنىڭغا سالام دەپ قويۇڭ.

قىزنىڭ چىرايىدا ئەمدى خاتىرجەملىك ئالامىتى كۆرۈندى. ئۇ هارۋىدىن دىككىدە چۈشۈپ، هېلىقى كاۋىسىنى قولىغا ئالدى.

— نەجمىدىن ئاكام سىزنىڭ دوستىڭىزما؟ — سورىدى ئۇ ئىككى قەدەم ئېلىپ بولۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ.

— شۇنداق، «راكېتا»دا يەنە جامال، توختى دېگەنلەر بىلەنمۇ تونۇشىمىز. هەممىسى بىزنىڭ ئەل - ئاغىنىلەر...

قىز مېيىقىدا كۈلۈمسىرىدى ۋە بېشىنى لىڭشىتقىنىچە «راكېتا»غا تۇتىشىدىغان تۇپىلىق يولغا چۈشتى. خۇدابەردى نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرۇپ قالدى. قىز خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز كەينىگە بۇرۇلدى ۋە تېخىچە ئۆزىنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇرغان خۇدابەردىنى كۆرۈپ قەدىمىنى تېزلەتتى. ئەتراپىدا قومۇش، يۇلغۇن، چېقىرتىكەن دېگەندەك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سارغايغان غوللىرى نەيزىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان تۇپىلىق يولدا كېتىۋاتقان قىز بىر توقايغا بارغاندا، ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن نېپىز تۇمانمۇ، نازۇك جىسمىمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. خۇدابەردى ئەپسۇسلۇق ئىلكىدە بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى.

خۇدابەردى قۇرۇق ھارۋىنى داراقلىتىپ ھەيدەپ يېكەنلىك مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە، كۈن پېشىندىن ئاشقانىدى. ھېرىپ ئاچقان خۇدابەردى بۇ يەرنىڭ ئاجايىپ قىزىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى. توختايۇپ ناھىيىدىن بىر كىنو قويۇش ئەترىتىنى باشلاپ كەلگەنىدى. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بوز يەر ئېچىش بىلەن بولۇپ، زېرىكىپ كەتكەن ياشلارغا نىسبەتەن كىنو قويۇش ئەترىتىنىڭ كېلىشى كۈتۈلمىگەن خۇشاللىق ئىدى. توختايۇپ كىنوچىلارنى ياتىقىدا ئايجامال تەييارلاپ بەرگەن قورۇمىلار بىلەن بىر شېشە ھاراقتا مېھمان قىلىۋاتاتتى. قۇددۇس، ئوبۇلتالىپ، جاپپارلار ئامبار تېمىغا ئېكران تارتىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىرنەچچە قىز كىنو ئاپپاراتىنى ئورنىتىش ئۈچۈن نەدىندۇر تېپىپ كەلگەن بىر كونا ئۈستەلنى يۇيۇپ سۈرتۈۋاتاتتى. مەيداندىكى نېمىگىدۇر ئالدىراپ يۈرگەن ياشلارنىڭ چىرايىدا كىنو كۆرۈش تەقەززاسى جىلۋىلىنىپ تۇراتتى. ھەممەيلەن قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ، كىنو قويۇشنىڭ تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتكەنىدى.

خۇدابەردى ئۆكۈزنى بىر تۈپ جىگدىگە باغلىغاندىن كېيىن، توختايۇپنىڭ ياتىقى ئالدىغا كەلدى – دە، قازان بېشى تەرەپتىن

بىر تەخسە تۇخۇم قورۇمىسى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئايجامالنى كۆرۈپ يۈرىكى يېنىك تىترىدى. چىرايىنىڭ نىمىشقىدۇر بىلىنەر - بىلىنمەس قىزارغىنىنى ئۆزىمۇ سەزدى. ئۇ قۇرۇق تېرىدەكلا بولۇپ قالغان ئالىقانلىرىنى بىر - بىرىگە سۈركىگىنىچە بېشىنى لىڭشىتىپ ئايجامالغا سالام قىلدى.

— ئۈستۈبېشىڭىز توپا تۇرىدۇغۇ؟ بىر يەرگە بېرىپ كەلگەن ئوخشىمامسىز؟ — سورىدى قىز پەس ئاۋازدا، — قورسىقىڭىز ئاچتىمۇ؟

— ھۇسىيىن مۇدىر بىلەن گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا بارغان، — دېدى خۇدابەردى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغان تىلىنى تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ، — زۇكامداپ قالغان قىزلارنى ياتاققا ئالدۇرۇپ قويۇپ كېلىشىم. يەنە بىر يول ماڭمىسام بولمايدۇ. شۇڭا، توختايۇپ مۇدىرنى خەۋەرلەندۈرۈپ قوياي دېگەنىدىم...

— ئەمىسە مەن چاقىرىپ قوياي، — دېدى ئايجامال ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئۇنىڭغا پىچىرلىدى، — ماڭىدىغان چاغدا ماڭا بىر كۆرۈنۈڭ، سىزگە ئېلىپ قويغان ئازراق نەرسە بار. ئېلىۋېلىپ يولدا يەرسىز.

خۇدابەردى ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزىرىدە قاراپ بېشىنى لىڭشىتتى.

ئايجامال ياتاققا كىرىپ كەتتى. كۆپ ئۆتمەي چىرايى دالىدا ئۆسكەن لالىنىڭ بېغىشىدەك قىزارغان توختايۇپ ياتاقتىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۈلكىدىن پۈرۈشۈپ كەتكەن كۆزلىرى خۇدابەردىنى كۆرۈپلا چەكچەيدى. توختايۇپ ئىختىيارسىز دىمىغىنى قېقىپ قويۇپ، ئۇنىڭغا نېمە گەپ، دېگەندەك قارىدى. ئۇنىڭ قىزىللىق قاپلىغان چىرايىدىكى تەبەسسۇمنىڭ ئورنىنى بىر خىل سوغۇقلۇق ئۆز ئىلكىگە ئالدى.

— قىزلاردىن ئون نەچچىسى زۇكامداپ، قىزىتمىسى ئۆرلەپ كېتىپتىكەن، ھۇسىيىن مۇدىر بىلەن ئىككىمىز ئۇلاردىن بەشىنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارغانىدۇق، ياتاققا ئالدى. يەنە

دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىدىغان بەش قىز بىلەن جېلىل سادىق بار. مەن شۇلارنى ئاپىرىشقا كەلگەن. ئۆزلىرىنىڭ ناھىيىدىن قايتىپ كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشنى خەۋەر قىلىپ قويااي دەپ كېلىشىم.

— مەن بولمىسامىمۇ، ھۆسىيىن مۇدىر بىلەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپسىلەرغۇ؟

توختايۇپ «ھۆسىيىن مۇدىر بىلەن ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىۋېتىپسىلەرغۇ» دېگەننى بەكمۇ ئۇرغۇلۇق قىلىپ دېدى. قارىغاندا، ئۇنىڭ ئىچى خېلىلا پۇشقاندى.

— ئەمدى، سىلىنىڭ ناھىيىدىن قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلمىدۇق. ھۆسىيىن مۇدىر قىزلارنىڭ قىيىنلىپ كەتكىنىگە چىدىماي، شۇنداق قىلىشنى ئورۇنلاشتۇرغان، — چۇشەندۇردى خۇدابەردى ئىچى كەكرى يەۋالغاندەك ئاچچىققا تولۇپ، — ھېلىمۇ ئۇلار بىر قىزىپ، بىر سوۋۇپ ياتاقتا نەچچە كۈن ياتتى. ھۆسىيىن مۇدىر ئالىمادىس بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەس دەپ، ئۇلارنى دوختۇرغا...

— بولدى، بولدى، ھۆسىيىن مۇدىرىڭىزنىڭ بىرنېمىسىنى مېنىڭ ئالدىمدا چاڭگاللاۋەرمەي، قېشىغا بارغاندا ئۇبدان تۇتۇۋېلىڭ، — توختايۇپ ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىدىن بىزار بولغاندەك گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى، — ئەمدى مېنىڭ ئالدىمدا تۇت — تۇتلەپ يۈرمەي، ئەتىتىك بېرىپ باشلىقىڭىزنىڭ بۇيرۇقىنى ئۇبدان ئورۇنداڭ. شۇنداق قىلسىڭىز، ئۇمۇ مۇكاپات تەرىقىسىدە ئۇچىدىن ئازراق كېسىپ بېرەر...

توختايۇپ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى گۈممىدە ياپتى. خۇدابەردى خۇددى يۈرىكى ئىشىك ئاراچىلىرىدا قىسىلىپ قالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا نېمىدەپ كەلگىنىنى بىلەلمەي، ئىچىدە ئۆزىنى مىڭنى تىللىدى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە ھېچكىمدىن بۇنداق سېسىق گەپ ئاڭلاپ باقمىغانىدى. شۇڭا، توختايۇپنىڭ دېگەنلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئاق تىكەندەك سانجىلغانىدى.

خۇدابەردى كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشقان هالدا هارۋا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— كەچتە كىنو كۆرۈۋېلىپ، دوختۇرخانىغا ئەتە بارساق بولمامدۇ؟ — دېدى جېلىل سادىق يوتقاندىن بېشىنى چىقارمايلا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، توختايۇپنىڭ ئاھانەتلىرىنى تېخىچە يۇتالماي بىئارام بولۇۋاتقان خۇدابەردىنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىك تۇرۇپ كەتتى. ئۇ غەزەپ بىلەن جېلىل سادىقنىڭ ئۇستىدىكى يوتقاننى يۇلۇپ ئالدى.

— خۇددى زۇكامنى ساڭا مەن سېلىپ قويغاندەك ئەركىلەيسەنغۇ؟ قوپە لاتا قىسماق. بەك كىنو كۆرگۈڭ بولسا، ئاخشامىلىققا دوختۇرخانىنىڭ تېمىغا ئېلان چىقار. سېنى ئارمانىڭغا يەتكۈزىدىغان ئوغۇل بالىدىن بىرەرى تېپىلىپ قالار، بەك بولمىسا ئاكاڭ قارىغايغا ئېيت. كىنو دېگەننى ئۆزۈم قويۇپ بېرىمەن ساڭا...

جېلىل سادىق ئۇنىڭ غەزەپتىن قىزىرىپ كەتكەن چىرايىغا بىر قاراپلا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. خۇدابەردىگە بىر ئىش بولغانلىقىنى كۆڭلى تۇيدى. شۇڭا، ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن چاپىنىنى كىيىپ، نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.

ئۇلار يولغا چىققاندا كۈن ئاللىقاچان غەربكە باش قويغانىدى. بارغانسېرى يىراقلىشىپ ئۇپۇققا لەۋ ياققان قۇياش قىزغۇچ شولىلىرىنى بوزىرىپ ياتقان قومۇشلۇق دالىغا سېخىيلىق بىلەن سەپمەكتە ئىدى. بوش چايقىلىۋاتقان قومۇش پۆپۈكلىرى ئالتۇن رەڭدە تاۋلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار خېلى يىراقلاپ بارغاندىمۇ يېكەنلىك مەيدان تەرەپتىن قىن - قىنىغا پاتماي قالغان ياشلارنىڭ قىيقاس سېلىپ كۈلۈشكىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يېكەنلىك مەيداندا كىنو قويۇلىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار بالا - چاقىلىرىنى ئەگەشتۈرگىنىچە ئالدىراش كېتىپ باراتتى. خۇدابەردىنىڭ بۇلارغا قاراشقا رايى

بارمىدى. ئۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە ھە دەپ ئۆكۈزگە تاياق سالاتتى...

ئۇ دوختۇرخانىدىن يېكەنلىك مەيدانغا قايتىپ كەلگەندە كىنومۇ تۈگىگەن، يېقىن ـ يىراقتىن كېلىشكەن دېھقانلارمۇ قايتىپ كېتىشكەن، ھەممە يەر ئېغىر ئۇيقۇ ئىچىدە قېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئۆكۈزنى ھارۋىدىن چىقىرىپ ئېغىلغا ئېلىپ ماڭدى. گەرچە ھارۋىدا ماڭدىم دېگەن بىلەن، كاتاڭ يولدا قېقىلىپ ـ سوقۇلۇپ يۈرگەچكە ئۇ بەكمۇ ھارغانىدى. ئېغىر قەدەملىرىنى سۆرەپ كېتىۋاتقان خۇدابەردى ئېغىلنىڭ ئىشىكىنى قوپاللىق بىلەن ئىتتىردى. ئۇ ئۆكۈزنى ئېغىلغا ئەكىرىپ، ئولاققا لىققىدە پوستەك تۆكتى. بۇ يەر چەللە پۇراپ تۇرسىمۇ، سىرتقا قارىغاندا خېلىلا ئىسسىق ئىدى. ئۇ ئوت، سامان ۋە قانداقتۇر چىرىندىلەرنىڭ پۇرىقىدىن قېنىپ نەپەس ئالغىنىچە كېرىلدى. ئۇنىڭ قورسىقى بەكلا ئاچقانىدى. ئۇ توختايۇپنىڭ سىپسىق گەپلىرىدىن خاتىرىسىنى يوقاتقاچقا، ئايجامالنىڭ : «ماڭار ۋاقتىڭىزدا ماڭا بىر يولۇقۇڭ، سىزگە بىرنەرسە ئېلىپ قويدۇم، يولدا يەرسىز» دېگەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ قالغانىدى. مانا ئەمدى قورسىقى ئېچىپ، ئۈچەيلىرى كوركىراشقا باشلىغاندا قىزنىڭ ھېلىقى گېپى بىردىنلا ئېسىگە كەلدى. ئۇ ئېغىزىغا يىغىلغان سېرىق سۇنى غۇرتىلدىتىپ يۇتقىنىچە ئېغىلدىن چىقتى. ئايجامالنى ئويلاپ، ئۇنىڭ ھارغىن جىسمىغا يېڭىدىن كۈچ قېتىلغاندەك بولدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ئاھاڭغا ئىسقىرتقىنىچە ياتاق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

— خۇدابەردى...

ئۇ نەچچە قەدەم ماڭار ـ ماڭمايلا بىرىنىڭ بوشقىنا چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇ دىڭگىدە چۆچۈپ، ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. ئاشخانىنىڭ يېنىدا بىر قارا گەۋدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. خۇدابەردى بىرئاز ئەيمىنىپ، ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. ھېلىقى قارا گەۋدە ئالدىغا ئىككى قەدەم ماڭدى.

خۇدابەردىنىڭ يۈرىكى تېز ـ تېز سوقۇشقا باشلىدى.

— خۇدابەردى، بۇياققا كېلىڭا...

بۇ ئايجامالنىڭ ئاۋازى ئىدى. خۇدابەردىنىڭ يۈرىكى ئەمدى هاياجاندىن تېپچەكلەشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا ئايجامالنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

— ئەمدى كېلىشىڭىزمۇ؟

— هەئە، — دېدى خۇدابەردى پەس ئاۋازدا، — ئۆكۈزنىڭ مېڭىشىنى سىز بىلىسىزغۇ؟ شۇنچە قىلسامۇ پەقەت يول ئاۋۇمىدى.

— تېخى كەچلىك تاماق يېمىگەنسىز؟

— نەدىكىنى، — خۇدابەردى قورساقنىڭ ئاچ ئىكەنلىكىنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدى، — پۈتۈن بىر كۈن يول مېڭىپ بەكمۇ هاردىم، قورساقمۇ كوركىراپ تۇرىدۇ.

— بايا مېنى ئىزدەڭ دېسەم، ئاڭلىمىغانمىدىڭىز؟

— ئاڭلاشنىغۇ ئاڭلىغان، شۇ توختايۇپنىڭ كۆكۈيۇندەك چاقىدىغان سېسىق گېپىنى ئاڭلاپ، ئاچچىقىمدا هەممىنى ئۇنتۇپتىمەن.

ئۇ خىجالەتچىلىكتە گەدىنىنى قاشلاپ قويدى. ئايجامال ئەتراپقا بىرقۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاشخانىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى ۋە هايالىشمايلا بىر بولاقنى كۆتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى نېمىشقىدۇر تېزلىشىپ كەتكەنىدى.

— بۇنى ئاپىرىپ، — دېدى ئۇ قولىدىكى نەرسىنى خۇدابەردىگە تۇتقۇزۇپ، — تېزدىن قورساقىڭىزنى ئەستەرلىۋېلىڭ، ئاچ قورساق ياتسىڭىز قېنىپ ئۇخلىيالمايسىز. بۇنى هېچكىم تۇيۇپ قالمىسۇن، ئېهتىيات قىلارسىز...

ئايجامال شۇنداق دەپلا ياتىقىغا قاراپ يول ئالدى. خۇدابەردى ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ قالدى. ئايجامال غىچ قىلىپ ياتاقنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندىلا ئۇ ئېسىگە كەلدى ۋە قولىدىكى بولاقنى باغرىغا باسقىنىچە كەينىگە ياندى. ئۇ ئېغىلغا قايتىپ بېرىپ قولىدىكى بولاقنى ئاچتى. ئۈچ دانە پىشۇرۇلغان

تۇخۇم، بىر توخۇ پاچىقى، بىر دانە يۇمشاق تومنان ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئويىنىتىۋەتتى. ئۇ ئېغىلنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تۇخۇملارنى ئالدىراپ سويۇشقا باشلىدى. ئېغىل ئىچىدىن ئۆكۈزنىڭ پاراسلىتىپ پوستەك يالىمىغىنى ۋە خۇدابەردىنىڭ ماچىلدىتىپ تۇخۇم يېگىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشتىها بىلەن نان، تۇخۇم ۋە توخۇ پاچىقىنى سوقۇپ بولغاندا ئۆزىنىڭ بەكلا تويۇپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى ۋە كۆڭلىدە ئايجامالغا يۈز مىڭلاپ رەھمەت ئوقۇدى. ئۇ ياتاققا كېلىۋېتىپ بىردىنلا «نېمىشقا ئايجامال مېنىڭ ھالىمدىن مۇشۇنداق خەۋەر ئالىدىغاندۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ قالدى. بىراق، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ سوئالغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالمىدى. ئۇ ياتاققا كىرىپلا ئۆزىنى يوتقانغا ئاتتى ۋە بىرپەستىلا ئۇيقۇغا كەتتى.

ئۇ شۇ كېچىسى تۈنجى قېتىم ئايجامالنى چۈشىدى. ئۇ ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بىر باغدا يۈرەتتى. مەيىن شامالدا گۈل بەرگىلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. خۇدابەردى يىراقتىن ئۆزىگە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئايجامالغا قۇچاق ئاچتى. ئاق ئېچىلغان سۆگەت گۈلى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە بەرگىلىرىنى چاچقۇ قىلىپ چاچاتتى. خۇدابەردى بارلىق مېھرى بىلەن ئايجامالنى قۇچاقلىدى. بىراق، قىز بىرلا سىلكىنىپ كۆك كەپتەرگە ئۆزگەردى ۋە ئۇنىڭ باش ئۈستىدە بىرنەچچە قېتىم پىرقىرىغاندىن كېيىن ئۇپۇق تامان ئۇچۇپ كەتتى. خۇدابەردى بار ئاۋازى بىلەن ئۇنى چاقىردى.

— ئايجامال...

— نېمە ۋارقىرايسەن؟ ھۇ ئايجامالنىڭ جىنى چاپلاشقان ساراڭ، ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ ئېشەكتەك ھاڭرىغىنىنى...

ئۇ بىرىنىڭ ئۆزىنى كۈچەپ جەينەكلىشىدىن ئويغىنىپ كەتتى. چاشقان سۈيدۈكى پۇراپ تۇرىدىغان ئامبارنىڭ تۈڭلۈكىدىن يۇلتۇزلار چاراقلاپ تۇرغان ئاسمان كۆرۈنۈپ

تۇراتتى. ئۇ تورۇسقا قاراپ خېلى ئۇزاق ياتقاندىن كېيىن بىر ئۆرۈلۈپلا يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

## 17

كۆتەر ـ كۆتەر باھار ئاخىر يېتىپ كەلدى. ھەممە يەر يېشىللىققا پۈركەندى. يېڭى ئېچىلغان بوز يەر بىلەن ئېچىلىشنى كۈتۈپ تۇرغان دۆڭلەرنىڭ يان باغىرلىرىدا ئالتۇندەك كاككۇككۈللىرى ئېچىلىشقا باشلىغانىدى. قىشچە بوزىرىپ ياتقان قومۇشلارنىڭ تۈۋىدىن يىڭنىدەك ئۇچلۇق بىخلار كائىناتقا كۆز ئاچقانىدى. يول بويلىرىدىكى قاراسۆگەتلەرنىڭ ئىنچىكە شاخلىرىدا يېشىللىق جىلۋە قىلاتتى. بەزى كەپىنەز ياشلار قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك، ئاشۇ سۆگەتلەرنىڭ نوتىسىدا بوتبوت ياساپ چېلىشقا ئۆلگۈرگەنىدى، قىشتىن بېرى ئادەمگە ئىسسىق كۆرۈنگەن چاپانلار ئەمدى ئېغىر كېلىشكە باشلىدى. ئادەمدىن باشلاپ تەبىئەتكىچە ـــ ھەممەيلەن قىشلىق يېپىنچىسىنى تاشلىۋېتىشكە ئالدىرىماقتا ئىدى.

ئەتىيازنىڭ يېتىپ كېلىشى ھەممەيلەننى پاتىپاراق قىلىۋەتتى. توختايۇپنىڭ يەنە يورغىسى چىقىپ قالغانىدى. ئۇ ھېلى كۆزگىنى توپىلاۋاتقانلارنىڭ يېنىدا پەيدا بولسا، ھېلى يازغى بۇغداي تېرىشقا تەييارلانغان ئېتىز قىرلىرىدا يۈگۈرۈپ يۈرەتتى. ھۆسىيىن مۇدىر بىلەن مەتقۇربان تاش يېڭىدىن ئېچىش پىلانلانغان بىر تاختا يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرنى ئۆلچەش بىلەن ئالدىراش ئىدى. شەمشىدىن، خۇدابەردى ۋە جېلىل سادىقنىڭ گۆرۈپپىسىدىكىلەر ئۆزلىرىگە تەقسىم قىلىنغان كۆندىلىك ۋەزىپىلەرنى دېگەن قەرەلدە ئورۇنداپ بولالمىسا توختايۇپتىن دەككىسىنى يەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، باش كۆتۈرمەستىن ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ بىر ـ بىرىگە قاراشقا كۆزىنىڭ، ئەھۋال

سوراشقا تىلىنىڭ چولىسى تەگمەيتتى.

خۇدابەردىنىڭ بەش كىشىلىك ئارقا سەپ گۇرۇپپىسىغا مەلىكىزادىنىڭ ئون كىشىلىك قىزلار گۇرۇپپىسى قوشۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار كۆزگى بۇغداينى توپىلاشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى. ئوغۇللار يىراقتىن سارغىيىپ پىشقان دۆڭ توپىسىنى هارۋا بىلەن توشۇپ كېلىپ، ئېتىز بېشىغا چۇشۇرۇپ بېرەتتى. قىزلار بولسا توپىلارنى تاغار بىلەن ئېتىزلارغا ئەكىرىپ، بەلدەم ـ بەلدەم قىلىپ تۆكۈشەتتى. توختايۇپ ئېتىزغا تۆكۈلگەن توپىلارنىڭ ئۆلچەمگە يەتكەن ـ يەتمىگەنلىكىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، قىزلار ئۇلارنى قولى بىلەن بۇغدايلىققا تەكشى چېچىشاتتى. قىزلارنىڭ بۇلاق ئەتراپىدا ئۆسكەن قىياقتەك نازۇك بەللىرى ئەتىگەندىن بېرى تاغار يۇدىگەچكە، چىڭ تارتىلغان يادەك ئېگىلگەنىدى. قىزلارغا قاراپ يىگىتلەرنىڭ ئىچى ئېچىشاتتى. بىراق، توختايۇپ بەرگەن ۋەزىپىنى ئورۇندىماي ئامال يوق. دۆڭ توپىسىنى بىر كەتمەن ـ بىر كەتمەندىن هارۋىغا ئۇسۇش، ئېتىز بېشىغا كەلگەندە يەنە ئۇنى كەتمەنلەپ تۆرۈپ چۇشۇرۇشمۇ ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنداقتىمۇ، ھەممەيلەننىڭ چىشىنى چىشلىمەي ئامالى يوق ئىدى.

ــ هارۋىنىڭ سۇرئىتىنى يەنىمۇ ئاستىلىتايلى، ــ دېدى خۇدابەردى قىزلارنىڭ مۇكچىيىپ كەتكەن جىسمىغا قاراپ، ــ توپىنى ئاستىراق توشۇساق قىزلارغا ئاز ـ تولا ئارام ئېلىۋېلىش پۇرسىتى چىقىپ قالغۇدەك.

ــ بىراق، ئىش سۇرئىتى ئاستىلاپ قالسا توختايۇپقا نېمە دەيمىز؟ ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرىدىن بىر ئىشلارنى يوشۇرۇش ئاسانمۇ؟ ــ دېدى دىلمۇرات ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

ــ بۇ يەردە قارغىش قېپى ئۆكۈزنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ ــ سورىدى تاشپولات تۇرسۇن دىلمۇراتنىڭ يەلكىسىگە بوش ئۇرۇپ قويۇپ، ــ ئۇنىڭ قوڭغۇزدەك ئاستا ماڭىدىغىنىنى توختايۇپمۇ بىلىدۇ. شۇڭا، گېپى بولسا ئۆكۈزگە دېسۇن.

مېنىڭچە، خۇدابەردىنىڭ دېگىنى توغرا. قىزلار تاغار يۇدۇۋېرىپ دوك بولۇپ قالسا، سەن ئىككىلەنمەي ئۇلارنى ئەمرىڭگە ئېلىشقا پېتىنالامسەن؟

— ئۇنداق قىلىش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ. كىممۇ تۇپتۇز قارىغاينى قويۇپ، دوڭغاق سۆگەتنى كېرەك قىلىدۇ؟

— گەپ شۇ يەردە، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — توختايۇپ گېپى بولسا بىزگە دېسۇن. چۈنكى، بىز دېگەن ئوغۇل بالا، بېزىرىپ تۇرۇۋالساق ئۇ ھېچنېمە قىلالمايدۇ. قىزلار ئۈچۈن بىرەر - يېرىم ئېغىز يامان گەپ ئاڭلاپ قالساقمۇ ھېچقىسى يوق، بۇ بىزگە يارىشىدۇ. قانداق دېدىم؟

ھەممەيلەن توغرا دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىشتى. ھارۋىنىڭ سۈرئىتى ھەقىقەتەن ئاستىلىدى. ئۇلار چۈشكىچە ئاران ئىككى ھارۋا توپا توشۇپ كەلدى.

— ھەي خۇدابەردى، نېمە قىلىق بۇ؟ دۆڭنىڭ ئارقىسىدا بىرىنىڭ ئاچىسىغا يېلىم كولاپ بېرىشىۋاتامسەن؟ — دېدى توختايۇپ چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا بۇ يەرگە كېلىپ، ئېتىزلارغا تۆكۈلگەن ئازغىنا توپىنى كۆرۈپ ئاچچىقتىن بوغۇلغان ھالدا، — نان يە دېسە، ئالا كۆچۈكتىن قىزغانغاندەك خىرقىرىشىپ كېتىشىسەن. ئىش دېسە، زوڭ ئولتۇرۇشساڭ بولامدۇ؟ نېمە ئۇ ئىككى ھارۋا توپا دېگەن؟ راۋۇرۇس بەش ئەركەكنىڭ قىلغان ئىشى شۇنچىلىكما؟ بۇنىڭغا نېمە دەيسەن، خۇدابەردى؟ كۆرسىتىدىغان سەۋەب بارمۇ؟

— شۇ ئۆكۈزنىڭ ئىشى... نېمە بولدىكىن، بۈگۈن پەقەتلا ماڭمايۋاتىدۇ. مىجەزى يوقمىكىنيا؟ زۇۋانى بولمىغاندىكىن، نېمە بولغىنىنى پەقەت ئۇقالمىدۇق...

توختايۇپ ئۇنىڭغا يەۋېتىدىغاندەك ئالايدى. كۆزىدىكى ئاخشامقى كەيپچىلىكتىن قالغان قىزىللىق يۈزىگە تېپىپ چىقتى.

— شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆكۈزنىڭ كەينىدە يۈرۈپمۇ ئۇنىڭ

زۇۋانىنى بىلمىگەن ئادەمنى نېمە دېگۈلۈك ئەمدى؟ — دېدى ئۇ بىر ئۇچۇم توپىنى خۇدابەردىنىڭ يۈزىگە ئېتىپ، — قارىسا بىر ئىشلارغا خېلى ئېپىڭ باردەك كۆرۈنىسەن، بىراق بىر ئىشلارنى ياپسا كەلتۈرۈشكە خېلى ئېپىڭ بار قۇۋ نېمە ئىكەنسەن. تايىنلىق ئاۋۇ خانىئاچىلىرىڭنىڭ بىر يېرىنى ئاۋايلىغانسەن ھەقىچان؟ مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ئەكېلە ئۆكۈزنى، مەن بىر يول مېڭىپ كۆرەي. ئۆكۈزنىڭ زادى ماڭىدىغان - ماڭمايدىغانلىقىنى مەن بىر سىناپ باقاي.

توختايۇپ بىر سەكرەپلا ھارۋىغا چىقتى ۋە قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئۆكۈزنىڭ ساغرىسىغا زەرب بىلەن ئۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ تايىقىنى چىۋىن چاققانچىلىك ئىلىك ئالمىغان ئۆكۈز سالماق قەدەملەر بىلەن ھارۋىنى سۆرىگىنىچە توپا ئەكېلىدىغان دۆڭگە قاراپ يۇرۇپ كەتتى. خۇدابەردى يۈز - كۆزلىرىدىكى توپىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، توختايۇپنىڭ بۇ ئىشىغا يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى.

ئارىدىن بىرەر سائەتتەك ئۆتۈپ، لىققىدە توپا ئۇسۇلغان ھارۋا ئېتىز بېشىغا يېتىپ كەلدى. توختايۇپ سائىتىگە قاراپ قويۇپ، خۇدابەردىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— قانداق، بىر ھارۋا توپا ئەللىك بەش مىنۇتتا يېتىپ كەپتۇ. شۇ بويىچە ھېسابلىغاندا يېرىم كۈن دېگەندە تۆت - بەش ھارۋا توپا ئەكېلىپ بولۇش كېرەك ئىدى. بىراق، سىلەر ئاران ئىككى ھارۋا ئەكەپسىلەر. تېخى گۇناھنى ئۆكۈزگە دۆڭگەيسەن. ئۇ بىر ئۇبدان ماڭىدىغۇ ئەنە؟ ئۆكۈز دېگەن شۇنداق ماڭماي، ھاۋاجازدەك ئۇچسا بولامتى؟ ئەمدى بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟

خۇدابەردى گەپ - سۆز قىلماستىن، ئۇنىڭغا قاراپ بىر خىل رەۋىشتە تۇرۇۋەردى. توختايۇپنىڭ ئوغىسى يەنە قايناشقا باشلىدى.

— سەن كۈزگى توپىلاشتا تەشكىل بىلەن قارشىلاشماقچىمۇ؟

— ياق.

— ئەمسە نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ نېمىشقا ئىش سۇرئىتىگە تەسىر يەتكۈزىسەن؟

— شۇ ئۆكۈز...

— ھە، ئۆكۈزگە نېمە بوپتۇ؟ يەنە خىجىل بولماستىن گۇناھنى ئۆكۈزگە دۆڭگەيسەنغۇ؟

— ئەمدى ئۇ ئۆزىنى مېنىڭ ئەمەس، سىلىنىڭ ھەيدىگەنلىكلىرىنى بىلىپ قالغان بولسا، تەشكىلىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويماي دەپ تېزرەك ماڭغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇنىڭ ئەتىدىن بېرى ماڭمىغىنى راست. بەكرەك ئۇرۇپ ھەيدەيلى دېسەك، سىلى ئۇنى ناكا قىلىشقا، زەخىملەندۈرۈشكە بولمايدۇ، دەپ ئېنىق يوليورۇق بەرگەن. شۇڭا، ئۇنى تەشكىل نامىدىن سىلىدەك ئۇرۇشقا پېتىنالمىدۇق. مېنىڭچە، ھايۋان دېگەنمۇ چاكارغا قارىغاندا خوجايىن ھەيدىسە بەكرەك مېڭىشنى بىلىدىغان ئوخشايدۇ.

ئەمدى توختايۇپنىڭ تىلىغا زۇۋان كەلمىدى. ئۇ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ خۇدابەردىگە ئالىيىپ قاراپ بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن، گەپ ـ سۆز قىلماستىن كەينىگە ياندى. ئۇ شۇ تۇرقىدا غەزەپتىن پىلتىسىنى تارتسىلا پارتلايدىغان بومبىنىڭ ئۆزىگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ئۇ بىرەر يۈز مېتىر ماڭار ـ ماڭمايلا قىزلار تەرەپتىن پاراققىدە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوغۇللارمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. توختايۇپ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن كۈلكە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خۇددى يىڭنە يۇتۇۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى. ئۇ دەممۇدەم چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە ئارقىسىغا قارايتتى. ئاشۇ قىيقاس سېلىپ كۈلۈشۈۋاتقانلارنى چايناپ ـ چايناپ يۇتۇۋەتسىمۇ ئۇنىڭ ھېچ دەردى چىقمايدىغاندەك قىلاتتى.

— ئەجەب بابلىدىڭغۇ بۇ چايانىنى، — دېدى جاپپار كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالمىغان ھالدا، — ھەي، ھەممىدىن قورقۇپ ـ تىترەپ يۈرسەك، شىللىمىزگە مىنىگىنى ـ مىنگەن ئىكەن بۇ

توختايۇپىنىڭ. ئاز ـ تولا بىسىنى قايرىپ، تىتاڭ تومۇرىغا تەگكۈزۈپ، دەككىسىنى بېرىپ تۇرساق، خۇددى مايلىغان چاقتەك سىلىقلىشىپ كېتىدىكەنغۇ مانا...

— بىراق، كىمنىڭ مايلىغان چاقتەك سىلىقلىشىپ كەتكىنىنى كەچتە كۆرىمىز، — دېدى دىلمۇرات يانچۇقىدىن گېزىت قەغىزى چىقىرىپ موخوركا ئورىغىنىچە، — بۇ ئادەمنىڭ گەپ قىلماي ماڭغىنىغا قاراپ ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى دەپ قالدىڭما؟ «ئويناشماڭ ئەرباب بىلەن، ئۇ سالار ھەر باب بىلەن» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ ئېھتىمال ئۇ ياتىقىغا بېرىپ بولغۇچە بىزنى قانداق ئەدەپلەش ھەققىدە ئويلىنىپمۇ بولىدۇ.

— شۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ — تاشپولات تۇرسۇن تۇنجى قېتىم ئۇنىڭغا قاتتىق تەگدى، — سەن دېسەم ـ دېمىسەم شۇ تۇرقىدا ئىشتىنىڭغا چىقىرىۋەتتىڭغۇ دەيمەن؟ بۇ يەرنىڭ بىردىنلا سېسىق پۇراپ كەتكىنىمۇ بىكار ئەمەس ئىكەن ـ دە! ھەي توشقانچاق، ئۇ بىزنى ئەدەپلىسە نېمە بوپتۇ؟ ناھايىتى ئېغىزنى بۇزۇپ بىردەم ھۆركىرەيدۇ شۇ، ئۇنىڭدىن يوغىنى قولىدىن كەلمەيدۇ بىچارىنىڭ! بۇنىڭلىق بىلەن بىزنىڭ ھېلىقى بىرنېمىمىز بىر ئىلىك قىسقىراپ كېتەمتى؟

دىلمۇرات گەپ قىلماستىن ھارۋىدىكى توپىلارنى چۈشۈرۈشكە باشلىدى.

كەچ كىردى. مانانلىشىپ تۇرغان ئاسمان بىردىنلا گۈگۈم پەردىسى بىلەن ئورالدى. يىراق ـ يېقىندىن ئىشتىن قايتقان ياشلارنىڭ ناخشا ئاۋازى كەلمەكتە ئىدى. كۈزگى توپىلايدىغان ئەترەتتىكىلەرمۇ تاغارلىرىنى ئاستىغا سېلىپ ھارۋىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى ۋە ياتاققا قاراپ يول ئالدى. پىكاپچاق ھارۋا ئون بەش ئادەمنى سىغدۇرالمىغاندەك غىچىرلاشقا باشلىدى. تاغار يۇدۇپ بەللىرى تالغان قىزلار بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېغىر ئۇھ تارتىشاتتى. ئوغۇللار تاماكا چېكىشكىنىچە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىدا قانداقتۇر بىر تەشۋىش بۇلۇتى كېزىپ يۈرەتتى. ئۇلار كۆڭلىدە توختايۇپىنىڭ

بۇگۈن كەچكى سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىگە يەنە قانداق تەھدىت سالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىشاتتى. ئېغىر چاق تېگىدە قالغان قومۇش يىلتىزى، چاكاندا غوللىرى ئۇلار ئۈچۈن نالە قىلىۋاتقاندەك غاراسلايتتى. ھەممەيلەننىڭ بېشى خۇددى تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى.

ئۇلار ياتاققا قايتىپ كەلگەندە ئايجاماللار ئىشلەپ ھارغانلار ئۈچۈن بېدە كۆكى سېلىپ ئۇگرە تەييارلىغانىدى. كۆك ھىدى كېلىۋاتقان سۇيۇقئاش ھەممەيلەننىڭ تىلىغا شۇنداق تېتىپ كەتتى. ياشلار ئامبار تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ بىر قاچىدىن ئاشنى كۆردۇم دېمەي ئىچىۋېتىشتى. قىزىق ئاش ئۇلارنىڭ جىسمىدىكى ھاردۇقنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا يوق قىلىۋەتتى. ئاش ئىچىپ تېنى يايرىغان ياشلار قوشۇقنى تۇتقىنىچە يەنە ئاش بارمىكىن دېگەندەك قازان بېشىغا تەلمۈرۈپ قارىشاتتى.

— ھاياتتا مۇشۇنداق خوتۇنغا ئۆيلەنگەن ئەرنىڭ ئامىتى كېلىدۇ، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئايجامالغا يىراقتىن مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا قاراپ، — قولىنىڭ تاتلىقلىقىنى دېمەيلا قويايلى، ئۇنىڭ ھاردىم - تالدىم دېمەي قازان بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرۈشى ئانامغىلا ئوخشايدىكەن. بۇنداق چىداملىق قىز كەلگۈسىدە كىمنىڭ ئوچىقىغا ئوت ياقار؟ خۇدايىم تەلىيىنى بەرسۇن بىچارىنىڭ.

خۇدابەردى ھېچنېمە دېمىدى. ئەمەلىيەتتىمۇ دېگۈدەك ھېچ گەپ يوق ئىدى. ئۇ قاچىسىنى كۆتۈرۈپ ئامبارنىڭ كەينىدىكى ئېرىق بويىغا كەلدى ۋە شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە تاشپولات تۇرسۇننىڭ بايىقى سۆزلىرى قايتا - قايتا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ غەشلىككە تولغان كۆڭلىدە يەنىلا ئايجامالنىڭ ئىسمىلا بار، جىسمى يوق ئىدى. ئۇ ئايجامالنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆيۈنۈشىنى قانداق چۈشىنىشنىمۇ بىلمەيتتى.

شۇ كۈنى كەچلىك ئۆگىنىشكە ھۆسىيىن مۇدىر بىلەن دېھقانلار ۋەكىلى مەتقۇربان تاش يېتەكچىلىك قىلدى. مەتقۇربان

تاش قېقىلىپ يۆتىلىپ ئولتۇرۇپ بىرەر سائەتتەك ئۆتمۈشنى ئەسلەش دەرسى سۆزلىدى. بۇ ئادەمنىڭ تېنى ئاجىز، يەنە كېلىپ قىشتىن بېرى ئۆپكە كېسىلىنىڭ دەردىنى تارتىپ چىققان بولغاچقا، سەللا كۈچىسە خىرقىراپ قالاتتى. ئۇ يېكەنلىككە بەزىدە كېلەتتى، بەزىدە ھەپتە ـ ھەپتىلەپ يوقاپمۇ كېتەتتى. ئۇنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى توختايۇپ ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى.

بۈگۈنكى كەچلىك ئۆگىنىشكە توختايۇپنىڭ كىرمىگەنلىكى خۇدابەردىلەرنى ھەم خۇشال قىلدى، ھەم يەنىمۇ ئېغىر تەشۋىشكە سالدى. ئۇلار بۈگۈنغۇ بىر قېتىملىق كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئىزا ـ ئاھانەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى. بىراق، ئەتە قانداق بولىدۇ؟ بۇنىڭغا ھېچكىم ئېنىق بىرنەرسە دېيەلمەيتتى. بەلكىم توختايۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىش ئۈچۈن بىر يەرلەرگە ھاراق ئىچكىلى ماڭغاندۇ ياكى بولمىسا ياتىقىغا سولىنىۋېلىپ، ئۇلارنى قانداق ئەدەپلەشنىڭ پىلان ـ چارىلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقاندۇ. نېمىلا بولسۇن، بۈگۈنكى ئۆگىنىشنىڭ تىنچ ئۆتۈپ كېتىشى ياخشىلىقتىن بېشارەت بېرەتتى. «پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ» دېگەندەك ، توختايۇپ ئۇلارنى ۋايداد دېگۈزگۈچە بىر كېچە ۋاقىت بار ئىدى. خۇدابەردىلەرمۇ، مەلىكىزادىلارمۇ ئېغىر قورام تاش ئاستىدىن قوپقاندەك يېنىك نەپەس ئېلىشتى.

خۇدابەردى «ئەتە توختايۇپ بىزگە قانداق جازا بەرسە مەيلى. توشقاندەك يۈز يىل ياشىغۇچە يولۋاستەك بىر كۈن ياشىغان ئەۋزەل، غالىبلارچە ياشىغان بىر كۈن قورقۇنچ بىلەن ياشىغان مىڭ يىلنى بېسىپ چۈشىدۇ. توختايۇپ بىزنى ھەرقانچە قاتتىق جازالىسىمۇ، بۈگۈنكى خۇشاللىقىمنى يوق قىلالمايدۇ...» دېگەنلەرنى ئويلىدى.

بەشىنچى باب

# تۆندىكى گۈلخان

## 18

يازنىڭ بەرىكەتلىك كۈنلىرى سەپ تارتىپ ماڭغان قاقىرلاردەك بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈۋەردى. يېكەنلىك مەيداننىڭ دولقۇنلاپ تۇرغان بۇغدايلىقلىرى يېڭى بىر ئورما ۋاقتىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلاندى.

بۇغدايلارنىڭ دېنى قېتىپ، ياز بويى يېشىل مەخمەلدەك جۇلالاپ تۇرغان ئېتىزلار ئالتۇن رەڭگە كىرىشكە باشلىغان كۈنلەردە قومۇشكۆلدىن بىر ئادەم تاشپولات تۇرسۇننى ئىزدەپ يېكەنلىك مەيدانغا كەلدى. ئورا كۆز، ئۆچكە ساقال، قاڭشىرى ئۈچلۇق، ئورۇق بەستىگە مەللە چەكمەن تون كىيىپ، بېلىگە پوتا باغلىغان ئاتمىش ياشلاردىكى بۇ ئادەم تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئارىتام قوشنىسى ئىدى. ئۇ يېكەنلىك مەيدانغا كېلىپ، قانداقتۇر بىر ئىشنى تاشپولات تۇرسۇنغا قانداق دېيىشنى بىلمىگەندەك يېرىم كۈن تىل چاينىدى. قوشنىسىنى بۇ هالدا كۆرگەن تاشپولات تۇرسۇننىڭمۇ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ تىكەندەك يالغۇز قالغان كېسەلچان ئانىسىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئۆزى بۇ يەردە بولغان بىلەن، كۆڭۈل قۇشى قومۇشكۆلدىكى ئانىسىنى ئەگىيتتى. ئۇ قوشنىسىنىڭ يېكەنلىك مەيداندا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغىنى ۋە تىلىنى چايناپ چۈشىنىكسىز بىرنەرسىلەرنى

دېگىنىگە قاراپلا چوقۇم ئانىسىغا بىر ئىش بولغانلىقىنى پەملىدى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلمەكتە ئىدى.

— بەك ئەنسىرەپ كەتمىسىلە، بالام، — دېدى بوۋاي قورايدەك بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلارنى سۈرتۈپ، — ئانىلىرىغا ھېچ ئىش بولغىنى يوق. شۇ بىرئاز بىتاپ بولۇپ قاپتىكەن. كېسەل يېتىپ سىلىنى بەكمۇ كۆرگۈسى كېلىپ قاپتۇ. بىچارە مەزلۇمنىڭ كۆز ياشلىرىغا تاقەت قىلالماي، ئېشەككە مىنىپلا بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ قالدىم. تەشكىل رۇخسەت قىلسا، مەن بىلەن بېرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ كەلسىلە. سىلىنى ئويلاپ، ئۇ مەزلۇمنىڭ يېشى قۇرۇمىغىلى ئۇزاق بولدى. غاچچىدە بېرىپ ئانىلىرىغا بىرنەچچە كۈن ھەمراھ بولسىلا، بالام. سىلىنى كۆرسە كېسىلىمۇ يىڭنىدىن يىپ سۇغارغاندەك چىقىپ كېتەر، ئىلاھىم.

— مېنىڭچە، سەن رۇخسەتنى يەنىلا ھۆسىيىن مۇدىردىن ئال، — دەپ ئەقىل كۆرسەتتى خۇدابەردى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — توختايۇپ بىر ئىشلارغا ئاسان ماقۇل دەيدىغان ئادەم ئەمەس. ئۇ قايسى كۈنى چوڭ يىغىن ئېچىپ، ئورما ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ھېچكىمگە رۇخسەت بەرمەيدىغانلىقىنى جاكارلىۋەتكەن. ناۋادا كۆۋرۈكتىن ئۆتكىلى ئۇنىمىغان ئېشەكتەك تىرەجەپ تۇرۇۋالسا، قومۇشكۆلگە بارالمايسەن، ئاداش.

— مەيلى قايسىسى بولسۇن رۇخسەت بەرگىنى ياخشى. ناۋادا ياق دەپ قالسا، ئالدى - ئارقامغا قارىمايلا كېتىۋېرىمەن، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — بوپتۇ، سەن دېگەندەك ئاۋۋال ھۆسىيىن مۇدىرغا دەپ باقاي.

خۇدابەردى تاشپولات تۇرسۇن بىلەن ھېلىقى بوۋاينى كەينىگە سېلىپ ھۆسىيىن مۇدىرنى ئىزدەپ ماڭدى. ئۇلار بۇ ئادەمنى ئامبارنىڭ كەينىدىكى كۆكتاتلىقتىن تېپىشتى.

— مۇدىر، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن سەل تىترەك ئاۋازدا، —

ماڭا بىر ھەپتىلىك رۇخسەت بەرسىلە بوپتىكەن. ئانامنىڭ مىجەزى يوق ئوخشايدۇ، مۇنۇ قوشنىمىز شۇنداق خەۋەر ئېلىپ كەپتۇ. قومۇشكۆلگە بىر بېرىپ كەلمىسەم بولمايدۇ.

— ئەستاغپۇرۇللا تاشپولات، مېنىڭغۇ ساڭا رۇخسەت دېگەننى تازا بەرگۈم بار. بىراق، ئورما باشلىناي دەپ قالدى. تېخى توختايۇپ تونۇگۇنلا ھېچكىمگە بىر مىنۇتمۇ رۇخسەت بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ جېكىلىگەن. مۇشۇنداق چاغدا رۇخسەت دېگىنىڭنى قارا؟ ئۇ جانابىنىڭ خۇيىنى سەنمۇ بىلىسەن. ناۋادا ئۇ مېنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ساڭا رۇخسەت بەرگىنىمنى ئاڭلايدىغان بولسا ئاچچىقتىن ئۆلۈپ بېرىدۇ. تېخى يېكەنلىكتە قىيامەت قايىم بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— ما يەرگە كەلسىلە، غوجام، — ھېلىقى بوۋاي ھۆسىيىن مۇدىرنىڭ يېڭىدىن تارتىپ سەل نېرىغا ئەكەتتى ۋە ئاۋازىنى پەسەيتىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى پىچىرلىدى. ھۆسىيىن مۇدىرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، ئىچىگە تىنىپ بىرھازا تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقانلىقىنى چىرايىدىن بىلىۋالغىلى بولاتتى.

— بوپتۇ، ئاناڭنىڭ يېنىغا بېرىپ كەلگىن، — دېدى ئۇ مەيۈس ئاۋازدا، — تېز بېرىپ، تېز كەلگىن. رۇخسەت بېرىپسەن دەپ خاپا بولسا، مەنمۇ تېگىشلىك جاۋابىنى بېرەرمەن. ئۇنىماي تۇرۇۋالسا ماڭىمۇ ئامال يوق، ناھايىتى كەلسە توختايۇپ پېقىرنىڭ خەتنىسىنى قايتىدىن قىلار. بۇنىڭدىن قورقۇپ قالمايمەن.

شۇنداق قىلىپ ھېلىقى بوۋاي ئېشەكلىك، تاشپولات تۇرسۇن پىيادە مېڭىپ يېكەنلىك مەيداندىن يولغا چىقتى. خۇدابەردى بىلەن جاپپار ئۇنى ئۇزىتىپ «راكېتا»غا بارىدىغان ئاچا يول ئېغىزىغىچە كېلىشتى.

— ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قال، — دېدى ئۇ خۇدابەردىنىڭ قولىنى دوستلارچە سىقىپ تۇرۇپ، — مېنىڭ قايتىپ كېلىش - كەلمەسلىكىمگە ھازىرچە بىرنەرسە دېگىلى بولمايدۇ. ناۋادا بۇ

يەرگە قايتىپ كېلەلمىسەم، خۇداغا ئامانەت. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇچرىشىپ قالساق ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن. بالىلىقتا بىر ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتمەك بەك تەس ئىكەن، مەندىن ئۆتكەن يەر بولسا كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەت.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، تاشپولات، ئارىمىزدا كۆڭۈلدىن چىقىرالمىغۇدەك ھېچ ئىش يوق! مەن يولۇڭغا قارايمەن، قايتىپ كېلەلىگۇدەك بولساڭ. ئىلاج قىلىپ قايتىپ كەل. نېمە بولسا تەڭ كۆرىمىز، يولۇڭغا تۆت كۆز بىلەن قارايمەن، دوستۇم.

تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ماش رەڭلىك بىرىزېنت سومكىسىنى مۈرىسىگە تاشلاپ يولغا چۈشتى. خۇدابەردى بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان دوستىنىڭ كەينىدىن قاراپ قالدى.

ئېشەكلىك بوۋاي ۋە غەملىك بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كېتىۋاتقان تاشپولات تۇرسۇن بارغانسېرى يىراقلاپ بارماقتا ئىدى. ئۇششاق قەدەملەر بىلەن يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېشەكنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلەتتى. ئۇلار بارغانسېرى يىراقلاپ قۇمۇش، يۇلغۇن، چاكاندا، چىقىرتىكەنلەر ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. خۇدابەردى دوستىنى ئەمدى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغاندەك بىر سېزىم ئىلكىدە قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن يېرىم ئىدى. ئۇ يۈرىكىنىڭ بىر پارچىسىنى تاشپولات تۇرسۇن بىللە ئېلىپ كەتكەندەك ھېس قىلدى.

ئۇلار ياتاققا قايتىپ كەلگەندە، باشقا گۇرۇپپىدىكىلەر ئاللى-قاچان ئىشقا كېتىشكەنىدى. خۇدابەردى ئۆز گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى يىغىپ، بىر چەتتە بۇدۇشقاق چاپلىشىۋالغان قۇيرۇقى بىلەن چىۋىنلىرىنى قورۇغىنىچە كۆشەپ ياتقان ئۆكۈزنى قوپۇرۇپ ھارۋىغا قاتتى ـ دە، كېسەك قۇيۇشقا سېغىز ئەكېلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. شۇ كۈنى ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ بىسەرەمجان ئىدى، ئۇندىمەستىن موخوركا چېكەتتى، چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە ھارۋى-

غا سىغىز باساتتى. گەپ سورىغانغا بوشقىنا جاۋاب بىرەتتى. گەپ سورىمىسا ھېچكىمگە گەپ قىلمايتتى. گۆرۈپپىدىكىلەر ئەزەلدىن ئۇنى بۇنداق روھسىز ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى.

خۇدابەردىنىڭ ئەس ـ يادى قومۇشكۆلگە كەتكەن تاشپولاتتىلا قالغانىدى. ئۇنىڭ ئانىسىغا بىرنېمە بولغانمىدۇ ـ ھە؟ ئېھتىمال بىر ئىش بولغان گەپ، بولمىسا ھېلىقى بوۋاي شۇنچە ئۇزاق يەردىن خەۋەر ئېلىپ كېلەمدۇ؟ ناۋادا ئانىسىغا قازايىقەدەر يەتكەن بولسا، بىچارە تاشپولاتنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كېتەر؟ خۇدابەردى ھەر قېتىم ئانىسىنى تىلغا ئالغاندا چوڭقۇر سېغىنىش ھېسسىياتى بىلەن كۆزىگە ياش ئالىدىغان تاشپولات تۇرسۇننى خىيال قىلدى. ناۋادا شۇنداق بىر كۈن ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ قالىدىغان بولسا، تاشپولاتنىڭ ھەرگىزمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

خۇدابەردىگە بەكمۇ ئۇزۇن، بەكمۇ كۆڭۈلسىز بىلىنگەن بۇ كۈن ئاخىر كەچ بولدى. ئۇلار بۇ كۈنى ئۇن ھارۋا سېغىز توشۇغانىدى. ھەممەيلەن تاشپولات تۇرسۇننىڭ يوقلۇقىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى چىقاردى. كەچ كىرىپ، ئۇلار ئۇستۇۋېشىدىن تەر قۇيۇلۇۋاتقان ئۆكۈزنى ھارۋىدىن چىقىرىۋاتقاندا بۇ يەرگە توختايۇپ كېلىپ قالدى. بېشىغا ئاق بۆك، ئۇستىگە ئاق كۆڭلەك، قارا كۆك خادانىيدىن ئىشتان كىيىۋالغان توختايۇپ بۈگۈن نېمە ئۈچۈندۇر بەكمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى. ئۇ سېغىز دۆۋىسىنى بىر ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى ۋە گۆرۈپپىدىكىلەرگە بىرمۇبىر قاراپ چىقتى.

— نېمە، ئادەمدىن بىرى كۆرۈنمەيدۇغۇ؟ — سورىدى ئۇ ھەممەيلەنگە قايتا ـ قايتا قاراپ چىققاندىن كېيىن، — ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، ھېلىقى تاشپولات قېنى؟

ئۇلار نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەندەك بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. خۇدابەردى قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن

كېيىن، گېلىنى قىرىپ ئېغىز ئاچتى:
— ئۇ رۇخسەت ئېلىپ، قومۇشكۆلگە ئانىسىنى كۆرگىلى كەتتى.
— رۇخسەت ئېلىپ؟ كىمدىن؟
— ھۇسيىن مۇدىردىن؟
— ھۇسيىن مۇدىر دېگەن كىم؟
— ھېلىقى سىلىنىڭ مۇئاۋىنلىرى، يېكەنلىكتىكى ھۇسيىن مۇدىر.
— شۇ ھۇسيىن مۇدىر دېگەن زادى كىم ؟ — توختايۇپنىڭ چىرايى يەنىلا كونا گۆشتەك قارىداشقا باشلىدى، — سىلەر شۇ چاغقىچە كىمدىن رۇخسەت ئېلىشنىمۇ بىلمەمسىلەر؟ بۇ يەرنىڭ ئىگىسى كىم؟ ھۇسيىنمۇ ياكى مەن؟ قېنى ئېيتىشە، بۇ يەردىكىلەردىن كىمنىڭ ئانىسى يوق ئىكەن؟ كىمنىڭ ئانىسىنى كۆرگۈسى كەلمەيتۇ؟ ئورما باشلىناي دەپ قالغان مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە خىيالىڭغا كەلگەن تەرەپكە جۆنەشسەڭ بولامدۇ؟ ھۇسيىن دېگەن قىزىلكۆز نېمىسگە نېمە يەتمەي رۇخسەت بېرىدىكەن؟ قاراپ تۇرۇش، ھەرقايسىڭدەك ئىگىسىنى تونۇمايدىغان ئىتلارنى مەن قانداق قىلىدىكەنمەن؟
— تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئانىسى ئېغىر بىتاپ ئوخشايدۇ، قومۇشكۆلدىن خەۋەر ئېلىپ ئادەم كەپتىكەن، شۇڭا ھۇسيىن مۇدىرمۇ ئامالسىز رۇخسەت بەرگەنىدى...
توختايۇپ ئاچچىقىدا بىرنەچچىنى پىرقىراپ، يەرگە قوزۇق قاققاندەك گۈپۈلدىتىپ دەسسەپ، خۇدابەردىنىڭ چۇشەندۇرۇشلىرىگىمۇ قۇلاق سالماستىن كېتىپ قالدى. بىرپەستىن كېيىن ياتاق تەرەپتىن ئۇنىڭ ھۇسيىن مۇدىر بىلەن ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ جېدەل كەچ كىرىپ خېلى بىر چاغقىچە داۋام قىلدى.
يېكەنلىك مەيداندا ئورما باشلىنىپ كەتتى. ھەممەيلەن بىلەپ ئۈستىرىنىڭ بىسىدەك قىلىۋەتكەن ئورغاقلىرىنى پارقىرىتىپ ئېتىزلاردا ئورما ئورۇماقتا ئىدى. توختايۇپ ئۈستاتلىق قىلىپ

بىر ئوغۇلغا بىردىن قىزنى ھەمراھ قىلىپ، ئۇلارغا ئوپمۇئوخشاش ئىككى كىشىلىك ۋەزىپە بەلگىلەپ بەرگەندى. ئادەتتە قىزلارغا بىر كىشىلىك ۋەزىپىنى ئايرىم بەرسە ھەرگىز ئورۇنداپ بولالمايتتى. قوش كىشىلىك ۋەزىپىنىڭ ئېغىرلىقى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا ئوغۇللارنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى. توختايوپ بۇنى ئۆزىچە ھەمكارلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بىر - بىرىگە ياردەم بېرىشنى خۇشاللىق دەپ بىلىش ۋە ئىش ئۈنۈمىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن دەپ چۈشەندۈردى ھەم ئۆز ئەقلىدىن سۆيۈندى.

سەراتان ئىسسىقى لاۋۇلداپ تۇرغان ئېتىزلاردا كۆڭلىكىنىڭ غولى ئاچچىق تەر بىلەن ھۆللەنگەن زىيالىي ياشلار باش كۆتۈرمەستىن بۇغداي ئورۇماقتا ئىدى. بېشىدىكى چىغ قالپىقىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالغان دېھقانلار ۋەكىلى مەتقۇربان تاش قىر ئۈستىدە قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە قۇرت ئىزدەۋاتقان ھۆپۈپتەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇ ئوغۇللارنىڭ ئورغاق تۇتۇشلىرىغا، قىزلارنىڭ ئۈنچە باغلاشلىرىغا ئىنچىكىلىك بىلەن نەزەر سالاتتى. بەزىدە چېچىلىپ قالغان باشاقلارنى كۆرسە ئۆزىچە كايىپ قالاتتى.

— ھەي بالا، — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ تاماق چىشلىرى ئارىسىدىن پىس - پىس ئاۋاز چىقىرىپ، — ئالدىڭغا كەلگەن ئاق نانىنىڭ مۇشۇنداق باشاقلاردىن چىقىدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ئەجەب زاغرىنى كۆرسەڭ ئۈچەككە كىرگەن پاقىدەك تۈگۈلۈپ، ئاق ناننى كۆرسەڭ ئاشىنىسىغا ئەركىلىگەن سەتەڭدەك ھىجىيىشىسەن، ھەرقايسىڭنى كۈلدۈرگەن ئاق نان مۇشۇنداق باشاقتىن كېلىدۇ. بۇغداينى چاچماي ئورۇش.

— ھوي خېنىم، ئۈنچىلەرنى مۇشۇنچىۋالا چېچىۋەتكەن بارمۇ؟ قاراڭا قىلغان ئىشىڭىزغا، بىر باغ ئۈنچىنى تۇخۇ تاتىلىغاندەك بېزەپ قىلىۋېتىپسىز. قىز بالا دېگەن ئىشنى ئېقىتماي - تېمىتماي قىلغۇلۇق. بولمىسا ئەتە - ئۆگۈن بالىڭىز چاپاق تۇغۇلۇپ قالىدۇ...

— ئاپلا، نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ ئۆزىڭىز سۇرىتىڭىزنى تامغا ئېسىپ قويغۇدەك بىر چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، بىراق قىلغان ئىشىڭىزنى كۆرمەمدىغان؟ بۇغداي ئېتىزىنى قارا قۇشقاچ پايخان قىلغان كەندىرلىكتەك بۇزۇپسىزغۇ؟ ئۇنچىلەرنى ئوبدان باغلاپ، ئىشنى چىرايلىق قىلسىڭىز، مەن سىزنى ئىلتىپاق① ئەزاسىغا ياتلىق قىلىمەن جۇمۇڭ...

ئۇنىڭ بۇنداق كايىشلىرى ھەر كۈنى داۋاملىشاتتى. ئادەتتە ئۇ ئىچىگە تىنىپ مۆرىمەي يۇرگەن بىلەن، يانپاشقا چىقسا پاتاڭدىن ئېلىشقا تەييار تورىدىغان ئوۋ ئىتلىرىدىن قېلىشمايتتى. ئىش ئۇستىدە مۇشۇنداق پەيتنى تاپقاندا، ئۇمۇ باشقىلارغا ۋارقىراپ - جارقىراپ تەنبىھ بېرىشتىن ئۆزىگە خۇشاللىق تاپاتتى. شۇڭا، ئورما باشلانغاندىن بېرى مەتقۇربان تاشنىڭمۇ كۈنى تۇغۇلغانىدى.

شەمشىدىن ئۆز ئەترىتىگە مەسئۇل بولغاندىن سىرت، ئايشەم بىلەنِ بىر گۇرۇپپا بولغانىدى. ئالۋۇنلار چىمىرلىشىۋاتقان كۆز يەتكۈسىز بۇغدايلىقنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن ئورما ناخشىلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. شەمشىدىن كادىر ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا ئۇنىڭ ئورما ئورۇشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ ئورما ناخشىلىرىنىمۇ بىلمەيتتى. پەقەت بۇغداي غولىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئورغاق سالسىلا بولىدۇ دەپ ئويلايتتى. تەلىيىگە ئايشەمنىڭ بۇغداي ئورۇشقا خېلىلا ئېپى بار ئىدى. ئۇ ئورغاقنى ئەپچىللىك بىلەن سالاتتى، ھەر سالغاندا بىرمۇنچە ئۇنچە قولىغا چىقاتتى. ئۇ شەمشىدىنگە بۇغداي ئورۇشنىڭ ئېپىنى ئۆگىتىپ قويدى.

— ھەممىگە كۈچەپ كەتسىڭىز ئاسانلا ئۆزىڭىزنى ئالدۇرۇپ قويىسىز، — دەيتتى ئايشەم ياغلىقىدىن چىقىپ قالغان سېكىلەكلىرىنى ئوڭشىغاچ، — سەل ئېڭىشىپ ئورغاقنى

① «ئىتتىپاق» دېگەن سۆزنىڭ بۇزۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

بۇغدايىنىڭ غولىغا تەگكۈزگەندىن كېيىن بىرلا كۈچەپ تارتىسىز، بۇغداي ئۈنچىلىرى قولىڭىزغا چىقىدۇ. ئولتۇرۇپ ـ قوپۇشتا سىلىق بولۇڭ، ئورغاقنى تارتىدىغان چاغدا بەكرەك كۈچەڭ. شۇنداق قىلسىڭىز ئاسانلىقچە ھېرىپ قالمايسىز.

ئۇلار پىژغىرىم ئىسسىقتا نۆۋەتلىشىپ ئورما ئورۇدى، نۆۋەتلىشىپ ئۈنچە باغلىدى، ھېرىپ قالغاندا بىللە ئولتۇرۇپ ئارام ئالدى. ھەر ئىككىسى تەڭ كۈچىگەچكە، چۈشلۈك تاماققىچە بېرىلگەن ۋەزىپىنىڭ يېرىمىنى ئورۇنداپ بولدى.

— ھەي، چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن نان ئېلىۋېلىڭلار، نان!

شەمشىدىن ئورغاقنى تاشلاپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئۇستۇۋېشىدىن شورۇلداپ قارا تەر قۇيۇلماقتا ئىدى. ئاچچىق تەر كىرىپ كەتكەن كۆزلىرى پىياز سۈيى قۇيغاندەك ئېچىشىپ تۇراتتى. ئۇ نېرىقى قىردا تۇرۇپ ۋارقىراۋاتقان تاشتۆمۈر ناۋاينى كۆرۈپ، تەرلىرىنى سۈرتكىنىچە ئۇنىڭ يېنىغا ماڭدى.

— بىر ئادەمگە بىردىن ئىسسىق گىردە، — دېدى ناۋاي ئۇنىڭغا ئىككى گىردىنى بېرىۋېتىپ، — سۇيۇقلار باردۇ؟

— بارلىقىغۇ بار، بىراق ناندىن ئاران بىردىنلا بېرەمسىلەر؟

— شۇنداق، بۇ دېگەن توختايۇپ مۇدىرنىڭ بۇيرۇقى، — ناۋاي مەندە ئامال يوق دېگەندەك مۈرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— بۇغداي ئورمىسى دېگەن ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ئۇماچتەك قاينىتىدىغان، پۇت ـ قولىدىكى يىلىكنى ئەجدىھادەك دەم تارتىدىغان كۈچ ئىش ئىكەن. مۇشۇنداق چاغدا قورساقمۇ كورکىراپ ئارام بەرمەيدىكەن. شۇڭا، بىرەر ـ يېرىمدىن ناننى كۆپەيتىپ بەرسە نېمە بولىدۇ؟ قولاقتەك بىر نانغا قىزلارنىڭغۇ قورسىقى ئەستەرلىنەر، بىراق ئوغۇللارنىڭ نەپسى تويمايدۇ ـ دە.

— بۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم يوق، شەمشىدىن ئاكا. ناننى ئادەم بېشىغا قاراپ ساناپ بەردى. شۇ بويىچە تارقاتمىسام، يەتمىگەنلەرگە نېمە بېرىمەن؟

شەمشىدىن كۆلۈپ قويۇپ ئىككى گىردىنى كۆتۈرگىنىچە

ئۆز ئىتىمىزغا قاراپ ماڭدى. تاشتۆمۈر: «نان ئېلىۋېلىڭلار، نان !» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئاياغ تەرەپكە كېتىپ قالدى. شەمشىدىن ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۈنچىلەرنى باغلاۋاتقان ئايشەمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ناننىڭ بىرىنى ئۈنىڭغا سۇندى.

— ئەمدى تاماق يەۋالايلى. ئايشەم، سۇ قەيەردە؟

— ئاۋۇ ئېرىقنىڭ ئىچىدىكى ئۈنچىنىڭ ئاستىدا، — دېدى قىز قولىنى قېقىشتۇرغىنىچە ئۆرە بولۇپ، — ئاۋۇ يۇلغۇننىڭ تۈۋى بىر ئاز سالقىن ئىكەن، شۇ يەردە ئولتۇرامدۇق؟

شەمشىدىن ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار نانلىرى بىلەن سۇ باكىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قويۇق شىۋاق پۇرىقى تارقىتىۋاتقان يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كەلدى. بۇ يەر ھەقىقەتەن سالقىن ئىدى.

ئايشەم باكىنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ شەمشىدىنگە سۇندى.

— قېنى ئېلىڭ، ئۇسساپ لەۋلىرىڭىز گەز باغلاپ كېتىپتۇ، ئازراق سۇ ئىچىۋېلىڭ.

— ئۆزىڭىزدىن كەلسۇن، — دېدى شەمشىدىن باكىنى ئىتتىرىپ، — قېنى، ئاۋۋال ئۆزىڭىز بىر تېتىپ بېقىڭە...

— قېنى، سىز ئاۋۋال...

— بولدى، بولدى، يەنىلا سىز ئاۋۋال ئىچىڭ. مەن قىزلارنىڭ لېۋى تەگكەن يەردىن سۇ ئىچسە ئادەمنىڭ تەشنالىقى ئاسان بېسىلىدۇ، دەپ ئاڭلىغان. شۇڭا، بۈگۈن لېۋىڭىز تەگكەن يەردىن سۇ ئىچىپ باقاي دەيمەن. قانداق، رۇخسەت قىلارسىز، ئايشەم؟ ياكى سىزمۇ پىخسىقلىق قىلىپ...

— ۋىيەي، سىزنىڭ ئېغىزىڭىزدىنمۇ مۇشۇنداق گەپ چىقىدىكەن - ھە؟ — دېدى ئايشەم ئۈنىڭ بېقىنىنى قاتتىق چىمداپ قويۇپ، — قارىڭا تاپقان گېپىڭىزنى؟ شۇنداق يېرى بولسا، سىزنى سۇغا تويغۇزۇۋېتىمەنغۇ تازا...

ئايشەم قاقاقلاپ كۈلگىنىچە باكنى كۆتۈرۈپلا ئېغىزىغا ئاپاردى. ئەتىدىن بېرى سالقىن يەرگە چاپلىشىپ تۇرغان تۆمۈر

باكىنىڭ مۈزدەك سۈيى ھەقىقەتەن ئادەمگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇ
سۇدىن ئازراق يۇتقاندىن كېيىن، باكىنى شەمشىدىنگە سۇندى.
— قېنى ئەمسە تېتىپ كۆرۈڭ، لېۋىمنىڭ تەمى قانداقكەن؟
شەمشىدىن قولاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ قىزغا قاراپ
ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن، باكىنى كۆتۈرۈپ
قانغۇدەك سۇ ئىچتى.
— قانداق، سۇ تېتىدىمۇيا؟
— تېتىشىنغۇ تېتىدى، بىراق...
— نېمە بىراق؟
— يەنىلا لېۋىڭىزنىڭ تەمىگە يەتمەيدىغاندەك قىلىدۇ...
— لېۋىمنىڭ تەمىنى سىز نەدە يۈرۈپ تېتىپ باققانىدىڭىز؟
— خىيالىمدا...
— ۋاي ئۆلەي، — دېدى ئايشەم ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى
يېپىپ تۇرۇپ، — ئوغۇللار نېمىدېگەن ئەسكى؟ قىلمايدىغان
خىيالى يوقكىنا؟
شەمشىدىن كۈلۈپ قويۇپلا ئۈندىمىدى. شۇ يېشىغىچە
قىزلارغا بۇنداق چاقچاق قىلىپ باقمىغان بايقۇشنىڭ يۈزلىرى
نېمىشقىدۇر چىملداپ كەتكەنىدى. ئارىنى بىرپەس سۈكۈت
قاپلىدى. ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماستىن نانلىرىنى يېيىشكە
تۇتۇندى.
— كىچىك ۋاقتىمدا ئاڭلىغان بىر چۆچەكنىڭ مەنىسىگە
بۈگۈن يېتىۋاتىمەن، — دېدى شەمشىدىن قولىدىكى ناننىڭ
ئۇۋاقلىرىنى ئېغىزىغا سېلىۋېتىپ، — چۆچەكتە ئېيتىلىشىچە،
بىر بوۋاي جان ئۈزۈش ئالدىدا ئوغۇللىرىغا نۇرغۇن ئالتۇن قا-
چىلانغان بىر كومزەكنى باغقا كۆمۈپ قويغانلىقىنى؛ كۈنلەرنىڭ
بىرىدە بېشىغا كۈن چۈشۈپ قالغۇدەك بولسا ئاشۇ كومزەكنى
تېپىپ، ئالتۇنلارنى سېتىپ ھاجىتىنى راۋا قىلسا بولىدىغانلىقىنى؛
ھەر قېتىم ناننى چوقۇم قەنت سېلىپ يېيىش كېرەكلىكىنى
ۋەسىيەت قىپتۇ. بوۋاي كۆز يۇمغاندىن كېيىن، ئوغۇللىرى ھې-

لىقى كومزەكنى ئىزدىشىپ باغدىكى ھەممە دەرەخنىڭ تۈۋىنى ئالا قويماي قېزىپ چىقىپتۇ، ئەمما كومزەكنى تاپالماپتۇ. بىراق، شۇ يىلى باغنىڭ مېۋىلىرى بەكمۇ ئوخشاپ كېتىپتۇ. ئۈمىدسىزلەنگەن ئوغۇللار ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ كومزەكتىكى ئالتۇننى تاپالمىغانلىقىنى، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بىرەر قېتىممۇ قەنت سېلىپ نان يەپ باقمىغانلىقىنى ئېيتىشىپتۇ. ئانا كۈلگىنىچە دەرەخلەردىكى ئوخشىغان مېۋىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «داداڭلار دېگەن ئالتۇن ئاشۇ شاختىكى مېۋىلەردۇر، ئىشلەپ يېگەن نان قەنت سالغاندەك تاتلىق بولىدۇ» دەپتۇ. كىچىك ۋاقتىمدا ھەر قېتىم بۇ چۆچەكنى ئاڭلىسام، نېمىشقا شۇنداق بولىدىغاندۇ دەپ ئويلايتتىم. مانا بۈگۈن ئورما ئورۇۋېتىپ يېگەن نان ماڭا قەنت سالغاندەك تېتىپ كەتتى.

ئايشەم كۈلۈمسىرىگىنىچە قولىدىكى ناننىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا سۇندى.

— مەڭ، بۇنىمۇ يەۋېتىڭ.

— ناننىڭ قەنت سالغاندەك تاتلىقلىقىنى دېيىشىم ئاشۇ چۆچەكنىڭ ئېسىمگە كېلىپ قالغانلىقىدىن بولغان. ئۇنىڭدا ھەرگىزمۇ يەۋاتقان نېنىڭىزنىڭ يېرىمىنى ماڭا بېرىڭ، دېگەن مەنە يوق، — دېدى شەمشىدىن قىزنىڭ قولىنى ئىتتىرىپ، — بۇنچىلىك نانغا سىزمۇ تويمايسىز، ئۆزىڭىز يەۋېرىڭ.

— قىزلارنىڭ قورسىقى ئوغۇللارنىڭكىگە قارىغاندا ياۋاشراق كېلىدۇ، — دېدى ئايشەم شوخلۇق بىلەن، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورما باشلانغاندىن بېرى بىز قىزلارنىڭ ئېغىرلىقى سىلەرنىڭ زىممەڭلەرگە چۈشۈۋاتىدۇ، شۇڭا ناننى كۆپرەك يېمىسەڭلار بولمايدۇ. مەن تويدۇم. قېنى، تارتىنماي ئېلىڭ.

ئۇ شۇنداق دەپ ناننى شەمشىدىننىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېتىزغا بېرىپ چېچىلىپ ياتقان ئۆنچىلەرنى باغلاشقا باشلىدى.

— قايتىپ كېلىڭ، — دېدى شەمشىدىن ئۇنى يېنىغا

چاقىرىپ، — بۇنداق ئىسسىقتا بىر ئاز ئارام ئېلىۋالغان ياخشى، ئىش دېگەننى قىلىپ بولىمىز. ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن يەنە، تېز قايتىپ كېلىمىز. ھېلى يۇلغۇن تۇۋى ئىسسىپ قالغاندا باغلىسىڭىزمۇ ئۈلگۈرۈسىز.

ئايشەم ئۇنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. قىزنىڭ ئاق سۇزۇك چىرايى ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەندى. ئۇ ياغلىقى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى.

ئۇلار يۇلغۇن تۇۋىدە ئارام ئېلىپ بىرەر سائەتتەك ئولتۇردى. كۈن غەربكە سىلجىپ، بۇ يەرگىمۇ ئىسسىق چۈشۈۋالغانىدى. ئەتراپتىن ئوت كەتكەندەك ئىسسىق ئۇرۇلاتتى. شەمشىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىنى رۇسلىدى.

— ۋاي ئانام، نېمانچە ئىسسىق بۇ؟ قىرىدا يۇلغۇنى يوق ئېتىزلاردىكى باللار قانداقمۇ قىلغاندۇ؟ توختايۇپ دېگەن مەرەز شۇ تاپتا نەدىكىن؟ ئۇ باللارنىڭ ئورمىنى ئايدىڭدا ئورۇساق دېگەن گېپىگە پەقەت كىرمىدى. ئورمىنى كېچىسى ئورۇسا دانلار چېچىلىپ كېتىدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. مانا ئەمدى باللارغا ئىسسىق ئۆتۈپ قالمىسا بولاتتىغۇ؟

— مەنمۇ ئايدىڭدا بۇغداي ئورۇپ باققان، — دېدى ئايشەم ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — ھاۋا سالقىن چاغدا ئورۇغان ئورما بەكمۇ ئاۋۇشلۇق ئىدى، بۇنچىلىك بۇغداينى يېرىم كېچىگىچە ئورۇپ بولاتتۇق. ناخشا بىلىدىغانلار يېنىڭدا بولسا ئورما دېگەن تېخىمۇ ئاۋۇيتتى. يىراقتىن ئاڭلىنىۋاتقان ئورما ناخشىسىغا قۇلاق سالغىنىڭچە ئىش قىلىدىغان بولساڭ، ئۆزۈڭنىڭ قانچىلىك بۇغداي ئورۇۋەتكىنىڭنى تۇيماي قالاتتىڭ.

شەمشىدىننىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ بىر خىيالىي مەنزىرە زاھىر بولدى. ئاشۇ سۈتتەك ئايدىڭدا كىمدۇر بىرى ناخشا توۋلايتتى. ئۇ ئايشەم بىلەن ئاشۇ ناخشىغا قۇلاق سالغىنىچە مۈرىنى مۈرىگە تىرەپ ئورما ئورۇيتتى. كۆكتىن چۈشۈۋاتقان ئاينىڭ كۈمۈش رەڭلىك نۇرى ئۇلارنىڭ بەختىيارلىق ھېسسىياتى

قاپلىغان چىرايىنى يورۇتۇپ تۇراتتى... شەمشىدىن ئۆز خىيالىنىڭ ئايشەم تەرىپىدىن سېزىۋېلىنغانلىقىنى بىلگەندەك قىزارغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. ئەمما، بۇ چىرايلىق قىز ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئورغاقنى قولىغا ئالغانىدى.

— مەن ئەمدى بىردەم ئورما ئوراي، — دېدى ئايشەم قۇياش پارلاپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، — كۈن تىكلەنگەن بۇنداق ئىسسىقتا جىق ئىش قىلغىلى بولمايدۇ. ئورمىنى دەملىشىپ ئورۇساق، بىر ئاز ئاۋۇشى مۇمكىن. سىز يەنە ئازراق ئارام ئېلىۋېلىڭ.

— بولدى، بولدى، سىزنى مۇشۇنداق ئىسسىقتا ئېتىزغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزۈم يۇلغۇن تۈۋىدە يېتىۋالسام كۆڭلۈم ئۇنامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە باشقىلار كۆرسىمۇ: «بىر قىزنى ئىشقا سېلىپ قويۇپ، يۇلغۇن تۈۋىدە سايداپ ئولتۇرغان قانداق نامەردتۇ بۇ؟» دەپ مېنى ئەيىبلىشى تۇرغان گەپ. بىكاردىن - بىكار خەقنىڭ نەزىرىدە ئاق نانچى بولۇپ يۈرمەي يەنە. ئورغاقنى يەنىلا مېنىڭ تۇتقىنىم تۈزۈك. سىز يەنە ئازراق سايىدىۋالغاندىن كېيىن، مەن ئورىغان ئۇنچىلەرنى باغلاڭ.

شەمشىدىن ئۇنىڭ قولىدىكى ئورغاقنى تارتىۋالدى ۋە بايا ئورۇپ يېرىملاشتۇرۇپ قويغان سولىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ ئالىقىنىغا تۈكۈرۈپ ، ئورغاقنى يېڭى ئۇستازى ئۆگىتىپ قويغاندەك تۇتۇپ بۇغداي بېغىشىغا سېلىشقا باشلىدى. تىمتاسلىقتا تولغان ئېتىزلىقتىن شارت - شۇرت قىلغان ئاۋاز كەلمەكتە ئىدى.

— شەمشىدىن، ئورۇيدىغان بۇغدايدىن يەنە قانچىلىك قالدى؟

ئۇ بىرىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى. ئالدى تەرەپتىكى چىغىر يولدا لىققىدە ئۇنچە بېسىلغان ھارۋىنى ھەيدەپ خۇدابەردى كېتىۋاتاتتى. ئېگىز - پەس يولدا كېلىۋاتقان ھارۋا ھېلىلا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەك لەپپەڭلەيتتى. ئۇنچە ئۈستىدە پۈتىنى سۇنۇپ ئولتۇرغان خۇدابەردىنىڭ چىرايى ئىسسىقتىن

ئېسىلىپ كەتكەندى.

— يەنە ئۈچ سول بار، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرىگىنىچە، — بەلكىم ئىككى سائەتلەردە ئورۇپ بولارمىز.

— كىم بىلەن چۈشتۈڭ؟

— ئايشەم بىلەن، — شەمشىدىن ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى پۇلاڭلاتتى، — ئۇسسىدىڭمۇ، ئازراق سۇ ئىچەمسەن؟

— سۇيۇق بولسا ئازراق ئىچەي، — خۇدابەردى ئۆكۈزنىڭ باش بېغىنى تارتىپ قويدى. ھېرىپ جۇلىقى چىققان بۇ جانىۋار ئۇنىڭسىزمۇ توختىۋېلىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى. باش بېغىنىڭ تارتىلىشى بىلەن ئۇ چىپپىدە توختاپ، قۇيرۇقى بىلەن چىۋىن قورۇشقا باشلىدى.

يۇلغۇن تۈۋىدە سالقىنداپ ئولتۇرغان ئايشەم ئۇلارنىڭ پارىڭىنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇنچىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويغان باكىنى ئېلىپ ھارۋىنىڭ يېنىغا باردى. خۇدابەردى ئاسمان - پەلەك بېسىلغان ئۇنچىلەرنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشتى ۋە ئايشەمنىڭ قولىدىكى باكىنى ئېلىپ سۇ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قارامتۇل بوينىدىكى ياڭاقچىلىق چوڭلۇقتىكى بۇغدىيىكى سۇنى يۇتۇشقا ئەگىشىپ يۇقىرى - تۆۋەن ھەرىكەتلىنەتتى. بۇنىڭغا قاراپ ئايشەمنىڭ كۈلكىسى قىستىدى.

— پاھ، بۇ سۇ ھېلىلا مۇزخانىدىن ئېلىپ چىققاندەكلا سوغۇق ئىكەن، — دېدى خۇدابەردى باكىنى قىزغا بېرىۋېتىپ ۋە ئۇنىڭ قولىنىڭ كەينى بىلەن ئېغىزىنى تۇسۇپ تۇرۇپ كۈلۈۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىچە سورىدى، — نېمە بولدى؟ نېمىگە كۈلۈۋاتىسەن، شەيتان؟

— سەن سۇ ئىچسەڭ، گېلىڭدىكى پوقىقىڭ يۈگۈرۈيدىكەن.

ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ خۇدابەردىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ساراڭ، ئۇ دېگەن پوقاق ئەمەس، بۇغدىيەك. بۇغدىيەك دېگەن يىگىتلەرنىڭ يىگىتىدە بولىدىغان نەرسە. سەن

شەيتان قىلغىلى گەپ تاپالماي مېنىڭ بۇغدىيىكىمنى مازاق
قىلىۋاتامسەن؟ ساڭا دەپ قوياي، بۇنداق نەرسە شەمشىدىنىدىمۇ بار
جۇمۇ...
— بولسا قانداق قىلاي، — دېدى ئايشەم پىخىلداپ كۈلگى-
نىچە، — ۋاي قوۋۇرغام، كۈلۈۋېرىپ يېتىم قوۋۇرغام ئاغرىپ
كەتتى دېسە. باشقىلارنىڭ گېلىدىمۇ بۇنداق نەرسىنى كۆرگەنمەن،
بىراق ئۇنىڭ سۇ ئىچكەندە مۇنداق يوگۇرىدىغانلىقىنى كۆرمەپتى-
كەنمەن. ناۋادا بۇغدىيەكلەرنى يوگۇرۇشكە سالسا، سېنىڭكى ئۇ-
تۇپ چىققۇدەك.
— خۇدايىم مۇشۇ كۈلكەڭ ئۈچۈن ساڭا بۇغدىيىكى يوق ياكى
بولسىمۇ كۆزگە چېلىقمايدىغان خامىكاللا ئەردىن بىرنى بېرەر،
ئىلاھىم!
— ھەي شۇم ئېغىز، مېنى قارغاۋاتامسەن تېخى؟ — دېدى
ئايشەم تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ، — ساغراڭنىڭ ئۆپچۆرىسىدە
بىرمۇنچە پوق تۇرۇقلۇق مېنى قارغاۋاتامسەن تېخى؟ تەرەتسىز
قىلغان ئىلتىجا خۇدانىڭ دەرگاھىغا يەتمەيدۇ، جۇمۇ؟
ئۇلار بىرھازا كۈلۈشكەندىن كېيىن، شەمشىدىن بىر ئىشنى
يادىغا ئالغاندەك خۇدابەردىدىن ئالدىراپ سورىدى:
— تاشپولات تۇرسۇندىن خەۋەر بارمۇ؟
خۇدابەردىنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە دەرھال ئۆچتى. ئۇ گويا
سىرداش دوستى يىراقتىن بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقاندەك،
ئۇيۇق تامان نەزەر تاشلىغىنىچە بېشىنى چايقىدى. شەمشىدىن
ئۇنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئازاب سايىسىنى كۆرۈپ، بۇ
سوئالنى ئورۇنسىز سوراپ قويغىنىنى ھېس قىلدى.
— خاتىرجەم بول، تاشپولات ئەتە - ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە
كېلىپ قالار.
— مېنىڭچە، ئۇ ئەمدى كەلمەيدۇ. ئېھتىمال ئۇنىڭ ئانىسىغا
بىر ئىش بولغان گەپ. سەن بىلمەيسەن، تاشپولات تۇرسۇننىڭ
ئانىسىغا بولغان مېھرى زىيادە كۈچلۈك، ئۇ بۇ دۇنيادا ئانىسىز

ياشىيالمايدۇ.

ئۇلار گەپ ـ سۆز قىلىشماستىن بىرپەس تۇرۇپ قېلىشتى. ئايشەمۇ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنغىنىچە باكىنىڭ ئېغىزىنى ئەتتى. خۇدابەردى ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزىرىدە قاراپ قويغاندىن كېيىن تاياقنى قولىغا ئالدى.

— ئەمىسە مەن ماڭاي، — دېدى ئۇ هارۋىغا يامىشىپ چىقىۋېتىپ، — ئايشەم، مۇزدەك سۇيۇقىگە رەھمەت. بايا چاقچاق قىلدىم، خۇدايىم ساڭا مەندىنمۇ بۇغدىيەكلىك، مەيدىسىدە تۈكى بار، سوقا سەندەلدەك قامەتلىك، بوقا گەدەن ئەردىن بىرنى ئاتا قىلسۇن، ئون باللىق بولۇڭلار...

— ۋاي، يولۇڭغا ماڭغىنا بېشىنى يەيدىغان، — دېدى ئايشەم يالغاندىن دومسىيىپ، — نەدە بىر قاملاشمىغان گەپنى قىلىدىكەنسەن ئادەمگە. مېنى ئادەم تۇغمىدىغان ماشىنا كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسەن؟

خۇدابەردى بىلەن شەمشىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. لىققىدە ئۈنچە بېسىلغان هارۋا مەست بولۇپ قالغان توختايۇپتەك ئىككى تەرەپكە سىلكىنگىنىچە يۈرۈپ كەتتى.

## 19

كۆنلەر كۆنلەرنى، ئايلار ئايلارنى ئالدىغا سېلىپ كېتىۋەردى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە كۈز كەلدى. قومۇشكۆلدىكى تاشپولات تۇرسۇندىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى.

— مەن ئەزەلدىن بۇنداق تەشكىلسىزلىكنى كۆرۈپ باقمىغان، — دەپ ۋارقىرايتتى توختايۇپ هەر قېتىملىق يىغىندا سۈرەن سېلىپ، — ئەمدى تاقەت قىلالمايمەن. تەشكىلنى كۆزگە ئىلمىغان تاشپولات تۇرسۇن دېگەن كىسپۇرۇشنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ ئەندىن ئۆچۈرگۈزۈۋېتىمەن، نوپۇسىنى ئۆلدى دەپ يوق

قىلىۋېتىمەن، پاكپاكىز قارا نوپۇسقا ئايلاندۇرۇپ، جۇگۇ - جۇگۇ دېگۈزىمەن.

— ئۇ چوقۇم كېلىدۇ، — دەپ ئارىغا چۈشەتتى ھۆسىيىن مۇدىر مۇشۇنداق چاغلاردا تاشپولاتنى ياقىلاپ، — ئۇ مېڭىش ئالدىدا قايتىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە ماڭا ۋەدە بەرگەن.

— بۇ ئىشتا سىزنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان گۇناھىڭىز بار، — توختايۇپ ئەمدى ھۆسىيىن مۇدىرغا ھۇجۇم باشلايتتى، — كىم سىزنى ئاقساقاللىق قىلىپ تەشكىلىي ئىشلارغا ئارىلاشسۇن دېدى؟ بۇ يەردىكى كىچىك رۇخسەت، تۇغقان يوقلاش رۇخسىتى دېگەندەكلەرنى مەن باشقۇراتتىم ئەمەسمۇ؟ ئەمدى سىز يا ئادەمنى تاپىسىز، يا بۇ يەردىكى ئىشلارنى قولۇمدىن ئالىسىز. مەن ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ قاچامدىكى ئاشقا قوشۇق سېلىشىنى ياخشى كۆرمەيمەن. مۇشۇنداق ئادەمنى تېپىۋالسام يەتمىش پۇشتىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن...

— شۇنداقمۇ؟ — دەيتتى ھۆسىيىن مۇدىر سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — مېنىمۇ تەشكىل بۇ يەرگە چۆپ قورۇشقا ئەمەس، مۇئاۋىن بولسىمۇ مۇدىر قىلىپ ئەۋەتكەن. ئالاھىدە ئەھۋالدا بەزى ئىشلارغا ئارىلىشىش ھوقۇقۇممۇ بار. تاشپولات تۇرسۇنغا جىددىي خەۋەر ئېلىپ كېلىنگەندە ئۆزلىرى قايسى تامنىڭ كەينىدە، قايسى غوجامنىڭ ئاستىدا قالغان؟ ئالاھىدە بىر ئىش بولمىسا، شۇنچە ئۇزاق قومۇشكۆلدىن بۇ يەرگە خەۋەر ئېلىپ ئادەم كېلەمتى؟ ئۆزلىرى بولمىغاچ، تاشپولات تۇرسۇنغا ھەپتىلىك رۇخسەت بەرگىنىم راست. بۇنىڭدا ھەرقانداق مەسئۇلىيەت كەلسە مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن. بۇ يەردىكى تەشكىلىي تۈزۈم ھەرگىزمۇ ئۆزلىرى قانداق قىلسىلا بولۇۋېرىدىغان قاچىلىرىدىكى ئاش ئەمەس، ئۇ دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ بەلگىلىمىسى. ناۋادا سىلى بۇ بەلگىلىمىنى قاچامدىكى ئاش، ئۆزۈم خالاپ بىر تەرەپ قىلىمەن دەپ ئويلىغان بولسىلا، يەتمىش پۇشتۇمنى كۆزۈمگە كۆرسەتكەن تەقدىردىمۇ مەن بۇ ئاشقا بەزىدە قوشۇق سېلىپ قويۇشقا

مەجبۇرمەن.
توختايـۇپ شۇنداق چاغـلاردا ھۇسىيـىن مۇدىرغـا باشتـىن ـ ئاياغ قـاراپ چىقاتـتى. ئۇنـىڭ قوناق يەۋاتـقان ئىشـەكتەك چىش غـۇچۇرلىتـىشلـىرى كەچكى سـىياسـىي ئۆگىنـىشكە قـاتناشقـان ياشلارنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىۋېتەتتى.

ــــ قانداقلا بولسۇن، تاشپولات تۇرسۇن قايتىپ كەلسە ياخشى بولاتتى، ــــ دەيتتى شەمشىدىن خۇدابەردى بىـلەن يالغۇز قالغـان چاغلاردا ئىبغىر خورسىنىپ قـويۇپ، ــــ بۇ ئىشتا ئۇ ھـۇسىيىـن مۇدىرنى بەكلا يەرگە قارىتىپ قويۇۋاتىدۇ، ــــ ئۇ ئىچىگـە تىنىـپ بىرئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن يەنە قوشـۇپ قوياتتـى، ــــ راستىنـى دېگەندە، ئۇنى بىزمۇ سېغىنىپ كەتتۇق، ئاداش.

خۇدابەردى گەپ قىلمايـتتى، ياش پـەردىسى بىـلەن ئورالغـان قارىچۇقلىرى يىراقتىكى قومۇشلۇقلارغا تىـكىلگىـنىچـە قېتىـپ قـالاتتى. كۆڭلـىدە بولـسا: « تاشپـولات ئانـىسـى ساقايـمىغاچـقا قايتالمايـۋاتقان گەپ. نـاۋادا ئۇنىڭغا قازايىـقەدەر يېتـىپ قالسـا، تاشپولات تـۇرسۇن يېكـەنلىـكـكە ھەرگـىـز قايتـىـپ كەلمـەيـدۇ» دېگـەنلەرنى ئـويلايـتـتى. مۇشۇنـداق چـاغلاردا قانـات چـىقىـرىـپ دوستىنىڭ يېنىغا پۇررىدە ئۇچۇپ بارغۇسى كېلەتتى.

بـۇغـدايلار ئورۇلـۇپ، خـامانلار ئـېلىنـىـپ، تاغـار ـ تـاغـار بۇغدايلار ئامبارلارغا توشۇپ بولـۇنغانـدى. ئەمدى بىـكار بولغـان يەرلەرگە تېرىلغان قوناقلارنى سۇغىرىش، يـەنە يېڭـىدىن بوز يـەر ئـېچىـش، قـىشلـىق يېقـىلغۇ غـەملـەش دېگـەندەك ئىشـلار بـۇ يەردىكىلەرنى ئالدىغا سېلىۋالغانىدى. يەنە قىز ـ ئوغۇللار يازىچـە قۇيۇپ تەييارلىغان خام كېسەكلەر بىلەن ئۇن نـەچچە ئېغىزلىـق ياتاق ئۆيمۇ جىددىي سېلىنىۋاتاتتى. ئېتىز ئىشلىرىدىن بوشانغان ياشلار ئۆي قۇرۇلۇشىغىمۇ ھە ـ ھۇ دېيىشەتتى. خۇددى ئۇچـۇرۇم بولغـان قـۇش چۇجىلـىرىدەك پـۇررىـدە ئۇچـۇپ، مـەكـتەپـتىـن يېكەنلىك مەيدانىغا كېلىپ چۈشكەن بۇ ياشلار بىرەر يىل بـولار ـ بولمايلا خېلىلا پىشقان دېھقانغا ئايلىنىپ قالغانىدى. ئۇلار يەرنىڭ

ئەلمى ـ تەلمىنى بىلىۋالغان، زىرائەتلەرنى قانداق تېرىشتىن باشلاپ قانداق پەرۋىش قىلىشقىچە ــ ھەممىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى سۈت ئالمىسىدەك پارقىراق چىرايى ئەمدىلىكتە قارىدىغان، مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئوغۇللارنى تەمبەل ئەرلەردەك تاۋلىغان، قىزلارنى بولسا خېلىلا پىشقان چوكانلارغا ئوخشىتىپ قويغانىدى.

بىر كۈنى كەچتە شەمشىدىن خۇدابەردىنى ئىزدەپ كالا ئېغىلىغا كەلدى. خۇدابەردى قولى بىكار بولسىلا ئېغىلغا كېلىۋالاتتى. بۇ يەردىكى چەللە ھىدى ئۇنىڭغا بەكمۇ ياقاتتى. ئۇ ئۆكۈزنىڭ قويرۇقىدىكى بۇدۇشقاقلارنى ئېرىنمەستىن تېرەتتى، سېسىغان قىغلارنى ئېغىلنىڭ بىر بۇرجىكىگە دۆۋىلەيتتى، ئاندىن ئولاققا سامان تاسقاپ ھەلەپ ئېتەتتى. ئۇنىڭ كۈتۈشى بىلەن قېرى ئۆكۈز مۇشۇ كۈنلەردە خېلىلا رەڭ تۇزەپ قالغان، تۈكلىرى پارقىراپ، بۇرنىدىكى مىشىلداپ تۇرىدىغان پوتلىدىنىمۇ قۇتۇلغانىدى.

ــ ئەتە توختايۇپ ناھىيىگە يىغىنغا بارىدىكەن، ــ دېدى شەمشىدىن ھەلەپ يەۋاتقان ئۆكۈزنىڭ دۇمبىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، ــ «راكېتا»دىكى ئاغىنىلەر بىلەن كۆرۈشمىگىلىمۇ ئۇزاق بوپتۇ، ئاشۇ قار ياغقان كۈنى بىر ئولتۇرۇپ كەلگەنچە يا ئۇلار كەلمىدى، يا بىز بارمىدۇق. «موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە» دېگەندەك ئىش بولۇپ قالمىسۇن. توختايۇپنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىر چاقىرىۋالساقمىكىن دەيمەن.

ــ بۇنى ياخشى ئويلاپسەن، ــ دېدى خۇدابەردى قولىدىكى تاماق بىلەن ئۆكۈزنىڭ ئايىغىدىكى قىغلارنى تاتىلاۋېتىپ، ــ بىزنىڭمۇ ئۇلارنى بىر چاقىرىۋالىدىغان يولىمىز بار. جامال بىلەن توختىنىڭ چالغان دۇتار ـ تەمبۇرلىرى، بىر ـ بىرى بىلەن ماسلىشىپ ئوقۇغان مۇڭلۇق ناخشىلىرى ھېلىمۇ قۇلاق تۈۋىمدە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. بولسا ئۇلارنى مۇشۇ يەرگىلا چىللاپ كېلەيلى.

بىراق، ئۇلارنى قانداق مېھمان قىلىمىز؟ تاشتۆمۈر ناۋاي ياققان ئىككى گىردىنى سورۇنغا تاشلاپلا: «دۇتار چېلىمىز» دېگىلى بولماس.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى شەمشىدىن كۆلۈمسىرىگىنىچە، — مەن ئوبۇلتالىپنى بازارغا ماڭغۇزدۇم. بىر ئىككى كىلو مەيزاپ تېپىپ كېلەلىسىلا ئىش تامام. ئەمدى گەپ زاكۇسكىدا قالدى. سەن ئايجامالغا دېسەڭ. ئەتىگىچە تىقىشتۇرۇپ يۈرۈپ ئازراق بىرنەرسە تەييارلاپ بەرسە بولارمۇ؟

— ئۆزۈڭ دېسەڭمۇ بولىدۇغۇ؟ — خۇدابەردىنىڭ يۈزلىرى ھۇپپىدە قىزاردى، — ئايجامالنى سەنمۇ تونۇيسەن، ئۇنىڭ ئۇستىگە سېنىڭ ئەترەت باشلىقى دېگەن ئەمىلىڭمۇ بار. شۇنى پەش قىلساڭلا، مەن دېگەندىن ئاشۇرۇپ تەييارلاپ بېرىدۇ ئەمەسمۇ؟ مېنى بۇ ئىشقا ئارىلاشتۇرمىساڭ قانداق؟

شەمشىدىن ئۆزىچە خىر - خىر قىلىپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ئەخمەق، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — مەن ساڭا بىر پۇرسەت بېرەي دەۋاتىمەن. ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنسەڭ قانداق؟ سەن شۇ باھانىدە ئايجامالنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، مەيلىنى چېكىپ باقمامسەن؟ ناۋادا ئۇنىڭ ساڭا راستلا كۆڭلى بولسا دېگىنىڭنى شەرتسىز ئورۇندايدۇ. بەلكىم، سورۇنىمىزغا قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىشىمۇ مۇمكىن. يەنە بىرى، ئۇمۇ ساڭا بىر قېتىم خىزمەت قىلىۋالغىنىدىن كۆڭلىدە خۇش بولىدۇ. بۇنىڭ ھەر ئىككىڭگە پايدىسى بار.

— قويە ئۇنداق پايدىنى، — خۇدابەردى بېشىنى چايقىدى، — ئەڭ ياخشىسى بۇ ئىشنى ئايجامالغا ئۆزۈڭ دېگىن، مېنى ئارىلاشتۇرۇۋالما.

— ياق، سەن دەيسەن، — شەمشىدىن بېشىنى چايقىغىنىچە ئاۋازىنى كۆتۈردى، — ھەممە تەييارلىقنى بىز قىلساق، سەن بۇرنۇڭنى كوچىلاپلا تەييارغا ھەييار بولاي دېگەنمىدىڭ؟ ئايجامالغا چوقۇم سەن دەيسەن. بۇ بىر ھېسابتا ئاغىنىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا

قوشقان بىر ئۆلۈش ھەسسەك بولۇپ قالسۇن. ئەمىسە شۇنداق بېكىتتۇق ـ ھە ! ئۇنىڭغا ئوبدانراق تاپىلاپ قوي، تەييارلىقنى جايىدا قىلىپ بەرسۇن، پىياز گىچ ـ گىچ چىقىپ قېلىپ، ئەل ـ ئاغىنىلەرنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمايلى يەنە...

— شەمشى... — ئۇ خۇدابەردىنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماستىن ئېغىلدىن چىقىپ كەتتى.

خۇدابەردى تاماقنىڭ دەستىسىگە تايانغىنىچە ئېغىلدا خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ گەپنى ئايجامالغا قانداق دېيىشنى بىلەلمەي بېشى قاتقانىدى. «راكېتا»دىكى دوستلارنى بىر چاقىرىۋالىدىغان يەرگىمۇ كېلىپ قالغان، دېگەن ئادەمنىڭ بۇ مېھماندارچىلىقنىڭ تەييارلىقىغا تاماشا كۆرۈۋاتقاندەك قول قوۋۇشتۇرۇپ قاراپ تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇمۇ قولىنى ئەگرى قىلىشى كېرەك. بىراق، بۇ گەپنى ئايجامالغا قانداق دېگىلى بولار؟ ئايجامالنىڭ توختايۇپنىڭ نازارىتى ئاستىدا شۇنچە قىسىنىپ ـ قورۇنۇپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنى تەڭلىككە سالسا قانداق بولىدۇ؟ خۇدابەردىنىڭ كاللىسى چامغۇر، جىگدە، ماش سېلىپ ئېتىلگەن ئۇماچتەك ۋاراقلاپ قايناشقا باشلىدى. ئۇ ئېغىلدىن چىققاندا ئەتراپقا ئاللىقاچان گۇگۇم پەردىسى يېپىلغانىدى.

خۇدابەردى بېشىنى سالغىنىچە ئاستا قەدەملەر بىلەن كېلىۋاتاتتى. كالا ئېغىلىدىن ياتاققا تۇتىشىدىغان چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يۆگىمەچ ئوتلارنىڭ كاناي شەكلىدە ئېچىلغان ئاق، قىزىل، سۆسۈن، بىنەپشە رەڭلىك گۈللىرى كەچكى مەيىن شامالدا ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى. خۇدابەردى ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ھەر خىل رەڭدىكى يۆگىمەچ گۈللىرىدىن بىرنەچچىنى ئۈزۈۋالدى ۋە ئۇلارنى پىرقىراتقىنىچە ئاشخانا تەرەپكە بۇرۇلدى.

كەچلىك تاماقتىن قولى بوشىغان ئايجامال ئىككى قىزىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئەتە ئەتىگەنكى چاي ئۈچۈن يوغان قازانلارغا سۇ توشقۇزماقتا ئىدى. چېلەكتىن قازانغا تۆكۈلۈۋاتقان سۇنىڭ

شارقىرىغىنى خېلى يىراققا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. خۇدابەردى قىزنى كۆرۈپ يەنە ئىككىلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ ئىش تۇپەيلى ئايجامالنى ئاۋارە قىلغۇسى يوق ئىدى. بىراق، قىزنىڭ شاش كېيىكنىڭكىدەك يوگۇرۇك كۆزلىرى شەپە چىقارماستىن كەينىگە يېنىۋاتقان خۇدابەردىنى كۆرۈپ قالدى.

— خۇدابەردى... — قىز ئۇنى چاقىردى، — نېمە، بۇ يەرگە كېلىپلا يەنە گەپ - سۆز قىلماي كەينىڭىزگە يانمىسىزغۇ؟ بىرەر ئىش بارمىدى؟

خۇدابەردى خۇددى ئوغرىلىق قىلىۋېتىپ تۇتۇلۇپ قالغان ئادەمدەك جىددىيلىشىپ كەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەنىدى.

— مە... مە... بۇ... بۇ...

قازان بېشىدىكى قىزلار ئۇنىڭ كېكەچلىگىنىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ھېلىقى ئىككى قىز ئايجامالغا مەنىلىك قاراپ قويغاندىن كېيىن، كۈلۈشكىنىچە چېلەكلىرىنى كۆتۈرۈپ سۇغا ماڭدى. ئاشخانا ئالدىدا ئايجامال بىلەن خۇدابەردىلا يالغۇز قالدى.

— نېمانداق كېكەچلەيسىز؟ — دېدى ئايجامالمۇ ئۆزىنى كۈلكىدىن تەستە توختىتىپ، — بىز ھازىرلا كۆرۈشكەن ئادەملەردىن بولمىساق، مېنى كۆرۈپلا كېكەچكە ئايلىنىپ قالغىنىڭىز نېمىسى؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ھەممىڭلار مېنىڭ قولۇمدىن تاماق يەۋاتىسىلەر، شۇنداق تۇرۇپ يەنىلا مېنى يات كۆرگەندەك ئىش قىلىسىڭىز بولامدۇ؟ سىز خېلى سۆزمەنغۇ؟ ھەر ئىش بولسا تارتىنماي دەۋەرمەمسىز؟

خۇدابەردى ئايانچلىق كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقىنىنى سەزگەن ئايجامال ئاستا قەدەملەر بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— نېمە ئىش بار ئىدى؟ — سورىدى ئۇ خۇدابەردىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

— ئەمدى، شۇ «راكېتا»دىكى بىرنەچچە دوستىمىزنى چاقىرىۋالايلى دەپ... ساز - پاز قىلىپ ئازراق ئولتۇرماقچىدۇق، ناۋادا سىزگە مالال كەلمىسە... داستىخان ھۆرمىتى ئۈچۈن ئاز... راق بىرنەرسە تەييارلاپ بېرەمدىكىن دەپ...

— ۋاي، شۇ ئىشمىدى؟ — دېدى ئايجامال كەچكى شامالدا تۇزۇپ تۇرغان سېكىلىكىنى ياغلىقىنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپ، — كىچىككىنە ئىش ئۈچۈن نېمانچە ھودۇقسىز، خۇدابەردى؟ ماڭا مۇنداق ئىش ئىدى دەپلا قويسىڭىز بولمىدىمۇ؟ بوپتۇ، قاچانغا تەييارلاپ بېرىمەن؟

— ئەتە كەچكە.

— ماقۇل، كۆپ بىرنەرسە قىلالماسلىقىم مۇمكىن، چۈنكى توختايۇپ مۇدىر قازان بېشىنى ئۆزى بىر قوللۇق باشقۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ چىشىمنىڭ كاۋىكىدا يىغىپ بولسىمۇ، ئازراق بىرنەرسە تەييارلاپ قوياي. لازىم بولغاندا: «ھايت» دەرسىز.

— ئۇ ئەتە ناھىيىگە يىغىنغا بارىدىكەن، — دېدى خۇدابەردى ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — بىزمۇ ئۇنىڭ يوق ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ بۇ ئىشىمىزنى قىلىۋالايلى دېيىشتۇق. بۇزرۇكۋار بولمىسا ھەممىمىزگە ياخشى ئىكەن، قىسىنىپ - تارتىنىپ ئولتۇرماستىن كۆڭۈل ئاچالايدىكەنمىز. شۇڭا، سىزنى ئاۋارە قىلىپ...

— ئۇنداقتا تېخىمۇ ياخشى، — ئايجامال يېنىك تىنىپ قويدى، — توختايۇپ مۇدىر بولمىسىلا خوجىلىق مۇدىرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ ئازراق بىرنەرسە تەييارلىمىقىم ئاسانغا توختايدۇ. ھە راست، سىلەر قەيەردە ئولتۇرىسىلەر؟

— ئاياغقۇمدىكى دۆڭگە چىقىپ كېتەيلى دېيىشتۇق.

— مېنىمۇ ئېلىۋالامسىز؟ — سورىدى ئايجامال ئەتراپقا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — مېنىڭمۇ ھەرقايسىڭلار بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ دۇتار ئاڭلىغۇم بار ئىدى. قازان - چۆمۈچنىڭ نەغمىسىدىن بەكمۇ زېرىكتىم.

— بۇ...بۇ... — خۇدابەردى يەنە كېكەچلەشكە باشلىدى، —

مەن باشقىلارغا دەپ باقاي، ناۋادا قوشۇلسا ...

— سىزگە بىئەپ بولسا دېمەيلا قويۇڭ. — دېدى ئايجامال كۈلۈمسىرەپ، — ئەمىسە ئەتە كەچ مېنى ئىزدەڭ. لازىملىق نەرسىنى ئىلاج قىلىپ جايىدا تەييارلاپ قويىمەن.

خۇدابەردى بېشىنى لىڭشىتتى. دەل شۇ چاغدا توختايۇپ ياتىقىدىن چىقىپ قالدى. ئۇ گۇگۇم قوينىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان خۇدابەردى بىلەن ئايجامالنى كۆرۈپ تىكەن يۇتۇۋالغاندەك تولغىنىپ كەتتى.

— زاۋالدا قاقىلدىشىپ تۇرغان قايسى قاغىلار بۇ؟ — ۋارقىرىدى توختايۇپ ئۇلارنى تونۇمىغانغا سېلىپ، — نېمە قىلىق بۇ؟ ھۇ دىغىراپ لولىسىغا ئوت كەتكەنلەر، قېنى بۇ ياققا كېلىشە.

خۇدابەردى ئايجامالغا خوش دېگەندەك قاراپ قويدى ۋە يېڭىدىن سېلىنىۋاتقان ياتاق بىناسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. توختايۇپنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى خېلى بىر يەرلەرگىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئايجامال زاكۇسكىنى تەييارلاپ بېرىدىغان بولدى، — خۇدابەردى ياتاققا قايتىپ كىرىپ، پەنەر چىراغنىڭ يورۇقىدا تورۇسقا قاراپ ئولتۇرغان شەمشىدىننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى، — بىراق ئۇنى گەپكە قويدۇم، توختايۇپ دېگەن قىزىلكۆز بىزنى كۆرۈپ قالدى. شۇ تورقىدا ئۇ تاپ سېغىنىپ قالغان لالما ئىتتەك قاۋاۋاتىدۇ.

— قىزىق ئىكەنسەن، خۇدابەردى، ئىتنى قاۋىدى دەپمۇ خاپا بولامسەن؟ ئىت دېگەن قاۋىماي نېمە قىلىدۇ؟ — شەمشىدىن ئۇنىڭ مۇرىسىدىن تۇتۇپ يېنىغا تارتقىنىچە تولىمۇ پەس ئاۋازدا شىۋىرلىدى، — ئايجامالمۇ ئۇنىڭ ۋارقىراشلىرىغا كۆنۈپ قالدى ھەقىچان، شۇڭا ھېچنېمە بولمايدۇ. ھە راست، قاچانغا تەييارلاپ بېرىدىغان بولدى؟

— ئەتە كەچكە.

— ياخشى بوپتۇ. بۇ قىزنىڭ خېلىلا ئوغۇل بالىدارچىلىقى

بار، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىدۇ. پۇرسەت تېپىپ ئۇنىڭغا ئوبدانراق رەھمەت ئېيتىپ قوي، ئاداش.

— ئۇنىڭ سورۇنىمىزغا قاتنىشىپ دۇتار ئاڭلىغۇسى بار ئىكەن، — خۇدابەردى يەرگە قاراپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، — بىراق «ئەپسىز بولسا بارمىسامۇ مەيلى» دەيدۇ.

— ئۇنى ئېلىۋالغىن، — دېدى شەمشىدىن كۈلۈمسىرىگىنىچە، — ھە دېسە قازان بېشىدا يۈرۈپ زېرىككەندۇ، بېرىپ ناخشا ئاڭلاپ كەلسۇن، كۆڭلى ئېچىلىپ قالار.

— بىراق، شۇنچە ئوغۇل بالىنىڭ ئالدىدا ئۇ يالغۇز قانداق ئولتۇرىدۇ؟

— مەنمۇ ئايشەمنى ئېلىۋالىمەن، ئۇنىڭ بىرنەچچە دوستىمۇ بىللە بارىدىغان تۇرسا، ئايجامال قانداقسىگە يالغۇز ئولتۇرىدۇ؟

— باشتىلا مۇنداق دېمەمسەن ئەمىسە، — خۇدابەردى بىر ئاز تېرىكتى، — مەن بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئايجامالنىڭ تەلپىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنىمۇ بىلمەي قاپتىمەن ئەمەسمۇ؟

— مەنمۇ ئۇنىڭ ناخشا ئاڭلىغۇسى بارلىقىنى نەدىن بىلەي؟ — دېدى شەمشىدىن خۇپسەنلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، — ھەي ئەخمەق، ئەمدى يەنە بۇرنىنىڭ قاقچىنى يېگەن تازدەك بىزىرىپ تۇرۇۋەرمە، ئەتە كەچ قىزلارغا ئېغىز ئېچىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچ. ئايجامالنىڭ ئاشۇ سورۇنغا بارىمەن دېيىشىمۇ سەۋەبسىز ئەمەس. مۇشۇنداق چاغدا يەنە گۆشىيىپ يۈرسەڭ، باشقىلار سەندىن چاققان چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا يۈرەكنى تاتىلاپ مۇزدا ياتقاننىڭ پايدىسى يوق.

خۇدابەردى گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ قەلبىدە ئايجامالغا ئاتالغان گۈللەر شۇنداق چىرايلىق چېچەك ئاچقىنى بىلەن، ئۇلارنىڭ ھىدىنى قىزغا قانداق پۇرىتىشنى، ئاشۇ گۈللەردىن دەستە تىزىپ ئۇنىڭغا قانداق سۇنۇشنى بىلمەيتتى. ئۇ يوتقانغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېغىر ئۇھ تارتتى.

# 20

ئاياغقۇم يېكەنلىك مەيداندىن بىرەر كىلومېتىرچە يىراقلىقتا جايلاشقان كەڭرى قۇملۇق ئىدى. زىيالىي ياشلار ئاچقان بوز يەرلەر ئاشۇ قۇملۇقنىڭ لېۋىگىچە قىستاپ بارغانىدى. قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر دۆڭ بولۇپ، قۇياشنىڭ ھارارەتلىك ئاپتىپىدا توپىسى كۆيۈپ، قىزىرىپ تۇراتتى. ئاشۇ پارقىراپ تۇرغان قۇملۇقلاردا گىياھ ئۈنمەيتتى. ھەممىلا يەر لاۋۇلداپ تۇرىدىغان قىپقىزىل قۇملۇق بولۇپ، شامال چىقسىلا شىرىلداپ ئاقىدىغان قۇم ئېقىنلار پەيدا بولاتتى. بىر ئىشلاردىن ئىچى سىقىلغان ياشلار دائىم مۇشۇ دۆڭگە كېلىپ، يىراقلارغا نەزەر تاشلىغىنىچە خىيالغا چۆمەتتى. نېمىشقىدۇر بۇ دۆڭگە چىققان ئادەم ئۆزىنى كۆكسى ـ قارنى بىردىنلا كېڭىيىپ، كۆڭلىدىكى غەشلىكلەر بىراقلا تاراپ كەتكەندەك، ئۆزىنى يېنىكلەپ، پۇۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇشقا ئايلىنىپ قالغاندەك سېزەتتى. شۇڭا، بۇ يەرنى ھەممەيلەننىڭ كۆڭلى تارتىپ تۇراتتى. قولى بوشىغان ياشلار مۇشۇ دۆڭگە توپ ـ توپى بىلەن كېلىشىپ، يۇمشاق قۇملار ئۈستىدە ئېغىناپ ياتقىنىچە ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۇڭدىشاتتى، خىيال سۈرەتتى...

بۈگۈن شەمشىدىنلەر بۇ يەرگە خېلى بۇرۇنلا كېلىۋالغانىدى. كەچ كىرىپ ھارغىن قۇياش يىراقتىكى تاغ كەينىگە باش قويغاندىن كېيىن، بۇ يەر بىردىنلا سالقىنلاپ قالدى. گەرچە قۇملۇق دۆڭ پۈتۈن بىر كۈن قۇياش نۇرىغا قاقلىنىپ توپىسى قاينىغان بولسىمۇ، ئەتراپتىن غۇر ـ غۇر شامال كېلىشكە باشلىغانىدى. ئايشەم، مەلىكىزات، ئايجاماللار ئېلىپ كەلگەن ئەدىياللىرىنى ئىسسىق قۇم ئۈستىگە سېلىشقا باشلىدى. شەمشىدىن «راكېتا»غىچە بېرىپ باشلاپ كەلگەن نەجمىدىن، جامال ۋە توختىلارنى، ئاندىن نەجمىدىننىڭ ئايالى بىلەن يەنە ئۈچ قىزنى

سىلىنچىغا باشلىدى. قاشلىرىغا ئوسما قويۇپ، يۈزلىرىنى سەل قىزارتىۋالغان ئاياللار ئايشەملەر بىلەن مەشرەپنى يېقىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەدىيال ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. شۇئان ئۇلار ئارىسىدىن بىر جۈپ نۇرلۇق كۆز كىملەرگىدۇر بىر ئىشلارنى تاپىلاۋاتقان خۇدابەردىگە تىكىلدى. شەمشىدىن قىزلارنى «راكېتا»دىن كەلگەنلەرگە تونۇشتۇردى:

— بۇياق ئايشەم، بىزنىڭ ئەترەتنىڭ خانىشى. بۇياق مەلىكىزاد، قىزلار گۇرۇپپىسىنىڭ ياردەمچى ئاقساقىلى. بۇياق بىزنىڭ كۆيۈملۈك ئانىمىز، ئاشپەزلەر گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، ئىسمى ئايجامال، بىز يېكەنلىك مەيدانىغا كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ قولىدىن نان يەۋاتىمىز. ئۇ بىزنى ھاردىم - تالدىم دېمەي ئاش - تاماق بېرىپ بېقىۋاتىدۇ.

قىزلار كۈلۈپ كېتىشتى. بىراق، «راكېتا»دىن كەلگەن مېھمانلار ئۇلاردىن ھېيىقىپ يا كۈلەلمەي، يا بىرنەرسە دېيەلمەي تۇرۇپ قېلىشتى. بۇنى سەزگەن نەجمىدىن گېلىنى قىرىپ قويۇپ، ھەمراھلىرىنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى.

— ماۋۇ گىجىم ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى قولىغا يۆگەپ ئولتۇرغان سابىق قىز مېنىڭ قۇشناچىم خانزادىخان بولىدۇ.

— خانزادىخان ئەمەس، خانزاد... — ئايالنىڭ چىرايىدا نارازىلىق ئارىلاشقان بىر خىل ئەركىلەش تۇيغۇسى پەيدا بولدى.

— ھە، خانزاد، — دەپ تۈزىتىپ قويدى نەجمىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ماۋۇ قىزىل ياغلىقلىق چوكان جامالنىڭ بورۇنقى خوتۇنى، ئىسمى توختىنىيازخان، ھازىر يېڭىشىۋالساق دەپ بۇ دوستىمىزنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالدى.

— ۋاي توۋا دەڭا، — دېدى توختىنىيازخان پوكاندەك قىزىرىپ، — بۇ يەردە نېمە ئۆزىڭىزنى ئاشۇرۇپ كۆل پاقىسىدەك كەلسە - كەلمەس كوركىراپ يۈرىسىز؟ كىم جامالنىڭ بورۇنقى ئايالىكەن؟ مەن بارغۇ، تېخى ئەركەك چىۋىننىڭ قانىتىمۇ تېگىپ باقمىغان قىز! شۇ دوستىڭىز جامال توي قىلايلى دەپ ئۇنىمىغانغا

ئۆنماي كەينىمگە كىرىۋالغاچقا، چىشىمنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ قويغان يېرىم بار. تونۇشتۇرار بولسىڭىز ئېغىزىڭىزنى چايقىۋېتىپ گەپ قىلىڭە مۇنداق.

ئۇ تىزىدا سويلاپ تۇرغان چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ باتىنىغاندەك دومسايدى. ئۆنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھەممەيلەن كۆلۈپ كېتىشتى.

— توغرا، قونغان چىۋىنلەرنىڭ تولىلىقىدىن قايسىسىنىڭ ئەركەك ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەن بۇ قىز جامالىنىڭ لايىقى. پات يېقىندا ناغرىسىنى ئوبدان چېلىپ تويىنى قىلىۋېتىمىز. ماۋۇ يېنىدا ئولتۇرغىنى بولسا، — نەجمىدىن ئايالىنىڭ ئۆزىگە ئاچچىق بىلەن ئالىيىشلىرىغا پىسەنت قىلماستىن، چاقچىقىنى داۋاملاشتۇردى، — ئىسمى گۈلسۆرۆخ، دوستىمىز توختىنىڭ ئىنىدىكىگە كېلىپ قالغان سېكىلەك. مەھەللىدىكىلەر ئۇنى ئەركىلىتىپ قارا قۇشقاچ دەيمۇ چاقىرىشىدۇ. قارا قۇشقاچتەك جاۋۇلداپ كېتىدىغان بولسا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيدۇ. مۇشۇ جەھەتتە «راكېتا»دا ھېچكىم بۇ قارا قۇشقاچنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ..

— توغرا، — دېدى ھېلىقى چوكان قويۇق ئوسما ئىچكەن قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قاشلىرىنى لىكىلدىتىپ قويۇپ، — بۇ جەھەتتە خوتۇنلىرى خانزادتىن يېتەرلىك تەلىم ئالغانمەن. ئۇنى بىر ھېسابتا ئۇستازىم دېسەممۇ بولىدۇ. قانداق دېدىم، خانزادىخان؟

خانزادىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر نەرسە دېيىش ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۇمەللەشكە باشلىغاندا، نەجمىدىن قاقاقلاپ كۆلۈپ كەتتى.

— بولدى، بولدى، بۇنىڭ ھەممىسى ئويۇن ئۈچۈن دېيىلىۋاتقان گەپلەرغۇ؟ ھە قارا قۇشقاچ، بىزنىڭ خانزاد سىلىگە قارا قۇشقاچتەك جاۋۇلداش جەھەتتە تەلىم بەرگەن بىلەن، ئۇ مېنىڭ نەزىرىمدە مەڭگۈ شوخ سايراپ ھارمايدىغان بۇلبۇل! قانداق

دېدىم، خوتۇن؟ — ئۇ ئايالنىغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويدى، — ماۋۇسى بولسا مېنىڭ قېيىنسىڭلىم، ئىسمى گۈلقەلەم، ئۇمۇ يېكەنلىك مەيداننى بىر كۆرۈپ كېلەي دەپ ئاچىسىنىڭ پېشىگە غىلابتەك ئېسىلىپ كېلىۋالدى...

خۇدابەردى قىزنى ئەمدىلا كۆرۈپ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چوڭ ئاچتى. ھېلىقى چاغدا ھارۋىغا چىققىلى ئۇنىماي ئۇنى بىر تاغار يالغۇزتقان بۇ نايناق ئەسلىدە نەجمىدىننىڭ قېيىنسىڭلىسى ئىكەن ـ دە! گۈلقەلەممۇ ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ كۈلۈمسىرىدى. كۆزلەر بىر نۇقتىدا ئۇچراشتى. شۇئان قىزنىڭ يۈزلىرى ھۈپپىدە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئۈركۈپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، تىزىنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالغان بارماقلىرىغا قارىۋالدى...

— خوش، ئەمدى ئەسلىي گەپكە كەلسەم، — نەجمىدىن يەنە گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆز باشلىدى، — بۇلار «راكېتا»نىڭ گۈللىرى، ھەممىسى ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئاققان گۆزەللەر. بىز ئالتۇن ئۈزۈك بولساق، بۇلار ياقۇت كۆز! بۇ يەردە كۈلكە بىلەن ئارىدىكى يېتىرقاشنى يوقىتاي دەپلا ئېغىزىمغا كەلگەننى دەپ قويدۇم. مېنىڭ دەللاللىقىم شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. كۆپچىلىكنىڭ ياقتۇرۇپ ئاڭلىغىنىغا رەھمەت!

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى قايسىبىر رادىئو دىكتورىنى دوراش بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

ئايجامال بىلەن مەلىكىزاد دۈگىگە سېلىنغان ئەدىيال ئۈستىـ
گە داستىخان تارتتى. ئايجامال تىقىشتۇرۇپ ئېلىۋالغان ئون نەچچە گىردە، قوقاسقا كۆمۈپ پىشۇرغان تۇخۇم، سەي قاچىسىغا ئېلىنغان نەچچە خىل قورۇمىنى داستىخانغا تىزدى. بۇلارنى كۆرۈپ شەمـ
شىدىن رازىمەنلىك بىلەن خۇدابەردىگە قاراپ كۆزىنى قىستى.

— ھەرقايسىڭلارنىڭ لايىقىدا بولمىسىمۇ، ئېغىز تېگىپ بېقىڭلار، — دېدى ئايجامال مېھمانلارنى غىزاغا تەكلىپ قىلىپ، — بۇ يەرنىڭ شارائىتى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، سىلەرنى لايىقىدا

كۆتەلمەيدىغان بولدۇق. ئەپۇ قىلارسىلەر.

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز، سىڭلىم؟ — دېدى نەجمە-دىنىنىڭ ئايالى ئۇنى يېنىغا چاقىرىپ، — هازىر دېگەن بارغۇ، هەممىلا يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت. بىزنىڭ قازانلاردىمۇ ئايلاپ-يىللاپ چامغۇر بىلەن كاۋا قاينايدۇ. ياغ دىدارى كۆرمىگىنىگە ئۇزاق بولغاچ، قازان ماۋۇ جامال كۆمەچنىڭ بېشىدەك قىزىرىپ كەتتى. هازىر دېگەن مۇشۇنچىلىك نەرسىلەرنىڭ تېپىلغىنىنىغا شۈكۈر قىلغىنىمىز ياخشى. هېلىمۇ سىلەرنى كۆپ جوۋىتىپ قو-يۇپتۇق. قېنى كېلىڭ، بىللە ئولتۇرۇپ مەزەگە باقايلى.

ئولتۇرغانلار خانزادىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پاراقىدە كۈلۈپ كېتىشتى. جامال ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىدىن نارازى بولغاندەك ئالىيىپ قويدى.

— مېنىڭ بېشىمنى هەرنېمىلەرگە ئوخشاتماڭ، خانزاد، — دېدى ئۇ سەل دېلىغۇللۇق بىلەن، — ئەسلىدە قىزلارنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك باش ئىدى، هەرقايسىڭىزدەك چوكانلار تولا سىلاپ يۈرۈپ مۇشۇنداق قىزىرىپ قالغان باش بۇ.

— ئەسلىدە بۇ سىلىغانغا قىزىرىدىغان باش ئىكەن-دە!

خانزادىنىڭ بۇ گېپى بىلەن هەممەيلەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

ئايشەم گىردىلەرنى ئوشتۇپ هەممەيلەننىڭ ئالدىغا بىر بۇردىدىن قويدى. تېخىچە تارتىنىپ ئولتۇرغان چوكانلار ساهىبخانىلارغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ نانغا قول ئۇزىتىشتى. گۈلقەلەم تېخىچە تىزىغا قويۇۋالغان بارماقلىرىدىن كۆز ئۈزمەستىن قىزىرىپ-تاتىرىپ ئولتۇراتتى.

چاي ئىچىلىپ بولدى. شەمشىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ هەممەيلەنگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى:

— يازنىڭ ئالدىراشچىلىقلىرى بىلەن هەرقايسىڭلارغا ۋاقتىدا سالام بېرەلمىدۇق، شۇڭا ئالدىڭلاردا بەكمۇ خىجىلمىز. بۈگۈن بۇ يەرگە جەم بولۇشتىن مەقسەت — ئاز-تولا ساز-پاز

قىلىشقاچ يىغىلىپ قالغان مۇڭلىرىمىزنى تۆكۈپ، بىردەم ـ يېرىمدەم مۇڭدىشىش. بۇنىڭدىن باشقا مەقسەتمۇ يوق. بىزنى ئادەم ئېتىپ كېلىپ بەرگىنىڭلارغا رەھمەت. تۇتۇپ قويغان ئۆي بولمىغاندىكىن، ياخشى تەييارلىق قىلالمىدۇق. كۆڭۈلۈڭلەرگە ئالمىغايسىلەر. مەن بۇ يەردە مۇشۇ داستىخاننىڭ يارىشىقى ئۈچۈن پايپېتەك بولغان ئايجامالغا چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. قېنى، ئازادە ئولتۇرۇپ سورۇنىمىزنى باشلايلى.

ھەممەيلەن پاقىلدىتىپ چاۋاك چېلىشتى. ئايجامال بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

شەمشىدىن ئوبۇلتالىپقا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ئوبۇلتالىپ قويىنىدىن بىر بوتۇلكا قوناق ھارىقىنى چىقاردى. شەمشىدىن ئىككى پىيالىگە ھاراق قۇيۇپ، بىرنى نەجمىدىنگە سۇندى.

— مۇنۇ دوستىمىز، — دېدى ئۇ ئوبۇلتالىپنى كۆرسىتىپ، — سىلەر ئۈچۈن كايىپ بازارغا كەتكەن، بىراق مەيزاب تاپالماي ماۋۇ بىرنېمىنى ئەكەپتۇ. ئەسلىدىغۇ بىز ھاراق ئىچىپ باقمىغان، پەقەت توختايۇپنىڭ ئېغىزىدىنلا ھىدىنى پۇراپ باققانىدۇق. ئاڭلىسام، تەمى بەكلا ئاچچىق دەيدۇ، ئاچچىق بولسىمۇ قوناقنىڭ سۈيى ئىكەن، بىرنەچچە يۇتۇمدىن ئېتىپ باقايلى دېدىم. قېنى، ئاۋۋال ئىككىمىز بىر پىيالىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى...

نەجمىدىن پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنى بۇرنىغا يېقىنلاشتۇردى. تازا پىشقان قوغۇن پۇرايدىغان سۈپسۈزۈك سۇيۇقلۇق پىيالىدە چايقىلىپ تۇراتتى. ئۇ گەپ ـ سۆز قىلماستىن، پىيالىنى شەمشىدىننىڭ قولىدىكىگە يېنىك تەگكۈزۈپ قويۇپ، كۆزىنى يۇمۇپلا كۆتۈرۈۋەتتى. شۇئان بىر پارچە ئوت ئۇنىڭ گېلىنى تاتىلاپ ئۆتۈپ كەتتى. شەمشىدىنمۇ قېقىلىپ يۆتىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلغانىدى.

— نېمە بۇ؟ — دېدى شەمشىدىن پىيالىنى داستىخانغا

تاشلاپ، — ھەي ئوبۇلتالىپ، قوناق ھارىقى ئەكەلدىم دەپ، بىر پارچە سۆيۈق ئوت ئېلىپ كەپسەنغۇ، ھاراملىق؟ ۋاي خۇدايىم، نېمىدېگەن قىزىق! بەئەينى ئايجامالنىڭ ئوچىقىدىكى گورۇلدەپ تۇرىدىغان ئوتتەكلا كۆيدۈرىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— ھاراق دېگەن تاتلىق بولسا كىم ئىچەتتى؟ — دېدى ئوبۇلتالىپ پىخىلداپ كۈلگىنىچە، — شۇنچە يەرگە دوق ئۇسۇپ، كوپىراتىپنىڭ ئامبارچىلىرىغا مىڭ تاغار يالۋۇرۇپ، ئاران بىر تېپىپ كەلگەن ھاراقنى ئۇنداق ئېكەن، مۇنداق ئېكەن دەيسەنغۇ؟ بىلىپ قوي شەمشىدىن، ھاراق دېگەن بارغۇ، پۇكەي كەينىدە بىر ەر تونۇشۇڭ بولمىسا خالىغان يەردىن تاپقىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس ئېكەن. ھېلىمۇ ئاران تېپىلغان ھاراق بۇ.

ئىككىنچى پىيالە جامال بىلەن خۇدابەردىگە بېرىلدى. جامال پىيالىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، تېخىچە ئېغىر خىياللار ئىلكىدە ئولتۇرغان خۇدابەردىگە قارىدى.

— ئاغىنە، — دېدى ئۇ پىيالىنى ئۇنىڭكىگە تەگكۈزۈپ قويغاندىن كېيىن، — قارىسام بەكلا پەرىشان كۆرۈنىسەن. «تۆمۈرنى نەم يەيدۇ، ئوغۇل بالىنى غەم» دەپ ئاڭلىغانمەن. ھەرقانداق غېمىڭ بولسا مۇشۇ پىيالىدىكى ھاراق بىلەن تۆكۈپ كەتسۇن. قېنى، ئېچىلىپ ئولتۇر. قايتا دىدارلاشقىنىمىزنىڭ شەرىپىگە خوش، قېنى!

ئۇلارمۇ پىيالىلەرنى گۇپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى. خۇدابەردىنىڭ كۆزىدىن ياش، بۇرنىدىن پوتلىسى چۈۋۈلۈپ چىقتى. ھاراق ئۇنىڭ ئۆپكىسىگە كەتكەنىدى. ئۇ مەيدىسىنى تۇتقىنىچە توختىماستىن يۆتىلەتتى. ئۆزىنىڭ ئايجامال بىلەن گۈلقەلەمنىڭ ئالدىدا بەكمۇ كۈلكىلىك بىر ھالەتكە چۈشۈپ قالغىنىدىن ئۇيىلىپ، چۈۋۈلۈپ چىققان پوتلىسىنى ئالىقىنى بىلەن ئىتتىكلا ئېرتىۋەتتى.

— ھاراقنىڭ جىگى ئېكەن، ئېسىل ھاراق ئېكەن، — جامال ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ھاراقنى ماختاپ كەتتى، — مەن ئىلگىرى بىر قېتىم ئىچىپ باققان، تەمى بۇنىڭكىچىلىك ئەمەس

ئىدى. بۇ ھاراققا پەقەتلا سۇ ئارىلاشتۇرماپتۇ.

پىيالىلەر ئۆز نۆۋىتىدە ئىككى - ئۈچ قېتىم ئايلاندى. ئەتىدىن بېرى تارتىنىپ - ھودۇقۇپ ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ، تاتىراڭغۇ چىرايى داللارنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان يۇلغۇن چېچەكىدەك قىزىرىشقا باشلىدى. خۇدابەردى تېخىچە سەۋەبىنى بىلىپ بولمايدىغان بىر خىل ناخۇشلۇق ئىلكىدە يەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىنى ئويلاۋاتقىنىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ نۆۋىتىنى جىممىدە ئىچىپ، باشقىلارنىڭ پارىڭىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك ئولتۇرغان بىلەن ئۇچقۇر خىياللىرى يىراق قومۇشكۆلدىكى تاشپولات تۇرسۇن تامان ئۇچۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئىچىگە تىنىپ يەرگە قاراپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ، شەمشىدىن يېڭىدىن تارتىپ قويدى.

— خۇدابەردى، جېنىم ئاداش، بۈگۈن نېمە بولدى ساڭا؟ بىرى تېزەك چىشلىتىپ قويغاندەك مۆرىمەي ئولتۇرىسەنغۇ؟ دوستلارنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن سورۇنغا ئاتىدىغان ئىككى ئېغىز گېپىڭ يوقمۇ؟

— مەن نېمە دەيمەن؟ — خۇدابەردى ئۇنىڭغا قاراپ ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى، — دوستلارنىڭ كەلگىنىدىن بەكلا سۆيۈندۈم. بىراق، بۈگۈن كۆڭلۈم بەكلا بىسەرەمجان، نېمە بولغىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. سەۋەبىنى بىلىپ بولمايدىغان بىر خىل تىت - تىتلىق مېنى بىئارام قىلىۋاتىدۇ. ماڭا قارىماي خۇشال - خۇرام ئولتۇرۇۋېرىڭلار.

— سېنىڭ ھالىڭ شۇ بولسا، بىز قانداقمۇ خۇشال - خۇرام ئولتۇرالايمىز؟ — گەپكە قوشۇق سالدى ئوبۇلتالىپ، — قارىغىنا، ساڭا قاراپ قىزلارمۇ ئىچىلالمايۋاتىدۇ. شۇنداقمۇ، مەلىكىزاد؟

مەلىكىزاد شاپپىدە ئوبۇلتالىپنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇنىڭ چۆچۈگەن ئاھۇ كۆزلىرى ئوبۇلتالىپنىڭ بۇ گېپىنى نېمە مەقسەتتە دېگەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك ئۇنىڭغا

ىختەك قادالغانىدى. بەلكىم ئاشۇ كۈنى بۇ بەچچىغەر بىزنى بىر جۈۋىنىڭ ئىچىدە كۆرۈپ قالغان بولسا، خاتا چۈشىنىپ يۈرگەن بولغىيمىدىيا؟ مەلىكىزادىنىڭ ئوي - خىيالى مۇشۇنىڭغا مەركەزلەشتى ۋە لەۋلىرى تىترەپ، زۇۋان سۈرەلمىدى.

— ئايجامال، خۇدابەردىگە بىر چىنە چاي سۇنغىنا، — دېدى شەمشىدىن ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — بەلكىم ئۇنىڭ بىر يەرلىرى چاڭقاپ كەتكەن بولسا، خىياللىرى سۇ ئىزدەپ دەريا تامان كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ. سېنىڭ چېيىڭ ئۇنى بۇ سورۇنغا قايتۇرۇپ كەلسە ئەجەب ئەمەس.

ئايجامال ئۇنىڭ گېپىنىڭ تېگىدىكى ئىشارەتنى چۈشەنمىدى. ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن خۇدابەردىگە بىر پىيالە چاي سۇندى. خۇدابەردى چاينى ئېلىۋاتقاندا ئىككى جۈپ كۆز لىپپىدە ئۇچرىشىپ قالدى. ئايجامال بىردىنلا ھودۇقۇپ نېمە قىلارىنى بىلمەيلا قالدى. قولىدىكى پىيالىمۇ تەۋرەپ، لىققىدە قويۇلغان چاي تۆكۈلۈپ كەتكىلى تاس قالدى. بۇنى كۆرۈپ ئولتۇرغان مەلىكىزادىنىڭ چىرايى بىر ئاز تاتاردى.

سورۇن داۋام قىلماقتا ئىدى. بىر چاغدا دۆڭنىڭ باش تەرىپىدىن بىرىنىڭ كېلىۋاتقان شەپىسى ئاڭلاندى - دە، ھەممەيلەن خۇددى بىرى كوماندا بەرگەندەكلا شۇ تەرەپكە بويۇنداپ قارىدى. كەلگۈچى باشقا بىرى بولماستىن، ئوزايىنى تەر باسقان ھۆسىيىن مۇدىر ئىدى. ئۇ سورۇنغا كېلىپ، ھەممەيلەنگە ئېگىلىپ سالام قىلغاندىن كېيىن شەمشىدىن كۆرسەتكەن ئورۇنغا كېلىپ چۆكتى.

— كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇۋېتىپسىلەر - دە، — دېدى ئۇ ئايجامال سۇنغان بىر پىيالە چاينى قولىغا ئېلىپ، — قارىسام، دۆڭدىن گۈلخاننىڭ يورۇقى كېلىۋاتىدۇ. نېمە ئىشكىن دەپ كېلىشىم ئىدى.

— ئەسلىدە بىزمۇ سىلىنى چاقىرىۋالايلى دېگەن، بىراق شۇ، ئازراق تارتىنىپ قېلىپ، — دېدى شەمشىدىن ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — «راكېتا»دىكى ئاغىنىلەر بىلەن ياز بويى بىرەر قېتىممۇ

كۆرۈشەلمىگەنىدۇق. بۈگۈن پەيتى كەپتىكەن، بىردەم - يېرىمدەم ساز قىلىشۋاتىمىز.

— ياخشى بوپتۇ، ئازادە ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ھۆسىيىن مۇدىر خۇشخۇيلۇق بىلەن.

قاراڭغۇنىڭ چۈشۈشىگە ئەگىشىپ ئۇلار سالغان گۈلخاننىڭ يورۇقى يەنىمۇ كۈچەيدى. لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوت يورۇقىدا ھەممەيلەننىڭ چىرايى گۈلخان تېگىدىكى چوغدەك كۆرۈنەتتى. ئەمدى جامال بىلەن توختى دۇتار بىلەن تەمبۇرنى قولىغا ئېلىشقانىدى. تىللىرىنى ھەريان سوزۇپ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى بىرئاز كۆپۈشۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئەتراپى قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن ئاياغقۇمدىن ئىككى سازەندىنىڭ دۇتار بىلەن تەمبۇرگە تەڭكەش قىلىنغان ناخشىسى ياڭراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى شۇنچىلىك سوزۇك، شۇنچىلىك دولقۇنلۇق ۋە شۇنچىلىك جاراڭلىق ئىدىكى، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ يۈرەك قېتىغا ساپ ھاۋادەك سىڭىپ كىرەتتى.

كەكلىك باقتىم قەپەستە،
تاڭ سەھەردە ئۈنلەيدۇ.
ئاھ كۆزنى كۆرگەندە،
يۈرىكىم شوخ ئوينايدۇ.
ۋاي، دەردى بار باللا.
...

كۈيلەر بىر - بىرىگە ئۇلىناتتى. جامال بىلەن توختىنىڭ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ھەر تەرەپكە تىلىنى سوزۇپ كۆيۈۋاتقان گۈلخاندەك ۋۇجۇدلارنى كۆيدۈرەتتى. تۈن باغرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقان ئاجايىپ سېھىرلىك كۈيلەر خۇدابەردىنىڭ پىغانىنى يەنىمۇ ئاشۇرماقتا ئىدى. ئايجامال ئۇنىڭغا ھەيرانلىق ئىلكىدە باقاتتى، مەلىكىزاد ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قارايتتى. يەنە... گۈلخاننىڭ نېرىسىدا، لاۋۇلداپ

كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئارىسىدا، گۈلخاننىڭ چوغىدىن قېلىشمىغۇدەك بىر ئوتلۇق كۆز — خانزادىنىڭ سىڭلىسى گۈلقەلەمنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىمۇ ئۇنى شىكار قىلماقتا ئىدى. قىزنىڭ چىلگىدەك يۇملاق بېشىدىكى تال - تال ئۆرۈمە چاچلىرى، قەلەم بىلەن سىزىپ چىققاندەك ئىنچىكە قاشلىرى تېگىدىكى چىرايلىق بادام قاپاقلىرى، ياشلىق ئۇچقۇنلىرى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزدەك كۆزلىرى، ئاق قاشتېشىدىن يونۇپ ياسىغاندەك كۆرۈنىدىغان قاڭشارلىق بۇرنى، ئەينۇلىنى ئەسلىتىدىغان قىپقىزىل لەۋلىرى، گۈلخان يورۇقىدا پارقىراپ تۇرغان بوينىدىكى كەھرىۋا مارجىنى، ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ مەيدىسىنى جىرتىتىدە قىلىپ يىرتىۋېتىشكە تەييار تۇرغان بىر جۈپ كۆكسى...ھەممىلا يېرى خۇدابەردىنىڭ نەزىرىنىڭ سىرتىدا تۇرسىمۇ، ئۇ بۇ مۇڭلۇق يىگىتكە تىكىلىپ قالغانىدى.

بېغىڭ ئەجەب گۈزەلكەن،
سەيلە قىلسام ئۇنامسەن؟
كۆيدۈم دېدىڭ بۈگۈنگۈ،
ئەتە كۆرسەڭ تونامسەن؟
ۋاي، دەردى بار باللا.
...

ناخشىلار يەنە ئۆز نۆۋىتىدە كىملەرگىدۇر دارىتمىلاۋاتقاندەك مەنىگىمۇ ئىگە ئىدى. ئايجامال ناخشىغا قۇلاق سالغىنىچە خۇدابەردىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن پات - پات قاراپ قوياتتى. بىراق، خۇدابەردى بارغانسېرى يامغۇردا قالغان سېغىزدەك ئېرىشكە باشلىغانىدى. شۇ تۇرقىدا ئايجامال ئۇنىڭ ئىچىنى ئۆرتەپ تۇرغان دەردىنىڭ نېمىلىكىنى پەقەتلا پەرەز قىلالمىغانىدى.

— ئەمدى خۇدابەردىمۇ بىر - ئىككى ناخشا ئوقۇپ بەرسە

قانداق؟ — دېدى شەمشىدىن ئۇنى ئېغىر خىياللار قوينىدىن گۇلخان يېنىغا قايتۇرۇپ كېلىش مەقسىتىدە كۆپچىلىككە قاراپ،— بۇ ئاغىنىمىز مەكتەپتىكى چېغىدا سەنئەت كۇرۇژۇكىنىڭ ناخشىچىسى ئىدى. ئۇنىڭ بىرنەچچە قېتىم مەكتەپ بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن سەنئەت مۇسابىقىلىرىدە نەتىجىگە ئېرىشىپ، مۇكاپاتلانغىنى ھەممەيلەننىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك.

— توغرا، ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ئۇنى چوڭ بولسا ياراملىق بىر ناخشىچى بولىدۇ، دېگەنلىكىمۇ ئېسىمىزدە.

— شۇنداق، ئۇنىڭ ناخشىسىنى بىزمۇ سېغىنغاندۇق...

— نەدىكى گەپلەرنى قىلىۋاتىسىلەر؟ — دېدى خۇدابەردى ئوڭايسىزلانغان ھالدا، — مەكتەپتىكى كۈنلەر دېگەن نەدە قالدى؟ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەردە قېرى ئۆكۈز بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرۈپ بىلىدىغانلىرىمنىمۇ يەپ بولدۇم. ئەمدى كېلىپ سىلەرگە قېرى ئۆكۈزنىڭ قانداق مۆرەيدىغانلىقىنى، پىكاپچاق ھارۋىنىڭ قانداق غىچىرلايدىغانلىقىنى دوراپ بەرسەم بولىدۇ شۇ.

— بۇ يەردە ھەپىلىشىدىغان ئىشلار شۇنچە جىق تۇرسا، سېنىڭ قېرى ئۆكۈز بىلەنلا قالغىنىڭ قىزىق بوپتۇ دېسە، — دېدى شەمشىدىن سامانىنىڭ تېگىدىن سۆ يۇگۇرتۇپ، — شۇڭىمۇ گېپىڭ ئاز، قېرى ئۆكۈزدەك يۇشۇلدايدىغان بولۇپ قالدىڭ ئاغىنە...

ئەتراپتا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ بۇ چاقچىقىدىن پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى. خۇدابەردىمۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ، بىر چەتتە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان ئايجامالغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى. ئۇ شەمشىدىننىڭ گېپىنىڭ تېگىدىكى مەنىنى ھېس قىلغانىدى.

— قېنى خۇدابەردى، شۇنداق ھۇنىرىڭنىڭ بارلىقىنى ئەجەب ئاڭلىماپتىمەنغۇ مەن، — دېدى ھۇسىيىن مۇدىرمۇ سۆزگە ئارى-لىشىپ، — ناخشا توۋلاش ياخشى ئىش. ھەقىقىي ناخشا دېگەن يۈرەكنىڭ قېتىدىن ئۇرغۇپ چىقىدۇ. خۇدابەردى، قولۇڭدىن

كەلسە، بىر ـ ئىككى ناخشاڭنى بىزدىن ئايىاپ ئولتۇرمايدىغان-سەن؟

ئوبۇلتالىپ ئۈچەي دەپ قالغان گۇلخاننىڭ ئۈستىگە بىر قۇچاق شاخ ـ شۇمبا تاشلىدى. ئوت ئۈلگىيىپ چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئوتنىڭ قىزغۇچ تىلى ھەر يان تولغىنىپ، سورۇندىكىلەرنىڭ چىرايىنى يەنىمۇ قىزىللىققا پۈركىدى.

— زادى مۇشۇ ئاداشتىن بىر ناخشا تىڭشىمىساق بولمىدى، — دېدى جامالمۇ خۇمارلىشىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، — ھارۋىنىڭ غىچىرلىغىنىنى دوراپ بەرسىمۇ، ئۆكۈزدەك مۆرەپ بەرسىمۇ ھېساب! قانداق دېدىم؟

— ئالتۇندەك گەپ بولدى.

— كونا تامنىڭ چالمىسىدەك ئولتۇرماي ھاڭگىۋايىدەك ھاڭراپ بەرسىمۇ ھېساب !

— خۇدابەردى ئاداش، كۆپچىلىكنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويما. ئەمىسە ئاۋازىڭنى سازلاپ، تەييار بول، مىكى ـ مىكى، ئىچكى ئىككى دېيىشكە رۇخسەت يوق !

ئوبۇلتالىپ بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىنى خۇدابەردىگە تىكىپ، ئۇنىڭ يەلكىسىگە بوشقىنا ئۇرۇپ قويدى. ئۇ توختى سۇنغان دۇتارنى قولىغا ئېلىپ، تارلىرىنى بوش تىرىڭلاتتى. ئەمما، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ كاللىسى لىشى ئېلىۋېتىلگەن قاپاقتەك قۇپقۇرۇق ئىدى. بۇ يەردە قايسى ناخشىنى ئېيتىشنىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ كىمدىندۇر مەدەت تىلەۋاتقاندەك ھەممەيلەنگە بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى. ئاشۇ ئۈمىد بىلەن تىكىلگەن كۆزلەر ئىچىدە بىر جۈپ نۇرلۇق يۇلتۇز — گۇلقەلەمنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرى ئۇنىڭغا ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇراتتى. خۇدابەردى ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدىن ئەندىكىپ كەتتى ۋە ئىتتىكلا كۆزىنى قاچۇردى. ئۇنىڭ تۇتەكلىشىپ تۇرغان قەلب ئاسمىنىدا چاقماق چاققاندەك بىر يورۇقلۇق پەيدا بولدى. ئۇ لەۋلىرىنى يالاپ قويغاندىن كېيىن، ئۇستازى ئىبراھىم مۇئەللىم ئۆگىتىپ قويغان بىر ناخشىنى ئەسكە ئالدى.

كاككۇكۇم كاككۇك ئېتەدۇر
كۆك تېرەكنىڭ باشىدا.
ئادىشىم شەرەت قىلادۇر،
ئوردىنىڭ كۆل باشىدا.

ئوردىدىن چىققان يىگىتنىڭ
تونى بار، نېمچىسى يوق.
بىلىگە قىسقان گۇلىنىڭ
بەرگى بار، غۇنچىسى يوق.
...

ئۇ دۇتارنى توختىدەك چالالمىسىمۇ، ھەرھالدا تىرىشىلتىپ ئۆزگىچە بىر ئاھاڭغا سايرىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ناخشا توۋلىغاندىكى ئاۋازىمۇ توختىنىڭكىگە يەتمەيتتى، بەئەينى نەملىشىپ قالغان داپتەك بوغۇق، كۈچسىز ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ناخشىنىڭ مۇڭىغا چۆكۈپ كەتكەندى. جامال بىلەن توختىمۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان بۇ ناخشىنى بېرىلىپ تىڭشاشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەيرانلىقتىن چوڭ - چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرى دەممۇدەم بىر - بىرىگە تىكىلەتتى. توختى ئورنىدىن قىمىرلاپ خۇدابەردىگە تېخىمۇ يېقىنىراق سۈرۈلدى. ئۇ دۇنيانى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا ئېيتىۋاتقان بۇ مۆرىمەس يىگىتكە ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك تىكىلگەندى.

قوغۇننى تىلىپ قويۇپ،
ئۆزۈڭ يېمەي تۇرامسەن؟
مۇڭداشقىلى مەن كەلسەم،
لام - جىم دېمەي تۇرامسەن؟

ئالىقانات بىۋاپا،
كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟
...

گۈلخان كۆيۈپ بەئەينى خۇدابەردىنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدەك كۈلگە ئايلانماقتا ئىدى. ئۇتۇن تاشلاش ھېچكىمنىڭ يادىغا يەتمەيتتى. ھەممەيلەن ئېغىكىنى يۈلگىنىچە خۇدابەردىنىڭ ناخشىسىغا مەپتۇن بولۇپ ئولتۇراتتى. دۇتارنىڭ ئاۋازى پەسىيىپ، خۇدابەردىنىڭ ناخشىسى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، ئېغەك يۆلەپ ئولتۇرغانلار تېخىچە ناخشىنىڭ قوينىدىن چىقىپ بولالمىغانىدى.

— ئۇھ، — دېدى بىر چاغدا ئېسىنى يىغقان مەلىكىزاد ئۇيقۇدىن ئويغانغاندەك يېنىك تىنىپ قويۇپ، — ھەي خۇدابەردى، سەن ناخشىنىڭ ئورنىغا بىزنى سېھىرلەيدىغان قانداقتۇر بىر ئەپسۇن ئوقۇمىغانسەن ـ ھە؟ نېمە بولدى بىزگە؟ ھۇ جادۇگەر، ھەممەيلەننى جادۇ قىلىپ تاشقا ئايلاندۇرۇۋەتكىلى تاسلا قالدىڭغۇ؟

— نەدىكى تاشقا ئايلاندۇرۇش بولىدۇ؟ ئۇ دېگەن قورام تاشقا جان كىرگۈزدى، — مەلىكىزادىنىڭ سۆزىگە قارشى چىقتى ئايشەم، — قاراڭلار، كىمنىڭ قارىچۇقىدا ياش لىغىرلايدۇ؟

ھەممەيلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى. ئەمما، گۈلخان ئۆچكەن بولغاچقا، ئەتراپ سۇس قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالغانىدى، شۇڭا ھېچكىم ئايجامال بىلەن گۈلقەلەمنىڭ كۆزلىرىدىكى ياش تامچىلىرىنى كۆرمەي قېلىشتى.

— ئەجەبمۇ بەلەن ئوقۇدۇڭ، — دېدى ھۇسىيىن مۇدىر پەخىرلىك ھېسسىياتتا، — مەن تېخى سېنى ئۆكۈزنىڭ قۇيرۇقىدىكى بۇدۇشقاقنى تېرىشتىن باشقىنى بىلمىسە كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن، مۇنداقمۇ ھۈنىرىم بار دېگىن، يىگىت.

— بۇ ناخشىنى نەدىن ئۆگەنگەنىدىڭ، بۇرادەر؟ — بىر چاغدا زوۋانغا كەلگەن توختى قۇرۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ سورىدى، — ساز بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىمگىمۇ ئۇزاق بوپتۇ،

بىراق، بۇنداق ئېسىل ناخشىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. ئەجەب يۈرەكنىڭ بېغىشىغا تەگىدىغۇ بۇ ناخشاڭ؟ بىزمۇ ئۆگىنىپ قويساق بولغۇدەك.

— بۇنى مەكتەپتىكى ۋاقتىمدا ئىبراھىم مۇئەللىمدىن ئۆگىنىۋالغان، — دېدى خۇدابەردى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ قويغاندىن كېيىن، — شۇنچە يىلدىن بېرى ئۇنى مەن پەقەت قەلبىمدىلا ئېيتىپ كەلگەنىدىم. سورۇنغا چىقىرىشىم مۇشۇ تۇنجى قېتىم.

— ھەرنېمە بولسا ھۆپۈپتەك ئىچىڭدە سېسىتىۋەتمەپسەن، — جامالمۇ سۆزگە ئارىلاشتى، — شۇ مۇئەللىمىڭ ھازىر يېكەنلىك مەيداندا بارمۇ؟ بار بولسا بىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قويغىن. بۇنداق پەيزى ناخشىلىرىنى بىزگىمۇ ئۆگىتىپ قويسۇن. ئۇنى ئۇستاز تۇتۇپ قول بېرەيلى. بولامدۇ، ئاغىنە؟

— بىزنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشتىن بۇرۇن مۇئەللىمنى نەزەربەند قىلغانىكەن، — شەمشىدىن ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە خۇدابەردىنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى ، — مانا، بىزنىڭ بۇ مەيدانغا كەلگىنىمىزگىمۇ بىرەر يىلدىن ئاشتى. مۇئەللىمنىڭ نەدىلىكىنى، ھالىنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمىز. بەك ئېسىل ئادەم ئىدى ئۇ. قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشى يوق ئىدى...

ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ گېپى چىقىشى بىلەن سورۇن قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىمىپ كەتتى. ئايجامال بىلەن ئايشەمنىڭمۇ چىرايى ئۆمسىلە بولۇپ، ئېغىر خورسىنىشتى. خۇدابەردىمۇ ئۆچەي دەپ قالغان گۇلخان چوغلىرىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ قەلب ئاسمىنىدا مۇئەللىمنىڭ سەل خىرەلەشكەن چىرايى غىل - پال كۆرۈندى.

— قېنى سازەندە، نۆۋەتنى بىر تەرەپ قىل، — دېدى شەمشىدىن پىيالىنى خۇدابەردىگە سۇنۇپ، — كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئۇ ئىشلارنىڭ قايسىبىرىنى سۆزلەپ بولىمىز؟ بۈگۈننىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن پۇرسەت، دوستلارنىڭ كۆڭلى چىگىلىپ قالمىسۇن، خۇشال - خۇرام ئولتۇرايلى، خۇدابەردى. قېنى، دۇتارنى توختىغا بەر. شوخ - شوخ ئۇسسۇل پەدىسىگە

چالسۇن. ئوبۇلتالىپ، گۇلخانغا ئوتۇن تاشلا. كېچىچە ئوتنىڭ ئۆچۈپ قېلىشىغا رۇخسەت يوق.

ئوبۇلتالىپ دۆڭنىڭ يانباغرىغا دۈۋىلەپ قويۇلغان چاۋاردىن يەنە بىر قۇچاق ئەكېلىپ گۇلخاننىڭ ئۈستىگە تاشلىدى. چوغلىرى بىر قەۋەت كۈلنىڭ ئارىسىدا قالغان گۇلخاندىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلدى. ئەتراپنى دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان ئاچچىق تۈتۈن ھىدى بىر ئالدى.

— ئوتنى پۇۋلىۋەت، — دېدى خۇدابەردى قولىنى قىقىشتۇرغىنىچە ئورنىغا قاراپ كېلىۋاتقان ئوبۇلتالىپقا ۋارقىراپ، — كۆرمىدىڭمۇ ئەتراپنىڭ ئىسلاپ كەتكىنىنى؟

— ساڭا كۆز تەگمىسۇن دەپ ئىسرىقلاپ قوياي دېدىمغۇ؟ — ئوبۇلتالىپ ئۆزىچە ھەييارلىق قىلىپ، سىمىز ئۆردەكتەك ئىككى تەرەپكە ئىرغاڭلاپ قويدى، — ئەمدى قارىسام بەكلا ماختىنىپ كەتتىڭ، ئەتىگىچە قوقاق بېسىپ كەتمىسۇن دەيمەنغۇ شۇ...

— ئوبۇل، — شەمشىدىن ئۇنىڭغا قاراپ ئالايدى، — خۇدابەردىگە كۆز تەگسە ئەرزىيدۇ. بۇنداق قاغا پۇتى گەپلەر بىلەن ئۇنىڭ زىتىغا تەگمەي، ئوتنى پۇۋلىۋەت دېگەندىكىن شۇنداق قىل. ناھايىتى شۇ ئېغىزىڭنىڭ يېلىغۇ سەندىن كېتمىدىغىنى.

ئوبۇلتالىپ ئاستا كەينىگە ياندى ۋە گۇلخاننىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئوتنى پۇۋلەشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەي تۈتەپ تۇرغان قۇرۇق چاۋارلار لاپ قىلىپ ئوت ئالدى. قۇملۇق يۈزى يەنە شەپەق رەڭگىگە كىردى.

— ئۇسسۇلغا چال، ئۇسسۇلغا، — دېدى شەمشىدىن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — قېنى ئايشەم، تەييار بول، ئىككىمىز گۇلگە قونغان كېپىنەكتەك تاقلاپ يۈرۈپ سورۇننى بىر قىزىتايلى. تۇر ئورنۇڭدىن...

— ۋىيەي، مەست بولۇپ قالمىغانسىز، شەمشىدىن؟ — دېدى ئايشەم ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تەزىم قىلغىنىچە، — مېنىڭ ئۇسسۇل ئوينىغىنىمنى قاچان كۆرگەنىدىڭىز؟ مەن ئۇسسۇل بىلمەيمەن جۇمۇ؟ ئۆمرىدە بىرەر قېتىم ئۇسسۇلغا قول

كۆتۈرۈپ باقمىغان ئادەمنى مېھمانلارنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قوياي دېگىنىڭىزمۇ بۇ؟

— بۇ گەپنى سەن ماڭا دېسەڭ، مەن كىمگە دەيمەن؟ بىلىپ قوي، ئايشەم، مەنمۇ مۇشۇ يېشىمغىچە بىر كىم بىلەن سورۇنلاردا ئۇسسۇل ئويناپ باققىنىم يوق ، شۇنداقتىمۇ سېنى تۇنجى قېتىم تارتتۇاتىمەن. بىلگەنچە ئويناپ باقامدۇق؟ قېنى كېلە.

جامال بىلەن توختى دۇتار - تەمبۇرلىرىنى ماسلاشتۇرۇپ ئۇسسۇل پەدىسىگە سايرىتىشقا باشلىدى. ئايغىنى كىيىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن ئايشەم يۇمشاق قۇملار ئۈستىدە پايپاق بىلەنلا ئۇسسۇلغا چۈشتى. هاراقنىڭ كەيپىدە سەل قىزىپ قالغان شەمشىدىنمۇ قىلىق چىقىرىپ ئۇنى ئەركىلەتكىنىچە ئېگىز - پەس دەسسەپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ توختىماستىن لەپەڭلەپ تۇرغان قوللىرى بەئەينى ئوق يەپ يىقىلغان قۇشنىڭ ئۇچۇشقا تەمشەلگەن چاغدىكى قانىتىدەك پۇلاڭلايتتى.

ئوبۇلتالىپمۇ كۆچلۈك شامالغا دۈچ كەلگەن يۇمران قومۇشتەك لەپەڭلىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى - دە، ئالچاڭلاپ بېرىپ، ئايجامالنىڭ ئالدىدا بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ، تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۇنى ئۇسسۇلغا تارتتى. بىچارە قىز گويا شەلپەردەك قىزارغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ ئوبۇلتالىپقا رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل ئوينىيالمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆزرە سورىدى. بىراق، ئوبۇلتالىپ پېتىنى بوزماستىن ئايجامالنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ تۇرۇۋەردى.

— بولدى قىلساڭچۇ، — دېدى شەمشىدىن سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تېخىچە پالاقلاۋاتقان قۇشتەك قوللىرىنى كەرگىنىچە، — قارىغىنا، ئايجامال ئوينىيالمايمەن دېدىغۇ؟ يەنە ئۇنى تەڭلىككە سېلىپ بېزىرىپ تۇرامسەن؟ بولدى قىل، «راكېتا»دىن كەلگەن مېھمانلارنىڭمۇ تۈيىقى قىزىۋاتىدۇ. ئۇلارنىمۇ ئۇسسۇلغا تارتساڭ بولىۋېرىدۇ. قانداق دېدىم، جامال ئاغىنە؟

جامال ناخشا توۋلاۋېتىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

باغدا ئۆسكەن لەيلىمەن.
تاغدا ئۆسكەن لەيلىمەن.
بىر قۇچاقلاپ يارىمنى،
ئۆلۈپ كەتسەم مەيلىمەن.
...

ناخشىلار داۋام قىلماقتا ئىدى. ئوبۇلتالىپ ئايجامالنىڭ ئالدىدا بىر تىزىنى يەرگە قويۇپ، بىر قولىنى كۆكسىگە ئالغىنىچە بىرھازا تۇرغاندىن كېيىن، قېيىدىغاندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە گۈلسۇرۇخنىڭ ئالدىغا بېرىپ يەنە تىزلاندى. ئايالمۇ ناز قىلىپ ئولتۇرماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ، مەيدىسىگە چۈشۈۋالغان بىر ئۆرۈمە چېچىنى كەينىگە ئاتقىنىچە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇنىڭ يەڭگىل پىرقىراشلىرى، كۆمۈش بىلەزۈك سالغان قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ ئوبۇلتالىپقا نازلىق بېقىشلىرى سورۇندىكىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى. گۈلسۇرۇخ ئۇسسۇلغا ھەقىقەتەن ئۇستا ئىدى. ئۇنىڭ يىڭناغۇچتەك شوخلۇقى، بىلىقتەك ئۆزۈشلىرى ھە دېگەندە ئوبۇلتالىپنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئۇ ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ، شوللىگەيلىرىنى ئېقىتقىنىچە تاپانداپ، بىر ئىزدا مارشقا دەسسەپ پىرقىراپ ماقتا ئىدى. ئوبۇلتالىپنىڭ گومۇشلارچە ھىجىيىشىدىن، ئۆزىگە بوي بەرمەيۋاتقان پۇت ـ قوللىنىڭ كالۋالىقىدىن ئولتۇرغانلارنىڭ كەيپى ئۇچقانىدى. خۇدابەردى ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا جان تالىشىۋاتقان كېسەل توخۇدەك پالاقلاۋاتقان ئوبۇلتالىپنى قولىدىن تارتىپ جايىغا ئېلىپ كەلدى ۋە مۇرىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى.

— بىردەم ئۆپكەڭنى بېسىۋال، — دېدى ئۇ ئوبۇلتالىپنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — مېھمانلارنىڭ ئالدىدا بىزنى نومۇسقا قويۇۋاتىسەن، بۇرادەر. بىردەم غىت قىسىپ ئولتۇر! كۆرمىدىڭمۇ ئۇنى؟ مەن ـ مەن دېگەن ئۇسسۇلچىلارمۇ بۇ چوكاننىڭ قولىغا

سۇ قۇيۇپ بېرەلمىگۈدەك. ئۇسسۇلغا كەلگەندە سەن ئۇنىڭغا ھەرگىزمۇ تەڭ كېلەلمەيسەن، شۇڭا بىردەم جىم بول.

ئوبۇلتالىپ يېلى چىقىپ كەتكەن كامىردەك ماكچىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ تېخىچىلا ئۇسسۇلدىن چۈشمىگەندەك، قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى.

شەمشىدىنمۇ سورۇندىن چېكىندى. ئايشەم ئۇھ دېگىنىچە جايىغا قاراپ ئۆچتى. سورۇندا پەقەت گۈلسۇرۇخلا قالدى. ئۇ بارغانسېرى شوخلىنىپ ئۇسسۇل ئوينىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تولغىنىپ تۇرغان بەللىرى، چىت كۆڭلەك ئىچىدە تېپىچەكلەۋاتقان بىر جۈپ كۆكسى، لىكىلداپ تۇرغان ئەگىم قاشلىرىمۇ پۇلاڭلاۋاتقان قوللىرىغا ئوخشاشلا ئۇسسۇلغا چۈشكەنىدى.

خۇدابەردى ئۇنىڭ ئۇسسۇلىنى تازا بېرىلىپ كۆرۈۋېتىپ بىرىنىڭ «ھۇشت» دېگىنىنى ئاڭلاپ قالدى ۋە ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىدى. شەمشىدىن بېشى بىلەن ئايجامالنى ئىشارەت قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن «قىزنى ئۇسسۇلغا تارت» دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. خۇدابەردى ئاستا ئايجامالغا قارىدى. تېخىچە ئېسىگە كېلىپ بولالمىغان قىز نېمىنىدۇر خىيال قىلغىنىچە گۈلسۇرۇخنىڭ ئۇسسۇلىغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى قىزىللىق ھېلىھەم ئادەمنىڭ كۆزىگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇدابەردى شەمشىدىنگە قاراپ بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇنىڭ مۇشۇنچىۋالا ئادەم ئالدىدا ئايجامالنى يەنە بىر قېتىم تەڭلىككە سالغۇسى كەلمىگەنىدى.

شەمشىدىن سوغۇق كۈلۈپ قويدى. خۇدابەردى ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن بەكمۇ يارىماس نېمىكەنسەن، دېگەن مەنىنى ئېنىق چۈشەندى. بىراق، يەنىلا ئورنىدىن تۇرمىدى.

بۇگۈنكى ئولتۇرۇش تۈن تەڭدىن ئاشقاندا ئاخىرلاشتى. ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ ئىدى. خېلىلا تەڭشەلگەن سازەندىلەر شەمشىدىن، خۇدابەردى بىلەن قۇچاقلىشىپ بىرھازا قەلبىنى چۈشەندۈرۈشكەندىن كېيىن، خانزاد، گۈلسۇرۇخلارنىڭ

تارتقۇشلىشى بىلەن «راكېتا»غا بارىدىغان يولغا چۈشتى. قاراڭغۇدا مېڭىش ئەپسىز بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ دۇتار - تەمبۇرلىرىنى شەمشىدىن ئېلىپ قالدى.

— بۈگۈن پۇخادىن تازا چىقتىم. — دېدى ھۆسىيىن مۇدىر شەمشىدىننىڭ قولىنى رازىمەنلىك بىلەن چىڭ قىسقىنىچە، — مۇشۇنداق ئاسمىنى كەڭرى سەھنىلىرىمىز، مۇشۇنداق ئېسىل ناخشىچىلىرىمىز بار تۇرۇپ بىز نېمىشقا پات - پات ئەدەبىيات - سەنئەت پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزۈپ تۇرمايمىز؟ ھە دېسە ئىشلەش، ئۆگىنىش دېگەندەك بىر خىلدا داۋاملىشىپ تۇرىدىغان بۇرۇقتۇرمىلىق تۇرمۇش سىلەرنىڭ ئۆسۈپ - يېتىلىشىڭلارغا پايدىسىز ئىدى.

— يېڭى كەلگەن چېغىمىزدا بىرنەچچە قېتىم مۇشۇنداق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلگەن. كېيىن، توختايۇپ مۇدىر دۇتارنى كۆزىمىزچە چېقىپ تاشلاپ، بۇنداق پائالىيەتلەرنى چەكلىۋەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بىزمۇ ئويۇن - كۈلكە دېگەننى ئويلىماس بولدۇق.

ھۆسىيىن مۇدىر شەمشىدىننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى.

ئوبۇلتالىپ غەرق مەست بولۇپ كەتكەندى. ئۇ قوم ئۇستىگە سېلىنغان ئەدىيالدا كىرپىدەك تۈگۈلۈپ، بىرنېمىلەرنى دەپ جۆيلۈگىنىچە خارقىراپ ياتاتتى. شەمشىدىن سازلارنى خۇدابەردىگە تۇتقۇزغاندىن كېيىن، ئوبۇلتالىپنى مىڭ بىر قىيىنىدا يۆدۈۋالدى. ئايجامال بىلەن ئايشەم ۋە باشقىلار ئەدىيال، داستىخان دېگەندەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. قىزغىنلىق بىلەن باشلانغان كۆڭۈل ئېچىش ئاخىرلىشىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشتىن ئىبارەت كۆڭۈلسىزلىك باشلانغانىدى. ئۇلار ياتاققا قايتىپ كەلگەندە، «راكېتا»نىڭ توخۇلىرى ئاللىقاچان ئۈچىنچى قېتىم چىللاشقا باشلىغانىدى. ئاسماننىڭ شەرقىي ئۇپۇقىمۇ تولا يۇيۇلغان ماتا كۆڭلەكنىڭ مورىسىدەك سۇزۇلۇپ قالغانىدى.

ئالتىنچى باب

# قومۇشكۆلدىكى چۇش

## 21

مۇشۇ كۈنلەردە خۇدابەردى ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە ئىككى ئىش بولۇپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بىرى، خۇدابەردى، شەمشىدىن، دىلمۇرات، ئوبۇلتالىپلار يېڭىدىن سېلىنغان، تاملىرى چاقماق قەنتتەك ئاپئاق ئاقارتىلغان يېڭى ياتاققا كۆچۈپ كىردى. يېكەنلىككە كەلگەندىن باشلاپ چاشقان سۈيدۈكى ۋە زەي پۇراپ تۇرىدىغان يوغان ئامباردا قىرىق ـ ئەللىك ئادەم بىللە يېتىپ كۈنۈپ قالغانلارغا يېڭى ياتاق بەكمۇ چىرايلىق ۋە ياتاققا كۆچۈش بەكمۇ خۇشاللىق ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. شۇ كۈنى خۇدابەردىمۇ، شەمشىدىنمۇ خۇددى تويى بولۇپ، يېڭى ئۆيگە كۆچۈپ چىققاندەك خۇشال بولۇشتى. دېمىسىمۇ يېڭى ياتاقنىڭ پۇتۇشى ۋە زىيالىي ياشلارنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرنى ئەسلىتىدىغان يوغان ئامباردىن كۆچۈپ چىقىشى يېكەنلىك مەيدان تارىخىدىكى چوڭ ئىش ھېسابلىناتتى.

خۇشاللىقنىڭ يەنە بىرى بولسا تاشپولات تۇرسۇن ئاسماندىن چۈشكەندەكلا قومۇشكۆلدىن قايتىپ كەلگەنىدى...

بۇ بوغدايلار ئورۇۋېلىنىپ، خامانلار ئېلىنغان، ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشقان بوغدايلار ئامبارغا توشۇپ بولۇنغان، بىكارلانغان ئېتىزلارغا قوناق تېرىش باشلىنىپ، ئىشلار خېلى

بىر يەرگە بېرىپ قالغان كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى.

خۇدابەردى يىرتىلغان تاغار، دەستىسى سۇنۇق پۇچۇق كەتمەن، ئۈزۈلگەن ئارغامچا دېگەندەكلەرنى پىكاپچاق ھارۋىسىغا بېسىپ ئېتىزلىقتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتى. چىۋىن ۋە كۆكۈيۈن خاپا قىلىۋاتقان ئۆكۈز ئېغىر پۇشۇلداپ، تولا ئىشلىتىلگەنلىكتىن كۆتمەكلىشىپ كەتكەن سۈپۈرگىگە ئوخشاپ قالغان قۇيرۇقى بىلەن ئۇلارنى قورۇغىنىچە ئاستا كېلىۋاتاتتى. ھارۋىنىڭ مايسىراپ قالغان چاقلىرى بىركىمگە ھال ئېيتىۋاتقاندەك غىچىرلايتتى. تاغار ئۈستىدە ئولتۇرغان خۇدابەردىنىڭ بۈگۈن نېمىشقىدۇر كەيپى چاغ ئىدى. بەلكىم ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى كېچىچە كۆرگەن چۈشىدە بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ئانىسى يېقىپ، بىر تەۋەڭگە قاچىلاپ بەرگەن يۈزلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ پىشقان شىرمان گىردىلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ چۈش كۆرگەنىدى.

— نان دېگەن ئادەمنىڭ يۈزى، — دەيتتى ئانىسى ھەمىشە شۇنداق چۈش كۆرۈپ قوپقان كۈنلىرى ئۆزىچە خۇشال بولۇپ، — ئەتىمالىم بۈگۈن ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ...

ئەتىگەن يەنە ئۇنىڭ قاچىسىدىكى چاينىڭ شامىسى تىك تۇرۇپ قالغانىدى. ئانىسى چاي شامىسى ئۆرە تۇرۇپ قالسىمۇ، ئۆيگە مېھمان كېلىدۇ، دەپ كىملەرنىڭدۇر يولىغا قارايتتى. ئاشۇ ئىشلارنى يادىغا ئالغان خۇدابەردى بۈگۈن ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر مېھمان كېلىپ قالىدىغاندەك سېزىم ئىچىدە كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ يۈرەتتى. ئۇ نېمىشقىدۇر ھاياجانلىناتتى، كۆڭلى بىرەر قىزنىڭ سۆيگۈسىگە ئېرىشكەندەك شادلىققا تولاتتى. قانداقتۇر بىر نامەلۇم تاتلىق سېزىم ئۇنىڭ خېلىدىن بېرى بۇرۇقتۇرما بولۇپ، خۇددى بۇلۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغان كۆڭلىنى ئېچىۋەتكەنىدى.

— ئۆيدىن بىرەرى كېلىپ قالامدىكىنىيا؟ — دەپ پەرەز قىلاتتى خۇدابەردى ئۆزىچە، — بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى ئانامنى بىر

قېتىممۇ كۆرۈپ باقمىدىم. بىچارە ئانامنىڭ ھالى نېمە بولۇپ كەتكەندۇ؟ مەن يېنىدا سەللا بولماي قالسام قوزىسىنى يىتتۈرۈۋەتكەن ساغلىقتەك ئارامسىزلىنىپ كېتەتتى. مەكتەپتىن ئازراقلا كېيىن كەلسەم، ئەنسىرىگىنىدىن جىددىيلىشىپ، ئۆينىڭ ئالدىغا چىقىپ يولۇمغا قارايتتى. مېنى كۆرگەندىلا ئاندىن يۈرىكى جايىغا چۈشۈپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈيتتى. مېنى ئەركىلىتىپ بېشىمنى سىلىغانچە ئۆيگە كىرىپ، تاتلىق ـ تۈرۈملار بولسا ئېلىپ بېرەتتى. «مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا» دېگەن شۇ ئىكەن. سېنى بىر قېتىممۇ يوقلاپ بارالمىدىم، ئامراق ئوغلۇڭدىن ئايرىلىپ قانداقمۇ چىدىغانسەن، جېنىم ئانا؟

ئۇنىڭ سىغىنىش ھېسلىرى ئاياغقۇمىدىكى گۈلخاننىڭ ئوتىدەك لاۋۇلدىدى. ئەتىدىن بېرى تاتلىق ھېسلارنىڭ ئاۋۇندۇرۇشى بىلەن خۇشاللىق كېزىپ يۈرگەن كۆڭلىدە بىر سايە پەيدا بولۇپ ئۆتۈپ كەتتى. ئانا سۆيگۈسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى. خۇدابەردى ئېغىر خورسىنغىنىچە ئۆكۈزنىڭ باشبېغىنى سىلكىپ قويدى.

تاشپولات تۇرسۇن رۇخسەت ئېلىپ بىر كەتكەنچە قايتىپ كەلمىگەنلىكتىن، توختايۇپقىمۇ بولۇپ بەرگەنىدى. ئۇ ھەر كۈنى مۇشۇ ئىش تۈپەيلى ھۇسيىن مۇدىر بىلەن غىژىلدىشاتتى. بەزىدە ئۇ شۇنداق قايناپ كېتەتتىكى، ھەممىدىن مۇھىم بىلىدىغان سىياسىي ئۆگىنىش ۋاقىتلىرىمۇ چۆگۈندەك قايناپ، قورسىقىنى بوشىتىۋېلىش بىلەن ئۆتۈپ كېتەتتى.

— ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە: «پولاتتەك ئىنتىزام ئاستىدا ئالتۇندەك غەلىبە ياتىدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن، — دەپ سۆز باشلايتتى ئۇ غەزەپتىن دىر ـ دىر تىترىگىنىچە، — يېكەنلىك مەيدانىمىزدا مۇشۇنداق بىر ۋەقەنىڭ چىقىشى داھىينىڭ يوليورۇقىغا تۈپتىن خىلاپ. بۇنىڭدا مېنىڭمۇ يولداشلارنى چىڭ تۇتمىغان مەسئۇلىيىتىم بار. ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنى بىلەلمىگەن، مۇشۇنداق ئىنتىزامسىزلىقنىڭ كېلىپ

چىقىشىغا يول قويغان مەلۇم يولداشنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان جاۋابكارلىقى بار. شۇڭا، بۈگۈندىن باشلاپ ئائىلىسىدە ئۆلۈم - يېتىم كۆرۈلگەن يولداشلاردىن باشقا ھېچكىمگە رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. شۇنى بىلىپ قويۇشۇڭلار كېرەككى، بۇ يەرنىڭ تەشكىلىمۇ مەن، ھۆكۈمىتىمۇ مەن. شۇڭا مەندىن باشقا بىركىملەردىن ئېلىنغان رۇخسەت بىردەك ئېتىراپ قىلىنمايدۇ. كىمدە كىم ئەگىسىنى تاپالمىغان ئىتتەك باشقىلارغا قويرۇق شىپاڭلىتىپ، ئۇلاردىن مەدەت تىلەپ يۈرىدىكەن، مەن ئۇنداق ئادەمنىڭ ھېماتىنىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتىمەن. بۇ دېگەن تۈزۈم مەسىلىسى...

ئۇ راستلا دېگىنىنى قىلدى. تاشپولات تۇرسۇن كەتكەندىن بۇيان توختايۇپ ھېچكىمگە بىرەر كۈنلۈكمۇ رۇخسەت بەرمىدى. شۇ سەۋەبتىن خۇدابەردىمۇ ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ ئۆيىگە بارالمىغانىدى. بۈگۈن چوقۇم مېھمان كېلىدۇ، ھېچبولمىسا ئاتا - ئانامدىن خەۋەر كېلىدۇ... ئۇ شۇنداق تاتلىق خىياللار ئىلكىدە ئەللەيلىنەتتى.

ئۇ ئۆكۈزنىڭ تۇكلىرى چۈشۈپ، يېغىر بولۇپ كەتكەن ساغرىسىغا ياغاچ چوقۇپ، ئۇنى تېزرەك مېڭىشقا ئالدىراتتى. خۇددى ئاتا - ئانىسىنى ئاللىقاچان ياتاقتا كېلىپ بولغاندەك ھېس قىلغان خۇدابەردىنىڭ ئۇلار بىلەن تېزرەك ئۇچرىشىش تەقەززاسى ئۆكۈزنى تېخىمۇ تېزرەك مېڭىشقا ئالدىراتماقتا ئىدى.

ئۇنىڭ چۈشى ھەقىقەتەن توغرا چىققان، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ تۇرغان سېزىمى خاتالاشمىغانىدى. خۇدابەردى نېمىگىدۇر تاقەتسىزلىنىپ، ئۆكۈزنى بولۇشىغا ھەيدەپ ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان تاشپولات تۇرسۇننى كۆردى. راست، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى كەلمىگەن بولسىمۇ، مېھرى ئاتا - ئانىنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان سىرداش دوستى قايتىپ كەلگەنىدى. تاشپولات تۇرسۇننىڭ ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن، خىيالچان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ،

مەڭز سۆڭەكلىرى پۈلتىيىپ چىققان، كىيىملىرىمۇ كونىراپ، چاپىنىنىڭ مۈرىسى سۈزۈلۈپ قالغانىدى. دوستىنى بۇ ھالدا كۆرۈپ خۇدابەردىنىڭ بوغۇزىغا بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك زۇۋان سۈرەلمىدى. ئۇ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، غۇلىچىنى كەرگىنىچە تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى.

— ھەرنېمە بولسا ئاخىر قايتىپ كەپسەن، — دېدى ئۇ باغرىدا كۆز ياپرىقىدەك تىترەپ تۇرغان تاشپولات تۇرسۇننىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ، — بىز سېنى بەكمۇ سېغىندۇق، تاشپولات. يولۇڭغا تولا قاراپ كۆزلەر تېشىلەي دېدى. مەن سېنىڭ سارقىغان يۈلتۇزدەكلا غايىب بولۇپ كېتىشىڭگە ئىشەنمىگەنىدىم...

تاشپولات تۇرسۇن دوستىنى قۇچاقلىغىنىچە جىممىدە تۇراتتى. بىر چاغدا خۇدابەردى ئۇنى قويۇۋەتتى ۋە ئوبدانىراق بىر كۆرۈۋالاي دېگەندەك يۈزلىرىگە قارىدى. تاشپولات تۇرسۇننىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياش مەڭزىنى بويلاپ ئىككى تارام يول ھاسىل قىلغانىدى. بۇنى كۆرۈپ خۇدابەردىنىڭ يۈرىكى بىرى ئەينەك پارچىسى تىقىۋەتكەندەك ئېچىشىپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭ، ئاداش؟ نېمىگە كۆز يېشى قىلىسەن؟

— ئانام... ئانام... — دېدى ئۇ دەمدەردەك بۇقۇلداپ تۇرۇپ، — ئاخىر كۆز يۇمدى، مېنى تىكەندەك يالغۇز قويۇپ، بۇ دۇنيادىن ئارمان بىلەن كېتىپ قالدى...

تاشپولات تۇرسۇن خۇدابەردىنىڭ بويىنىغا ئېسىلىپ يۇم ـ يۇم يىغلايتتى. ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى تاغدىن چۈشكەن سەلدەك يارغانسىرى ئۇلغىياتتى. خۇدابەردى بەلكىم ئازراق يىغلىۋالسا ئىچى بوشاپ، دەردى يېنىكلەپ قالار دېگەن ئوي بىلەن دوستىنى مەيلىگە قويۇۋەتتى. دېگەنبىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنمۇ پىراق ياشلىرى قۇيۇلماقتا ئىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇمۇ يىراقتا قالغان ئانىسىنى سېغىنغان، ئانىسىنىڭ تولا يىغلىغانلىقتىن خىرەلەشكەن كۆزلىرىنى خىيال قىلىپ كۆڭلى بۇزۇلغان،

دوستىنىڭ بېشىغا كەلگەن جۇدالىقتىن قەلبى ئۆرتەنگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۆز ياشلىرى بىر - بىرىنىڭكىگە قوشۇلۇپ كەتتى.

خۇدابەردى بىلەن شەمشىدىن ئۇنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى ئۆز ياتىقىغا جايلاشتۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا، ئۇ تاشپولات تۇرسۇننى ياتاققا باشلىدى ۋە رەتلىك يىغىپ قويۇلغان يوتقان - كۆرپىسىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇنىڭ جايى شەمشىدىن بىلەن خۇدابەردىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى.

— مېنى ئىزدەشتىمۇ؟ — پەس ئاۋازدا سورىدى تاشپولات تۇرسۇن ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە.

— ئىزدىمەي قالاتتىمۇ؟ — دېدى خۇدابەردى چىرايىغا زورمۇزور كۈلكە يۇگۇرتۇپ، — بىرىنىڭ مۇشۇكى يوقاپ كەتسىمۇ ئىزدەيدىغان گەپقۇ، ئاداش. سەن دېگەن پۈتۈنسۇرۇك بىر ئادەم. شۇڭا، سېنى ئەلۋەتتە ئىزدەيدۇ - دە! سەن كېتىپ بىرەر ئايغىچە دېرىكىڭ بولمىغاندىكىن، توختايۇپ بەكلا قارغىشلىق قىلىپ كەتتى. ھۇسېيىن مۇدىرمۇ بەك تەڭلىكتە قالدى. ئۇلار ھەر كۈنى ئىت بىلەن مۈشۈكتەك خىرقىرىشىدۇ. ئاندىن توختايۇپ «ئېشەككە كۈچۈڭ يەتمىسە ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك، ھەممە دەردىنى بىزدىن ئالىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ يەردە نېمە جېدەل بار دېسە، سېنىڭ جېدىلىڭ، ئاداش. سەن كەلمىگەندىكىن، توختايۇپ ئۆلۈمدىن باشقا ھەرقانداق ئىشقا رۇخسەت بەرمەس بولۇۋالدى.

— قارىغاندا، مەن بۇ يەردىكىلەرگە قارغىش قېپى بوپتىمەن، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئىچىگە تىنىپ بىر ئاز ئولتۇرغاندىن كېيىن، — يېقىنلىك مەيداندىكىلەر مېنىڭ سەۋەبىمدىن رۇخسەت ئېلىشتىنمۇ مەھرۇم بوپتۇ - دە. بىچارە ھۈسېيىن مۇدىر... مېنىڭ سەۋەبىمدىن تىلى قىسقا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلغانىدىم. ئەمدى توختايۇپ مېنى نېمە قىلىۋېتەر؟ بوپتۇ، نېمە قىلسا مەيلى، مەن رازى. ئىشلارنىڭ ھامان شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىنبۇرۇن ئويلاپ يەتكەنىمەن. بۇنىڭغا مەندە يېتەرلىك تەييارلىقمۇ بار. قانداق جازالىسا مەن رازى.

— سەنمۇ بەكلا كېچىكىپ كەتتىڭ، ئاداش، ھەممىمىز يولۇڭغا بەك قاراپ كەتتۇق. سەندىن ئۇچۇر بولمىغاچقا، ئەنسىرەپ تۇرالمايلا قالدۇق.

— مېنىڭ قومۇشكۆلدە نېمىشقا ھايال بولۇپ قالغىنىمنى ساڭا كېيىن دەپ بېرىمەن، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن يانچۇقلىرىنى سىلاشتۇرۇپ بېقىپ، — موخوركاڭ بارمۇ؟

خۇدابەردى يانچۇقىدىن چىرايلىق كېسىۋالغان گېزىت قەغىزىدىن بىر تال چىقىرىپ، ئۇنىڭغا موخوركا تۆكۈپ تاشپولات تۇرسۇنغا سۇندى. ياتاق ئىچىنى قويۇق تەگۋاز ھىدى بىر ئالدى. تاشپولات تۇرسۇن تىترەپ تۇرغان قولىدا موخوركا ئوراپ، لەۋلىرىدە قەغەزنى ھۆللەپ يەملىگەندىن كېيىن، ئۇچىدىكى تۇگۈچنى ئۈزۈۋەتتى ۋە سەرەڭگە چېقىپ ئۇنى تۇتاشتۇردى. ئېغىزىدىن قويۇق ئىس پۇرقىراپ چىقىۋاتقان تاشپولات تۇرسۇن لىغىرلاپ تۇرغان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدە ئادەم تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان بىر مۇڭ - ھەسرەت قايناپ تۇراتتى.

— قورسىقىڭ ئاچمۇ؟ — سورىدى خۇدابەردى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ.

— راستىنى دېسەم، تۈنۈگۈن چۈشتىن بېرى ئېغىزىمغا بىر تامچە سۇمۇ ئالمىدىم، قورسىقىمنىڭ ئاچقان - ئاچمىغىنىنىمۇ بىلمەيمەن.

ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويدى.

— بۇرۇنراق شۇنداق دېمەمسەن؟ — دېدى خۇدابەردى ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئاچ قورساققا موخوركا چەككەن بىلەن پايدىسى يوق، جىندەك تۇرۇپ تۇر، مەن ئايجامالنىڭ يېنىغا چىقىپ باقاي. يېگۈدەك بىرنەرسە بارمىكىن؟

ئۇ ھېلىلا سېلىنىۋەتكەن ماش رەڭلىك چۇخەينى قايتىدىن كىيىپ، ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. ياتاقتا يالغۇز قالغان تاشپولات تۇرسۇننىڭ يەنە پىغانى ئۆرلىدى. ئۇ كىرپىكلىرى ئارىسىدا

لىغىرلاپ قالغان كۆز ياشلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتى.

خۇدابەردى ئاشخانىغا بارغاندا ئايجامال بىلەن يەنە بىر قىز چۈشلۈك تاماق ئۈچۈن خېمىر يېيىۋاتاتتى. خۇدابەردى بۇنىڭغا قاراپ چۈشلۈك تاماقنىڭ سۇيۇقئاش ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. ئۇ ئاستا شەرەت قىلىپ ئايجامالنى سىرتقا چاقىردى.

— نېمە ئىش؟ — دېدى قىز كۆزىنى تۇسۇۋالغان سېكىلەكلىرىنى ئۇن يۇقى بارماقلىرى بىلەن قايرىپ قويۇپ، — مېنى بۇ يەرگە نېمىگە چاقىردىڭىز؟

ئۇ بىر ئىش بولمىسا خۇدابەردىنىڭ ئاشخانىغا كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى.

— تاشپولات تۇرسۇن قايتىپ كەپتىكەن، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — بىچارە تۈنۈگۈندىن بېرى ئېغىزىغا بىرنەرسە سېلىپ باقماپتۇ. قورسىقى ئاچ ئىكەن، ئاشخانىدا يېگۈدەك بىرنەرسە بارمىكىن دەپ كېلىشىم ئىدى...

ئايجامال ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدا ئۆزىڭىز ئۈچۈن مەندىن سورايدىغان بىرنەرسە يوقمۇ، دېگەن مەنە ئەكس ئېتەتتى. خۇدابەردى گەپ - سۆز قىلماستىن يەرگە قارىۋالدى.

— توختاپ تۇرۇڭ، — دېدى ئايجامالمۇ سەل ئوڭايسىزلانغان هالدا، — ئەتىگەنلىك ناشتىدا تارقاتقان ناندىن ئاشقىنى بارمىكىن، قاراپ باقاي.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى ۋە هايال بولماي تۈز خالتىسىغا ئورالغان بىر ناننى قوينىغا تىقىپ ئېلىپ چىقتى.

— مۇشۇ بىرلا نان قاپتىكەن، ئېلىپ چىقتىم. ئېغىزىنى گوللىغاچ تۇرسۇن، بىرەر سائەتكە قالماي ئاشمۇ پىشىدۇ.

— رەھمەت سىزگە، — خۇدابەردى چىن كۆڭلىدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى ۋە قىزنىڭ قوشۇمىسىنىڭ تۈرۈلگىنىنى كۆرۈپ بىرئاز هودۇقتى، — خاپا بولماڭ ئايجامال، مېنىڭ مۇشۇ ئېغىزىم...

— مېنى يات كۆرگەندەك يەنە مۇشۇنداق تەكەللۇپ قىلىپ يۈرسىڭىز راستلا خاپا بولىمەن، — ئايجامال شۇنداق دېگىنىچە ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. خۇدابەردى بۇ يەردە ئۇزاق تۇرسا توختايۇپنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ۋە ئايجامالغا گەپ تېپىپ بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، ناننى قولتۇقىغا قىسقىنىچە ئالدىراپ ياتاق تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

## 22

تاشپولات تۇرسۇننىڭ قايتىپ كېلىشى يېكەنلىك مەيداندىن ئىبارەت قورۇق ئوتۇن دۆۋىسىدە چوڭ ئوت ئاپتىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. توختايۇپنىڭ مۇز ئۈستىدىن ئوت چىقىرىشى ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئوبدان پۇرسەت يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇ ھەدەپ ئوتنى پۈۋلەش بىلەن ئاۋارە ئىدى. كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، كەچ كىرىشى بىلەن ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا ئىدىيە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ كەتكەنىدى. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ رەتلىك تىزىلىپ ئولتۇرغان زىيالىي ياشلار مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇلغان تاشپولات تۇرسۇنغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇشاتتى. توختايۇپ گېپىنى قىرىش بىلەنلا ئوت ئۈلغىيىپ، بارغانسېرى قاتتىق گۈرۈلدەشكە باشلايتتى.

— ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە: «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا، سىنىپىي كۈرەش تۇتۇلسىلا ھەممە ئىشلار يۈرۈشىدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن. بىز بۈگۈنمۇ داۋاملىق تەشكىلىي ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلمىغان باشباشتاق ئۇنسۇر تاشپولات تۇرسۇننىڭ قىلمىشىنى پاش قىلىش، ئىدىيە ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بارىمىز، — دەيتتى توختايۇپ چىڭقىلىپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ تەشكىلنى كۆزگە ئىلماي باشباشتاقلىق بىلەن ئىككى ئايدىن

ئارتۇق ئىش تاشلىغىنى چېكىدىن ئاشقان تەشكىلسىزلىك.
مۇشۇنچىۋالا ئۇزاق ۋاقىت ئىچىدە ئۇنىڭ ئېغىرى
ئولتۇرغانلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. بۇنداق تەشكىلسىزلىك ئۆز
نۆۋىتىدە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا
تەسىر يېتىدۇ. سىلەر زىيالىي ياشلار دۆلەتنىڭ بايلىقى، كەلگۈسى
سىلەرگە مەنسۇپ. دۆلەت سىلەردىن چوڭ ئۈمىد كۈتكەنلىكى
ئۈچۈنلا دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن قايتا تەربىيە ئېلىشتىن ئىبارەت
بۇ ئۇلۇغ پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن. شۇڭا، سىلەر قايتا نېسىپ
بولمايدىغان بۇنداق پۇرسەتنىڭ قەدرىگە يېتىشىڭلار كېرەك.
تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئۆز مەيلىچە تەربىيە بازىسىدىن ئىككى
ئايدىن ئارتۇق ئايرىلىشى ئېغىر سىياسىي مەسىلە. بۇنى قاتتىق
سۈرۈشتۈرمەي بولمايدۇ. يولداشلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن پىكىر
بېرىپ، سىياسىي مەيداننى ئۈزۈل ـ كېسىل ئاشكارىلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن. ئەمىسە گەپ كۆپچىلىكنىڭ. ھەممەيلەن پىكىر
قاتناشتۇرۇپ، تاشپولاتنىڭ قىلمىشىدىن ئۈزۈل ـ كېسىل ھېساب
ئېلىشىڭلار كېرەك. پۇرسەت كۈتۈشكە، بىخۇدلۇق قىلىشقا، كۆز
بويامچىلىق قىلىشقا رۇخسەت يوق.

تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭ ئېغىزىدىن قىزىق بىر ھېكايە
ئاڭلاۋاتقاندەك بىر خىلدا قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ھېچنېمىنى
بىلگىلى بولمايدىغان مەنىسىز كۆزلىرى توختايۇپنىڭ توختاۋسىز
ئېچىلىپ ـ يېپىلىۋاتقان لەۋلىرىنى تاماشا قىلىۋاتقاندەك، ئۇنىڭ
ئېغىزىغا تىكىلگەنىدى. بۇنى كۆرۈپ توختايۇپ تېخىمۇ چىچاڭشىپ
كېتەتتى.

— قېنى، ئادەتتە ۋىتۇۋلاقنىڭ تۇخۇمنى يېگەندەك ۋىتىل-
دىشىپ تۇرىدىغان زۇۋانىڭىزغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالمىغاندى-
كىن، ئىككى ئېغىز گەپ دېگەننى قىلىشمامسىز؟! — ۋارقىرىدى
توختايۇپ نېمە ئۈچۈندۇر ئېغىر تىنىپ، پۇشۇلداپ ئولتۇرغانلار-
غا يەۋەتكۈدەك ئالىيىپ، — بەزى چاغلاردا ھاي دېمىسە كەندىر-
لىككە قونغان قۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ كېتىدىغانلار بۈگۈن ماتاڭ

چىشلىڭالدىمۇ نېمە؟ قۇددۇس، سەن خېلى ئاكتىپقۇ، پىكىر بايان قىلىش ئاۋۋال سەندىن باشلانسۇن، قېنى بىر نېمە دېمەمسەن، هارام تاماق؟

— مېنىڭچە، — دېدى قۇددۇس ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، — تاشپولات تۇرسۇننىڭ بۇ قىلمىشى تەشكىلىي ئىنتىزام مەسىلە-سى. شۇ... شۇ... تەشكىلىي ئىنتىزام...

— بۇنى سەن دېمىسەڭمۇ تەشكىلىي ئىنتىزام مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى بىلىمىز، — توختايۇپ تاپىنىغا تىكەن كىرىپ كەتكەن مايمۇندەك قاقشىدى، — مەن ساڭا بۇنىڭ قانداق مەسىلە ئىكەنلىكىنى ئايرىپ بەر، دېمىدىم، ئۇنىڭ ئىنتىزامسىزلىقىنى پاش قىلىپ ئەيىبلە، دەۋاتىمەن. ئۇقتۇڭمۇ؟

— شۇ بۇ قىلمىش ئىنتىزامسىزلىق قىلمىشى بولۇپ، تاش-پولاتنىڭ هېچكىمدىن سورىماي، ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئىش مەيداندىن خالىغانچە ئايرىلىشى ھەقىقەتەن كىشىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۆزد-مىزگە ئىبرەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن مەيدانىمىز مۇستەھكەم، بايرىقىمىز روشەن ھالدا ئۇنى ئەيىبلىشىمىز لازىم...

— مانا، ئەمدى بىر زىيالىيدەك گەپ قىلدىڭ، — دېدى توختايۇپ چىرايىغا تەپكەن مەمنۇنىيەت كۈلكىسىنى يوشۇرالمىغان ھالدا، — تۇخۇمنىڭ ھېچ ۋاقىتتا تاشقا تەڭ كەلگىنى يوق. تەشكىل دېمەك — تاش دېمەكتۇر. ئۇنى بوران ئۇچۇرالمايدۇ، ئوت كۆيدۈرەلمەيدۇ، سۇ چۆكتۈرەلمەيدۇ. شۇڭا، تەشكىل بىلەن ئويناشقان ئادەم تاشقا تەگكەن تۇخۇمدەك ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ. يولداش قۇددۇس يامان ئەمەس پىكىر قىلدى. بىراق، بۇ يېتەرلىك ئەمەس. مەسىلىنى ئىدىيىدىن ئىزدىمىگەندە كاللىمىزدا ئېغىش كۆرۈلىدۇ، شۇڭا ھەممەيلەن ئورتاق پىكىر قاتناشتۇرۇشىمىز لازىم. قېنى، يەنە كىم سۆزلەيدۇ؟

— مەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، — دېدى توپنىڭ ئىچىدە بويىنىنى سوزۇپ ئولتۇرغان جېلىل سادىق قولىنى كۆتۈرۈپ، —

مېنىڭچە، يولداش تاشپولات تۇرسۇننىڭ مەيدانىمىزدىن ئۆزى چاغلاپ ئىككى ئايدىن ئارتۇق كېتىپ قېلىشى ئېغىر سىياسىي مەسىلە. بۇنى ئادەتتىكى ئىنتىزامسىزلىق دېگەندىن كۆرە، ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋجۇشىنىڭ: «زىيالىي ياشلار يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىپ، دېھقان ـ چارۋىچىلاردىن قايتا تەربىيە ئېلىشى كېرەك» دېگەن چاقىرىقىغا ئاشكارا قارشى چىققانلىق دېسەك تېخىمۇ توغرا بولىدۇ. شۇڭا، مەن تاشپولات تۇرسۇننىڭ تەشكىلىي ئىنتىزامنى كۆزگە ئىلماي باشباشتاقلىق قىلغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن.

توختايۇپنىڭ كۆزلىرى چايغا تۆكۈلگەن مايدەك پارقىراپ كەتتى. ئۇ جېلىل سادىقنى ئەمدىلا كۆرۈۋاتقاندەك، باش ـ ئايىغىغا رازىمەنلىك بىلەن كۆز يۇگۈرتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۆزى ئىزدەپ يۈرگەن بىر ئىختىساس ئىگىسىنى بايقىغىنىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇۋاتاتتى.

— مانا، مانا، ئەمدى مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. يولداش جېلىل سادىق يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى بىلەن مەسىلىنىڭ نېگىزىنى تېپىپ چىقتى. پىكىر دېگەننى ئەنە شۇنداق جايىدا ئەمەس، تاقاپ تۇرۇپ ئوتتۇرىغا قويۇش مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يۈكسەك ساپالىق ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ قولىدىنلا كېلىدۇ. ياخشى پىكىر، داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇڭ، بىز سىزدەك تايانچ كۆچلەرگە بەكمۇ موھتاجمىز. سىزدەك بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم زىيالىي ياشلار ئارىمىزدىن كۆپلەپ چىقسىدى، بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىز تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن بولاتتى. رەھمەت سىزگە، قېنى داۋاملاشتۇرۇڭ...

توختايۇپنىڭ ئىلھامبەخش سۆزلىرى جېلىل سادىقنى تېخىمۇ غەيرەتكە كەلتۈردى. ئۇ بارغانسېرى قىزىشىپ، ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇڭا دېمەكچىمەنكى، تاشپولات تۇرسۇن ئۆز قىلمىشىنىڭ

يامان تەسىرىنى كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا تولۇق بويىنغا ئېلىشى ۋە قاتتىق توۋا قىلىشى كېرەك. پەقەت ئىدىيە جەھەتتىن توۋا قىلغاندىلا، ئاندىن بۇ قىلمىشنىڭ يامان تەسىرىنى تۈزىتەلەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن توۋنامە يېزىپ، تەشكىلدىن ۋە ئاممىدىن ئاشكارا كەچۈرۈم تەلەپ قىلىشى لازىم...

خۇدابەردى قىزىشىپ سۆزلەۋاتقان جېلىل سادىققا نەپرەت كۆزىدە قاراپ قويدى. ئۇ بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان مۇنۇ يۇرتدىشىدىن بەكمۇ نومۇس قىلدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئوقۇيلى دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ماشىنىغا ئەڭ بۇرۇن چىققىنىدىن تېخىچە رەنجىپ يۈرگەن خۇدابەردى ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ تۈز يەردە بوران چىقارغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېغىزىغا ئېلىپ چايناپ يۇركۇۋەتكۇدەك غەزەپكە كەلدى.

— ناھايىتى ياخشى، يولداش جېلىل سادىق بىر مەسئۇلىيەتچان زىيالىي ياشقا خاس جاسارىتىنى نامايان قىلدى. بىكەنلىك مەيداندا پارلىغان بۇ خىل ئېسىل روھ ھەممەيلەننىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. قېنى، بىر چاۋاك چېلىۋېتەيلى...

توختايۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاۋۋال ئۆزى چاۋاك باشلىدى. ئەتراپتىن پالاق - پۇلۇق قىلىپ بىرنەچچەيلەننىڭ چاۋاك چالغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— خوش، — دېدى توختايۇپ ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا ھەممەيلەنگە بىرمۇبىر قاراپ چىقىپ، — يولداش جېلىل سادىق-تىن ئۆگىنىش روھىمىزنى ئەمەلدە كۆرسىتەيلى. يەنە كىم پىكىر قىلىدۇ؟

— مېنىڭچە، — دېدى ھوسىيىن مۇدىر ئورنىدىن تۇرۇپ، — تاشپولات تۇرسۇنغا ئەينى چاغدا رۇخسەتنى مانا مەن بەرگەن، بۇ مەسىلىدە ھەرقانداق جاۋابكارلىق كەلسە رازىمەنلىك بىلەن ئۈستۈمگە ئالىمەن. بىراق، بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن بىكەنلىك مەيدانغا ۋاقتىدا قايتالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ بېقىشىمىز لازىم. تاشپولاتمۇ پارتىيە تەربىيىلىگەن زىيالىي.

ئالاھىدە بىر سەۋەب بولمىسا، ئۇنىڭ بۇنداق تەشكىلسىزلىك قىلىدىغانلىقىغا مەن ئىشەنمەيمەن. ئۇنىڭغىمۇ سۆزلەش پۇرسىتى بېرىشىمىز كېرەك.

— سىلىنىڭ ئىدىيىلىرىدە مەسىلە بولغاچقىلا، تاشپولات تۇرسۇن مۇشۇنداق يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، — دېدى توختايۇپ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — يەنە ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا سوغۇق سۇ سېپىپ، ئۇنىڭغا قانات ياپماقچىمۇ سىلى؟ بىز ئەمدى سۈكۈت قىلالمايمىز. ناۋادا بۇ مەسىلە يىلتىزىدىن ھەل بولمىسا، مەن بۇ مەيداندا تاشپولات تۇرسۇننى ئېلىپ قېلىشقا ئامالسىز-مەن. گېپىم گەپ، بۇنداق باشباشتاقلىقنىڭ مەيداندىكىلەرنى زە-ھەرلىشىگە ھەرگىز يول قويالمايمەن، چۈشەندىلىمۇ؟

ئادەتتە ھۇسىيىن مۇدىرنى «سىز» دەپ ئاتايدىغان توختايۇپ بۈگۈن تەنە قىلىۋاتقاندەك «ئۆزلىرى» دەپ ئاتىغانىنىڭ ئۈستىگە مەمەدانلىق بىلەن ھەربىر تاۋۇشنى دانىمۇدانە چىقاردى.

ھۇسىيىن مۇدىر ئۇنىڭغا قاراپ يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولۇپ ئېغىزىنى ئۆمەللىدىيۇ، گېپىنى يۇتۇۋېتىپ ئورنىغا ئولتۇردى. يىغىن كەيپىياتى بارغانسېرى جىددىي تۈس ئالماقتا ئىدى.

— قېنى، تاشپولات تۇرسۇن تەرەتكە ئولتۇرسا، يېنىدا چالما تۇتۇپ تۇرىدىغان بىرنەچچىسى بار ئىدىغۇ؟ — توختايۇپ ھەممەيلەنگە بىرمۇبىر قاراپ چىققاندىن كېيىن نەزىرىنى خۇدابەردىگە ئاغدۇردى، — راست، تاشپولات تۇرسۇن ئارقا سەپ ئەترىتىگە تەۋە ئادەم. بۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى يولداش خۇدابەردىغۇ دەيمەن؟ شۇنداق بولغاندىكىن، بۇ ئەترەتنىڭمۇ تاشپولات تۇرسۇننىڭ قىلمىشىغا قارىتا قانداق ئىنكاستا ئىكەنلىكىنى بىلىپ باققىنىمىز ياخشى. خوش قېنى، خۇدابەردى، سەنمۇ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ باقە.

خۇدابەردى ئاستا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى بارغان-سېرى قاراڭغۇلىشىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇمغا ئېلىپ قويۇلغان گازۋاي چىراغقا نەزەر تاشلىدى. گە-

ژىلداپ يېنىۋاتقان چىراغنىڭ نۇرىمۇ بارغانسېرى خۇنۇكلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلدى.

— مەن ئۇقۇشتۇم، تاشپولاتنىڭ ئانىسى قازا قىلىپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ئۇ ئاخىرەتلىك ئىشلار بىلەن مەيدانغا ۋاقتىدا قايتالماپتۇ. بۇنى چۈشىنىشكە بولىدۇ....

— ھەي، نېمە دەپ ئېغىزىڭدىن يوق ئېقىتىۋاتىسەن؟ — توختايۇپ قوقاسقا پۇتى كىرىپ كەتكەن قېرى خورازدەك سەكرىدى، — مانا، مانا، بىر ئەترەتكە باش بولغان ئادەمنىڭ ئىدىيىسى مۇشۇنداق مۇجمەل بولسا، قول ئاستىدىكىلەر قانداق بولماقچىدى؟ سەن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا چاپان ياپماقچىمۇ؟ سېنىڭچە، بىزنىڭ ئۇنى ئەيىبلىگىنىمىز خاتا بوپتۇ-دە؟! مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلاردىن كىمنىڭ ئانىسى ئۆلمەيدۇ؟ بىر ئۆلۈم ئۈچۈن ئىككى ئايدىن ئوشۇق ۋاقىت كېتەمدۇ؟ مەسىلە تېخىمۇ ئايدىڭلاشتى. قاشاڭ ئۆكۈزنىڭ كەينىدە يۈرۈپ بۇلارنىڭ ئىدىيىسىمۇ قاشاڭلىشىپ كېتىپتۇ. بۇنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش كېرەك. مېنىڭچە، تاشپولات تۇرسۇنلا ئەمەس، ئارقا سەپ ئەترىتىدىكى ھەممەيلەن بىر پارچىدىن تەكشۈرۈشنامە يېزىپ، ئۆز ئىدىيىسىنى چوڭقۇر قېزىپ ئاممىغا ئاشكارىلىشى كېرەك. سۇ باشتىن سۈزۈلمىسە، ئايىغى تېخىمۇ دۇغلىشىپ كېتىدۇ.

خۇدابەردى يا ئولتۇرالماي، يا بىرنەرسە دېيەلمەي، سورۇننىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ قالدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ئېچىنىش نەزىرىدە قاراپ قوياتتى، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرغان ئايجامال بىلەن مەلىكىزادىنىڭ چىرايى يەنىمۇ تاتىرىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

— ئولتۇر، — دېدى توختايۇپ تەئەددى بىلەن ۋارقىراپ، — ئەتىدىن قالماي ھەممەڭ تەكشۈرۈشنامە يېزىپ ئىدىيەڭنى تاپشۇرۇش! كېيىنكى تەقدىرىڭنىڭ قانداق بولۇشىنى ئەمەلىي ئىپادىگە قاراپ بەلگىلەيمەن، — ئۇ بىر تال موخوركا يۆگىگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئوت يېقىپ بىرنەچچىنى شورىۋالدى ۋە سۆزىنى

داۋام قىلدى، — بۇگۈنكى يىغىن مۇشۇ يەرگىچە داۋام قىلىدۇ. بۇگۈن بىز يېڭى بىر كۈچنى، يەنى يولداش جېلىل سادىقنى بايقىدۇق. ئۇنىڭ ئېسىل روھى ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدۇ. تەشكىل مۇشۇنداق جاسارەتلىك، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، بىرەر مەسىلىگە دۇچ كەلسە ئۇنى ئىدىيىگە تاقاپ تۇرۇپ ئانالىز قىلالايدىغان ئۆتكۈر پىكىرلىك ياشلارغا موھتاج. سىلەر ئۇنىڭ بۇ خىل روھىدىن ئۆگىنىشىڭلار كېرەك. بۇنداق روھ بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرىگىمۇ ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەن يولداش جېلىل سادىقنىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزغا بولغان سادىقلىقىنى ۋە يۈكسەك ئىنقىلابىي روھىنى يۇقىرى ئورۇنلارغا مەلۇم قىلىمەن.

جېلىل سادىقنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر ئىشتا نەتىجە قازانغان ئادەمنىڭكىدە بولىدىغان مەمنۇنىيەت كۈلكىسى جىلۋە قىلدى. ئۇ بويىنىنى يەنىمۇ سوزۇپ، ئولتۇرغانلارغا قانداق، مەن بولالمىدىكەنمەن؟ دېگەندەك مەنىدە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن بالقىپ تۇرغان بۇ خىل كۆرەڭلىكنى كۆرۈپ، خۇدابەردى بىلىپ تۇرۇپ نىجاسەت يېگەندەك سەسكىنىپ كەتتى. ئۇ گېلىنى قىرىپ تۇرۇپ قاتتىق تۇكۈردى.

— مەن ئۇچۇن ئېشەك گۆشى يېمەڭلار، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، — مېنىڭ ھەرقايسىڭلارنىڭ نېمە دېيىشىڭلار بىلەن پەرۋايىم پەلەك. سىلەر تىللىساڭلار توختايۇپنىڭ ئىچى بوشايدىغان ئىش بولسا، تاشپولات نېمە دەرىكىن دەپ ئولتۇرماي مېنى قارىلاپ تىللاۋېرىڭلار، مەن قىلچىلىك كۆڭلۈمگە ئالمايمەن. دېمىسىمۇ ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگەن گۇناھ ئۆزۈمدە.

— خەپ جېلىل سادىق، ھامان بىر كۈنى ئىت ئۆلۈمىدە ئۆلىسەنغۇ سەن. توختايۇپ چىقارغان شامالغا سامان ئېتىپ، بىر خوغا ئېرىشتىڭ، ھارامزادە...

— تازا ئىچى قارا بىرنېمىكەن ئۇ، قاراپ تۇرۇپ تاشپولاتنىڭ ئىشىنى داھىينىڭ چاقىرىقىغا قارشى چىققانلىق دەيدا تېخى؟

ھارامىلىقنىڭ ئانىسى ئۆلۈپ كەتسە، ھازىسىنى توختىيۇپنىڭ چاترىقىدا ئاچامدۇ نېمە؟

— سىرتىدىن قارىسا ئادەمگە ئوخشىغان بىلەن قىلىقلىرى غالجىر ئىتتىنىڭكىدىن قېلىشمايدىغان ناجىنس خۇمپەرلەر كۆپىيىپ قالدىغۇ مۇشۇ كەمدە...بۇگۈنى قارىساڭ ئۇنداق، ئەتىسى قارىساڭ مۇنداق كۆرۈنۈپ يۈرىدۇ ئارىمىزدا...

— كونىلار: «ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى يەرسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى» دەپ ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتقان. بۇنداقلارنىڭ كۆرىدىغان كۈنى تېخى ئالدىمىزدا...

ياتاقتىكىلەر ھەرنېمىلەرنى دەپ بىرھازا قايناشتى. بىراق، تاشپولات تۇرسۇن ئۈزمەي موخوركا چەككىنىچە تورۇسقا قاراپ يېتىۋەردى. خۇدابەردى بىلەن شەمشىدىنمۇ بىر تالدىن موخوركا چېكىشكەندىن كېيىن، چوڭقۇر خورسىنغىنىچە ئورۇنلىرىغا كېلىپ يېتىشتى.

— شۇنداق قىلماي بولمايدۇ، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن سامان تەكيىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بۇنداق قىلىش بىر ھېسابتا ماڭىمۇ پايدىلىق. نېمىشقا دېسەڭلار، مەن ئەسلى بۇ يەرگە قايتىپ كەلمەي بېشىمنى ئېلىپ يىراقلارغا كەتمەكچىمۇ بولغان. بىراق، نەگىلا بارسام قازاننىڭ قۇلىقى تۆت ئىكەن. كۆڭلۈمنىڭ تىنۋشىغا قۇلاق سالسام، يەنىلا ھەرقايسىڭلارغا چىدىمايدىكەنمەن، شۇڭا بۇ يەرگە قايتىش نىيىتىگە كەلدىم. ئەمدى قايتىپ كەلگەنىكەنمەن، نېمىلا بولسۇن مۇشۇ مەيداندا تۇرۇپ قالمىسام بولمايدۇ. سىلەرنىڭ ئىپادەڭلار ياخشى بولمىسا، مېنىڭمۇ بۇ يەردە قېلىش خىيالىم كۆپۈككە ئايلىنىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش جېلىل سادىقنىڭ تەبىرى بويىچە ئىدىيىگە بېرىپ تاقالدى. شۇڭا، سىلەرمۇ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمىسەڭلار، ئۆزۈڭلارغا ئىش تېپىۋېلىشىڭلار تۇرغان گەپ. سىلەر قاراپ تۇرۇپ مېنىڭ كاساپىتىمگە كەتسەڭلار، مەن ئۆزۈمنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن. شۇڭا، مېنى ئاياپ ئولتۇرماستىن ئېغىزىڭلارغا كەلگىنىنى بويىچە ئەيىبلەۋېرىڭلار.

قانچە ئىغىر ئىبارىلەر بىلەن ئەيىبلىسەڭلار، توختايوپنىڭ كۆڭلى شۇنچە ئارام تاپىدىغاندەك ۋە ئىشلارمۇ مورەككەپلىشىپ كەتمەي ئۆز - ئۆزىدىن ھەل بولىدىغاندەك قىلىدۇ. چۈشەندىڭلارمۇ؟

خۇدابەردى ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ شەمشىدىنگە قارىدى. شەمشىدىنمۇ دەل شۇنى كۈتۈپ تۇرغاندەك خۇدابەردىگە قارىدى. تەڭقىسلىقتا قالغان ئىككى جۈپ كۆز بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆزلىرىنىڭمۇ شۇنداق قىلماي ئامالى يوقلۇقىنى چۈشەنگەندەك مەنىلىك بېقىشتى.

— تاشپولاتنىڭ دېگىنى توغرا. شۇنداق قىلماي بۇ ئادەمدىن قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك.

— ئىشقىلىپ، سىلەرنىڭ نېمە دېيىشىڭلار مەن ئۈچۈن بەرىبىر، ھېچقاچان سىلەردىن ئاغرىنىپ يۈرمەيمەن. مۇشۇ يەردە قالالايدىغانلا ئىش بولسا مېنى ئىت - ئېشەككە، چوشقا - مېكىن-جىنغا ئوخشاتساڭلارمۇ مەيلى. ھەرگىز ئىككى يېقىڭلارغا قاراپ قالماڭلار.

پەنەر چىراغ ئۆچۈرۈلدى. ياتاق ئىچى قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇلۇققا پاتتى. بىردىنلا جىمىپ كەتكەن ياتاق ئىچىدىن ئىغىر خورسىنىش، چوڭقۇر ئۇھ تارتىشلار خېلى بىر چاغقىچە بېسىقمىدى. قارىغاندا، ھەممەيلەننىڭ كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقاندەك ئىدى.

## 23

توختايوپ چىقارغان قاتتىق بوران بىر مەزگىل گۈركىرىگەندىن كېيىن ئاخىر ئۆتۈپ كەتتى. «چاڭ - توزان قاپلىغان دىمىق ھاۋا» بىرئاز سۈزۈلگەندەك بولدى. تاشپولات تۇرسۇننىڭ مەسىلىسى ئارقا سەپ ئەترىتىدىكىلەر ئىدىيىسىنى چوڭقۇر قېزىپ يېزىپ چىققان تەكشۈرۈشنامىسىنى چوڭ يىغىندا

ئوقۇپ، ئۇنىڭ قىلمىشىنى قاتتىق ئەيىبلىشى بىلەن ھەل بولدى. توختايۇپ ئۇلارنىڭ ئەيىبلىشىدىن قانائەت ھاسىل قىلدى ۋە تاشپولاتنىمۇ بىر پارچە تىۋىنامە يېزىپ ئوقۇشقا بۇيرۇدى. تاشپولاتمۇ قاتتىق ئىبارىلەر ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ چوڭ يىغىننى قىزىتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىدىن ئادەم بولغان ھېسابلىنىپ ئارقا سەپ ئەترىتىگە تەقسىم قىلىندى ۋە يېرىم يىل سىناقتا ئىشلەيدىغان بولدى.

— يەنە سېنىڭ يېنىڭغا قايتىپ كەلگىنىمدىن بەكمۇ خۇشالمەن، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئۇستىدىن تاغ يىقىلغاندەك يېنىك نەپەس ئېلىپ، — جاڭگالغا ئوتتۇن كولاشقا قاچان كىرىدىكەنمىز؟ ئاسمىنى كەڭرى ئاشۇ جاڭگالغا بەكمۇ مېھرىم چۈشۈپ قاپتىكەن. يۇلغۇنلۇقلاردا چىمان ھىدىنى پۇراپ يېتىپ ئۇيقۇغا كېتىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەرمۇ؟

— قوناقلارنى تېرىپ بولدۇق. باش كۆزنىڭمۇ بۇرنى كۆرۈنۈۋاتىدۇ. قىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدىغان چاغلار كېلىپ قالدى. ئېھتىمال مۇشۇ نەچچە ھەپتە ئىچىدە يۇرۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن، — خۇدابەردى يىراقتىكى بارغانسېرى سېرىق رەڭگە كىرىۋاتقان چاتقاللىقلارغا قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى، — يۇلغۇن چېچەكلىرى قىزىرىپ تۇرىدىغان ئۇ جاڭگالنى مەنمۇ سېغىنىدىم.

— يازمۇ ئۆتۈپ كېتەي دەۋاتىدۇ، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئايىغى ئاستىدىكى سارغىيىشقا باشلىغان بىر تۇپ قومۇشنى پاس قىلىپ يۇلۇۋالغاندىن كېيىن، — دالىنىڭ يېشىللىقى بىزنىڭ ياشلىقىمىزدەك ئاستا - ئاستا غايىب بولماقتا. بىزنىڭ ياشلىق ھاياتىمىزمۇ مۇشۇ قومۇشنىڭ تەقدىرىگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. ئاز كۈندىن كېيىن بىزمۇ قۇرۇپ سارغىيىمىز، ئاندىن قېلىن قارنىڭ، بۇخسۇپ تۇرغان چاڭ - تۇزاننىڭ ئاستىدا قالىمىز. كېيىن بەدىنىمىز چىرىپ تۇپراققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىش تامام - ۋەسسالام! مەنىسىز ئۆتكەن ھايات دېگەن شۇنچىلىك

نەرسە. ئۇنىڭ مۇشۇ قومۇشچىلىكمۇ قىممىتى بولمايدۇ. ھەي، ئادەم تۇغۇمنى تاللىۋالالىغان بولسا، بۇنداق نەس باسقۇر يەردە تۇغۇلۇپ نېمىمۇ قىلار ئىدۇق ـ ھە؟

— ئادەمنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىدىغان بۇنداق گەپلەرنى قىلمىساڭ قانداق؟ — دېدى ئابدۇسادىق قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن ئىچى پۇشقاندەك ئۇھسىنىپ قويۇپ، — بىزنىڭ پېشانىمىز بەكمۇ تەتۈر ئىكەن، يامان چاغدا تۇغۇلۇپ قاپتىمىز، ئاق ـ قارىنى پەرق ئېتىپ بولغۇچە يېزىغا چۈشۈرۈلدۇق. يەنە كېلىپ، بىر ئەبلەخنىڭ، ئۆزىنىڭ مەيدانىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بىر ناكەسنىڭ قولىغا قالدۇق. بۇنىڭ نەتىجىسى نېمە بولىدۇ؟ بىزنىڭ قايتا تەربىيە ئېلىشىمىز كىم ئۈچۈن؟ بۇنىڭ كىمگە پايدىسى بار؟ بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرارمىز؟ يېكەنلىكتە راستىلا سەن دېگەندەك تاش ـ تۇپىراققا ئايلىنىپ چىرىپ تۈگەپ كېتەرمىزمۇ؟ ھەي، نەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ ئىشلارنى ئويلاپ بېشىم بەكمۇ قېتىپ كەتتى. ئەمدى بۇ گەپلىرىڭ...

— سەن بۇنداق چوڭ ئىشلارغا زېھنىڭنى چاچماي، قورساقنى ئوبدانراق تويغۇزۇشنىڭ غېمىنى قىل! — دېدى ئابدۇكېرىم ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — ئەتىگىنى ئىچىشىڭ بىر چىنە خام ـ خاتىلا ئۇماچ، چۈشتە ئىچىدىغىنىڭ يۇندىدىن قېلىشمايدىغان بىر قاچا سۇيۇقئاش، كەچتە يەيدىغىنىڭ چالمىدەك قېتىپ كەتكەن بىر دانە پېتىر گىردە. ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، سەن تېخى بۇ يەردە قاچانغىچە تۇرارمىز، بەدىنىمىز يېكەنلىكنىڭ قۇم ـ بورانلىق جاڭگىلىدا چىرىپ تاش تۇپراققا ئايلىنىپ كېتەرمۇ، دەپ كېلەچەكتىن غەم قىلىۋاتامسەن؟ نېرىسىنى قويۇپ، ئالدى بىلەن سەن ئەتە ئەتىگەنكى ناشتىلىقىنىڭ غېمىنى قىل، ئابدۇسادىق.

— سىلەر تېخى مۇشۇ كۈنگىمۇ رازى بولمامسىلەر؟ — تاشپولات تۇرسۇن ئۇلارنىڭ پارڭىغا قولاق سېلىۋېتىپ بىردىنلا قوشۇمىسىنى تۈردى، — بىلىپ قويۇڭلار، بۇرادەرلەر، بىزنىڭ

ھېچبولمىسا بىر كۈندە ئىككى قېتىم يۈندىدەك بولسىمۇ سۈيۇقئېشىمىز، ئېشەك تېزىكىدەك بولسىمۇ گىردىمىز بار ئىكەن. بۇمۇ تەشكىلىنىڭ بىز زىيالىي ياشلارغا بولغان ئالاھىدە غەمخورلۇقى. قومۇشكۆلدە بولسا بىر نوپۇسقا بېرىلىدىغان بۇغداي نورمىسى ئېيىغا ئىككى جىڭ. ئۇ يىلدىن ـ بۇ يىلغا بىر قېتىم ئۇخلاپ قازان ئاسالمايدىغان ئائىلىلەر بەكمۇ كۆپ. مانا، مەنمۇ بىچارە ئانامغا بىر قېتىم بولسىمۇ بۇغداي نېنىنى تويغۇدەك يېگۈزەلمەي ئارماندا قالدىم. بىزدە شۈكۈر ـ قانائەت بولمىسا يېگەن تۈزلىرىمىز تۇتىدۇ. شۈكۈر قىلىشمۇ بىر خىل پەزىلەت، ئادەم دېگەندە شۈكۈر ـ قانائەت بولمىسا، ئۇنىڭ ھايۋاندىن قىلچىلىك پەرقى بولمايدۇ. ئۆتكەن كۈنلەر ئۈچۈن زىيادە ئاھ ئۇرۇپمۇ كەتمەڭلار، ئادەم بالىسى پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى كۆرىدۇ. بىزگە مۇشۇ تارتقۇلۇقلارنى تارتىش ئىرادە قىلىنغان بولسا، جاھاننىڭ قەيىرىگە بارايلى، كۆرىدىغاننى ھامان كۆرىمىز. بۇ بىر قانۇنىيەت.

ھەممەيلەن جىم بولدى. ياتاق ئىچى چىۋىن ئۇچسىمۇ ئاڭلانغۇدەك سۈكۈتكە پاتتى. كەڭرى مەيدانغا قارىتىپ قويۇلغان يوغان دېرىزىدىن يۇلتۇزلىرى جىمىرلاپ تۇرغان ئاسمان ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئاي شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا خۇددى ھەرەمباغدا سەيلە قىلىۋاتقان خانىشتەك ئاستا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈمۈش رەڭلىك نۇرلىرىنى يەر ئانىنىڭ غەم باسقان چېھرىگە مېھرىبانلىق بىلەن سېپىپ، ئۇنىڭغا ئۈنسىز تەسەللى بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. يىراق ـ يىراقلاردا — «راكېتا» تەرەپتە ئىتلارنىڭ بوغۇق ئاۋازدا كاڭشىغان ئاۋازى غۇۋا ئاڭلىناتتى. خۇدابەردى ئاي يورۇقىدا سۇسقىنا يورۇپ تۇرغان كەڭ دالىدىن نېمىنىدۇر ئىزدەۋاتقاندەك يىراق ـ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. ئەمما، ئۇنىڭ كۆزلىرى بارغانسېرى سۇۋۇپ، ھۇۋۇلداپ قالغان مىسكىن دالىدىن ئىزدىگەن نەرسىسىنى ئۇچرىتالمىدى. ھەممە يەر ئاي نۇرىغا بۆلىنىپ

تىپتىنچ ئۆيقۇغا كەتكەنىدى.

ئارىدىن ھەپتە ئۆتۈپ، يېكەنلىك مەيداندا يەنە جىددىي يىغىن ئېچىلدى. توختايۇپ نۆۋەتتە قىلىنىدىغان مۇھىم ئىشلارنى بەئەينى تەلەپچان موللام تالىپلىرىغا ئېزىپ ئىچۈرۈپ ھەپتىيەك ئۆگىتىۋاتقاندەك بىرمۇبىر ھەجىلەپ تەپسىلىي ئورۇنلاشتۇردى. قىزىق يېرى شۇ بولدىكى، خۇدابەردىنىڭ قولىدىكى ھوقۇق ئېلىپ تاشلىنىپ، ئارقا سەپ ئەترىتىدىكىلەر جېلىل سادىقنىڭ قولىغا قالغانىدى.

— ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە: «سېلىشتۇرمىغۇچە پەرقىنى تاپقىلى بولمايدۇ» دەپ تەلىم بەرگەن. يولداش جېلىل سادىقنى بۇ ۋەزىپىگە تەيىنلەش تەشكىلنىڭ ئاقىلانە قارارى، — دېدى توختايۇپ توپ ئىچىدە بويىنىنى سوزۇپ ئولتۇرغان جېلىل سادىققا مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ قويۇپ، — يولداش خۇدابەردىمۇ ئارقا سەپ خىزمىتىنى يامان ئەمەس ئىشلىگەنىدى، بىراق جېلىل سادىققا قارىغاندا سىياسىي ئىپادىسى بىر ئاز مۇجمەل ئىكەن. ئۇنىڭ ئىدىيە جەھەتتىن بىر مەزگىل تەربىيىلەنمىسە بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتۇق. كېيىنكى ئىپادىسىگە قاراپ ېقىپ باشقىچىرەك ۋەزىپىگە قويماقچىمىز.

مەيداننىڭ ئارقا سەپ ئەترىتىدىكىلەر ئولتۇرغان تەرىپىدىن قاپاق ھەرىنىڭ غوڭۇلدىشىغا ئوخشايدىغان سادالار كۆتۈرۈلدى. توختايۇپ تىنچ دېگەندەك قولىنى كۆتۈردى. قاپاق ھەرىنىڭ بوغۇق ئاۋازى بىر ئاز پەسەيدى.

— ھازىرچە يولداش خۇدابەردى يەنىلا ئارقا سەپ ئەترىتىدە تۇرىۋېرىدۇ، — دېدى توختايۇپ سەپنىڭ ئارىسىدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئاستا قەدەملەر بىلەن ئايلانغىنىچە، — ئۇ ئىلگىرىكى ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى پەش قىلىپ يۇرمەي يولداش جېلىل سادىققا ئوبدان ماسلىششى كېرەك، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن تەشكىلنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدۇ. ئەمىسە ئۆكۈزنىڭ باشبېغى بوگۈندىن باشلاپ يولداش جېلىل سادىقنىڭ

قولىغا ئۆتتى. بۇ ئىش شۇنداق بېكىتىلدى. قالغان ئىشلارغا كەلسەك، شەمشىدىنىڭ ئەترىتىدىكىلەر ئەتىدىن باشلاپ قوناق پەرۋىشى، يېڭىدىن بوز يەر ئېچىش دېگەندەك ئىشلارنى باشلىۋېتىدۇ. ئارقا سەپ ئەترىتىدىكىلەر يولداش جېلىل سادىقنىڭ يېتەكچىلىكىدە قىشنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن جاڭگالغا يۈرۈش قىلىدۇ. قالغان ئىشلارنى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئورۇنلاشتۇرىمەن، خوش، ھۈسەيىن مۇدىر، سىلىنىڭ قوشۇمچە قىلىدىغانلىرى بارمۇ؟

ئۇ بىر چەتتە موخوركىسىنى پۈرقىرىتىپ چېكىپ ئولتۇرغان ھۈسەيىن مۇدىرغا خۇشىياقمىغاندەك قاراپ قويدى. ئۇنىڭ كۆرەڭلىك، مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە قارىغىنىنى سەزگەن ھۈسەيىن مۇدىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، قولىدىكى موخوركا قالدۇقىنى يەرگە تاشلىدى ۋە ئۇنلۇك ئاۋازدا دېدى:

— ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، توختايۇپ دېگەندەك قىلساڭلار بولىدۇ. مەن قوشۇلىمەن.

ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە ياتاق تەرەپكە ماڭدى. ئۇنىڭ يەرگە قاڭ سالغاندەك مەزمۇت دەسسەشلىرى توختايۇپنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىۋەتتى. ئۇ خىيالىدا ھۈسەيىن مۇدىرنى توپا توزۇپ تۇرغان مەيدانغا ئەمەس، دەل يۈزىگە دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

— ئىززىتىنى بىلمەيدىغان، — دېدى توختايۇپ ئۆزىچە غودۇڭشىپ، — ھەشىلە دەپ بەرسە ئېشىۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان؟ يىغىن ئاچسىلا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تەمەددە قاراپ، بىرنېمە دېگۈسى كېلىپ كېتەتتى. مانا ئەمدى خوش دەپ قويسام، مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىمنى تەستىقلاپ، چاترىقىغا يانتاق قىستۇرۇلۇپ قالغان ئۆچكىدەك دىكىلداپ كېتىپ بارىدۇ دېسە. بوپتۇ، ئۆزىنىڭ شورى! ئەمىسە يىغىن تامام. ئارقا سەپتىكىلەر كەچ كىرگۈچە جاڭگالدا كېرەك بولىدىغان ئارغامچا - توقۇناق، پالتا - كەتمەن، ئوزۇق - تۈلۈك دېگەنلەرنى غەملەپ، ئەتە سەھەر

يولغا چىقىشىنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشقىلار. مەن ئامبارچىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىمەن. تەييارلىق پۇختا بولسۇن.

ھەممەيلەن ئاچچىق ياغ ئىچىۋالغاندەك گاراڭ ھالەتتە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى توپىلارنى غەزەپ بىلەن قېقىشتۇردى. ئەتراپتىن پالاق ـ پۇلۇق قىلغان ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈپ، ھايال بولماي مەيداننى قويۇق چاڭ ـ توزان قاپلىدى. ئۆپكىسى قېقىلىپ كەتكەن توختايۇپ چىڭقىلىپ يۆتەلگىنىچە ياتىقى تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. ئۇنىڭ بىر ئاز ئالدىغا ئېڭىشكەن گەۋدىسى ئاشۇ بۇخسۇپ تۇرغان توپا ـ تۇمان ئارىسىدا سارغىيىپ كەتكەن قومۇش يىلتىزىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ بارغىنىچە ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

— ھەممىگە مەن ئەيىبلىك، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ياتاققا قايتىپ كىرگەندىن كېيىن خۇدابەردىنى مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — سەن مېنىڭ پوقۇمغا تېيىلىپ كەتتىڭ، ئاداش. ئالدىڭدا بەكمۇ خىجىلمەن.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، تاشپولات؟ — ئۇستىدىن ئېغىر بىرنەرسە ئېلىپ تاشلانغاندەك يېنىكلەپ قالغان خۇدابەردى كۆلۈمسىرىگىنىچە دوستىنى بوينىدىن قۇچاقلىدى، — مەن ئۆزۈمنى بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى بۇگۈنكىدەك خاتىرجەم سېزىپ باقمىغانىدىم. شۇنداق يېنىكلەپ كېتىۋاتىمەن. سەن مېنى بىر باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلدۇردۇڭ، ئاداش، شۇڭا ئۆزۈڭنى ئەيىبلەپ يۈرمە. ئەترەت باشلىقلىقى دېگەن قولدىن چىقىپ كەتسە ئۇنچىۋالا ھەسرەت چېكىپ كېتىدىغان كاتتا ئەمەلمۇ ئەمەس. شۇ تۇرقىدا مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغانغا ئىچ ـ ئىچىمدىن خۇشال بولۇۋاتىمەن.

— بىراق، سەن خۇشال بولغان بىلەن بىز ھەسرەت چېكىۋاتىمىز، — دېدى ئابدۇكېرىم چىرتىتىدە قىلىپ يەرگە تۈكۈرگەندىن كېيىن، — ئەترىتىمىز بىر ئوت قويىرۇقىنىڭ قولىغا قالدى. ئەمدى بىزنىڭ كۈنىمىز گۆرۈلدەپ تۇرىدىغان يانغىنىنىڭ ئىچىدە ئۆتىدىغان بولدى.

— ئىشلار ئۇنچىلىكمۇ بولۇپ كەتمەس، — سۆزگە ئارىلاشتى ئابدۇسادىق قولىدىن قاس چىقىرىپ، — مېنىڭچە، جېلىل سادىق ئۇنچە يامان نېمىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭ بىلەن ماسلىشىپ كېتىشىمىزدە گەپ يوق. ناۋادا ئۇ بىز ئويلىغاندەك چىقماي قالسا، بىزمۇ قاراپ تۇرماسمىز. ئانىمىز ئىككى ئوخرىكىمىزنى جايىدا تۇغقان ئوغۇل بالا بولغاندىكىن، تاپتىن چىققانلارنى قىرتاپ قىلىشقا چامىمىز يېتەر. يامىنى كەلسە...

ئابدۇكېرىم قولىنى چايقىدى. ئابدۇسادىق جىم بولدى. چۈنكى، ئابدۇكېرىم دېرىزە تۈۋىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جېلىل سادىقنى كۆرۈپ قالغانىدى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتۈپمۇ ئۇ ياتاققا كىرمىدى. قارىغاندا، جېلىل سادىق ئىشىك تۈۋىدە گەپ تىڭشاپ تۇرغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. تاشپولات تۇرسۇن شەپە چىقارماستىن ئىشىكنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئىچىگە تىنىپ بىرپەس تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى زەرب بىلەن تارتتى. ئىشىك تۈۋىدە قۇلىقىنى ياتاقتىكى شەپىگە تۇتۇپ تۇرغان جېلىل سادىق ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. مىختەك قادىلىپ قاراپ تۇرغان تاشپولاتنىڭ ئالدىدا ئۇ ئۆزىنى بەكمۇ كۈلكىلىك بىر مەخلۇققا ئوخشاپ قالغاندەك سېزىپ، بىرئاز ئوڭايسىزلاندى.

— ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالغىنىڭىزنى سەزمەي، قارشى ئېلىشقا چىقالماپتۇق، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — ياكى سەنمۇ ئىشىكنى ئېچىپ كىرىۋەرمەمسەن. بىز ياتاقتا بىرىنىڭ قىزىنى ئەكىرىۋالمىغاندىكىن، ئاڭلىغۇدەك نېمە بار دەيسەن، ئەترەت باشلىقى؟ شۇ قىزىقى يوق تاققا ـ تۇققا پاراڭلار، ئىشىككە ئېڭىشىپ تۇرۇپ بوينۇڭغا قوقاق تۇرۇپ قالغان بولسا ئۇۋۇلاپ قويايمۇ؟

جېلىل سادىقنىڭ تاتارغىنىدىن خام قەغەزگە ئوخشاپ قالغان لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. شۇ تۇرقىدا تاشپولات تۇرسۇننىڭ زەھەردەك سۆزلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلماقتا ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇنچە ئوسال بولۇشىنى ئويلىمىغان جېلىل

سادىق ئىشنىڭ بىسمىللىسىدا بۇلارغا قۇيرۇق تۇتقۇزۇپ قويغىنىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلانماقتا ئىدى. ئۇ قىزىرىپ تاتارغان هالدا ياتاقتا كىردى ۋە مىشىلداپ تۇرغان بۇرنىنى سۈرتتى.

— مە... مەن، بۇ... بۇ... بۇ يەرگە تەييارلىق ئىشلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سوراپ باقاي دەپ كەلگەن. — دېدى ئۇ تىلىنى چايناپ، — مەن بۇ ئىشنىڭ ئەلمى - تەلمىنى بىلمىگەچكە يۇرتدىشىم خۇدابەردىدىن تەلىم ئالاي دەپ... شۇ سىلەرنىڭ ئارامىڭلارنى بۇزماي دەپ ئىشىك ئالدىدا ئارراق...

— قېنى، ئەترەت باشلىقىنى قارشى ئالامسىلەر؟ — ئابدۇسادىق ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسىپ قويۇپ پاقىلدىتىپ چاۋاك چېلىشقا باشلىدى، — ئەترەت باشلىقىنىڭ بىزنى يوقلاپ كەلگىنى رەھبەرلىكنىڭ ئىنقىلابىي ئاممىغا ئارىسىغا چوڭقۇر چۆككىنى. بۇنداق خالىس روھنى توختىماي ئۇدىرىغا يەتكۈزمەي بولمايدۇ. بىز خېلىدىن بېرى ئاممىنىڭ ئارامنى بۇزمايدىغان، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئۇلارنى كۆزىتىپ، ئىش - ھەرىكىتىگە كۆز - قۇلاق بولۇپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى يۇقىرىغا ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىدىغان، مەسىلىلەردە مەيدانى مۇستەھكەم مۇشۇنداق بىر ئەترەت باشلىقى ئىزدەپ يۈرەتتۇق. خۇدابەردى دېگەن كىسپۇرۇشتا بۇنداق خىسلەتلەر نېمە قىلسۇن؟ تەشكىلىنىڭ بىزگە كۆڭۈل بۆلۈپ، جېلىل سادىقتەك بىر مۇنەۋۋەر زىيالىي ياشنى باشلىق قىلىپ بەرگىنىگە رەھمەت دېمەي بولمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، باللار؟

جېلىل سادىق كۆزلىرىنى چىمچىقلاتقىنىچە ئۇنىڭ ئېغىزىغا قاراپلا قالدى. ئۇ قەيەردە ئولتۇرۇشنىمۇ، ئابدۇسادىقنىڭ دېگەنلىرىگە نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرۇشنىمۇ بىلمەي قالغانىدى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قىياپىتى بەئەينى بېشىغا كالتەك يەپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، قۇلاقلىرى غوڭۇلداپ كەتكەن ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى.

— قېنى جېلىل، مەندىن تەلىم ئالماقچى بولساڭ بۇياقتا

ئولتۇر، — دېدى خۇدابەردى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، — بىزمۇ شۇ ئەتىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىمىز، سەن ئامبارچىغا دەپ قوي، كەتمەن دەستىسىدىن كۆپرەك تەييارلاپ بەرسۇن، چۈنكى جاڭگال دېگەندە دەستە سۇنۇپ كەتسە كەتمەننىڭ كېرىكى قالمايدۇ. يەنە بىر گەپ، سۇنى كۆپرەك ئېلىۋېلىش كېرەك. ھازىر جاڭگال يەنىلا ئىسسىق، سۇ كۆپ كېتىدۇ. ناننى تۆت - بەش كۈن يەتكۈدەك ئېلىۋالساق بولدى، جىق ئېلىۋالساق كۆكىرىپ قالىدۇ. ناننى ئوتۇن توشۇغانلار ئۇدۇللۇق ئېلىپ كەلسە بولىدۇ...

— ماقۇل، دېگىنىڭدەك قىلىمەن، — دېدى ئۇ چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ھەر ئىش بولسا مۇشۇنداق بار مەسلىھەت قىلىساق بولمىدىمۇ؟ ھە راست، ئابدۇسادىق، سەن ئۆكۈزگە مەسئۇل بول، ئوت - سۇيىنى، يەم - بوغۇزىنى ۋاقتىدا بەر. بولمىسا ئەتە بىز ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ قالىمىز.

ئابدۇسادىق ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا مىيىقىدا كۈلۈپ قويىدى ۋە بېشىنى سالغىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

شۇ كېچە ياتاقتىكىلەرنىڭ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆرۈلگەن چاغدىكى كارىۋات شاللىرىنىڭ غىچىرلىشى ۋە ئېغىر ئۇھسىنىشلار ياتاقنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ تۇراتتى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار سۇس نۇر چاچاتتى. ئۇيقۇغا كەتكەن زېمىنمۇ، توختىماستىن جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارمۇ، كارىۋاتلىرىدا ئۇيقۇسىراپ تولغىنىپ ياتقان زىيالىي ياشلارمۇ، ھەتتا ئۇلارنىڭ بوش ھۇۋۇلداپ تۇرغان قەلبلىرىمۇ قانداقتۇر بىر سوغۇق ئېقىمنىڭ ئىچىدە قالغاندەك مۇزلىماقتا ئىدى.

ئارقا سەپ ئەترىتىدىكىلەر تاڭ سۈزۈلمەستىنلا يولغا چىقتى. يەم - بوغۇزغا تويغان بولسىمۇ قېرىلىق يەتكەن بىچارە ئۆكۈزنىڭ قەدەملىرى يەنىلا ئېغىر ئىدى. پىكاپچاق ھارۋىغا بېسىلغان تۇڭدىكى سۇ ھارۋىنىڭ چايقىلىشىغا ئەگىشىپ توختىماستىن شالاقلايتتى. بىر - بىرىگە ئۆرۈلگەن پالتا -

كەتمەن ساپلىرى تاراقلاپ، تېخى قاراڭغۇلۇق تامامەن كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن جاڭگاللىنىڭ سۈكۈتىنى بۇزاتتى. ھارۋىغا جېلىل سادىق، دىلمۇرات، ئابدۇكېرىم، ئابدۇسادىقلار چىقىۋالغان بولۇپ، خۇدابەردى بىلەن تاشپولات تۇرسۇن ھارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە كېتىۋاتاتتى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئېگىز - پەس دۆڭلۈكلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئۇپۇق بېلىق قورسىقىدەك ئاقىرىشقا باشلىدى. دۆڭلەرنىڭ يانباغىرلىرىدىكى شەبنەم چۈشكەن پاخپاق يۇلغۇنلاردىن قويۇق چىمان ھىدى كېلەتتى. يۇلغۇنلار ئارىسىدىن قىلىيورغىلار يۈگۈرۈپ چىقىشاتتى. ھارۋىنىڭ شەپىسىدىن چۆچۈگەن دالا چاشقانلىرى قارىقاتتەك كۆزلىرىنى مۆلدۈرلەتكىنىچە پارت قىلىپ قېچىشاتتى. بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ يىپ توپتەكلا تۈگۈلۈپ يېتىۋالغان تىكەنلىك كىرپىلەر، دۆڭنىڭ كۆڭگەي تەرىپىدە ئېغىزىنى ئېچىپ، پوكىنىنى لىپىلدىتىپ يېتىشقان، بەدىنى نەقىشگەرلەر تەرىپىدىن قاپارتما قىلىپ ياسالغاندەك كۆرۈنىدىغان كېلەرلەر، ئۇزۇن قۇيرۇقلىرىنى سۆرىگىنىچە يۇمشاق قۇملار ئۈستىدە چېكىت گۈللۈك ئىزلارنى قالدۇرۇپ كېتىۋاتقان پاتمىچۇقلار — چۆل جانىۋارلىرى كۈن چىقىش بىلەن تەڭ ھەرىكەتكە كېلىشكەنىدى. قۇياشنىڭ باش كۆتۈرۈشى بىلەن سارغىيىپ ياتقان قۇملۇق باغرى ئوتقاشتەك قىزىل رەڭگە كىردى. شەپەق جۇلاسى ئەلەڭگۈپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى دېڭىزدەك ئۆركەشلەيتتى. ئەتىگەنكى كۈن نۇرىدا قۇم دانچىلىرى ئەينەكتەك پارقىراپ كۆزنى قاماشتۇراتتى. غۇر - غۇر شامال كېزىپ يۈرگەن قۇملۇق باغرى بەئەينى ئوڭدىسىغا ياتقان ياش ئانىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىدەك بەكمۇ مېھرىلىك ۋە پاكىز ئىدى.

خۇدابەردى بىر تال موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن تاشپولات تۇرسۇنغا سۇندى. ئۇ موخوركىنى ئېلىپ بىر - ئىككىنى شورىغاندىن كېيىن يەنە خۇدابەردىگە قايتۇرۇپ بەردى.

ئىككىسى تاماكىنى نۆۋەت بىلەن چېكىپ هارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە كېتىۋاتاتتى. يۇمشاق قۇملار ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا غىرىسلايتتى. ئېگىز - پەس دۆڭلەر ئارىسىدىكى ئۇزۇنغا سوزۇلغان چىغىر يولدا يېڭى قەدەم ئىزلىرى پەيدا بولماقتا ئىدى. سۇكۇتكە چۆمگەن قۇملۇق باغرىدا ئۆكۈزنىڭ هاسىرىغىنى ئېنىق ئاڭلىناتتى.

ئۇلار بىر دۆڭنىڭ يانباغرىدىن ئەگىپ ئۆتۈۋاتقاندا چېچەكلىرى قىزىرىشقا باشلىغان بىر توپ يۇلغۇن تۈۋىدىن بىر جۈپ تورغاي پۇر قىلىپلا كۆككە كۆتۈرۈلدى ۋە يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ئاۋازدا چۇچۇلىدى. ئۇنىڭ يىپەكتەك ئىنچىكە، بۇلاق سۈيىنىڭ شىرىلدىشىدەك سۈزۈك ئاۋازى ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىنى تىترىتەتتى. تاشپولات تۇرسۇن گويا يىراقتىكى ئانىسىنىڭ چاقىرىشىنى ئاڭلىغاندەك ئاجايىپ بىر سېغىنىش هېسسىياتىدا ئاسمانغا باقتى. تورغايلار ئۇلارنىڭ باش ئۈستىدە ئۇچۇپ، ئىنچىكە ئاۋازدا توختىماستىن چۇچۇلدايتتى. چۆل - جەزىرىلەردىن ئاڭلانغان پادىچى نېيىنىڭ مۇڭلۇق كۈيىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئاۋاز تاشپولات تۇرسۇننىڭ كۆڭلىنى بەكمۇ يېرىم قىلغانىدى.

— نېمىدېگەن ئېسىل كۈي بۇ! — خۇدابەردى ئۇلۇغ - كىچىك تىنغىنىچە تاشپولاتقا قارىدى، — خۇدا هەقىقىي ئاشىقلىقنى مۇشۇ تورغايغا بەرگەنمىكىن دەيمەن. ئۇنىڭ سايراشلىرى يۈرەكنى چېقىلغان ئەينەكتەك پارە - پارە قىلىۋېتىدىكەن.

— بۇ ئاشىقلىق كۈيى ئەمەس، هاياتقا بولغان مىننەتدارلىق، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن بارغانسېرى يىراقلاپ، ئۇپۇق سىزىقىدا بىر جۈپ چېكىتكە ئايلىنىپ كېتىۋاتقان تورغايلاردىن كۆز ئۈزەلمىگەن هالدا، — هەرقانداق مەخلۇقاتتا يارىلىشتىلا ۋۇجۇدىدا هاياتقا ۋە ئۆز قوۋمىغا نىسبەتەن كۈچلۈك مۇهەببەت بولىدۇ. بىراق، بىز ئىنسانلار هاياتنىڭ قەدرىگە مۇشۇ قۇشلارچىلىك يەتمەيمىز، هەتتا ئۆز مەنپەئىتىمىز ئۈچۈن بىر -

بىرىمىزنىڭ پېيىنى قىرقىيمىز. ئەلمىساقتىن ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان كۆيۈمسىزلىكى، ۋاپاسىزلىقى ۋە ۋىجدانسىزلىقى تۈپەيلى نۇرغۇن ئېچىنىشلىق تراگېدىيىلەر يۈز بەرگەن. قاراپ باققىنا. خۇدابەردى، بىز مۇشۇ ئالتە ئادەم ئوخشاش بىر مەنزىلگە قاراپ كېتىۋاتقىنىمىز بىلەن، خىيالىمىز، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمىز باشقا ـ باشقا. ھازىرقى مۇھىت مېنى بەكمۇ ئۈمىدسىزلەندۈردى، شۇڭا بارغانسېرى ھاياتتىن رايىم قايتىۋاتىدۇ. كۈلۈپ تۇرۇپ بىر ـ بىرىگە ئورا كولاۋاتقان مۇھەببەتسىز ئادەملەر ئارىسىدا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ياشاشنىڭ تارتىشقۇدەك نېمىسى بار؟ شۇ تۇرقىدا مېنىڭ ئاشۇ تورغايلارغا ئەگىشىپ يىراق ـ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

خۇدابەردى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ جىممىدە ماڭاتتى. ئۆكۈز قوشۇلغان ھارۋا ئۇلارنىڭ خېلىلا ئارقىسىدا قالغانىدى. ھارۋىدىكىلەرنىڭ نېمىلەرنىدۇر تالىشىپ گۇڭۇرلاشقان ئاۋازى بوش ئاڭلىناتتى.

— مېنىڭ ئاسمىنى كەڭرى بۇ جاڭگالنى نېمىشقا شۇنچىلىك سېغىنغىنىمنىڭ تېگىگە ئەمدى يەتكەنسەن؟ — دېدى تاشپولات تۇرسۇن تورغايلار غايىب بولغان ئۇپۇق جىيەكىدىن نەزىرىنى يۆتكەپ، — ئىچىم بەكلا سىقىلىپ كەتتى. مەنمۇ ئاشۇ جاڭگال ئەركىلىرىدەك كىملەرنىڭدۇر بېشىدا يېقىملىق سايراپ، ئۆزۈمنىڭ ھاياتقا بولغان مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرەلىگەن، ياراتقان ئىگەمگە ھەمدۇسانا ئوقۇيالىغان بولسام، تىتىلداپ تۇرغان بۇ كۆڭلۈم ئازراق بولسىمۇ تەسكىن تېپىپ قالغان بولاتتى. ئىچىمدە چىڭقىلىپ تۇرغان بىر بۇلاق بار، بىراق ئۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىدىغان كۆزى يوق. شۇڭا، كۆڭلۈم ئاجايىپ بىر سىقىلىش ئىچىدە بۇلۇتلۇق ئاسماندەك قاراڭغۇلىشىپ، ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىم بارغانسېرى سوۋۇپ كەتتى. ناۋادا مەنمۇ ئاشۇ تورغايلاردەك ئۇپۇق قوينىغا جىممىدە سىڭىپ كېتەلىگەن بولسام، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم ھېسابلىغان

بولاتتىم...

— ھەي خۇدابەردى، تورغاي گۆشىنى يېگىلى بولامدۇ؟

بۇ ئابدۇسادىقنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇلار ھارۋىدىكىلەرنىڭ ئەتىدىن بېرى نېمىنى تالاش - تارتىش قىلىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتىشتى.

— ۋىجدانىڭ يول قويسا، كۆڭلۈڭ كۆتۈرسە، ھېلىغۇ تورغاي ئىكەن، ئاناڭنىڭ يۈرىكى بولسىمۇ يېگىلى بولىدۇ!

غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن خۇدابەردى قاتتىق ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ بوغۇق ئاۋازى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئەكس سادا بولۇپ قايتىپ كەلدى.

ھارۋىدىكىلەر جىم بولدى. ئۇلار خۇدابەردىنىڭ بۇنچە ئاچچىقلىنىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تېڭىرقاپ قالغانىدى. تاشپولات تۇرسۇن ئېغىر ئۇھ تارتتى. ئۇنىڭ يۈرەك قېتىدىن ئېتىلىپ چىققان بىر پىغان تورغايلارنىڭ كەينىدىن ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە قەلبىدە تىنىپ ياتقان بۇلاقنىڭ ئۇششاق تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى. خۇدابەردى دوستىغا نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەيلا قالدى.

## 24

كۈن چۈشتىن قايرىلغانىدى. قۇياشنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن لاۋۇلداپ تۇرغان قۇملۇق باغرى تىمتاسلىققا چۆمگەنىدى. سارغىيىپ ياتقان قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە ئالۇۇنلار چىمىرلىشاتتى.

خۇدابەردى قويۇق ئۆسكەن بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە دېڭىز يۈزىدەك كۆكىرىپ تۇرغان ئاسمانغا قارىغىنىچە خىيالغا كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سەل نېرىسىدىكى يەنە بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدىن تاشپولات تۇرسۇننىڭ تەكشى ھالەتتە تارتىۋاتقان خورەك

ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ بۇ خورىكى خۇدابەردىنىڭ خىيال قۇشلىرىنى ھەرگىزمۇ ئۈركۈتەلمەيتتى.

ئۇ يولغا چىقىش ئالدىدىكى ھېلىقى سەھەرنى ئەسكە ئالدى. ئۇ كۈنى ئاسمان ئايسىز، ئەتراپ كۆكتىكى جىمىرلىشىۋاتقان سان - ساناقسىز يۇلتۇزلارنىڭ ئاجىز نۇرىدا سۇس يورۇپ تۇراتتى. ئارقا سەپ ئەترىتىدىكىلەر جېلىل سادىقنىڭ نوقۇشى بىلەن كۆزلىرىنى ئېچىپ، ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشقا باشلىغانىدى. خۇدابەردى شېرىن ئۇيقۇنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەي ئازراق ياتتى. ئەمما، جېلىل سادىق كۆتۈرۈۋالغان قولچىراغنىڭ كۈچلۈك نۇرى ئۇنىڭ كۆزىگە دەممۇدەم تۇتۇلغاچقا، ئاخىر تۇرۇپ كەتتى. يۈز - كۆزىنى يۇيۇۋېلىش ئۈچۈن سۇ ئىزدەپ ئاشخانىغا بارغاندا، قازان بېشىدا ئېڭىكىنى يۆلەپ ئولتۇرغان بىرىنى كۆرۈپ دىككىدە چۆچۈدى. خۇدابەردى تىۋىش چىقارماستىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. قارا گەۋدە قازان بېشىدا خۇددى قورام تاشتەك مىدىر - سىدىر قىلماستىن ئولتۇراتتى. خۇدابەردىنىڭ كۆڭلى بىرئاز ئۇيۇپ تۇرسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىر ئىچكى سېزىمىنىڭ قىزىقتۇرۇشى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. قارا گەۋدە مىدىرلىدى. ئاشۇ مىدىرلاشقا قوشۇلۇپ ئۇنىڭمۇ ئېغىر ئۇھ تارتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. بۇ ئايجامال ئىدى.

— سىز...

— ۋاي ئانام... — ئايجامال چۆچۈگىنىچە ۋارقىراپ تاشلىدى ۋە ئۆزىگە قاراپ تۇرغان خۇدابەردىنى كۆرۈپ قوللىرى بىلەن كۆكسىنى بېسىۋالدى، — ۋاي خۇدايىم، قورقۇتۇپ جېنىمنى ئالاي دېدىڭىزغۇ؟ بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەنىدىڭىز؟

— يۈز يۇيۇش ئۈچۈن سۇ ئىزدەپ كەلگەن، — دېدى خۇدابەردى قولىدىكى تۇنكە قاچىسىنى كۆرسىتىپ، — سىزنى تېخى ئورنىدىن تۇرمىغاندۇ دەپتىمەن. كەچۈرۈڭ ئايجامال، سىزنى قورقۇتۇۋەتتىم. بۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، يۈزۈمنى يۇمىساممۇ مەيلى ئىدى.

ئايجامال ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كەلدى ۋە خۇدابەردىنىڭ قولىدىكى قاچىنى ئېلىپ، بۇلۇڭدىكى ئىدىشتىن سۇ ئالدى.

— جاڭگالغا بۈگۈن ماڭامدىكەنسىلەر؟ — سورىدى ئۇ قاچىنى خۇدابەردىگە سۇنۇۋېتىپ.

— ھە...ئە، — ئۇ بارماقلىرىنىڭ كۆيۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى. چۈنكى، ئۇ قاچىنى ئېلىۋاتقاندا قىزنىڭ ھارارەتلىك بارماقلىرى ئۇنىڭ قولىغا تېگىپ كەتكەنىدى. قانداقتۇر بىر ئوتلۇق سېزىم ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى شىرىن جۇغۇلدىتىۋەتتى. خۇدابەردىنىڭ قەلبىدىكى ياشلىق ماگمىلىرى ۋولقاندەك ئېتىلىشقا باشلىغانىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قاچا يەرگە چۈشۈپ كەتتى. خۇدابەردى تىنىقى تىنىقىغا يېتىشمىگەندەك ھاسىراپ تۇرۇپ ئايجامالنى چىڭڭىدە قۇچاقلىدى...

— ئۇ...ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى قىز جالاقلاپ تىترىگىنىچە ئۇنىڭ مەيدىسىدىن قاتتىق ئىتتىرىپ، — خەق كۆرۈپ قالسا، ئىزادىن ئۆلگىنىم شۇ. مېنى قويۇۋېتىڭ...

خۇدابەردى ئۇنىڭ ئۆتۈنۈش ئارىلاشقان نالەشلىرىنى ئاڭلاپ بىردىنلا ھوشىغا كەلگەندەك بولدى ـ دە، ئايجامالنى قۇچاقلاپ تۇرغان قوللىرىنى دەرھال تارتىۋالدى. بىردەملىك تەلۋە ھېسسى- ياتنىڭ قۇترىشى بىلەن قىزنىڭ ئالدىدا قىلىپ قويغان ئۇياتلىق ئىشىنى ئويلاپ، يەر يېرىلسا كىرىپ كەتكۈدەك بولدى . ئايجامال گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئۆزىنى ئوڭشاپ، يەردە ياتقان قاچىنى ئېلىپ يەنە بىر نوگاي سۇ ئېلىپ كەلدى. خۇدابەردى نومۇس كۈ- چىدىن قىزنىڭ يۈزىگە پەقەتلا قارىيالمىدى. ئۇ ئېھتىيات بىلەن قاچىنى قولىغا ئالدى.

— ئارىدا ئۆتۈن ئېلىپ جاڭگالدىن چىقمىدىغانسىز؟ — سورىدى ئايجامال پەس ئاۋازدا.

— بە... بەلكىم، — ئۇ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

— يۇيىدىغان كىيىملىرىڭىز بولسا ئەكېلىپ بېرىڭ، سىز چىققۇچە يۇيۇپ قويىمەن.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، — خوْدابەردى ئوْنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ سوْس كوْلوْمسىرەپ قويغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتوْردى. — سىزنىڭموْ قازان بېشىدىكى ئىشىڭىز چىچىڭىزدىن تولا. شوْ ئىشلارغا يېتىشىپ بولمىغىنىڭىزموْ ئاسان ئەمەس. شوْنچىلىك دېگىنىڭىزگە كۆپ رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلماي.

ئوْ قاچىدىكى سوْنى كۆتوْروْپ ئاستا كەينىگە ياندى.

— توختاپ توْروْڭ، — دېدى ئايجامال ۋە ئەمبەلنىڭ ئاستىدىن گېزىتكە ئورالغان بىر بولاقنى چىقاردى، — ئاخشام ئېشىپ قالغان ھور ناندىن بىرنەچچىنى ئېلىپ قويغانىدىم. ئېلىۋېلىڭ، قوْروْق بولسىموْ يولدا يەرسىز. ھە راست، جېلىل سادىقموْ سىز بىلەن بىللە ماڭامدىكەن؟

— ئەلۋەتتە.

— جېلىل سادىق توختايوْپنىڭ سايىسىدەك ئوْنىڭ قوْيىدىن چىقماي يوْرىدوْ. ئوْششاق گېپىموْ جىق ئىكەن. ئوْ بار يەردە گەپ ـ سۆزگە دىققەت قىلارسىز.

— بوْنى بىلىمەن.

خوْدابەردىنىڭ دېمى ئىچىگە چوْشوْپ كەتتى. ئوْ قىزنىڭ قولىدىكى بولاقنى ئېلىۋاتقاندا، يوْرىكى جوْدالىقنىڭ دەردىنى توْنجى قېتىم ھېس قىلدى.

— رەھمەت، ئايجامال...

— ئۆزىڭىزنى كۆپ ئاسراڭ، — نېمىشقىدوْر قىزنىڭ ئاۋازىموْ تىترەپ كەتتى. ئوْنىڭ ئوتلوْق نەپەسلىرى خوْدابەردىنىڭ يوْزىگە ئوْروْلوْپ، قايناۋاتقان چەينەكتىن چىققان ھوردەك كۆيدوْردى. ئوْ بىر قاچا سوْ بىلەن ھېلىقى بولاقنى كۆتوْرگىنىچە ئاشخانىدىن يوْگوْرگەندەك چىقىپ كەتتى...

— ئايجامال... — خورسىندى ئوْ ئېغىر تىنىپ. قىزنىڭ تولوْن ئايىنى ئەسلىتىدىغان يوْپيوْمىلاق چىرايى ئوْنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئايجامالنىڭ قوْندوْزدەك قاپقارا كۆزلىرىدىن

ئوخچۇپ چىققان كۈچلۈك نۇر خۇددى كىرىچتىن قويۇپ بېرىلگەن يا ئوقىدەك خۇدابەردىنىڭ يۈرىكىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قىزىق قۇمغا چىقىپ قالغان چار يىلاندەك تولغاندى. ئايجامال ئىللىق كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارايتتى. قىزنىڭ ئاشۇ تاتلىق قاراشلىرى بىلەن ھېلىقى كۈنى ئۆزىنىڭ ئۇنى قۇچاقلىۋالغىنى ئېسىگە كەلسىلا خۇدابەردىنىڭ يۈزلىرى بىر كىم قىزىلمۇچ سۈرتۈۋەتكەندەك ئېچىشىپ كېتەتتى.

— يۇيىدىغان كىيىملىرىڭىز بولسا ئەكېلىپ بېرىڭ، سىز چىققۇچە يۇيۇپ قويىمەن...

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىمۇ خۇدابەردىنى كۈچلۈك ھاياجانغا سالاتتى. چۈنكى، مۇشۇ كۈنلەردە قىزلار يۇيۇپ بەرگەن كىيىمنى كىيىپ، نېمىگىدۇر پەخىرلىنىپ، مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدىغان يىگىتلەر يېكەنلىكتە خېلىلا كۆپىيىپ قالغانىدى. قىزلارنىڭ ئوغۇللارنىڭ كىيىمىنى يۇيۇپ بېرىشى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ شۇ يىگىتنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرەتتى. شۇڭا، قىزلارنىڭ بۇنداق كۆيۈنۈشىگە نائىل بولغان يىگىتلەر ئۆزىنى ئالەمدە بىر سانىشاتتى. ئۇلارنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىدىن يېتىلگەن ئەرلەردە بولىدىغان ئۆزىگە ئىشىنىش، كۆرەڭلىك، قورقۇمسىزلىق، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك تۇيغۇلىرى چىقىپ تۇراتتى. قىسقىسى، ئۇلار بىر قىزنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكىنى ئۈچۈن ئۆزلىرىنى دۇنيادا بىر چاغلايتتى. مانا ئەمدى خۇدابەردىمۇ ئايجامالنىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى ئەسكە ئالغىنىدا، ئۆزىنىڭ قىزلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئەرزىگۈدەك ئادەم بولغىنىدىن بەكمۇ سۆيۈندى، پەخىرلەندى. ئەمما، ئۇ ئايجامالغا ئۆز كۆڭلىنى قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلمەيتتى. ئاشۇ كۈندىكى قارام ھەرىكىتى ئۇنى قىزنىڭ ئالدىدا يەنىمۇ كەم سۆز قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئىشنىڭ بۇ قەدەر نازۇك تەرەپلىرىنى ئويلاپ، ئۇ بەكمۇ ئەپسۇسلاندى.

— ئانا... ئانا... ئانا...

تۇيۇقسىز تاشپولات تۇرسۇن ئۇخلاۋاتقان يولغۇنىنىڭ تۇۋىدىن

ئۇنىڭ ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇدابەردى چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يۇگۇرگەنچە دوستىنىڭ يېنىغا باردى. يۇلغۇن تۇۋىدە يۈز - كۆزلىرى چىپ - چىپ تەرلەپ كەتكەن تاشپولات تۇرسۇن ھاسىراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ تەر قويۇلۇپ تۇرغان يۈزى ئېسىلىپ، شور باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى دىر - دىر تىترەيتتى. خۇدابەردى كېلىپلا ئۇنى بوشقىنا قۇچاقلىدى.

— نېمە بولدۇڭ، تاشپولات، يەنە قارا باستىمۇ؟

تاشپولات تۇرسۇنمۇ ئۇنى قۇچاقلىدى. بىچارىنىڭ دۈپۈلدەپ سىلىۋاتقان يۈرىكىنىڭ ئەنسىز تىۋىشى خۇدابەردىگە شۇنداق ئېنىق ئاڭلاندى. ئىككىيلەن يۇلغۇن تۈۋىدە بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشتى.

— ئانام چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ، — دېدى بىر چاغدا ئۇ كۆزلىرىدىن ئاققان ئىسسىق ياشلىرىنى سۈرتۈپ قويۇپ، — بىچارە ئانام، چۈشۈمگە كىرمىگىلى ئۇزاق بولغان. ئۇ مېنى نوقۇپ: «قويۇڭ بالام، يۇلغۇن تۈۋىدە يېتىۋېرەمسىز؟ سىزنى ساقلاۋاتقىنىمغا نېكەم؟ مۇشۇنداقمۇ بىغەم بولۇپ كەتتىڭىزمۇ، ئوغلۇم؟» دەۋاتقۇدەك. ئانامنىڭ تۇپراق بېشىنى يوقلاپ تۇرالمىغىنىم ئۇچۇن روھى يېتىمسىراپ قالغان ئوخشايدۇ. ئاھ بىچارە ئانا، مېنىڭمۇ سىزنى ساقلاپ كۈنلەرنى دەقىقە ساناپ ئۆتكۈزۈۋاتقىنىمنى بىلەمدىغانسىز؟

تاشپولات تۇرسۇننىڭ كۆز يېشى تومۇز كۈنلىرىدىكى سەلدەك ئۇلغىيىشقا باشلىدى.

— سەۋر قىل، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، تاشپولات، — دېدى خۇدابەردى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ كەتكەنىدى، — بۇ دېگەن ھاياتلىق ئالىمى، تىرىكلەر ياشايدىغان جاھان، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بېشىمىزدا يەنە تىرىكچىلىك غېمى بار. ياراتقان ئىگەم نېسىپ ئەتكەن ئۆمۈرنى ياشاپ بولغاندا ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلماي بولمايدۇ. ئۆلۈمدىن ھېچكىم ئامان قالغان ئەمەس. شۇڭا، كۆكسى - قارنىڭنى كەڭ

توت، ئاداش. ھەممىشە ياش تۆكۈش سالامەتلىككە زىيانلىق، يەنە كېلىپ، ئۇ ئوغۇل بالىغا يارىشىدىغان ئىشمۇ ئەمەس. ئاناڭنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى مەن بىلىمەن. بۇ جۇدالىق ساڭا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. بىراق، قانداق قىلىمىز، ئاداش؟ ئادەم دېگەن ئۆلۈپ كېتىدىكەن. ئۇنى ئۆزگەرتىش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. شۇڭا، قازاغا رىزا بولمىساق بولمايدۇ. يىغلىما، تاشپولات...

تاشپولات تۇرسۇن خېلى ئۇزاققىچە كۆز ياشلىرىنى توختىتالمىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېگىز بىر دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، گويا ئانىسى بىر يەرلەردىن كېلىپ قالىدىغاندەك ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە چىلىقىنى يەنىلا سارغىيىپ تۇرغان قۇملۇق، يىراقلاردا چىمىرلىشىپ تۇرغان ئالۋۇن، بىرى پاختا ئاتقاندەك چېچىلىپ ياتقان ئاقۇاش بۇلۇتلار، بۇلۇت كەينىدىكى ياپيېشىل ئاسمان بولدى.

ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە يۇلغۇن تۈۋىگە قايتىپ كەلدى. خۇدابەردى ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ سەل تىنچىشىنى كۈتۈپ بىرئاز ئولتۇردى. ئىككىيلەن بىر تالدىن موخوركا ئوراپ چېكىشتى.

— ھە راست، تاشپولات، قومۇشكۆلدە نېمىشقا ھايال بولغىنىڭ، ئاناڭنىڭ قېشىدا بولغان كۈنلىرىڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەرمەمسەن؟

تاشپولات تۇرسۇن ئېغىر خورسىنغىنىچە يەرگە قاراپ خېلى ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئاشۇ قورقۇنچلۇق كۈنلەرنىڭ كىشىنىڭ يۈرەك باغرىنى پارە - پارە قىلىۋېتىدىغان ئازابلىق مىنۇتلىرى قايتىدىن زاھىر بولدى. ئۇ ئەسلەشنى خالىمايدىغان، ئەمما يۈرەك قېتىدىن مەڭگۇ چىقىرىۋېتەلمەيدىغان ئاشۇ تاشتەك قاتتىق، تاغدەك ئېغىر كۈنلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە، ھېلىلا قۇرۇشقا باشلىغان چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى. ئۇ خۇدابەردىگە يۆلەنگىنىچە ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، گويا ئۇزۇن

بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بەرمەكچى بولغاندەك گېلىنى قىردى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى بەكمۇ ھارارەتلىك ۋە شۇنداق ئېغىر ئىدى. خۇدابەردى ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىشىنى كۈتۈپ جىممىدە ئولتۇراتتى.

— ئاشۇ قېتىم خەۋەر ئېلىپ كەلگەن ھوشۇركام بىلەن قومۇشكۆلگە ماڭغىنىمدا، — دېدى ئۇ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — پۈتۈنلەي ئەس - ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغانىدىم. بولۇپمۇ ھوشۇركام ھۆسىيىن مۇدىرنى بىر چەتكە تارتىپ، قۇلىقىغا بىرنەرسىلەرنى پىچىرلىغاندىن كېيىن، مۇدىرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. ھۆسىيىن مۇدىر ماڭا رۇخسەت بەرگەندىلا ئانامنىڭ ئەھۋالىنىڭ ھوشۇركام دېگەندەك ئەمەسلىكىنى، ئانامغا چوقۇم بىر ئىش بولغانلىقىنى سەزگەنىدىم. شۇڭا، يول بويى خاتىرىسىنى يوقىتىپ قويغان ئادەمدەك ھېس - سەزگۈسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ھوشۇركام ماڭا نۇرغۇن گەپ قىلدى. كاشكى، بىرەر ئېغىزى قۇلىقىمغا كىرسىچۇ! ئۇنىڭ ماڭا نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى ھازىرمۇ ئەسلىيەلمەيمەن. يول بويى گېلىمدىن چىڭگىت چاغلىق بىرنەرسە ئۆتمىدى، سۇمۇ ئىچمىدىم. قانچىلىك يول مېڭىپ بولدۇق، يەنە قانچىلىك مۇساپە قالدى، بۇنىمۇ بىلمەيتتىم. بىز ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەلدە قومۇشكۆلگە يېتىپ كەلدۇق. ئانا يۇرتنىڭ تونۇش ھىدى بۇرنۇمغا ئۇرۇلغاندىلا سەزگۈلىرىم ئەسلىگە كەلدى. مەن قاشالىرى چۇۋۇلغان كونا باغلارنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان چىغىر يولدا ئۆيۈمگە قاراپ قۇشتەك ئۇچتۇم. قاراڭغۇلۇقتا پاتقان قومۇشكۆل شۇنچىلىك چۆلدەرەپ قالغانىدىكى، ئۇ يەردە نە ئاتنىڭ كىشنىگىنى، نە ئېشەكنىڭ ھاڭرىغىنى، نە سازلىقلاردىكى پاقىلارنىڭ كۇرۇلدىغىنى ئاڭلانمايتتى. خۇددى زامان ئاخىر بولۇپ، ھەممەيلەننى يەر يۇتقاندەكلا، بۇ يەردە ئەمدى ھاياتلىقتىن ھېچقانداق دېرەك قالمىغاندەك تۇيۇلاتتى. مەن يالغۇزسىراپ، گويا چۆچەكلەردىكى سېھىرلەنگەن قەدىمىي قورغانغا كېلىپ قالغاندەك قورقتۇم. تىنىم ئادەم چىداپ تۇرغۇسىز مۇدھىش سۈكۈناتتىن

ئەيمەنمەكتە ئىدى. ئۆيگە يېقىنلاپ بارغانسېرى ۋارقىرىغۇم، ئانامنى چاقىرىپ توۋلىغۇم كېلەتتى. يۈگۈرۈپ مېڭىپ ئۆيىمىزنىڭ ۋەيرانە دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىنىمدە، قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئانامنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئانامنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ قانداقتۇر سېھىر ـ جادۇلار كۈچىدىن قېلىپ، بىردىنلا دۇنياغا جان كىرگەندەك ھېس قىلدىم. ھويلا ئىشىكىنى تاراقلىتىپ ئېچىپ، ئانام ياتقان ئۆيگە ئوقتەك ئېتىلىپ كىردىم.

— ئانا، جېنىم ئانا...

قاراڭغۇلۇقتىن ئانامنىڭ يىغلامسىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ۋاي خۇدايىم، كۆز نۇرۇم، يۈرىكىمنىڭ پارىسى تاشپولاتجان بالاممۇ سەن؟ ۋاي بالام...

ئانامنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپتىن سەرەڭگىنىڭ شىرىقلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئانام سامان تەكيە يېنىغا قويۇپ قويغان جىنچىراغنى ياندۇردى. ئىسلاشقان تاملار چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ قارىداپ كەتكەندەك كۆرۈندى. مەن سومكامنى تاشلاپ سۇپىغا چىقتىم ۋە ئانامغا قاراپ غۇلىچىمنى كەردىم. ئانام يىغلاپ تۇرۇپ باش ـ كۆزۈمگە سۆيۈپ كەتتى. ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ ھۆڭگىرەپ يىغلىشىپ كەتتۇق. ئانامنىڭ كېسەللىك چىرمىۋالغان بەستى ئورۇقلاپ، بىر تۇتام سۇپۇرگىدەكلا بولۇپ قالغانىدى.

— سېلىنى يالغۇز قويدۇم، ئانا، يانلىرىدا تۇرۇپ خىزمەتلىرىنى قىلالمىدىم، ئوغۇللىرى ئورنىدا ئېغىرلىرىنى يېنىك قىلالمىدىم، قىزلىرى ئورنىدا كىرلىرىنى يۇيالمىدىم، چايلىرىنى قايناتالمىدىم، مۇشۇنداق قاراڭغۇ كېچىلەردە چىراغ بولۇپ ھۇجرىلىرىنى يورۇتالمىدىم، تىكەندەك يالغۇزلۇقلىرىغا ھەمراھ بولالمىدىم، مېنى كەچۈرسىلە، جېنىم ئانا...

— ئۇنداق دېمە، ئوبدان بالام. ھەرنېمە بولسا ئامان ـ ئېسەن تۇرۇپسەن، زاماننىڭ بورانلىرى ئۇچۇرۇپ كېتەلمەپتۇ، يەرنىڭ توزانلىرى كۆمۈۋېتەلمەپتۇ. خۇداغا يۈز مىڭلاپ شۈكۈر، خەقنىڭ يۇرتىدا قانداقمۇ قىلغانسەن، جېنىم بالام؟ يالغۇز بېشىڭنى نەگە

قويغانسەن؟ قورسىقىڭ ئاچسا كىمنىڭ قازىنىغا تەلمۈرگەنسەن؟ سوغۇقتا توڭلىساڭ كىمدىن ئىسسىق سورىغانسەن؟ ۋاي شور پې-شانە بالام...

ئىككىمىز قوشاق قېتىپ ئالاھازەل يىرىم كېچىگىچە يىغلاشتۇق. كۆزلىرىنىڭ يېشى قۇرىدى. مەن چىراغنى ئانامغا يېقىنراق سۈرۈپ، ئۇنى ئوبدانراق كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن چىرايىغا سەپسالدىم. مۇشۇ بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ئانام بەكمۇ تۆگىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرىدىغان لەۋلىرى ئەتراپىغا چوشكەن قورۇقلار كۆپىيىپتۇ. چاچلىرى باش تېرىم پاختىدەك پۈتۈنلەي ئاقىرىپتۇ. چىرايىنىڭ نۇرى قېچىپ، چوقچىيىپ تۇرغان مەڭز سۆڭەكلىرىگە يېپىشقان پۈرۈم - پۈرۈم يۈز تېرىلىرى سارغىيىپ كېتىپتۇ. نۇرلىرى ئەلەڭگۈپ تۇرغان جىنچىراغدەك پىلىلداپ قالغان كۆزلىرىمۇ ئولتۇرۇشۇپ، بىر يىل ئىلگىرى مېنى ئۇزاتقان چاغدىكى سىياقىدىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ... ئانامنى بۇ ھالدا كۆرۈپ يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالماي يىغلاپ تاشلىدىم.

— يىغلىما، بالام، — دېدى ئانام بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — ياراتقان ئىگەمدىن تىلىگەنلىرىم بىكار كەتمەپتۇ. ھەرھالدا سېنى كۆرۈپ ئارمىنىمغا يەتتىم. جېنىم بالام، ھەرگىز يىغلىمىغىن، داداڭ رەھمەتلىنىڭ روھى قورۇنۇپ قالمىسۇن. ھەرگىز ياش تۆكمە، ئوبدان بالام. قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سېنى؟ سېنى كۆرۈپ بىر بېشىم ئون بولدىغۇ، جېنىم بالام. قىلدەك جېنىم پىلدەك بولدىغۇ، كۆز نۇرۇم. يولتۇزلىرىم كۈندەك بولدى، شاھىمەردان غوجام بالام...

ئانامنىڭ ئۇستا قوشاقچى ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، ئەمما مېنىمۇ قوشاققا بۇ دەرىجىدە قوشۇۋېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئانامنىڭ خۇشلۇقىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ماڭا سۆزلەپ ئېغىزى، باش - كۆزۈمنى سىلاپ قولى تىنمايتتى. بىر چاغدا ئۇ مازلىرى تىتىلىپ كەتكەن كونا

يوتقان ئىچىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ ئوچاق ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئوچاققا كەپلەپ قويۇلغان كالا تېزىكىگە ئوت تۇتاشتۇرالماي بىرھازا ھەپىلەشتى. ئانامنىڭ چىرايىغا قاراپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى سەرپ قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. بىر چاغدا ئانام ھالسىزلىنىپ ئوچاقنىڭ مورىسىغا يۆلىنىپ قالدى.

— ۋا...ي قېرىلىق، پۇت - قولۇمدا پىتىنىڭكىچىلىك جان يوق، جېنىم بالام.

— بولدى ئانا، ئارام ئالسىلا، ئوتنى مەن قالاي، — دېدىم قولىدىن سەرەڭگىنى ئېلىپ ئوچاق ئالدىغا زوڭزايغىنىمچە.

— دېسەم - دېمىسەم قورسىقىڭ ئاچتى، بالام؟ كىچىككىنە چاي قايناتتىپ، قاتتىقنى يۇمشىتىپ بېرەي دېسەم ماغدۇرۇم يەتمىدى. ۋاي جېنىم بالام، ئاران بىر كەلگىنىڭدە ئۆلۈك ئېشەكتەك يېتىپ قالغىنىمنى كۆرمەمدىغان، ئوبدان بالام؟ كېسەل دېگەن يامان ئوغرى ئىكەن، كۆزۈمنى ئوچۇق قويۇپ ماغدۇرۇمنى ئېلىپ كەتتى ئەمەسمۇ، جېنىم بالام؟ شۇ تۇرقىدا مەندىن بېشىمدىكى پىتمۇ يامانراق چىقىدۇ، تاتلىق قوزام...

شۇ كېچە ئانام بىلەن مۇڭدىشىپ تۈننى تاڭغا ئۇلىدىم. كالا تېزىكىگە ئوت يېقىپ قارا چۆگۈندە چاي قايناتتىم. قوشنىلار يېقىپ ئەكىرىپ بەرگەن زاغرىنى داستىخانغا تىزدىم. نەچچە كۈندىن بېرى سۇيى قېچىپ، كاللەك تامنىڭ چالمىسىدەك بولۇپ قالغان زاغرا ئادەمنىڭ گېلىنى يىرتىپ دېگۈدەك ئۆتەتتى. چەت-چۆرىسى ئۇچۇپ كەتكەن ھېچبىر چىنىدىكى زاغرىنى تەستە يۇتۇۋاتقان ئانامغا قاراپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. كاشكى، ئايجامالنىڭ سۇيۇقئېشىدىن بىر پىيالە بولسا كىمنىڭ دەردى؟ ھەرقانچە قىلىپمۇ كۆز يېشىمنى تۇتۇپ قالالمىدىم. ئانام قورايدەك قېتىپ كەتكەن بارماقلىرى بىلەن يېشىمنى سۈرتتى.

— زاغرا قېتىپ قالسا كىمدىن ئاغرىنغۇلۇق، جېنىم بالام؟ — دەيتتى ئانام ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشىپ، — ئاتا-بوۋىمىزدىن باشلاپ زاغرىدا ئېغىزلانغان خەق ئىكەنمىز،

مۇشۇنىڭمۇ تېپىلغىنىغا شۈكۈر قىلمىساق بولمايدۇ، ئوبدان بالام. ئەتە تام قوشنىمىز نىساخان ئاناڭنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىرەر چىنە بۇغداي ئۇنى تېپىپ كېلەلىسەم، ئۆز قولۇمدا توقۇم شوينىسى ئاش ئېتىپ بېرىمەن.

ئانام كېسەللىك ئازابىدا قىينىلىپ تۇرسىمۇ، كۆڭلۈمنى ياساشنىڭ كويىدا ئىدى. مەن ئانامنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قىزىق چايغا چىلانغان زاغرىنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىغانىدىم. كۆزۈمدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان شورلۇق ياشلىرىم قولۇمدىكى قاچىغا دەممۇدەم تامچىلىماقتا ئىدى.

ئەتىسى غېرىبانە ئۆيىمىزگە چوڭ ئەترەتنىڭ يالاڭ ئاياغ دوختۇرى كىرىپ كەلدى. ئۇ كىرىپ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن خۇرۇم سومكىسىنى سۇپىنىڭ لېۋىگە قويغاندىن كېيىن، ئەمدى كەلدىڭىزمۇ، دېگەندەك ماڭا لەپپىدە قاراپ قويۇپ، ئانامنىڭ يېنىغا يۈكۈندى.

— بۈگۈن ئەھۋاللىرى قانداقراق؟ — دېدى دوختۇر ئايال ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن ئىنچىكە ئاۋازدا، — خېلى ئوبدان بولۇپ قالدىلىمۇ، نېمە؟ چىرايلىرىمۇ شۇنداق ئوڭلىنىپ قاپتۇ دېسە؟

— ئوغلۇمنى كۆرۈپ، ھەممە كېسىلىم يىڭنىدىن يىپ سۇغارغاندەك چىقىپ كەتتى قارىسىلا. سەللىمازا ساقايغاندەك بولۇپ قالدىم ...

ئۇ ئانامنىڭ قاپقىنى قايرىپ كۆزىنىڭ ئېقىغا قاراپ چىقتى، ئاندىن سومكىسىدىن تىڭشىغۇچنى چىقىرىپ ئانامنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ قويدى. ئاخىرىدا بىر قۇتىدىن نەچچە تال تابلېتكا دورىنى تۆكۈپ بىر قەغەزگە ئورىغاندىن كېيىن، بىر كۈندە ئۈچ ۋاخ ئىچىشنى تاپىلاپ ئىشنى تۈگەتتى. مەن ئۇنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغا چىققىنىمدا، چېكە چاچلىرى ئاقىرىشقا باشلىغان بۇ ئايال مېنى ئۆيىنىڭ يېنىدىكى باغقا تارتىپ ئەكىردى.

— بالام، — دېدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا، — ھەرنېمە بولسا

قايتىپ كەپتىلا، سىلىنى چاقىرىپ كېلىشكە ھوشۇر چورۇقنى مەن ماڭدۇرغان. قارىسام، ئانىلىرىنىڭ ھالى بەكلا بوش، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا يۆتكەپ تەكشۈرتسەك، بالىياتقۇدا يامان سۈپەتلىك ئۆسمە بار، ئاخىرقى مەزگىلى ئىكەن، — دېدى. چوڭ دوختۇرلارنىڭ دېيىشىچە، بۇ كېسەلنىڭ ھازىرغىچە داۋاسى تېپىلمىغانمىش، شۇڭا داۋالىماي قايتۇرۇۋەتتى. ئانىلىرى يالغۇز قىز ئىكەن، سىلىمۇ يالغۇز ئوغۇل ئىكەنلا، مۇشۇنداق چاغدا بىرەر ئادەم ئانىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالمىسا زادى بولمايدۇ. سىلىنىڭ تۇرىدىغان يەرلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ، ھوشۇركامنى ماڭدۇرغانىدىم. ھەرنېمە بولسا قايتىپ كەپتىلا، ئەمدى ئانىلىرىنى ئوبدان بېقىۋالسىلا، ئۇ مەزلۇمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولمىسۇن، ئىلاج بار ئۇنى خۇشال قىلىشقا تىرىشسىلا. ھە راست، مۇمكىن بولسا مارگانسوپ بىلەن ئۇيات يېرىنى يۇيۇپ بەرسەك، كېسەللىك ئازابىنى يېنىكلەتكىلى بولاتتى. بىراق، سىلى دېگەن بۇرۇتى خەت تارتقان يىگىت ئىكەنلا، بۇنداق قىلىش بىر ئاز ئەپسىز. ئەستا، قانداقمۇ قىلارمىز ئەمدى؟

دوختۇرنىڭ كېيىنكى سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. پەقەت ئۇنىڭ «ئانىلىرىنى ئوبدان بېقىۋالسىلا...» دېگەن بىر ئېغىز گېپىلا مېڭەمدە بومبا پارتلىغاندەك ئەكس سادا پەيدا قىلغانىدى. مەن ئۇ تەييارلاپ بەرگەن مارگانسوپنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپ كىرگەن چېغىمدا، ئانام بىر ئاز ئۆرە بولۇپ، يولۇمغا قاراپ ئولتۇرغانىكەن.

— ئايشەمخان نېمە دېدى، بالام؟ — سورىدى ئۇ بىر ئىشلاردىن سەل بىئارام بولغاندەك كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— قايسى ئايشەمخان؟

— ھېلىقى دوختۇرچۇ، بالام؟

— ھە، ئۇ ئايالنىڭ ئىسمى ئايشەمخانمىدى؟ — مەن بوغۇزۇمغا كەپلىشىپ تۇرغان يىغامنى ئامالىنىڭ بارىچە ئانامدىن يوشۇرۇپ، قايتىلاپ سورىدىم، — ئۇ ئايال باشقا بىرنەرسىغۇ دېمە-

دى، ئانىلىرى دورىنى ۋاقتىدا ئىچىپ بەرسۇن، پۇت ـ قولىنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ بەرسىلە، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدىغۇ شۇ.

ئانام ئاچچىق كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ كۆز ئەتراپىدىكى قورۇقلار يەنىمۇ كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

ــ هويلىغا شۇنداق ئوبدان ئاپتاپ چۈشۈپتۇ، هاۋامۇ ياخشى ئىكەن، بىردەم هويلىدا ياتامدىلا، ئانا؟

ئانام بېشىنى لىڭشىتتى. مەن ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ هويلىغا ئېلىپ چىقتىم. پەرۋىشسىز قالغان تال باراڭلىرى چالداپ كەتكەن بولۇپ، قۇرۇشقا باشلىغان پىلەكلەر ئارىسىدىن هويلىغا كۈن نۇرى ئوبدان چۈشەتتى. مەن ئانامنىڭ دىماغىنى ئېچىشتۇرىدىغان قانداقتۇر بىر خىل پۇراق ئۆرلەپ تۇرغان يوتقان ـ كۆرپىسىنى ئېلىپ چىقىپ هويلىدىكى سۇپىغا سالدىم ۋە ئانامنى ياتقۇزۇپ قويدۇم. كۈن نۇرىنىڭ قىزدۇرۇشى بىلەن كېچىچە كۆز يۇممىغان ئانامنى مۈگدەك بېسىشقا باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ رىتىملىق پۇشۇلدىغان تىنىقى ئاڭلاندى. ئانام ئۇخلاپ قالغانىدى.

مەن ئانامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، گىرىلدىشىۋاتقان چىۋىنلارنى قورۇغىنىمچە ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يۈزىگە قارىدىم. دوختۇرنىڭ دېگەنلىرىنى ئەسلەپ مېنى يەنە يىغا تۇتتى. مەن ئاۋاز چىقارماسلىققا تىرىشىپ ئىچىمدە يۇم ـ يۇم يىغلىدىم. بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ، بىرەر قېتىممۇ راھەت كۆرەلمىگەن ئانامنىڭ ئارمان بىلەن شۇنداقلا كېتىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلىسام، تەقدىرنىڭ بۇنچە بېخىللىقىغا ئاچچىقىم كېلەتتى. مەن يىغلاپ ئولتۇرۇپ ئانامنىڭ لاتا قونچىقىنى بۆشۈككە بۆلەپ ئەللەي ئېتىپ ئوينىغان باللىق چاغلىرىنى تەسەۋۋۇر قىلدىم، تالالىق بولۇپ مېنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقۇزغان ۋە چوڭ قىلغۇچە تارتقان كۈلپەتلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۇم. دادامدىن ياشلا تۇل قېلىپ، بۇ دۇنيادا تارتمىغان كۈنلىرى قالمىغان بىچارە ئانام مانا ئەمدى توپىغا مىلىنىپ ئازاب تارتىۋاتىدۇ. مەن بولسام ياش تۆكۈشتىن باشقىنى قىلىپ بېرەلمىدىم. ئۆزۈمنىڭ يارامسىزلىقىغا

بەكمۇ ئۆكۈندۇم. ئانام ئۇخلاپ ياتقان شۇ پەيتتە سۇ ئىسسىتىپ تەييار قىلدىم، سۇزگۈچ ـ تارغاقلارنى تېپىپ قويدۇم. پەقەت ئانام ئويغانسىلا ئۇنىڭغا پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئادا قىلىپ، چېچىنى تاراپ قويىمەن. كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىمەن. ئانامنىڭ ھالىدىن قولۇمدىن كېلىشىچە خەۋەر ئالىمەن...

ئانام بىر ـ ئىككى سائەتتەك ئۇخلىدى. تال پېلەكلىرى ئارىسىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرىدا ئۇنىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى بىرئاز نۇرلانغاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئانامنىڭ بۇنچە تېز يىقىلىپ قېلىشىنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم، ھېلىمۇ ئېسىمدە، ئانام شۇنچىلىك تىرىشچان ئايال ئىدىكى، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىغا كەلگەندە، قومۇشكۆلدىكى مەن ـ مەن دېگەن ئەرلەردىن قېلىشمايتتى. مەھەللىدە «خوتۇن ئالارمەن بولساڭ، شازادىخانىدەكىنى ئال» دېگەن گەپ تارقالغانىدى. ئۆي ئىشىغا كەلگەندىمۇ ئانام شۇنچىلىك زېرىپ، شۇنچىلىك گىجىڭ ئىدىكى، كۆز كۆنلىرى يېتىپ كېلىپ، دەل ـ دەرەخلەرنىڭ غازاڭلىرى چۇشۇشكە باشلىغاندا، تاكى غازاڭلار پۈتۈنلەي چۈشۈپ بولمىغۇچە ئۇنىڭ قولىدىن سۈپۈرگە چۈشمەيتتى. بىر تال غازاڭ چۈشسە، بىرتالنى سۈپۈرەتتى. قاچا ـ قومۇچلارنى پاكىز يۇيۇپ، تامدىكى ئويۇقلارغا رەتلىك تىزاتتى. ئىشقىلىپ، ئانام تىنىمسىز ئايال ئىدى. مانا ئەمدى... كېسەللىك ئۇنى يىقىتىپتۇ. شۇ تاپتا بىرى يۆلىمىسە راۋۇرۇس ماڭالمايدىغان ھالغا كېلىپ قاپتۇ. دوختۇرنىڭ دېگىنىدىن قارىغاندا، بۇ كېسەللىك جاننى ئالمىغۇچە بولدى قىلمايدىغان ئوخشايدۇ. ئانامدىن ئايرىلسام قانداقمۇ قىلارمەن؟ ئانا دەپ كىمنىڭ پېشىگە ئېسىلارمەن؟

مۇشۇلارنى ئويلاپ گېلىمدىن نانمۇ ئۆتمىدى. ئانامنىڭ ئاخشامقى زاغرىنى يۇتقاندىكى قىينالغان ھالىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. يۇمشاقراق، گالدىن ئوڭايراق ئۆتىدىغان بىرنەرسە ئەكېلىپ بېرەي دېسەم، يانچۇقتا بىر پۇل يوق. «پۇل بولمىسا، ئوغۇل بالا ئەمەن پۇرايدۇ» دېگىنى راست

ئىكەن، سويغان پىيازدەكلا تۇرقۇمدىن نومۇس قىلىپ باش ـ كۆزۈمگە مۇشتۇمۇم بىلەن نەچچىنى ئۇرۇۋەتتىم. يوقسۇزلۇقنىڭ بۇنچە قاتتىقلىقىنى پەقەت ئانام يىقىلغاندىلا ھېس قىلغانىدىم. شۇنىڭغىچە ئانام مېنى بىرەر قېتىممۇ موھتاجلىق كوچىسىغا باشلاپ باقمىغانىدى.

ئانام بىر خىل پۇشۇلداپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ھويلا ئالدىغا چىقتىم. توپىلىق يولدا ھېچكىم يوق، ھەممەيلەن ئېتىزغا كېتىشكەنمىكىن، غېرىبانە كوچا چۆلدەرەپ قالغانىدى. پەقەت كوچىنىڭ نېرىقى تەرىپىدە بىرنەچچە توخۇ پوكىنىنى توپىغا ياققىنىچە پاخپىيىپ يېتىشاتتى. مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي تەمتىرەپ قالغانىدىم. شۇنچە كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايتتىمۇ، قولۇمدىن ھېچقايسىسى كەلمەيتتى. مەن ھويلىغا يېنىپ كىرەي دەپ تۇرۇشۇمغا كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا بىر تاغار ئوت يۈدۈۋالغان بىرى پەيدا بولدى. مەن خۇددى ئادەمزاتسىز قورغاندا يالغۇزلۇق جېنىغا پېتىپ، ھەممىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ تۇرغان ئادەمگە بىر مۆجىزە كۆرۈلگەندەك خۇشال بولدۇم. لىققىدە ئوت قاچىلانغان يوغان تاغار ھېلىقى ئادەمنىڭ تولىمۇ ئاستا ئېلىنىۋاتقان قەدىمگە ماس ھالدا ئىككى تەرەپكە بوش چايقىلىپ تۇراتتى. يوغان تاغارنىڭ ئاستىدىن يەرگە ئېڭىشكەن كىچىككىنە باش كۆرۈنەتتى. ئارىلىق قەدەممۇ قەدەم قىسقىراپ، ئاخىر قوشنىمىز نىساخان ئانىنىڭ ئاقارغان چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ياغلىقسىز بېشى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولدى. مەن ئىتتىك بېرىپ، ئايالنىڭ يەلكىسىدىن تاغدەك باسقان ئېغىر تاغارنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇ ھەيران بولغاندەك بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا بىر قارىدى ۋە كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكىنىچە ئەھۋال سورىدى:

— ۋاي تاشپولاتجان بالامۇ سەن؟ ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ ياكى يەردىن ئۈندۈڭمۇ؟ قاچان كېلىۋالدىڭ، جېنىم بالام؟ تۆنۈگۈن ئاناڭنى يوقلاپ كىرگىنىمدە يوق ئىدىڭغۇ؟

— كېچىدىن كەلدىم، ئىساخان ئانا. قانداق، ئۆزلىرىمۇ ئوبدان تۇردىلىمۇ؟ ئۆي ئىچى تىنچ، تەنلىرى ئوبدان تۇرۇۋاتامدىلا؟

— ئېمىسى ئوبدان بولىدۇ، جېنىم بالام؟ قېرىغاندىمۇ مۇشۇنداق يوغان تاغارنىڭ ئاستىدا ئۆمىلەكلەپ يۈرىيمەنغۇ مانا، — دېدى ئايال تېخىچە ھاسىراپ تۇرۇپ، — ھە راست، بۈگۈن ئاناڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ سېنى كۆرۈپ جېنى ياشىرىپ كەتكەندۇ بىچارىنىڭ؟

— ئىشقىلىپ، يامان ئەمەس، — دېدىم ئۇنىڭدىن كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپ، — ھويلىغا ئېلىپ چىققانىدىم، ئىسسىق بېسىپ ئۇخلاپ قالدى.

— ھەرنېمە بولسا قايتىپ كەپسەن، ئوبدان بالام. بىچارىنىڭ بىر كۆزى يولۇڭدا ئىدى، تاشپولاتجان بالام، تاشپولاتجان بالام دەپ سېنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. يامان چاغدا قېشىدا تۇرۇپ بەر، ئوبدان بالام، ساۋابى بولىدۇ.

— ئەمدى ھەرگىز كەتمەيمەن، بىرى بېشىمنى ئالىدىغان ئىش بولسىمۇ ئانامنىڭ يېنىدىن كەتمەيمەن، — دېدىم بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

— ئاناڭ ناشتا قىلدىمۇ؟

— ئۆيدە قاتتىق زاغرىدىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق ئىكەن، گېلىدىن ئۆتمىدى.

— ئەمىسە سەن ئاناڭنىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇر. مەن تاغارنى بىر قېقىشتۇرۇپ باقاي، ھېچبولمىسا ئاناڭغا بىرەر پىيالە ئاش بولغۇدەك بۇغداي ئۇنى چىقىپ قالار. ئاشنى ئېتىپلا ئارقاڭدىن كىرىمەن.

— رەھمەت، ئىساخان ئانا، — دېدىم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق ھېسسىياتىم بىلەن بېقىپ. مەن لىققىدە ئوت تىقىلغان تاغارنى ئۇنىڭ ئۆيىگە ئەكىرىپ بەردىم.

ھويلىغا كىرگەن چېغىمدا ئانام ئويغانغانىكەن. تەكىيىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ يولۇمغا قاراپ ئولتۇرۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ

چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتتى. ئانام مېنى يېنىغا چاقىرىپ قول ئىشارىسى قىلدى. مەنمۇ رايىش قوزىدەك ئانامنىڭ يېنىغا كېلىپ، تىزلىنىپ ئولتۇردۇم.

— سېنى كۆنىنىڭ يورۇقىدا ئوبدانراق بىر كۆرۈۋالاي، جېنىم بالام، — دېدى ئانام ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — بىرئاز جۇدەپ قاپسەن، كۆز نۇرۇم. بەكلا جاپادا قالغان ئوخشايسەن، كۈنۈڭ قاتتىق ئوخشايدۇ، جېنىم بالام.

مەن ئانامنىڭ كۆكسىگە بېشىمنى قويۇپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم.

— ئۆزلىرى مۇشۇ هالدا تۇرۇپمۇ مېنىڭ غېمىمنى يەۋاتامدىلا، جېنىم ئانا، — دېدىم ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — سىلىنى يالغۇز قويغىنىمنى ئويلىسام ئۆزۈمنى پارە - پارە قىلىۋەتكۈم كېلىدۇ. مېنىڭدىن هەرگىز ئەنسىرىمىسىلە، بىزنىڭ مەيداننىڭ ئىشلىرى سەل ئېغىر بولغان بىلەن، ئاش - تامىقىمىز جايىدا، بىر كۈندە بىر ۋاخ قوناق تامىقى، ئىككى ۋاخ بۇغداي تامىقى ئېتىپ بېرىدۇ. نېمە يەيمىز دېسەك، شۇ تەييار. بىراق، ئەمدى سىلىنىڭ قاشلىرىدىن هەرگىز كەتمەيمەن، جېنىم ئانا، يانلىرىدا تۇرۇپ هاللىرىدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن. هە راست، ئىسسىق سۇ تەييارلاپ قويغان، باشلىرىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ قوياي، ئانا.

ئانام كۆزلىرىگە ياش ئالغىنىچە شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى تارغاق تەگمەي كىگىزدەك پېشىقىپ كەتكەن چېچىنى قاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مىننەتدارلىق ئۇچقۇنلىرى پارلىدى. مەن ئانامنى سۈپىنىڭ لېۋىگە ئولتۇرغۇزۇپ، سەل ئېپىشتۇرگەندىن كېيىن چۆگۈندىكى ئىسسىق سۇنى بېشىغا ئاۋايلاپ قۇيۇشقا باشلىدىم. دېمىسىمۇ ئانامنىڭ چېچى بەكلا كىرلىشىپ كەتكەندى. مەن ئۇنىڭ چاچلىرىنى هۆللىگەندىن كېيىن، توقاچسوپۇننى ئاۋايلاپ سۈرۈپ، بوشقىنا تاتىلاشقا باشلىدىم. مېنىڭ بۇ هەرىكىتىم ئانامغا بەكلا خۇشياقتان بولسا كېرەك، بېشىدىن سارقىپ چۈشۈۋاتقان قاپقارا سۇغا قارىغىنىچە توختىماستىن ماڭا دۇئا

قىلىشقا باشلىدى.
— رەھمەت، بالام، خۇدايىم قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، ياخشىلىققا ياخشىلىق دەپتىكەن، مەندىن يانمىسا بالىلىرىڭدىن يانار، ئىككىلا ئالەمدە ئەزىز بولارسەن، تاتلىق بالام!
ئانامنىڭ بېشىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، چېچىغا تارغاق سالدىم. بىراق، چىملىقتا كەتمەن يېڭىلگەندەك، پىشىقىپ قالغان چاچلار ئالدىدا تارغاق ئاجىز كېلىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئامالىنىڭ بارىچە ئاۋايلاپ تۇرۇپ تارغاقنى سىلىۋەردىم، شۇنچە ئاۋايلىغىنىم نەدە قالدى، چاچنى تاراپ بولغىنىمدا قولۇمدا بىر تۇتام چاچ تۇراتتى. مەن بەكلا خىجالەت ئىچىدە قالدىم.
— ھېچقىسى يوق، بالام، — دېدى ئانام كۈلۈپ تۇرۇپ، — تارغاق دېگەن ئايال كىشىنىڭ دۈشمىنى، ئۇ ھەر قېتىم مۇشۇندىلىك چاچنى يۇلۇۋالمىسا بولدى قىلمايدۇ. ھە بالام، بېشىم بەكلا قىچىشىپ ئارام بەرمەيدۇ، ئەمدى ماۋۇ سۈزگۈچنىمۇ بىر سىلىۋەتكىنە.
مەن يەنە ئانامنىڭ چېچىغا سۈزگۈچ سالدىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تارغاق كۆرمىگەن چاچلار ھەقىقەتەن پىتلاپ كەتكەنىدى. ھەر قېتىم سالغان سۈزگۈچ بىرمۇنچە پىتلارنى سۈزۈپ چىقاتتى. بۇغدايدەك، تېرىقتەك چوڭلۇقتىكى پىتلارنى كۆرۈپ ئىچىم سىيرىلىپ كەتتى. ئانامنىڭ كېسەلدىن باشقا مۇشۇ قان شورىغۇچى ئىبلىسلارنىڭ قولىدا قانچىلىك ئازابلانغىنىنى ئويلاپ، ئۇلارنى غەزەپ بىلەن ئۆلتۈرۈشكە باشلىدىم. بىرپەستە باش بارمىقىمنىڭ تىرناقلىرى قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى.
— ئۇھ، — دېدى ئانام بەكمۇ رازى بولغان ھالدا بېشىنى سامان تەكىيىگە قويۇۋېتىپ، — رەھمەت، بالام، خۇدايىم رەھمەت قىلسۇن. بېشىم ئەجەب پاختىدەك يېنىكلەپ قالدى، جېنىم بالام.
مەن ئانامنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى بوشقىنا مۇجۇشقا باشلىدىم. دەل شۇ چاغدا نىساخان ئانام بىر

قاچا ئاشنى كۆتۈرگىنىچە ھاسىراپ كىرىپ كەلدى.

— ئوغلىنى كۆرۈپ ئۇسسۇل ئويناپ كېتەمدىكىن دېسەم، يەنە يېتىۋاپلىغۇ؟ — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ. — قوپسىلا شازادىخان، بىر قاچا ئاش ئېتىپ كىردىم، ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا.

— تاشپولاتجان بالام ئىچسۇن، شۇنچە ئۇزۇن يول بېسىپ ئاران بىر كەلگەندە، ئۇنىڭغا بىر باش چامغۇرمۇ قايىنتىپ بېرەلمىگەنىدىم، خاپا بولماي بالامغا بەرسىلە، ئوغلۇم ئىچىۋالسۇن، نىساخان.

بىردىنلا كۆز ياشلىرىم تاراملاپ قۇيۇلۇپ كەتتى.

— ياق، ئانا. ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، شۇ تۇرقىدا قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمەي بېشىمنى تامغا ئۇرغۇدەك بولۇۋاتىمەن. مەن دېگەن ياش، تاش يېسەممۇ سىڭىدۇ. مەندىن غەم قىلمىسىلا. قېنى باشلىرىنى كۆتۈرسىلە، ئاشنى يەنىلا سىلى ئىچسىلە.

نىساخان ئانام تەكىيىنىڭ يېنىغا داستىخان سېلىپ، قاچىنى جايلاشتۇردى.

— تاشپولاتجان بالام توغرا دەيدۇ، شازادىخان، — دېدى نىساخان ئانام ياغاچ قوشۇقنى پۇۋلىۋەتكەندىن كېيىن، چىنىدىكى ئۇگرىدىن بىر قوشۇق ئېلىپ ئانامنىڭ ئېغىزىغا يېقىن ئەكەلگەچ، — ياش باللا دېگەن نېمە بولسا كۆردۇم دېمەي سوقۇۋېرىدۇ. بىراق، سىلى كېسەلچان، قاتتىق - قۇرۇق قالسىلا بولمايدۇ. قېنى، ئېغىزلىرىنى يوغانراق ئاچسىلا...

مەن بىر چەتتە تۇرۇپ ئانامنىڭ ئاش ئىچىشىگە نەزەر سالدىم. ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا مەندە ئىدى. ماڭا قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گېلى سىقىلغان بولسا كېرەك، بىرنەچچە قوشۇق ئىچىپلا يەنە ماڭا يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

— جېنىم بالام، بوران ئۇچۇپ تۇرغان بۇ ئۆيدە گېلىڭدىن ئۆتكۈدەك ھېچنېمە يوق. مېنى خۇش بولسۇن دېسەڭ، ئاشنى يەنىلا سەن ئىچكىن، ئوماق بالام. مەن دېگەن يەيدىغاننى يەپ، كىيىدىغاننى كىيىپ، ئۆمرۈمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن.

كۆزۈمگە قاراپ ئولتۇرساڭ بولمايدۇ. قارىغىنا ئەپتىڭگە، ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپسەن. مۇشۇنداق تۇرساڭ كېلىمدىن بىرنەرسە ئۆتەمدۇ، جېنىم بالام؟ ھېچبولمىسا مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن بولسىمۇ ئاشنى سەن ئىچكىن...

— ئانا... — مەن ئىلاجسىز بىر قوشۇق ئاشنى ئىغىزىمغا ئالدىم، — مېنى ئەمدى تەڭلىكتە قويمىسىلا، مەن دېدىمغۇ، سىلىگە ھېچ نەرسە قىلىپ بېرەلمەي كۆزۈمنى پارقىرىتىپ قاراپ تۇرۇپتىمەن. ھېلىمۇ ئالتۇنغا بەرگۈسىز نىساخان ئانامنىڭ بولغىنى. مېنى ئازابلانمىسۇن، ۋىجدان ئازابى تارتىپ قالمىسۇن دېسىلە، ئاشنى يەنىلا ئۆزلىرى ئىچسىلە، جېنىم ئانا.

ئانامنىڭ كۆز جىيەكلىرىدە ياشلار لىغىرلاپ قالدى. ئۇ ئۇم-چەيگەن پېتى ئاشنى ئىچىۋەتتى.

— بالام، — دېدى نىساخان ئانا ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ چىققىنىمدا، — شازادىخان زەيكەش تامنىڭ سۇۋىقىدەك كۈندىن-كۈنگە سىزىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاش - تامىقىنى ئوبدانراق قىلىپ بەرمىسەك ماغدۇرىغا كېلەلمەيدۇ. شۇڭا، سەن سېكرېتارنى بىر ئىزدەپ باقساڭ بولارمىكىن؟ ئىنسابى كەلسە بىرەر چارەك بۇغداي تەستىقلاپ بېرەر. ئۈنچىلىك ئاشلىق دېگەننى چاشقانمۇ ئېلىپ قاچىدۇغۇ؟ بەلكىم سېكرېتار كۆڭلۈڭنى رەت قىلماس. شوخىدەك زاغرا بىچارە مەزلۇمنىڭ كېلىدىن ھەرگىز ئۆتمەيدۇ.

مەن ماقۇل دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتتىم.

چۈشتىن كېيىن بىر خالتىنى قولتۇقۇمغا قىستۇرۇپ سېكرېتارنى ئىزدەپ چوڭ ئەترەت تەشكىلىگە باردىم. ئوڭ - سول يۈزىگە ئۇلۇغۋار شوئارلار يېزىلغان دەرۋازىدىن كىرىپ، يوغان ئىككى ئاشلىق ئامبىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان سېكرېتار ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. بۇ يەردە ئاشلىق ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن تاغارلىرىنى ئاستىغا سېلىپ، سانجاق - سانجاق يېتىپ كەتكەن نۇرغۇن ئادەم تۇراتتى. توپا باسقان چىرايلاردىن موھتاجلىقنىڭ دەردى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. بەلكىم

ئۇلار ئۆيلىرىدە نان دەپ يىغلاۋاتقان بالىلىرىنىڭ نالە ـ زارىنى خىيال قىلىۋاتسا كېرەك، ھەممەيلەننىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئاشۇ روھسىز ئادەملەر بىر ـ بىرىگە گەپ ـ سۆز قىلىشقىمۇ ماغدۇرى يەتمەيۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەنمۇ بۇز خالتامنى يەرگە سېلىپ ئۇلارنىڭ سېپىگە قوشۇلدۇم.

ئالاھازەل بىرەر سائەتلەردىن كېيىن سېكرېتار كەنت قورۇسىدا پەيدا بولدى. مەن ئىلگىرى بۇ ئادەمنى بىرنەچچە قېتىم ئات ئۈستىدە كۆرگەنىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ كۆرپە تەلپىكىنى گەدىنىگە كىيىپ، پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈكنى ئۇزەڭگىگە ئىلىپ مەھەللە يوللىرىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغىمۇ قېرىلىق يېتىپ، قاپاقلىرى ساڭگىلاپ، بۇرۇتىنىڭ ئۇچى ئاقىرىشقا باشلىغانىدى.

ئۇ ئىشخانا ئالدىغا كېلىپ، ئامبار تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇر-غانلارغا مەنسىتمەسلىك نەزىرىدە مۇنداقلا بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن، توپ ئارىسىدىكى بىرەيلەننى چاقىردى:

— ئەخمەت كۆچۈك!

— لەببەي، — مېنىڭ يېنىمدىنلا ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى قوپتى. ئۇنىڭ كاشكاتتا قىرسىمۇ بىر جىڭ گۆش چىقمىغۇدەك ئورۇق بەستى، گىجەكلىشىپ كەتكەن ساقىلى، ياشاڭغىراپ تۇرىدىغان ئورا كۆزلىرى، ھېلىلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۈستىۋاشلىرى ئادەمنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇراتتى.

— يەنە كەپسەنغۇ؟ ھەي بىغەرەز لالما. ئېتىزدا ئىشلەڭ دېسە بېشىڭ ئاغرىيدۇ، لېكىن ھە دېسە ئامبارنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمەيسەن. تېخى ئۆتكەن ھەپتە بۇ ئايلىق نورماڭنى تەستىقلاپ بەرگەنىدىمغۇ؟ ئۆيۈڭدىكى سالمباش خوتۇنۇڭنىڭ قولىدا بەرىكەت يوقمۇ، نېمە؟ ھە دېسە چاترىقىنى چاڭگاللاپ ياتسا بەرىكەت قاچىدۇ مۇشۇنداق. ماڭ، كەت، بېرىپ ئاشلىقنى تېجەپ ئىشلەتمىگەن خوتۇنۇنىڭ سۆڭگىچىگە تەپ! بۇگۇن ساڭا بىر

سەرمۇ ئاشلىق تەستىقلاپ بېرەلمەيمەن.

— جېنىم سېكرېتار، — دېدى ھېلىقى ئادەم پۈكلىنىپ تۇرۇپ، — تۇنۇگۇن قىزىمنىڭ تويىنى قىلغان، بار قوناقنىڭ ھەممىسىنى يارما قىلىپ پولۇ ئەتسەك مېھمانلارنىڭ ئالدىغا بار، كەينىگە يوقلا ئاش بولدى. ئەمدى ئۆيدە بىر چىمدىممۇ بىرنەرسە يوق، يەنە سىلىنىڭ باشلىرىنى ئاغرىتىپ كېلىپ قالدىم. ئۇنداق قىلماي يەنە ئازراق...

— نېمە؟ قىزىمنىڭ تويىنى قىلدىم؟ قايسىسىنىڭ؟ — سېكرېتار كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئالايدى.

— كەنجىسىنىڭ، كىچىك قىزىم ھەلىمەخاننىڭ...

— ئۇ تېخى بويىغا يەتمىگەنغۇ؟ — دېدى سېكرېتار قىزنىڭ چىرايىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقاندەك بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ، — نېمە، بۇرنىدىن پوتلىسى ئېقىپ تۇرىدىغان ھېلىقى جىرتاق قىزىڭ شۇمۇ؟

— دەل ئۆزى.

— «جىرتاق خوتۇن يوتقاندا ياخشى» دەپ ئۇنىمۇ ئەر ئاپتۇ - دە، — سېكرېتار چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى، — خەتنى كىم بەرگەن؟

— چوڭ ئەترەت باشلىقى...

— تىكەن دېگەننى كىرگەن يەردىن ئالغۇلۇق، ئەخمەت كۈچۈك. توي خېتىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، گالغا كەلگەندە مېنى ئاۋارە قىلساڭ قانداق بولىدۇ؟ ياخشىسى قىزىڭنى ئارمىنىغا يەتكۈزگەن چوڭ ئەترەت باشلىقىنى ئىزدە، يارمىغا كەتكەن ئاشلىقنى شۇ بەرسۇن، توي ئىشىڭ بىلەن مېنىڭ ئالاقەم يوق.

— بىراق، ئاشلىقنى سىلى تەستىقلايدىغان تۇرسىلا، سېكرېتار... — ئەخمەت كۈچۈك ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلاندى، — ئامبارچىنىڭ ئالدىدا سىلىنىڭلا تەستىقلىرى ئۆتىدۇ. ئۇنداق قىلماي ماڭا بىر رەھىم قىلسىلا، تۈنۈگۈن كەچتىن بېرى ئۆيدە قازان ئاسالمىدۇق. باللار ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىسۇن.

— ئۆيدە ئۇن تۇگىگەندە ئاندىن ئېسىڭگە مەن كەپتىمەن -دە، — سېكرېتار سوغۇق كۈلۈپ قويدى، — ئىشقىلىپ، ساڭا بېرىدىغان ئاشلىق يوق. كېلەر ئاينىڭ بېشىدا كەل.

سېكرېتار شۇنداق دېگىنىچە ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئىشىكنى گۇم قىلىپ ئېتىۋالدى. ئەخمەت كۈچۈك يەردە يۈكۈنۈپ خېلى بىر چاغقىچە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ساقىلىغا دومىلاپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنىمۇ سۈرتمەستىن، ئاستا قەدەملەر بىلەن ئەترەت قورۇسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ تاغ يۈدگۈزۈپ قويغاندەك مۈكچەيگەن قامىتى يۈرىكىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. جان باقمىقىنىڭ بۇ قەدەر تەسلىكىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈپ ئۆپكەم قازاندەك ئېسىلدى.

سېكرېتاردىن ھېچبىر شەپە يوق. ئىشخانا ئىشىكى ھەم ئېتىپ قويۇلغاندى. مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشخانا دېرىزىسىنىڭ تۈۋىگە كەلدىم. سېكرېتارنىڭ ئىشخانىدا نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن دېرىزىدىن ئىچكىرىگە قارىدىم. خۇدايا تووۋا، سېكرېتار شۇنچە ئادەمنىڭ ئۆزىگە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغىنىدىن خەۋىرى يوقتەك، كارىۋىتىدا خورەكىنى دۈڭ تارتىپ ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ بوغۇزلىنىش ئالدىدا تۇرغان توڭگۇزنىڭكىدەك خارقىرىغان ئاۋازى تاملارنى جىغىلدىتاتتى. مەن ئىشىكنى قاتتىق ئۇرماقچى بولدۇمىيۇ، كۆتۈرۈلگەن قولۇم ھاۋادا توختاپ قالدى. مەنمۇ بىر تىلەمچى، ئۇنىڭ ئالدىغا خالتا كۆتۈرۈپ كەلگەن ھاجەتمەن. شۇنداق بولغاندىكىن، جانابىنىڭ ئۇيقۇسىغا دەخلى يەتكۈزۈپ قويسام، خالتىنى يەنە قۇرۇق پېتى ئېلىپ كېتىشىم مۇمكىن. شۇڭا، ئاچچىقىمغا ھاي بېرىپ، سېكرېتارنىڭ ئويغىنىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم.

ئەسلى ئورنىدىن سەل پەسلىگەن قۇياش ئاشلىق ئامبىرىنىڭ بۇرجىكىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغانلار ئارىسىدا پىچىرلاشلار كۆپەيدى. ھەممەيلەن ناۋادا سېكرېتار ئويغانماي تۇرۇپ كەچ كىرىپ كەتسە، ئامبارچىنىڭ ئىشككە قۇلۇپ سېلىپ

كېتىپ قېلىشىدىن ۋايىم يېمەكتە ئىدى. بىر چاغدا ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلىپ، سېكرېتارنىڭ مايلاپ قويغاندەك پارقىرايدىغان سېمىز يۈزى كۆرۈندى. ھەممەيلەن «ئۇھ»دەپ يېنىك تىنىشتى.

مەن خالتىنى كۆتۈرگىنىمچە ئالدىراپ سېكرېتارنىڭ ئالدىغا باردىم. ئۇ ئۈستۈبېشىمغا باشتىن - ئاخىر قاراپ چىققاندىن كېيىن سورىدى:

— كىمنىڭ پۈشتىسەن؟ بۇ يەرگە نېمىگە كەلدىڭ؟

— مەن بەشىنچى ئەترەتتىكى شازادىخاننىڭ ئوغلى. ئىسمىم تاشپولات، ئانام ئاغرىپ يېتىپ قاپتىكەن، شۇڭا ئازراق بوغداي ئەستىقلاپ بېرەمدىكىن دەپ كېلىشىم ئىدى.

— قايسى شازادىخان؟ — سېكرېتار ئانامنى ئەسلىيەلمىگەندەك يەنە ئاسمانغا قارىدى.

— ھېلىقى تۇل خوتۇن، پىلتە جەمەتىدىن بولىدىغان شازادىخان، — ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن بىرىنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ھە، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، — دېدى سېكرېتار پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، — ھېلىقى شاش بايتالدەك تۇتۇق بەرمەيدىغان تۇل خوتۇن شۇمۇ؟ ئاڭلىسام، يېقىندىن بېرى ئۇ ئايال ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشىغا پەقەتلا چىقمايۋېتىپتىمىشقۇ؟

— ئۇ مەزلۇم ھازىر ئېغىر كېسەل، بۈگۈن - ئەتىسىنىڭ تايىنى يوق، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان، — دېدى يەنە ھېلىقى ئادەم.

— سەنچۇ؟ سەن نېمىشقا ئەمگەككە قاتناشمىدىڭ؟

— مەن ھازىر بۇ يەردە ئەمەس، يېكەنلىك مەيداندا قايتا تەربىيە ئېلىۋاتىمەن.

— زىيالىي ياشمەن دېگىن، — سېكرېتار يەنە مىيىقىدا كۈلۈمسىرىدى، — ماڭا قارا، زىيالىي، بىزدە «ئىشلىگەنلەر چىشلەيدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ئاڭلىسام، ھازىر بەزىلەر «كەتمەن چاپقان زاغرا يەر، ئوڭدا ياتقان گىردە» دەپ قوشاق قېتىپ

يۈرەرمىش، بۇ دەل مۇشۇنداق ئىشلارنى كۆرسەتسە كېرەك. سەنمۇ چوڭ يەردىن چۈشۈپ بۇغداي دەپ كەپسەن. بۇ دەل «ئوڭدا ياتقان گىردە يەر» دېگەندەك ئىش ئەمەسمۇ؟

— ئانام ئېغىر كېسەل ئىكەن، يېكەنلىكتىن قايتىپ كەلسەم توپا بىلەن تەڭ يېتىپ قاپتۇ. شۇنداق بولغاندىكىن، ئىشقا چىقالمىغانلىقى راست. ئەمەلىيەتتىمۇ ئىشلىمىگەن ئادەمنىڭ تەشكىلنىڭ ئالدىغا كېلىپ نان دېمىكىمۇ ئاسان ئەمەس. ئەسلىدە بۇغداي دەپ سىلىنىڭ باشلىرىنى ئاغرىتىپ يۈرمىسەممۇ بولاتتى. بىراق، مەن مەڭگۈ ساق ـ سالامەت يۈرەلەيمەن دېگىلى بولمايدىكەن، ئادەم دېگەننىڭ مانا مۇشۇنداق كېسىلى، ئۆلۈم ـ يېتىمى بولىدىكەن. كېسەل ئادەمنى باشقىلار قوشاققا قېتىپمۇ يۈرمەس. ناۋادا سىلىگە تەڭلىك بولمىسا، ئازراق بۇغداي تەستىقلاپ بەرسىلە. بۇ ياخشىلىقلىرىنى ئۆمۈر بويى ئەستىن چىقارمايمەن.

— گېپىڭغۇ خېلى ئورۇنلۇق، — دېدى سېكرېتار بارمىقىنى ئېغىزىغا تىقىپ، چىشىنى كولىغىنىچە، — يەنىلا تەربىيە كۆرگەن ئادەم دېگەن باشقىچە بولىدۇ مانا. بوپتۇ، سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلمىساممۇ بولماس. مۇنداق بولسۇن، بۈگۈنچە ئون بەش جىڭ بۇغداي بېرەي، بۇمۇ بىر نوپۇسنىڭ بىر يىللىق بۇغداي نورمىسىدىن خېلىلا جىق. ئاپىرىپ ئاناڭنى ئوبدان باق. بىراق، بۇنىڭدىن كېيىن بۇغداي لازىم بولسا ئېتىزغا چىقىپ ئىش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇنى ئوبدان ئۇقۇپ قوي. بىزنىڭ چوڭ ئەترىتىمىزدە ئوڭدا ياتقان مەڭگۈ گىردە يېيەلمەيدۇ. بىلدىڭمۇ؟

— گەپلىرىنى قۇلاقتا تۇتىمەن، سېكرېتار، — دېدىم ئۇنىڭغا مىننەتدارلىق نەزىرىمدە قاراپ، — بىراق، سېكرېتار، ئون بەش جىڭ بۇغداينى ئۇسكەنگە قويساق، تاشنىڭ ئارىسىدىن قانچىلىك ئۇن چىقار؟ بولسا يەنە ئازراق قوشۇپ بەرسىلە، كېسەلچان ئانامنىڭ ھالىدىن ئوبدانراق بىر خەۋەر ئېلىۋالاي...

— نېمە؟ — سېكرېتارنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چىرايى

تارتىشىپ قالغاندەك لىپىلداپ كەتتى، ـــ تېخى ئۇن بەش جىڭ بۇغداينى ئاز كۆرۈۋاتامسەن؟ بىلىپ قوي هارامزادە، قومۇشكۆلدە ئەزەلدىن بۇغداي ئوخشىمايدۇ. مۇشۇنچىلىك بۇغداي ئۇچۇن بۇ ئەترەتتىن نۇرغۇن قىزلار باشقا كەنتلەرگە ئەرگە تېگىپ چىقىپ كەتتى. بۇنى بىلەمسەن؟ ناۋادا بۇنى ئاز كۆرسەڭ، سەنمۇ ئاناڭنى بۇغدىيى ئوخشايدىغان، ئۈچ ۋاخلىقىغا ئاق نان يەيدىغان يەرگە ئەرگە بەر، بولسا كادىرغا تەگسۇن. شۇنداق قىلساڭ، ئاناڭمۇ بۇغداي نېنىنى جىقراق يېيەلەيدۇ. ئۇقتۇڭمۇ؟

سېكرېتارنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سېسىق گەپلىرىنى ئاڭلاپ بېشىمدىن تۇتۇن چىقىپ كەتتى. ئاچچىقىم غەزەپ كەلگەن بولسىمۇ، يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. مەن باشقا گەپ ـ سۆز قىلماستىن سېكرېتار بەرگەن تەستىق قەغىزىنى ئېلىپ ئامبار تەرەپكە ماڭدىم. ئارقامدىن كىشىلەرنىڭ كۇسۇرلىشىپ بىرنەرسىلەرنى دېيىشكىنى، پىخىلداپ كۈلۈشكىنى ئاڭلاندى.

ئۇن بەش جىڭ بۇغداي خالتىغا ئالغاندا مۇشۇكنىڭ بېشىچىلىك كۆرۈنگىنى بىلەن، بايىقى سېسىق گەپلەر ئېسىمگە كەلگەندە تاغدەك ئېغىر بىلىندى. مەن خالتىنى يۈدۈپ ئەخمەت كۈچۈكتىنمۇ بەتتەر مۈكچەيگىنىمچە كېتىۋاتىمەن. يول بويلىرىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ لەرزان لىڭشىپ تۇرغان غازاڭلىرى، هوسۇلسىز ئېتىزلاردىكى چۈژگۈن ئوتنى ئەسلىتىدىغان بۇغدايلار، قىر ئەتراپىدىكى گۈللىگەن يۆگىمەچ ئوتلار، قۇرۇق شاخ ـ شۇمبىلارغا ياماشقان، يىڭناغۇچلار قونۇۋالغان چىڭگىلىكلەر نەزەر دائىرەمنىڭ سىرتىدا قالغاندى.

مەن بۈگۈن تۈنجى قېتىم باشقىلارغا يېلىندىم ۋە يىندىن سېسىق گەپلەرنى ئاڭلىدىم. كۆز ئالدىمدا قۇرۇق تاغارنى قولتۇقىغا قىسىپ، ساقاللىرىغا دومىلاپ چۈشكەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈشكىمۇ قولى بارماي چىقىپ كېتىۋاتقان ئەخمەت كۈچۈك پەيدا بولدى. مانا موهتاجلىق! مۇشۇ يېشىمغىچە ئانام ماڭا بۇنداق ئېغىر كۈننىڭ تەمىنى تېتىتىپ باقمىغانىدى. بۈگۈن مەن

ھەممىنى چۈشەندىم. زاماندىن بەرىكەت قاچقاندا. ئادەمنىڭ چەكلىك ھاياتىدا بۇنداق دىشۋارچىلىقلار ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدىكەن. كىملەرنىڭدۇر ئالدىدا بويۇن قىسىدىكەنسەن، كىملەردىندۇر شەپقەت تىلەيدىكەنسەن. بەزىدە ئېرىشكىنىڭ كاچىتىڭغا سالغاندىنمۇ ئېغىر ئازاب بولىدىكەن. لېكىن سەن يەنىلا غىڭ قىلالمايدىكەنسەن. خەقنىڭ ئالدىدا قوللارچە ئېگىلمەي ئامالىڭ يوق ئىكەن. جاھاندا بۇنىڭدىن ئېغىر كۈن بولماس!

خالتىدىكى بۇغدايىنى كۆتۈرۈپ ھويلىغا كىرگىنىمدە، نىساخان ئانامنىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى پۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ سېكرېتارنىڭ ئىنسابىغا ئاتاپ قىسقىلا دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇردى.

— ھەرنېمە بولسا قۇرۇق قول ياندۇرماپتۇ بۇ تۆمۈر تىرناق، — دېدى ئۇ خالتىنىڭ تېگىدىكى ئازغىنا بۇغدايغا قاراپ، — ئەمدى مەن ئەترەتتىن كىمنىڭ تۈگمەنگە بارىدىغانلىقىنى بىر تىلىڭ تىڭلاپ باقاي. ناۋادا ئەتە - ئۆگۈننىڭ ئىچىدە تۈگمەنگە ئادەم ماڭغۇدەك بولسا قوشۇپ قويساق، ئۇن قىلىپ ئالغاچ كېلىدۇ.

— يولدا ھاردىڭمۇ، بالام؟ — دېدى ئانام ماڭا كۆيۈنگەن ھالدا، — يا ئېغىلدا بىرەر قوتۇر ئېشىكىمىز. يا كاتەكتە بىرەر كۈرۈك توخۇمىز يوق، ھەممە جاپا ساڭا بولىدىغان بولدى. مېنى دەپ كىمگىمۇ بويۇن قىسقانسەن، ئوبدان بالام؟

مەن سۈپىغا چىقىپ ئانامنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇشقا باشلىدىم.

— سېكرېتار ئاۋازى يۇقىرى، باشقىلارغا ۋارقىراپ گەپ قىلىشقا ئامراق بولغان بىلەن، كۆڭلى يۇمشاق ئادەم ئىكەن، ئانا. جىق تاقارىشىپ يۈرمەيلا ئون بەش جىڭ بۇغداي تەستىقلاپ بەردى. ماڭا ئوخشاش كۈچىگە كېلىپ قالغان ئادەمگە ھېلىغۇ ئون بەش جىڭ ئىكەن، بىر يۈز ئەللىك جىڭ بەرسىمۇ ھاردىم دېمەي يۈدۈپ كېلەتتىم، ئانا.

ئانام كۈلۈمسىرىدى، قورايدەك بارماقلىرى بىلەن يۈزۈمنى سىلىدى.

— راست، سەن كۆچۈڭگە كەلدىڭ، بالام، — دېدى ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ، — يىگىت بولۇپ يېتىلىپ، توي قىلىدىغان ياشقىمۇ يەتتىڭ. بىراق مېنىڭ ھالىم مۇشۇ. ناۋادا مەن يىقىلىپ قالمىغان بولسام، باشقىلاردىن ئۆتنە - يېرىم قىلىپ بولسىمۇ بېشىڭنى ئوڭشاپ قويغان بولاتتىم. بۇ پەرز گەدىنىمگە قەرز بولۇپ يۈكلىنىدىغان بولدى. رەھمەتلىك داداڭنىڭ ئالدىغا قانداقمۇ بارارمەن ئەمدى؟

— ھەرگىز ئۇنداق دېمىسىلە، ئانا، — بۇ كۆزلىرىمگە بەكمۇ ئۆچ بولدۇم، ئازغىنا كۆڭلۈم بۇزۇلسا بىردەمدە يامغۇرنى تۆكۈشكە باشلايدۇ. شۇ تۇرقىدىمۇ مەن كۆز ياشلىرىمنى ئانامدىن يوشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدىم، — سىلى سەللىمازا ساقىيىپ تۇرۇپ كېتىدىلا ، مەن قاشلىرىدا تۇرۇپ ھاللىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئالىمەن. خۇدايىم بۇيرۇسا سىلى خۇددى ياش چاغلىرىدىكىدەك ساغلام بولۇپ كېتىدىلا. ھەرگىز كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا.

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، بالام، — ئانامنىڭمۇ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، — خۇدايىم بۇيرۇسا بىر ساقايسام، ئۇقۇشۇپ يۈرۈپ ئوبدان يەردىن كېلىن تاپسام، ئەتىسى - ئاخشىمى ھال - مۇڭ بولۇپ كۈنىنىڭ سېرىقىنى بىللە كۆرسەك، نەۋرىلىرىم تۇغۇلسا، قۇچاقتىن چۈشۈرمەي بېقىپ چوڭ قىلسام... ۋاي بالام، خۇدايىم شۇ كۈنلەرگە يەتكۈزەرمۇ مېنى؟ بالىغا قانمىغان كۆڭلۈمنى نەۋرىلەر بىلەن سۆيۈندۈرسەم قانداق ياخشى بولاتتى - ھە ! كۆزۈم ئوچۇق چاغدا بېشىڭنى ئوڭشاپ قويسام، ئۆلسەممۇ ئارمىنىم قالمايتتى، جېنىم بالام.

ئانام ھالسىزلىنىپ يەنە جىم بولدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ كەتكەنىدى. مەن ئۆيگە كىرىپ چېلەككە قارىدىم، ئۇنىڭدىكى سۇنى بايا ئىشلىتىپ بولغانىدىم، قۇرۇق چېلەك مەندىن خىجىل بولغاندەك قىڭغىيىپ تۇراتتى. نەزىرىمنى چېلەكتىن بۇلۇڭدىكى قاپاققا يۆتكىدىم. ئانام مۇشۇ قاپاقتىن سۇ ئىچىشكە ئامراق ئىدى. قاپاققا ئېلىنغان سۇ مۇزدەك تۇرىدۇ، دەيتتى ئانام. مەن

قاپاقنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇنىڭدا ئازغىنە سۇ شالاقلايتتى. قارىغاندا، بۇ ئانام كېسەل بولۇپ يېقىلىشتىن ئىلگىرى ئەكەلگەن سۇدەك قىلاتتى.

مەن قاپاقتىن چىنىگە سۇ قۇيدۇم. پەرىزىم توغرا ئىكەن، سۇ لەش پۇراپ قاپتۇ. بۇنداق سۇ كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. شۇڭا، ئۇنى تۆكۈۋېتىپ ئۆستەڭدىن يېڭى سۇ ئەكەلمەكچى بولۇپ هويلىغا چىقتىم.

— ۋاي بالام، قاپاقنى يۇدۇۋاپسەنغۇ؟ قويۇپ قوي، هېلى بىرەرى يوقلاپ كىرىپ قالسا سۇغا بۇيرۇيمەن. ئاۋارە بولما، بالام.

— ئانا، سىلى مېنى مېهمان كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامدىلا؟ — دېدىم پەس ئاۋازدا، — مەن سىلىنىڭ ئوغۇللىرىغۇ؟ مەن تۇرغان يەردە باشقىلارنى سۇغا بۇيرۇسىلا سەت تۇرىدۇ. تۆگىدەك ئوغلىنى ئاياپ بىرنى سۇغا بۇيرۇيدىغان قانداق ئايال بۇ، دەپ سىلىدىن رەنجىپ قالىدۇ. شۇڭا، سۇنى ئۆزۈم ئەكەلگىنىم تۈزۈك. قاپاقتىكى سۇ لەش پۇراپ قاپتۇ. جىنىدەك تۇرۇپ تۇرسىلا، غاچچىدە بېرىپ ئۆستەڭدىن سۇ ئېلىپ كېلەي.

— ۋاي بالام...

مەن قاپاقنى يۇدۇگىنىمچە هويلىدىن چىقىپ كەتتىم. ئەترەتنىڭ باش تەرىپىدە بىز ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان يۇرتلارغا سۇ ئاقىدىغان غول ئۆستەڭ بار ئىدى. بۇ ئۆستەڭدىن قىشمۇ-ياز سۇ ئۈزۈلمەيتتى. كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا سۈيى بەكمۇ تېز ئاقىدىغان بۇ ئۆستەڭگە چۆمۈلۈشتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتۇق. چۈنكى، ئابدۇللا ئىسىملىك بىر بالىنىڭ دادىسى مۇشۇ ئۆستەڭگە بىر شۇڭغۇغانچە قايتىپ چىقمىغان، بوينى ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەتلەرنىڭ يىلتىزىغا كىرىپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكىنىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنىدۇق. مەن سۇنى مۇشۇ غول ئۆستەڭدىن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن يولغا چىققانىدىم.

ئەترەتتىن ئۆستەڭگە تۇتىشىدىغان چىغىر يولدا هېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئۆستىڭنى بىر قات توپا - تۇمان باسقان سۆگەت

غازاڭلىرى ئۈستىدىكى يۈككە بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك
ساڭگىلاپ تۇرۇشاتتى. شامالسىز تىنچىق ھاۋا ھەممە نەرسىنىڭ —
چىغىر يول بويىدىكى لالىلەرنىڭ، خوخا - يانتاقلارنىڭ، قومۇش -
بۈيىلارنىڭ ھالىنى قويمىغانىدى. بۇ ئۆسۈملۈكلەر ئىسسىقتا
لەۋلىرى قۇرۇغان ئانامنىڭ سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى. ھەممە
نەرسىدىن كۈچلۈك تەشنالىق، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم
قىلىدىغان مىسكىنلىك چىقىپ تۇراتتى.

مەن قاپاقنى يۈدۈپ ئۆستەڭ بويىغا كەلگەن ۋاقتىمدا
ئەتراپنى قويۇق گۆگۈم پەردىسى ئۆز قوينىغا ئالغانىدى.
ئۆستەڭدە لۆمشۈپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇ مېنى قارشى ئالغاندەك
تەتۈر دولقۇن ياساپ شارقىراپ كەتتى. كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا
مۇشۇنداق تەتۈر دولقۇنلارنى كۆرسەك، كۈچۈكۈم، كۈچۈكۈم دەپ
چۇقان سېلىپ كېتەتتۇق. مانا ئەمدى ئاشۇ غەمسىز بالىلىق
چاغلار نەلەردە قالدى؟ ئاشۇ دولقۇنلارغا قاراپ يەنە كۆڭلۈم
بۇزۇلدى. مەن چوڭ بولۇپ مۇشۇ دولقۇنلاردىن ئايرىلغاندەك، پات
يېقىندا ئانامدىنمۇ ئايرىلىمەن. بۇ زەربىگە نىسبەتەن مەندە
ھېچقانداق تەييارلىق يوق. شۇ كۈن يېتىپ كەلگەندە قانداقمۇ
قىلارمەن؟ بۇ جاننى نەدىمۇ قويارمەن؟

كۆز ياشلىرىم غول ئۆستەڭنىڭ سۈيىگە تامچىلايتتى. ئۆزۈم
بۇ يەردە بولغىنىمنى بىلەن، روھىم ئېقىن بويلاپ نەلەرگىدۇر ئېقىپ
كېتەتتى. سەرسان روھىمنىڭ نەگە بېرىپ، نەدىن كەلگەنلىكىنى
ئۆزۈممۇ تۇيماي قالاتتىم.

ئۆستەڭ بويىدا قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن.
ئانامنىڭ ئۇسسىغانلىقتىن گەز باغلىغان لەۋلىرىنى كۆز
ئالدىمغا كەلتۈرۈش بىلەن تەڭ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. قاپاقنى
قايتا - قايتا چايقاپ، لىققىدە سۇ ئالغاندىن كېيىن ئالدى - ئارقامغا
قارىماستىن تېز - تېز مېڭىشقا باشلىدىم. ئۆيگە كەلگەن
چېغىمدا نىساخان ئانامۇ خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئانامنى
قولتۇقلاپ ئۆيگە ئېلىپ مېڭىۋېتىپتۇ. مېنى كۆرۈپ بېشىنى

لىڭشىتىپ قويدى.
ئۆيگە جىنچىراغ يېقىلدى. پىلىكى چېچەكلەپ، چاراسلاپ
كۆيۈۋاتقان بۇ چىراغنىڭ مۇشۇ ئۆيگە قاچان پەيدا بولغىنىنى
بىلمەيمەن. مەنمۇ مۇشۇ چىراغ يورۇقىدا چوڭ بولغانىدىم،
ئۇنىڭدىن چىققان نۇر بىلەن دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان قارا
ئىسلار ماڭا بەكمۇ سۆيۈملۈك تۇيۇلاتتى. مەن قاپاقنى بۇلۇڭدىكى
ئورنىغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن بىر چىنە سۇ قۇيۇپ ئانامغا
سۇندۇم.
— ئاۋۋال مېھماندىن كەلسۇن. بالام، — دېدى ئانام نىساخان
ئانامنى ئىشارەت قىلىپ.
— ۋاي شازادىخان، بىز دېگەن قاچانغىچە مېھمان؟ ئەجەب
بىر گەپ قىلدىلىيا ماڭا؟ كىچىككىمىزدىن باشلاپ يېلىمنى بىللە
كولاپ چوڭ بولغان قېرىلار تۇرساق، يەنە مېنى مېھمان ئورنىدا
كۆرگەنلىرى نېمىسى؟ ئىچىۋەرسىلە، جان كۆيەرلىرىنىڭ كۆڭلى
قالمىسۇن، مەن ئۇسسىمىدىم، ئۇسسىسام بۇ ئۆيدىكى قاپاق بىلەن
ئۇرۇشۇپ قالغىنىم يوق، قاپاقنى يېنى قىلىمەن - دە، ئۆزۈم
قۇيۇپ ئىچىۋېرىمەن.
— ئىت - مۇشۇكلەردەك خىرقىرىشىپ يۈرگەندىن بىر
ئۆمۈر مېھماندەك ھۆرمەت - تەۋازۇ بىلەن ئۆتكەن ياخشى،
نىساخان، — دېدى ئانام ھاسىراپ تۇرۇپ، — ھېلىمۇ يېنىمدا
سىلى بار ئىكەنلا، «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا»
دېيىشىدىكەن، يىراق مېنىڭ يىراقتا تۇغقىنىممۇ يوق. تۇغقانمۇ
سىلى، قوشنىمۇ سىلى، مېنىڭ مۇشۇ ئوغلۇم بىلەن سىلىدىن
باشقا ھېچنېمەم يوق.
— شۇنداقتىمۇ مېنى مېھمان ئورنىدا كۆرۈپ خىجىل
قىلىسىلا بولمايدۇ - دە، — نىساخان ئانام ئۆز گېپىدە چىڭ
تۇردى.
ئانام بىرئاز ئوڭايسىزلانغاندەك چىنىدىكى سۇدىن بىرنەچچە
يۇتۇم ئىچتى.

— ئاياغ رەتتىكى ھاشىم موزدۇز ئەتە تۇگمەنگە بارىدىكەن، — دېدى نىساخان ئانام ماڭا يۈزلىنىپ، — بۇغداينى شۇ كىشى يۆمشاتقاچ كېلىدىغان بولدى. ئاپىرىپ بېرەيمۇ، بالام؟

— سىلىنى يەنە ئاۋارە قىلىمەنمۇ، نىساخان ئانا؟ ئۆزۈم ئاپىرىپ بەرسەم بولماسمۇ؟

— ۋاي بالام، مۇشۇ گەپنى بىر قىلىشمىساق قانداق؟ — نىساخان ئانام بىر ئاز رەنجىپ قالغاندەك دومسايدى، — بىز قاچانغىچە مۇشۇنداق قۇرۇق تەكەللۇپ بىلەن جېنىمىزنى قىيناپ، قىسىلىپ - قورۇنۇپ يۈرىمىز؟ سەن ئېلىپ بارساڭمۇ ھاشىم موزدۇزنىڭ ئۆيىنى تاپالامتىڭ؟ سېنىڭ قومۇشكۆلدىن كەتكىنىڭگە شۇنچە يىل بولدى. سەن ماڭغاندا پوتلاڭ ئېقىپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بالا ئىدىڭ، مانا ئەمدى بۇرۇتى خەت تارتقان يىگىتكە ئايلىنىپسەن. سەن بارساڭ، ھاشىم موزدۇز سېنى تونۇمدۇ - تونۇمامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى بۇغداينى مەنلا ئاپىرىپ بېرەي. ھە راست، بۇغداينى بۇ قېرى ئېلىپ كەتسە، يولدا يېرىمىنى ئېلىۋالار دەپ ئەنسىرىدىڭمۇيا؟

— تۇزۇك گەپ قىلسىلا نىساخان، — بۇلۇڭدىن ئانامنىڭ رەنجىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، — مەن ئاغرىپ ياتقان مۇشۇ نەچچە ئاي ئىچىدە سىلىنىڭ تۇز - تائامىلىرىدىن قانچىلىك يىگىنىمنى ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن. سىلى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بۇنچىلىك بۇغداي دېگەن نېمىدى؟ مېنىڭ ئوغلۇم ئۇنداق دەيدىغان بالا ئەمەس.

— ئەمىسە بۇغداينى مەن ئاپىرىپ بېرەي، — دېدى نىساخان ئانام كۈلۈپ قويۇپ، — سەن ئاناڭغا قاراۋەر، بالام. بىر ئىشلار بولسا مېنى چاقىرارسەن. «ھۆيت» دېسەڭلا بۇ ئۆيگە ئۇنۇپ بولىمەن.

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە ھويلىغا چىقىپ، سۇپىغا تاشلاپ قويۇلغان خالتىنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى. مەن ئۇنى ئۇزىتىپ ئىشىك ئالدىغىچە كەلدىم. نىساخان ئانام «بولدى كىرىپ كەت»

دېگەندەك قول ئىشارىسى قىلىپ، قاراڭغۇلۇققا پاتقان كوچىدا كۆزدىن غايىب بولدى.

مەن ئانامنىڭ يېنىغا قايتىپ كىردىم. ئۇ ھاردۇق يەتكەن جىسمىنى كۆرپىگە تاشلاپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ جىمجىت ياتاتتى. شەپەمنى سېزىپ ئىتتىكلا كۆزىنى ئاچتى ۋە ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

— قورسىقىڭ ئاچتىمۇ، بالام؟

مەن ھەئە دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتتىم. بىراق، يەنە شۇ قاتتىق زاغرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى ئانامنىڭ يېيەلمەسلىكىدىن ئەنسىرىدىم.

— ئانا، — دېدىم ئۇنىڭ ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، — سىلى ئورۇنلىرىدا يېتىپ ماڭا قانداق قىلىشنى دەپ بەرسىلە، مەنمۇ ئىككى قولى، ئون بارمىقى ساق ئادەم بولغاندىكىن، قازاننى ئوڭدا ئېسىپ، ئۆز قولۇم بىلەن بىر ئۇماچ ئېتىپ باقاي. ئوخشىسا ـ ئوخشىمىسا قاتتىق زاغرىدىن ياخشىراق. بىللە ئولتۇرۇپ ئاش ئىچەيلى. ماقۇلمۇ، ئانا؟

— چىقىپ باقمىغان تاغ ئادەمگە ئېگىز بىلىنىدۇ، — دېدى ئانام ھاسىراپ تۇرۇپ، — قىلىپ كۆرمىگەن ئىشقا تۇتۇنساڭ جاپادا قالىسەن، بالام. بولدى، ئاۋارە بولما. قىزىق چايغا تۇگۇرسەك، قاتتىق بولسا يۇمشايدۇ. زاغرا بىلەن قورساقنى گوللارمىز، بالام. ئەتىگىچە سەللىمازا ساقىيىپ كەتسەم، ئاشنى ئۆزۈم ئېتەرمەن، جېنىم ئوغلۇم.

— ماقۇل دېسىلە، ئانا. ئادەم قىلغاننى ئادەم قىلالايدۇ. بىر قېتىم بۇزۇۋەتسەم، يەنە بىر قېتىمدا ئۆگىنىپمۇ قالارمەن. تاماق ئېتىش دېگەنمۇ بىر ھۈنەر. بۇ ھۈنەرنى سىلىدىن ئۆگەنگۈم بار، ئانا.

— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئانام بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، — زادى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ دېسەڭ، ئۇمۇ بولغىنى. ھۈنەرلىك ئادەم دېگەن ھېچ ۋاقىت خار بولمايدۇ. خامنى

پىشۇرۇشنى بىلىشمۇ جان ساقلاشنىڭ ئېپىنى بىلگەن بىلەن تەڭ. ماقۇل بالام، ئاۋۋال قازاننى پاكىز يۇيۇپ سۇ قۇيىسەن، ئاندىن كۆك چامغۇرنى يۇيۇپ تازىلايسەن. سۇ قايىنىغاندىن كېيىن چامغۇرنى سىلىپ بىرلا قاينىتىپ ئۇننى چالىسەن، تۇزىنى تېتىپ قاچىغا ئۇسساڭلا بولىدۇ. قېنى ئەمىسە، مەن دىگەندەك قىلىپ كۆرگىن.

مەن ئانامنىڭ دىگىنى بويىچە ئاۋۋال ئوچاققا ئوت قالاپ، قازاننى ئېسىپ سۇنى قايناتتىم. چامغۇرنى سىلىپ ئۇننى چالدىم. تۇزىنى ئانام تېتىپ بەردى. سۇس ئوتتا يېرىم سائەتتەك قايناتقاندىن كېيىن، ئاشنى ھېجىر چىنىلەرگە ئۇستۇم. ئۆي ئىچىنى ئاشقا سالغان پىنىننىڭ خۇش پۇرىقى بىر ئالدى.

— نىساخان ئاناڭغا بىر چىنە ئاش سۇنغىن، — دېدى ئانام ماڭا مىننەتدارلىق نەزىرىدە بېقىپ، — قوشنا ھەققىنى ئادا قىلماي تۇرۇپ ئىچكەن ئاش ئادەمنى ئۇياتقا قويىدۇ. ئوغلۇمنىڭ ئەتكەن ئېشىدىن ئۇ مەزلۇممۇ تېتىپ باقسۇن.

مەن ئاشنى ئېلىپ چىققان ۋاقتىمدا، بىچارە مومايمۇ داستىخان ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ، قۇرۇق زاغرىنى غاجىلاۋاتقانىكەن. ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاشنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قورۇق باسقان چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

— ئاشنى كىم ئەتتى؟ — ئالدىراپ سورىدى نىساخان ئانام.

— مەن !

— ۋاي قىزى يوقتا قىز، ئوغلى يوقتا ئوغۇل بولىدىغان، ئوماق بالام. ئاناڭنىڭ يەنە قاتتىق نان غاجىشىغا قاراپ تۇرالماپسەن ـ دە، — دېدى ئۇ مىشىلداپ تۇرۇپ، — تېخى مەن قېرىنىمۇ نېسىۋىدىن قۇرۇق قويماپسەن، ئىنسابىڭغا بارىكاللا، ئوغلۇم. خۇدايىم ئاناڭنى باققان ئەجرىڭنى باللىرىڭ قايتۇرار، — نىساخان ئانام مېنىڭ ھەققىمدە دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئاشنى قولۇمدىن ئالدى، — كەل، بالام، داستىخانغا ئۆت، ئاشنى بىللە ئولتۇرۇپ ئىچەيلى.

— رەھمەت، ئانامغا ھەمراھ بولاي. نىساخان ئانا. ئۆزلىرى بەھۇزۇر ئىچىۋەرسىلە.

مەن موماي بىلەن خۇشلىشىپ قايتىپ چىقتىم. ئۆيگە كىرگۈچە ئۆز قولۇمدا ئاش ئېتىپ ئىككى ئانامنى خۇش قىلالىغانلىقىمدىن بەكمۇ سۆيۈنۈپ كەتتىم. دۇنيادا نىيەت قىلسىلا قىلغىلى بولمايدىغان ئىش يوق ئىكەن، پەقەت ئىرادە بولغاندىلا ئىش دېگەننى بىر باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدىكەن. ئىلگىرى ھەممىنى ئانام قىلىپ بەرگەچكە، ئاش دېگەن نەدىن كېلىدۇ، كىيىم قانداق پۈتىدۇ، ھېچنېمىنى بىلمەي چوڭ بولغانىكەنمەن. مانا ئەمدى بېشىمغا كەلگەندە، خۇدا بەرگەن ئۆمۈرنى ياشاشنىڭ ئۇنچە ئاسان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. ئانام بىلەن ئاش ئىچىۋېتىپ بىردىنلا ئەخمەت كۈچۈكنى ئەسلەپ قالدىم. شۇ تۇرقىدا ئۇ بىچارە قازاننى نېمە بىلەن قاينىتىۋاتىدىكىن؟ ئۇنىڭ قۇرۇق تاغارنى قولتۇقلاپ، مىڭ پاتمان موھتاجلىقنى يۈدۈپ چوڭ ئەترەت قورۇسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋېلىپ، كۆڭلۈمنى بەكمۇ يېرىم قىلدى.

25

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئانامنىڭ ھالى يامانلىشىپ كېتىۋاتاتتى. گەرچە كۆزىنى ئېچىپ، ماڭا ئۇنى - بۇنى دەپ بېرىپ يېتىۋاتقان بولسىمۇ، تەرەتكە تۇرۇش، يۈز - قولىنى يۇيۇش، ئەتىگەن - ئاخشاملىرى ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئىشلار بىلەن مەلىكە بولۇش جەھەتتە بەكلا قىينىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئانام ئۆز كۈنىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بەزىدە ماڭا كۆرسەتمەي كۆز يېشىمۇ قىلاتتى ھەم ماڭا جېكىلەيدىغانلىرى بارغانسېرى ئاۋۇپ قالغانىدى.

— بالام، — دېدى بىر كۈنى ئەتىگەن مېنى يېنىغا چاقىرىپ ئانام، — ئاللانىڭ ئامانىتىنى تاپشۇرىدىغان ۋاقىت ئاز قالغاندەك تۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا پادىشاھمۇ، ۋەزىرمۇ، ھەتتا قۇل، چەرەندە - پەرەندىلەرمۇ — ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. ھېچكىم ئۆلۈمدىن ئىبارەت مەڭگۈلۈك سەپەرنىڭ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىگەن ئەمەس. شۇنداق كۈنلەر مېنىڭ بېشىمغا كېلىپ قالىدىغان بولسا، ئەلھۆكمىلىللا دېگىن. ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارا تۇتما، ئىساخان ئاناڭغا ياخشى قاراپ قوشىنىدارچىلىقنى جايىدا يەتكۈزگىن. ئاللاتائالا ئىگەم قوشنا ھەققىنى ئادا قىلمىغان بەندىسىنى ياخشى كۆرمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنى ئۆز ئاناڭنىڭ ئورنىدا كۆرگىن. تىرىك دۇنياغا، ئۆلۈك دۇئاغا تويمايدۇ، دېيىشىدىكەن. ۋاقتىڭ يەتسە داداڭ بىلەن مېنىڭ تۇپراق بېشىمنى يوقلاپ، ھەققىمىزدە دۇئا قىلىپ تۇرارسەن. كىشىنىڭ ھەققىگە كۆز قىزارتما، ھالالدىن كەلمىگەن نېمەتكە قول ئۇزارتما، ئۆزۈڭگە راۋا كەلگەننى باشقىلاردىن ئايىما، توغرا سۆزلۈك ئادەم بول. شۇنداق قىلالىساڭ، بىزمۇ گۆرىمىزدە خاتىرجەم ياتالايمىز. بالام، «ئىشى توغرا بولغان خاندىن قورقماپتۇ» دەيدىغان گەپ بار. ساڭا يامانلىق قىلغانلارغا ئىنساب تىلە، قاننى قان بىلەن يۇيۇپ بولماس، ھەرگىزمۇ ئاچچىقىڭنىڭ كەينىگە كىرمە، جېنىم بالام...

ئانامنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ يەنە كۆڭلۈم بۇزۇلدى. مەن بۇقۇلداپ تۇرۇپ ئانامغا ۋەدە بەردىم. ئۇ مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەن ئالقىنى بىلەن يۈزۈمنى سىلاپ تۇرۇپ يەنە گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— بولغۇسى كېلىنىمگە ھېچ نەرسە قالدۇرالمىدىم، خۇدا ئۆمرۈڭنى بېرىپ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولۇپ قالساڭ، ئاشۇ كېلىنىمدىن مەن ئۈچۈن رازىلىق ئالغىن، جېنىم بالام. ناۋادا قول ئىلكىڭدە بولۇپ قالسا، بۇ ئانامنىڭ كۆڭلى ئىدى دەپ ئۇنى خۇشال قىلغىن. ئايال كىشى دېگەن ئاجىز كېلىدۇ، بىھۇدە دەشنام بىلەن كۆڭلىنى چەكمە. داداڭ رەھمىتىمۇ ماڭا بىرەر

قېتىم كۆزنى چوڭراق ئېچىپ قاراپمۇ باقمىغان. ھەر ۋاقىت ئۇنىڭغا سادىق بول، بالا ـ ئۇششاقلىرىڭنى ئوبدان تەربىيىلە. ناۋادا ئۇلار تەربىيىسىز قالسا سورىقى ساڭا بولىدۇ. ئاللا ـ ئىگەم ئىنسابىڭنى بەرسۇن، جېنىم بالام، دېگەنلىرىمنى قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇتقىن.

— ئانا، دېگەنلىرىنى قۇلىقىمدا ئەمەس، بىر ئۆمۈر قەلبىمدە ساقلايمەن، — دېدىم ئانامنىڭ تاتىراڭغۇ يۈزىگە مەڭزىمنى يېقىپ تۇرۇپ، — ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان بۇنداق گەپلەرنى دېمىسىلە، خۇدايىم سىلىگە ئۇزۇن ئۆمۈر ئاتا قىلىدۇ، سىلى ساقىيىپ تۇرۇپ كېتىدىلا، ئانا.

— دېگىنىڭ كېلەر، بالام، — دېدى ئانام چاناقلىرىغا تولغان كۆز يېشىنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتۈپ قويۇپ.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئايشەمخان دوختۇر سومكىسىنى ئېسىپ يەنە كەلدى. ئۇ ئانامنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىچە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. دوختۇرنىڭ چىرايىدا ئەكس ئەتكەن ئۈمىدسىزلىكنى كۆرۈپ، يۈرىكىمگە بىرى يىڭنە سانجىغاندەك تولغىنىپ كەتتىم.

— ئاز قاپتۇ، قوغۇن پىشاي دەپ قاپتۇ، — دېدى ئۇ تالاغا چىققاندا ماڭا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — بەزى تەييارلىقلارنى قىلغاچ تۇرمىسىلا، كېيىن ئالدىراپ قالىدىلا. ھە راست، ئانىلىرىنىڭ بەدىنى بەكلا پۇراپ كېتىپتۇ. مارگانسوپ بىلەن يۇيۇپ بەردىلىمۇ؟

مەن بېشىمنى چايقىدىم. دوختۇرنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى.

— ئۇيات يەرنى مارگانسوپ بىلەن يۇيۇپ بەرگەندە، ئېچىشىشنى پەسەيتكىلى بولاتتى. ئانىلىرىنىڭ بىرەر ئايال تۇغقىنى يوقمۇ؟

— ئانام تىكەندەكلا يالغۇز ئايال، ئۇنىڭ مەندىن باشقا ھېچنېمىسى يوق، — دېدىم يىغىدىن بوغۇلۇپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە دەرھال ئىسسىق سۇ تەييارلىسىلا، مەن بىر قېتىم يۇيۇپ قوياي. بىراق، بۇ يەرگە ھەر كۈنى كېلەلمەيمەن ـ دە. قانداقمۇ قىلارمىز ئەمدى؟

دوختۇر يەنە كەينىگە يېنىپ ھويلىغا كىردى. مەن ئەتىگەن مورا ئوچاقتىكى قوقاسنىڭ ئۈستىدە قويۇپ قويغان چۆگۈننى ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى سۇنى تەڭشىدىم. دوختۇر بىر چىنىگە مارگانسوپ دانچىلىرىنى تاشلاپ ئۈستىگە ئىلمان سۇنى قۇيدى. ھەش ـ پەش دېگۈچە قاچىدىكى سۇ قارامتۇل قىزىل رەڭگە كىردى.

— تەڭشەشنى كۆرۈۋالدىلىمۇ؟ — سورىدى ئۇ ماڭا چىنىنى كۆرسىتىپ. مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. دوختۇر مېنى تالاغا چىقىپ كېتىشكە ئىشارەت قىلىپ ئانامنىڭ يېنىغا باردى. مەن قىيالماسلىق نەزىرىمدە كەينىمگە قاراپ ـ قاراپ دېگۈدەك ھويلا ئالدىغا چىقىپ كەتتىم.

بىر چاغدا دوختۇر ئىشىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەلدى. ئۇ مېنى كۆرۈپ بىرقىسىملا كۆلۈمسىرەپ قويغاندىن كېيىن، سومكىسىنى مورىسىگە تاشلاپ بىرنەچچە قەدەم ماڭدىيۇ، ئىتتىكلا كەينىگە بۇرۇلدى.

— ھەي، بۇياققا كەلسىلە، بالام، — دېدى ئۇ مېنى يېنىغا چاقىرىپ، — ئىشلار سەل بولماي قاپتۇ، ھېلىقى يەر بەكلا شەلۋەرەپ كېتىپتۇ. ۋاقتىدا يۇيۇپ تازىلاپ بەرمىگەندە كېسەللىكنىڭ يامرىشى تېخىمۇ تېزلىشىپ كېتىشى مۇمكىن. ئەڭ مۇھىمى ئانىلىرىنىڭ ئازابى يەنىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. بولسا بىر كۈندە ئۈچ قېتىم، ھېچبولمىغاندا تەرەتتىن كېيىن بولسىمۇ يۇيۇپ بېرىش كېرەك. شۇنداق قىلسىلا تاشقى ئەزانىڭ مىكروبلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، كېسەللىك ئازابىنىمۇ يېنىكلەتكىلى بولىدۇ. بۇنى ئويلىشىپ باقسىلا. سىلى دېگەن ئوغۇل بالا، ھەممە ئىشنى بىر ئۆزلىرى قىلىپ كېتەلمەيدىلا. مەنمۇ ھەر كۈنى بۇ يەرگە كېلەلمەيمەن، ماڭا

قاراشلىق بەش ئەترەت بار، پىيادە يۈرۈپ ئۇلارنى ئارىلىمىسام بولمايدۇ. بولسا ئائىلىرىڭغا قارايدىغان ئوبدان ئايالىدىن بىرنى تاپسىلا ياخشى بولاتتى.

مەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. دوختۇر ئەمىسە گەپ توگىدى دېگەندەك ماڭغا بىر قاراپ قويۇپ يولىغا راۋان بولدى. مەن ئۇنىڭ كەينىدىن قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردۇم ۋە مەڭزىمگە سارقىپ چۈشكەن كۆز يېشىمنى قولۇمنىڭ كەينى بىلەن سۈرتتۇم. شۇ چاغدا ئۆزۈمنىڭ نېمىشقىمۇ ئانامنىڭ ھالىغا يېتەلەيدىغان قىز بولۇپ تۇغۇلمىغىنىمدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم.

قېرىشقاندەك مۇشۇ كۈنلەردە نىساخان ئانام يىراق كەنتتىكى تۇغۇتلۇق قىزنى بېقىش ئۈچۈن كېتىپ قالغانىدى. بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن باشقا كىمگىمۇ دېگىلى بولسۇن؟ كىممۇ تاپتەك پۈرايدىغان ھېلىقى يەرنى يىرگەنمەي، كۆڭلى ئېلىشماي تۇرۇپ يۇيۇپ تازىلىيالايدۇ؟ مۇشۇلارنى ئويلاپ بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قېتىپ كەتكەنىدى. ئىككى كۈن ئۆتۈپ ھېلىقى پۈراق يەنە كۈچىيىپ كەتتى. ئانامۇ قانداقتۇر بىر ئازابتىن تولغىناتتى. ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدە مونچاق - مونچاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغانىدى. ئۇ پات - پات مەندىن دوختۇرنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرەتتى. مېنى يولغا چىقىپ قاراپ بېقىشقا ئۈندەيتتى. مەن ھەممىنى بىلىپ تۇراتتىم. ئانامنىڭ ئازابىنىڭ كۈچىيىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلاتتىم. ئەمما ھېلىقى ئىشنى... يۇيۇپ تازىلايدىغان ئىشنى پەقەتلا تىلغا ئالالمايتتىم. ئانامنىڭ ماغدۇرى بارغانسېرى ئۇزۇلۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ئانا، — دېدىم ئەتىسى زادىلا چىداپ تۇرالماي، — سىلى مېنى مۇشۇ يېشىمغىچە دادامۇ ئۆزلىرى، ئانامۇ ئۆزلىرى بولۇپ بېقىپ كەلدىلە. كىچىكىمدە قانچە قېتىم ئاستىمنى قۇرۇقدىغانلىقلىرىنى، قانچە قېتىم پوق - سۈيدۈكۈمنى تازىلىغانلىقلىرىنى بىلمىسەممۇ، ھېس قىلالايمەن. ھالا بۈگۈنكى

كۆنگـە كەلگەنـدە، مەن ئوغۇل بـولغانلـىقىم ئۈچۈنلا سـىلـىنىـڭ ھالـىلـىرىدىن ئوبدان خەۋەر ئالالـمىدىم. ئەمدى مېنى قىزلىرىنىڭ ئورنىدا كۆرسىلە، دوختۇر قىلغان ئىشنى مەنمۇ قىلالايمەن. ماڭـا رۇخسـەت قىلسـىلا، جېنىم ئانـا. دوخـتۇر ماڭـا ھـەممىـنـى دەپ بەرگەن، يۇيۇپ تازىلاش مېنىڭ قولۇمدىنمۇ كېلىدۇ...

— ياق، جېنىم بالام، ياق، مەن رازى ئەمەس، ئۇنداق قىـلىشقـا يۈزۈم چىدىمايدۇ، — ئانام ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

— ئۇنداق دېمىسىلە، جېنىم ئانا. مەنمۇ سىلـىنى دادامنىـڭ ئورنىدا كۆرگەندەك، سىلىمۇ مېنى قىزلىرى ئورنىـدا كۆرسىلـە، كېسەللىك ئازابلىرىنىڭ كۈچىيىپ كەتكىنىنى سېزىپ تۇرمـاق-تىمەن. مېنى بىر قېتىم قىزلىرى ئورنىدا كۆرۈپ ماقۇل دېسىلـە. مەن سىلىدىن ئۆتۈنەي...

— ياق، بالام، مېنى تەڭلىككە سالما، بەدىنىم سېسىپ ئۆلۈپ كەتسـەم رازىمەنكى، سېنىـڭ ئۇنـداق قىـلىـشـىڭغا مـاقۇل دېيەلمەيمەن. ئۇيات بولىدۇ، جېنىم بالام.

— جېنىم ئانا، — مەنمۇ ئىچ-ئىچىمدىن ئېزىلىپ يىغلاپ كەتتىم، — كېسەلنى يوشۇرغان بىلەن ئۆلۈم ئاشكارا، دەيدىغان گەپ بار، سىلى بۇنداق قىينىلىپ ياتسىلا مەن قانداق چىدايمەن؟ ماڭىمۇ ئىچلىرى ئاغرىسۇن، سىلىنىڭ ئازابلىرىنى يا تەڭ تارتىشىپ بېرەلمىسەم، يا سىلىنىڭ كېسەللىرىگە ئوبدان قارىيالمىسام، بىر چەتتە قاراپ تۇرۇش ماڭىمۇ ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. مېنى قىزلىرى ئورنىدا كۆرسىلىمۇ، ھېلىقى دوختۇر ئايال ئورنىدا كۆرسىلىمۇ مەيلى، ماڭا رۇخسەت قىلسىلا، جېنىم ئانا...

ئانام ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋېلىپ بۇقۇلداپ يىغلايتتى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك ئازابلىق ئىدىكى، يەرزېمىننىڭ سىلكىنىپ، تاغۇتاشلارنىڭ توزغاقتەك توزۇپ كەتمىگىنىگە ھەيرانمەن. ئانام شۇ ھالدا خېلى ئۇزاق يىغلاپ ياتتى. ئۇ

بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ بارماقتا ئىدى.

— ئانا...

ئۇ ھېچنېمە دېمىدى. پەقەت بەدىنىنىڭ بوش سىلكىنىشىلا ئۇنىڭ ھېلىمۇ ئېسەدەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. مەن ئۆيگە كىرىپ، قايسى كۈنى نىساخان ئانام يۇيۇپ بەرگەن بىر ئىشتاننى ئېلىپ چىقتىم. ئۇرغۇن يەرلىرىگە ياماق سېلىنغان ئىشتاننىڭ يەنە تىزلىرى سوزۇلۇپ قالغانىدى. مەن بەكمۇ ئۇڭايسىزلانغان ھالدا ئانامنىڭ ئىشتىنىنى پەسكە تارتتىم. ئانام نېمە ئۈچۈندۇر تىزلىرىنى جۈپلەپ ئىشتاننى چىڭڭىدە قىسىۋالدى ۋە ئازدىن كېيىن قويۇۋەتتى. شۇئان دىماغنى ئېچىشتۇرىدىغان ھېلىقى پۇراق گۈپپىدە ئۆرلەپ چىقتى. مەن ئىسسىق سۇ بىلەن مارگانسوپنى تەڭشەپ، ھېلىقى شەلۋەرەپ تۇرغان يەرنى ئاستا يۇيۇشقا باشلىدىم. كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك قۇيۇلاتتى. ئانامنىڭ كېسەللىنىڭ بۇنچە ئېغىر ئىكەنلىكىنى، يارىسىنىڭ بۇنچە شەلۋەرەپ كەتكەنلىكىنى ئەسلا ئويلىمىغانىكەنمەن. بىر چۆگۈن سۇ تۈگىگۈچە كۆزۈمدىن مىڭ چۆگۈن ياش قۇيۇلدى. ئىشىمنى تۈگىتىپ ئىشتىنىنى ئالماشتۇرۇپ قويدۇم. ئانامنىڭ ئازابى بىرئاز يېنىكلىدىمۇ ياكى تېخىچە خىجىللىق ھېسسىياتىدا پۇچۇلىنىۋاتامدۇ، بۇنىسى ماڭا قاراڭغۇ، ئىشقىلىپ، شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. چۈشتە بىر ـ ئىككى سائەتتەك ئۇخلىغىنىغا قاراپ، قىلغان ئىشىمنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلگەنلىكىنى ھېس قىلدىم.

ئانام ئۇخلاپ ياتقان ئاشۇ ۋاقىتتا مەن ئۇنىڭ ئالماشتۇرغان ئىشتىنىنى پاكىز يۇيدۇم. ئۆگزىگە چىقىپ كۈن نۇرى ياخشى چۈشىدىغان يەرگە يېيىپ قويدۇم. بۇنداق قىلىشىمنىڭ سەۋەبى، بىرى ئىشتان تېز قۇرۇيتتى؛ يەنە بىرى، كۈن نۇرى مىكروب ئۆلتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغاچقا، ئىشتانغا يېپىشىۋالغان مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈپ دېزىنفېكسىيە قىلالايتتى.

سېكرېتار تەستىقلاپ بەرگەن، ھاشىم موزدۇز تارتىپ

ئەكېلىپ بەرگەن بوغداي ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئازلىماقتا ئىدى. ھەر قېتىم خالتىنىڭ يېنىغا بارسام نېمىشقىدۇر قولۇم تىترەپ كېتەتتى. مەن ئۇننى شۇنچىلىك تېجەپ، پەقەت ئانام ئۇچۇنلا سەرپ قىلىۋاتساممۇ، بىراق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارغانسېرى ئاز قېلىۋاتاتتى. بۇگۈن كەچ ئانامغا كۆك چامغۇر سېلىنغان ئۇگرە ئېتىپ بەرمەكچى بولدۇم. ئاشنى پىشۇرۇپ ئانامنىڭ قېشىغا كەلگىنىمدە، ئۇ تېخىچە ياغلىقى بىلەن يۈزىنى يېپىپ ياتاتتى.

— ئانا، — دېدىم پەس ئاۋازدا، — بىر چىنە سۇيۇق ـ سەلەڭ ئاش ئەتكەن، ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا...

ئانام گېپىمنى ئاڭلىمىغاندەك يېتىۋەردى.

— ئانا، ئاش سوۋۇپ قالسا ئىچكۈلىرى كەلمەيدۇ. باشلىرىنى يۆلەيمۇيا؟ قېنى تۇرسىلا، قىزىقىدا ئىچىۋالسىلا.

مەن ئانامنىڭ بېشىنى يۆلىدىم. نېمىشقىدۇر ئۇ ماڭا تىك قارىيالمايتتى، كۆزلىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ قاچاتتى. ئۇنىڭ تېخىچە خىجالەتچىلىك تارتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ، ئۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدىم. ئانام بىرنەچچە قوشۇق ئاش ئىچتى. بىراق، چاينىغان چۆپلەر گېلىدىن ناھايىتىمۇ تەستە ئۆتمەكتە ئىدى. ئۇ ھاسىراپ تۇرۇپ بېشىنى تەكىيىگە قويدى. ئەمدى ئىچمەيمەن، دېگەندەك قولىنى بوشقىنا چايقىدى. مەن ئاشنىڭ ئۇستىگە بىر چىنىنى يېپىپ تەكچىگە ئېلىپ قويدۇم. ئانام تېخىچە ئۇھ تارتىپ ياتاتتى. مەن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى، سىزىپ گۆشى قالمىغان بىلەكلىرىنى ئاستا تۇتۇشقا باشلىدىم. بىر چاغدا ئانامنىڭ زەئىپ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— جېنىم بالام، ئۆز ھاجىتىمدىن ئۆزۈم چىقالماي ئالدىڭدا ئۇياتلىق ئىش قىلدىم. ئىككىلا ئالەم رازى بولغىن، ئوغلۇم.

— مىڭ مەرتەم رازى، ئانا، — دېدىم ئۇنىڭ مۇزدەك ئالىقىنىنى يۈزۈمگە يېقىپ تۇرۇپ، — بۇ ئىشنى ئارتۇقچە ئويلىمىسىلا، دوختۇر ھېچبولمىسا بىر كۈندە ئۈچ قېتىم يۇيۇپ

بەرسەڭلار، كېسەلنىڭ ئازابى يېنىكلەيدۇ، دېگەن. ياتار چاغدا يەنە بىر قېتىم يۆيۈۋېتەيلى، كېچىچە كۆزلىرىگە ئازراق بولسىمۇ ئۇيقۇ كېلەر.

ئانام ئۇندىمىدى، بىراق يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن چىقىرىپ ئۇھ تارتتى.

مەن يەنە ئىسسىق سۇ بىلەن مارگانسوپ تەڭشىدىم. ئانامنىڭ يۈزلىرىنىڭ دالىدا ئېچىلغان چوغلۇقتەك قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىچىم ۋازژىدە ئېچىشىپ كەتتى. ئامال قانچە، دوختۇرنىڭ بۇيرۇغىنى شۇ تۇرسا، ئۇنى ئورۇندىماي بولمايدۇ ـ دە! ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چارە جېنى قاقشاپ تۇرغان ئانامنىڭ ئازابىغا خېلىلا ئاراملىق بەرگەنىدى. شۇڭا، كۆزۈمنى يۇمۇپلا ئانامنىڭ تامبىلىنى پەسكە تارتتىم...

قومۇشكۆلدە ئورما باشلانغانىدى. يىراق ـ يىراقتىن ئورما ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. يەرلىرى زەيكەش، تۇپرىقى ئۇنۇمسىز، ھوسۇلى بەرىكەتسىز بۇ يەرنىڭ ئەلۋەتتە ئورۇپ بولالمىغۇدەك بۇغدىيى يوق ئىدى. بىراق، چۈژگۈن ئوتىنىڭ پۆپۈكىدەك باش تارتقان سوكال قۇيرۇق بۇغدايلار بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۈمىدى، ئارزۇ ـ ئارمىنى ئىدى. ھەممەيلەن بۇغداينىڭ ئوخشىشىنى، كۆپرەك ھوسۇل بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. شامال كېزىپ يۈرگەن شورتاڭ ئېتىزلاردا تازنىڭ كاللىسىدىكى سەخەل تۈكلەرگە ئوخشاش سانىۋالغۇدەكلا بۇغداي مايسىلىرى سارغىيىپ تۇراتتى. ئۇلار گويا ئۆزلىرىنىڭ بۇغداي ئاتالغىنىدىن خىجىل بولۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

ئورمىدىن كېيىن خامان تېپىش باشلىناتتى. ئاپتاپقا سېلىنغان ئۇنچىلەر موما ياغاچنىڭ ئەتراپىغا تەكشى يېيىلاتتى. كوللېكتىپنىڭ كالا ـ ئېشەكلىرى، موزاي ـ تەخەيلىرى بىر ـ بىرىگە چېتىلىپ، خاماننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مومىغا باغلىناتتى. ئۇلاغلارنىڭ ئايىغى ئاستىدىن ئۇنچىلەرنىڭ پاراسلىغىنى ئاڭلىناتتى. ياغاچ ئارا بىلەن مالنىڭ ئايىغىغا ئۇنچە تاشلىناتتى.

قاتار قىلىپ چېتىلغان ئۇلاغلار موما ياغاچنى ئايلىنىپ چۆرگىلەيتتى. چەتتىكى كالىغا مىندۈرۈپ قويۇلغان بالا قولىدىكى ئۇزۇن تايىقى بىلەن ئۇلاغلارنى ھەيدەيتتى. بېشىغا مالىخاي كىيىۋالغان بوۋايلار ياغاچ ئارىسىنى پىرقىرىتىپ، ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىغا ئۇنچە تاشلىغاچ لاي ـ لاي ناخشىسىنى باشلىۋالاتتى. بۇنداق خامان تېپىشنى مەنمۇ ياخشى كۆرەتتىم. بەزىدە لاي ـ لاي ناخشىسى بىلەن ئۇلاغلارنىڭ ئايىغىدىكى ئۇنچىلەرنىڭ پاراسلىغىنىنى تىڭشاپ ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالغان چاغلىرىممۇ بولغانىدى. گەرچە باش ئۇستۇڭدە تىككىدە تۇرۇۋالغان قۇياشنىڭ ھارارەتلىك ئىسسىقى ئادەمنىڭ مېڭىسىنى ئۇماچتەك قاينىتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن خامان تېپىش ماڭا بەكلا كۆڭۈللۈك بىلىنەتتى.

ئانامنىڭ ھالى بەكلا پەسلەپ كەتكەنىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇ ئاش ـ تاماقتىنمۇ قېلىۋاتاتتى. مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى ماڭا تىكىلىپ، كۆڭلىدە ماڭا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىنىڭ بارلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بىرنەرسە دېيىشكە ماجالى يەتمەيتتى. ئانامنىڭ كۆزۈمچىلا سىزىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ئەس ـ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويايلا دېگەنىدىم. دۇنيادا كۆڭلۈك ئەڭ يېقىن ئادىمىڭنىڭ ئۇ دۇنياغا مەڭگۈلۈك سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرغان مىسكىن تۇرقىنى كۆرۈپ تۇرۇشتىن قاتتىق ئازاب بولمىسا كېرەك. يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا چارىسىزلىقىمدىن، ئاجىزلىقىمدىن يىغلايتتىم. ئانامنىڭ قېشىدا تۇرۇپمۇ ئۇنىڭغا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمىگەنلىكىمدىن ئۆكۈنەتتىم. كاشكى، ئانامنىڭ كېسىلىنىڭ ئوندىن بىرىنىڭ دەردىنى تارتىشىپ بېرەلىگەن بولسام، ئۆزۈمنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم سانىغان بولاتتىم. بىراق، مېنىڭ قولۇمدىن ھېچنېمە كەلمىگەنىدى.

ئارىدىن بىرەر ئايچە ئۆتۈپ نىساخان ئانام قىزىنىڭ يېنىدىن قايتىپ كەلدى. بىراق، ئۇ كەلگەندە ئانام ھېچكىمنى

تونۇيالمىغۇدەك هالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بىچارە موماي ئانامنىڭ بېشىدا بىر كېچە يىغلاپ چىقتى. ئۆزى بىلىدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ ھۈرىدى. يولدىن تەمەچ تېرىپ كىرىپ ئىسرىقلىدى. ئىشقىلىپ، ئۆزى بىلىدىغان ھەممە چارىلەرنى قىلىپ كۆردى. پايدىسى بولمىدى. ئاپتاپتا قالغان گۆشتەك سېزىپ، بىر تېرە — بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئانام كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە جىمجىت ياتاتتى. مەن تۈيۈقسىز ئەزرائىلنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالدىم. ئۇ ئانامدىن ئامانەتنى سوراپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەن، ئەمما ئۆيگە كىرىشكە ئالدىرىمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەن ئارىتام قوشنىمىز ھوشۇركام پازىل موللامنى باشلاپ كەپتۇ. موللام ئانامنىڭ بېشىغا ئۆتۈپ بىردەم خەتمىقۇرئان قىلدى، ئاندىن ئانامنىڭ چىرايىغا بىرھازا قارىغاندىن كېيىن، بېشىنى ئاستا چايقاپ قويدى.

— بۇ مەزلۇم بولالماپتۇ، — پازىل موللام نەشە چىلىمدەك خىرىلدىدى، — بىرنەرسىگە تارتىشىپ قېلىپ جان بېرەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ. بىرەر توخۇ ياكى كەپتەر چاغلىق نەرسىنى ئۆلتۈرۈپ قان قىلماق لازىم. شۇنىڭدا ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرماق ئاسانغا توختايدۇ.

— كەپتەر دېگەن بىزنىڭكىدە بار، — دېدى ھوشۇركام مۆلدۈرلەپ تۇرغان ئورا كۆزلىرىنى ئانامغا تىكىپ، — مەن غاچچىدە چىقىپ تۇتۇپ كىرەي. ياراتقان ئىگەم، ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن.

ئۇ پالاقلاپ تۇرغان كالىچىنى سۆرىگىنىچە تالاغا يۈگۈردى.

بىر كەپتەردە قانمۇ قىلىندى. پازىل موللام: «ئاللاھۇ ئەكبەر» دەپ كەپتەرگە ئۆز قولىدا پىچاق سۈردى. تېپىچەكلەپ تۇرغان كەپتەرنىڭ بوغۇزىدىن شۈرۈلداپ قان ئاقتى، ئانام تېخىچە بىھوش ياتاتتى. مەن قانداقتۇر بىر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ ئانامنىڭ يېنىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتىم. شۇ تاپتا مېنىڭ روھىي ھالىتىممۇ ئانامنىڭكىدىن قېلىشمايتتى.

ئەتراپىمدا بولۇۋاتقان ئىشلار كۆزۈمگە كۆرۈنەتتىيۇ، كاللامغا كىرمەيتتى. مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ يەنە بىر ھەپتىنى ئۆزىتىۋەتتىم.

بىر كۈنى ئەتىگەن ئانام كۆزىنى ئاچتى. ئۇ ئاۋۋال ئۆينىڭ تام ـ تورۇسلىرىغا نەزەر تاشلىدى. ئاندىن ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ نەزىرى ماڭا چۈشكەندە، خۇددى ئىزدىگەن نەرسىسىنى تېپىۋالغاندەك ماڭا تىكىلىپ قاراپلا قالدى. ئۇنىڭ چىرايىدا سۇس تەبەسسۇم پەيدا بولدى. ئانام ماڭا قاراپ لەۋلىرىنى ئۆمەللىدى، بىراق ھېچنېمە دېيەلمىدى. مەن ئانامنىڭ بېشىنى قۇچىقىمغا ئالدىم. بىرئاز سارغىيىپ كەتكەن چىرايى بۇگۇن نىمىشقىدۇر نۇرلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ مەندىن كۆز ئۈزمەي خېلى ئۇزاق ياتتى ۋە چىرايىدىكى ئاشۇ تەبەسسۇمنى يوقاتمىغان ھالدا بىرلا سىلكىندى. يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. مەن ئانامنىڭ ئاشۇ سىلكىنىش بىلەن تەڭ ئۇستىخانلىرىنىڭ لاسسىدە بوشاپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. نىساخان ئانام قىسقىلا بىر سۈرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، بېشىدىكى ئاق ياغلىقى بىلەن ئانامنىڭ ئېڭىكىنى تاڭدى. ئاھ خۇدا، ياراتقان ئىگەم، ئانام مېنىڭ قۇچىقىمدىلا جان ئۈزگەنىدى. روھىنىڭ تېنىدىن ئاجرىغانلىقىنى شۇنداق ئېنىق ھېس قىلغانىدىم. ئادەمنىڭ جېنى نېمىدېگەن ئاجىز ـ ھە! ئانام خۇددى دۇتارنىڭ تارىسى ئۈزۈلگەندەكلا بىر سىلكىنىش بىلەنلا بارلىقتىن يوقلۇققا ئۆزىغانىدى. مەن ئىككى قولى كۆكرىكىگە ئېلىپ قويۇلغان، بارلىق ئازاب ـ ئوقۇبەتلەردىن بىراقلا خالاس بولۇپ، خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەكلا تىپتىنچ ياتقان ئانامغا قاراپ يۇم ـ يۇم يىغلىدىم. مېنىڭمۇ روھىم ئانامنىڭ روھىغا ئەگىشىپ نەلەرگىدۇر كېتىپ قالغاندەك ئىدى. ھەممە ئىشلارنى نىساخان ئانام بىلەن ھوشۇركام بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇۋاتاتتى. مەسچىتلەرگە خەۋەر قىلىش، يەرلىك كولاش، جىنازا تەييارلاش دېگەندەك ئىشلارغا ھوشۇركام چاپقانىدى. سۇغا ئېلىش، ئاخىرەتلىك تون تىكىش، خۇشبۇي

نەرسىلەرنى تەييارلاش دېگەندەك ئىشلار بىلەن نىساخان ئانامۇ ئالدىراش بولۇپ كەتكەنىدى. ھويلىدا يەنە مەن تونۇمايدىغان بىرمۇنچە مومايلار، ئاقساقال بوۋايلار پالاقلاپ يۈرۈشەتتى.

ئانام ئاخىر قارا تۇپراقنىڭ قوينىغا كىرىپ كەتتى. ئارمان بىلەن ئوچۇق قالغان كۆزلىرىنى، كېسەللىك چىرماپ بىر تۇتام سۆپۈرگىدەك بولۇپ قالغان ئاجىز تېنىنى، نىساخان ئانام خام خەسىدە تىكىپ بەرگەن ئاخىرەتلىك تونىنى ئېلىپ كۆزۈمدىن مەڭگۈلۈك غايىب بولدى. پەقەت زاراتگاھلىقتا ئانامنىڭ مۇشۇ يەردە بارلىقىدىن دېرەك بېرىپ بىر زومچەك توپا دۆۋىسى پەيدا بولدى. قەبرىنىڭ بېشىغا ئورنىتىلغان يېڭى خادىنىڭ تېخى قۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن غازاڭلىرى تۇپراق بېشىغا چىققان جامائەتكە خوش دەۋاتقاندەك يېنىك شىلدىرلاپ تۇراتتى. مەن گويا روھىم تېنىمدىن چىقىپ كەتكەن ئادەمدەك قەبرە ئالدىدا مىدىر - سىدىر قىلماستىن تۇرۇپ قالغانىدىم. ئانامدىن ھامان بىر كۈنى ئايرىلىدىغانلىقىمنى بىلسەممۇ، جۇدالىقنىڭ بۇنچىلىك ئېغىر بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. ئاھ خۇدا، بۇ ھەسرەتلەردىن يۈرىكىم ۋاسىسىدە يېرىلىپ كەتسە بولماسمىدى؟ شۇنداق بولغاندا جامائەت مېنىمۇ يۇيۇپ - تاراپ، كېپەنلەپ، ئانام بىلەن بىللە كۆمۈپ قويغان بولاتتى. مەن ئانامغا مەڭگۈلۈك ھەمراھ بولاتتىم. ئۇ ئالەمدىمۇ ئانامنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، ھالىدىن خەۋەر ئالاتتىم. پەرزەنتلىك بۇرچۇمنى ئىككىلا ئالەم ئادا قىلاتتىم، كېچە - كۈندۈز مۇڭدىشىپ، بۇ ئالەمدە دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن سىرلىرىمىزنى تۆكۈشەتتۇق...

ھوشۇركام بىلەن پازىل موللام تۇپراق بېشىدا بىر كېچە قۇرئان ئوقۇغاندىن كېيىن، جامائەتنى باشلاپ پاتىھەگە كېلىشتى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ھەممەيلەن ئۆز تىرىكچىلىكىگە كىرىشىپ كەتتى. شامال ھۇۋۇلداپ تۇرغان غېرىبانە ئۆيدە تىكەندەك يالغۇز قالدىم. ئەمدى مېنىڭ يالغۇزلۇق، غېرىبلىق باسقان كۈنلىرىم باشلانغانىدى. مەنمۇ تۇپراق بېشىدا مۇڭلىنىپ ئولتۇرۇپ كۈن

بويى ئانامغا ھەمراھ بولاتتىم. ئاخشاملىرى ئۆيگە قايتقۇم كەلمەيتتى. ئادەم دېگەننىڭ كۆزى، تېگى يوق كۆلنىڭ ئۆزى ئىكەن، يىغلىغانغا يېشى تۈگەپ كەتمەيدىكەن. ئاشۇ بىر زومچەك قەبرىنى قۇچاقلاپ يېتىپ كۆزۈمدىن ئاققان ياشلاردىن كىچىك ئېرىقلار ھاسىل بولغانىدى. كەچ كىرىپ ئاسماندا ئۇششاق يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا باشلىغاندا ھوشۇركام زاراتگاھلىقتا كېلىپ مېنى ئېلىپ كېتەتتى. ھەر كۈنى كەچ نىساخان ئانام مېنى يوقلاپ، گېلىمدىن ئۆتكۈدەك بىرنەرسە تاپالىسا ئەكىرىپ تۇراتتى. دۇنيادا ئانا مېھرىدىن ئۇلۇغ نېمە بار؟ نىساخان ئانامنىڭ ماڭا مۇشۇنداق ئۇلۇغ مېھرىنى يەتكۈزۈۋاتقىنىدىن كۆڭلۈم بىرئاز بولسىمۇ تەسكىن تېپىپ قالاتتى. بىراق، يالغۇز قالغان چاغلىرىمدا، ئانام ياتقان سۇپىغا، ئانامنىڭ قولى تەگكەن نەرسىلەرگە كۆزۈم چۈشسىلا پىغانىم يەنە ئۆرلەپ كېتەتتى. مەن ئانامنىڭ يوتقىنىغا كىرىپ، ئۇنىڭ تېخىچە كۆتۈرۈلۈپ كەتمىگەن ھىدلىرىنى ھىدلايتتىم. يەنە چاناقلىرىم ياشقا تولۇپ، ئانامنىڭ تەكىيىسىگە دومىلاپ چۈشەتتى. سىغىنىش ئوتلىرى قايتىدىن لاۋۇلداپ، ئۆرۈك ئوتىنىنىڭ چوغىدەك يالقۇنجايتتى. ماڭا بۇ دۇنيا بەكمۇ تار كېلىپ قالغاندەك ئىچىم سىقىلاتتى. تەنھالىقتىن، جۇدالىقتىن قەلبىم ئۆرتىنەتتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى، بۇنى ئۇقمايمەن، بىر كۈنى سېكرېتار بىلەن ئەترەت باشلىقى قولتۇقىغا چوت قىستۇرغان، ماش رەڭلىك برېزېنت سومكا ئېسىشقان بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئاۋۋال ئۆينى بىر قۇرئايلىنىپ چىقىشتى، ئاندىن سومكىسىدىن قېلىن - قېلىن دەپتەرلىرىنى چىقىرىپ بىرنەرسىلەرنى ھېسابلاشتى. ئاخىرىدا سېكرېتار مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ، ئىپادىسىز تۇرغان چىرايىمغا مۇنداقلا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، گېلىنى قىرىپ قويدى.

— ئەمدى يىگىت، — دېدى ئۇ بىرنەرسە دېيىشكە سەل قىسىنىۋاتقاندەك كۆزۈمگە قاراپ ئازراق تۇرۇپ قالغاندىن

كېيىن، — شازادىخان ئوبدان مەزلۇم ئىدى، كېسەل چىقىپ بالدۇرلا كېتىپ قالدى. تەقدىرنىڭ يازمىشى شۇ بولسا بەندىنىڭ قولىدىن نېمە كېلىدۇ؟ قازاغا رىزا بولماق كېرەك. سەۋرلىك بول، — ئۇ نېمىنىدۇر ئويلاپ يەنە ئازراق جىم بولغاندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سەن بىلسەڭ كېرەك، ئاناڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان مۇشۇ نەچچە يىلدىن بېرى ئېتىز-ئورەكنىڭ ئىشىغا چىقالمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي بىزمۇ ئۇنى ناندىن قىسمىدۇق. سەنمۇ بىلىسەن، ئىشلىمىسە نومۇر يوق، نومۇر بولمىسا دارامەتمۇ يوق. دارامەت بولمىسا نانىنىڭ پۇلى قەرز بولىدىغان گەپ. مۇشۇ نەچچە يىلدا ئاناڭ مىڭ كويدىن ئارتۇقراق قەرزگە بوغۇلۇپ قاپتۇ. ئاتا-ئانىنىڭ قەرزىنى پەرزەنتىنىڭ تۆلىشى قەدىمدىن قالغان ئادەت. شۇڭا، بۇ قەرزنى سەن تۆلەمسەن ياكى بۇ ئۆينى قەرزگە ھېسابلاپ تۇتۇپ قالىمىزمۇ؟ بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ قارار قىل. سېنىڭ بۇ ئەترەتتە نوپۇسۇڭ يوق ئىكەن، شۇڭا ساڭا نورما بېرەلمەيمىز. بۇنىمۇ بىلىپ قال.

مەن ئۇنىڭ توختاۋسىز مىدىراپ تۇرغان ئېغىزىغا تىكىلگىنىمچە ئۈنسىز تۇرىۋەردىم.

— ئەمدى ئۇكام، — دېدى بىر چەتتە دەپتەر تۇتۇپ تۇرغان بوغالتىر چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكەن ھالدا، — ئەسلىدە سېكرېتارنىڭ يامان چاغدا سېنى يارغا قىستاش خىيالى يوق ئىدى. بىراق، سەنمۇ تەشكىلنىڭ ئىچىدىكى ئادەم، قائىدە چۈشىنىسەن، كوللېكتىپنىڭ مۈلكى دېگەن ئوتتا كۆيمەيدۇ، سۇدا ئاقمايدۇ. نېسىنى ۋاقتىدا نەقلەشتۈرۈپ ماڭمىساق بىزنىڭمۇ جاۋاب بەرمىكىمىز تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، سەن تېزرەك بىر قارارغا كەلگىن. ئەسلىدىغۇ بۇ ئۆينىڭ ناھايىتى كەلسە بەش يۈز كويغا نەرخى بولار. لېكىن سېكرېتارنىڭ كۆزى چوڭ، ئالىقىنى كەڭ ئادەم بولغاچقا نېرى-بېرىسىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا قەرزگە ئۇدۇللاشتۇرۇپ بېرىۋاتىدۇ. بۇمۇ تەشكىلنىڭ ساڭا كۆڭۈل بۆلگىنى، سېكرېتارنىڭ ھالىڭغا

يەتكىنى. ئىشقىلىپ، ساڭا زىيان يوق. خۇدايىم ئاسماندىن تاشلاپ بەرگەندەكلا سودا بولدى ئۇكام.

مەن يەنىلا ئۇلارغا ئىپادىسىز قاراپ تۇرىۋەردىم. مېنىڭچە بولغاندا بۇ ئۆي دادامدىن ئانامغا، ئانامدىن ماڭا قالغان بىردىنبىر تەۋەررۇك ئىدى. بۇ ئۆيدىكى ئاتا ـ ئانام ياققان چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتسەم ھەرگىز بولمايتتى. ئەپسۇسكى، بۇ ئارزۇيۇم ماۋۇلار كۆتۈرۈپ قوپقان قەرزنىڭ گېپى بىلەن توزغاقتەك توزۇپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى. مەن بارلىق غەزىپىمنى قارىچۇقلىرىمغا يىغىپ، ئۇلارغا نەپرەت كۆزۈمدە قارىدىم. سېكرېتارنىڭ يەنە بىر نېمە دېيىشكە ئۆمەللەنگەن لەۋلىرى رېزىنكىدەك تارتىشقان پېتى تۇرۇپ قالدى. ئۇ مېنىڭ ئەلپازىمدىن قورقۇپ قالغان بولسا كېرەك، ھەمراھلىرىغا كۆز ئۇرۇپلا سىرتقا ماڭدى. بوغالتىرمۇ دەپتىرىنى ماش رەڭلىك برېزېنت سومكىسىغا سېلىپ، چوتنى قولتۇقلاپ سېكرېتارغا ئەگەشتى. ئۇلار ئىشىك ئالدىغا بارغاندا ئەترەت باشلىقى يەنە تىل چايىندى:

— ئۇ... ئۇكام، ياخشىراق ئويلان، بۇنداق پۇرسەت دېگەن ئوغۇل بالىغا ھەر كۈنى كېلىۋەرمەيدۇ. توختىكامنىڭ كەپتىرى ئوتتۇز، موللاقچىسى توققۇز دېگەندەك، ئادەم جىق بولغىنى بىلەن بۇنداق كەڭ قوللۇق، مەرد، ھاتەمدەك سېخىي، ئالتۇنغا بەرگۈسىز سېكرېتار ھەممىلا يەردىن تېپىلىۋەرمەيدۇ. ئۇنىڭ ساڭا ئىچى ئاغرىغاچقىلا بۇ ئەبجەق ئۆيۈڭنى مىڭ كوي باھالاپ، قەرزگە ئۇدۇللاشتۇرۇپ بەرگەنىدى. بىراق، سەن ياخشى كۆڭۈلنى تاشقا ئۇرۇۋاتىسەن. كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن، دېگەننى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ؟

مەن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپلا ئۇنىڭ ۋالاقلاۋاتقان ئېغىزىغا ئۇردۇم. ئەترەت باشلىقىنىڭ چىرايى ھېلىلا گۆردىن قېزىۋالغاندەك توپىغا مىلەندى.

— بۇ... بۇ... ساراڭ بوپتۇ، قىپقىزىل ساراڭ بوپتۇ، — دېدى ئەترەت باشلىقى كۆڭلىكىنىڭ پېشى بىلەن يۈزىنى سۈرتۈپ

تۇرۇپ، — جاھاندا بۇنداق ساراڭدىن يەنە بىرى تېپىلمىغۇدەك. ياخشى...

مەن يەنە بىر ئوچۇم توپىنى قولۇمغا ئالدىم. ئۇلار بىر نەرسىدىن ئۈركۈگەن قۇشقاچتەك پۇر قىلىپلا ئۇچۇپ كېتىشتى.

بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. ھېلى كىچىك ئەترەت باشلىقى، ھېلى چوڭ ئەترەت باشلىقى، ئارىلاپ سېكرېتارنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ھويلىدا پەيدا بولاتتى. تۇلكىنىڭ توخۇنى دانلىتىشىدا بىر گەپ بار دېگەندەك، ئۇلار ئۇيان ئۆرۈلۈپمۇ، بۇيان چۆرۈلۈپمۇ مېنى قىستاپ، قەرزنىڭ ھەد - بۇسىنى پۈرتاتتى. ماڭا يالۋۇرغاندەك قىلغان بىلەن، گېپىنىڭ ئۇرانىدا يەنە سۇر - ھەيۋىمۇ بار ئىدى. ناۋادا مەن ئۇلارنىڭ دېگىنىگە كۆنمىسەم كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتكە ئۆزۈم مەسئۇل بولغۇدەكمىشمەن. چۈنكى، مېنىڭ قىلىۋاتقىنىم كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىگە، تەشكىلنىڭ قارارىغا قەستەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكمىش.

— ئەزەلدىن تۇخۇمنىڭ تاشقا تەڭ كەلگىنىنى كىم كۆرگەن؟ — دەيتتى كىچىك ئەترەت باشلىقى بۇرنىنى تارتىپ تۇرۇپ، — مىلىڭ ئەسكى بولسا سېتىپ قۇتۇل، قەرزىڭ كۆپ بولسا بېرىپ قۇتۇل، دېگەن گەپنىڭمۇ ئاساسى بار. كوللېكتىپنىڭ قەرزى دېگەن كۆزنى يۇمۇپ تۇرۇۋالسىلا ئۆتۈپ كېتىدىغان شامال ئەمەس. ئۇ بالاڭدىن بالاڭغا مىراس بولۇپ قالىدىغان تەۋەررۈك نەرسە. شۇڭا، جاراھەت دېگەن كىچىك چېغىدا ساقايغىنى ياخشى. ناۋادا تەشكىلدىكىلەرنىڭ ئاچچىقى كېلىپ قالسا بۇنىڭغا ھېچكىم ئارا تۇرالمايدۇ. سىز دېگەن زىيالىي، ئىشنىڭ يولىنى بىزدىنمۇ ئارتۇق ئۇقىسىز. بۇنداق تاش چىشلەپ تۇرۇۋېلىشنىڭ پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك.

— مەن ئەزەلدىن ئەمچەكنى تاپالماي بىر يەرگە ئۇسسىدىغان سىلەردەك ئادەملەرنى كۆرۈپ باقمىغان، — دېدى نىساخان ئانام

كىچىك ئەترەت باشلىقىنىڭ گېپىگە جاۋابەن، — بىزدە يەنە تىكەننى كىرگەن يەردىن ئال، دېگەن گەپمۇ بار. سىلەر ھە دېسە تاشپولاتجان بالامغا قەرزنىڭ گېپىنى قىلىسىلەر، بىراق، قەرز قىلغان ئادەم قارا تۇپراقنىڭ تېگىگە كىرىپ كەتتى، بۇ بالىنىڭ سىلەرگە تۆلەيدىغان ھېچقانداق قەرزى يوق. بۇ ئۆي بولسا شازادىخانغا ئېرىدىن مىراس قالغان. سىلەر بىلىسىلەرغۇ، شەرىئەتتە خوتۇن كىشىنىڭ مىراسى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئۆيدە شازادىخان ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇرغان، ھازىر ھەقىقىي مىراس ئىگىسىنىڭ قولىغا ئۆتتى. ناۋادا سىلەر قەرزنى ئالماي قويمايمەن دېسەڭلار، زاراتگاھلىقتىن شازادىخاننى تارتىپ چىقىرىپ شۇنىڭغا تۆلىتىڭلار. ئۇ مەزلۇمنىڭ قەرزى بىلەن بۇ بالىنىڭ ئىشى يوق.

— ھوي، ھوي، نىساخان ئانا، قېرىغاندا ئەقلىدىن ئازدۇقمۇ نېمە؟ — بوغالتىر تامدەك تاتىرىپ كەتتى، — كونا ئىشتاننىڭ ئېغىدىن بىرنەرسە يۇگۇرۇپ چىققاندەك گەپ قىلىمىزغۇ؟ ئاتا - ئانىنىڭ قەرزىنى پەرزەنتلەرنىڭ تۆلىشى قەدىمدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت تۇرسا، سىلى ئېغىزلىرىغا كەلگەننى جۆيلۈسىلە بولامدۇ؟ ماڭسىلا، ئۆيلىرىگە بېرىپ چىچقاق ئۆچكىلىرىنىڭ قۇيرۇقىنى سىلىسىلا، بۇ يەردە سىلىگە ئاتكارچىلىقنى كىم قويدى؟ تەشكىلنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماي، سىڭگەن نانلىرىنى يەپ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرسىلە ياكى سىلىمۇ گەدەندىكى قەرزنى بىراقلا تۆلىۋېتەي دەۋاتامدىلا؟ شۇنداق نىيەتلىرى بولسا مانا بىز تەييار، سومكىمۇ بار. غاچچىدە ئاقچىنى سانىۋەتسىلە ئىش تامام، ۋەسسالام...

نىساخان ئانامنىڭ قەرزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. دېمىسىمۇ بۇ كەمدە چوڭ ئەترەتكە قەرزگە بوغۇلمىغان كىم بار دەيسىز؟ كونىلار ھەر قېتىملىق نامىزىدىن كېيىن قەرزدارلىقتىن پاناھ تىلەپ دۇئا قىلىشىدۇ. قەرز دېگەن يامان نەرسە، ئۇ ساڭا چاپلاشتىمۇ بولدى، يەلكەڭدىن تاغدەك بېسىپ، سېنى كىملەرنىڭدۇ ئالدىدا يەرگە قارىتىدۇ، تىلىڭنى

قىسقا قىلىدۇ، يۈزۈڭنى سارغايتىدۇ! مانا ئەمدى نىساخان ئانىمۇ بۇ تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

يەنە ئىككى ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. ئۆيدە بىر چىمدىم كەلگۈدەكمۇ ئاشلىق قالمىدى. نىساخان ئانىمۇ تەشكىل بەلگىلەپ بەرگەن ئوتتۇز جىڭ ئاشلىقنىڭ خوجايىنى بولغاچقا بىر ئادەمنىڭ نورمىسىدا ئىككى ئادەمنىڭ قورسىقى تويمايتتى. مېنىڭ يەنە بۇ ياشانغان ئائىلىگە ئېغىرىمنى سېلىۋەرگۈم كەلمىدى. ھېلىمۇ ئۇ ماڭا قولىدىن كېلىدىغانىنىڭ ھەممىسىنى قىلغانىدى. ئاخىر مەن بەل قويۇۋەتتىم. سېكرېتارمۇ ماڭا بىر ياخشىلىق قىلىۋالغان بولدى. ئۇنىڭ ھىممىتى بىلەن ئاتا ـ ئانامدىن قالغان تەۋەررۈك ئۆينى بېرىپ قەرزدىن قۇتۇلغان بولدۇم. ئۇلار گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا ئىشىككە قولۇپ سالدى. مېنى كىچىكىمدىن باشلاپ پاناھىغا ئالغان، ئاتا ـ ئانامنىڭ مېھرى سىڭگەن، يامغۇر ـ يېشىندىن، قار ـ بوراندىن ساقلاپ كەلگەن ئۆيدىن بىراقلا ئايرىلىپ تالادا قالغىنىمدا، ماڭا يەنە بىر قېتىم مۇسىبەت كەلگەندەك، ھاياتتىن بىراقلا سوۋۇپ كەتتىم. زاراتگاھلىقتا بېرىپ، ئانامنىڭ تۇپراق بېشىدا بىر كېچە تۈنىدىم. ھەممە يەر قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ، كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدىن ئەسەرمۇ يوق، يىراق ـ يىراقلاردىن ھۇۋقۇشنىڭ سايرىغىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تىمتاسلىقتا چۆمگەن زاراتگاھلىقتا تىكەندەك يالغۇز ئولتۇرۇپ بۇ دۇنيادا پەقەت مەنلا قالغاندەك مۇڭلاندىم. ئانامنىڭ چىرايىنى خىيالەن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭغا نەچچە كۈندىن بېرى تارتقان دەرد ـ ھەسرەتلىرىمنى بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردىم. كۆز ياشلىرىم يامغۇردەك تۆكۈلەتتى. ئەمدى مېنىڭ قومۇشكۆلدە باش تىققۇدەكمۇ ماكانىم قالمىغانىدى.

سەھەرگە يېقىن كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. تاملىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن بىر خارابىلىكتە كېتىۋاتقۇدەكمەن. ئۇستۈبېشىم توپا ـ چاڭغا مىلەنگەن، كىيىم ـ كېچەكلىرىم ھېلىلا سېلىنىپ

چۈشكۈدەك ئاۋارە، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىمغا قەدەمدە بىر تىكەن سانچىلغۇدەك. مەن خۇددى ئەمدىلا كۆزى سۈزۈلگەن بوۋاقتا ئوخشاش قىرقىراپ يىغلىغۇدەكمەن. ھەممىلا يېرىدىن بوس - بوخۇناقلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان خارابىلىكتىن قانداق چىقىپ كېتىشنىمۇ بىلمىگۇدەكمەن. شۇ ئاندا بىر جۈپ قۇش ئۇچۇپ كەلگۇدەك. ئۇنىڭ ئاپئاق قاناتلىرى، قىپقىزىل مارجاندەك جۇلالاپ تۇرغان كۆزلىرىدىن نۇرلار چېچىلغۇدەك. ھېلىقى بىر جۈپ قۇش مېنى كۆتۈرۈپلا ئاسمانغا ئېلىپ چىققۇدەك. بىز ناھايىتىمۇ ئۇزاق ئۇچقۇدەكمىز. ئاستىمىزدا ئاپئاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرگۇدەك. سۈپسۈزۈك زىلال چەشمىلەر ھەسەن - ھۈسەننى چىلىلاپ يۈرگۇدەك. بىز ئۇچۇپ بېرىپ بەكمۇ چىرايلىق بىر گۈزەل باغقا يەتكۇدەكمىشمىز. قۇشلار مېنى يېشىل مۇخ قاپلىغان بىر ئېقىننىڭ بويىغا چۈشۈرۈپ قويغۇدەك. مەن يەنە ئانا دەپ يىغلىغۇدەكمىشمەن. شۇ چاغدا بىر قۇش زۇۋانغا كېلىپ ماڭا دېگۇدەك:

— يىغلىما بالام، ئاز كۈندىن كېيىن مۇشۇ باغدىكى گۈللەر قايتىدىن پورەك ئاچقاندا، قۇشلار خەندان ئۇرۇپ سايرىغاندا، سۇنىڭ تېگىدىكى بېلىجانلار كۆزۈڭگە ئالتۇن رەڭدە كۆرۈنگەندە سەن ئاناڭنى تېپىۋالىسەن. شۇ كۈننىڭ كېلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتكىن.

مەن چۈشۈمدىن ئويغاندىم. يىراق ئۇپۇق ئالا بولغان ياغلىقئۆرۈكتەك سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئەترەت تەرەپتىن خورازلارنىڭ بىر - بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك زوق - شوقى بىلەن چىللىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. چىغىر يوللاردا قومۇشكۆلدىن جاڭگالغا ماڭغان ئوتۇنچىلارنىڭ بىر - بىرىنى چاقىرغان ئاۋازىمۇ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

مەن ئانامنىڭ قەبرىسىدىن بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئادەتتە كېچىسى زاراتگاھلىق يېنىدىن يالغۇز ماڭسام جېنىم سىرقىرايدىغان ئادەم تۇرۇپ، بۇ يەردە بىر كېچە تۈنىگەنلىكىمدىن ئۆزۈممۇ ھەيران ئىدىم. كۆرگەن چۈشۈمنى قايتا ئەسلەپ كۆڭلۈم

بىر ئاز كۆتۈرۈلۈپ قالدى. مەن ئاستا قەددىمنى رۇسلاپ، ئانامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا يۈكۈندۈم ۋە ئۆزۈم بىلىدىغان ئايەتلەرنى ئوقۇپ دۇئا قىلدىم:

— خەير ئانا، خۇدايىمغا ئامانەت. ماڭا ئەمدى قۇمۇشكۆل ھارام بولدى. بۇ شورلۇق بېشىمنى ئېلىپ يېكەنلىك مەيدانغا كېتەي. مەن سىلەرنى شۇ يەردە ساقلاي. خۇدا نېسىپ ئەتسە شۇ يەردە كۆرۈشەرمىز...

مەن زاراتگاھلىقتىن ئىشىكگە قوش مۇشتتەك قۇلۇپ سېلىنغان ئۆيىمىزگە قايتىپ كەلدىم. ئىشىك ئالدىدا خۇددى ئانام بىر تەرەپتىن كېلىپ قالىدىغاندەك بىر ئاز تۇردۇم. گەرچە ئۇنىڭ مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدىغانلىقىنى بىلسەممۇ يەنىلا كۆڭلۈم شۇنى خالاپ تۇراتتى. مەن كۆز ياشلىرىمنى توختىتىۋالالمىغان ھالدا ئۆيىمىز بىلەنمۇ ئاخىرقى قېتىم ۋىدالاشتىم. ئەمدى مېنىڭ بۇ يەر بىلەن بولغان ئالاقەم پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى.

نىساخان ئانامنىڭكىگە كەلسەم ئۇنىڭ ئىشىكىمۇ قۇلۇپلاقلىق تۇرۇپتۇ. بەلكىم بىر تەرەپكە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. بۇمۇ بولغىنى، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. ناۋادا ئۇ ئۆيىدە بولۇپ، مېنىڭ يېكەنلىك مەيدانغا كەتمەكچى بولغىنىمنى ئاڭلىسا، بىچارە موماينىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ماڭا نىسبەتەن ۋاقىت ئۆز ئۇقۇمىنى يوقاتقانىدى. بۈگۈن كۈنگە نېمە، ئايغا قانچە، ھېچنېمىنى بىلمەيتتىم. يول بويى بۇغدىيى ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن ئاق قالدۇرۇلغان تاشلاندۇق ئېتىزلار، ئېگىزلىقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن قوي پادىلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. مەن بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئاللىقاچان كۈز مەۋسۇمىنىڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. يېرىم يولغا كەلگەندە بىردىنلا ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. ناۋادا توختايۇپ مېنىڭ ۋاقتىدا قايتىپ كەلمىگىنىمگە تەگەپ قېلىپ، مېنى قوبۇل قىلمىسا قانداقمۇ قىلارمەن، يېكەنلىك مەيداندىن قوغلانسام نەگىمۇ بارارمەن؟ ئۇ يەردىن قوغلىنىپ پەرىشان بولغۇچە، بارمايلا قويايمۇ يا؟ دېگەنلەرنى ئويلىدىم. ھەرقانچە

قىلىپمۇ بىر قارارغا كېلەلمىدىم. ئاخىرىدا مەيلى بېرىپ باقاي، ھېچبولمىسا خۇدابەردى، شەمشىدىن ۋە باشقا بۇرادەرلەر بىلەن خوشلىشىۋېلىپ يانارمەن، دېگەن خىيالغا كېلىپ سەپىرىمنى داۋاملاشتۇردۇم. كېيىنكى ئىشلار ساڭىمۇ ئايان، توختايۇپ گەرچە ئاز ـ تولا تېرە تاراقشىتقان بولسىمۇ ماڭا يامانلىق قىلمىدى. مېنى يەنىلا مەيداندا ئېلىپ قالدى. رەھبەر بولغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭچىلىك سۇر ـ ھەيۋىسى بولمىسىمۇ ياراشمايدۇ. شۇڭا، مەن سىلەرگە يالۋۇردۇم. مېنى نېمە دە دېسە شۇنداق دەڭلار، قانداق ئەيىبلە دېسە شۇنداق قىلىڭلار، دەپ يېلىندىم. مۇشۇ كۈنلەردە بۇ باشنى بىر يەرگە سىغدۇرماق بەكمۇ تەس ئىكەن، خۇدابەردى. مېنىڭ ئەمدى سىلەردىن ئايرىلغۇم، يېكەنلىكتىن كەتكۈم يوق. مەن پەقەت ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىنى، چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى باغچىغا يېتىشنى، ئۇ يەردە گۈللەرنىڭ پورەك ئېچىپ، قۇشلارنىڭ خەندان ئۇرۇشىنى، زىلال سۇ تېگىدىكى بېلىجانلارنىڭ ئالتۇن رەڭدە كۆرۈنۈشىنى سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتمەكتىمەن. شۇنداق كۈن يېتىپ كەلسە، مېنىڭ ئانام بىلەن دىدارلىشىدىغان كۈنۈممۇ يېتىپ كېلىدۇ...

تاشپولات تۇرسۇن ھاسىراپ تۇرۇپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى. ئۇنىڭ غەم بۇلۇتلىرى ئەگىپ تۇرغان ئويچان كۆزلىرى بارماقلىرى ئارىسىدىن شۇرۇلداپ قۇيۇلۇۋاتقان قۇم دانىچىلىرىغا تىكىلىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ بېشىغا سايە تاشلاپ تۇرغان قېرى يۇلغۇن چىمان ھىدىنى تاراتقىنىچە سۇكۇتكە پاتقانىدى. قارىغاندا، ئۇمۇ بۇ جۇدالىق كۈيىنىڭ ئىسكەنجىسىدىن چىقىپ بولالمىغاندەك قىلاتتى.

دوستىنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاپ خۇدابەردىنىڭمۇ كۆز جىيەكلىرىدە ياشلار ئەگىدى. ئۇ تاشپولات تۇرسۇننىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتتى. تاشتەك قېتىپ كەتكەن بارماقلار ئۇنىڭغا مۇزدەك بىلىندى. ئۇ تاشپولاتنىڭ بويىنىنى چوڭقۇر مېھرى بىلەن قۇچاقلىدى. بىراق، شۇ تاپتا دوستىغا قانداق تەسەللى بېرىشنى بىلمەي قالغانىدى.

يەتتىنچى باپ

# بورانلىق كېچە

## 26

يېكەنلىك مەيداندا قوناقلار ئادەمنى چۆكۈرگۈدەك غول تارتقانىدى. قوناقلىقلارنىڭ ئەتراپىدا ئاپتاپپەرەس گۈللىرى ئېچىلىپ كەتكەن، قۇياشقا بېقىپ تۇرغان ئالتۇندەك ساپسېرىق چېچەكلەر ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتاتتى. قوناقلارنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق سۇيى تۇتۇلۇشقا باشلىغانىدى. شەمشىدىنلەر پۇچقىقىنى تۇرۇۋېلىپ قىر ئارىلىقلىرىدا يۇگۇرۇپ يۈرەتتى. ئادەم بويى كېلىدىغان قوناقلىقتىن ئۇلارنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازى ئاڭلىناتتى.

چۈشكە يېقىن توختايۇپمۇ قوناقلىقتا پەيدا بولدى. ئۇ لىققىدە سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ قاشلىرىدا قولىنى كەينىگە تۇتقىنىچە كەلمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يوغان تەۋەڭدە ئىسسىق نان كۆتۈرگەن تاشتۆمۈر ناۋاي بىلەن ئايجامالمۇ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قوناقلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خامان ئۈچۈن تەييارلانغان تۆپىلىككە كېلىپ قەدىمىنى توختاتتى.

— ناۋاي دېگەننىڭ ئۈنى نە - نەلەرگە كېتىدىغان نېمە، — دېدى توختايۇپ تاشتۆمۈرگە قاراپ، — ئۈنۈڭنى تازا چىقىرىپ ۋارقىرا، ھەممەيلەن كېلىپ نان ئېلىۋالسۇن.

تاشتۆمۈر ناۋاي قۇچىقىدىكى تەۋەڭنى يەردە قويۇپ، پېشانى-

سىدىكى تەرلىرىنى سۈرتكىنىچە ۋارقىرىدى:
— خالايىق، تېز بولۇڭلار، ئىسسىق نان كەلدى، تېز كېلىپ نان ئېلىۋېلىڭلار، ئالدىغا بار، كەينىگە يوق، خېنىمغا بار، غوجامغا يوق، تېز كېلىڭلار...

ئايجامال ئۇنىڭ قوشىقىنى ئاڭلاپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

قوناقلارنىڭ قۇلىقى شاراقلاپ، ئېتىزلىقتىن ئەڭ دەسلەپ ئوبۇلتالىپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى قوناق قۇلاقلىرىدىن يۇققان دوغ بىلەن قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاۋۋال ئېرىقتىكى سۇدا قولىنى چايقىدى ۋە كىيىمىدىكى توپىلارنى قاقىقىنىچە تاشتۆمۈرنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— بۇرادەر، ۋاي تاشتۆمۈر ناۋاي دەپ قويساق ئىشتىنىڭغا پاتماي قالدىڭمۇ نېمە؟ نېمە ئۇ خېنىمغا بار، غوجامغا يوق دېگىنىڭ؟ ئاۋۋال بىزدەك غوجاملارنى ياخشىراق باقساڭ ئاندىن خېنىملىرىڭنىڭ دۇئاسىغا ئېرىشەلەيسەن ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، قوشاقنى غوجامغا بار، خېنىمغا يوق دەپ ئۆزگەرتكىن.

— سېنى ئوبدان باقمىسا خېنىملارنىڭ دۇئاسىنى ئالغىلى بولمايدىغانلىقىنى مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى تاشتۆمۈر ناۋايمۇ بوش كەلمەي، — بۇ كەمنىڭ باللىرىغا نېمە بولغاندۇ؟ ھەممىسى يېمىسە ئىش يوقتەكلا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ دېسە، خۇددى كوپراتسىيىنىڭ ئايغىرى قوناق بەرمىسە بايتالغا قارىمىغاندەك...

توختايۇپ تىزىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي، سەن قايسى كەمنىڭ بالىسى؟ — قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئوبۇلتالىپ ئۇنىڭغا ئالايدى، — ئەجەب سەن ئۆزۈڭ باشقا بىر ئېرادىن كېلىپ قالغاندەك گەپ قىلىسەنغۇ؟ بىلىپ قوي، سەنمۇ شۇ قەستەنگە تونۇردىن چۈشۈپ كەتتى، چاچراپ كەتتى دەپ يۈرۈپ، بىزنىڭ ھەققىمىزنى قارنىڭغا تىقىۋېرىپ يوغان گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغان نېمىسەن. قارىغىنا ئەپتىڭگە، قورسىقىڭمۇ بىر تەۋەڭ كېلىدۇ سېنىڭ.

قانداق، سەنمۇ يېمىسەڭ تەۋەڭ كۆتۈرەلمەيدىغىنىڭدىنغۇ؟ شۇنداق تۇرۇپ ئاكاڭ قارىغايغا چاقچاق قىلامسەن تېخى؟ بۇ كەمنىڭ باللىرى دەپ كەتكىنىنى كۆرمەمدىغان ماۋۇ سۇپۇرا تاپان ناۋاينىڭ...

ئوبۇلتالىپ قالتىس گەپ قىلىۋەتكەندەك توختايۇپ بىلەن ئايجامالغا قاراپ قويدى.

— راست، ساڭا يارىمىغىنىنى مەن يەيمەن ئاداش. شۇڭا، چۇشۇپ كەتكىنى، چاچراپ كەتكىنى مېنىڭ بولىدۇ. قېنى ئالە، ماۋۇ ناننىڭ باش بۇرنىنى سەن يە. پۇت - قولۇڭغا ماغدۇر كىرىپ قالسىمۇ ئەجەب ئەمەس. كىم بىلىدۇ، مۇشۇ ناننى يېمىسەڭ بىرەرنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەي قالامدۇق تېخى...

ئوبۇلتالىپ ئۇ سۇنغان بىر گىردىنى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ قوناقلىقىقا كىرىپ كەتتى.

— تېز كېلىڭلار، نان ئېلىۋېلىڭلار، خېنىمغا بار، غوجامغا يوق، ئىسسىق گىردە!

ئېتىزلىقتىكى قوناقلارنىڭ قۇلىقى بارغانسېرى شاراقلاپ، ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تۇرۇۋېلىشقان باللار بىردىن - ئىككىدىن چىقىشقا باشلىدى.

— قانداقراق؟ قانچىلىك يەرگە سۇ ئېلىپ بولدۇڭلار؟ — توختايۇپ پېشانىسىدىن شورۇلداپ تەر قۇيۇلۇۋاتقان شەمشىدىندىن تاقەتسىزلىك بىلەن سورىدى، — سۇنى تۇتۇۋېلىشقا يەنە بىر يېرىم سائەت قاپتۇ. شۇنىڭغىچە ئېلىپ بولغۇدەكسىلەرمۇ؟

— تېخى يەنە بىرەر يۈز مودەك يەر بار، مېنىڭچە، سۇ بېرىش ۋاقتىنى بىرەر سائەت ئۇزارتقاندا ئاندىن تولۇق ئېلىپ بولغىلى بولىدۇ.

شەمشىدىن قورسىقى ئېچىپ ئاران تۇرغاچقا تاشتۆمۈرنىڭ قولىدىكى ناننى ئېلىپلا قوۋزىنى تولدۇرۇپ بىر چىشلىدى.

— ئىشنىمۇ نان يېگەندەك مۇشۇنداق قىزغىنلىق بىلەن قىلغان بولساڭلار، ھېلىغىچە سۇنى ئاللىقاچان ئېلىپ بولغان

بولاتتۇق، — دېدى توختايۇپ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — قاپىقى مۇشۇكنىڭ تاشقىدەك تۈرۈلۈپ كەتكەن ئۇ مىرابلارنىڭ ئالدىغا يەنە سۇ دەپ بارغىلى بولسۇنمۇ؟ ھېلىمۇ ئۇلار پېقىرنى مىڭ تاغار يالۋۇرتۇپ يېرىم سائەت ئېتىبار قىلىشقانىدى.

توختايۇپنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ شەمشىدىننىڭ بوغۇزىغا نان تۇرۇپ قالغاندەك غىققىدە بولۇپ قالدى. ئۇ مۇدىرنىڭ بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىگە نەشتەردەك قادالدى. ئۇنىڭ ئاچچىقتىن ئىچى ئۆرتىنىپ تۇراتتى.

— ھېلىمۇ يېگەن ناندىن ئاشۇرۇپ ئىشلەۋاتىمىز، — دېدى ئۇ چىشلىرى ئارىسىدىن دانىمۇدانە چىقىرىپ، — بىراق، ئېرىقتىكى سۇنىڭ مىجەزى پىچىۋەتكەن بۇقىنىڭكىدەك بوش بولغاچقا شۇنچىلىك يەرگە سۇ ئېلىپ بولدۇق. ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن نورمىغا قورسىقى ئاغرىغانلار بولسا، ناننى ئۆزى يەپ، سۇنىمۇ ئۆزلىرى تۇتۇۋېلىشسۇنچۇ بۇنداق سېسىق گەپ قىلماي...

— ئەمدى شەمشىدىن ئۇكام، مېنىڭ بۇ گېپىم بىر ساڭىلا قارىتىپ دېيىلگەن گەپ ئەمەس، — توختايۇپ بىردىنلا يۇمشاپ، تىلىنى چايناشقا باشلىدى، — ئىشقىلىپ، قوناقلىقتا بىر كىرىۋالسا نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇققىلى بولمايدىغان قولاق كەستىلەرگە قارىتىپ دېيىلگەن گەپ بۇ. سەن ئۆزۈڭگە ئېلىۋالساڭ قانداق بولىدۇ؟

— مۇنچىلىك گەپنىڭ كىمگە قارىتىپ دېيىلگەنلىكىنى بىلگۈچىلىكىم بار، — شەمشىدىن تېخىچە ئاچچىقىنى باسالماي قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ گۇر - گۇر ۋارقىراشقا باشلىدى، — بۇ يەردىكىلەرمۇ قوناقلىقتا بىرىنىڭ مادىسىنى ئەكىرىۋالمىدى. ئەتىدىن بېرى باش كۆتۈرمەي سۇ ئېلىۋاتىدۇ. ئادەم دېگەنمۇ تاراقلاپ تۇرغان ماشىنا ئەمەس، گۆش بىلەن سۆڭەكتىن پۈتكەن نەرسە، بىر كۈندە شۇنچىلىك ئىشلىيەلەيدۇ.

توختايۇپ ئەزەلدىن رايىش، تىل يىرمايدىغان بۇ يىگىتنىڭ

بۈگۈن نېمىشقا بۇنداق تېرىككەك بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىدى. ئۇ سۇس تىترەپ تۇرغان قولىدا موخوركا ئوراپ، ئۆزى بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن شەمشىدىنگە سۇندى.

— ئال يىگىت، سەل مىجەزىڭنى تەڭشىۋال، شورلۇق يەر سۇ كۆتۈرمىگەندەك زىلىلىشىپ كېتىپسەنغۇ بۈگۈن؟ بۇپتۇ، سۇنى ئالغانچە ئېلىپ تۇرۇڭلار، ۋاقىت توشۇپ قالسا بىر ئامالىنى قىلارمىز.

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، تەۋەڭنى قورۇقداپ بولغان ناۋايغا ماڭغاچ تۇر، دېگەندەك شەرەت قىلدى.

بۇ يەرگە يىغىلغانلار نانلىرىنى چايىنىشىپ يەنە سۇ تۇتۇشقا ماڭدى. ھېلىلا قىزىپ كەتكەن تۈپلىكتە توختايۇپ، شەمشىدىن ۋە ئايجامالللا قالغانىدى. توختايۇپ ئاچچىق موخوركىنى كۈچ بىلەن شوراۋاتقان شەمشىدىنگە يەنە بىرنېمە دېمەكچى بولدىيۇ، بىردىنلا تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان گېپىنى يۇتۇۋەتتى. ئۇلار گەپ - سۆز قىلىشماستىن ئازراق تۇرۇشتى.

— ئەمىسە مەن قايتاي، — دېدى توختايۇپ ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويۇپ، — بۇ يەردىكى ئىشلار ساڭا قالدى. ھازىر دېگەن سۇنىڭ ئۆزى قانغا تەڭ. شۇڭا، سۇرئەتنى بىر ئاز تېزلىتىڭلار. ئېتىزلاردىكى قوناقلار كېكىردەككىچە سۇ ئىچمىسىمۇ مەيلى، تۆۋى ھۆل بولسىلا يەنە بىر سۇ كەلگۈچە ئارام بېرىدۇ. مەن بۈگۈن گۇڭشېغا چىقىپ، كىنو ئەترىتى بىلەن سۆزلىشىپ كىرىمەن، ئەتە - ئۆگۈنىنىڭ ئىچىدە يېكەنلىك مەيداندا كىنو قويىمىز. كىنوچىلارنى باشلاپ كېلىپ سىلەرنىڭ ھاردۇقۇڭلارنى بىراقلا چىقارماقچىمەن. باللارغا ئېيىت، سۇنى بىكارغا ئېقىتىۋەتمىسۇن، ئەمىسە مەن كەتتىم.

شەمشىدىن ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. توختايۇپ ئۇستىدىن ئېغىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك يېنىك تىنىپ قويدى ۋە ئايجامالغا قاراپ مېڭىشقا ئىشارەت قىلدى. قىز نېمىدىندۇر ئەيمەنگەندەك شەمشىدىنگە قاراپ قويدى. ئۇنىڭ دەقىقە

داۋاملاشقان بۇ قارشىغا يەنە نېمىگىدۇر يېلىنىش مەنىسىمۇ يوشۇرۇنغاندى.

ئۇلار قوناقلىقنىڭ ئارىسىدىكى چىغىر يول بىلەن يۈرۈپ كېتىشتى.

بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن مەيىن شامال قوناقلارنىڭ ئۇسسۇزلۇقتىن سارغايغان قۇلاقلىرىنى يېنىك شىلدىرلىتىپ ئۆتتى. يىراقتىن سۇ ئېلىۋاتقانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى چاقىرىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. كەڭ يوپۇرماقلىرىغا دۇغ چۈشۈپ كەتكەن قوناقلار بەئەينى كېسەل تەگكەن بوۋايلاردەك شۈمشىيىپ قالغاندى. كۆز يەتمەس قوناقلىقنىڭ ئىچكىرىسىدىن ئاللىقانداق ھاشاراتلارنىڭ چىرىلداشقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قوناقلىق ئاشۇ شامال بىلەن تەڭ قايتىدىن جانلىنىپ كەتكەندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

— ئايجامال خېنىم، ئاستىراق ماڭامدىلا، — دېدى توختايۇپ ئۇششاق قەدەملەر بىلەن تېز ـ تېز كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىپ بولالماي ھاسىراپ، — قارىسىلا، كەينىلىرىدىن تاغ تېكىسىدەك شۇنچە سەكرىسەممۇ يېتىشەلمەيۋاتىمەن. ئۆزلىرىگە بولمىسىمۇ مەن بىچارىگە ئىچلىرى ئاغرىسۇن. ئاستىراق ماڭسىلا، قۇلاقنى قۇلاققا تۇتۇپ، يۈرەكنى يۈرەككە ئۇدۇللاپ، تۆشنى ئەمچەككە يېقىپ مۇنداق بىر گۇڭگۇر ـ مۇڭغۇر مۇڭدىشىپ ماڭمايلىمۇ بۇ يولدا...

— ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا توختايۇپكا، مەن دېگەن سىلىنىڭ قىزلىرى ئورنىدىكى ئادەم. مۇڭداشقۇدەك ھېچ گەپ يوق.

— بىزنى بۇنچە چوڭ كۆرمىسىلە خېنىم، ئادەم دېگەنگە قىلاي دېسە گەپ دېگەن تېپىلىدۇ، — دېدى توختايۇپ شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىدەك ئالچاڭلاپ كېلىپ ئايجامالنىڭ قولىغا ئېسىلىپ، — ھېچبولمىسا ئۇزۇندىن بېرى سىلىگە ئاتاپ كەلگەن يۈرەك سۆزۈم بار. شۇنى بولسىمۇ ئاڭلاپ باقامدىلا؟

— هاي - هاي، — ئايجامال ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋەتتى، — تولا سەتلەشمىسىلە توختايۇپكا. ھېچبولمىسا مېنى دېمىسىگەندىمۇ ئۆزلىرىنى ئايىسىلا. مەنغۇ بۇ يەردىكى ئاددىي بىر ئاشپەز، سىلى بولسىلا يېكەنلىكنىڭ باشلىقى، ھۆرمەتكە سازاۋەر باغۋەن. بىزنىڭ پەرۋىشكارىمىز. ھەممەيلەن ھۆرمەت قىلىدىغان باغۋەننىڭ ئۆزى پەرۋىش قىلىۋاتقان كۆچەتكە قانات سۆرىشى ياخشى ئىش ئەمەس.

— بىراق، قايسى بىر باغۋەن ئۆزى يېتىشتۈرگەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىدىن تېتىپ باقمىغان؟ — دېدى توختايۇپ قىزنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — مېنىڭ پۈتۈمگە ھۆل خىش قويمەن دېمىسىلە ئايجامال خېنىم. مېنىڭ ئۇنداق سىركىسى كېلىشمىگەن گەپ بىلەن ئانچە خوشۇم يوق. ئاستىراق ماڭسىلا دەيمەن، سىلىگە يېتىشەلمەي ئۆپكەم قېقىلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئەسلىدىمۇ سىلىنىڭ يېتىشەلمەيدىغانلىرى راست، — دېدى ئايجامال سوغۇق كەيپىياتتا ئۇنىڭ قولىنى يەنە ئىتتىرىپ، — مەن سىلىگە شۇنچە قېتىم دېدىم، سىلى دېگەن دادامنىڭ يېشىدىكى ئادەم. ئۆزلىرىنىڭ سالا - سۆپىتىگە بېقىپىراق يۈرگەنلىرى ياخشى. مېنى تولا تەڭلىككە سالمىسىلا، مەن دېگەن يۈزى ئېچىلمىغان قىز...

— ھا - ھا - ھا، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى نېمىشقا تۇتۇق بەرمەيدىكىن دېسەم، ئەسلىدە مېنى قېرى كۆرۈپتىكەنلىدە خېنىم، — توختايۇپ ئۆزىچە خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى، — ئەر كىشى دېگەننىڭ ساقىلىغا ئەمەس، قىلغان ئىشىغا قارايمىز ئايجامال خېنىم، «بىزنى بۇنچە قېرى كۆرمەڭ، يىراق تۇرۇپ نەق سالىمىز» دېگەن ناخشىنى ئاڭلىمىغانمۇ سىلە؟

— مەن سىلىگە ئوخشاش كۈسۈك ئىتتەك سورۇنمۇسورۇن قاتراپ يۈرمىگەندىكىن، كەلسە - كەلمەس ناخشىلارنى ئاڭلاشقا چولام تەگمىگەن، — ئايجامال ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ تۇرسىمۇ يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى، — بۇنداق ناخشىلىرىنى ئەڭ ياخشىسى ئۆيلىرىگە بارغاندا قوشناچىمغا ئېيتىپ بەرسىلە...

— ئايجامال، — توختايۇپنىڭ يالغان كۈلكە پارلاپ تۇرغان چىرايى قانسىراتمىغان ئۆپكىدەك قىزىرىپ، بىردىنلا قوشۇمىسى تۈرۈلدى، — ئىززەت قىلغاننى پەقەتلا بىلمەيدىغان قىز ئىكەنسىز، خىيالىڭىزدا مېنى يۇمشاقۋاش كۆرۈپ قالغان ئوخشىمامسىز؟ بىلىپ قېلىڭ خېنىم، مۇشۇنچىۋالا قىز بالىنىڭ ئۇۋىسىدا بىزگە سېلىنچا كەم ئەمەس. ھايت دەپلا قويىدىغان بولساق قۇلىقىمىزنى كولاپ، تىرنىقىمىزنى ياساپ، بىلىمىزنى تۇتۇپ، قىلىدىغانغا قىلىق تاپالماي قالىدىغان قىزلار سامانىدەك. بىراق، كۆڭۈلنىڭ ئىشىغا بىر نەرسە دەپ بولمايدىكەن. ھەرھالدا مەيلىم بولغاندىكىن سىزگە ئېغىز ئاچسام، تېپىلماسنىڭ خورمىسىدەك ئۆزىڭىزنى ئەتىۋار قىلىۋالغىنىڭىز نېمىسى؟ بىلىپ قويۇڭ، سىزدىمۇ بىر كاللا، بىر جۈپ كۆز، بىر ئېغىز، بىر جۈپ كۆكرەك بار. باشقا قىزلاردىن ھېچبىر يېرىڭىز ئارتۇق ئەمەس. شۇڭا، ئۇنچىۋالا ئېشىۋالماڭ. ناۋادا بىزگىمۇ ئازراق كۆڭۈل بېرىپ قويسىڭىز كۆرىدىغان راھىتىڭىز باشقىچە بولىدۇ جۇمۇ...

غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن ئايجامال قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلەتتى. بىراق، ھەرقانچە قىلىپمۇ توختايۇپتىن ئۈزۈپ كېتەلمىدى. ئۇ قېرى كالىدەك پۇشۇلداپ، سېمىز بەستىنى ئۆردەكتەك ئىرغاڭلىتىپ، ئىككىلا چامداپ قىزغا يەنە يېتىشىۋالدى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قۇچاقلاپلا يەرگە باستى. ئايجامال بۇ تۇيۇقسىز زەربىدىن يىلان چېقىۋالغاندەك چۆچۈپ كەتتى. ئۇ جېنىنىڭ بارىچە توختايۇپنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىردى. بىراق، بىر يۇمران گىياھنىڭ بىر پارچە قورام تاشنى كۆتۈرۈشكە قانداقمۇ كۈچى يەتسۇن؟ ئۇ غەزەپ بىلەن توختايۇپنىڭ يىرىك ساقال باسقان يۈزلىرىنى قاتتىق مورلىدى. ئون دانە تىرناقنىڭ كۈچىنى كىممۇ تۆۋەن مۆلچەرلىسۇن؟ ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئون دانە قىزىل ئېرىقچا پەيدا بولدى. قۇترىغان شىردەك بوغۇلۇپ، ھاسىراپ كەتكەن توختايۇپ تىرناق زەربىسىدىن دەسسەلگەن قۇرتتەك تولغاندى. ئۇنىڭ قان تولغان كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق

تىقىلدى. ئۇ ئايجامالنىڭ قوللىرىنى قايرىپ تۇتۇۋالدى ۋە قان تەپچىرەپ تۇرغان ساقاللىق يۈزلىرىنى ئۇنىڭ يۇمران كۆكسىگە ياقتى. قىز قوينىغا يىلان كىرىپ كەتكەندەك تىپىرلىدى. دەل شۇ چاغدا يېقىنلا بىر يەردىن بىرىنىڭ قىسقا يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. توختايۇپ قاينىغان قازانغا سۇ قۇيغاندەك جىم بولدى ۋە ئەتراپتىكى شەپىگە قۇلاق سالدى. يۆتەلگەن ئاۋاز تېخىمۇ يېقىندىن ئاڭلاندى. ئۇ بىرى ساغرىسىغا تېپىۋەتكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ، تىزلىرى لايغا مىلەنگەن ئىشتىنىنى ئوڭشىغىنىچە بەدەر قاچتى. ئايجامالمۇ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تۇۋىدىن سۇنغان نەچچە تۈپ قوناققا قاراپ قويغاندىن كېيىن ئۆزىگە جەننەت ھۆرلىرىنىڭ كۈلكىسىدەك ئاڭلانغان ھېلىقى قۇتقۇزغۇچى ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە ئۈمىد بىلەن باقتى. بىراق، قوناق قۇلاقلىرىنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىدىن باشقا ئىنس ـ جىننىڭ سايىسىنىمۇ كۆرەلمىدى. ئۇ كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇرغاچ ماغدۇرسىز پۇتلىرىنى سۆرەپ يولىنى داۋاملاشتۇردى.

شۇ ئىش بولۇپ بىرەر ھەپتىگىچە توختايۇپ تالا ـ تۈزدە كۆرۈنمىدى. يۈزىدىكى تىرناق ئىزىنىڭ ساقىيىشىغا ۋاقىت كېتەتتى. ئۇ ياتقىنىغا سولىنىپ يېتىپ كۈندە ئۈچ ۋاخ ئەينەككە قارايتتى. ھۇبسىيىن مۇدىرنىڭ نېمە بولدى، دېگەن سوئالىمۇ جاۋابسىز قالدى.

— ئېھتىمال ئۇخلاپ ياتقاندا مۈشۈك تاتىلىۋالغان گەپ، — دېدى دېھقانلار ۋەكىلى مەتقۇربان تاش چىشسىز ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ خىر ـ خىر كۈلگىنىچە، — چاپلىكەش ئادەمگە مۈشۈكنىڭمۇ يامىنى ئۇچرايدىكەن، قارىسىلا تۇ مۇدىرنىڭ يۈزىگە، بۇ كەمنىڭ مۈشۈكلىرىمۇ شۇنداق يامان بولۇپ كەتتى دېسە، ئۇن بارمىقىنىڭ ئىزىنى تولۇق چۈشۈرمىسە ھەرگىزمۇ بولدى قىلمايدۇ.

— سىلى نېمىنى بىلىدىلا؟ — توختايۇپ ئۇنىڭغا قاراپ

كۆزىنىڭ پاختىسىنى چىقاردى، — مۈشۈك تاتىلىدىمۇ ياكى باشقا بىر نېمە تاتىلىدىمۇ، سىلىنىڭ نېمە كارىلىرى؟ مەنمۇ سىلىنى ئېشەك تېپىۋەتكەندە بىر نېمە دېگەنمۇ؟ ئى مۇغا كامىرىدەك ئېغىزلىرىنى بىردەم يۇمۇۋالسىلا سىلىنى بىركىم گاچا دەرمىدى؟

— سىلىگە ئىچىمىز ئاغرىدى تۇ مۇدىر، — دېدى مەتقۇربان تاش تېخىچە كۈلكىدىن ئۆزىنى تۇتالماي، — مەيداندا ئادەمغۇ كەم ئەمەس، بىراق خىللاپ - تاللاپ يۈرۈپ سىلىدەك مۇدىرنىڭ يۈزىگە ئەن سېلىشقا ئۆلگۈرگەن قانداق مۈشۈكتۇ دەپ ئويلاپ قالدىم. مانا بىزمۇ بارغۇ؟ ياكى بىزنىڭ تېرىمىزنى قېلىن كۆرۈپ، تىرنىقى ئۆتمەسلىكىنى ئويلاپ ھېلىقى مۈشۈك يېقىن كېلەلمىگەنمىدۇ؟ ئەستا، ھەقىقەتەن ئەسكى مۈشۈك ئىكەن، سىلىنى قىلچىلىك ئاياپ ئولتۇرماپتۇ. يۈزلىرى بەئەينى قىزىل يوللۇق چىبەرقۇتتەكلا بولۇپ كېتىپتۇ...

توختايۇپ ئۇنىڭغا تازا بىر تېتىتىپ قويماقچى بولدىيۇ، يەنىلا جىم بولدى. پوقتا چالما ئاتسا يۈزىگە چاچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ بولغان زەي قامچىدەك ئۆتكۈر گەپلىرىنى يۇتۇۋەتتى. ئىشتانغا چىققان كۆڭۈلگە تايىن دېگەن گەپ بارغۇ؟ كىم بىلىدۇ، ھېلىقى قوناقلىقتا قىسقا يۆتەلگىنى دەل مۇشۇ قېرىمۇ تېخى؟ بەلكىم شۇ كۈنى كۆرۈپ قالغان بولسا، ئەيمەنمەستىن يوغان گەپ قىلىۋاتقىنىمۇ بۇ؟ بولمىسا ھەمىشە مىسىلداپ، ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىغا سىيىپ يۈرىدىغان بۇ قېرى يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ، بۈگۈنكىدەك قاملاشمىغان چاقچاقنى قىلىپ يۈرمەس ئىدى.

توختايۇپ مۇشۇلارنى ئويلاپ گەپ قىلماستىن تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ تېخىچە خىرىلداپ كۈلۈۋاتقان مەتقۇربان تاشنىڭ ۋە مەسخىرە ئارىلاش ھىجىيىپ تۇرغان ھۆسىيىن مۇدىرنىڭ تەلەتىنى كۆرگۈسى يوق ئىدى.

## 27

تەبىئەتتىن كۆز نىڭ شەپىسى كېلىشكە باشلىغانىدى. ئەتىگەن ـ كەچتە چىققان غۇر ـ غۇر شامالدا بالدۇر سارغايغان ياپراقلار شىلدىرلاپ تۆكۈلەتتى. كۆز يەتكۈسىز داللارمۇ سېرىق رەڭگە كىرگەن بولۇپ، سارغايغان قومۇشلارنىڭ چايقىلىپ تۇرغان پۆپۈكلىرى كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. سۇرتۇلگەن چىنىدەك يالتىراپ تۇرغان كۆز ئاسمىنىدا توپ ـ توپ ياۋا غاز ـ ئۆردەكلەر جەڭگە ماڭغان ئەسكەرلەردەك سەپ تۈزەپ، غاقىلداشقىنىچە ئىسسىق ياققا مېڭىشقانىدى. ئېتىزلاردىكى قوناقلارمۇ پىشىپ قالغانىدى. ئۇنى يىغىۋېلىش ۋە ئورنىغا كۆزگى بۇغداي تېرىش ئىشلىرى مەيداندىكىلەرنى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئالدىراش قىلىۋەتكەنىدى.

شۇ كۈنلەردە خۇدابەردىلەرمۇ نۆۋەت بىلەن جاڭگالدىن ئوتۇن توشۇشقا باشلىغانىدى. كولانغان ئوتۇن هەددى ـ هېسابسىز بولسىمۇ، قېرى ئۆكۈزنى ئالدۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇلار هارۋىغا ئوتۇننى بەك جىقمۇ باسالمايتتى. بىراق، ئۆكۈزنىڭ پىچاق سېغىنغان ۋاقىتلىرى بولغاچقا، مۇشۇنچىلىك بېسىلغان ئوتۇننىمۇ تارتالماي كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئېغىزىدىن مازغاپ ياندۇرۇپ، ئۇلارنى بەكلا تويغۇزۇۋېتەتتى. بەزىدە ئانچىكىم تۆپىلىكلەردىنمۇ چىقالماي، هارۋىنىڭ كەينىدىن ئىتتىرىشكە توغرا كېلەتتى. ئىشقىلىپ، بۇ قېتىمقى ئوتۇن توشۇش ئالدىنقى يىلدىكىگە قارىغاندا بەكلا جاپالىق بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇ قېتىم يېكەنلىك مەيدانغا ئوتۇن ئېلىپ چىقىش خۇدابەردى، تاشپولات تۇرسۇن ۋە دىلمۇراتلارنىڭ نۆۋىتى ئىدى. ئۇلار هارۋىغا لىققىدە ئوتۇن بېسىپ يولغا چىقىش ئالدىدا جېلىل سادىق ئۆزىچە قايناپ كەتتى:

— شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مۇشۇنىمۇ ئۆكۈز دەپ ھارۋىغا قېتىپ يۈرۈپسىلە. بۇ قېتىم يېكەنلىككە بارغاندا توختايۇپكامغا دەپ، راۋۇرۇس ئۆكۈزدىن بىرنى ئالدۇرمىسام بولمايدۇ.

— بۇ ئۆكۈزنىڭ جېنى ئاز قالغان ئوخشايدۇ، — دېدى دىلمۇرات ھارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە كېتىۋاتقان خۇدابەردى بىلەن تاشپولات تۇرسۇنغا قاراپ، — پىت مېڭىشىدا يۈرىدىغان بولۇپ قاپتۇ. بۇنداق كېتىۋەرسە كولىغان ئوتۇننى پۈتۈن بىر قىش مېڭىپمۇ توشۇپ بولالمىغۇدەكمىز.

— ھېلىمۇ ئۇنىڭ جېنىغا ۋاي، — دېدى خۇدابەردى موخوركا ئورىغاچ، — پۈتۈن بىر مەيداننىڭ ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جانىۋارغا قاراشلىق تۇرسا. سەن ئويلاپ باق، ھېلىغۇ بىر ئۆكۈز ئىكەن، پۈتۈن مەيداندىكىلەرنى ھارۋىغا قوشىدىغان ئىش بولسىمۇ، بىر ھەپتىگە پەررەك بېرەلمەي جان ئانىكا دېگەن بولاتتۇق.

— توختايۇپنىڭ زۇلمىنى بىز ئادەملەرلا ئەمەس، مۇشۇ ئۆكۈزمۇ تارتىۋاتىدۇ، — سۆزگە ئارىلاشتى تاشپولات تۇرسۇن چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە، — مېنىڭچە، بۇنداق كۈنلەر ئۇزاققا بارماسلىقى كېرەك ئىدى. بىراق، تېخىچە داۋاملىشىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسە يا ئۆكۈز ئۆلىدۇ، ياكى شوتا سۇنىدۇ...

ھەممەيلەن جىم بولدى. سۇكۇتكە چۆمگەن قۇملۇقتىن پەقەت ئۆكۈزنىڭ ئېغىر پۇشۇلدىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە ئېغىر ئەلياتقۇ بولۇپ قالغانىدى. خۇدابەردى ھارۋىنى ئاشخانىنىڭ يېنىدا توختاتتى ۋە ئوتۇننى كېچىلەپ بولسىمۇ چۈشۈرۈۋېتىش قارارىغا كەلدى. ئۇلار ھىلال ئاينىڭ سۇس يورۇقىدا ئارغامچىلارنى يېشىشكە باشلىدى. سىرتتىكى تاراق - تۇرۇقنىڭ شەپىسى بىلەن ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان ئايجامال جاڭگالدىن ئادەم كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىپ كۆڭلەكچانلا سىرتقا چىقتى. ئۇ خۇدابەردىنىڭ كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولغانىدى.

— سىزنى ئۇيقۇدىن ئويغىتىۋەتكەن ئوخشىمامدۇق ئايجامال؟

ئۇ مەيىن شامالنىڭ پىچىرلىشىدەك يېقىملىق ئاۋازدىن ھەم چۆچۈدى ھەم خۇشال بولدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتكەنىدى.

— ھا... ھارمىغانسىلەر؟ — دېدى ئۇ سەل دۇدۇقلاپ تۇرۇپ، — بەكلا كەچ قاپسىلەرغۇ؟

بىچارە قىزنىڭ سېغىنىش ئوتلىرى لاۋۇلداپ تۇرغان ئاجىز يۈرىكى ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك دۇپۇلدەيتتى. ئۇ ھارۋىنىڭ ئەتراپىدا بىر ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئۈچ يىگىتنى كۆرۈپ ئارانلا شۇنداق دېيەلىدى.

— شۇنچە ئۇزۇن جاڭگالدىن چىققاندىكىن ھارمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ — ئوتتۇن بېسىلغان ھارۋىنىڭ كەينىدىن دىلمۇراتنىڭ بىغەملەرچە ئاۋازى ئاڭلاندى.

— يولدا ئۆكۈز ماڭغىلى ئۇنىماي كەچ قالدۇق، — دېدى خۇدابەردى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ئايجامال، رەنجىمىسىڭىز بىزگە بىر نوگاي سۇ بېرەمسىز؟

قىز ئىتتىكلا كەينىگە ياندى ۋە بىر چېلەك سۇ بىلەن بىر نوگاينى كۆتۈرگىنىچە چىقىپ كەلدى. ئۇ چېلەكنى يەردە قويۇپ، بىر نوگاي سۇ ئالغاندىن كېيىن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى تىككىنىچە خۇدابەردىگە سۇندى.

— قېنى ئېلىڭ، مۇزدەك تۇرۇپتۇ...

خۇدابەردى سۇنى ئېلىپ غورتۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. ئۇ بىر نوگاي سۇنى بىر كۆتۈرۈشتىلا ئىچىۋەتتى ۋە مىننەتدارلىق ھېسسىياتى بىلەن نوگاينى ئۇنىڭغا سۇندى. ئايجامال يەنە بىر نوگاي سۇ ئېلىپ تاشپولات تۇرسۇنغا سۇندى. ئۇمۇ بېشىنى سەل ئېگىپ قىزغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن سۇ ئىچىشكە باشلىدى. ئاخىرىدا نوگاي قولىغا تەگكەن دىلمۇرات ئايجامالنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە قاراپ چىققاندىن كېيىن ئۆزىچە غودۇڭشىدى:

— قولدىن قولغا ئۆتكەن بۇ نوگاينىڭ سۈيى نېمە تېتىيدىغاندۇ ئەمدى؟

ئايجامال بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دىلمۇراتنىڭ بۇ گەپنى نېمە مەقسەتتە دېگەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى.

— ھەي بىغەرەز، سىنىڭچە ھەممە ئادەمگە بىردىن نوگاي تەييارلاش كېرەكمىدى؟ — دېدى تاشپولات تۇرسۇن قاتتىق ئاۋازدا، — نوگاي قولدىن قولغا ئۆتكەن بىلەن چېلەكتىكى سۇنىڭ تەمى ئۆزگىرىپ كېتىدىغان ئىش نەدە بار؟ مۇشۇ كېچىدە ئۇيقۇسىنى ھارام قىلىپ ئالدىڭغا چىقىپ، ساڭا ئۇسسۇلۇق بېرىۋاتقان قىزغا رەھمەت دېمەكتە يوق، ئاغزىڭغا كەلگەننى بىلجىرلىساڭ قانداق بولىدۇ؟ بەزىدە سېنىڭ ئادىمىيلىكىڭدىن ئازراق گۇمان قىلىپمۇ قالىمەن دىلمۇرات. تولا گەپ قىلماي رەھمەت دەپلا سۇنى ئىچ. سېنىڭ يەنە قىلىدىغان ئىشىڭ بار. ئوتۇننى چۇشۇرۇپ بولمىساق، ئۇيقۇ دېگەن ھارام بىزگە.

— ئەمدى كىرىپ ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاڭ، — دېدى خۇدابەردىمۇ ئايجامالغا خىجالەت ئارىلاش قاراپ قويۇپ، — بۇ ئەبگارنىڭ گېپىنى كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. ئۇ ئاشۇنداق ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ، كوتىلداپ يۈرىدىغان بىرنېمە. قۇلاققا ياققۇدەك گېپى يوق. ئەمدى كىرىپ كېتىڭ.

— قورسىقىڭلار ئاچمۇ؟ — ئايجامال چېلەكنى كۆتۈرۈپ بىرنەچچە قەدەم ماڭغاندىن كېيىن كەينىگە بۇرۇلۇپ سورىدى.

— بىز تېخى كەچلىك تاماق يېمىدۇق، — ئالدىراپ جاۋاب بەردى دىلمۇرات.

— ئەمىسە مەن ئاشخانىغا قاراپ باقاي، سىلەر يېگۈدەك بىرنەرسە چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

ئايجامال ئاشخانىغا كىرىپ كېتىپ ھايال بولمايلا بىرنەچچە ھور ناننى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— جىمبىلدە قالغىنى مۇشۇ ئىكەن، — دېدى ئۇ ناننى

خۇدابەردىگە سۇنۇۋېتىپ، — ئاز بولسىمۇ قورسىقىڭلارنى گوللاپ تۇرارسىلەر.

قىزنىڭ بۇنداق كۆيۈمچانلىقىدىن ۋۇجۇدى ئوت بولۇپ يانغان خۇدابەردى ئايجامالغا سۆيۈنۈش، مىننەتدارلىق نەزىرىدە تىكىلدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى سۇس يورۇپ تۇرغان قاراڭغۇلۇقتا بىر - بىرىگە خېلى ئۇزاققىچە قاراشتى. قەلبىدە ئەزەلدىن بۇنداق تاتلىق سېزىمنى ھېس قىلىپ باقمىغان خۇدابەردى ئۆزىنى ماموق بۇلۇتلار ئۈستىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقاندەك سەزدى. ئۇنىڭ ئېغىزى قۇرۇپ، تىلى تاڭلىيىغا چاپلىشىپ قالغاندى.

— پاھ، ئايجامال خانقىزنىڭ ياش يىگىتلەرنىڭ شەيىسىنى ئاڭلىسا ئۇيقۇسى قېچىپ، تۇيىقى قىزىپ، تۇرالمايلا قالىدىغان خۇيى بار ئىكەن ئەمەسمۇ! نېمىدېگەن تاتلىق مىنۇتلار بۇ، ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان...

خۇدابەردى بىلەن ئايجامال چۆچۈپ كېتىشتى. ئۇلار ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە تەڭلا قاراشتى. قاچانلاردىدۇر ياتقىدىن چىقىپ ئۇلارنى كۆزىتىپ تۇرغان توختايۇپ بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىپ چىققان ياشلىق ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ ئۆزىنى تۇتالمايلا قالغاندى. ئۇ يېڭىلا تىرناق ئىزىدىن ساقايغان يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە ھارۋىنىڭ يېنىغا كەلدى.

ئايجامال گەپ - سۆز قىلماستىن چېلەكنى كۆتۈرۈپ ياتقىغا كىرىپ كەتتى. ئاچچىق بىلەن تاراقشىپ يېپىلغان ئىشىك تۈيۈقسىز دۇمباق چالغاندەك كېچە قوينىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى.

— بەكلا كەچ قاپسىلەرغۇ؟ — سورىدى توختايۇپ قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا، — بېسىپ چىققان ئوتۇنۇڭلارمۇ تورغاينىڭ چاڭگىسىچىلىك كېلىدىكەن بولمىسا. بۇنداق سۆرەلمىلىك قىلغىلى تۇرساڭلار، كۇزلۇك يىغىم - تېرىم ئىشلىرى باشلىنىپ بولغۇچە قىشلىق ئوتۇن تەييارلاش ۋەزىپىسىنى تاماملاپ بولالمىغۇدەكسىلەر.

— بىزنىڭ غەيرىتىمىزگە گەپ كەتمەيدۇ، — دېدى خۇدابەردى ھارۋىغا لىككىدە چىقىپ ئوتۇنلارنى پەسكە ئاتقاچ، — بىراق، ئۆكۈزنىڭ جېنى قىينىلىپ كېتىۋاتىدۇ. مۇشۇ ئوتۇننىمۇ تارتالماي نەچچە يەردە يېتىۋالدى. ئولاش ـ چولاش ھارۋىنى ئىتتىرىپ يۈرۈپ ئاران چىقالدۇق. بۇنىڭدىن ئارتۇق ئوتۇن باسساق بۇ جانىۋار يولدىلا ئۆلۈپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ. ھايۋاننىڭ قېرىسى دېگەن شۇنداق بولسا كېرەك.

«قېرى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ توختايۇپنىڭ يەنە غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى. ئۇ تاتىرىپ كەتكەن يۈزىنى ئالىقىنى بىلەن سىيپاپ قويغاندىن كېيىن تەئەددى بىلەن دېدى:

— ئىشقىلىپ، ھەرقايسىڭىزغا بۇنىڭدىن ئارتۇقمۇ ياراشمايدۇ. قېرى بولسىمۇ تۆت پۇتى ساق بولغاندىكىن، گېلىنى ئوبدانراق بېقىشسىڭىز يولدىمۇ تويغۇزماس ئىدى. بۇ يەردىكى گەپ يەنىلا ھەرقايسىڭىزدا. مال دېگەنمۇ بېقىش تاپسا ئاندىن ئىگىسىگە نەپ بېرىدۇ.

تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭغا بىرنەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، ئۆزىنىڭ تېخىچە سىناقتا ئىشلەۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى يۇتۇۋەتتى.

— ئەتە بىر كۈن ئۆكۈزنى ئوبدانراق دەم ئالدۇرۇپ، جاڭگالغا تەڭلە كەچتە يول ئېلىڭلار، — دېدى توختايۇپ ئاسمانغا قاراپ ئەسنىگەندىن كېيىن، — ئۇيقۇ دېگەننى ھارۋىدا يېتىپمۇ ئۇخلىۋالغىلى بولىدۇ. ئەتە كەچ مەيداندا كىنو قويۇلماقچى. بەكلا ياخشى كىنو دەيدۇ. كۆرۈۋېلىپ يولغا چىقساڭلارمۇ بولىدۇ.

خۇدابەردى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئۇلار ئوتۇننى چۈشۈرۈپ بولۇپ ياتاققا كىرگەندە كېچە تەڭدىن ئاشقانىدى. خۇدابەردى سەرەڭگە چاقتى. شەمشىدىن، ئوبۇلتالىپلار بىر تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. ئۇلار شەپە چىقارماستىن يېشىنىپ، سوغۇر بالىلىرىدەك ئورۇنلىرىغا كىرىپ يېتىشتى. بەكلا چارچاپ كەتكەچكە، يوتقانغا كىرىپلا ھەممىسى

لەشتەك ئېزىلىپ ئۆيقۇغا كەتتى.

يىراقتىن تاڭ ئەلچىلىرىنىڭ سۇزۇك ئۈندىكى چىللىشى ئاڭلاندى. بىر خوراز تاڭدىن شەپە بېرىپ چىللايدۇ، قالغانلىرى ئۇنى دوراپ چىللىشىدۇ، دەيدۇ كونىلار. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش تۈشمۇ تۈشتىن خورازلارنىڭ جەھلى بىلەن چىللاشلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. دېرىزىدىن سۇزۇلگەن ئاسماننىڭ پارقىراق يۈزى كۆرۈنمەكتە ئىدى. سىرتتا قازانغا قويۇلغان سۇنىڭ شارقىرىغىنى، بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغان ئوتۇنلارنىڭ تاڭ ـ تۇڭلىرى، بالدۇر تۇرۇۋالغان ياشلارنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن گۇدۇڭلىشىپ گەپلەشكىنى، يۈزىنى يۇيۇۋاتقانلارنىڭ بۇرنىغا سۇ ئېلىپ مىش ـ مىش قىلىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانماقتا ئىدى. شەمشىدىننىمۇ ئورنىدىن تۇردى ۋە خۇدابەردىلەرنىڭ كارىۋاتتا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزماسلىق ئۈچۈن پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ سىرتقا چىقتى. ئەتىگەنكى ساپ ھاۋا ئۇنىڭ تېخىچە ئويغىنىپ بولالمىغان نېرۋىلىرىنى بىراقلا سەگىتتى. ئۇ ئاشخانىنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇ يەرگە دۆۋىلەپ قويۇلغان ئوتۇنلارنى كۆردى.

ــ خۇدابەردى بەكلا كەچ قايتىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ ــ سورىدى ئۇ ئوچاققا ئوتۇن سېلىۋاتقان ئايجامالدىن، ــ ئۇلارنىڭ ياتاققا كىرگىنىنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن دېسە.

ــ ئېغىر ئەلياتقۇ مەھەلدە كەپتىكەن، ئوتۇنلارنى چۈشۈرۈپ بولغۇچە يېرىم كېچە بولىدىغۇ دەيمەن، ــ دېدى ئايجامال ئوچاقتىكى ئوتۇنلارنى نېرى ـ بېرى قىلىۋېتىپ، ــ مەنمۇ ئۇلارغا سۇ ئاچىقىپ بېرىپلا ياتاققا كىرىپ كەتكەنىدىم. ياتاققا قاچان قايتقىنىنى ئېنىق بىلمەيمەن.

ــ قارىسام، بەكلا قاتتىق ئۇخلاپ كېتىپتۇ. شۇڭا، ئويغاتمايلا چىقتىم، ــ شەمشىدىن قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن بىر تال يۇلغۇننى قاراسىدە سۇندۇرۇپ ئايجامالغا ئۇزاتقاندىن كېيىن قوشۇپ قويدى، ــ بىچارىلەرنىڭ جاڭگالدىكى كۈنىنىڭ قانداقلىقىنى

بىلمەيمەن. ئەمما، ئۈچ ۋاخىلىقىغا قاتتىق نان غاجاپ، ئىسسىق باسىدىغان سۆيۈق ـ سەلەڭ كۆرمەي، جىنى بەكلا قاقشاپ كەتتىمىكىن دەيمەن. توختايۈپتىن ئىجازەت ئالسام، ئۇلارغا بىر قاچىدىن سۆيۈقئاش قىلىپ بىرەمسىز ئايجامال؟

ــــ قىنى، دەپ بىقىڭ ئەمىسە، ئۇياق قوشۇلسىلا بىرنەچچە قاچا ئاش ئىتىش دىگەن ماڭا ئويۇننىڭ ئورنىدىكى ئىش.

شەمشىدىن يۈزىنى يۈيۈپ بولۇپ توختايۈپنىڭ ئىشىكىنى قاقتى.

ــــ كىم؟

ــــ مەن، شەمشىدىن.

ــــ ھە، نىمە ئىش؟

ــــ خۇدابەردىلەر كىچىلەپ جاڭگالدىن چىققانىكەن...

ــــ خەۋىرىم بار، ــــ تىخىچە ئورنىدىن تۇرمىغان توختايۈپ بوغۇق ئاۋازدا ئۇنىڭ گىپىنىڭ بىلىگە تەپتى.

ــــ ئۇلار جاڭگالدا يۇرۇپ بەكلا چارچاپ كىتىپتۇ. ناۋادا رۇخسەت قىلسىلا، ئايجامال سۆيۈق ـ سەلەڭ قىلىپ ئۇلارغا بىر قاچىدىن ھاردۇق ئىشى ئىتىپ بەرسە بوپتىكەن.

توختايۈپنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتىمىكىن، خىلى بىر چاغقىچە ئۈنى ئاڭلانمىدى. شەمشىدىن ئۇنىڭ ياتقى ئالدىدا جاۋاب كۇتۇپ بىر ئاز تۇردى.

ــــ تۇ مۇدىر، گىپىمنى ئاڭلىدىلىمۇ يا؟ ــــ خىلى بىر چاغقىچە جاۋاب بولمىغاندىن كىيىن شەمشىدىن قاتتىقراق ئاۋازدا قايتىلاپ سورىدى، ــــ مەن ئىشىك ئالدىلىرىدا جاۋابلىرىنى كۇتۇپ ساقلاۋاتىمەن.

ــــ ئۇلارنىڭ باشقا ئىشى بولمىغاندىكىن، چۈشكىچە ئۇخلاپ ئارام ئالسا، چۈشلۈك تاماقتا ھەممەيلەنگە بىراقلا سۆيۈقئاش ئەتسە بولمىدىمۇ؟ ئۈچ ئادەمگە مەخسۇس قازان ئىسىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟

بىر چاغدا ئىشىك قىيا ئىچىلىپ توختايۈپنىڭ تۆكى چۈشۈپ

كەتكەن سىيدام بېشى كۆرۈندى. ئۇ قىزىرىپ تۇرغان كۆزلىرىنى شەمشىدىندىن قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالغانىدى. ئۇ توختايۇپنىڭ توخۇ ئەت بولۇپ كەتكەن بويۇن تېرىلىرىگە ئەجەبلىنىپ قارىدى.

— چۈشكە ئەتىسمۇ بولىدۇ. بىراق، خۇدابەردىلەر جاڭگالدا يۈرۈپ بەكلا سۇسىراپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئازراق ئاش ئىچىۋالسا ئىسسىق بېسىپ، ھاردۇقى ياخشىراق چىقارمىكىن دەيمەن. ئۈچ ئادەمگە بىر ۋاخ قازاننى ئارتۇق ئاسقانغا مەيدان نامراتلىشىپمۇ كەتمەس.

توختايۇپ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن شەمشىدىنگە يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ، غاراڭ - غۇرۇڭ ئاۋازدا شۇنداق دېدى:

— بوپتۇ، سەن ئېغىز ئېچىپ قالدىڭ، ماقۇل دېمەسلىككە يۈزۈم چىدىمايدۇ. ئايجامالغا دەپ قوي. بىر قاچا ئاشنى ئارتۇقراق ئېتىپ ياتقىمىغا ئەكىرىپ بەرسۇن. مېنىمۇ ئاخشامقىسى چىشلىۋالغان ئوخشايدۇ، بېشىم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئاغرىپ تۇرىدۇ.

شەمشىدىن ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ كەينىگە ياندى.

خۇدابەردىلەر تېخىچە ئۇخلىماقتا ئىدى. ئايجامال تۇتۇن يەپ يۈرۈپ ئاشنى پىشۇرغاندىلا شەمشىدىن ياتاققا كىرىپ ئۇلارنى ئويغاتتى.

— ھەي بەڭۋاشلار، تۇرۇڭلار ئەمدى، ئاش پىشتى، ئىسسىق ئىچىپ ئاندىن يېتىڭلار. ھاردۇقنى ئىسسىق ئىچىۋېلىپ چىقارساڭلار ياخشى بولىدۇ...

خۇدابەردى كۆزىنى ئاچتى. ئۆزىنى تارتىپ نوقۇۋاتقان شەم-شىدىننى كۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئارقىدىن تاشپولات تۇرسۇن، دىلمۇراتلارمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— مۇشۇ چاغقىچە ئۇخلاپ ياتقىنىمىزنى كۆرمەمدىغان؟ — دېدى خۇدابەردى دېرىزىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرىغا

تىكىلگىنىچە، — كۆن نەيزە بويى ئۆرلەپتۇ - دە. جاڭگالدىكى ۋاقتىمىزدا بۇ چاغقىچە بىردىن دۆڭنى يىقىتىپ، بىر ئىشەكلىكتىن ئوتۇن كولاپ بولاتتۇق.

— «ئۆچكە جاڭگال چۇشەپتۇ، توخۇ داڭگال» دېگەندەك، يەنە شۇ ئوتۇننىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ، — دېدى شەمشىدىن ئۇنى قولىدىن تارتىپ، — بولدى، بولدى، تېزرەك يۈزۈڭلارنى يۇيۇۋېلىڭلار، ئايجامال توختايۇپنىڭ تەستىقى بىلەن سىلەرگە ئاتاپ ئۆز قولى بىلەن ئاش ئەتتى. ئىسسىقىدا ئىچىۋېلىپ، ئاندىن قانغۇچە ئۇخلاڭلار. تېز بولۇڭلار، ئاغىنىلەر.

شەمشىدىن خۇدابەردىگە قاراپ «ئۆز قولىدا...» دېگەننى ئۇرغۇلۇق ئېيتتى. ئۇنىڭ نېمە مەقسەتتە شۇنداق دېگەنلىكىنى خۇدابەردىنىڭ كۆڭلى تۇيۇپ تۇراتتى. ئۇ ھۇپپىدە قىزارغىنىچە يەرگە قارىۋالدى.

— سېنىڭ بۇنچە لامزەللە ئىكەنلىكىڭنى ئويلىمىغانىكەنمەن، — دېدى شەمشىدىن ئۇلار ئاشنى ئىچىپ قايتىپ كىرگەندە، خۇدابەردىنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاپ، — ئايجامالنىڭ ساڭا كۆڭلى بارلىقى ئېنىق، شۇڭا ئۆزىگە ئەركەك چىۋىننىمۇ يېقىن يولاتماي يۈرىدۇ. بىراق، تورمۇشتا كۈتۈلمىگەندە قاچىدىكى ئاشقا چىۋىن چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇغۇ؟ تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇپ، ئۇنىڭ بېشىنى باغلىۋالساڭ ياخشى بولاتتى. سەن مۇشۇنداق ئەسكى تامنىڭ چالمىسىدەك گۆشيىپ يۈرىۋەرسەڭ، ھامىنى ئۇنىڭدىن قۇرۇق قالىسەن. قىز بالا دېگەن تەييار ئاش، ئۇ پىشىپ قالسىلا ھەممە ئادەمنىڭ ئىچكۈسى كېلىدۇ. سەن مۇنداق يۈرىۋەرسەڭ، ھارامتاماقلاردىن بىرەرى چاققان كېلىپ قالسا، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۈڭگە دۈشمەن بولىدۇ، ئاداش.

خۇدابەردى شەلپەردەك قىزىرىپ، تىرنىقىنى كولىغىنىچە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— ئەمدى شەمشىدىن، سەن مېنى چۈشىنىسەن، نېمىشقىكىن قىز بالىنى كۆرسەم گېپىمنى تېپىپ قىلالمايمەن. مېنىڭمۇ

ئۇنىڭغا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرىم بار. بىراق، ھەر قېتىم ئۇنى كۆرسەم تىلىمغا زۇۋان كەلمەيدۇ. شۇڭا، ھازىرغىچە ئىچىمگە تىنىپ مۇشۇنداق يۈرۈۋاتىمەن. سەن ئىشىنەمسەنكىن، جاڭگالدا ئوتۇن كولاۋېتىپمۇ ئۇنى ئويلىمىغان بىرمۇ دەقىقەم يوق. ئايجامالمۇ ماڭا نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى قىلدى. شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭغا ئۆز ئىچىمنى بىلەن بىرەر قېتىم رەھمەتمۇ دېيەلمىدىم. بەزىدە ئۆزۈمگە شۇنچىلىك ئۆچ بولۇپ كېتىمەنكى، ھەي، جاھاندا مەندەك توخۇ يۈرەك ئادەمدىن يەنە بىرى تېپىلارمۇ دەپ ئويلاپمۇ كېتىمەن.

— ئىشقىلىپ، ھەرقانچە يېقىن بولساقمۇ، بۇنداق ئىشلارغا مەن ياردەم قىلالمايمەن. ئەڭ ياخشىسى سەن ئۇنى بىر يەرگە چاقىرىپ، ئۆز ئىچىڭنى بىلەن كۆڭۈل سورىغىنىڭ ياخشى. بىلىپ قوي، خۇدابەردى، قىز بالا دېگەنمۇ ئادەم، ئۇنىڭدىمۇ ساڭا ئوخشاشلا كۆڭۈل بار. شۇڭا، قىزلارنىڭ ئالدىدا بەك قىزىرىپ - تاتىرىپ يۈرۈشمۇ ياراشمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى سەن بىر پۇرسىتىنى كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئىچىڭ ئاچ. ئۇ قىزمۇ بېشى باغلانسا خاتىرجەم بولۇشى مۇمكىن.

— سېنىڭ ئىشىڭچۇ؟ — سورىدى خۇدابەردى ئۇ سۆزنى موخوركىنى شوراۋېتىپ.

— مېنىڭ قايسى ئىشىمنى دەيسەن؟

— خۇپسەنلىك قىلما، — دېدى خۇدابەردى ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ، — ئايشەم بىلەنكى ئىشىڭچۇ؟ ئاشۇ قىزمۇ ساڭا ئىما - ئىشارەتلەرنى قىلىپ يۈرەتتىغۇ؟ سەن شاخ سانىغۇچى قۇشتەك شاختىن شاخقا قونۇپ يۈرمىگەنسەن؟

— نەلەردىكى گەپنى قىلىۋاتىسەن؟ — شەمشىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ناۋادا ئايشەم ئايجامالنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلىگەن بولسىدى، مەن ئاللىقاچان ئۇنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، لەۋلىرىدىن غۇنچىسىنى ئۈزگەن بولاتتىم. ئايشەم ھەقىقەتەن ياخشى قىز. ئۇنىڭ كۆڭلىنى قوبۇل قىلسام تامامەن بولىدۇ.

بىراق، مەن نېمە ئۈچۈندۇر ئايشەمنى ئايجامالغا يەتمەيدىغاندەك ھېس قىلىمەن، شۇڭا تېخىچە ئۇنىڭ بىلەن بىرەر قېتىم ئايرىم مۇڭدىشىپ باقمىدىم. ھازىرچە مېنىڭ يەنىلا تەنھا ئۆتكىنىم ياخشى. ياراتقان ئىگەمنىڭ بىر يەرلەردە ماڭا ئاتىغىنى باردۇر، ئاداش.

ئۇلار پاراڭ بىلەن مېڭىپ قۇلاقلىرى پۈتۈنلەي سارغىيىپ كەتكەن قوناقلىقنىڭ يېنىغا كېلىپ قېلىشقانىدى. ئېتىزلاردىكى باباراۋەر پىشىپ كەتكەن قوناقلارنى كۆرۈپ خۇدابەردى ئۇھ تارتتى.

— نېمىگە ئاھ ئۇرىسەن؟ — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭ چىرايىغا تەپكەن غەمكىنلىكىنى كۆرۈپ، — بىرەرىدىن ئازار يەپ قالمىغانسەن؟

— ياق، — خۇدابەردى يەنە ئېغىر خورسىندى، — شۇ تاپتا تۇرمۇشتىن ئازار يېگەن تاشپولات خىيالىمغا كېلىۋالدى، ئۇنىڭ دەردى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىكەن. ئانامنى باقىمەن دەپ كۆرمىگەن كۇنلىرى قالماپتۇ. مۇشۇ ئالتۇندەك قوناقلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قومۇشكۆلدە تارتقان ئازابلىرى بىردىنلا يادىمغا يېتىپ قالدى. مۇمكىن بولسا ئۇنىڭغا كۆپرەك تەسەللى بېرىپ دەردىنى يېنىكلەتسەم دەيمەن. ئۇ ھازىر تىكەندەكلا يالغۇز.

ئۇلار بىر دۆڭنىڭ يانباغرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. خۇدابەردى موخوركا ئورىغاچ تاشپولات تۇرسۇننىڭ قومۇشكۆلدىكى سەرگۇزەشتىلىرىنى بىرقۇر سۆزلەپ بەردى. شەمشىدىننىڭمۇ چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ تاماكا ئىسىنى ئاسمانغا پۈۋلىگىنىچە زۇۋان سۈرمەستىن خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى.

— ۋاي بىچارە، — دېدى ئۇ چوڭقۇر خورسىنغىنىچە، — راستلا ئېچىنىشلىق قىسمەت بېشىغا كەپتۇ-دە، ئۇنىڭ. بوپتۇ، بىر كۈنى ئوبدانراق بىر ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قارىسىنى ئوشتۇپ قويارمىز. تاشپولات تۇرسۇن راستلا ئىسمى-جىسمىغا لايىق

تاشپولات ئىكەن. شۇنچە كەلگۈلۈكلەر كەلسىمۇ بەرداشلىق بېرىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا قول قويدۇم.

— ئاز كۈندىن كېيىن قوناق ئېلىش، كۈزگى تېرىش ئىشلىرى باشلانغۇدەك، — ئېتىزلارغا قاراپ بىر ئىشنى پەملىگەن خۇدابەردى شەمشىدىننىڭ قولىدىكى موخوركىنى ئېلىپ بىر نەچچىنى شورىدى، — ھە راست، «راكېتا»دىكى ئاغىنىلەر كېلىپ تۇرۇۋاتامدۇ؟

— ئۇزاق بولدى، ئۇلارمۇ كەلمىدى، بىزمۇ ئۇ تەرەپكە ئۆتەلمىدۇق. بىلمىدىم، ئەھۋالى قانداقكىن؟ — شەمشىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشتىنىدىكى توپىلارنى قېقىشتۇردى، — توختايۇپنىڭ دېيىشىچە، مەيداندا بۈگۈن كىنو قويىدىكەن، ئېھتىمال ئۇلار كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. كىنو بار دېسە، نەچچە كۈنلۈك يەردىن ئۇچۇپ كېلىدۇ بۇ خەق.

— ئەمىسە بۈگۈن ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدىكەنمىز - دە، — خۇدابەردىمۇ ئورنىدىن تۇردى، — ھەتتىڭگىنەي، ھېلىقى قوناقنىڭ سۈيىدىن يەنە ئازراق تاپالىغان بولساق پۇخادىن چىققۇدەك بىر ئىچىشىۋالارمىزكەن، ئاداش. بىراق، ئەمدى ئۈلگۈرمەيدۇ - دە!

— سەن جاڭگالدىن يەنە بىر چىققۇچە تېپىپ قويىمەن، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭ پېشىدىن تارتىپ، — يوق، ئەمدى قايتايلى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ قاپتۇ. ئۈلگۈرۈپ بارالىساق، يولۇڭغا قاراپ ئايجامالنىڭ كۆزىنىڭ قارىقى ئېقىپ چۈشمىسۇن يەنە...

ئۇلار كۈلۈشكىنىچە ياتاق تامان يۈرۈپ كېتىشتى.

— گېپىم ئېسىڭدە بولسۇن، — دېدى شەمشىدىن يولدا كېلىۋېتىپ، — بۇنداق يۈرەكسىزلىك قىلما، ئوغۇل بالا دېگەننىڭ ئاز - تولا جىگىرى بولمىسا بولمايدۇ. قىز بالا دېگەن ئادەم يەيدىغان يولۋاس ئەمەس، ئۇنىڭدىمۇ ساڭا ئوخشاشلا مۇھەببەتنى ھېس قىلىدىغان كۆڭۈل بار. شۇڭا، ۋاقتىدا ئۇنىڭغا ئېغىز ئېچىپ، بېشىنى باغلىۋال. بولمىسا كېيىن ئۆزۈڭنى قىيادىن

ئاتقىنىڭ بىلەنمۇ ھەممىسى بىكار. ئۆزۈڭگە كۆنمىگەن قۇش قولۇڭدىن چىقىپ كەتسە، ئۇنى ھەرگىزمۇ تۇتالمايسەن. چۈشەندىڭمۇ؟

خۇدابەردى چۈشەندىم دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— ناۋادا سەن توغرا تۇرۇۋالمىغان بولساڭ، مەن ئۇنى ئاللىقاچان ئۇندەككە كەلتۇرۇپ بولغان بولاتتىم. لېكىن، سېنىڭ يۈزۈڭ چوڭ كېلىپ قالدى ـ دە، كىسپۇرۇش. شۇڭا، ئۇنىڭ پېشىنى ۋاقتىدا تۇتۇۋال، بولمىسىزە ئاكاڭ قارىغايدىن يەيدىغان تايىقىڭ بار.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— سېنى توختايۇپ دېگەن قىزىلكۆز بەك ئىزدەپ كەتتى، — دېدى ئوبۇلتالىپ ياتاققا كىرىپ كەلگەن شەمشىدىننى كۆرۈپ، — سېنى تاپالماي خۇددى تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتكەن تېجىمەلدەك چىچاڭشىپ يۈرىدۇغۇ ئۇ قىزىلكۆز.

شەمشىدىن ھېچ ئىش يوق دېگەندەك خۇدابەردىنىڭ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويۇپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ قانداقتۇر بىر كۈيگە ئىسقىرتقىنىچە قايتىپ كىردى.

— نېمە ئىش ئىكەن؟ نېمىگە ئىزدەپتۇ ئۇ سۈرگە دورىسى؟ — ئالدىراپ سورىدى تاشپولات تۇرسۇن تەكيىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوقتۇ؟ — خۇدابەردىمۇ تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئېغىزىغا قارىدى.

— بۈگۈن باللار نېمىشقا ئېتىزغا چىقمىدى دەپ سورىغىلى ئىزدەپتىكەن، تېگىشلىك جاۋابىنى بېرىۋەتتىم، — دېدى شەمشىدىن كۈلۈمسىرەپ، — بىرەر كۈن ئېتىزغا چىقمىغانغا يېكەنلىك مەيداندا قىيامەت قايىم بولماس، دېدىم. بوپتۇمۇ؟

— ۋاي، بۇ ئېشەك ئوغرىسىنىڭ قىلىقىنى، — دېدى ئوبۇلتالىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتقىنىچە، — ئۆزى كۈن بويى ھاراققا چىلىشىپ، كۆزلىرىنى قان ئىچكەن ئىتنىڭكىدەك قىزارتىپ يۈرسە گەپ يوق. بىز بىرەر كۈن دەم ئالساق، ئوشۇقى

سىياھ چۈشۈپتۇمۇ ئۇنىڭ؟ ئۇنىڭچە بولسا ئېتىز بېشىدا ئۆلۈپ بەرسەك ياخشى بولاتتى. ھېلىمۇ دەم ئالماي ئىشلەۋاتقىلى ئىككى ھەپتە بولدى. بىرەر كۈن پۈتىمىزنى ئۇزۇن سۇنۇپ دوستلار بىلەن مۇڭ قىلىشساق، ئىچى ئاداپ كېتىپتۇ ـ دە، ھامان بىر كۈنى بېشىغا تاغار كىيگۈزۈپ قويۇپ، داد دېگۈزمەي بولمايدۇ بۇ نىجىسنى.

— ئېغىزىڭغا ھېزى بول، ئوبۇل، — ئەسكەرتتى شەمشىدىن ئاۋازىنى پەسەيتىپ، — ناۋادا شۇنداق نىيىتىڭ بولغان تەقدىردىمۇ كۆڭلۈڭدە بىل. ئەگەر بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپلا قالىدىغان بولسا، ئىش چاتاق. توختايۇپ كۈنلەرنىڭ بىرىدە راستلا بېشىغا تاغار كىيىپ، كىملەردىندۇر تاياق يېسە، سەن يېقىن بارمىغان تەقدىردىمۇ ئوبۇلتالىپنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمەن، دەپ تۇرۇۋالسا، قاراباش بالاغا سەن قالىسەن. يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش ئادەمگە ئېغىر كېلىدۇ، ھارامزادە.

ئۇلار تاغدىن ـ باغدىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشتى. دەل شۇ چاغدا ئۇلارنى تاماققا چىللاپ توختايۇپنىڭ پۈشتىكى چېلىندى.

— ۋاي، ۋاي، ۋاي... — دېدى دىلمۇرات قۇلىقىنى مەھكەم ئەتكىنىچە، — جاڭگالدا يۈرۈپ قۇلىقىم خېلى ئارام تېپىپ قاپتىكەن، يەنە شۇ ـ سازلىق پاقىسىدەك كۈرۈلدايدىغان پۈشتەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ مېڭەم زىڭىلداپ كەتتىغۇ بۈگۈن؟

— نەچچە كۈندىن بېرى بۇ پۈشتەكنىڭ ئاۋازىدىن بەكمۇ زېرىكتىم. توختايۇپ كىچىككىنە بىر ئىش بولسا، پۈشتىكىنى كۈركىرىتىپ ئادەمگە ھېچ ئاراملىق بەرمەيۋاتىدۇ.

— ئۇنىڭ بىزنى باشقۇرىدىغان پۈشتەكتىن باشقا نېمىسى بار؟

ئۇلار پاراڭلاشقىنىچە قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ ياتاقتىن چىقىشتى.

چۈشتىن كېيىن بۇ يەرگە كىنو قويۇش ئەترىتىدىكىلەر

يېتىپ كەلدى. توختايۇپنىڭ يۇزىدىكى تىرناق ئىزىنىڭ ساقىيىشىنى كۇتۇپ، ئۇلارنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىش ئىشىمۇ كەينىگە سۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. كىنو قويۇش ئەترىتىنىڭ كېلىشى بىلەن يېكەنلىك مەيدان بايرام تەنتەنىسىگە چۆمۈلدى. ھەممەيلەننىڭ چېھرىدە ئاجايىپ بىر قىزغىن كەيپىيات ھۆكۈم سۇرمەكتە ئىدى. ياشلار تۇشمۇتۇشتىن ھە ـ ھۇ دېيىشىپ، ياتاق تېمىغا ئېكران تارتىش، ماتورنىڭ سىملىرىنى رەتلەش دېگەندەك ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرۇشاتتى.

«راكېتا»دىن يېكەنلىك مەيدانغا تۇتىشىدىغان توپىلىق يولمۇ قىزىپ كەتكەنىدى. ئۇلار مەيداندا كىنو قويۇلىدىغانلىقىنى نەدىن ئاڭلاشتىكىن، كەچ كىرمەستە بالا ـ چاقىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ خۇددى بازارغا ماڭغاندەك گۇرۇلدەپ كېلىشكە باشلىدى. ھەممەيلەننىڭ چىرايىدا بىر خىل ھاياجانلىق تۇيگە جىلۋە قىلاتتى. نەجمىدىنمۇ دەمدەك ئوسما قويۇۋالغان خوتۇنى بىلەن قېينىسىڭلىسى گۇلقەلەمنى ئەگەشتۇرۇپ خېلى بۇرۇنلا كېلىۋالغانىدى. شەمشىدىنلەر كىنو باشلىنىپ بولغۇچە ئۇلارنى ياتىقىغا باشلىدى. گۇلقەلەم ياتاققا كىرىپلا خۇدابەردىنى كۆرۇپ ھودۇققىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. قىزنىڭ قېنىق ئوسما ئىچكەن قاشلىرى ئۇچۇشقا تەييار بولغان قارلىغاچنىڭ قانتىدەك تېپىرلايتتى، يۇزى تازا ۋايىگە يېتىپ پىشقان ئانار دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ياتاق ئىچىدە ھودۇقۇپ، قەدەمدە بىر مۇدۇرەيتتى. سىڭلىسىدىكى بۇ ئۆزگىرىشتىن ھەيران قالغان خانزاد نېمە بولدۇڭ، دېگەندەك ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.

— يىراق مەھەللىگە ئەرگە تەگكەن قىزلاردەك بەكلا كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭلارغۇ؟ — دېدى نەجمىدىن ئۇلارغا موخوركا سۇنۇۋېتىپ، — بىز تەرەپلەرگىمۇ ئۆتمىدىڭلار. جامال، توختىلار بىلەن بىر يەرگە كەلسەكلا سىلەرنىڭ گېپىڭلارنى قىلىشىمىز. ئەسلىدە بىزنىڭمۇ بىر ئۆتىدىغان يولىمىز بار ئىدى. شۇ

ئەترەتنىڭ ئىشلىرى چۇۋۇلغان يىپتەك بولۇپ كەتتى، ھەرقانچە قىلىپمۇ يىپنىڭ ئۇچىنى تېپىپ بولالماي ۋاقتىمىز يەتمىدى.

— بىزمۇ شۇ، — دېدى شەمشىدىن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكاندىن قايناق سۇ قويۇۋېتىپ، — يازنىڭ ئىشى دەيدىكەنمىز، كۈزنىڭ ئىشى دەيدىكەنمىز، ھەممىسى بىر - بىرى بىلەن ئۇلىشىپلا كېلىۋەرگەچكە باش قاشلىغۇدەكمۇ ئارامچىلىق يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇدابەردىلەر ئوتتۇن كولاش ئۇچۇن جاڭگالغا ماڭغان. بىرنەچچە ھەپتە بولدى، ئۇلار مەيداندا يوق، تېخى ئاخشاملا كەپتىكەن. بىزمۇ ئەتىگەن كۆرۈشتۇق. يەنە كېچىگىچە يولغا چىقىدۇ. شۇڭا، سىلەرنى يوقلاپ بارالمىدۇق.

— ۋىيەي، سىزمۇ ئوتتۇن كولىيالامسىز؟ — سورىدى خانزاد ئىشەنمىگەندەك قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ قويۇپ، — قارىسا سايراشنى ئۆگەنمىگەن ھۆپۈپتەك ئىچىڭىزگە تىنىپ جىملا ئولتۇرىدىكەنسىز بولمىسا.

— ئىم... — گۈلقەلەم بىرنەرسە دېمەكچى بولدىيۇ، نېپىز لەۋلىرىنى چىڭگىدە چىشلەپ يەنە جىم بولدى. خۇدابەردى قىزنىڭ ئويناق كۆزلىرىگە مۇنداقلا قاراپ، قىلتاقتا چۈشۈپ قالغان كەپتەردەك سىلكىنىپ كەتتى. ئۇ ئايانچلىق كۈلۈمسىرەپ، نەزىرىنى تېزلا باشقا ياققا يۆتكىۋالدى.

— باشقا كەلگەندە باتۇر دەپتىكەن، ئوغۇل بالا دېگەنگە قىلاي دېسە ئىش دېگەن تېپىلىپ تۇرىدۇ، — دېدى نەجمىدىن موخوركىسىنى قاتتىق شوراپ، ئىسنى ھالقا قىلىپ پۈۋلىگەندىن كېيىن، — ھېلىغۇ ئوتتۇن كولاش ئىكەن، ئەرشكە چىق دېسىمۇ چىقىدىغان گەپ. بۇ دوستىمىزنىڭ جاڭگالدا يۈرۈپ كۆچى زايە بولۇپ كېتىپتۇ. ئەسلىي ئۇنى مۇزىكىدا ئوبدانراق بىر تەربىيىلەيدىغان ئىش ئىكەن. نان بەرسە ئادەم بولىدىغان يىگىت ئىكەن بۇ. باشلىقىڭلار بايقىيالماپتۇ.

— بىزنىڭ باشلىقنىڭ بايقايدىغىنى باشقا، — دېدى ئوبۇلتا- لىپ گەپكە قوشۇق سېلىپ، — ئۇ ئادەمگە لىققىدە ھاراق توشقۇ-

زۇلغان قاپاق بىلەن نايناقلاپ يۈرىدىغان قىز بولسا بولدى. نەغمە ـ ناۋا، ساز ـ پاز ئاڭلىسا تولغىنقى تەتۈر كېلىدىغىنى ئۇ. بىزنى چېلىۋالىدۇ دەپ، ئۆزىنىڭ ئەتىۋارلىق دۇتارىنىمۇ چېقىۋەتتى. ئاشۇ دۇتار يېرىلغۇچە بۇ ئادەمنىڭ هاراق بۇسىدا ئەقلىدىن كې- تىپ قالغان قاپاق كاللىسى يېرىلسىچۇ خۇدايىم...

شەمشىدىن ئۇنىڭغا قاراپ ئالايدى. ئوبۇلتالىپ بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغاندەك ئۇجۇقۇپ، ئېغىزىنى تۇتقىنىچە ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

— كىنونىڭ تۇيۇقسىز خەۋىرى بولۇپ قالغاچقا، بازار تەرەپكە ئۆتۈشكىمۇ ئامال بولمىدى. سىلەرنى قۇرۇقلا كۈتۈۋالىدىغان بولدۇق، — دېدى شەمشىدىن ئۇلاردىن كۆڭۈل سوراپ، — سىلەرنىڭ بۇ تەرەپكە ئۆتمىكىڭلارمۇ ئاسان ئەمەس، شۇڭا ئازراق تەييارلىق قىلىپ قويىدىغان ئىش ئىدى. ئۇلگۈرەلمىدۇق.

— هېچقىسى يوق، ئارتۇق پۇشۇقۇنۇپ كەتمەڭلار. يېكەنلىكتە كىنو كۆرەيلى دەپ كەلگەندىكىن، هوش ـ كاللىمىز بىلەن خەسىگە چىققاننى كۆرۈپ كەتكىنىمىز ياخشى. ئولتۇرۇش دېگەننى قاچانلا بولسۇن قىلىۋالىمىز.

نەجمىدىن تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن شەمشىدىننىڭ ئۆزرىسىگە جاۋاب قايتۇردى.

كەچ كىرىپ كىنو باشلاندى، ئېلېكتر ماتورىنىڭ گۈرۈلدىشى بىلەن كىنو مۇزىكىسىنىڭ ياڭرىشى يېكەنلىك مەيدانىنىڭ هەممە يېرىگە ئاڭلىناتتى. داق يەردە يۇكۇنۇپ ئولتۇرۇپ كىنو كۆرۈۋاتقان دېهقانلارنىڭ ئېغىزى هەيرانلىقتىن قۇشقاچ كامىرىدەك ئېچىلىپ قالغانىدى. كۇندىلىك تىرىكچىلىكنى ئېتىز ـ ئورەكتە ئۆتكۈزۈپ، قۇشناچىم ئېتىپ بەرگەن ئۇماچنى ئىشتىها بىلەن ئىچىپ، كەچ كىرىپ بولغۇچە ئۆزىنى يوتقاندا كۆرىدىغان بۇ ئادەملەرگە نىسبەتەن كىنو هەقىقەتەن بىر يېڭىلىق ئىدى. ئۇلار تېز ئالمىشىپ تۇرىدىغان كىنو كۆرۈنۈشلىرىدىن ئالاهىدە بىرنەرسىلەرنى بايقىيالمىسىمۇ، ئۇنىڭدىكى گەپ ـ

سۆزلەرنى چۈشىنەلمىسىمۇ، بىر كىنونى نەدە قويسا قوغلاپ يۈرۈپ قايتا ـ قايتا كۆرۈشتىن ھەرگىز زېرىكمەيتتى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قانداقتۇر يېقىنلىق بولسىلا كۇپايە ئىدى.

خۇدابەردى بىلەن شەمشىدىن نەجمىدىنلەرنى ئارىغا ئېلىپ سەپىنىڭ كەينىدىرەك ئولتۇرۇشقانىدى. كىنو قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا قانداقتۇر بىر ئوقۇغۇچى بازغاننى ياخشى سوقۇپ، ئالىقىنى قاپارغانلىقى سەۋەبىدىن ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىنغانىدى. ئالىي مەكتەپكە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ھېلىقى ياشنىڭ قاداق باسقان ئالىقىنىنى سىلاپ، كۆزلىرىگە ياش ئالغاندا، مەيداندا ئولتۇرغانلار توختايۇپنىڭ باشلامچىلىقى بىلەن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرىنى ياڭرىتىۋەتتى.

دەل شۇ چاغدا خۇدابەردى كۆڭلىكىنىڭ غولىدا بىرنەرسە مېڭىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. قانداقتۇر بىرنەرسە. خۇددى ئادەمنىڭ بىگىز بارمىقىدەك توم، ھارارەتلىك بىرنەرسە ئۇنىڭ بىلىدىن ئاستا ـ ئاستا يۇقىرى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. غولىغا چاپلىشىپ تۇرغان كۆڭلەك ئاشۇ قىزىق نەرسىنىڭ قورتتەك ئۆمىلەپ مېڭىشى بىلەن كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى. بىراق... ئۇنىڭ كەينىدە ئېكرانغا قاراپ قېتىپ ئولتۇرغان گۈلقەلەم... ئۇنىڭ غولىدا قورتتەك ئۆمىلەپ مېڭىۋاتقىنى ياش قىزنىڭ ھارارەتلىك بارماقلىرى... خۇدابەردى ئۇنىڭ قولىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولدى، بىراق قىزنىڭ يېنىدىلا ئولتۇرغان خانزادىنى كۆرۈپ جىم بولدى. ئۇ قىزنىڭ قولىنى چۈشۈرۈۋېتىش بىلەن كۆڭلىگە ئازار بېرىپ قويۇشنىمۇ، ئۇنى نەجمىدىنلەرنىڭ ئالدىدا كۈلكىگە قويۇشنىمۇ خالىمايتتى. لېكىن، بەڭۋاش قىز ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كۆيدۈرگۈچى بارماقلىرىنى ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تارتاي دېمەيتتى.

بىر چاغدا تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭ يېنىدىن تارتىپ قالدى.

— بۇياققا كەل، — دېدى ئۇ خۇدابەردىنىڭ قولىغا پىچىرلاپ، — ئېشەك ھاڭرىغاندا چۈشكەن قوغۇندەك مۇشۇنداق لاۋزا كىنونىمۇ كۆرەمسەن؟ ماڭغىنا، ئۆكۈزنى ئەكېلىپ ھارۋىغا قوشۇپ، بۇ يەردە چىۋىن يەۋالغاندەك ئولتۇرغۇچە يولىمىزغا ماڭايلى.

— سەل تەخىر قىل، كىنومۇ تۈگەي دەپ قالدى. كىنودىن كېيىن نەجمىدىنلەر بىلەن خوشلىشىپ ئاندىن ماڭايلى، — دېدى خۇدابەردى.

— ئەمىسە مېنى ھارۋىنىڭ يېنىدىن تېپىۋال، — تاشپولات تۇرسۇن شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ قالدى. بۇ چاغدا خۇدابەردىنىڭ غولىدىكى قورتمۇ ئۆمىلەشتىن توختىغانىدى.

كىنو تۈگەپ ھەممەيلەن بىراقلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى ۋە پاقىلدىتىپ كىيىملىرىدىكى توپىلارنى قېقىشقا باشلىدى. بىرپەستە كەڭرى مەيدان ئادەمنىڭ نەپىسىنى بوغقۇدەك چاڭ - توزانغا كۆمۈلۈپ كەتتى. ئۇخلاپ قالغان بالىلىرىنى ئويغىتالماي تېرىكىۋاتقان ئاتا - ئانىلار ۋارقىرايتتى. يېكەنلىك مەيداندىن «راكېتا»غا تۇتىشىدىغان يول يەنە قىزىشقا باشلىغانىدى. مەيداندىكى توپا - چاڭغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن زىيالىي ياشلار بۇرنىنى ئېتىشكىنىچە ياتاقلىرىغا قاراپ يۈگۈرۈشتى.

— خۇدابەردى... — ئۇ بىرىنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ كەينىگە بۇرۇلدى. كىرپىكلىرىگە توپا قونغان ئايجامال چىراغ يورۇقىدا ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. قىز ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، قويىنىدىن ياغلىققا ئوخشايدىغان بىر نەرسىنى چىقاردى، — سىزنى كەچنىڭياقى بەك كۆپ ئىزدەپ كەتتىم، بىراق ھېچ يەردىن تاپالمىدىم. ئاڭلىسام، كېچىلەپ يولغا چىققۇدەكسىلەر، سىزگە ئاتاپ بىر قولياغلىق كەشتىلەپ قويغانىدىم، ئېلىۋېلىڭ. يولدا يەيدىغانغا ئازراق بىرنەرسىمۇ تەييارلاپ قويغان، ھېلى ئاشخانىغا بارغاندا ئېلىپ بېرىمەن. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، ھېلى

كۆرۈشەيلى...

ئايجامال شۇنداق دەپلا ئۈركۈگەن كېيىكتەك كۆزدىن غايىب بولدى. خۇدابەردى بۇلۇتتەك يۇمشاق يىپەك قولياغلىقنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ كەينىدىن كۆز ئۈزەلمەي قاراپ قالدى.

— خۇدابەردى، قېنى سەن؟... — بارغانسېرى شالاڭلاپ بېرىۋاتقان توپ ئىچىدىن شەمشىدىننىڭ ئۇنى چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. خۇددى چۈشىدىن ئويغانغان ئادەمدەك ئېسىگە كەلگەن خۇدابەردى ياغلىقنى ئالدىراپ يانچۇقىغا سېلىپ، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان شەمشىدىننىڭ يېنىغا يۈگۈردى.

— نەگە كەتتىڭ، هارامزادە، — دېدى ئۇ خۇدابەردىنىڭ قۇلىقىنى تولغاپ، — نەجمىدىنلەرنىڭ ساڭا خوش دەيمىز دەپ كۈتۈپ تۇرغىنىغا نىچاغ، قۇمغا چۈشكەن يىڭنىدەك يوقاپ كەتتىڭغۇ؟ تېز بول، ئاغىنىلەرگە خوش دېگىن، ئۇلار يولغا چىقىشقا ئالدىراۋاتىدۇ.

خۇدابەردى خىجىللىق ئىلكىدە ئايالى بىلەن قېيىنسىڭلىسىغا بىر نەرسىلەرنى چۈشەندۈرۈۋاتقان نەجمىدىننىڭ يېنىغا باردى.

— خۇداغا ئامانەت، — دېدى ئۇ گۈلقەلەمنىڭ يەرنىڭ تېگىدىن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرغان هالدا، — بىزمۇ بىرەر سائەتكە قالماي جاڭگالغا ماڭىمىز. ئەسلىدە پۇرسەت بولغان بولسا كېچىچە پاراڭلىشىپ، سىلەرنى ئەتە يولغا سېلىپ قويساقمۇ بولاتتى. بىراق، ئەمدى، شۇ... بىزمۇ سەپەرلىك بولۇپ قالدۇق.

— ئەمىسە سىزگىمۇ ئاقيول بولسۇن بۇرادەر، جاڭگالدىن چىققاندا بىز تەرەپلەرگە ئۆتۈپ ئويناپ كېلەرسىز، — نەجمىدىن ئۇنىڭ قولىنى چىڭڭىدە سىقتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق ئاددىيلا خوشلاشتى. نەجمىدىن خانزاد بىلەن بىر كۆزى كەينىدە قالغان گۈلقەلەمنى ئەگەشتۈرگىنىچە يولغا چىقتى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقا قالماي ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان مەيدان تىمتاسلىققا چۆمدى.

ئەمدى خۇدابەردىلەرنىڭ يولغا چىقىدىغان ۋاقتى بولغانىدى.

دىلمۇرات ئېغىلدىن ئۆكۈزنى ئېلىپ كەلگەندە، تاشپولات تۇرسۇن هارۋىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغىنىچە موخوركا چېكىۋاتاتتى. خۇدابەردى پۈتى بىلەن تېپىپ هارۋىنىڭ چاقلىرىنى تەكشۈرمەكتە ئىدى. ئۇلار ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنىڭ گىرىمسەن يورۇقىدا ئۆكۈزنى هارۋىغا قېتىشتى. خۇدابەردى جاڭگالدا يېيىش ئۈچۈن ئامبارچى تەييارلاپ بەرگەن نان، سۇ دېگەنلەرنى ئاشخانىدا قويۇپ قويغانىدى. شۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىش باهانىسىدە ئايجامالنىڭ ئىشىكىنى بوشقىنا چەكتى. كۆپ ئۆتمەي ئىشىك ئېچىلىپ، قىزنىڭ يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆرۈندى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — مەنمۇ يولـ- ڭىزغا قاراپ تۇرغانىدىم...

— هەئە، هېلىقى نەرسىلەرنى ئېلىۋالاي، — دېدى خۇدابەردىمۇ پىچىرلاپ دېگۈدەك. ئۇلار قاراڭغۇلۇقتا چۆمگەن ئاشخانىدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ قويغان نەرسىلىرىنى ئىزدەشتى. بىر قىزنىق قول — يېلىنجاپ تۇرغان بىر پارچە ئوت خۇدابەردىنىڭ قولىغا ئۇرۇلدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپلا قىزنىڭ هارارەتلىك قولىنى چىڭگىدە تۇتۇۋالدى. ئايجامالنىڭ ۋاراقشىپ قايناۋاتقان چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن كۆتۈرۈلگەن هوردەك قىزىق نەپەسلىرى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلدى.

— ئۇنداق قىلماڭ، — قاراڭغۇلۇقتىن ئايجامالنىڭ ئۆتۈنۈش ئارىلاش پىچىرلىشى ئاڭلاندى، ئەمما ئۇ قولىنى تارتىۋالمىدى. شۇنداقتىمۇ قىزنىڭ ئۆتۈنۈشىنى قانداقتۇر شاهانە يارلىقتەك چۈشەنگەن خۇدابەردى ئىتتىككلا ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ قىزنىڭ قولىنى قىيالماسلىق هېسسىياتى بىلەن ئاستا قويۇۋەتكەندە، نېمىشقىدۇر ئۆزىنى ئىچى قۇپقۇرۇق قاپاقتا ئايلىنىپ قالغاندەك هېس قىلدى.

— بۇنىمۇ ئېلىۋېلىڭ، — دېدى ئايجامال نان قاچىلانغان

تاغارنى يۈدۈپ سىرتقا ماڭغان خۇدابەردىنىڭ قولىغا بىر تۈگۈچنى تۇتقۇزۇپ، — سىزگە ئاتاپ تۇخۇم پىشۇرۇپ قويغان. يولدا يەرسىز... — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە خۇدابەردىنىڭ مەڭزىگە چوككىدە بىرنى سۆيدى....

خۇدابەردىنىڭ ۋۇجۇدى قىزىق قازانغا تاشلانغان قوي مېيىدەك شۇررىدە ئېرىپ، تومۇر - تومۇرلىرىغا بىر ئىسسىق ئېقىم تارالدى. ئۇ بۇنداق سېزىمىنىڭ مۇھەببەت تەرىپىدىن ئاپىرىدە بولىدىغانلىقىنى، چەكسىز كۆيۈنۈش، سۆيگۈ مېھرى سىڭگەن ۋاپادارلىقنىڭ ئاشۇ ئىسسىق ئېقىمدەك تومۇر - تومۇرلارغا تارايدىغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلغانىدى.

بىر كۈن ئوبدان كۈتۈنگەن ئۆكۈزنىڭ خېلىلا ئايىغى ئېچىلىپ قالغانىدى. ئۇ گەرچە خارقىراپ، ئېغىزىدىن قەدەمدە بىر مازغاپ چىقىرىپ تۇرسىمۇ، يۇرۇشى سىلىق، قەدەملىرى يەڭگىل ئىدى. دىلمۇرات ھارۋىنىڭ چوققىسىغا يۆلەنگىنىچە ئەسنەپ ئولتۇراتتى. تاشپولات تۇرسۇن بىلەن خۇدابەردى ھارۋىدا نان قاچىلانغان تاغارنى باشلىرىغا قويغىنىچە يولتۇزلار جىمىرلىشىپ تۇرغان ئاسمانغا قاراپ يېتىشقانىدى. خۇدابەردىنىڭ قىزنىڭ لېۋى تەگكەن مەڭزى تېخىچە كۆيۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ قەلبىگە ئورنىغان ئاجايىپ بىر شېرىن تەمنى تېخىچە تامشىماقتا ئىدى...

يېكەنلىك مەيداندىن جاڭگالغا تۇتىشىدىغان چىغىر يولدا تالاي قېتىم ماڭغان ئۆكۈزنىڭ باشېغىنى تارتىش ھاجەتسىز، ئۇ ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى. ھەممەيلەن قانداقتۇر بىر شەپىگە قۇلاق سېلىۋاتقاندەك ئىچىگە تىنىپ جىممىدە يېتىشاتتى. پەقەت ھارۋا چاقىنىڭ كىرەكتىن چىققان شارەكلىرى نېمىگىدۇر نارازى بولۇۋاتقاندەك بوش غىچىرلايتتى. ئۆكۈزنىڭ دۆڭگە چىققاندىكى ھاسىرىشى ئەتراپنىڭ سۈكۈتىنى بۇزاتتى.

— بىزنىڭ ئىشلىرىمىز تۈگىشىپتۇ، بۇرادەر، — دېدى

تاشپولات تۇرسۇن بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ، — بايىقى كىنونى كۆرۈپ بەكلا ئۈمىدسىزلەندىم. بىزدىكى ئەخمەقلىقنىڭ بۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىكەنمەن. دۆلىتىمىز ئەمدى تۈگىشىدىغان ئوخشايدۇ.

— قانداق دەيسەن؟ — ھەيران بولۇپ سورىدى خۇدابەردى، — مەنچىغۇ ئۇ كىنونىڭ ئادەمنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ئىكەن.

— زىيالىي دېگەن بىر جەمئىيەتكە نىسبەتەن سوپۇننىڭ رولىنى ئوينىشى كېرەك ئىدى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ كىرلىرىنى ئۆزىنى خورىتىش بەدىلىگە يۇيۇپ چىقارسا، گۈل ئۈستىگە گۈل كەلگەندەك بەكمۇ ياخشى ئىش بولاتتى. بىراق، سەن كىنودىكى ھېلىقى كۆرۈنۈشكە دىققەت قىلمىدىڭمۇ؟ مۇشۇنداق ياخشى سوپۇن ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتقا بارغان سوقۇپ ئالىقىنى قاپارغان سىيدام نوچىلارنى قوبۇل قىلىشۋاتامدۇ؟ ئۇلار ئالىي مەكتەپكە بارغان تەقدىردىمۇ نېمە ئۆگىنەلەيدۇ؟ ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئالىقانىنى قاپارتىدىغان قارام كۈچ ئەمەس، بەلكى ئەقىل كېرەك بولىدۇ. ئىسىت، ئىسىت، بۇ كىنونى كۆرۈپ بەكلا ئۈمىدسىزلەندىم.

— تاشپولات، — ھارۋىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان دىلمۇرات كەينىگە بۇرۇلدى، — سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، يېكەنلىك مەيداندىكى ھەممەيلەننىڭ ئالىقىنى قاپىرىپ، قاداقلىشىپ كەتتى. ئەگەر بۇ ئۆلچەم ئالىي مەكتەپكە كىرىشنىڭ شەرتى قىلىنسا، مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئېغىلغا ھەيدەلگەن ئۆچكىلەردەك گۇررىدە ئالىي مەكتەپكە كىرىپ كېتىمىز. بۇنىڭ ئىچىدە سەنمۇ بار.

— ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئويلاپ يېتەلمىگەندىكەن، گەپكە قوشۇق سالماي ھارۋاڭنى ھەيدەۋەرسەڭچۇ، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭغا قوپال تېگىپ، — بۇ يەردىكى گەپ، ئادەتتىكى قاداق باسقان ئالىقاننىڭ گېپى ئەمەس، بەلكى سىياسىي جەھەتتىكى قاداق باسقان ئالىقاننىڭ گېپى. سەن بۇنى ھەرگىزمۇ

چۈشەنمەيسەن. بايا ئاشۇ كۆرۈنۈش چىققاندا، مەيداندا گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرىنىڭ پەلەككە يەتكەنلىكىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ مانا بۇ بىزدىكى بىلىمسىزلىك. شۇڭا، كىنونىڭ ئاخىرىنى كۆرگۈم كەلمىدى.

تاشپولات تۇرسۇننىڭ زادى نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى خۇدابەردىمۇ چۈشەنمىدى، شۇڭا تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان بىر سوئالنى سوراشتىن ۋاز كەچتى. ئۇ ياتقان يېرىدىن ئۆرە بولۇپ، بىر تال موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، تاشپولاتقا سۇندى.

— ئال، بۇرادەر. بىزگە شۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە ھەسرەت چەككەندىن تاماكا چەككەن ياخشىراق ئوخشايدۇ. بىر تال چېكىپ ئىچىڭدىكى ئاچچىقنى تۇتۇنگە قوشۇپ پۈۋلىۋەتكىن. زاماننىڭ ئىشلىرىنى ئۆكۈز قوشۇلغان ھارۋىدا ئاچچىق يۇتۇپ ئولتۇرۇپ ئۆڭشىگىلى بولمايدۇ. ھەرقانداق جاراھەتنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن ۋاقىت كېرەك. ئۇ ئاۋۋال يىرىڭ يىغىشى، ئاندىن ئېغىز ئېلىشى، ئارقىدىن ئاستا ـ ئاستا ساقىيىشى كېرەك. بەك ئالدىراپ كەتكەن بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىزدا ھۆكۈمەتنىڭمۇ بىر ئويلىغىنى باردۇ. شۇڭا، بەك ئۈمىدسىزلىنىپمۇ كەتمە. بۇ كىنونىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، قايتا تەربىيىگە چۈشۈش مەملىكەت خاراكتېرلىك ئىش بولۇپ، پەقەت بىزنىڭ بېشىمىزغىلا كەلگەن قىسمەت ئەمەس ئىكەن. ھېچبولمىسا ھۆكۈمەت بىزدەك ياشلارنىڭ ئالىقىنى قاپارغىنىنى بولسىمۇ ئالىي مەكتەپكە ئېلىۋاتسا كېرەك. بۇنداق پۇرسەتلەرنىڭ بىزگىمۇ كېلىشىدىن ئۈمىدۋار بولساق بولىدۇ. تەگمىگەن تاياققا ئىچىڭنى ئاچچىق قىلىۋالساڭ، ھېچكىمنىڭ بىر يېرى غىڭ قىلىپ قويمايدۇ. قېنى ئال، موخوركا چەك!

ئۇلار يەنە جىم بولۇشتى. ئۆكۈزنىڭ ھاسىرىشى بىلەن ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىشىلا كېچىنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ تۇراتتى. چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دۆڭلەردە ئۆسكەن پاخپاق

يۇلغۇنلار كېچە قاراڭغۇلۇقىدا تېخىمۇ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئاسماندىكى سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ھارۋىدىكىلەرنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك ياكى ئۇلارنىڭ تەقدىر قىسمىتىگە ھۆكۈم قىلالمىغاندەك، توختىماستىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتاتتى. بەزى ـ بەزىدە چاتقاللار ئارىسىدىن قانداقتۇر بىرنەرسىلەرنىڭ كىتىرلىغىنى ئاڭلىناتتى. كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى ئۈستىدە كېچىنىڭ غولنى قورۇيدىغان سوغۇق شامىلى كېزىپ يۈرەتتى.

تاشپولات تۇرسۇن بىلەن خۇدابەردى موخوركىلىرىنى چېكىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بېشىنى تاغارغا قويۇشتى ۋە كۆپ ئۆتمەي ئۇيقۇغا كېتىشتى. دىلمۇرات ساھىلغا چىقىپ قالغان تاپان بېلىقىدەك دەممۇدەم ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنىگىنىچە دۆڭلەرنىڭ ئارىسىدا يىلان باغرى بولۇپ سوزۇلغان چىغىر يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىمۇ مىڭ پاتمان ئۇيقۇ قاينايتتى. ئەمما، ئۇ سەگەك ئولتۇرۇپ ھارۋىنىڭ مېڭىشىغا دىققەت قىلمىسا، ئۆكۈزنىڭ كۆزنى غەلەت قىلىپ، باشقا تەرەپكە كېتىپ قېلىشى ياكى بولمىسا پۇرسەتنى غەنيمەت بىلىپ، ئىزىدا توختىۋېلىپ بەلگىلەنگەن مۆھلەتتە جېلىل سادىقلارنىڭ يېنىغا بېرىپ بولالماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

## 28

ئىككىنچى قېتىملىق ئوتۇن توشۇش نۆۋىتى جېلىل سادىقنىڭ ئىدى. ئۇنىڭ بىر ھارۋا ئوتۇن بېسىپ، جاپپار بىلەن ئابدۇسادىقنى ئېلىپ يېكەنلىك مەيدانىغا كەتكىنىگە بۈگۈن توپتوغرا بىر ھەپتە بولۇپ قالغانىدى. جاڭگالدا قالغان خۇدابەردىلەرنىڭ سىرتىنى بىر قەۋەت دات باسقان تۇڭدىكى ئازغىنە سۇيى ئاللىقاچان تەمىدىن كەتكەن، نېنى بولسا تۈنۈگۈن

كەچتىلا تۈگىگەنىدى. ئۇلار شۇ تاپتا سۇنىمۇ بىر يۇتۇم، بىر يۇتۇمدىن ئاۋايلاپ ئىچمەكتە ئىدى. جېلىل سادىقنىڭ يېكەنلىكتە نېمىشقا هايال بولۇپ قالغىنى، بۇ يەرگە قاچان كېلىدىغىنى ئۇلارغا قاراڭغۇ. هەممەيلەننىڭ كۆڭلىنى بىر خىل تەشۋىش ئۆز ئىلكىگە ئالغان، چېكىنىۋىرىپ موخوركا خالتىسىنىڭمۇ تېگى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ناۋادا ئۇلار بۇگۈن چۈشكىچە كېلىپ بولالمىسا، خۇدابەردىلەر ئاچ قالاتتى.

— جېلىل سادىق يولدىن ئېزىپ قالغانمىدۇيا؟ — دەيتتى تاشپولات تۇرسۇن دۆڭنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، بوزىرىپ ياتقان قۇملارنىڭ ئارىسىدىكى چىغىر يولغا كۆز تىككىنىچە، — ئەجەبا ئۆكۈزمۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مېڭىپ كەلگەن يولىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدۇ؟

— مېنىڭچە، بۇ ئۆكۈزدىكى گەپ ئەمەس، ئېھتىمال جېلىل سادىق توختايۇپكىسىغا دەپ ئۆكۈزنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن پىرقىراپ يۈرگەندۇ ياكى بولمىسا مەيداندا هارۋا بىلەن قىلمىسا بولمايدىغان بىرەر ئىش چىقىپ قېلىپ، ئۇلار بۇ تەرەپكە ماڭالمايۋاتقان گەپ.

— بىراق، بىزنىڭ قانچىلىك ئوزۇقىمىز، قانچىلىك سۇيىمىزنىڭ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ قانچە كۈنگە يېتىدىغانلىقىنى جېلىل سادىق ئوبدان بىلەتتىغۇ؟ — دېدى دىلمۇرات ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ، — ناۋادا مەيداندا شۇنداق بىر ئىش چىقىپ قالغان تەقدىردىمۇ ئاۋۋال بىزنى بۇ نەس باسقۇر جاڭگالدىن ئېلىپ كېتىپ، ئاندىن قىلىشقا بولىدۇغۇ؟

— بەلكىم شۇنىڭغا ئۇلگۈرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. كىم بىلىدۇ، ئۇلارمۇ هازىر مۇشۇ تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ كېلىۋاتامدۇ تېخى؟

ئۇلار تۈرلۈك قىياسلار بىلەن كۈننى چۈش قىلدى. لېكىن، ئادەمنىڭ ئۈچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان قارغىش تەگكۈر چىغىر يولدا جېلىل سادىقلارنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى.

تۇڭدىكى سۇنىڭ تەمى پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. قولنى كۆيدۈرگۈدەك ئىسسىپ كەتكەن سۇدىن تۆمۈرنىڭ دېتى بىلەن قاپاقنىڭ لېشىغا ئوخشاش پۇراق كېلەتتى. ئاخشامدىن بېرى گىياھ سالمىغان ئېغىزلار دەممۇدەم قۇرۇپ، لەۋلەر چاك - چاك يېرىلغان، ئاچلىقتىن غولدۇرلاپ كەتكەن قورساقنىڭ جېدىلىگە چىداپ بولمايتتى. يۇلغۇننىڭ سايىسىغا ئۆزىنى تاشلاپ ياتقان تاشپولات تۇرسۇننىڭ تاقىتى تاق بولغانىدى. ئۇنىڭ تەشۋىشلىك كۆڭلى قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك قىلاتتى.

— بىرەر توشقان تۇتالىغان بولساق قانداق ياخشى بولاتتى - ھە، يۇلغۇننىڭ بەقەم ئوتۇنىدا چوغ چۇشۇرۇپ، كاۋاپ قىلىپ يېگەن بولساق، ھەي، ھەي...

دىلمۇرات لەۋلىرىنى تامشىغىنىچە ئەتراپقا قارىدى. بىراق، ئالۋۇنلار چىمىرلىشىپ تۇرغان قۇملۇقتىن توشقان تۇرماق، ئۇنىڭ مايىقىنىڭمۇ تېپىلمايدىغىنى ھەممەيلەنگە ئايان ئىدى. شۇڭا، ھېچكىم ئۇنىڭ گېپىگە ئېرەنشىمىدى.

كۈن چۈشتىن قايرىلىش بىلەن تەڭ جاڭگالنىڭ ئىچكىرىسىدىن قاپقارا تۇمان باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ھېلىلا پارقىراپ، كۈچلۈك نۇرلىرى بىلەن كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرغان ھارارەتلىك قۇياش قويۇق تۇماننىڭ ئارىسىدا قالدى. ئەتراپ بىردىنلا گۇگۇم قاراڭغۇلۇققا چۆمۈپ، ھەممىلا يەردىن كۆزنى ئاچۇرمايدىغان توپا - چاڭ كۆتۈرۈلدى. يۇلغۇنلارنىڭ شاخلىرىنى سىلكىتىپ ئۇشقىرتىۋاتقان قارا بوران ئۇششاق قۇم دانچىلىرىنى ئېلىپ كېلىپ يۈزلەرگە ئۇراتتى. كۆز يەتكۈسىز بارخانلار قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكمەكتە ئىدى.

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى بوران تېخىمۇ ئەدەشكە باشلىدى. ئاچلىقتىن غولدۇرلاۋاتقان قورساقنىڭ ئازابىغا چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان باشنىڭ دەردى قوشۇلدى. ئەمدى بۇ يەردە قىيامەت قايىم بولىدىغاندەك بىر خىل ئەنسىزلىك ھۆكۈم سۈرۈشكە

باشلىغانىدى. خۇدابەردى ناۋادا جىلىل سادىق بۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتقان تەقدىردىمۇ، بۇنداق قاتتىق بوراندا ئېزىپ قېلىشى تۇرغان گەپ دەپ ئويلىدى. چۈنكى، قاتتىق بوران دۆڭلەرنىڭ يانباغرىغا جايلاشقان چىغىر يوللارنى قايتىدىن قۇمغا كۆمۈپ تاشلىغانىدى. كۆچمە قۇملار سەلدەك ئېقىپ يۈرگەن دۆڭلەرنىڭ ئارىلىقىدا نە يول، نە هارۋا ئىزىدىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئەمدىكى پۈتكۈل ئۈمىدى ئاشۇ قېرىپ هالىدىن كەتكەن ئۆكۈزدە قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن يول يۈزىدىكى ئۆزى قالدۇرغان پۇراقنى سېزىۋالسىلا، بۇ يەرنى بىمالال تېپىپ كېلەلىشى مۇمكىن ئىدى.

تاشپولات تۇرسۇننىڭمۇ خىيالى شۇ ئىدى. ئۇ قۇم كىرىپ ئېچىشىۋاتقان كۆزىنى ئەتراپقا تىكىپ، مۇشۇ جاڭگالنىڭ قايسىبىر يېرىدىن بۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتقان ئۆكۈزنى كۆرمەكچى بولغاندەك ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ كىيىملىرىگە قونغان سېرىق قۇملار پەسكە قاراپ باش باهاردىكى ئەگىز سۇيىدەك قۇيۇلدى. ئۇ قۇم ئۇچۇرۇپ يۈرگەن بورانغا قىلچە دالدا بولالمىغان يۇلغۇننىڭ تۈۋىدىن چىقىپ، سەل نېرىدىكى يەنە بىر ئېگىز دۆڭگە ياماشتى. بىراق، ئۇ يەردىنمۇ هېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايتتى. هەممىلا يەر ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى كەلتۈرىدىغان بەترەڭگە كىرگەن، بىر ئارغامچا بويى كېلىدىغان يەردىكى نەرسىلەرنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. دەممۇدەم كۈچىيىپ تۇرغان قارا بوران ئادەمنىڭ كۆزىنى ئاچقۇزمايتتى.

— مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ باقاي، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن دۆڭدىن قايتىپ چۈشۈپ، خۇدابەردىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — بەلكىم ئۇلار يېقىنلا بىر يەردە قاياققا مېڭىشنى بىلەلمەي تۈرۈپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

— ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ بۇنداق قاتتىق بوراندا سەنمۇ ئېزىپ قالساڭ، قانداق قىلىمىز؟ بولدى، جان بىلەن ئويناشما. بەلكىم ئۇلار بىزگە يېقىنلاپ قالغان بولسا، بۇ يەرنى هېچ قىينالمايلا

تېپىۋېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئۆكۈز بار، ئۇنىڭ بۇ يەرگە بىرىنچى قېتىم كىرىشى ئەمەس ـ دە. جېلىل سادىقلار بىزنى چوقۇم تېپىۋالىدۇ. ئازراق چىداپ تۇر. ئاچ قالساقمۇ مۇشۇ يەردىن ھەرگىز ئايرىلمايلى، تاشپولات.

— بۇنداق قارا بوراندا ئاچ ـ ئۇسسۇز قېلىپ، ئۆلۈمنى كۈتۈپ يېتىشنىڭ ئۆزى ساراڭلىق، — دېدى ئۇ جەھلى قاتقان ھالدا، — بولدى، مېنى توسما، ئادەم دېگەنگە ھامىنى بىر ئۆلۈم، خۇدا بۇيرۇسا ئۇلارنى تاپالىسام بىللە ئېلىپ كېلىمەن. مەن بۇ ئەتراپنى ئوبدان بىلىمەن، ھەرگىز ئېزىپ قالمايمەن. خاتىرجەم بول.

— تاشپولات، — خۇدابەردى يۇم ـ يۇم يىغلىغىنىچە ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى، — سەن ھېچ يەرگە بارمايسەن، ئاچ قېلىپ ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز. جەسىتىمىز مۇشۇ قۇملۇقتا بىللە قالسۇن، بىز ئايرىلمايلى، جېنىم ئاداش.

— ئەستا، نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغانسەن، — دېدى تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭ قولىنى سىلىكىپ، — مۇشۇ بورانغا جېنىمنى سېلىپ بېرىدىغانغا مەنمۇ ساراڭ ئەمەس. شۇ ئۇلارنىڭ يولىغا بىر قاراپ باقاي، دەۋاتىمەن. كۆڭلۈم تۇيماقتا، يېقىنلا بىر يەردە ئۇلار مېنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بىر سېزىم ئالدىراتماقتا. بەلكىم جېلىل سادىقلار قاياقتا مېڭىشنى بىلەلمەي بىرىمىزنىڭ ئالدىغا بېرىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتامدۇ تېخى؟ شۇنداق بولغاندا مېنىڭ بېرىشىم ھەممىمىزگە پايدىلىق. تولا ئەندىشە قىلما، مەنمۇ يىراققا بارمايمەن. شۇ نەچچە كىلومېتىر دائىرىنى بىر ئايلىنىپ چىقسامىلا بولدى. ھايال بولماي قايتىپ كېلىمەن. ئۇلارنى تېپىپ كېلەلىسەم، ھەممىمىز ھايات قالىمىز، ئوبدان ئاداش.

— تاشپولات... — خۇدابەردىنىڭ ئۆتۈنۈش ئارىلاش چاقىرغان ئاۋازىنى بوران يۇتۇپ كەتتى. تاشپولات تۇرسۇن خۇددى ئارغامچىسىنى ئۈزۈۋەتكەن ئاساۋ ئاتتەك گۈرۈلدەپ تۇرغان

بورانغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. كۆچمە قۇملار سەلدەك ئېقىۋاتقان دۆڭلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ئىزلىرىمۇ كۆرۈنمەي قالدى.

خۇدابەردى بىلەن دىلمۇرات بىر - بىرىگە تىكىلگىنىچە قېتىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقى بەئەينى قۇملار ئارىسىدىن چىقىپ قالغان تۇغراق كۆتىكىگە ئوخشايتتى. خۇدابەردىنىڭ كۆڭلى قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك بىئارام بولاتتى. داشقال رەڭگىگە كىرىپ قالغان ئاسماندىن تېخىچە توپا ياغاتتى. چۈشتىن ئىلگىرى زېمىننى بىر ئوبدان يورۇتۇپ تۇرغان قۇياشنىڭ ھازىر نەلەردە يۈرگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى.

ئۇسسۇزلۇق، ئاچلىق چېكىگە يەتكەنىدى. قورساقنىڭ ئاچلىقىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيتتى. دىلمۇرات باش ئۈستىدە چايقىلىپ تۇرغان يۇلغۇننىڭ توپىغا مىلىنىپ كەتكەن يىڭنە يوپۇرماقلىرىدىن سىيرىپ ئېغىزىغا سالدى ۋە بىرنەچچە چايناپلا تۈكۈرۈۋەتتى. زەھەردىن ئاچچىق يوپۇرماق ئۇنىڭ ئېغىزىنى كەكرى چاينىغاندەك ئاچچىق قىلىۋەتكەنىدى. جاڭگالدا پاخپىيىپ تۇرغان يۇلغۇنلارمۇ بارغانسېرى ئاز قالغان، ئېغىزغا سالغۇدەك ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

خۇدابەردى تۆگىنى چايقاپ كۆردى. ئۇنىڭ تېگىدىن سۇنىڭ شالاقلىغان ئاۋازى بوشقىنا ئاڭلاندى. قارىغاندا، تۆگىدىكى سۇمۇ ئەتىگىچە يەتمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇ گەز باغلاپ كەتكەن لېۋىنى تىلى بىلەن يالاپ قويۇپ دۆڭگە چىقتى ۋە كانىيى يىرتىلىپ كەتكۈدەك چىڭقىلىپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى:

— تاشپولات، سەن نەدە؟ قايتىپ كەل....

ئۇنىڭ ئاۋازىنى يۇلغۇنلارنىڭ شېخىنى سىلكىتىپ ئۇشقىرتىۋاتقان بوران يۇتۇپ كەتتى. ھەممە يەر بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىۋاتقان، بوران ئىچىدە ھۇۋۇلداپ قالغانىدى.

ۋاقىتنىڭ نەگە بارغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

توختايۇپنىڭ كۆزىدەك قىزىرىپ تۇرغان ئاسمان بېتىنىڭ بارغانسېرى قارىداشقا باشلىغانلىقى كۈنىنىڭ ئاللىقاچان قارارگاھىغا باش قويغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. كەچ كىرىشكە ئەگىشىپ بوران بىرئاز پەسەيگەندەك قىلدى. بىراق، تۇمان قاپلىغان ئاسمان يەنىلا شۇنداق قاراڭغۇ ئىدى. ھەممە يەر قانداقتۇر مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى كۈتۈپ، تىنىقىنىمۇ چىقىرىشقا پېتىنالماي قالغان يېتىمچىدەك ئەندىشە ئىچىدە قېتىپ قالغانىدى. يۇلغۇن تۈۋىدە قۇمغا كۆمۈلۈپ ياتقان خۇدابەردى بىلەن دىلمۇرات ئەتراپتىكى تىۋىشلارغا قۇلاق سالغىنىچە بىر - بىرىدىن سورايتتى:

— كېچە يېرىم بولغانمىدۇ؟

— ۋايتاڭ، بۇ نەس باسقۇر ھاۋادا ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمىدىغۇ؟

— تاشپولات تۇرسۇن شۇ تاپتا نېمە قىلىۋاتقاندۇ؟ ئۇ ئەجەب قايتىپ كەلمىدىغۇ؟

— ئۇنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟

دىلمۇراتنىڭ ھە دېگەندە ئۆزىنىڭ سوئالىغا پەرۋاسىزلارچە جاۋاب بېرىشى خۇدابەردىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى.

— ھەي ھارامزادە، ئادەمنىڭ كۆڭلىگە ياققۇدەك ئىككى ئېغىز گېپىڭ يوقمۇ سېنىڭ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ دىلمۇراتنىڭ ياقىسىدىن بوغۇپ، — كېلىۋاتقاندۇ، ئېھتىمال ئۇ يېقىنلا بىر يەردە، دەپ قويساڭ، ئۆلگەن ئاناڭنىڭ گۆرى ئېچىلىپ قالامتىمۇ؟ نېمە ھۆل تامغا ئىشەك تەپكەندەك ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەسكى قىلىسەن؟

— مەن ساڭا ئوخشاش ياغلامچى ئەمەس، كۆڭۈل ياساشنى بىلمەيمەن، ياغلىما سۆزلۈكتىن خەۋىرىم يوق مېنىڭ...

— كىم ياغلىما سۆزلۈككەن؟ — خۇدابەردى ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. دىلمۇراتمۇ ئاياپ ئولتۇرماستىن خۇدابەردىنىڭ يۈزىگە بىر مۇشت ئاتتى. ھەر ئىككىيلەن تاياق

زەربىسىدە شىرىلداپ تۇرغان قۇم ئۈستىگە پوككىدە يىقىلىپ چۈشتى.

ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن، بىر چاغدا ئاسماننىڭ يۈزى ئازراق سۈزۈلگەندەك قىلدى. ئاشۇ تاتىراڭغۇ ئاسماندا بىرنەچچە ئۇششاق يۇلتۇز پىلىلداپ كۆرۈندى. يۇلتۇزلار ھېچقاچان خۇدابەردىگە بۈگۈنكىدەك بۇنداق چىرايلىق كۆرۈنۈپ باقمىغانىدى. ئۇ ئاسماندا، بەكمۇ يىراقتا ئۇچقۇنداپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ قەلبىدە قانداقتۇر بىر ئۈمىدنىڭ باش كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— ئەي ئۇماق يۇلتۇزلار، — پىچىرلىدى ئۇ ئاسماندىكى ئالتۇن تۇگمىدەك پارقىراپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ، — سىلەر بەكمۇ ئېگىزدە، شۇڭا يەر يۈزىدە بولۇۋاتقان جىمى ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرالايسىلەر، ناۋادا تاشپولات تۇرسۇننى كۆرگەن بولساڭلار دەپ قويۇڭلار، ئۇ تېزرەك قايتىپ كەلسۇن، بىز جېلىل سادىقنى مۇشۇ يەردە ساقلايلى. يەنە ئانام بىلەن دادامنى كۆرۈپ تۇرغان بولساڭلار، ئۇلارغىمۇ دەپ قويۇڭلار، مەن بۇ يەردە يېتىپ ئۇلارنى بەكلا سېغىنىپ كەتتىم، كۆرۈشكۈچە ئامان بولسۇن. ئايجامالنى كۆرۈپ تۇرغان بولساڭلار، ئۇنىڭغىمۇ ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدا بىردىنبىر ياخشى كۆرگەن قىزىم، مېنى كۈتسۇن، مۇشۇ قېتىم ئامان-ئېسەن چىقىپ كېتەلىسەم، ئۇنىڭ قۇلىقىغا دۇنيادىكى ئەڭ شېرىن گەپلەرنى پىچىرلايمەن...

ئاشۇ جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار خۇدابەردىنىڭ گەپلىرىنى چۈشەنمىگەندەك، ئۇنىڭغا قاراپ بىر خىلدا چاراقلايتتى.

«بەلكىم ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمدىن ئۈنۈم ئۇلارغا يېتىپ بارالمىغان بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئويلىدى خۇدابەردى مۇشت زەربىسىدىن بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقان قاپىقىنى سىلاپ قويۇپ، — بەلكىم ھاۋا تۇمانلىق بولغاچقا، مەن سېغىنغان ئادەملىرىمنى ئۇلار كۆرمەي قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەي، تاشپولات تۇرسۇن، بارمۇ سەن؟ ئادەمنى ئەنسىرەتمەي تېزرەك

قايتىپ كەلسەڭ ياخشى بولاتتى. سەن يوق، يۇلغۇن تۇۋى ئىچىگە سۇ كىرىپ كەتكەن بۆرە ئىنىدەك سوغۇق ۋە مېھىرسىز بولۇپ كەتتى. بىزنى تەقەززا قىلماي تېزرەك كەل، تېزرەك كەل، تېزرەك كەل...»

ئاسماننىڭ يۈزى بارغانسېرى سۈزۈلۈشكە باشلىدى. دۆڭلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان يىراق ئۇپۇق بېلىق قورسىقىدەك ئاقارماقتا ئىدى. كېچىچە بوران ھۇۋلاپ چىققان قۇملۇقلاردا ئادەم چىداپ تۇرالمىغۇدەك سىرلىق سۈكۈت ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. ئۈستىنى بىر قەۋەت توپا ـ چاڭ باسقان يۇلغۇنلۇق بىر كىچە تولغاق يەپ، ئوڭۇشلۇق يەڭگەن كېلىندەك تىنچىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتكەندى. خۇدابەردى بىر ئىلىك توپا ئاستىدا قالغان بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرى تۇمان ئارىسىدىن كۆرۈنگەن يۇلتۇزلاردەك سۇس چىمىلدايتتى. كۆز جىيەكلىرىدە پۈرچاق چوڭلۇقىدا لاي قېتىپ قالغانىدى. ئۇ بېشىنى سىلكىۋىدى، قۇلاق ـ بويۇنلىرىدىن شۇرۇلداپ توپا قۇيۇلدى.

ئۇ دىلمۇراتنى ئاستا نوقۇدى. بېشى ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ تۇرغان دىلمۇرات قۇم كىرىپ بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىنى تەستە ئېچىپ، ھە، نېمە گەپ دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى.

— تاڭ ئېتىپتۇ، — دېدى خۇدابەردى قارا گەز ئۆرلەپ چىققان لېۋىنى تەستە مىدىرلىتىپ، — بۈگۈن ھاۋا ئوچۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ...

دىلمۇرات ئەتراپقا ئەلەڭلەپ قاراپ قويۇپ، شۈنداق، دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— تاشپولات نەدىدۇ؟

— ئېھتىمال ئاشۇ دۆڭنىڭ كەينىدە، يېقىنلا بىر يەردە بولۇشى مۇمكىن.

خۇدابەردى ئۇنىڭ جاۋابىدىن سۆيۈندى ۋە چىرايىغا كۈلكە

يوگورتكەن هالدا ئۇ كۆرسەتكەن دۆڭگە قاراپ يول ئالدى. ئۇنىڭ ماغدۇرسىز پۇتلىرى ھەر قەدەمدە بىر قاتلىنىپ، بوران سوققان يۇلغۇنلاردەك لىڭشىپ تۇراتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ دۆڭگە ياماشتى. يۇمشاق قۇملار ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىدا شىرىلداپ ئاقاتتى. ئۇ بىرھازا ھەپىلىشىپ دۆڭنىڭ قاپ بېلىگە كەلدى. بىراق، ئاقما قۇملار ئۇنى سۇ يۇزىدىكى بىر تال غازاڭدەك پەسكە ئېقىتىپ كېتەتتى. ئۇ يەنە يامىشاتتى، يەنە پەسكە سىيرىلاتتى. شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ مىڭ بىر قىيىندا دۆڭگە يامىشىپ چىقتى. ئۇ دۆڭگە چىققاندا، جىسمىدا ماغدۇر دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ يېرىم غېرىچ ساڭگىلىغان تىلىنى چىشلىگىنىچە ئۆزىنى يۇمشاق قۇمنىڭ ئۇستىگە تاشلىدى.

قۇياش كۆتۇرۇلدى. شامال سۆيۇپ يول – يول ئىزلارنى قالدۇرغان قۇملۇق باغرى شەپەق نۇرىدا چوغدەك قىزاردى. قۇملۇق بۇ يەردە كېچىچە بوران چىقىپ باقمىغاندەك شۇنداق تىپتىنچ كۆرۇنەتتى.

يۇمشاق قۇملارغا يۇزىنى ياققىنىچە بىرھازا ياتقان خۇدابەردى بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ بارغانسېرى قاراڭغۇلىشىشقا باشلىغان كۆزلىرىگە ئادەم تۇرماق، ئىنس – جىنىنىڭ سايىسىمۇ كۆرۇنمىدى. ئۇنىڭ ئەنسىزلىكتىن دۈكۈلدەپ تۇرغان يۇرىكى قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك قارت قىلىپ قالدى.

— تاشپولات ! ... — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن تارام – تارام ياش تۆككەن ھالدا، — جېنىم دوستۇم، نەدىسەن؟ تېزرەك قايتىپ كەلسەڭچۇ...

ۋاقىت ئەمدى ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى. ھەش – پەش دېگۈچە كۈن چۈش بولدى. كەچمۇ كىردى، تاشپولاتتىن تېخىچە خەۋەر يوق، بوران كۆمۈپ تاشلىغان چىغىر يول تەرەپتىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. پارقىراپ تۇرغان كۆز قۇياشى بىرى دومىلىتىپ ئويناۋاتقاندەك بىردەمدىلا غەربكە

قىيسايدى. ئۇ نامەلۇم بىر دۆڭنىڭ كەينىگە باش قويۇۋاتقاندا، خۇدابەردى قۇچاقلىۋالغان ئايجامالنىڭ خىجالەت قاپلىغان يۈزىدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ چېچىۋاتقان قىزغۇچ نۇرلار ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق باغرىنى يەنە بىر قېتىم قان رەڭگە كىرگۈزدى. ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان خۇدابەردى يانچۇقىدىن ئايجامال سوۋغا قىلغان قولياغلىقنى چىقاردى. ئاق يىپەككە تۇجۇپىلەپ تىكىلگەن كەشتىلەر قىزنىڭ يالقۇنلۇق يۈرىكىدىن شەپە بېرىپ جۇلالاپ تۇراتتى. ئۇ چېكىسىدىن ئاققان مونچاق - مونچاق تەرلىرىنى ئاشۇ كەشتىلىك قولياغلىقتا سۈرتمەكچى بولدىيۇ، بىردىنلا توختاپ قالدى. ئاق رەڭلىك قولياغلىقتا كەشتىلەنگەن، بىر - بىرى بىلەن چوقۇشۇپ ئويناۋاتقان بىر جۈپ كەپتەر ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. خۇدابەردى قولياغلىقنىڭ كىرلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى. ئاشۇ يۈزىدىكى توپا - چاڭغا قوشۇلۇپ لاي بولۇپ ئېقىۋاتقان تەرلىرى بىلەن قولياغلىق يۈزىنىڭ قارىداپ قېلىشىنى خالىمىدى. ئۇ ياغلىقنى ھىدلىدى. ئايجامالنىڭ تېنىدىن كېلىدىغان تاغ ئالمىسىنىڭكىدەك چۈچۈمەل پۇرىقىنى ئىزدىدى. ئۇنىڭ قولياغلىق تۇتقان قولى تەرلەپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆز ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر كۈچ - قۇۋۋەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ھېس قىلدى. خۇدابەردى ياغلىقنى چىرايلىق قاتلاپ يانچۇقىغا سالدى ۋە توققۇز ئايلىق بوۋاقتەك ئۆمىلىگىنىچە دۆڭدىن چۈشۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كەلدى. ئۇ يەردە دىلمۇرات كۆزلىرىنى چىڭ يۇمۇپ، سوغۇق قۇمغا يۈزىنى ياققىنىچە جىمجىت ياتاتتى. ئۇستۈۋىشىنى تەر باسقان خۇدابەردى ئۇنى قولىدىن تارتتى.

— دىلمۇرات، ھەي دىلمۇرات، كۆزۈڭنى ئاچ، ئاڭلاۋاتامسەن؟ كۆزۈڭنى ئاچ دەۋاتىمەن سېنى، دىلمۇرات...

ئۇ بىرھازا سىلكىشلەپ، ئۇنى پۈتۈپ كەتكۈدەك ۋارقىرىغاندىن كېيىن، دىلمۇراتنىڭ مەھكەم چاپلىشىپ تۇرغان

كىرپىكلىرى بىر ـ بىرىدىن ئاجراپ، نۇرى قاچقان كۆزلىرى ئاستا ئېچىلدى. بۇنى كۆرۈپ خۇدابەردىنىڭ پۈت ـ قولىغا ئاز ـ تولا جان كىرگەندەك بولدى.

ــــ سەرەڭگە قېنى، سەرەڭگە... ــــ سورىدى ئۇ تەقەززالىق بىلەن.

ــــ ما... مانا، نېمە قىلىسەن؟

ــــ ئوتۇنغا... ئوت... قويىمەن، بەلكىم تاشپولات ئېزىپ... قالغان بولسا، ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن ئوت يالقۇنىنى... كۆرۈپ بۇ يەرنى تېپىپ... كېلەلىشى مۇمكىن.

خۇدابەردى بەكمۇ قىينىلىپ سۆزلەيتتى. ئۇ دىلمۇرات بەرگەن سەرەڭگىنى ئېلىپ، دەلدەڭشىگىنىچە تاغدەك دۆۋىلەپ قويۇلغان ئوتۇننىڭ يېنىغا باردى ۋە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئوت يېقىشقا تۇتۇندى. ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان قوللىرى ھە دېگەندە سەرەڭگە تېلىنى گۈگۈرت تالاغا سۈركەشكىمۇ قولاشمايتتى. ئۇ بىرھازا ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ئوتۇنغا ئوت ياقتى. دەسلەپتە تۇتۇن ئۆرلەپ تۇرغان ئوتۇنلار كەچكى شامالنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئوتنىڭ ئۇلغىيىشى بىلەن يالقۇن بارغانسېرى ئېگىزگە كۆتۈرۈلەتتى. تىللىرىنى ھەر يان سوزۇپ چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئوت كەچكى شەپەقتەك قۇملۇق باغرىنى قىزىللىققا پۈركىدى. بىر ـ بىرىنى يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ ھېلىقى ئېگىز دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ياتقان خۇدابەردى بىلەن دىلمۇرات ئەتراپقا ئۈمىد بىلەن قارايتتى. ئۇلار ناۋادا تاشپولات تۇرسۇن مۇشۇ جاڭگالنىڭ بىر يېرىدە بولسىلا، پەلەككە يەتكەن ئوت يالقۇنىنى كۆرۈپ چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ دەپ ئويلىشاتتى ھەم شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. چۈنكى، چاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئۇلۇغ ئوت خۇددى ئاسمانغا مۇشت ئېتىۋاتقاندەك تولغىنىپ ـ تولغىنىپ گۈرۈلدىمەكتە ئىدى.

بەش ئەزىمەتنىڭ ئون بەش كۈندە كولاپ دۆۋىلىگەن ئوتۇنى ئەتىسى چۈشكىچە كۆيدى. ئوت كۆيگەن يەرنىڭ قىزارغان

قۇملىرى ۋاراقلاپ قاينىدى. گەرچە ئوتۇن تامامەن كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان بولسىمۇ، تاشپولات تۇرسۇنىدىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ئۇلارغا پاناھ بولغان يۇلغۇنلارغىمۇ ئوت تۇتاشقان بولۇپ، ھۆل يۇلغۇن شاخلىرىدىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئاشۇ ئېگىز دۆڭدە سۇنايلىنىپ يېتىشقان خۇدابەردى بىلەن دىلمۇرات ئۆزلىرىنىڭ يۇلغۇن تۇۋىدىكى سېلىنچىسىنىڭمۇ كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغىنىنى پەقەتلا سەزمەيتتى.

— خۇدابەردى، دىلمۇرات، كۆزۈڭلارنى ئېچىڭلار،

— ھوي، نېمە بولدۇڭلار، تېز بولۇڭلار..

— ئۇلارنىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتايلى...

بۇ ئوت گەرچە تاشپولات تۇرسۇنغا نىشان كۆرسىتىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى ئىزدەپ كىرگەن جاپپار بىلەن ئابدۇسادىقنى چىللاپ كەلگەنىدى. بىر قاپاقتىن سۇ، بىر خۇرجۇن ناننى يۇدۇۋالغان بۇ ئىككىسىنىڭ قۇملۇق باغرىدىكى بوران كۆمۈپ تاشلىغان چىغىر يولنى پەرق ئېتەلمەي مۇشۇ قۇملۇقتا چۆرگىلەپ يۈرگىنىگە ئىككى كۈندىن ئاشقانىدى. ئۇلار كېچىچە كۆيگەن ئوت يالقۇنىنى يىراقتىن كۆرۈپ، بۇ يەرنى ئاران تېپىپ كېلىشكەنىدى. جاپپار ئىس كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان يۇلغۇن تۇۋىگە بېرىپ، سىرلىرى كۆيۈپ كەتكەن بىر تۇنكە قاچىنى تېپىپ كەلدى. ئابدۇسادىق ئالدى بىلەن خۇدابەردىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى. جاپپار قاچىنى بىرقۇر چايقىۋەتكەندىن كېيىن قاپاقتىن سۇ قۇيۇپ، خۇدابەردىنىڭ ئاپتاپتا قالغان سېغىزلىقتەك چاك - چاك يېرىلغان لەۋلىرىگە ئاز - ئازدىن تېمىتتى. قاپاقتىكى مۇزدەك سۇ ئۇنىڭ قۇرۇشقا باشلىغان جىسمىغا ئاستا - ئاستا جان كىرگۈزدى. خۇدابەردى بىردەمدىن كېيىن مىڭ پاتمان ئېغىرلاپ كەتكەن قاپىقىنى تەستە كۆتۈرۈپ، خىرەلەشكەن كۆزىنى ئاچتى.

— خۇدابەردى، جېنىم ئاداش، بىز كەلدۇق...

ئۇ جاپپار بىلەن ئابدۇسادىقنى كۆرۈپ سۈس كۈلۈمسىرەپ قويدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ گەپ قىلغۇدەكمۇ ھالى قالمىغانىدى. جاپپار قاچىدىكى سۇنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا ئىچكۈزدى. خۇدابەردى بېشى بىلەن دىلمۇراتنى ئىشارەت قىلدى.

— خاتىرجەم بول، مانا ھازىر، — دېدى جاپپار قاچىغا يەنە سۇ قۇيۇپ. ئابدۇسادىق دىلمۇراتنىڭ بېشىنى يۆلىدى. جاپپار قاچىدىكى سۇنى خۇددى ئەپسۇن ئوقۇغاندەك ئىچىدە بىر نەرسىلەرنى دېگىنىچە دىلمۇراتنىڭ ئېغىزىغا تېمىتتى.

— دىلمۇرات، كۆزۈڭنى ئاچ، ھەي دىلمۇرات...

بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ پۇت - قولىمۇ ئاستا - ئاستا ھەرىكەتكە كېلىپ، تامدەك تاتىرىپ كەتكەن يۈزىگە سۇس قىزىللىق يۈگۈردى، قارا گەز باغلاپ كەتكەن لەۋلىرى مۇزدەك سۇنى تامشىشقا باشلىدى. جاپپار خۇددى پەرۋىشكار ئانىلاردەك ئۇنىڭ ئېغىزىغا سۇ تېمىتاتتى. ئاخىر دىلمۇراتمۇ كۆزىنى ئاچتى.

— خۇداغا شۈكۈر، — دېيىشتى ئۇلار تەڭلا، — ھەرنېمە بولسا ئامان - ئېسەن ئىكەنسىلەر، ھە راست، تاشپولات تۇرسۇن قېنى؟

ھېلىلا ئىچكەن سۇ خۇدابەردىنىڭ كۆزىدىن تامچە بولۇپ ئېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبىدىكى نامەلۇم بۇلاقنىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەنىدى. ئۇ يەردىكى توختاۋسىز بۇلدۇقلاۋاتقان بۇلاق سۈيى خۇدابەردىنىڭ كۆزلىرىدىن باھار يامغۇرىدەك تۆكۈلەتتى.

— ئۇ... ئۇ... ئۇلۇشكۈن كەچ قاتتىق بوران چىققۇاتقاندا، سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قاراشقا كەتكەن، شۇنىڭدىن بېرى قايتىپ كەلمىدى.

— بوران چىقىۋاتقاندا بىز توقايدىكى چوڭ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە ئىدۇق، — دېدى جاپپار ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ھەي، شۇنداق ئوچۇق ئاسماندا ئەزرائىل ئۇچۇپ ئۆتكەندەك بىردىنلا قارا بوران چىقىپ كەتتى دېسە، ھەرنېمە بولسا ئۆتنى يېقىپتىكەنسىلەر، بولمىسا بۇ يەرنى ھەرگىزمۇ تېپىپ كېلەلمەيدىكەنمىز.

ئابدۇسادىق خورجۇنىنىڭ ئىزمىسىنى ئېچىپ، گەرچە تونۇردىن چىققىنىغا نەچچە كۈن بولغان بولسىمۇ، تېخىچە يۇمشاق تۇرغان بىرنەچچە گىردىنى چىقاردى.

— قېنى ئېلىڭلار، ئاچ قورساققا سۇنى ئىچمەي ئازراق نان يەۋېلىڭلار.

دىلمۇرات ناننى ئۇشتۇپ، تېخىچە ئۇسسۇزلۇقىغا قانمىغان قۇملۇق ئېتىزدەك قۇپقۇرۇق تۇرغان ئېغىزىغا ئاپاردى - دە، قىينىلىپ تۇرۇپ چايناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىر - بىرىگە ھەم كەلمىگەن لەۋلىرى ئارىسىدىن ناننىڭ ئۇۋاقلىرى تۆكۈلۈپ تۇراتتى. خۇدابەردىمۇ بىر بۇردا ناننى قولىغا ئالدى، لېكىن شۇ تاپتا ئۇنىڭ گېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى تاشپولات تۇرسۇندا قالغانىدى.

— كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن، — دېدى جاپپار ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — ئاۋۋال ئازراق بىرنەرسە يەۋالغىن، پۈت - قولۇڭغا جان كىرگەندىن كېيىن ھەممىمىز ئۇنى بىللە ئىزدەيلى.

خۇدابەردىمۇ خۇددى تاش چايناۋاتقاندەك قىينىلىپ تۇرۇپ نان يېيىشكە باشلىدى. يۇمشاق گىردە ئۇنىڭ ئېغىزىغا تىكەن بولۇپ سانجىلاتتى. ئۇ چالا - بۇلا چاينالغان ناننى ناھايىتى قىيىنىدا يۇتاتتى. ماغدۇرسىز ئادەمگە نان يېيىشمۇ تاغ يۆتكىگەندەك جاپالىق بىلىنەتتى. ئۇلار ھاسىراپ ئولتۇرۇپ بىردىن ناننى يەپ بولۇشتى. غولىغا چاپلىشىپ كەتكەن ئاشقازانلارنىڭ قاتلىقى بۇزۇلغانلىقى ئۆزلىرىگە بىلىنىپ تۇراتتى.

— سىلەر ئاۋۇ يۇلغۇننىڭ تۈۋىدە بىردەم ئارام ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى ئابدۇسادىق بۇ يەردىن قىرىق - ئەللىك مېتىرچە يىراقلىقتا تۇرغان بىر دۆڭنى كۆرسىتىپ، — ئاشۇ دۆڭنىڭ يانباغرىدىكى يۇلغۇنلۇق خېلى قويۇق ئىكەن، نان بىلەن سۇ پۈت - قولۇڭلارغا ماغدۇر بېرىپ بولغۇچە ئاشۇ يەردە يېتىپ تۇرۇڭلار، تاشپولات تۇرسۇننى جاپپار ئىككىمىز ئىزدەيلى. بەلكىم ئۇ ئانچە

يىراقتا بولمىسا كېرەك.

خۇدابەردى بېشىنى لىڭشىتتى. ئابدۇسادىق بىلەن جاپپار ئۇلارنى يۆلەپ يۇلغۇن سايىسىغا ئەكېلىپ، نان قاچىلانغان خۇرجۇننى بېشىغا قويۇپ ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن جاڭگالنىڭ يېكەنلىك مەيدانىغا تۇتىشىدىغان تەرىپىگە قاراپ مېڭىشتى. بىر دەمدىن كېيىن ئۇلارنىڭ يىراقتىن، ئاشۇ زومچەك - زومچەك دۆڭلەر ئارىسىدىن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تاشپولات، ھەي تاشپولات، نەدىسەن؟ تاشپولات...

— بار بولساڭ ۋارقىرا، بىز سېنى ئىزدەپ كەلدۇق....

ئۇلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى دۆڭلەر ئارىسىدىن ئەكس سادا پەيدا قىلاتتى. جاپپار بىلەن ئابدۇسادىقنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاپ بارماقتا ئىدى.

— ئۇنىڭغا بىر ئىش بولماس - ھە؟ — پىچىرلىدى دىل-مۇراتمۇ قايغۇلۇق كەيپىياتتا، — ھەي، ئۇ بىزنى دەپلا مۇشۇنداق خەتەرگە تەۋەككۇل قىلدى.

— بىزنىلا ئەمەس، ھەممىمىزنى دەپ، — قوشۇپ قويدى خۇدابەردى بوغۇلۇپ تۇرۇپ، — ئۇ جېلىل سادىقلارنىڭ قارا بوراندا ئېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئالدىغا كەتكەن. ناۋادا ئۇنىڭغا بىر ئىش بولىدىغان بولسا، مەن ئۆزۈمنى ئۆمۈر بويى كەچۈرەلمەيمەن. ئەسلىدە ئۇنىڭ پۇتىغا رودىپايدەك ئېسىلىۋالسام، ھەرگىزمۇ قويۇپ بەرمىسەم بوپتىكەن.

ئۇلار جىم بولۇشتى. ئەتراپ يەنە گۆرىستان جىمجىتلىقىغا چۆمدى. ئاشۇ قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان قۇملۇقتىن جاپپارنىڭ تاشپولاتنى چاقىرغان ئاۋازى بوش ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كەچ كىردى. بىرپەس شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن قۇملۇق ئەمدىلىكتە گۇگۇم قوينىغا شۇڭغۇش ئالدىدا تۇراتتى. قۇياشنىڭ يىراقتىكى قونالغۇسىغا باش قويۇشى بىلەن قۇملارنىڭ پارقىراقلىقى يوقاپ، ئەتراپ بىردىنلا قاراڭغۇلاشتى. بۇلۇتلىرىنى بوران قوغلاپ كەتكەن ئاسماندا ئۇششاق يۇلتۇزلار جىمىرلاشقا

باشلىدى. نان بىلەن سۇنىڭ شاپائىتىدىن پۇت - قولىغا جان كىرگەن خۇدابەردى بىلەن دىلمۇراتمۇ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. قاياقتىندۇر پەيدا بولغان مەيىن شامال ئۇلارنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى تالجىققان جىسمىغا خېلىلا ئاراملىق بەرگەنىدى. خۇدابەردى يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا بېقىپ بىر ئاز تۇرغاندىن كېيىن، دىلمۇراتتىن سورىدى:

— بۈگۈن كۈنگە نېمە؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ گەز باغلىغان لېۋىنى چىشلەپ قويۇپ، — بەلكىم جاپپارلار بىلىشى مۇمكىن.

— مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپ باقاي، — دېدى خۇدابەردى قاچىغا ئازراق سۇ قۇيۇپ لېۋىنى نەمدىۋالغاندىن كېيىن، — شۇ چاغقىچە جاپپار بىلەن ئابدۇسادىقمۇ قايتىپ كەلمىدى. ئۇلار تاشپولاتنى تاپالمىغان ئوخشايدۇ. قارىغاندا، ئۇنىڭ بېشىغا چوقۇم بىر كېلىشمەسلىك كەلگەن چېغى.

— ھەي، سەل ئۆپكەڭنى بېسىۋال، خۇدابەردى، — دىلمۇرات ئۇنىڭ مۇرىسىدىن بېسىپ ئولتۇرغۇزدى، — تېخى سەللىمازا ئەسلىڭگە كېلىپ بولالمىدىڭ، مۇشۇ ئەلپازىڭدا بىرەر - ئىككى دۆڭدىن ئاشقىنىڭ بىلەن، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرەلمەيسەن. ئۇلار قايتىپ كەلسۇن، تاشپولاتنى تاپالىسا تېخى ياخشى. تاپالمىسا، قالغان ئىشلارنى بار مەسلىھەت قىلارمىز. ئەمدى سەن كەتسەڭ، ئۇلار قايتىپ كەلسە، يەنە سېنى ئىزدەپ يۈرمەيلى بۇ قۇملۇقتىن.

— تاشپولاتنىڭ ئۆلۈك - تىرىكلىكى مەلۇم ئەمەس، — دېدى ئۇ چاناقلىرىغا يامرىغان ياشنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — مۇشۇنداق چاغدا مەن بۇ يۇلغۇن تۈۋىدە قانداقمۇ خاتىرجەم ئولتۇرالايمەن؟ بولدى، مېنى توسما، بىزگە ھەربىر مىنۇتنىڭ سورىقى بار. ناۋادا تاشپولات قۇملارنىڭ ئارىسىدا يىقىلىپ قېلىپ، بىزنىڭ كېلىشىمىزنى كۈتۈپ ياتقان بولسا، كېچىكىپ قالساق ھەرگىزمۇ بولمايدۇ.

— ئالدىرىما، ئۇلار قايتىپ كەلسۇن...
— مۇشۇنداق چاغدا مەن ئالدىرىماي تۇرالامدىمەن؟ — ئۇ مۇرسىدىن بېسىپ تۇرغان دىلمۇراتنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى، — سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇر. قورىبىڭ يەتسە، ئازراق ئوتۇن تېرىپ گۈلخان ياق. نىشان بولىدۇ. ئەمىسە مەن كەتتىم.
— ياق، مەن سېنى ماڭغۇزمايمەن، قېنى قانداق قىلالايسەن - كىن؟ — دىلمۇرات ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنى قۇچاقلاپ تۇتۇۋالدى، — ئەمدى ساڭىمۇ بىر ئىش بولىدىغان بولسا، مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر كەچۈرەلمەيمەن. خاتالىق ئۇستىگە خاتالىق سادىر قىلمايلى. بىردەم چىدا، سەۋر قىل. جاپپارلارنىڭ قايتىپ كېلىشىگىمۇ ئاز قالدى. كىم بىلىدۇ، ئۇلار بۇ چاغقا تاشپولاتنى تېپىۋېلىشتىمۇ تېخى؟ شۇنداق بولسا سېنىڭ ئاۋارە بولۇشۇڭنىڭ ھاجىتى يوق.
دىلمۇراتنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ، خۇدابەردى يۇمشاق قۇملارنىڭ ئۇستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە، ئىلاھىم، دېگىنىڭدەك بولسىدى دەپ ئويلىدى.
ئۇلار شۇ تەرزدە خېلى ئۇزاق ئولتۇرۇشتى.
— ئەمىسە بىز گۈلخان ياقايلى، — دېدى خۇدابەردى بىر - دىنلا ئېسىنى تېپىپ، — بەكلا كەچ كىرىپ كەتتى. قاراڭغۇدا ئوت يورۇقى كۆرۈنسە، جاپپارلار بۇ يەرنى ئاسانراق تاپالايدۇ.
— ماقۇل.
ئۇلار پاخپىيىپ تۇرغان يۇلغۇنلار ئارىسىدىن قۇرۇق شاخ - شۇمبىلارنى تېرىشكە باشلىدى. ئۇلار ھاسىراپ - ھۆمىدەپ يۈرۈپ بىر دۆۋە ئوتۇننى دۆڭنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ چىقىشتى.
— قېنى، چاپسان ئوت ياق، — دېدى خۇدابەردى خۇددى ئۇرۇش بۇيرۇقى چۈشۈرگەن قوماندانىدەك كەسكىن بۇيرۇق قىلىپ. دىلمۇرات سەرەڭگە ياقتى. قۇرۇق شاخ - شۇمبىلار لاپ قىلىپلا ئوت ئالدى. قاراڭغۇلۇققا چۆمگەن قۇملۇقتا ئاسمانغا بوي سوزغان گۈلخان چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. ئەتراپ ئوتنىڭ كۈچلۈك نۇرىدا كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى.

— جاپپار ! ... — خۇدابەردى قولىنى كانايچە قىلىپ، قۇمـ-
لۇقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ۋارقىرىدى. يىراقتىن، سۇكۇتكە
پاتقان قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىن بىرىنىڭ تۇۋۇلىغان ئاۋازى
كەلدى.

— ئابدۇسادىق، بارمۇسەن؟ ئوت يورۇقىنى كۆردۇڭمۇ؟
كۆرگەن بولساڭ شۇ ياققا ماڭ، خۇدابەردى بىزنى چاقىرىۋاتىدۇ...

بۇ جاپپارنىڭ ئاۋازى ئىدى. بىر ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ،
ئۇستىۋېشى چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەن جاپپار قايتىپ
كەلدى. يەنە ئاز ۋاقىتتىن كېيىن گۈلخان يورۇقىدا
ئابدۇسادىقنىڭمۇ بۇ تەرەپكە قاراپ دەلدەڭشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى
كۆرۈشتى. ئۇلار ئوۋغا چىقىپ، قۇرۇق قول قايتقان ئوۋچىلاردەك
بەكمۇ روھسىز كۆرۈنەتتى.

— يوق، ھېچ يەردە يوق...

— تاپالمىدۇق، ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق. بەلكىم ئۇ
ئايلىنىپ يۈرۈپ باشقا بىر يولدىن يېكەنلىككە چىقىپ كەتكەن
بولۇشى مۇمكىن.

— ياق، — دېدى خۇدابەردى كەسكىنلىك بىلەن، — ئۇ
پەقەت سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا بىر ئىككى كىلومېتىرچە بېرىپ
قايتىمەن، دېگەن. بىزنى تاشلاپ ئۆزى يالغۇز يېكەنلىك مەيدانغا
ھەرگىزمۇ چىقىپ كەتمەيدۇ. ئۇ چوقۇم مۇشۇ قۇملۇقنىڭ بىر
يېرىدە، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئۇنى يىقىتتى ھەقىچان، تېزرەك
بولمىساق ئۇلگۈرەلمەيمىز.

— بىز تۆت - بەش كىلومېتىر دائىرىنى ئايلىنىپ چىقتۇق، —
چۈشەندۈردى جاپپار ئازراق سۇ ئىچىۋېلىپ، — ھېچ يەردە يوق،
شۇنچە ۋارقىراپ چاقىرساقمۇ جاۋاب بولمىدى. مېنىڭچە...

— مېنىڭچە - سېنىڭچە دەپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىشكە
بولمايدۇ. مەنمۇ سەللىمازا ئەسلىمگە كەلدىم. ئەمدى ئۇنى
ئىزدەشكە ئۆزۈم چىقىمەن. سىلەر بىردەم ئارام ئېلىپ تۇرۇڭلار،
يېرىم كېچىگىچە ھەر يەردە بولسام قايتىپ كېلىمەن. گۈلخاننىڭ

ئوتىنى ئۆچۈرمەڭلار، ئەمىسە مەن كەتتىم.

— خۇدابەردى، ئاداش، ئۇنداق قىلما...

— توختاپ تۇر، بىرەرىمىزنى بولسىمۇ ئېلىۋال.

— مەن سەن بىلەن بىللە باراي، توختا، ماۋۇ قاپاقتىكى سۇنى ئېلىۋالايلى، ناۋادا ئۇنى ئۆچرىتىپ قالساق لازىم بولىدۇ.

— توغرا گەپ، ناندىنمۇ ئازراق ئېلىۋالايلى. تاشپولات تۇرسۇننى تاپالىساق ئەسقاتىدۇ.

خۇدابەردى بۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك پېشىنى قېقىپ يۈرۈپ كەتتى. جاپپار سۇيىنىڭ يېرىمى تۆكۈلگەن قاپاقنى يۇدۇپ، بىر ناننى بېلىگە تۈگۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.

ھەممە يەر خۇددى مۇردىنىڭ بەدىنىدەك سوۋۇشقا باشلىغانىدى. خۇدابەردىنىڭ كۆز ياشلىرى مۇشۇ قۇملار ئارىسىغا قارا يامغۇردەك تۆكۈلمەكتە. ئۇ پايانىغا كۆز يەتمەيدىغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا شامالدەك كېزىپ يۈرمەكتە. ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەندىشىگە ئورۇن بەرگەنىدى. مانا ئەمدى ئەندىشە قورقۇنچقا ئالماشتى. ئۇ يۇلتۇزلىرى جىمىرلىشىپ تۇرغان قۇملۇق دالىدا بوتىلىقىنى يوقىتىپ قويغان ھىنگاندەك بوزلىماقتا ئىدى.

— تاشپولات، جېنىم دوستۇم، سەن نەدە؟ كەچمىش بورانلىرى تىلىم - تىلىم تىلىۋەتكەن يۈرىكىڭنى كۆتۈرۈپ نەدە يۈرىسەن؟ قايسى شاھنىڭ ھەرىمىدە سەن؟ قايسى تاغنىڭ چوققىسىدا سەن؟ قايسى قىزنىڭ تىنىقى بولدۇڭ؟ قايسى قۇشنىڭ قارىچۇقى بولدۇڭ؟ نەدىسەن، جېنىم دوستۇم؟ بەختى كۆلمىگەن شور پېشانەم، قىزى يوققا قىز، ئوغلى يوققا ئوغۇل بولغان دىلكەش دوستۇم، نەدىسەن؟ بۇلبۇللىرى سايراپ تۇرغان گۈلشەنگە كەتتىڭمۇ؟ بېلىجانلىرى ئالتۇن رەڭدە كۆرۈنىدىغان كۆل بويىغا كەتتىڭمۇ؟ نەدىسەن، جېنىم دوستۇم؟...

ئۇنىڭ بوزلاشلىرى قۇملۇق باغرىنى تىترىتەتتى، ئۇشقىرتىپ تۇرغان شامالار جىم بولدى. ئۆركەشلىرى لۆمشۈپ

تۇرغان قۇملار سوكۇتكە پاتتى. ھەممە ياق ئۇنىڭ نالەشلىرىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەندەك ئېسەدىمەكتە ئىدى. تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئەمدى تېپىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن خۇدابەردىنىڭ قەلبى خۇددى بازغاننىڭ ئاستىدىن چاچرىغان ئۇچقۇندەك پارە - پارە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئايىغى ئاستىدا شىرىلداپ تۇرغان قۇملارغا تىزلانغىنىچە كۆككە باقتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىپ چىققان مۇڭ - ھەسرەتلەرنى كۆرۈپ، جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارمۇ ئۆزىنى قويارغا يەر تاپالماي قالدى.

— سەۋر قىل، خۇدابەردى، — دېدى جاپپار ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ يۇم - يۇم يىغلىغىنىچە، — بەلكىم ئۇ قاتتىق بوراندا سىلەرنى تاپالماي، ئاللىقاچان يېكەنلىك مەيدانغا چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ئۆزۈڭنى بۇنداق قىينىما، ناۋادا ئۇ يېكەنلىك مەيدانغا چىقىپ كەتكەن بولسا، تىرىك ئادەمگە بۇنداق ھازا ئاچساڭ گۇناھ بولىدۇ. بىز يەنىلا دىلمۇراتلارنىڭ قېشىغا بېرىپ، نەرسە - كېرەكلەرنى ئالغاندىن كېيىن كېچىلەپ يولغا چىقايلى. ئەتىگىچە تۇرۇپ قالساق، قاپاقتىكى سۇ تۈت ئادەمنىڭ ئىچىشىگە بىر كۈنمۇ يەتمەيدۇ. ناۋادا تاشپولات راستلا يېكەنلىك مەيدانغا چىقمىغان بولسا، جىقراق ئادەم كىرىپ قايتا ئىزدەپ باقارمىز. سەن سەۋەبسىزلا مۇنداق يىغا - زارنى باشلىساڭ، ئادەمنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدىكەن. سەۋر قىل، ئاداش.

ئۇلار بىر - بىرىنى يۆلەپ گۇلخان يېنىغا قايتىپ كەلگەندە، كېچە ئاللىقاچان يېرىمدىن ئاشقانىدى. دىلمۇرات بىلەن ئابدۇسادىق ئۇلارنىڭ قۇرۇق قول قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بېشىنى تۆۋەن سېلىشتى.

— يېكەنلىك مەيدانغا قايتىدىغان بولدۇق، — دېدى جاپپار سۇيى تۈگىگەن قاپاقنى بىر چەتكە چۆرۈۋەتكەندىن كېيىن، — سىلەر ماۋۇ تۇخنى ئاۋۇ دۆڭنىڭ يانباغرىغا كۆمۈۋېتىڭلار، ئېلىپ چىقىپ كەتكىلى بولمايدىغان پالتا - كەكە، ئارغامچا - توقۇناق

دىگەندەك نەرسىلەرنىمۇ كۆمۈۋېتەيلى، كېيىن كىرگەندە ئاسانراق تېپىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزۈڭلار بىلگۈدەك نىشان قىلىپ قويۇڭلار. كېچىلەپ يولغا چىقمىساق، يېرىم قاپاق سۇ بىلەن ئەتىنى كەچ قىلغىلى بولمايدۇ.

— تاشپولاتنى ئەمدى ئىزدىمەمدۇق؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — ۋارقىرىدى خۇدابەردى ئابدۇسادىقنىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ، — سىلەر چىقىپ كېتىڭلار، دوستۇمنى ئۆزۈم ئىزدەيمەن.

— قىچىشىمىغان يەرنى قاشلايدىغان ئاداش ئىكەنسەن، — دېدى جاپپار ئۇنىڭغا ئالىيىپ ۋە خۇدابەردىنىڭ قولىنى تارتتى، — بولدى ئاداش، تاشپولات ھەممىمىزنىڭ يېقىن دوستى، ئۇنى قانچىلىك ئىزدىسەك ئەرزىيدۇ. بايا مەن دېدىمغۇ؟ بەلكىم ئۇ بىزنى تاپالماي يېكەنلىككە چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. ناۋادا ئۇ ئۇ يەردىمۇ بولمىسا، يەنە قايتىپ كېلىپ ئىزدەيمىز. ھازىرچە بۇ نەس باسقان جاڭگالدىن چىقىپ كەتمىسەك بولمايدۇ. بولدى، ئۇنىڭ ياقىسىنى قويۇۋەت.

ئۇلار خۇدابەردىنىڭ قولىنى خېلى ئۇزاقتا ئاجراتتى. گېلى سىقىلىپ جېنى تۇمشۇقىغا كېلىپ قالغان ئابدۇسادىق ئۆزىنى قۇمغا پوككىدە تاشلاپ، خېلى ئۇزاق ھاسىرىدى.

— ئەمىسە يولغا چىقايلى، — دېدى جاپپار قۇمنىڭ ئۈستىدە تىزىنى قۇچاقلاپ بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرغان خۇدابەردىنىڭ يېنىدىن تارتىپ، — ھەممە لاقا - لۇقىلارنى جايلاپ بولدۇق. خاتىرجەم بول، تاشپولات تۇرسۇن چوقۇم يېكەنلىكتە بىزنىڭ تېزرەك چىقىشىمىزنى تۆت كۆز بولۇپ كۈتۈپ ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى يولغا چىقايلى، ئاداش. تاڭ يېقىنلاپ قالدى.

ئۇلار نان قاچىلانغان خۇرجۇن بىلەن يېرىم قاپاق سۇنى ئېلىپ، بىر - بىرىنى يۆلەشكىنىچە يولغا چىقتى. قاراڭغۇلۇققا پاتقان قۇم دۆڭلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئۇلارنىڭ مۆكچەيگەن

گەۋدىسى ئارانلا كۆزگە چېلىقاتتى.

— هە راست، سىلەر نېمانداق پىيادە كىردىڭلار؟ ئۆكۈز قوشۇلغان هارۋا قېنى؟ — بىردىنلا ئېسىگە كەلگەن دىلمۇرات ئالدىراپ سورىدى، — نەچچە كۈندىن بېرى سىلەرنىڭ يولۇڭلارغا قانچىلىك قارىغىنىمىزنى بىلەمسىلەر؟ جېلىل سادىق نەدە قالدى؟

— ۋاي ـ ۋۇي، كەندىرلىككە قونۇۋالغان سېرىق قۇشقاچتەك نېمانچە جاۋۇلدايسەن؟ ئادەمنى سوئاللارغا كۆمۈۋەتتىڭغۇ؟ — دېدى ئابدۇسادىق كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا خۇدابەردىگە قاراپ قويغاندىن كېيىن، — سېنىڭ هېلىقى ئۆلۈمتۈك ئۆكۈزۈڭ بىز ئۇتۇننى ئېلىپ يېرىم يولغا بارغاندىلا ئامانەتنى ئىگىسىگە تاپشۇرغان. ئۇ ئۆلدى. مەن ئۇتۇن بېسىلغان هارۋىنى ساقلاپ شۇ يەردە قالدىم، جېلىل سادىق بىلەن جاپپار يېكەنلىككە خەۋەر قىلغىلى چىقىپ كېتىپ، ساق بىر يېرىم كۈندە «راكېتا»دىن بەرگەن ئىككى ئاتنى مىنىپ كېلىشتى. هارۋىنى مىڭ بىر قىيىنىدا ئېلىپ چىقتۇق. بىراق، تېرىلغۇ مەزگىلى بولغاچقا «راكېتا»دىكىلەر ئاتنى داۋاملىق بىرىپ تۇرۇشقا ماقۇل بولماپتۇ. توختايۇپ ئۇلار بىلەن خېلى ئۇزۇن سۆزلەشكەن بولسىمۇ، ئامالىنى قىلالمىدى. ئارىدا بىر ئېشەك نەسلى ئوغرى كېچىدە كېلىپ هارۋىنىڭ بىر پاي چاقىنى ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. ساقچى چاقىرتىپ كەلگۈچە يەنە بىر كۈن ئۆتۈپ كەتتى. كېلىشمەسلىك دېگەن ئۇستى ـ ئۇستىلەپ كەلدى دېگىنە، شۇڭا بۇ ياققا ۋاقتىدا قايتالمىدۇق. هەرنېمە بولسا سىلەر شەمشىدىنىڭ ئېسىگە كەپسىلەر، ئۇ جېدەللەپ يۈرۈپ بىزنى ماڭغۇزدى. ئەسلىدە ئۇمۇ بىللە كىرىمەن دېگەن، لېكىن توختايۇپ رۇخسەت قىلمىدى. «بۇ يەردە ئىش دېگەن ئېشەك قۇرتىدەك كۆپ، سەن كەتسەڭ بولمايدۇ، جاپپار بىلەن ئابدۇسادىق يولنى بىلگەندىكىن، ئۇلارنى قايتۇرۇپ چىقسۇن. ئۇتۇننى ئۇلاغنىڭ ئىشى هەل بولغاندا ئاچىقۋالارمىز» دەپلا بىزنى قوغلىدى. بىراق، كىم بىلسۇن، يېرىم يولغا كەلگەندە بوراندا

قالدۇق. ناۋادا سىلەر ياققان گۈلخاننى كۆرمىگەن بولساق، بىزنىڭمۇ ساق ـ سالامەت قايتىپ چىقىشىمىز يوق گەپ ئىدى...

ئۇنىڭ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن چۈشەندۈرۈشلىرى خۇدابەردىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇنىڭ پۈتكۈل ئەس ـ يادى قۇملۇق يۇتۇپ كەتكەن تاشپولات تۇرسۇندا قالغانىدى. ئۇ دوستىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىنى تىلەيتتى. جاپپارنىڭ دېگىنى بويىچە تاشپولاتنىڭ يېكەنلىكتە بولۇشىنى، ئۆزلىرى چىققاندا يۈگۈرۈپ ئالدىغا كېلىشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇلار يولغا چىقىپ، خۇرجۇندىكى ناننى، قاپاقتىكى سۇنى تۈگەتكەن ئۈچىنچى كۈنى سەھەردە يېكەنلىك مەيدانىغا يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار ياتاق ئالدىغا كەلگەندە تۇنجى بولۇپ ئاشخانا تەرەپتىن بىرىنىڭ يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. يۈز ـ كۆزلىرى قازان كۈيىسىدىن قارىدىغان بىر قىز ئوچاققا ئوتۇن تاشلاۋاتاتتى. ئۇ ئەتىگەنلىك چايغا تۇتۇنغانىدى.

خۇدابەردى ئوقۇر ھىدىنى ئالغان شاش ئايغىردەك قەدىمىنى تېزلىتىپ ياتاققا ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى ۋە دېرىزىدىن چۈشكەن غۇۋا يورۇقلۇقتا تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئورنىغا قارىدى. ئورۇن بوش ئىدى. بىر چەتتە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەن شەمشىدىن يېنىك پۇشۇلداپ ياتاتتى. بۇنى كۆرۈپ خۇدابەردىنىڭ كۆز ئالدى يەنە قاراڭغۇلاشتى. ئۇ تاشپولات تۇرسۇننىڭ يېكەنلىككە قايتىپ چىقمىغانلىقىنى ھېس قىلغانىدى.

— شە... شەمشىدىن، تۇر ئورنۇڭدىن، كۆزۈڭنى ئاچ! — خۇدابەردى ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يوتقاننى يۇلۇپ دېگۈدەك ئېلىپ، بېشىدىن چۆرۈپ يەرگە ئاتتى، — تاشپولات قېنى؟ ئۇنى قېنى دەۋاتىمەن؟ تېزرەك جاۋاب بەر، تاشپولات يېكەنلىككە چىقمىدىمۇ؟ ئۇ پەيدا بولمىدىمۇ؟

قولاق تۈۋىدە بىرىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىدىن چۆچۈپ ئويغانغان شەمشىدىن نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي، مەڭدەپ بىر ئاز تۇرۇپ قالدى. ئۇ ۋارقىراپ ـ جارقىراپ ياتاقنى بېشىغا كىيگەن

خۇدابەردىنى كۆرۈپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ دوستىنىڭ يېرىلغان لەۋلىرىگە، ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان يۈزىگە، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىگە ئېچىنىش بىلەن قاراپ ئۇنى باغرىغا باستى. خۇدابەردى ئۇنىڭ قۇچىقىدا يۇلقۇنۇپ تۇرۇپ سوئالىنى تەكرارلايتتى:

— تاشپولات تۇرسۇن قېنى؟ ئۇنى قېنى دەۋاتىمەن، تېزرەك جاۋاب بەر، ئۇ جاڭگالدىن قايتىپ چىقتىمۇ يوق؟ تاشپولات نەدە؟...

— تاشپولات تۇرسۇن سىلەر بىلەن بىللىمىغۇ؟ — ھەيران بولغان شەمشىدىن ئۇنى قويۇۋەتتى ۋە ئىشىك تۈۋىدە سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ تۇرغان جاپپارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سورىدى، — نېمە، بىرەر ئىش بوپتۇما؟ تاشپولات، ئۇ...

— تاشپولات....

جاپپارمۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى. شۇتاپتا ئۇنىڭمۇ بوغۇزىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك ئىدى. ئۇ خېلى بىر چاغقىچە زۇۋان سۈرمىدى، بىراق مەڭزىگە تامچىلىغان كۆز ياشلىرى شەمشىدىننىڭ سوئالىغا ئېنىق قىلىپ جاۋاب بەرمەكتە ئىدى.

يېكەنلىك مەيدان تەۋرەپ كەتتى. چىرايى كۆمۈردىنمۇ ئۆتە قارىداپ كەتكەن توختايۇپ بىرى ئاچچىق ياغ ئىچۈرۈۋەتكەن كۈچۈكتەك پىرقىرايتتى. ئۇنىڭمۇ تىلىغا دەماللىققا زۇۋان كەلمەي قويدى.

— بۇ... بۇ... نېمە بولغىنى - ھە؟ پۈتۈنسۈرۈك بىر ئادەم نەگە كېتىدۇ؟ تاشپولاتنىڭ جاڭگالغا تۇنجى كىرىشى ئەمەسقۇ؟ شۇنداقلا غايىب بولسا - ھە؟ سەن، خۇدابەردى، نېمىشقىمۇ ئۇنى ماڭغىلى قويغانسەن؟ ئاشۇنداق قارا بوراندا بىر يەردە جىم تۇرماي مېڭىپ يۈرسە خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى دېمىدىڭمۇ؟ تاشپولات تۇرسۇنمۇ نېمە قىلىدۇ قاتتىق بوراندا كۆتىنى قىسىپ جىم ئولتۇرماي؟ قۇرۇق ئاكتىپلىق قىلىمەن دەپ ئۆزىنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ مانا. ئۇنىڭ جېلىل سادىقلارنىڭ ئالدىغا بارىمەن دېگىنى

ئەمەلىيەتتە شەخسىي قەھرىمان بولۇشنى كۆزلىگەنلىكتىن باشقا ئىش ئەمەس. شۇنچە ئۇزۇن قۇملۇقلارنى كېچىپ جاڭگالغا كىرگەن جېلىل سادىقلار ئەجەبا سىلەر تۇرغان يەرنى تېپىپ بارالماسمىدى؟ ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە ئامىمىغا ئىشەنمىگەنلىك، ئىنتىزامسىزلىق، ئېغىر ئىنتىزامسىزلىق! ھەي خۇدابەردى، بۇ ئىشتا سېنىڭمۇ باش تارتىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتىڭ بار. ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى: «يولداش يولداشقا مەسئۇل بولۇشى كېرەك» دەپ تەلىم بەرگەن. بىراق، سەن بۇ تەلىمنى قولىقىڭدا تۇتماي، ئۆز يولدىشىڭغا مەسئۇل بولالماپسەن. ئۇنى ماڭغىلى قويمىغان بولساڭ بۇ ئاقىۋەت كېلىپ چىقارمىدى؟ ناۋادا تاشپولات تۇرسۇنغا بىر ئىش بولۇپ قالسا، بۇ مەسئۇلىيەتنى سەن ئۈستۈڭگە ئالىسەن.

— بولدى، بولدى، — بىر چەتتە موخوركا چېكىپ تۇرغان ھۇسەيىن مۇدىر قاتتىق ۋارقىرىدى، — كىمنىڭ كىمگە مەسئۇل بولمىغانلىقىنى كېيىن ئايرىيمىز. مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە، بىزدىمۇ يەتكۈدەك بار. بىزمۇ نېمىشقا جاپپارلارنى ۋاقتىدا ماڭغۇزمىدۇق؟ ئۆلگەن ئۆكۈزنىڭ ھازىسىنى ئېچىپ يۈرمىگەن بولساق، بۇ ئىشمۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى. ئەمدىكى گەپ، تېزدىن جاڭگالغا ئادەم ماڭغۇزۇش. پۈتۈن مەيداندىكىلەرنى سەپەرۋەر قىلىپ بولسىمۇ تاشپولات تۇرسۇننى ئىزدىمىسەك بولمايدۇ. ئادەم ئاملى بىرىنچى.

— بىراق، ھازىر دېگەن تېرىلغۇنىڭ ئەڭ ئالدىراش مەزگىلى. مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى جاڭگالغا ماڭسا، بۇيەردىكى ئىشنى كىم قىلىدۇ؟ مېنىڭچە، بىز ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنەيلى، بىر گۇرۇپپا ئوغۇللارنى ئاساس قىلىپ جاڭگالغا ماڭسۇن، يەنە بىر گۇرۇپپا قىزلارنى ئاساس قىلىپ «راكېتا»دىن كەلگەن دېھقانلار بىلەن تېرىلغۇ ئىشىغا قاراشسۇن. مەن «راكېتا»غا بېرىپ، سېكرېتار بىلەن يەنە بىر قېتىم كۆرۈشەي، ئۇلار سېپىلكىلىرىنى كۆپرەك بەرسە، ئىشنىڭ ئوڭ كەلگىنى شۇ. بىر

تاشپولاتنى دەپ مەيداننىڭ چوڭ ئىشلىرىغا تەسىر يېتىپ قالسا بولمايدۇ.

— ئۇنداقتا مەيلى، — دېدى غەزەپتىن دىر - دىر تىترەپ تۇرغان ھۇسىيىن مۇدىر سەل پەسكويغا چۈشۈپ، — جاڭگالغا ماڭىدىغان گۈرۈپپىغا مەن مەسئۇل بولاي، سىز مۇشۇ يەردە قېلىپ، تېرىلغۇ ئىشلىرىغا قارىشىڭ. ئەمىسە ئادەملەرنى گۈرۈپپىغا بۆلەيلى.

— ھە راست، شەمشىدىن بۇ يەردە قالسۇن، ئېتىز - ئېرىقنىڭ ئىشلىرىغا ئۇ قاراشمىسا بولمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىلىرىنى ئۆزىڭىز خالىغانچە تاللىۋېلىڭ.

ھۇسىيىن مۇدىر تېزلىك بىلەن قىرىق كىشىلىك بىر زەربىدار ئەترەت تەشكىللەپ، ئىچىدىغان سۇ، يەيدىغان ناننى يۈدۈپ جاڭگالغا ماڭدى. بىراق، ئۇچ كۈن ئۆتۈپ ئۇلار قۇرۇق قول قايتىپ چىقتى. زەربىدار ئەترەت قۇملۇق باغرىدىن تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئۆزى تۇرماق، سايىسىنىمۇ تاپالمىغانىدى. خۇدابەردى دوستىنىڭ تېپىلمىغانلىقىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، يۇم - يۇم يىغلايتتى، يىغلاۋېرىپ كۆزلىرىمۇ ئىششىپ كەتكەنىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن خۇدابەردىنىڭ مەنىسىز كۈنلىرى باشلاندى. ئۇ جاڭگالنىڭ قۇملۇقلىرىغا سىڭىپ كەتكەن دوستىنى بىر مىنۇتمۇ ئېسىدىن چىقىرالمىدى. ھە دېسە تاشپولات تۇرسۇن ئۇنىڭ چۈشىگە كىرەتتى. ئۇنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئانىسى ۋە قومۇشكۆل ھەققىدە تېخى ئېيتىپ بولالمىغان ھېكايىلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. چوڭقۇر مەنىلىك گەپ - سۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇراتتى. خۇدابەردى كېيىنكى ئۆمرىدە ئۆزىگە ئۇنىڭدەك چىن ۋاپادار دوستتىن يەنە بىرنى تاپالمايدىغانلىقىنى بارغانسېرى چۈشەنمەكتە ئىدى. تاشپولاتنىڭ قۇملۇق باغرىغا سىڭىپ كېتىشىنى ئۇ پۇتۇنلەي ئۆزىدىن كۆرەتتى. تاشپولات تۇرسۇن چۈشىگە كىرگەن چاغلاردا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالاتتى. يىغانى ئۆرلەپ، جاڭگالغا

قاراپ كۆز ياشلىرىنى سەلدەك قۇيۇۋېتەتتى. ئاشۇ بوزىرىپ ياتقان سارغۇچ قۇملارنى ئېغىزدىن چىقارغۇسىز گەپلەر بىلەن قارغايتتى.

بىر كۈنى گۈگۈم چۈشكەن مەھەلدە خۇدابەردى ئاياغقۇمغا كەلدى. ئاشۇ قېتىم سالغان گۈلخاننىڭ ئىزى — كۈچلۈك ئوتنىڭ تەپتىدە تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەن قۇملۇق ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇچاق يايدى. خۇدابەردى دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يىراق - يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. تۆگە لوككىسىنى ئەسلىتىدىغان قۇم دۆڭلىرى گۈگۈم قوينىدا قارىداشقا باشلىغانىدى. ئۇ چوڭقۇر خورسىنغىنىچە پۇتلىرىنى ئالدىغا سۇنۇپ قۇم ئۈستىدە ئولتۇردى. كەچكى غۇر - غۇر شامال ئۇنىڭ ماش رەڭلىك شەپكىسىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن چىقىپ قالغان ئۆسكىلەڭ چاچلىرىنى يەلپۈتەتتى. ئۇ يانچۇقىدىن موخوركا چىقىرىپ ئېرىنچەكلىك بىلەن ئوراشقا باشلىدى. ئۇ تاماكىسىغا ئەمدىلا ئوت يېقىشىغا كەينى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىدى. ئۇ نېمىگىدۇر ھەيران بولغىنىچە كەينىگە قارىدى.

— ئا... ئايجامال؟

خۇدابەردى پارقىراپ تۇرغان كۆزىگە زادىلا ئىشەنمىدى. بىراق، كەلگىنى راستلا ئايجامال ئىدى. ئۇ خۇدابەردىگە قاراپ ئىللىق كۈلۈمسىرىدى. شۇئان خۇدابەردى قىزنىڭ مەڭزىدە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر قاينامنى، تەبەسسۇم پارلاپ تۇرغان يۇپيۇمىلاق يۈزىدىكى چوڭقۇر زىنىخنى بايقىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئايجامال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بولۇپ بىرئاز ئوڭايسىزلاندى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلەلمىگەندەك ھە دەپ ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى غىجىملايتتى. خۇدابەردىمۇ قىزنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇمۇ ھە دېگەندە مەڭدەپ قالدى. ئەتراپتىن پەقەت سەلكىن شامالنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— مېنى قارشى ئالامسىز؟ — سورىدى ئايجامال ئۇيالغى-

نىدىن يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ، — ياكى بىمەھەل چاغدا كېلىپ ئارامىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇممۇ؟ شۇنداق بولسا مېنى ئەپۇ قىلىڭ، مەن ھازىرلا كېتىمەن...

— يا... يا... ياق، ئايجامال، قېنى كېلىڭ، بۇ ياققا كېلىڭ، — خۇدابەردى ھودۇققىنىدىن كېكەچلەپ، قىزنىڭ ئالدىدا قىلغىلى قىلىق تاپالمايلا قالدى، — مە... مەن سىزنىڭ ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولىدىغانلىقىڭىزنى پەقەتلا ئويلىمىغانىكەنمەن، شۇڭا دەماللىققا تىلىمغا زۇۋان كەلمىدى. مېنى كەچۈرۈڭ، قېنى، بۇياققا كېلىڭ، ئايجامال...

ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن خۇدابەردى كۆرسەتكەن يەرگە كېلىپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىدە پۇتلىرىنى ھىمداپ يۆگىگىنىچە ئولتۇردى. خۇدابەردىمۇ ئۇنىڭ يېنىغا زوڭزايدى.

— قارىسام، يالغۇزلا بۇ ياققا مېڭىپسىز، ئىش - كۈشلىرىمنى تۈگىتىپلا كەينىڭىزدىن كەلدىم. خۇدابەردى، يېقىندىن بۇيان روھىي كەيپىياتىڭىز دېگەندەك جايىدا ئەمەس. چىرايىڭىزمۇ ئۇزاق يىل كېسەل تارتقان ئادەمنىڭكىدەك جۈدەپ كەتتى. بەلكىم ئۆزىڭىز بۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمىغان بولۇشىڭىز مۇمكىن. دوستىڭىزنىڭ قۇملۇقتا غايىب بولۇشى ھەقىقەتەن كىشىنى ئېچىندۇرىدۇ. بىراق، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىڭىزنى بۇنداق تاشلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ. ئەسلىدىغۇ مېنىڭ سىزگە نەسىھەت قىلغۇدەك سالاھىيىتىممۇ يوق. بىراق، ھەر كۈنى مۇشۇنداق خاپىغان يۈرسىڭىز مەن چىدىمايدىكەنمەن. ھەر قېتىم كۈندىن - كۈنگە جۈدەپ كېتىۋاتقان چىرايىڭىزنى كۆرسەم، قوقاسقا كۆمگەن توخۇمدەك پاڭڭىدە ئېتىلىپ كېتىشكە تاس قالىمەن. خۇدابەردى، ئەمدى بولدى قىلىڭ، كونىلاردا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇتقان قارىلىق جايىز ئەمەس، دېگەن گەپ بار ئىكەن، ئەمدى دوستىڭىز ئۈچۈن قايغۇرۇۋەرمەڭ. ئادەم دېگەن ھاياتقا كۈلۈپ قارىيالىسىلا، تۇرمۇشمۇ ئۇنىڭ كۆزىگە گۈزەل كۆرۈنىدۇ. دېگەنلىرىم توغرىمۇ؟

خۇدابەردى قىزغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرىدى. ئايجامال چوڭقۇر ئۇھ تارتقىنىچە يەرگە قاراپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە خۇدابەردىگە يۈزلەندى.

— يېكەنلىكتە سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۆتىدىغان يەنە بىرى يوق، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — تولۇقسىزدا ئوقۇغاندىلا سىزنىڭ تالانتىڭىزغا ھەممەيلەن قول قوياتتۇق. سىز سەنئەت كۆرۈزۈكىنىڭ يېتەكچىسى بولغاندىن سىرت، يەنە مەكتەپنىڭ تام گېزىتىنىمۇ شۇنداق چىرايلىق ئىشلەيتتىڭىز. ئاشۇ چاغدا تام گېزىتىگە چىقارغان بىرنەچچە پارچە شېئىرىڭىزنى بىر دەپتەرگە كۆچۈرۈۋالغاندىم. ھېلىھەم قولۇم بوشىسا ئوقۇپ تۇرىمەن. ئۇ شېئىرلىرىڭىزنى ھازىرمۇ يادقا ئوقۇپ بېرەلەيمەن. خۇدابەردى، سىز شۇ چاغدىكى قىزغىن، ئۆتكۈر پىكىرلىك، ھەممىگە تەڭ يېتىشىپ بولالايدىغان خۇدابەردىگە ئوخشىماي قېلىۋاتىسىز.

— ئايجامال، سىز بازار رەستىلىرىدە پىچاق چاقلىغۇچىلار-نىڭ چاقىدىن چاچراپ چىققان ئۇچقۇننى كۆرگەنمۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— ئاشۇ ئۇچقۇنلار قۇم چاقتىن زور ئۈمىدلەرگە ھامىلىدار بولۇپ ئېتىلىپ چىققان بىلەن، نامەلۇم بوشلۇققا كەلگەندە ئۆزلۈكىدىن غايىب بولىدۇ، — دېدى خۇدابەردى ئېغىر ئۇھ تارتقىنىچە، — مېنىڭ شۇ تاپتىكى روھىي ھالىتىممۇ ئاشۇ ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ. مېنىڭ بارار يېرىم قەيەر؟ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ كېيىنكى تەقدىرىم قانداق بولىدۇ؟ بۇ ھەقتە مەن ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. ئادەمدە غايە بولمىسا، ئاشۇ ئۇچقۇندەك لاپ قىلىپلا كۆزدىن يىتىدىغان گەپ. سىز توغرا دەيسىز، ئاشۇ چاغدىكى قىزغىنلىقلىرىمنى يېكەنلىك مەيدان يەپ كەتتى. مەندە ھازىر دوستۇمنىڭ ئەسلىمىسىدىن باشقا ھېچنېمە يوق، شۇڭا ئېچىلاي دەپمۇ ئېچىلالمايۋاتىمەن.

— مەنچۇ؟ — سورىدى ئايجامال بىرپەسلىك سۈكۈتتىن كې-يىن ئۇنىڭغا قاراپ، — مەن سىزگە ئۈمىد بېغىشلىيالارمەنمۇ؟

يېڭى ھاياتي كۈچ بەخش ئېتەلەرمەنمۇ؟ بۇ جەھەتتە مېنىمۇ ئويلاپ قويدىڭىزمۇ؟

خۇدابەردى ئۇنىڭغا قاراپ بىرپەس تۇرۇپ قالدى. ئايجامالنىڭ جاۋاب كۈتۈپ تۇرغان كۆزلىرى دەممۇدەم ئۇنىڭغا تىكىلەتتى. ئۇ خۇدابەردىنىڭ شامال توزۇتۇپ مالىخايالاشتۇرۇۋەتكەن پاخپاق چېچىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى.

— مېنىڭ راست گەپ قىلىشىمنى ئارزۇ قىلامسىز، ئايجامال؟

— ئەلۋەتتە.

— ئەمىسە ئاڭلاڭ، — دېدى ئۇ يىراقلارغا تىكىلگىنىچە، — مېنىڭ سىزنى ئويلىمايدىغان بىرمۇ كۈنۈم يوق. مەيلى مەن نەدە بولاي، ھامان سىز كۆز ئالدىمدىلا تۇرىسىز. نېمىشقىكىن، سىز بولمىسىڭىز پارقىراپ تۇرغان كۈنمۇ، قۇشلىرى سايراپ تۇرغان، دەل - دەرەخلىرى، گۈل - گىياھلىرى ھاياتلىق ئۈچۈن ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغان ئانا يەرمۇ مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ. مەن ئۆزۈمنى زۇلمەت ئىچىگە كىرىپ قالغاندەك سېزىمەن. ئايجامال، سىز ئەسىر قىلغان كۆڭلۈمنىڭ پەقەت سىزنى ئويلاش ئارقىلىقلا خۇشاللىققا، يېڭىدىن - يېڭى ئۈمىدكە تولىدىغانلىقىغا دوستۇمنىڭ روھى گۇۋاھ!

ئايجامالنىڭ چىرايى كۈن قىزىلىدا جۇلالىغان ئاپتاپپەرەستەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا خۇدابەردىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويدى.

— مەن سىزنىڭ مۇشۇ گېپىڭىزنى ئۇزاقتىن بېرى زارىقىپ كۈتۈۋاتقانىدىم!

ئايجامالنىڭ ھاياجاندىن ئاۋازى تىترەپ كەتتى...

— مەنمۇ بۇ گەپلەرنى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى سىزگە پەقەت خىيالىمدىلا دەپ كەلگەنىدىم!

خۇدابەردىمۇ ھاياجاندىن تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قىزنىڭ بېشىنى سىلىدى. نېمىشقىدۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىمۇ قولىغا ئوخشاشلا تىترەپ تۇراتتى...

## سەككىزىنچى باب

# ئۈزۈلگەن رىشتە

## 29

يېكەنلىك مەيدان ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئەڭ قاتتىق سوغۇقنى كۈتۈۋالدى. «راكېتا»دىكى پېشقەدەملەرنىڭ ئېيتىشىچە، ھەمىشە بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان بۇ يەردە ئەزەلدىن بۇنداق تاڭ - تاڭ سوغۇق بولۇپ باقمىغانىكەن. كۈندە دېگۈدەك شىۋىرغان قۇتراپ، يېكەنلىك مەيداندىكى زىيالىي ياشلارنى، قىشلىق ئۇيقۇغا كەتكەن كۆزگى بۇغدايلارنى، يالىڭاچلىنىپ شۇمشەيگەن دەل - دەرەخلەرنى، بوزىرىپ ياتقان دالىدىكى چۆل گىياھلىرىنى، پاخپىيىپ قالغان قۇش - جاندارلارنى يەتكۈچە قىيىنىدى. ئارىدىن يەنە بىر نەچچە ئاي ئۆتۈپ، قار - مۇز قاپلىغان قىش مەۋسۇمى ئاخىرلىشىپ، يېكەنلىككە باش باھارنىڭ تۇنجى شەپىسى كېلىشكە باشلىدى، ئالدى بىلەن ئېتىز - قىرلاردىكى مۇز پارچىلىرى ئاستا - ئاستا ئېرىمەكتە ئىدى. ھەر كۈنى قۇياش كۆتۈرۈلگەن مەزگىلدە قىشچە ئۇخلاپ چىققان كۆزگىلىكتىن سۇس ھور كۆتۈرۈلەتتى. ئېتىز - دالىلارنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە بىدە، چىم - قىياقلار باش كۆتۈرۈپ، ئادەم ھېس قىلارلىق دەرىجىدە يېشىللىق ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى. دەل - دەرەخلەر ئارىسىدىن، ياتاقلارنىڭ ئەتراپىدىكى كاللەك تاملارنىڭ كەينىدىن ھۆپۈپنىڭ باھار چىللاپ سايرىغىنى ئاڭلىناتتى. توك

تېزەكتەك قېتىپ كەتكەن تۇپراقلار ئېرىپ، بولدۇرۇلغان خېمىردەك لۆمۆلدەشكە باشلىغانىدى. مۇز تۇتقان ئېرىقلاردا لۆمشۈپ ئاقىدىغان ئەگىز پەيدا بولغانىدى.

مانا، يېكەنلىك مەيداندا تۇرمۇش بىر خىلدا داۋام قىلماقتا. توختايۇپمۇ ئىلگىرىكىدەك چېچىلغاق ئەمەس، بىراق يەنىلا شۇنداق قاتتىق قول، ھېچكىمگە رەھىم - شەپقەت قىلمايدۇ. گەرچە كۈنلىرى ئادەتتىكىدەك ھاراق بىلەن ئۆلپەتلىشىپ ئۆتسىمۇ، كۆزلىرى قىزلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشىغا تاشلىنىپ تۇراتتى. ئايجامالنىڭ تىرنىقى ئۇنى خېلى ئۇڭشىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ تېخىچە ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنىدى. بىر پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى، ئايجامالنىڭ غۇنچىسىنى ئۈزۈپ، گۈل بەرگىلىرىنى تۇزۇتۇشنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتەتتى.

باھارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن دالىدىكى قۇرت - قوڭغۇزلارغىلا ئەمەس، قىشتىن بېرى سوغۇقنىڭ نەشتىرى بىلەن ئىچىگە تىنىپ قالغان ئادەملەرنىڭ ۋۇجۇدىغىمۇ جان كىرىشكە باشلىغانىدى. شۇ كۈنى يۈزى قىزىرىپ، پىستە كۆزلىرى خۇمارلاشقان سېكرېتار ئىككى ئاغىنىسى بىلەن «راكېتا»دىن بۇ يەرگە كېلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ خۇشكەيپ تۇرقىدىن بىر سورۇننى ئاخىرلاشتۇرۇپ، بۇ يەرگە يېڭى سورۇن تۈزگىلى كەلگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

توختايۇپ گەرچە خالىمىسىمۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرىنىڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇرغىنىنى يادىغا ئېلىپ، چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. سېكرېتارنىڭ ئۆسكىلەڭ بۇرۇتى كەيپچىلىكتە قىڭغىيىپ قالغانىدى. ئۇ ئاشۇ سالپىيىپ بىر ئۇچى ئوڭ قۇلىقىغا، بىر ئۇچى سول ئېڭىكىگە چاپلىشىپ قالغان بۇرۇتىغا پەرۋا قىلماستىن، ئېگىز - پەس دەسسەپ ئاشخانا ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئىككى ھەمراھىنىڭ ھالىمۇ خاراب ئىدى. ئۇلار قولاقچىلىرىنى تەتۈر كىيىۋالغان، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنىمۇ ئاستىن -

ئۇستۇن ئېتىۋالغان، كەيپچىلىكتە كۆزلىرىمۇ يۇمۇلغانىدى. سېكرېتار ئىككى تەرەپكە چايقالغىنىچە مېڭىپ توختايۇپنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ ئېغىر قاپاقلىرىنى لىپىلدىتىپ، بەقەمدەك قىزارغان كۆزلىرىنى ئالىقانلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۇركەپ، ئۆتلىگەن كاللىدەك ھېجىيىپ تۇرغان توختايۇپقا تىكتى.

— ئوھوي، تۇ مۇدىرغۇ بۇ؟ — دېدى ئۇ گارت قىلىپ بىرنى كېكىرگەندىن كېيىن توختايۇپنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ، — مەيلىمىزنى كەيپ بولغان پۇتقا تاپشۇرساق، بىزنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي ئۆزلىرىدەك دىدارى مۇبارەكنىڭ قېشىغا باشلاپ كەپتۇغۇ؟ پاھ، پاھ، پاھ، كۆڭۈلمۇ سىلىنى تارتىپ تۇراتتى، قەدەممۇ سىلىنى ئىزدەپ كەپقاپتۇ مانا....

— قارشى ئالىمەن، قىزغىن قارشى ئالىمەن، — دېدى توختايۇپ ئۆزىگە تاشلىنىپ تۇرغان سېكرېتارنىڭ ئېغىر گەۋدىسىنى تەستە يۆلەپ، — قېنى، قېنى، ياتاققا مەرھەمەت، ياتاققا...

— يا... ياتاقتا كىم بار؟

— ھېچكىم يوق، سىلىنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ تازىلاپ قويغان...

— مە... مەن ياتىدىغان ئۇ... ئورۇن ـ كۆرپىچۇ؟

— بار، يوتقانمۇ بار... — دېدى توختايۇپ ئۇنى يوتقانغا كىرىپ تازا بىر ئۇخلىۋالاي دېگەن ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ، — ياتاق ئىچى ئىسسىق، بەكلا راھەت...

— يو... يوتقانغا كىر... كىر... كىرىدىغان قىزلارچۇ؟

— قىز دېسىلە يوق ! — توختايۇپنىڭ قوشۇمىسى مۇشتتەك تۈرۈلدى، — سىلىگە ئاتايىن ياتاققا ئەكىرىپ ساقلاپ قويغان قىز يوق. تولا چۈشەكىمىسىلە.

— ھەي تۇ مۇدىر، — سېكرېتار كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، قۇچىقىدىن چىقىش ئۈچۈن يۇلقۇنۇۋاتقان توختايۇپقا يەۋېتىدىغاندەك ئالايدى، — يېكەنلىكتىكى قىزلارنى ئۇ... ئوتاققا بېرىپ بول... بولدۇقمۇ نېمە؟ نېمىشقا قىز يوق؟

توختايۇپ بويىنىدىن سىرتماقتەك بوغۇۋالغان سېكرېتارنىڭ قولىنى كۆچەپ ئىتتىرىۋەتتى.

— بىلىپ قويسىلا، — دېدى ئۇ گۇر - گۇر ۋارقىراپ، — بۇ يەردە ئوتاققا بېرىدىغانمۇ، كىملەرگىدۇر سولاپ بېرىدىغانمۇ قىز يوق. بولۇپمۇ سىلىدەك كالا تېزىكىنى كۆمەچنىڭ ئورنىدا كۆرىدىغان سەھرالىقلارغا تېخىمۇ يوق. بۇ يەردىكى قىزلار دۆلەتنىڭ بايلىقى، خالىغانچە قول سۇنسا بولۇۋېرىدىغان «راكېتا»نىڭ جومباقلىرى ئەمەس. بوپتۇ سېكرېتار، ھاراق دېسىلە ياتاققا مەرھەمەت، قىز دېسىلە ئاستا كېتىۋالسىلا. يېپىق قازان يېپىق پېتىچە قالسۇن...

توختايۇپنىڭ كۆچەپ سىلكىشى بىلەن سەنتۈرۈلۈپ كەتكەن سېكرېتار نېمە بولغىنىنى بىلەلمەي، ئەتراپىغا ئەلەڭلەپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، تۇيۇقسىز توخماق يېگەندەك بېشىنى سىلكىدى. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى كۆل رەڭ تۇسكە كىرىپ قالغانىدى. سېكرېتار بېشىنى چاڭگاللاپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، توختايۇپنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى.

— يا... ياخشىغۇ تۇ...تۇ مۇدىر، — دېدى ئۇ سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — مەن تېخى بۇ... بۇ يەردىكى قىزلارنى ئالدىدا ئەندامىسى بار ئا... ئايالمىكىن دېسەم، دۆ... دۆلەتنىڭ بايلىقى دەڭ؟ ھەي ئۆزى قېرىسىمۇ تۇمشۇقى ئىشتىن قالمىغان قېرى ھاڭگا، مېنى بىلمەيدۇ دەمسەن؟ ئاشۇ دۆلەتنىڭ بايلىقلىرىنى بىر سەنلا پوكىنىڭغا باسامسەن؟ ماڭا قاراشقىنا، — سېكرېتار كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاشخانا تېمىغا يۆلىنىپ تۇرۇپ مۆگدەشكە باشلىغان ئىككى ھەمراھىنى چاقىردى، — مېنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا چىشىم ئۆتمەيدىغان گۆش بارمۇ - ھە؟

— يو... يو... يوق !

— ئا... ئاڭلىدۇقمۇ، تۇ مۇدىر؟ — سېكرېتار يەنە ئۇنىڭغا تاشلاندى، — ھۇ قىزلىرىنى ئۇچۇپ يۈرگەن ئەركەك چۈشىنىدىنمۇ كۆنلەيدىغان قىزىلكۆز مۇ... مۇدىر، ھۇ تۇخۇمىنىڭ پالاق چىقىپ

قىلىشى بىلەن كارى يوق، ئالىقىنىدا ئوچاق چاپلايدىغان تۆ... تۆ مۆدىر. يىرتىق يا... يامايدىغان تۆ... تۆ مۆدىر... شو... شوۋا ئىچىدىغان تۆ...

— ئېغىزىڭغا بېقىپ سۆزلە مايماق ئېيىق! — توختايۈپنىڭ غەزەپلەنگىنىدىن پۈتۈن بەدىنى ھېلىلا تۆكۈلۈپ كېتىدىغاندەك غال - غال تىترەپ كەتتى، — نېمە بۇ، سېكرېتار دەپ بەرسەم بىرنېمەمدەك ئىشتانغا پاتماي قالغىنىنى، بۇ يەرگە قىز ماراپ كەلگۈچە ئى دادۈينىڭ ئېشەك ئېغىلىغا بارساڭ بولمامدۇ، ھايۋان؟ ئۆزىنى بىلمىگەن سۈپرىتاپان سەھرالىق...

گالاچ قىلغان بىر مۈشت بىلەن توختايۈپ ئۈچۈپ بېرىپ ئاشخانىنىڭ تېمىغا چاپلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىدىغاندەك پۈلتىيىپ، مۈشت تەگكەن لەۋلىرى قىيسىيىپ قالغانىدى. ئۇ نېمە بولغىنىنى بىلىپ بولغۇچە سېكرېتار دەلدەڭشىپ كېلىپ يەنە بىر مۈشت ئاتتى. توختايۈپنىڭ كۆز ئالدىدا نۇرغۇن ئۇششاق ھاشاراتلار پىرىلداپ ئۇچۇشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا بۇ غەلۋە - غۇدۇرنى ئاڭلىغان ئايجامال ياتىقىدىن چىقىپ قالدى. ئۇ شۇنداق قاراپلا تامغا كۆك ماڭقىدەك چاپلىشىپ قالغان توختايۈپنىڭ قاڭشىرىغا بىر مۈشتنىڭ بازغاندەك تەگكىنىنى كۆردى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن يوغانلا بىر قىزىل پوزا ئېتىلىپ چىقتى.

— ۋاي... ئادەم بارمۇ؟ — ئايجامال ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ۋارقىراپ تاشلىدى. ئۇنىڭ چىرقىراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان سېكرېتار ئېگىز كۆتۈرگەن مۈشتىنى ئاستا چۈشۈردى ۋە قېنى قاچقان لەۋلىرىنى تامشىپ قويۇپ، سوغۇق ھىجايدى.

— ما... مانا، ما... مانا قىز دېگەن... مۇشۇنچىلىك بولسىمۇ، شۈكۈر قىلىمىز. شۇنداقمۇ، باللار؟ — سېكرېتار ئىككى ھەمراھىنىڭ ئاللىقاچان تامغا يۆلىنىپ ئۇخلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ يەرگە ئېڭىشىپ بىر ئوچۇم توپا ئېلىپ بولغۇچە تىزلىنىپ قالدى. ئۇ ئېيىقتەك كۈچىنىپ، ۋارقىراپ

تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قولىدىكى توپىنى ھېلىقى ئىككىسىگە چاچتى، — ھۇ يارىماس، ئۆيگە ئو...ئوغرى كىرسە سىيگىلى كېتىدىغان ئىتلار... — سېكرېتار قولىنى قېقىپ، تېخىچە ئىككى ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغان ئايجامالنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى، — كېلىڭە ئاپئاق، خۇ... خۇدايىم بەرگەن خېنىم... مەن سىزنى، مەن... سىزنى را... «راكېتا»دىن سېغىنىپ كەلدىم. تاتلىق... ئېغىزىڭىز قېنى؟ ... ئو... ئويناق كۆزىڭىز! ...

— ياق ! — توختايۇپ بىرلا ئوخچۇپ سېكرېتارنىڭ قاتلىنىپ تۇرغان پۇتىغا ئېسىلدى، — ئۇنداق قىلمىسىلا، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىسىلا، بۇ قىزلارغا يامان كۆزدە قارىمىسىلا، ئۆتۈنۈپ قالاي ! ئۇلار دېگەن دۆلەتنىڭ بايلىقى !

سېكرېتار ئايىغى ئاستىدا بىر پۇتىغا ئېسىلىپ ياتقان توختايۇپقا مەنسىتمىگەندەك قاراپ قويدى ۋە تۆگىنىڭ تاپىنىدەك يوغان پۇتى بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا دەسسىدى. توختايۇپنىڭ قارامتۇل چىرايى يېكەنلىك مەيدانىنىڭ يۇمشاق توپىسىغا بىر ئىلىك پاتتى...

توختايۇپكا ! ... — سېكرېتار يېقىنلا بىر يەردىن ئاڭلانغان بۇ دەھشەتلىك ئاۋازنى ئاڭلاپ چۆچۈگىنىچە كەينىگە بۇرۇلدى، ئەمما ئۇ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى. قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كەلگەن بىر تېپىك ئۇنىڭ ئەلەس كۆزلىرىدىن چاققان كېلىپ قالغانىدى. ئۇ نېمە بولغىنىنى بىلمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى تېخىچە تۇزلەنمىگەن لاي كاتىكىدە كۆردى. ئۇ كاتەكنىڭ ئىچىدىن ئېسىلىپ قوپقۇدەك بىر نەرسە ئىزدىدى، ئەمما ھېچنېمە تاپالمىدى. غوڭشىپ تۇرغان كاللىسى بىر ئاز سۇزۇلۇپ، كۆز ئالدىمۇ يورۇغاندەك بولدى. ئۇ كاتەكنىڭ لېۋىدىكى قېتىپ كەتكەن سېغىزلارغا ئېسىلىپ ئاستا ئۆرە بولدى. ئىككى ھەمراھى تېخىچە چوشقىدەك خارقىراپ، ئېغىزىدىن شالا ئېقىتقىنىچە ئۇخلىماقتا ئىدى. ئېتىزدىن قايتىپ كەلگەن شەمشىدىن بىلەن ئوبۇلتالىپ يەرگە زاماسكا بەرگەندەك چاپلىشىپ ياتقان توختايۇپنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇش

ئۈچۈن ئىككى قولتۇقىدىن يۆلەۋاتاتتى. ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ئايجامال تېخىچە ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، بايىقى ئورنىدا قېتىپ قالغانىدى. سېكرېتار ئۆمىلەپ يۈرۈپ كاتەكتىن ئاران چىقىۋالدى.

— نېمە... نېمە بولدى؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولغىنىچە، — تۇ مۈدىرغا نېمە بولدى؟ مەن قانداقسىگە بۇ كاتەككە چۈشۈپ كەتتىم؟ ھەي لاتىلار، ئىككىڭ بۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ ئاچە كۆزۈڭنى !

ئۇ تېخىچە ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقان پۇتلىرىنى سۆرىگىنىچە تام تۈۋىگە بېرىپ، ئۇيقۇغا كەتكەن ھەمراھلىرىنىڭ قۇلىقىدىن سوزدى، — كۆزۈڭنى ئېچىش، بىز يېكەنلىكتە نېمە قىلىمىز؟ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدۇق؟ ئەسلىي بىز خانقىز كاككۇكنىڭ ئۆيىگە بارماقچى ئەمەسمىدۇق؟ كۆزۈڭنى ئېچىش دېدىم، كۆزۈڭنى ئېچىش ! ...

توختايۇپنىڭ ھالى بەكلا بوش ئىدى. ئۇ شەمشىدىنلەرنىڭ بىلىكىگە ئېسىلىپ، مىڭ بىر قىيىندا ئورنىدىن تۇردى ۋە سەنتۈرۈلگىنىچە يەنە ئولتۇرۇپ قالدى. شەمشىدىن ئۇنىڭ بېلىدىن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ دېگۈدەك ئورنىدىن تۇرغۇزدى ۋە ياتاققا ئېلىپ ماڭدى. توختايۇپ تاياق زەربىسىدىن ئىنجىقلايتتى. مۇشت زەربىسىدە ئىششىغان لەۋلىرى تاش ئېسىپ قويغاندەك ئېغىر بىلىنەتتى. ئۇ قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى مىشىلداپ يىغلاۋاتقان ئايجامالغا ئاخىرقى قېتىم تىكتى ۋە مىيىقىدا كۈلۈمسىرەپ قويدى.

شەمشىدىن ئۇنى كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويۇپ مەيدانغا چىققاندا، سېكرېتار بۇ يەردىن خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى. ئۇ «راكېتا»غا بارىدىغان توپىلىق يولدا ئىككى ھەمراھىنىڭ كاسىسىغا تەپكىنىچە كېتىۋاتاتتى. چىغىر يولنىڭ ھەممىلا يېرىدە بۇقا سۈيدۈكىدەك ئەلەڭگۈپ كېتىۋاتقان ئۇ ئادەم ھازىرنىڭ ئۆزىدە بۇ يەردە نېمە ئىشلارنىڭ بولغىنىنى، ئۆزىنىڭ قانداق

قىلىپ كاتەككە چۈشۈپ كەتكىنىنى بىلەلمەي، ئىككى ھەمراھىدىن سوراۋاتقاندەك قىلاتتى...

ئاشۇ قېتىم ئەدىپنى يەپ، بىر - ئىككى ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قوپقان توختايۇپ شارلىرىغا سىلىقلاش مېيى بەرگەن چاقتەك بەكلا سىلىقلىشىپ قالغانىدى. ئۇ بۇرۇنقىدەك قاپىقىدىن قار ياغدۇرمايتتى، تىنىقىدىن شىۋىرغان چىقارمايتتى. گەپ - سۆزلىرىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. گەرچە ھەر كۈنى ئاز - تولا ئىچىپ تۇرسىمۇ، ھوش - كاللىسى جايىدا ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى يەنىلا قىزلارنى — دۆلەتنىڭ كەلگۈسىدىكى بايلىقلىرىنى ئۆز نەزىرىدىن ساقىت قىلمىغانىدى. ئوغۇللار قىزلارغا يېقىن يولىمىسىلا، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈپ يۈرەتتى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ مەيداندىكىلەر ئۆزلىرىچە بىر ئىشلارنى پەرەز قىلىشاتتى.

— سېكرېتارنىڭ مۇشتى ئەۋلىيانىڭكىدەك شىپالىق مۇشت ئىكەن، توختايۇپكامغا ماددەتۇل ھاياتتەك پايدا قىپتۇ مانا.

— شۇنداق، تاياق دېگەن دۆنىمۇ كۆندۈرىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، دۆدىنىمۇ يامان توختايۇپكامنىمۇ كۆندۈرۈپ، پوشكالدەك قىلىۋەتتى دېسە.

— بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى ئاجىزلىسا، ئادەمنى كېسەل چېقىپ كېتىدىكەن. روھىنىڭ قارشىلىق كۈچى ئاجىزلىسا، باشقىلارغا بوزەك بولىدىكەنسەن، خەق سېنى شىپاھسىز كېسەلدەك ئانىي تاپىدىكەن. شۇڭا، سېكرېتاردەك ئاز - تولا تەگكۈزۈپ قويسا، توختايۇپكامدەك ساقىيىپ قالىدىكەن. بىزمۇ بۇرۇنراق مۇشۇنداق ئويلىغان بولساق، روھىمىزنىڭ ئىممۇنىتېت كۈچىنى راۋرۇس ئاشۇرۇپ، ئادەمدەك ياشايدىكەنمىز...

— بىراق، بۇ قېتىم توختايۇپكام ئايجامالنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تاياق يەپتۇ. ئەسلىدە سېكرېتار بۇ يەرگە ئايجامالنى دەپ كەلگەنىكەن. مۇدىرىمىز ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، چۈجىسىنى سارغا ئالدۇرماپتۇ. بۇنداق تاياقنى يېيىش بىزگىمۇ ئەرزىيدۇ جۇمۇ.

گەپ - سۆزلەر ھەر خىل ئىدى. بەزىلەر توختايۇپنى قەھرىمانغا چىقىرىپ ماختايتتى. جېلىل سادىق ھەر قېتىم توختايۇپنىڭ ياتىقىغا كىرىپ چىقسا، ئۇنىڭ قەھرىمانلىقى ھەققىدە يېڭى - يېڭى ھېكايەتلەرنى ئالغاچ چىقاتتى. بىراق، خۇدابەردى بۇنداق ھېكايىلەرگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمىدى. بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا يوق سۇپەتلىرى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالسا، گەرچە سەن ئۇنىڭ قەھرىمانلىقىنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگەن تەقدىردىمۇ ئىشەنمەيسەن، ئۇنىڭ ئاشۇ ئىشنى چىن ۋىجدان ۋە ئەقىدە بىلەن قىلغانلىقىدىن گۇمان قىلىسەن. ئاشۇ پىداكارلىقنىڭ ھەقىقىي مەنىدە ئەمەس، قانداقتۇر بىر مۇددىئا بىلەن روياپقا چىقىۋاتقانلىقىنى ئويلايسەن. چۈنكى، ئادەم دېگەن ئۇزاق يىللىق ھاياتىدا يېتىلدۈرگەن خۇي - مىجەزىنى ئاسانلىقچە ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئىتنى ئىككى پۇتى بىلەن مېڭىشقا ئۆگەتسەڭمۇ، ئۇ ھەرگىز ئادەملىك ماقامىغا يېتەلمەيدۇ. تۇرمۇشتىكى ھەممە نەرسە ئۆز رەڭگى، ئۆز شەكلى ۋە ئۆز ئالاھىدىلىكى بىلەن بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمىغىنىدا ئىدى، ھاياتلىق بىر قېلىپتىن چىققان كېسەككە ئوخشاپ قالغان بولاتتى.

خۇدابەردى ئارىدا توختايۇپنىڭ كاتتا غەمخورلۇقى بىلەن رۇخسەت ئېلىپ، ئاتا - ئانىسىنى يوقلاپ يۇرتىغا بېرىپمۇ كەلدى. بىراق، ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ يېنىدىمۇ تۇزۇك ئېچىلالمىدى. ئوغلىنىڭ تۈگىمەس دەردكە مۇپتىلا بولغانلىقىنى سەزگەن ئاتا ئۇنى ئۆز رايىغا قويۇۋەتتى. ئاشۇ شورتاڭ زېمىندا مەڭگۈ ئەستىن چىقمىغۇدەك دوستقا ئېرىشكەن ئوغلىنىڭ ۋاقىتسىز جۇدالىق ئېلىپ كەلگەن دەرد - ھەسرىتىنى كۆڭلىدىن ئۇنچە ئاسان چىقىرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان سۇپۇركە سەيدى ئوغلىغا ئارتۇقچە بىرنەرسىمۇ دېمىدى. خۇدابەردىنىڭ خۇددى دەرۋىشلەردەك بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلغان قوشناچىمغا: «كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتما، بىر مەزگىل ئۆتۈپ

كـەتسە ئۇڭـلـىنـىـپ قالـدۇ» دەپ تـەسـەللى بـەردى. خۇدابەردىـمـۇ يۇرتتا ئۇزاق تۇرمـىـدى. ئۇ رۇخسـەت ۋاقتى توشمـايلا يېـكـەنلـىـك مەيدانغا قايتىپ كەلدى.

مۇشۇ كۇنلەردە قايتا تەربىيە ئېلىش ئۇچۇن يېزىغا چۇشكەن ياشلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئاز - تولا ئۆزگىرىشلەر بولمـاقتا ئىـدى. يىـگىـتلـەرنـىـڭ يۇزىـنـى ساقال بېـسـىـپ، گـەپ - سـۆزلىرىـمـۇ بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالـغانىدى. بـاھارنىڭ يېتىپ كـېلىشـى ۋە ئەتراپتىن كېلىۋاتقان جىگدە چېچىكى ھىدىنىـڭ كۇچىيىـشىگـە ئەگىشىپ قىزلارمۇ بارغانچە رەڭ تۇزىمەكتە ئىدى. قانداقتۇر بىر قىـزغىنلـىـق ئىلـلىق باھـار شامىلـىدەك ياشـلارنـىڭ ۋۇجۇدىـغا خۇشبۇي چېچەك ھىدىنىڭ لەززىتىنى بېغىشلىغانىدى. قىـز - ئوغۇللارنىڭ جىسمىدىن مېھىر - مۇھەببەت تۆكۇلۇپ تۇراتتى.

بىر كۇنى قاش قارايغان مەھەلدە جېلىل سادىق توختايۇپنىڭ ياتىقىغا قۇيۇندەك كىرىـپ كەلدى. ئۇ ئـېغىزىـنى توختـايۇپنـىـڭ قۇلىقىغا يېقىپ بىرنەرسـىلەرنى پـىچىرلـىدى. پىچـىرلاش خېلـى ئۇزاق داۋام قىلدى. قاپقارا چـىرايى كۆمـۇردىن بەتتـەر قارىداشقـا باشلىغان توختايۇپ دىر - دىر تىترىگـىنىچە جـېلىل سـادىقتىـن ياندۇرۇپ سورىدى.

— ئۇلار ھازىر نەدە؟

— ئاياغ تاختىنىڭ بېشىدىكى جىغانلىقتا...

توختايۇپ چاپىنىنىمۇ كىيمەستىن سىرتقا يۇگۇردى. جېلىل سادىقنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر تاتلىق تەبەسسۇم جىلۋە قىلـدى. ئۇ توپتەك قاڭقىپ كېتىۋاتقان توختايۇپنىـڭ كەينـىدىن قارىسـى يىتكۇچە قاراپ تۇردى.

شۇنچە ئۇزاق مۇساپىنى سەللا كېـچىكىـپ قالسا ھـەممىدىـن قۇرۇق قالـىدىغاندەك تـۇيغۇ بىـلـەن قانات چـىقىرىـپ ئۇچقانـدەك يۇگۇرۇپ تامامىلىغان بۇ قېرى بـايقۇشنـىـڭ ئۆپكـىسى قېـقىلـىـپ، تىنىـقى تـىـنـىـقـىـغـا ئۇلاشمـايـتتى. ئـۇ ھـاسىراپ - ھـۆمـۇدەپ جىغانلىققا يېتىپ كەلگەندە، ئەتراپقا ئاللىقاچان گۇگۇم پەردىسـى

يېپىلغانىدى. ئۇ ئاشۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە بىر ـ بىرىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سىردىشىۋاتقان بىر جۈپ ياشنى كۆرۈپ، ئېغىزىنى يوغان ئاچقان پېتى تۇرۇپ قالدى. قىز يىگىتنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇۋالغان، يىگىتنىڭ قوللىرى بولسا قىزنىڭ يەلكىسىنى خۇددى ئانىسى باققان مۈشۈكنى ئەركىلەتكەندەك سىلىماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ پەس ئاۋازدا قىلىشقان پاراڭلىرى توختايۇپنىڭ ئىچىنى تىكەن تىلغاندەك ئېچىشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۇلار تەرەپكە تېخىمۇ يېقىنراق سۈرۈلدى.

— مېنى سېغىندىڭىزمۇ؟ — دەيتتى يىگىت شوخلۇق بىلەن قىزنىڭ چاچلىرىنى پۇراپ، — تېخى ئاخشام كۆرۈشكەن بولساق‑مۇ، يەنىلا كېچىدىن سىزنى چۈشەپ قاپتىمەن. چۈشۈمدە نېمىنى كۆردۈم، بىلەمسىز؟

— نېمىنى كۆردىڭىز؟

— سىزنىڭ قىپيالىڭاچ تۇرقىڭىزنى...

— ۋىيەي، يۈزى قېلىنىنىڭ تاپقان گېپىنى، ئىزا تارتمايدىغان؟ — قىز ئەركىلەپ ئۇنىڭ مۈرىسىگە بوشقىنە بىر نەچچىنى ئۇرۇپ قويدى.

— ئاندىن بىز... — يىگىت ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. قىز بەختىيارلىق ئىلكىدە تېلىقىپ ـ تېلىقىپ كۈلۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرۈپ توختايۇپنىڭ بەدەنلىرى ئېغىر ئاھانەتكە قالغاندەك تىكەنلىشىپ كەتتى.

— ۋاي غۇنچە گۈلۈم، ئاپئىقىم...

— قۇرغۇيۇم، بوتىلىقىم...

— قويۇشە ئادەم بولمىغان ھايۋانلار، — توختايۇپ ئۇلارنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماي جەھلى بىلەن ۋارقىرىدى، — قىلغىلى قىلىق تاپالماي بېشى ئىششىپ قالغان نائەھلىلەر، مۇشۇنداق قاراڭغۇدا بىر ـ بىرىڭنى سىلاپ ـ سىيپاپ، ئېغىزىڭدىن شالۋاقلىرىڭنى ئېقىتىشتىن نومۇس قىلىشمامسەن؟ يېزىڭغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنىڭ ئالغان قايتا تەربىيىسى مۇ‑

شۇما؟ قوپۇشە خوتۇن تالاقلار، ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى بىلمىگەن پەسەندىلەر...

قىز بىلەن يىگىت يېنىدىلا بومبا پارتلىغاندەك چۆچۈپ، قۇلىقىنى ئەتكىنىچە سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئاچچىقىدىن يىرىلىپ كەتكۇدەك بولغان توختايۇپنى كۆرۇشتى. قىز شەلپەردەك قىزارغان يۇزلىرىنى ياغلىقى بىلەن يۆگىۋالدى. يىگىت بولسا تامدەك تاتىرىپ، يىقىلىپ چۇشەي دەپ قالغان قىزنى يۆلىگىنىچە تۇرۇپ قالدى.

— بۇياققا كەل، قۇرغۇي، — دېدى توختايۇپ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — سەنمۇ كەل ئاپئاق، هە، يېقىنراق كې- لىشە. هەرقايسىڭنى ئوبدان بىر كۆرۇۋالاي.

— نېمە گەپ بولسا ماڭا دېسىلە، — بۇ قۇددۇسنىڭ ئاۋازى ئىدى، — سانىيەدە گۇناھ يوق، ئۇنى بۇ يەرگە مەن چاقىرىپ كەلگەن. تېخى ئىككى ئېغىز لا پاراڭلاشقانىدۇق.

— شۇنداقمۇ؟ — توختايۇپ ئۆزىچە سوغۇق كۇلۇمسىرىدى، — ئىككى ئېغىز لا پاراڭلىشىپ تۇرۇپ ئۇنى يالىڭاچ چۇشەپ قاپسەن - دە ! هۇ ئىزا تارتىشنى بىلمەيدىغان هارامزادىلەر. بۇ ياققا كەل قۇددۇس، شۇ چاغقىچە سېنىڭ قۇرغۇي ئىكەنلىكىڭنى ئەجەب بىلمەپتىمەن دېسە، سەنمۇ بۇ ياققا كەل داپشاق، سەن ئۆزۇڭچە مۇنۇ قۇرغۇينىڭ مۇرىسىنى تەككىي چاغلاپ قالغانمىدىڭ؟ يىگىتلەرنى مۇنداق تاتلىق ئەركىلىتىشنى كىمدىن ئۆگەندىڭ؟ ئۇستاڭ كىم؟ راستىڭنى ئېيتمايدىغان بولساڭ، هازىرلا چوڭ يىغىن ئېچىپ چاۋاڭنى چىتقا يايىمەن. پۇتۇن مەيداندىكىلەرنىڭ ئالدىدا شەرمەسساز قىلىمەن. قېنى ئېيتە، بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىشىسەن؟ هەرقايسىڭنىڭ قايتا تەربىيە ئېلىشىڭ مۇشۇنىڭ ئۇچۇنمىدى؟ بىرىڭنىڭ قۇرغۇي، يەنە بىرىڭنىڭ ئاپئاق بولۇشۇڭ ئۇچۇنمىدى؟ تەشكىلنىڭ سەنلەردىن كۇتكىنى مۇشۇما؟

سانىيە سەنتۇرۇلگىنىچە قىر ئۇستىدە ئولتۇرۇپ قالدى. قۇددۇسنىڭ يۇزى قىزىرىپ، تىلىغا زۇۋان كەلمىدى. ئۇ توختا-

يۈپىنىڭ مۈنداق ئۈستىدىن چۈشۈپ قېلىشىنى ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

— ماۋۇ داپشاقنى قولتۇقلىۋال، — دېدى توختايۇپ مەسخىرە ئارىلاش ھىجىيىپ قويۇپ، — مۇشۇ كۈنلەردە ھەرقايىسىڭنىڭ كېسىلىنى تاپالماي تازا ئاۋارە بولۇۋاتاتتىم. تومۇرۇڭنى ئېچىپ ئالدىمغا ئۆزۈڭ كېلىشتىڭ. ئەمدى ھەرقايىسىڭنى ئوبدانراق بىر ئۇچۇقداپ، توخۇ ئۆلتۈرۈپ مايمۇنغا ئىبرەت قىلىدىغان چاغ كەلدى. قېنى مېڭىشە، ياۋاشلىق بىلەن ئالدىمغا چۈشۈپ ئۆزۈڭ مېڭىش. بولمىسا ئادەم چاقىرىپ كۆرگولوكوڭنى كۆرسىتىمەن بىكار. تېز بولۇش !

— توختايۇپكا، بۇ يەردە غەلۋە تېرىپ، تۇگمىنى تۆگە قىلىپ كۆرسەتمىسىلە، — دېدى قۇددۇس ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — ھەرقانداق گەپلىرى بولسا مانا ماڭا دېسىلە. مەن ئالدىلىرىدا تۇرۇپتىمەن، ئاتامدىلا، چاپامدىلا ئىختىيارلىرى. بىراق، بۇ ئىشقا سانىيەنى چېتىۋالمىسىلا، ئۇ دېگەن قىز بالا. قىز بالىغا ئاتاق يامان. ئۇ بۇنداق زەربىگە چىدىيالمايدۇ.

— بەللى قۇرغۇي، ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىغا لايىق قۇش ئىكەنسەن، — توختايۇپ ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ئالايغىنىچە گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — سانىيەنىڭ سېنى ئەركىلىتىپ قۇرغۇي دېگىنى بىكار ئەمەس ئىكەن. بىراق، سەن مېنى كىچىك بالا چاغلاپ قالدىڭمۇ؟ چاۋاك دېگەننىڭ ئىككى قولدىن چىقىدىغىنىنى مەن بىلمەمدىمەن؟ مۇنۇ داپشاق قىزارماي - تاتارماي مۇرەڭگە بېشىنى قويۇپ، سېنى ئەركىلىتىپ كۆكتە ئۇچۇرۇپ يۈرسە، بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىسى يوق دېسەڭلا، مەن بولدى قىلىمەنمۇ؟ بىلىپ قوي، مەن دېگەن ساڭا قارىغاندا نەچچە ئىشتاننى ئارتۇق يىرتقان ئادەم مەن، كىمنىڭ قانداقلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان. مۇنۇ پەسەندىنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە قۇيرۇقىغا سېيىپ، ساڭا سۆيدۈك پۈرىتىپ يۈرگىنىنى مېنى بىلمەيدۇ دەپ قالغانمىدىڭ؟ ئۇخلاپ چۈشۈڭ. بۈگۈن قولغا چۈشتۈڭمۇ، بولدى،

بۇ ھېسابنى قىلماي قويمايمەن. بۈگۈن كەچتىلا يىغىن ئېچىپ، ھەرقايسىڭنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلىپ، مەيداندىكىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى تازىلىماي بولمايدۇ. قېنى، ئالدىمغا چۈشۈپ ياۋاشلىق بىلەن مېڭىش. قالغان گەپنى چوڭ يىغىندا دېيىشىمىز.

— جېنىم توختايۇپكا، ئۇنداق قىلمىسىلا، بۇنىڭ چەللىگە چىقارغۇدەك ھېچنېمىسى يوق، پەقەت ئىككى ئېغىزلا پاراڭلاشقانىدۇق. بىز بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلايلى. يەنە مۇشۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا، بىزنى قانداق جازالىسىلا رازىمەن. بىزنى بىر قېتىم كەچۈرۈۋەتسىلە.

قۇددۇس ئۇنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ، توختايۇپنىڭ پەشلىرىنى يۈزىگە سۈرتۈپ يالۇۋۇرۇشقا باشلىدى. سانىيە بولسا قورتتەك تۈگۈلۈپ، ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىدىن قەلبى ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خۇشاللىققا چۆمگەن توختايۇپ ئايجامالنى ئويلاپ قالدى. قىپىالىڭاچلانغان ئايجامال... ئۇنىڭ سۇدىن ھېلىلا سۇزۇۋېلىنغان بېلىقنىڭ قورسىقىدەك ئاپئاق يوتىلىرى... ئاپتاپقا سالغان پاختىدەك يۇمشاق بەدىنى... ئۇ ئىختىيارسىز لەۋلىرىنى تامشىپ قويدى. ھەببەللى، ماۋۇ تورغاي تۇخۇمىنىڭ مۇشۇنداق چاغدا قولغا چۈشكىنىمۇ ئوبدان بولدى. ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالغانىكەنمەن، ئالدىمدا ۋاي ئانىكا دېگۈزۈپ، كۆرپە قىلىپ ئاستىمغا سېلىپ، مازىلىرىنى تېتىۋېتىمەن ئەمدى.... ئۇ ئۆز خىيالىدىن ئۆزى سۆيۈنۈپ كەتتى. ئۇ پاخشى تۇخۇمىنى چاڭگاللاپ تۇرغان خۇدابەردىنى، بېشىغا قانداقتۇر بىر سۆيۈقلۇق تۆكۈلگەن قۇددۇسنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىدىن قىساس ئالغان باتۇردەك سەزدى.

— چاپسان ئالدىمغا چۈشۈپ، ياۋاشلىق بىلەن مېڭىش، قال-غان گەپنى كېيىن دېيىشىمىز.

قۇددۇسنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر خىل ئۈمىدسىزلىك پەيدا بولدى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، تىزلىرىدىكى توپىلارنى

قېقىشتۇردى. ئۇ سانىيەگە قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن توختايۇپقا يەنە بۇرۇلدى.

— بىزنى زادىلا كەچۈرەلمەمدىلا، توختايۇپكا؟ — دېدى ئۇ سوغۇق تەلەپپۇزدا، — بىز سىلى كەچۈرەلمىگۈدەك شۇنداق ئېغىر گۇناھ قىلدۇقمۇ؟ بىر قېتىم كۆرمەسكە سېلىۋەتكەنگە سېلىنىڭ ئەتلىرى سوۋۇپ كەتمەس ئىدى...

— بۇ گۇناھنىڭ ئېغىر - يېنىكلىكىنى ھېلى چوڭ يىغىندا ئايرىيمىز، — دېدى توختايۇپ ساپسېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجىيىپ، — ئىتمۇ كاڭشىمايدىغان مۇشۇنداق زاۋالدا ھەرقايسىڭ جىغانلىقنىڭ تەرىتىنى سۇندۇرۇپ، بىر - بىرىڭنى مۇشۇكتەك يالاپ ئولتۇرۇشساڭ، بۇنى تېخى كىچىك ئىش چاغلامسەن؟ مۇشۇنداق ئىشنى كۆرمەي ئۆتكۈزۈۋېتەلەمدىمەن؟ قىز - يىگىتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بىنورمال مۇناسىۋەتنىڭ كىچىك ئىشلىقىنى ھەرقايسىڭ نەدە يۈرۈپ ئاڭلاشقانىدىڭ؟ بۇنداق قىلمىشنى ساقچىلار بىلىپ قالىدىغان بولسا ھەرقايسىڭنى گەپ يوق ئون بەش كۈن رېجىمغا ئالىدۇ. بىلەمسەن شۇنى؟ ھېلىمۇ مېنىڭ ساقچىغا مەلۇم قىلمىغىنىمدىن خۇشال بولۇش. قېنى مېڭىشە...

توختايۇپ شەھەر ئالغان گېنېرالدەك گىدەيگىنىچە قۇددۇس بىلەن سانىيەنى ئالدىغا سېلىپ ياتاقنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا كەلدى. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ مەيداندا ئايلىنىپ يۈرگەن ياشلار ئۇلارنى كۆرۈپ نېمە ئىشلىقىنى بىلىپ باقماقچى بولغاندەك گۇررىدە يىغىلدى.

— جېلىل سادىق، قېنى سەن؟ — ۋارقىرىدى توختايۇپ مەيداننى بېشىغا كىيىپ، — تېز بول، پۇشتىكىڭنى چال، بارلىق زىيالىي ياشلار يىغىلسۇن، ياتاقمۇ ياتاق كىرىپ ھەممەيلەننى چاقىرىپ چىق. ھازىرلا چوڭ يىغىن ئاچىمىز.

يىغىندىن بۇيان مەيداننىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن جېلىل سادىق پۇشتىكىنى چالدى. ياتاقلىرىدا

موخوركا چېكىشكىنىچە پاراڭغا چۈشكەن ياشلار بىردىن ـ ئىككىدىن مەيدانغا چىقىشتى. ئۇلار توپنىڭ ئارىسىدا بېشىنى سالغىنىچە مۇڭلىنىپ تۇرغان قۇددۇس بىلەن سانىيەنى كۆرۈپ، بۇ يىغىنىنىڭ نېمە مەقسەتتە ئېچىلىدىغانلىقىنى بىلىپ يېتىشتى. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئىچ پەش تارتىشىپ قالغانلىقىنى ھەممەيلەن بىلىشەتتى.

ياتاقنىڭ ئالدىدىكى كەڭرى مەيدان ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا گازۋاي چىراغ يېقىلدى. توختايۇپنىڭ چىرايىدىكى مەمنۇنىيەت كۈلكىسى ئاشۇ چىراغ يورۇقىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سانسىز كۆزلەردىكى تەئەججۈپلۈك ئۇچقۇنلارنى تاماشا قىلاتتى.

— بۈگۈن مەن ئاجايىپ قىزىق بىر ئىشقا يولۇقتۇم، — دېدى ئۇ نەزىرىنى قۇددۇس بىلەن سانىيەگە ئاغدۇرۇپ، — ئېھتىمال بۇ مەن مۇشۇ مەيداننى ئاپىرىدە قىلىش جەريانىدا ئۇچراتقان تۇنجى ئېغىر مەسىلە بولۇشى مۇمكىن. ھەرقايسىڭلارغا ئايان، ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە: «ياشلار تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ساغلام روھي كەيپىياتنى ساقلىشى كېرەك» دەپ تەلىم بەرگەن. بۇ مەيداندىكىلەرنىڭ ئىدىيە جەھەتتە باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇرىدىغان پرىنسىپىدۇر. خوش، بۈگۈن ئۇچراتقان مەسىلىگە كەلسەم، يولداشلار بۇلارنىڭ تۇرقىدىن ئىشنىڭ قانداقلىقىنى ئاللىقاچان پەملەپ بولدى. شۇنداق، مەن بۈگۈن تېخى ئۇچۇشنى بىلمىگەن بىر قۇرغۇي بىلەن ئېچىلىشنى كۈتۈپ تاقىتى تاق بولغان بىر غۇنچىنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپ ـ سۆزلىرىنى ئېيتىپ بەرسەم بەكلا قىزىق، ھەي، بىز شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان بۇلارنىڭ ئىسمىنى خاتا چاقىرىپ كەپتۇق. ئەسلى بۇلارنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى قۇرغۇي، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى ئاپئاق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ ھەرقايسىڭلار ئۈچۈن بىر

قېتىملىق ئىبرەت تەربىيىسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ بۇ يىغىننى ئېچىۋاتىمەن.

كۆپچىلىك شۇنداق جىمجىت ئولتۇراتتىكى، ھاۋا ئىللىپ، يېڭىدىن تىرىلگەن پاشىلارنىڭ گىڭىلدىشىمۇ توختايۇپنىڭ ئاۋا-زىنى بېسىپ چۈشۈۋاتقاندەك ئىدى. بىر چەتتە موخوركا چېكىپ تۇرغان ھۈسيىن مۇدىر ئەلەم بىلەن توختايۇپقا قاراپ قويدى. ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن بىر خىل نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.

— ئەمدى، مەن كۆرگەن ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى مۇشۇ قۇرغۇيدىن ئاڭلاپ باقايلى، — دېدى توختايۇپ ئۈنسىز قاراپ تۇرغان ياشلارغا قاراپ، — قېنى قۇددۇس، ياۋاشلىق بىلەن مەسىلەڭنى تاپشۇرۇپ، تەشكىلنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىنى قولغا كەلتۈر.

— بىز تەشكىلنىڭ كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا ئېرىشكۈدەك ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدۇق، — دېدى قۇددۇس كۈتۈلمىگەندە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — بۇ ئىشنىڭ مەسىلە سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى پۈتۈنلەي بىر ئۇقۇشماسلىق، مېنىڭ قىلغىنىم ھېچبولمىسا بەزىلەرنىڭ قوناقلىقتا خەقنىڭ قىزىنى پوكىنىغا باسقىنىدەك ئېغىر گۇناھ ئەمەس...

— ھەي بەغەرەز، نېمە دەپ جۆيلۈۋاتىسەن؟ — توختايۇپ بىر-دىنلا جىددىيلىشىپ قالدى، — كىم شۇنداق قىپتۇ؟ كىم خەقنىڭ قىزىنى پوكىنىغا بېسىپتۇ؟ نەدە يۈرۈپ شۇنداق قىپتۇ؟

— كىملىكىنى مەن دېمىسەممۇ ئۆزىگە ئايان. ئىشقىلىپ، ئاياغ تاختىدىكى قوناقلىقتا شۇنداق بىر ئىشنىڭ بولغىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەنمەن، — دېدى قۇددۇس تەمكىن ھالدا، — بۇ ئىش مۇشۇ مەيداندىكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلىدىغان ئاشكارا مەخپىيەتلىك. ئۇنىڭ قاچان يۈز بەرگىنىنى سورىسىلا بۇنىڭغىمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلىشىم مۇمكىن. ھېلىقى قېتىم سۇ تۇتۇۋاتقاندا شۇنداق ئىش يۈز بەرمىدىمۇ؟ ئاشۇ قېتىم سۇنغان نەچچە توپ قوناق بىلەن خەقنىڭ يۈزىگە چۈشكەن ئون تىرناقنىڭ

ئىزى بۇنىڭغا گۇۋاھ بولالايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ، كۆپچىلىك؟

مەيداندىن بىردىنلا كۈلكە كۆتۈرۈلدى. توختايۇپ بىر ئاز مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى ۋە ھېلىقى كۇندىكى يۆتەل ئاۋازىنى قايتا ئاڭلىغاندەك بولدى. ئولتۇرغانلار تىزىغا مۇشتلاپ كۇلۇشمەكتە ئىدى. كۇلگەنلەرنىڭ ئىچىدە قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ بار ئىدى. ھەممەيلەن قانداقتۇر بىر قىزنىق ھېكايىنى قايتا ئاڭلىغاندەك قورساقلىرىنى تۇتۇشقىنىچە كۇلۇپ تېلىقىپ قالغانىدى.

— داۋامىنى يەنە سۆزلىمەنمۇيا ؟ — سورىدى قۇددۇس ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ.

— كۆزۈمدىن يوقال ! — توختايۇپ ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىدى ـ دە، بىردىنلا سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن چىرايى قورقۇنچلۇق تۈس ئالغانىدى. ئۇنىڭ يېنىدىلا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرغان جېلىل سادىق چاقچاقلىق بىلەن توختايۇپنى يۆلىۋالدى.

جىددىي كەيپىياتتا باشلانغان يىغىن كۇلكە بىلەن ئاخىرلاشتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ خېلى بىر چاغقىچە ياتاقلاردىن كۇلكە ساداسى ئۈزۈلمىدى.

— بۇ نېمە گەپ ئۆزى؟ قۇددۇسنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارمۇ نېمە؟ — سورىدى خۇدابەردى ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەن ھالدا، — ئۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا بۇ كاتتا ئادەمنى تەمتىرىتىپ، ئېغىز ئاچالماس قىلىۋەتتىغۇ؟

— ھېچ گەپ يوق، — شەمشىدىن ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى، — بەلكىم ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرىلا بىلىشىدىغان بىرەر ئىش بارمىكىنىيا؟

خۇدابەردى ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كاللىسىغا كىرىۋالغان ھېلىقى سوئال قاپاق ھەرىدەك غوڭۇلداپ ئۇيقۇسىنى قاچۇراتتى. شەمشىدىننىڭ يەرگە قارىۋېلىپ تۇرۇۋكىرەك بىرنەرسە دەپ بەرمىگىنى ئۇنى ئويلاندۇراتتى.

بىر كېچە ھەرھالدا تىنىچ ئۆتتى. توختايوپنىڭ ياتىقىدىن باشقىچە بىرەر ئەھۋالنىڭ شەپىسىمۇ كەلمىدى. قارىغاندا، مەيدان دوختۇرنىڭ بەرگەن تابلېتكىلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەندەك قىلاتتى. جېلىل سادىق بىلەن دوختۇر بىر كېچە كىرپىك قاقمىغاچقا، كۆزلىرى توختايوپنىڭكىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تاڭ يورۇپ، ئەتراپ باھار قۇياشىنىڭ زەر نۇرلىرىغا بۆلەنگەن چاغدا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ توختايوپنىڭ ياتىقىدىن قايتىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قالغان نامازشام گۈلىدەك سولاشقانىدى. جېلىل سادىق ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنەپ قويدى.

توختايوپ چۈشكە يېقىن ئويغاندى. ئۇ زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر ئەسلىدى. نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە باشقىلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق قاتتىق كۈلكىگە قېلىپ باقمىغانىدى. تاياق يېدى دېگەندىمۇ، ئۇ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش نامىدا يېيىلگەن تاياق بولۇپ، ماڭا نومۇس ئەمەس، شەرەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى...ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئىشىكنىڭ كەينىگە كېلىپ سىرتتىكى شەپىلەرگە قۇلاق سالدى، توپىلىق مەيداندا مىڭلارچە ئادەم تېخىچە پاراقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. ئۇ ئەمدى ئىشلارنى بىرقۇر تېزلەتمەكچى، قۇددۇس بىلەن سانىيەنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىلگىرى سانىيەنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا پۇخادىن چىققۇدەك مىنمەكچى، ناۋادا كۆندۈرەلمىسە پۇت - قولىنى چۈشەپ بولسىمۇ دۇكانغا تارتماقچى بولدى.

— كىمكى مېنىڭ بۇ ئىشىمغا دەخلى قىلىدىكەن، يەتمىش پۇشتىغىچە كۆزىگە كۆرسىتىمەن، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قارىغاندا، بۇ شاش بايتالنىڭ بېشىنى ھېلىقى قۇددۇس دېگەن ھارامزادە باغلىۋالغان ئوخشايدۇ. مۇنۇ تورغاي

تۇخۇمىنىڭمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قۇيرۇق ئويناتقىنىنى خېلىدىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئېشى پىشىپ قالغان بولسا قازىنىغا توپا قۇيىمەن، قاچىسىنى ئۆرۈۋېتىپ، بۇ ئاشنى ئىچىشكە ھەرگىز يول قويمايمەن. ئايجامالمۇ مېنىڭ ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەقتىن يېگەن تاياقلىرىمغا بەدەل تۆلىگەندەك، مۇنۇ داپشاقمۇ لايىقىدا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

ئۇ ئۆز خىيالىدىن سۆيۈنۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بېشىنىڭ ئاغرىقىمۇ بىر ئاز پەسەيگەندەك بولدى. بىراق، جېلىل سادىقىنىڭ ھەمىيىنىنى ئوغرى ئالغان بازارچىدەك ئالدىراپ كىرىپ كېلىشى ئۇنىڭ باش ئاغرىقىنى قايتىدىن ئۆرلىتىۋەتتى.

— ئىش چاتاق، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ھاسىرىغان ھالدا، — قۇددۇس بىلەن سانىيە قېچىپ كېتىپتۇ. كېچىدىن قاچقان بولسا كېرەك، ئەتىدىن بېرى ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ.

— نېمە؟ قېچىپتۇ؟ — توختايۇپ كارىۋىتىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، — دېمەك، كۆمگەن پوقىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قۇيرۇقىنى خادا قىپتۇ-دە، بۇ كىسپۇرۇشلار. ئىزدەپ باقمىدىڭلارمۇ؟

— بۇ خەۋەر ھېلىلا چىللاغا چىقتى، — دېدى ئۇ توختايۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — نەگە كەتكىنى ئېنىق ئەمەس، بالىلارنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار: «توختايۇپ بۇنداق ئىشلارنى سەھنىگە سۆرەپ چىقماي، ئۇلارغا ئايرىم تەربىيە بېرىشى كېرەك ئىدى، غۇرۇرى دەپسەندە بولغان ئادەمگە بۇ يەردە يەنە نېمە بار؟ ئۇلار ئەمدى شۇنچە ئادەمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ شۇڭا، پىشىنى قېقىپلا قاچقان گەپ، ھەممە گۇناھ توختايۇپ مۇدىردا» دەپ ئېغىزىنى ئۇششۇتۇپ يۈرۈشىدۇ. مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارى توختايۇپ مۇدىر، دەپ قارايدىكەن...

— ئېغىزىدىن مۇشۇنداق پوقنى ئېقىتقان زادى كىم؟

توختايۇپ ئۇشتۇمتۇت ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ چىرايى يەنە ئاپتاپتا

بىر كېچە ھەرھالدا تىنچ ئۆتتى. توختايۇپنىڭ ياتىقىدىن باشقىچە بىرەر ئەھۋالنىڭ شەپىسىمۇ كەلمىدى. قارىغاندا، مەيدان دوختۇرنىڭ بەرگەن تابلېتكىلىرى ئۆز كارامىتىنى كۆرسەتكەندەك قىلاتتى. جېلىل سادىق بىلەن دوختۇر بىر كېچە كىرپىك قاقمىغاچقا، كۆزلىرى توختايۇپنىڭكىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلار تاڭ يورۇپ، ئەتراپ باھار قۇياشىنىڭ زەر نۇرلىرىغا بۆلەنگەن چاغدا پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ توختايۇپنىڭ ياتىقىدىن قايتىپ چىقىشتى. ئۇلارنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قالغان نامازشام گۇلىدەك سولاشقانىدى. جېلىل سادىق ئېغىزىنى يوغان ئېچىپ ئەسنەپ قويدى.

توختايۇپ چۈشكە يېقىن ئويغاندى. ئۇ زىڭىلداپ ئاغرىپ تۇرغان بېشىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئاخشام بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بىرقۇر ئەسلىدى. نىمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكى يىڭنە سانجىلغاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە باشقىلارنىڭ ئالدىدا بۇنداق قاتتىق كۈلكىگە قېلىپ باقمىغانىدى. تاياق يېدى دېگەندىمۇ، ئۇ باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇش نامىدا يېيىلگەن تاياق بولۇپ، ماڭا نومۇس ئەمەس، شەرەپ ئېلىپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى...ئۇ شۇ خىيال بىلەن ئىشىكنىڭ كەينىگە كېلىپ سىرتتىكى شەپىلەرگە قۇلاق سالدى، توپىلىق مەيداندا مىڭلارچە ئادەم تېخىچە پاراقلاپ كۈلۈۋاتقاندەك بىر تۇيغۇ ئۇنى قىيىنىماقتا ئىدى. ئۇ ئەمدى ئىشلارنى بىرقۇر تېزلەتمەكچى، قۇددۇس بىلەن سانىيەنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىلگىرى سانىيەنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەپ، ئۇنىڭغا پۇخادىن چىققۇدەك مىنىمەكچى، ناۋادا كۆندۈرەلمىسە پۇت ـ قولىنى چۈشەپ بولسىمۇ دۇكانغا تارتماقچى بولدى.

— كىمكى مېنىڭ بۇ ئىشىمغا دەخلى قىلىدىكەن، يەتمىش پۇشتىغىچە كۆزىگە كۆرسىتىمەن، — دېدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، — قارىغاندا، بۇ شاش بايتالنىڭ بېشىنى ھېلىقى قۇددۇس دېگەن ھارامزادە باغلىۋالغان ئوخشايدۇ. مۇنۇ تورغاي

توخۇمىنىڭمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قۇيرۇق ئويناتقىنىنى خېلىدىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتىمەن. ناۋادا ئۇلارنىڭ ئېشى پىشىپ قالغان بولسا قازىنىغا توپا قويىمەن، قاچىسىنى ئۆرۈۋېتىپ، بۇ ئاشنى ئىچىشكە ھەرگىز يول قويمايمەن. ئايجامالمۇ مېنىڭ ئۆزىنى قوتقۇزۇش ئۈچۈن خەقتىن يېگەن تاياقلىرىمغا بەدەل تۆلىگەندەك، مۇنۇ داپشاقىمۇ لايىقىدا جاۋاب بېرىشى كېرەك.

ئۇ ئۆز خىيالىدىن سۆيۈنۈپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. بېشىنىڭ ئاغرىقىمۇ بىر ئاز پەسەيگەندەك بولدى. بىراق، جېلىل سادىقنىڭ ھەمىيىنىنى ئوغرى ئالغان بازارچىدەك ئالدىراپ كىرىپ كېلىشى ئۇنىڭ باش ئاغرىقىنى قايتىدىن ئۆرلىتىۋەتتى.

— ئىش چاتاق، — دېدى ئۇ بوسۇغىدىن ئاتلاپلا ھاسىرىغان ھالدا، — قۇددۇس بىلەن سانىيە قېچىپ كېتىپتۇ. كېچىدىن قاچقان بولسا كېرەك، ئەتىدىن بېرى ئۇلارنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ.

— نېمە؟ قېچىپتۇ؟ — توختايۇپ كارىۋىتىدا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى، — دېمەك، كۆمگەن پوقىنىڭ ئېچىلىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ قۇيرۇقىنى خادا قىپتۇ — دە، بۇ كىسىپۇرۇشلار. ئىزدەپ باقمىدىڭلارمۇ؟

— بۇ خەۋەر ھېلىلا چىللاغا چىقتى، — دېدى ئۇ توختايۇپنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېتىپ، — نەگە كەتكىنى ئېنىق ئەمەس، باللارنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئۇلار: «توختايۇپ بۇنداق ئىشلارنى سەھنىگە سۆرەپ چىقماي، ئۇلارغا ئايرىم تەربىيە بېرىشى كېرەك ئىدى، غۇرۇرى دەپسەندە بولغان ئادەمگە بۇ يەردە يەنە نېمە بار؟ ئۇلار ئەمدى شۇنچە ئادەمنىڭ يۈزىگە قانداق قارايدۇ؟ شۇڭا، پىشىنى قېقىپلا قاچقان گەپ، ھەممە گۇناھ توختايۇپ مۇدىردا» دەپ ئېغىزىنى ئۇششۇتۇپ يۈرۈشىدۇ. مەيداندىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارى توختايۇپ مۇدىر، دەپ قارايدىكەن...

— ئېغىزىدىن مۇشۇنداق پوقنى ئېقىتقان زادى كىم؟ توختايۇپ ئۇشتۇمتۇت ۋارقىرىدى. ئۇنىڭ چىرايى يەنە ئاپتاپتا

قالغان جىگەردەك قارىداشقا باشلىغانىدى.

— شۇ شەمشىدىن، خۇدابەردى، يەنە... ھۆسىيىن مۇدىرمۇ ئۇلارغا ئاستىرتتىن يەل بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ...

— مەن بۇ ئادەمنى باشتا كەلگەندىلا ياقتۇرمىغانىدىم، — دېدى توختايۇپ لوقۇلداپ ئاغرىپ تۇرغان چېكىسىنى بوشقىنا ئۇۋۇلاپ، — ئۇنىڭ ماڭا ھامىنى كۆشەندە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى شۇ چاغدىلا سەزگەنمەن. ئۇنىڭ كۆزلەۋاتقىنى دەل مېنىڭ ئورنۇمغۇ؟ بىراق، ئۇ ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپ، چۆچۈرىنى خام ساناپ قالغان ئوخشايدۇ. تەشكىلنىڭ ئالدىدا مېنىڭ كۆرسەتكەن تۆھپەم ئاز ئەمەس. ئانچىكىم ئىشلار ئۈچۈن تەشكىلمۇ مېنى يىقىتىپ، بۇ پەسەندىلەرگە جازالاپ بەرمەيدۇ.

جېلىل سادىق دوختۇرنىڭ ئۆگەتكىنى بويىچە لۆڭگىنى ھۆللەپ توختايۇپنىڭ چېكىسىگە قويدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ ئازراق ياتقاندىن كېيىن، جېلىل سادىقنىڭ يېڭىدىن تارتتى.

— ماڭا قارا، جېلىل، سېنىڭ مۇشۇ ۋەزىپىگە قويۇلۇشۇڭغىمۇ بەزىلەرنىڭ پىكرى بار، بولۇپمۇ ھېلىقى ھۆسىيىن مۇدىر دېگەن تۈزكورنىڭ تېخىچە تولغىنىقى يانمىدى. شۇڭا، ئۇلارغا قويىرۇق تۇتقۇزۇپ قويساق بولمايدۇ. بىزدە «كاڭشىغاننىڭ تۇمشۇقىغا ئۇر» دېگەن تەمسىل بار. بىراق، ئاشكارا مۇشت كۆتۈرۈپ چىقساق بولمايدۇ. ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشى بىزگە: « قۇشلار ئۈچمەن دېسە، قىزلار ياتلىق بولىمەن دېسە، ئامال يوق» دەپ تەلىم بەرگەن. ئۇلارنىڭ قاچقىنىمۇ دەل داھىيمىزنىڭ سۆزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئۇلار ئويناپ قانسا بۇ يەرگە كەلمەي ئامالى يوق، چۈنكى ئۇ ئىككىسىنىڭ نوپۇسى يەنىلا بىزنىڭ قولىمىزدا. شۇنداقتىمۇ سەن بىرنەچچە ئادەمنى باشلاپ يېقىن ئەتراپنى بىرەرقۇر ئىزدەپ چىق. ناۋادا قۇددۇس بىلەن ھېلىقى شاپاقچىنى تېپىۋالساڭ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي ئالدىمغا ئېلىپ كەل. ناۋادا تاپالمىساڭمۇ مەيلى، ئادەم يوقالسا ئىزدىمىدى، دېگەن ئاتاقتىن قۇتۇلىمىز. قالغان ئىشلارنى كېيىن

بىر تەرەپ قىلمايمىزمۇ؟

— بەكمۇ ئاقىل، دانا ئادەم جۇمۇ سىلى، توختايۇپكا، — دېدى جېلىل سادىق ھىجىيىپ، — سىلىنىڭ كەينىلىرىدە يۈرۈپ مەن بايقۇشنىڭمۇ كۆزى ئېچىلىپ قالىدىغان بولدى، ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى خېلىلا ئۆگىنىۋاتىمەن.

— سېنىڭ تازا ئۆگىنىدىغان چاغلىرىڭ بۇ، — دېدى توختايۇپمۇ ئۇنىڭ يەلكىسىگە بوشقىنا شاپىلاقلاپ قويۇپ، — ئىشقىلىپ، مېنىڭ كەينىمگە كىرسەڭ ھەرگىز زىيان تارتمايسەن. ماڭغىن، بولسا ھېلىقى كاسكىلارنى بىللە ئېلىپ بار، تاپالمىسا ئۆزىنىڭ شورى، ۋىتىلداپ تۇرىدىغان ئېغىزى بىراقلا جىمىيدۇ.

جېلىل سادىق شەمشىدىن، خۇدابەردى ۋە باشقا ئون نەچچە ياشنى ئارقىسىغا سېلىپ، يېقىن ئەتراپنى بىر كۆن ئىزدىگەن بولدى. بىراق، قۇددۇس بىلەن سانىيەنىڭ دېرىكىنى ئالالمىدى. ئۇلار قانات چىقىرىپ ئۇچۇپ كەتكەندەكلا غايىب بولغانىدى.

## 30

ئارىدا خۇدابەردى بىردىنلا خوجىلىق ئىشلىرىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ قالدى. ھەممەيلەن كۆز تىكىدىغان بۇ ئىشقا نېمىشقا ئۆزىنىڭ قويۇلغىنىنى خۇدابەردىمۇ چۈشىنەلمىدى. سەۋەبىنى بىلگىلى بولمايدىغان قانداقتۇر بىر خىل چۈشىنىكسىز خىيال ئۇنىڭ تىنچ قەلبىنى سۇسقىنا داۋالغۇتۇپ ئۆتتى.

— سېنى مۇشۇ ئىشقا قويۇش ئۈچۈن بەكلا كۈچىدىم، — دېدى جېلىل سادىق مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلۈپ قويۇپ، — ئەمدى ئوتتۇن كولاش ئۈچۈن جاڭگالغا كىرىپمۇ يۈرمەيسەن، پۈتۈن مەيداننىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرى ئۆزۈڭنىڭ ئىلكىدە. ئېپىنى تاپالىساڭ، ئانچە - مۇنچە يانچۇقىڭنىمۇ تومىلىيالايسەن، ئاشنىڭ باش بۇرنى سېنىڭ، تاماقنىڭ قىزىقى سېنىڭ، ئەمدى ياغنىڭ

ئىچىدىكى بۆرەكتەك كۈن ئالىدىغان بولدۇق، يۇرتدىشىم.

— ماڭا ئەزەلدىن دۆلەت ياراشمايدۇ، جېلىل. ئېغىزىم ئاشقا تېگىپ بولغۇچە، بۇرنۇم تاشقا تېگىپ كەتمىسىلا بولاتتى، — دېدى خۇدابەردى سوغۇق كۈلۈمسىرەپ، — ماڭا يەنىلا جاڭگالنىڭ قۇملىرى ياخشى ئىدى.

— قويە بۇ گېپىڭنى، — جېلىل سادىق ئۇنىڭ ئۆزگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتمىغىنىنى كۆرۈپ رەنجىگەندەك قولىنى سىلكىدى، — يا سەن ئەزەلدىن جاڭگالدىن كېلەلمەيدىغان ئوتۇنچىنىڭ پۇشتى بولمىساڭ. بىلىپ قوي، بىزنىڭ ئاتا - بوۋىمىز دېگەن چاقىرسا ئېتى، تۇتسا سېپى بار ئادەملەر. مۇشۇنداق نامدار ئادەملەر چىققان يۇرتىمىزدىن ساڭا ئوخشاش جاڭگال سارىڭى چىقىپ قالسا قانداق بولىدۇ؟ مانا، سەن خوجىلىقتا، مەن بولسام پۈتۈن ئەترەتكە مەسئۇل بولدۇق. دېگەنبىلەن، يېكەنلىكتە بىر يۇرتتىن ئىككى سەركە چىقتى دېگەن گەپ. يۇرتداشلار ئوبدان ماسلاشساق، توختايۇپكام يۇقىرىدىن قوللاپ بەرسە، ئىشلار دېگەن تۈز يەردە ئات چاپتۇرغاندەك يۇرۇشۇپ كېتىدۇ، خۇدابەردى. ھازىر دېمىگەن رەھمەتنى ھامىنى ماڭا ئېيتىسەن.

— شۇنداقمۇ؟ — دېدى خۇدابەردى كۈلكىدىن چىرايى ئاپتاپتەك پارقىراپ تۇرغان جېلىل سادىققا قاراپ قويۇپ، — قارىغاندا، ئىشلارنىڭ ئېپىنى خېلىلا بىلىپ كەتكەن ئوخشايسەن، تېخى ماڭا تەلىم بەرگۈدەكمۇ بوپقاپسەن مانا. مەكتەپتىكى كۈنلىرىڭ ئېسىڭدىن چىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، ئۇ چاغدا سەن ئۈچ نومۇردىن ئاشالماي، بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا قىسىنىپ - قورۇنۇپ يۈرەتتىڭ، ئەمدى كېلىپ كۆزۈڭ بىراقلا ئېچىلىپ كەتكەندەك قىلىدۇ.

— ئىنسانچىلىقمۇ بىر مەكتەپ، — دېدى ئۇ يۈزى بىر ئاز تاتارغان ھالدا، — كۆڭۈل قويساڭ، بۇ يەردىمۇ ئۆگىنىشكە ئەرزىيدىغان نۇرغۇن بىلىم بار. گەپ ئۇستازنى قانداق تۇتۇشتا.

مانا مەنمۇ...

— ياخشى ئۇستازغا ئېرىشتىم دېگىن، — خۇدابەردى ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى، — توختايۇپ ساڭا ھەممىنى بىر باشتىن ئۆگىتىپتۇ - دە. ئاداش، مەن بۇنى گەپ - سۆزلىرىڭدىن بىلىپ تۇرۇپتىمەن. بولدى، ياخشى ئۇستازغا ئېرىشكىنىڭنى تەبرىكلەيمەن. بۈگۈنچە مۇشۇنچىلىك پاراڭلىشايلى، مەن ئۈچۈن كۈچ چىقارغىنىڭغا رەھمەت. كىم بىلىدۇ، ئەتىلىككە سەنمۇ ماڭا ئۇستاز بولۇپ قالامسەن تېخى، بۇ دېگەن كېيىنكى ئىش. كېيىنكى ئىشنى باشقا كەلگەندە كۆرگۈلۈك، شۇنداق ئەمەسمۇيا؟

— سېنىڭ زېھنىڭنىڭ ئوچۇقلۇقى ماڭا بەش قولدەك ئايان، — دېدى جېلىل سادىق بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — ئەگەر ئۆگىنىمەن دېسەڭ، ساڭا ئۇستاز بولۇشقا رازىمەن، ھەتتا ئىككىمىز بىر ئۇستازغا قول بەرسەكمۇ رازىمەن. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، بەزى ئىشلاردا كۆپرەك ئاتىدارچىلىق قىلىپ قويارسەن، قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونجىڭغا دېگەن گەپ بارغۇ؟ يۇرتلۇقۇمنىڭ دۆلىتىنى كۆرۈشنى بەكمۇ خالايمەن، خۇدابەردى.

خۇدابەردى سوغۇق كۈلۈمسىرىدى. شۇ تاپتا ئۇ جېلىل سادىقنىڭ قىلىقلىرىدىن بەكمۇ سەسكىنىپ كەتكەنىدى. جېلىل سادىق چىرايىغا تەپكەن مەمنۇنىيەت كۈلكىسىنى يوشۇرالمىغان ھالدا قانداقتۇر بىر كۈيگە ئىسقىرتقىنىچە كېتىپ قالدى.

ئەتىيازلىق تېرىم ئىشلىرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن خۇدابەردىنىڭمۇ ئالدىراش كۈنلىرى باشلانغانىدى. ھېلى ئۇرۇقلۇق كەملىسە، ھېلى ئارغامچا - توقۇناقلار كاردىن چىقاتتى. ھارۋا بولسا ئۆكۈز ئۆلگەن، بىر چاقىنى ئوغرى ئالغان بولغاچقا، تام تۈۋىدە قىڭغىيىپ ياتاتتى. ئالغان نەرسىلەرنى قاچانلاردىدۇر يېكەنلىكتە پەيدا بولغان كۆك ئېشەككە ئارتىپ ئەكېلىشكە توغرا كېلەتتى. خۇدابەردى ھېلى ئۇرۇقچىلىق پونكىتىغا قاترىسا، ھېلى تەمىنلەش كوپىراتىپىغا چاپاتتى. مۇشۇنداق يۈرۈپ ئۇنىڭ بېلىنى رۇسلىغۇدەكمۇ ھالى قالمايتتى. توختايۇپ ھەر ئاينىڭ ئاخىرقى

كۆنى سېتىۋېلىنغان بۇيۇملارنىڭ ھۆججەتلىرىگە قول قويىدىغان بولغاچقا، بىر ئايلىق سودىلىقنىڭ ھۆججىتىنى جايىدا ساقلاشمۇ بىر گەپ ئىدى. خۇدابەردى ئۆزىنى بوشلۇققا تارتىلغان قانداقتۇر بىر سىم ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك سېزەتتى.

— خاتىرەڭنى جەم قىلىپ يۈرىۋەر، — دەيتتى توختايۇپمۇ ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ، — سەن بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا ئۇقۇشالمىغۇدەك ھېچ ئىش يوق، پەقەت ئاي ئاخىرىدا بىر قېتىم ھېساب بوغۇۋەتسەكلا بولىدى. نەرسە - كېرەك ئالمىدىغان چاغدا پۇلنىڭ كۆزىگە بەك قاراپمۇ كەتمە. كىمدىن قالمىغان جاھان بۇ؟ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە ئويناپ - كۈلۈۋالمساق، كېيىن قايتا تۇغۇلغىلى بولمايدۇ، ئۇكا. ئەتە كوپىراتىپقا بارغاندا ماڭا بىر باك قوناق ھارىقى ئالغاچ كەل...

شۇنداق قىلىپ، ئۇ توختايۇپنىڭ ئالدىغا كۆتۈرۈپ كىرگەن ھۆججەتلەرنى قايتۇرۇپ چىقىشقا مەجبۇر بولاتتى.

كۈنلەر ئۆتكەنسېرى خۇدابەردىنىڭ قەلبىدە تاشپولات تۇرسۇنغا نىسبەتەن بېسىش تەس بولغان بىر خىل سېغىنىش ھېسسىياتى پەيدا بولماقتا ئىدى. ئۇ ھەمىشە دوستىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنلۇق پاراڭلىرىنى ئاڭلىسا كۆز ئالدى يورۇپ كەتكەندەك ھېس قىلاتتى. مانا ئەمدى ئۇ تاشپولاتتىن ئايرىلىپ، ئۆزىنى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك سەزمەكتە ئىدى. ئىچى تىت - تىت بولغان چاغلاردا دوستىنىڭ ھېكمەت تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان سۆزلىرىنى بەكمۇ سېغىناتتى.

— ئۇ ھايات بولسىدى، بۇ چاغقىچە يېكەنلىككە چوقۇم قايتىپ كەلگەن بولاتتى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ بەزىدە پىغانى ئۆرلەپ، — مۇشۇنداق ۋاقىتتا ئۇ يېنىمدا بولغان بولسا، ماڭا جەزمەن قول - قانات بولاتتى. ھەي تەتۈر پەلەك، «ياخشىنىڭ ئۆمرى كوتا بولۇر» دېگەندەك، ئۇنى ياشلا ئېلىپ كەتتىڭغۇ؟

مۇشۇ كۈنلەردە توختايۇپ ئايجامالنى ياتىقىغا تولا چاقىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بەزىدە چوپلىدا توختىمايدىغان

ئىشلار ئۈچۈنمۇ قىزنى چاقىرىپ، ياتىقىغا بىر كىرىپ كەتسە، خېلى بىر چاغلارغىچە قارىسىنى كۆرسەتمەيتتى. خۇدابەردى بەزىدە ئايجامالنىڭ كۆزلىرى ياش يۇقى هالەتتە قايتىپ چىقىپ، نېمىگىدۇر خۇدۇكسىرىگەندەك ياتىقىغا ئالدىراپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرەتتى. قىزنىڭ بېشىغا قانداق قىسمەتلەرنىڭ سايە تاشلىغانلىقىنى ئۇ هەرگىزمۇ پەرەز قىلالمايتتى.

بىر كۈنى جېلىل سادىق ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. ئۇ نېمىشقىدۇر ئىچىگە تىنىپ، يوغان ئامباردىكى ئارغامچا - توقۇناق، چىپتە - تاغار دېگەندەك لاقا - لۇقىلارنى رەتلەۋاتقان خۇدابەردىگە قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى. خۇدابەردى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە نېمە ئىش، دېگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى. جېلىل سادىق ئىتتىنىڭ تىلىدەك كېسىۋالغان گېزىت قەغىزىگە موخوركا تۆكۈپ ئۇنىڭغا سۇندى ۋە ئۆزىمۇ بىرنى ئوراپ پۈرقىرىتىپ چېكىشكە باشلىدى.

— مېنى بىرەر ئىش بىلەن ئىزدىگەنمىدىڭ؟ — سورىدى خۇدابەردى.

— باشقا ئىشقۇ يوق، — جېلىل سادىق ئېغىز - بۇرنىدىن پۈرقىراپ چىقىپ، هاۋاغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كېتىۋاتقان تا-ماكا ئىسىغا قارىغىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاشۇ چاغدا قۇددۇس دېگەن هارامزادىنىڭ بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا توختايۇپ-كامنىڭ سۈيىنى ياندۇرۇپ قويغىنىنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟

خۇدابەردى بېشىنى چايقىدى.

— بۇ ئەسلىي مۇنداق ئىش ئىكەن، — دېدى ئۇ بۇ ئىشنىڭ خۇدابەردى بىلەن قىلچىلىك ئالاقىسى يوقتەك پەرۋاسىز قىياپەتتە، — هېلىقى ئاياغ تاختىدىكى قوناقتا سۇ تۇتۇۋاتقاندىچۇ، توختايۇپكام ناۋاي تاشتۆمۈر بىلەن ئايجامالنى ئەگەشتۈرۈپ سۇچىلارغا نان ئاپارغانىكەن. ناۋاي ئىشنى تۈگىتىپ، قۇرۇق تەۋەككۈلنى بېشىغا كىيىپ بۇرۇنراق قايتقان ئوخشايدۇ، قايتار چاغدا توختايۇپكامنىڭ شەيتىنى قۇتراپ،

يىگىتلىكى تۇتۇپ قىلىپ، قوناقلىقتا ئايجامالنىڭ بويىنى ئۆلچەپ ساپتۇ. ئىشلار ھېلىقىدەك بولغان ئوخشايدۇ. بۇنى قايسىبىر ئالىقانات كۆرۈپ قېلىپ، ھەممەيلەنگە يېيىۋەتكەن گەپ، قۇددۇسمۇ دەل شۇ ئىشنى توختايۇپكامنىڭ يۈزىگە ساپتۇ. بۇنى مەن بۇگۇنلا ئاڭلىدىم، ھەي، ئۆزى قېرىغان بىلەن كۆڭلى ياپپاش ئادەمدە بۇ! بىز ھەتتا ئويلاشقىمۇ پېتىنالمىغان ئىشلارنى ئۆزى قىلىپ يۈرۈپتۇ مانا! بەزىدە ئادەمنىڭ يېشىغا ئەمەس، قىلغان ئىشىغا قاراشمۇ بولامدۇ، نېمە؟ ئايجامالمۇ تازا بىر، ئۆزىگە ئەركەك چىۋىننىمۇ قوندۇرماي، ھېچكىمگە نەزەر قىلىنى سالمىغاندەك يۈرگەن بىلەن، بوي چۆكۈرگۇدەك قوناقلىقنى تاپسا، پۈرسەتنى قولدىن بەرمەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇ كەمنىڭ قىزلىرىغا بىرنەرسە دەپ بولمايدىكەن، ئۇ ياق دېسە، توختايۇپكام نېمە قىلالايتتى؟ ئەزەلدىن شۇك تۇرمىغان يىگىنىگە كىم يىپ ئۆتكۈزەلىگەن؟ شۇنداق ئەمەسمۇ، ئادىشىم؟

خۇدابەردىنىڭ يۈرىكىگە گاچچىدە بىر پىچاق ئۇرۇلدى. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن قىزىق قومغا چىقىپ قالغان يىلاندەك تولغاندى. كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، زېمىن چۆرگىلەشكە باشلىدى. تاملار قىڭغىيىپ، تورۇسلار قاراسلاپ سۇندى. ئاشۇ يىمىرىلگەن بىنانىڭ ئورنىدا ئاسمانغا تاقاشقان چاڭ ـ توزان پەيدا بولدى. خۇدابەردىمۇ ئۆرۈلگەن تامدەك قىيسايدى. ئۇنىڭ ياشلىق ھېسلىرى ئوخچۇپ تۇرغان قەلبىدە ئايجامال ئۈچۈن قۇرۇپ چىققان شاھانە ئوردا بىراقلا گۇمران بولغانىدى. ئۇ يەردە مۇدھىش سوغۇق باش كۆتۈرۈپ، مۇز تۇتقان بىر كۆل پەيدا بولدى.

ــ نېمە بولدۇڭ، خۇدابەردى ئاداش، چىرايىڭ بىردىنلا تاتىرىپ كەتتىغۇ؟ ساڭا قاملاشمىغان بىر گەپنى قىلىپ قويدۇممۇ، نېمە؟ ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

ئۇنىڭ قۇلىقىغا جېلىل سادىقنىڭ ئاۋازى كىرمەيتتى. ئۇ بىردىنلا كاللىسىنىڭ قۇپقۇرۇق بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس

قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە تارتىشقۇدەك نېمە قالدى؟ سىرداش دوستى تاشپولات تۇرسۇننى جاڭگالنىڭ قۇملىرى يۇتۇپ كەتتى. مانا ئەمدى ئايجامال... ئۇنىمۇ يېكەنلىك مەيدانىنىڭ قاۋانلىرى يۇتۇپ كەتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە ھېس - تۇيغۇ دېگەندىن ئەسەرمۇ قالمىدى. ئۇ ئويلاپ يەتتىكى، يېقىندىن بۇيان ئايجامالنىڭ ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۇرۇشىنىڭمۇ سەۋەبى بار ئىكەن. ئۇ تاشپولات تۇرسۇننىڭ دەردىدە پۇچۇلىنىپ، يۇرتقا بېرىپ كەلگەندىن بۇيان ئايجامال بىلەن بىرەر قېتىممۇ پاراڭلاشقىنىنى ئېسىگە ئالالمىدى. ئاشۇ قېتىم ئاياغقۇمدا مۇڭداشقاندىن كېيىن، ئايجامال ئۇنىڭدىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۇرگەندەك قىلاتتى. مانا، ئىش ئەسلىي مۇنداق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ تۇگىدى، ھەممە تۇگىدى، پاك - پاكىز تۇگىدى. ئۇ بىردىنلا شەمشىدىنىنىڭ «تېزرەك ئۇنىڭ بېشىنى باغلىۋالمىساڭ، باشقىلار سەندىن چاققان چىقىپ كەتسە، كېيىنكى پۇشايمان ئۆزۇڭگە دۇشمەن بولىدۇ» دېگەن گېپىنى يادىغا ئالدى. راست، ئۇنىڭ دېگىنى كەلگەنىدى. ئەمدى بۇ پۇشايمانلىق يۇرەكنى نەدە قويغۇلۇق؟ ئەمدى باشقىلار تەرىپىدىن چەيلىۋېتىلگەن بۇ كۆڭۇلنى كىمگە بەرگۇلۇك؟ باشقىلار تەرىپىدىن پايخان قىلىنغان غۇرۇرنى كىمگە كۆرسەتكۇلۇك؟ خۇدابەردى بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا جاۋاب بېرەلمەيتتى.

ئىختىيارسىز ئۇنىڭ كۆز چىيەكلىرىدە ئىككى تامچە ياش پەيدا بولدى. دەل شۇنى كۇتۇپ تۇرغاندەك جېلىل سادىق مىيىقىدا كۇلۇمسىرىدى. بۇ كۇلۇمسىرەشكە مەقسەتكە تولۇق يەتكەن ئادەمنىڭ چىرايىدا كۆرۇنىدىغان بىر خىل قانائەت تۇيغۇسى يوشۇرۇنغانىدى. ئۇ خۇدابەردىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ بىرپەس تۇرغاندىن كېيىن، كۆيۇنگەن تەلەپپۇزدا يەنە سورىدى:

— بىر يېرىڭ ئاغرىغان بولسا دوختۇر چاقىرايمۇ يا؟

ئۇ خۇدابەردىنىڭ قەلب ئاغرىقىغا بۇ يەردىكى يالاڭ ئاياغ دوختۇرنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ

ئۇ كۆيۈنگەن ھالدا خۇدابەردىنىڭ مۇزدەك سوۋۇپ كەتكەن قولىنى ئالقانلىرى ئارىسىغا ئالدى. خۇدابەردى خۇددى قورام تاشقا ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن شاھزادىدەك مىدىر - سىدىر قىلماستىن ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ماكانلىشىپ كەتكەن ھېس - تۇيغۇسى جېلىل سادىقنىڭ «كۆيۈنۈش»لىرىنى سېزەلمەيتتى.

— ھوي، قولۇڭ ئىتتىنىڭ تۇمشۇقىدەك سوغۇق تۇرىدۇغۇ؟ — دېدى ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ، — راستىلا دوختۇر چاقىرمىسام بولمىغۇدەك، جىندەك تۇرۇپ تۇر، ھازىرلا كىرىمەن.

— بولدى قىل، جېلىل سادىق، ماڭا تولا ئويۇن كۆرسەتمە، سەن مېنىڭ كېسىلىمنىڭ داۋاسىنى قىلىپ بولدۇڭ. ئەمدى چاقىرىپ كىرىدىغان دوختۇرۇڭنى چېكەڭگە تاڭ!

خۇدابەردى شۇنداق دېدى - دە، جېلىل سادىقنىڭ مۇرىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، قەدەملىرىنى چوڭ - چوڭ ئالغىنىچە يۈرۈپ كەتتى. جېلىل سادىق ھىجايغان پېتى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى. ئۇنىڭ يۈزىدە غالىبلارنىڭلا چىرايىدا بولىدىغان پەخىرلىك كۈلكە قېتىپ قالغانىدى.

خۇدابەردى شۇ ماڭغانچە قۇملۇقنىڭ خېلىلا ئىچكىرىسىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ مۈشۈكنىڭ تاپىنىدەك يۇمشاق قۇملۇقلاردا مەقسەتسىزلا كېزىپ يۈرەتتى. دۆڭلەرنىڭ ئۈستىدە پاخپېيىپ تۇرغان يۇلغۇنلارغا قاراپ ئاھ ئۇراتتى. يۇمشاق قۇملارنى ئوچۇملاپ ئېلىپ شامالغا سورۇيتتى. خۇددى ھاۋا يېتىشمىگەندەك ئېغىزىنى چوڭ ئاچقىنىچە كۆكسىنى تولدۇرۇپ نەپەس ئالاتتى. ئۇنىڭ قەلبىدە خۇددى ئاشۇ چاغدا بىر دۆۋە ئوتۇنغا يېقىلغان گۈلخاندەك ئۇلۇغ بىر ئوت گۈرۈلدەيتتى. ئۇ يۈرىكىنى ئاختۇرۇپ، ئاسماندا پارلاپ تۇرغان قۇياشقا ئوخشاش بىر نۇرانە چىرايىنىڭ غايىب بولغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان زۇلمەتنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. خۇدابەردى قۇملۇقتا يېرىم كېچىگىچە ئايلىنىپ يۈردى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا

ئايجامالنىڭ يۇپيۇمىلاق چىرايى... قەلبىدە ئايجامال پەيدا قىلغان ئۇششاق دولقۇنلار چايقىلىپ تۇراتتى. قىز ئۇنىڭغا كۆيۈنەتتى، تاپقان ـ تەرگىنىنى تىقىشتۇرۇپ يۇرۇپ ئۇنىڭ ئۇچۇن ساقلايتتى. پۇرسەت تاپالىسا ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. قىزنىڭ ئۆزىگە بولغان كۆيۈنۈشلىرىدىن خۇدابەردى چەكسىز شادلىناتتى، ئۆزىدىن پەخىرلىنەتتى. ئاشۇ قېتىم ئاياغقۇمدا قىزنىڭ ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر سۆيگۈسىنى ھېس قىلغاندىن بۇيان ئۇ ئۆزىنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ بىلگەنىدى ھەم ئۆزىنى سۆيىدىغان بىر قىزنىڭ بارلىقىدىن كۆڭلى پۈتۈن تۇراتتى. مانا ئەمدى بۇلارنىڭ ھەممىسى يوق بولدى، خۇددى قارا بوران ھەممىنى سۈپۈرۈپ تاشلىغاندەك يوق بولدى. شۇ تاپتا ئاشۇ كۆيۈنۈشلەردىن تەسەللى تاپقان كۆڭۈلنىڭ شادلىقىنى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز ئازاب ئىگىلىگەنىدى. خۇدابەردى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، قۇملۇقنىڭ نامەلۇم بىر يېرىدە ئۆزىگە قاراپ ياتقان دوستىغا ھەممە دەردلىرىنى بىراقلا تۆكۈپ بەرمەكچى بولغاندەك ھۆڭگىرەپ يىغلىدى.

شالاڭ بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي ئۆزىنىڭ نۇر چەشمىلىرىنى قۇملۇق باغرىغا سېخىيلارچە تۆكمەكتە. ئاينى چۆرىدەپ تۇرغان يۇلتۇزلار خۇدابەردىنىڭ يىغىسىغا تاقەت قىلالمىغاندەك كۆزىنى چىمچىقلىتاتتى. قۇملۇق باغرى خۇددى سۈت ئېقىۋاتقاندەك ئاقۇش نۇرلارغا تولغانىدى. تۆگە ئۆركىشىنى ئەسلىتىدىغان قۇم بەلدەملىرى سۇ يۈزىدە كۆتۈرۈلگەن قىسقا دولقۇنلاردەك ئۆركەشلەيتتى.

خۇدابەردى دۆڭنىڭ ئۈستىدە تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بىرھازا يىغلىدى. ئۇنىڭ ئىچى خېلىلا بوشاپ قالغانىدى. زەرب بىلەن ئۇرۇلغان قاباھەتلىك مۇشت زەربىسىدىن ۋاڭشىپ ئاغرىغان بېشى يېنىكلەپ، سەزگۈلىرى ئەسلىگە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ قۇملۇقتا تىكەندەك يالغۇز ھالدا يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى ھېس قىلدى. قاراڭغۇلۇق تىقىلغان قەلبى قانداقتۇر بىر ئىلاھىي نۇر

چۈشكەندەك يورۇپ، ۋاژىلداپ ئېچىشىپ تۇرغان يۈرىكى بىر ئاز تەسكىن تاپتى. ئۇ ئۆزىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئايغا قاراپ چوڭقۇر خورسىندى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە قەلبىدىكى ئايجامال بىلەن مەڭگۈلۈك خوشلاشتى...

ئۇ قويۇن يانچۇقىدىن ئايجامال سوۋغا قىلغان ھېلىقى قولياغلىقنى چىقاردى. بىر قېتىممۇ ئىشلىتىشكە كۆزى قىيمىغان يىپەك قولياغلىق كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدا يېنىك يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قولياغلىقنى بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر قېتىممۇ سۆيۈشكە نائىل بولالمىغان قىزنىڭ مۇھەببىتى بىلەن قوشۇپ بىر تۈپ يۇلغۇننىڭ تۈۋىگە كۆمدى. ئۇ قەلبىدىكى ئۆلگەن مۇھەببىتىنى ئاشۇ يۇلغۇن تۈۋىگە مەڭگۈلۈك دەپنە قىلغانىدى...

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ بىردىنلا جىمغۇرلىشىپ كەتتى. ئۆزىگە يىراقتىن قاراپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويىدىغان توختايۇپقىمۇ، ئىشلارنىڭ ھامان شۇنداق بولۇشىدىن ۋايىم يەپ يۈرگەن شەمشىدىنگىمۇ، مەسخىرە كۈلكىسى يۈزىگە تېپىپ تۇرىدىغان جېلىل سادىققىمۇ، تۇرقىدىن ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدىغان دىلمۇراتقىمۇ، ھەمىشە خاپىغان يۈرىدىغان ئابدۇسادىققىمۇ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىش نەزىرىدە قاراپ، پۇرسەت بولسىلا ئېغىز ئۆمەللەيدىغان مەلىكىزادقىمۇ ھېچنېمە دېمەيتتى. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز بۇنداق جىمغۇرلىشىپ كەتكەنلىكىگە قاراپ ھەممەيلەننىڭ ئىچى سىقىلاتتى. يېكەنلىك مەيدان خۇدابەردى ئۈچۈن ھۆۋقۇشلار سايراپ تۇرغان زاراتگاھلىقتەك تۇيۇلاتتى. ئاقىۋەت شەمشىدىنلا ئۇنىڭ قەلبىگە شۇڭغۇپ، دەرد كۆلچىكىنىڭ تېگىگە يەتتى. خۇدابەردى مەپتۇن بولغان قۇش قولدىن چىقىپ ئۇچۇپ كەتكەنىدى...

## توققۇزىنچى باب

# تەتۈر قىسمەت

## 31

ھەش - پەش دېگۈچە ئارىدىن بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. يېكەنلىك مەيدان نۇرغۇنلىغان يامغۇرلۇق كۈنلەرنى، قەھرىتان قىشنىڭ شىۋىرغانلىق كېچىلىرىنى، گۈل - چېچەكلەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ تۇرغان باھار مەۋسۇمىنى، يۆگىمەچ ئوتلار گۈللەپ تۇرىدىغان يازنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقلىرىنى، قوناقلار سارغىيىپ پىشقان كۈزنىڭ نېمەتلىك دەقىقىلىرىنى جىممىدە ئۆزىتىپ قويدى. بۇ يەردە تۇرمۇش گويا ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى. ئېرىقلاردا سۇلار شىلدىرلايتتى. يول بويلىرىدىكى جىگدىلەردە، ياتاق بىناسىنىڭ ئەتراپىدىكى سۆگەتلىكلەردە قۇشلار سايرىشاتتى. يۇلغۇن، قومۇش، چېقىرتىكەن، بۇيا، لويىلار ئۆسۈپ كەتكەن چاتقاللىقلار ئۈستىدە تورغايلارنىڭ چۇۋۇلدىغىنى ئاڭلىناتتى. باھار شامىلىدىن كېيىن ياز سەلكىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن كۈز شاماللىرى پەيدا بولغان يېكەنلىك مەيدانغا يەنە ئادەمنىڭ كۆزى كۆرمىگەن، قۇلىقى ئاڭلىمىغان ئاز - تولا يېڭىلىقلارمۇ كېلىشكە باشلىغانىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەن يېكەنلىك مەيدانغا ماش رەڭلىك بىر جىپ ماشىنا كىرىپ كەلدى. ھەممەيلەن ياتاقلىرىدىن چىقىپ، بىمەھەل چاغدا كەلگەن، ئۈستىنى بىر قەۋەت توپا باسقان ماشىنىغا

يىراقتىن قاراشتى. ئوڭغۇل - دوڭغۇل چىغىر يولدا چايقىلىپ - قېقىلىپ كەلگەن ماشىنا ئادەمگە بەكلا چارچاپ كەتكەندەك تەسىرات بېرەتتى. ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا سىڭمىزلىكتىن تىقىلىپ كەتكەن بىر ئەرباب گىدىيىپ ئولتۇراتتى. شوپۇر ياشقىنە يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان بۇرۇتى قەلەم بىلەن سىزىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئەرباب ئولتۇرغان تەرەپتىكى ئىشىكنى ئاچتى. سىڭمىز يۇزى يېڭى موزايلىغان كالىنىڭ يېلىنىدەك پارقىراپ تۇرغان ھېلىقى كىشى ھاسىرىغىنىچە ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئادەم ئەكسىنى كۆرگىلى بولغۇدەك دەرىجىدە پارقىراپ تۇرغان ئۆتۈكى قەدىمىگە ماس ھالدا غاچىلداپ تۇراتتى. ئەرباب ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە كېرىلدى. ئۇنىڭ خام سىڭمىز ئۇستىخىنىدىن غاراسلىغان ئاۋاز كەلدى.

ماشىنا ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇيقۇسىدىن ئويغانغان توختايۇپ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ئەربابنى كۆرۈش بىلەن تەڭ مەجۇنى دىلكۇشاد يېگەندەك چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ، جانلىنىپ كەتتى. ئۇ يورغىسى ئويدان بوز ھاڭگىدەك دىكىلداپ كېلىپ، ئەربابنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئالغىنىچە سېغىنىزغاندەك شاراقلاپ كەتتى:

— ۋاي - ۋۇي، قۇ مۇدىر، قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى سىلىنى؟ باشلىرىدىن تەمەچ ئۆشتۈۋېتىمىزمۇ يا؟ ھەي، ھەي، ئۆزلىرىنى ئويدان بىر ئىسرىقلاپ قويماي بولمايدۇ جۇمۇسىلا. ھەرنېمە بولسا بىزنىڭ مۇشۇ يەردە بارلىقىمىزنى ئۇنتۇپ قالماپتىلا. يوللىرىغا تەلمۈرۈپ، كۆزىمىزنىڭ قارىسى ئېقىپ بولاي دېگەندى، شۇنچە كۆتسەكمۇ يوق! مانا ئەمدى ھېچبىر شەپە بىرىپ قويمايلا كەپتىلا، تويۇقسىز زەربە بېرەي دېگەنمىدىلە يا؟ سىلى - بىزگە بۇنداق قىلىش ياراشمايدۇ، قۇ مۇدىر. تونۇگۇنلا خەۋەر بېرىۋەتكەن بولسىلىرى، ئالدىلىرىغا ئۆزۈم

چىقاتتىم ئەمەسمۇ؟
— خەۋەر قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، — دېدى ئەرباب گارت قىلىپ سېسىق كېكىرگەندىن كېيىن، — ئەسلىي بۇ يەرگە تونوگۇن كەچتىلا كېلىدىغان پىلان بار ئىدى. شاخلىقتىكىلەر قويۇپ بەرمەي كېچىچە ئويناپتۇق. ئەتىگەن ئۇلار چاپىقىنى ئېچىپ بولغۇچە تىكىۋەتتىم. بولمىسا ئۇلارنىڭ بۇگۈنمۇ قويۇپ بەرمەيدىغان ئەلپازى بار.
— ھەرنېمە بولسا كەپتىلا، بېشىمىز ئاسمانغا يەتكەندەك بولدى، قۇ مۇدىر، — توختايۇپ ئۇنىڭ ئالدىدا كۆككە كۆتۈرۈلگەن موللاقچى كەپتەردەك قىلىق چىقىرىشقا باشلىدى، — يېكەنلىك مەيدان سەل چەترەك بولغىنى بىلەن، قويىنى كەڭ، باھاردەك ئىللىق يەر بۇ! ئۆزلىرىنى كۆڭۈلدىكىدەك كۇتۇۋېلىشقا قۇربىمىز يېتىدۇ جۇمۇسىلا. ھاي جېلىل سادىق، قېنى سەن؟
— ھە، مانا، — جېلىل سادىق بىرى كۇچەپ تەپكەن توپتەك ئاشخانا تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلدى، — نېمە تاپشۇرۇقلىرى بارىكىن، توختايۇپكا؟
— مانا كۆردۇڭمۇ؟ ساڭا ھەمىشە گېپىنى قىلىپ بېرىدىغان قۇ مۇدىر كەلدى. تېز سالام بەر، — دېدى توختايۇپ قولىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ، — ۋاي ئاللا، يېكەنلىك مەيدانىنىڭ ئېچىلغىنىغىمۇ ئىككى يىلدىن ئېشىپتۇ. شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ يولىغا بەك قاراپ كەتكەنىدۇق، قۇ مۇدىر. مانا، ئاخىر پاي قەدەملىرى يەتتىغۇ بۇ يەرگە؟
جېلىل سادىق ئەرباب بىلەن ئىككى قوللاپ كۆرۈشتى.
— ھەرنېمە بولسا كەپتىلا، — دېدى ئۇ توختايۇپنى دوراپ، — يوللىرىغا قارىغىنىمىزغا ئۇزاق بولغانىدى. بۈگۈن دىدار كۆرۈشۈپ، قەلبىمىز ئاپتاپتەك يورۇپ كەتتى، قۇ مۇدىر...
— مېنىڭمۇ بۇ تەرەپلەرگە ئۆتىدىغان بىر يولۇم بار ئىدى، — دېدى ئەرباب پاختىدەك يۇمشاق ئالىقىنىدا جېلىل سادىقنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، — بىراق، خىزمەتلەرنىڭ ئالدىراشلىقىدىن

پەقەتلا پۇرسەت بولمىدى. مانا، بۈگۈن ھەرقايسىڭلاردىن ئاتايىن ھال سوراپ كەلدىم.

توختايۇپ پالاقلاپ يۈرۈپ ئىشلارنى بىرقۇر ئورۇنلاشتۇردى. خۇدابەردىنى سېكرېتار بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىرەر پاقلان تېپىپ كېلىش ئۈچۈن «راكېتا»غا ماڭدۇردى. جېلىل سادىق توختايۇپنىڭ قورۇقدالغان ھاراق باكىنى ئېلىپ كوپىراتىپقا يۈگۈردى. يېكەنلىك مەيداندىكى قىزلار چېلەك - سۈپۈرگىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، خېلىدىن بېرى تاشلىنىپ قالغان مەيدانلارنى تازىلاپ چىقتى. ئەرباب بۇ يەردىكىلەرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتقىنىنى كۆرۈپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ توختايۇپنىڭ ھەمراھلىقىدا يېكەنلىكنىڭ ئېچىلغان ئېتىز - قىرلىرىنى بىرقۇر ئايلىنىپ چىقتى.

چۈشتىن كېيىن چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يېكەنلىكتىكى زىيالىي ياشلار رەتلىك تىزىلىپ، ئەربابنىڭ ئېغىزىغا قاراشقىنىچە ئولتۇراتتى. مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، سېمىز كاسىسى غىچىرلاپ تۇرغان ئورۇندۇققا ئاران سىغقان ئەرباب ئۈستەل ئالدىدا گىدەيگىنىچە كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى. توختايۇپ ئادىتىگە يات ھالدا قول قوۋۇشتۇرۇپ بەگنىڭ يېنىدىكى دورغىغا ئوخشاش ئەربابنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇرغانىدى.

— باشلامدۇق؟ — سورىدى ئەرباب جىددىي بىر ئىشقا تۇتۇش قىلىۋاتقاندەك ئەلپازدا توختايۇپقا قاراپ قويۇپ.

— ئەلۋەتتە، ئەلۋەتتە، — دېدى توختايۇپ ۋە ئولتۇرغانلارغا قاراپ تەنتەنىلىك ھالدا جاكارلىدى، — ھازىر چوڭ يىغىن ئېچىلىدۇ. بىز قىزغىن ئالقىشلىرىمىز بىلەن ناھىيىدىن كەلگەن قايتا تەربىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يولداش قۇربانىنىيازنى سۆزگە تەكلىپ قىلايلى.

ئۇ ئۆزى باشلامچى بولۇپ چاۋاك چالدى. پەستە ئولتۇرغانلار ئۇنىڭغا ئەگەشتى، گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى خېلى ئۇزۇن

داۋاملاشتى.

— يولداشلار، — دېدى ئەرباب قولياغلىقى بىلەن پارقىراپ تۇرغان سېمىز يۈزىنى سۈرتكەندىن كېيىن يانچۇق خاتىرىسىنى قولىغا ئېلىپ، — مەن سىلەرنى يوقلاپ بۇ يەرگە خېلى بۇرۇنلا كەلمەكچىدىم. بىراق، خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقىدىن پۇرسىتى بولمىدى، ھېلىھەم بولسىمۇ سىلەرگە سالامغا كەلدىم. مېنى ئەپۇ قىلىشىڭلارنى سورايمەن.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھەممەيلەنگە ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. مەيداندىن يەنە بىر قېتىم گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى.

— بۇ قېتىم، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئالدىراشلىق ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ سىلەرنى ئاتايىن يوقلاپ كەلدىم. ھەرقايسىڭلار تەشكىلىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، دېھقان - چارۋىچىلاردىن قايتا تەربىيە ئېلىش ئۈچۈن يېزا - قىشلاقلارغا چۈشۈپ، كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۈڭلار. مانا بۇ زەيكەش يەرنى ئېچىپ، زىيالىي ياشلارنىڭ ئىللىق ئائىلىسى بولغان يېكەنلىك مەيداننى قۇرۇپ چىقتىڭلار. سىلەرنىڭ جاپالىق ئېگىلىك يارىتىش روھىڭلار ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. مەن سىلەردىن سەمىمىي ھال سورايمەن.

ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممەيلەنگە بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى.

— ئەمدى ئەسلىي گەپكە كەلسەك، — دېدى ئۇ ھاياجانغا چۆمگەن ياشلارنىڭ چاۋىكى بېسىققاندىن كېيىن، — يۇقىرىدىن سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق سىياسەتلەر كېلىۋاتىدۇ. بىز ئەمدى سىلەرنى تۈركۈمگە بۆلۈپ زاۋۇت - كانلارغا، ئىدارە - ئورگانلارغا تەقسىم قىلىمىز. سىلەر ئۇ يەردە پارتىيىمىزنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى ھېسابلىنىدىغان ئىشچى بولىسىلەر. يەنە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ قوياي، ئارىدا ئىمتىھان ئېلىنىپ، يۇقىرى نومۇر ئالغانلار ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە كادىرلىققىمۇ قوبۇل قىلىنىدۇ. بۇ سىلەر ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن كاتتا خۇش خەۋەر.

سىلەرنى ئالدىن قىزغىن تەبرىكلەيمەن.

ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدە ھاياجانلىق ياشلار پەيدا بولغانىدى. ئۇلار ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئەربابنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ئىشلار ۋۇجۇدقا چىقىدىغاندەك جىددىيلىشىشكە باشلىغانىدى. ھەممەيلەن بىر - بىرىگە مەمنۇنىيەت بىلەن قارىشاتتى. سەپ ئىچىدە بويۇنداپ ئولتۇرغان شەمشىدىن، خۇدابەردى، دىلمۇرات، ئابدۇسادىقلار ھېلىلا ئۇچۇشقا تەمشەلگەن لاچىنلاردەك قانات قېقىپ، بىر -بىرىنى جەينىكى بىلەن تۇرتۇشمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ چېھرىدە پەيدا بولغان ئىپتىخارلىق نۇرلىرى باھار قۇياشىدەك جىلۋە قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئەسەبىيلىك بىلەن چاۋاك چېلىپ، ئەربابنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىگە ئالقىش ياڭرىتاتتى.

ئەرباب شۇ كۈنى يېكەنلىك مەيداندا قونۇپ قالىدىغان بولدى. كەچتە توختايۇپ ئۆز ياتىقىدا ئۇنىڭغا كاتتا چاي ھازىرلىدى. خۇدابەردى تېپىپ كەلگەن ئوغلاقنىڭ گۆشى ئايجامالنىڭ چېۋەر قوللىرىدا يىلىكتەك پىشقانىدى. جېلىل سادىق كوپىراتىپ مۇدىرىغا يالۋۇرۇپ يۈرۈپ ئېلىپ كەلگەن ئاق ھاراقنىڭ خۇشبۇي ھىدى ياتاقنىڭ سىرتلىرىغىمۇ پۇراپ تۇراتتى. تەييارلىق گۈل گۈلىگە كەلتۈرۈپ قىلىنغان بولغاچقا، ئەربابنىڭ چىرايىمۇ ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

ئاقىۋەت ھەممەيلەن داستىخانغا كېلىشتى. ئەرباب كارىۋاتنىڭ تۆرىگە باشلاندى، توختايۇپ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. بىر چەتتە جىممىدە تۇرغان ھۆسىيىن مۇدىرمۇ ئۇنىڭ سول تەرىپىگە تەكلىپ قىلىندى. ئايجامال بىلەن يەنە ئىككى قىز ئالدىراش ھالدا لېگەنلەرگە سۇزۇلگەن ئوغلاق گۆشىنى داستىخانغا تىزماقتا ئىدى. ئىشىك ئالدىدا قاراپ تۇرغان خۇدابەردى ئايجامالنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان چېھرىگە كۆز يۈگۈرتۈپ، چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ قويدى. ئۆتكەن كۈنلەر يادىغا يېتىپ، كۆڭلى ئېشىغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنىڭكىدەك غەش بولدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ

قويدى.

— سىلىنىڭ كېلىشلىرى تويۇقسىز بولغاچقا، تەييارلىقلىرىمىزمۇ جايىدا بولالمىدى، — دېدى توختايوپ ئاپتاپتەك ئېچىلغان ھالدا، — بىزدە «تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپالمىغىنى بىر باش پىياز» دېگەن گەپ بار. داستىخىنىمىز لايىقلىرىدا بولمىسىمۇ، ئازنى كۆپكە تاۋاپ، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا. ئالدى بىلەن غىزاغا كېلىپ بەرسىلە.

— ھەي، ھەي، تۇ مۇدىر، مۇنداق دېسىلە مەن قورۇنۇپ قالىمەن جۇمۇ، — دېدى ئەرباب ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە داستىخاننى بۇنچىلىك كۆلدۈرمەكمۇ ئاسان ئەمەس. ھېلىمۇ ساماندىن ياغ چىقارغاندەك بەكلا جوۋاپسىلەر. سىلى - بىز ئۆز ئادەم بولغاندىكىن، ئەمدى بۇنداق تەكەللۇپ قىلىپ كېتىشمەيلى، قېنى ئەمىسە، ھەممەيلەن تاماققا كېلەيلى، خانقىزلار، سىلەرمۇ كېلىڭلار، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭەر، يالغۇز يېگەن يەرگە» دەپتىكەن، قېنى كېلىڭلار، روبىرو ئولتۇرۇپ ھەمداستىخان بولايلى. قىزلارنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ يېگەن تائام ئوبدان سىڭىدۇ، دېيىشىدىكەن، قېنى بۇياققا ئۆتۈڭلار...

ئەربابنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن ئايجامالمۇ ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ خۇدابەردىگە يەرنىڭ تېگىدىن ئاستا قاراپ قويدى. چىرايى بىر ئاز تاتارغان خۇدابەردى تېخىچە نېمە قىلارىنى بىلمەي پالتۇكتا قاراپ تۇراتتى.

ئەرباب ئۆز قولى بىلەن يوغان بىر پارچە گۆشنى ئېلىپ ئايجامالنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— قېنى ئېلىڭ، — دېدى ئۇ قىزدىن كۆزىنى ئۈزەلمىگەن ھالدا، — يىلىكتەك پىشقان ئوغلاق گۆشىگە قىزلار ئاۋۋال ئېغىز تەگكەن تۈزۈك. قانداق دېدىم، تۇ مۇدىر؟

— ناۋاتتەك گەپ قىلدىلا، — توختايوپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا باش لىڭشىتتى، — قىزلارنىڭ ئەتىۋارىنى يەنىلا

سىلىدەك باشلىقلار قىلىدۇ جۇما. ھە ئايجامال، «چوڭنىڭ بەرگىنى خۇدانىڭ بەرگىنى» دەپتىكەن. قۇ مۇدىرغا ھەشقاللا دەپ گۆشكە ئېغىز تېگىپ بېرىڭ ئەمدى. سىز تۇزىنى تېتىمىسىڭىز، قۇ مۇدىرنىڭ گېلىدىن بىرنەرسە ئۆتمەيدىغاندەك قىلىدۇ.

ئايجامال قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ئۇ چۆچۈپ تۇرغان كۆزىنى ئەربابقا تىكىپ، بوش ئاۋازدا رەھمەت دېدى. خۇدابەردى تۇيدۇرماي ئىشكنى ئېچىپ، ئۆزىنى تالاغا ئاتتى.

شۇ كېچە توختايۇپنىڭ ياتىقىدا چىراغ ئۆچمىدى. ئۇلتۇرۇش تاڭغىچە داۋاملاشقانىدى. بەزىدە ياتاقتىن پاراقلاپ كۇلكە كۆتۇرۇلەتتى. ئاشۇ ئەسەبىيلىك بىلەن داۋام قىلىنۋاتقان كۇلكە ساداسى ئىچىدە كەيىپ بولغان توختايۇپنىڭ ئاۋازى ھەممىنى بېسىپ چۇشەتتى. ئارىدا جېلىل سادىقمۇ قىزىۋالغانىدى. ئۇنىڭ توختايۇپكام دېسە توختايۇپكام، قۇ مۇدىر دېسە قۇ مۇدىر دەپ، ئەربابنى ماختاپ كۆككە كۆتۇرۇشلىرى سورۇننى يەنىمۇ جانلاندۇراتتى.

— دۇنيادا ماختاشنى ياقتۇرمايدىغان كىم بار؟ — دېگەنىدى بىر قېتىم تاشپولات تۇرسۇن قۇم دۆڭلىرى ئارىسىدىكى چىغىر يولدا كېتىۋېتىپ، — ئادەم دېگەننىڭ قۇلىقى ماۋۇ ئۆكۇزنىڭكىگە قارىغاندا بەكمۇ سەزگۇر. سەن ئۆكۇزنى ئۇرۇپ تىللىساڭمۇ پەرۋا قىلىپ كەتمەيدۇ. ئەمما، بىر ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ سالىدىغان بولساڭ، ئۇ ساڭا ئۆمۇرلۇك دۇشمەن بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، ماختاپ ئۇچۇرۇش باشقا گەپ. سەن ھەسەل تېمىپ تۇرغان شېرىن - سۇخەن تىللىرىڭ بىلەن دۇشمەننى ماختاپ ئۇچۇرۇپ ئۆزۇڭنىڭ يانتاۋىقىغا ئايلاندۇرالايسەن. ئادەمنى يۇزىچىلا ماختىيالىغان كىشىنىڭ بۇ جەھەتتىكى تالانتى ھەممىدىن ئۇستۇن بولىدۇ.

دوستىنىڭ ئاشۇ سۆزىنى يادىغا ئېلىپ، ئۇيقۇسىز ياتقان خۇدابەردىنىڭ كۆز جىيەكلىرى نەملەندى. قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا گۇرۇلدەپ تۇرىدىغان سېغىنىش ئوتلىرى ئۇنىڭ

يۈرىكىنى ئوتقا قاقلىغاندەك ئېچىشتۇراتتى. خۇدابەردى ھەمىشە كۆڭلى يېرىم بولغان چاغلاردا دوستىنىڭ ھېكمەت ئۇچقۇنلىرى چاراسلاپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق گەپلىرىنى يادىغا ئالاتتى. ئۇ قارىيىپ تۇرغان تورۇسقا تىكىلگىنىچە ئايجامالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. شۇنداق پاك ھېسسىيات بىلەن قەدەممۇقەددەم يېقىنلاپ كەلگەن بىر سۆيگۈ يېرىم يولدىلا كەينىگە يانغانىدى. بەلكىم ئۇنى مۇشۇنداقلا يېنىپ كەتتى دېگىلى بولماس. قىزنىڭ خۇدابەردىدىن قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇشىدا ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان بىر سىر بولۇشى مۇمكىن. ئادەملەردە بىر ـ بىرىگە يۈز كېلەلمەيدىغان ھېسسىيات پەيدا بولسا، ئۇنىڭ ئورنىنى ھېچنېمە ئالالمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئايجامال ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرغان ۋە قەلبىدە يوشۇرۇن بىخلانغان مۇھەببەت گۈلىنى قومۇرۇپ تاشلىغان بولسا كېرەك. كۈتۈلمىگەن ئىشلار ئايجامالنىڭ خاھىشى بويىچە ئەمەس، كىمدۇر بىرىنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن يۈز بەرگەن بولسا، ئارتۇقچە سوئاللار بىلەن قىزنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلمىغان تۈزۈك. بۇنىڭ ئۈچۈن خۇدابەردى بۇلۇت كەينىگە مۆككەن ئايدەك ئۆزىنى پىنھانغا ئېلىشقا رازى ئىدى. ئۇ ئايجامالنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا قىز چوڭ قىلىشىپ بەرمىگەندىكىن، ئۇنى بىھۇدە ئەيىبلەپمۇ كېتەلمەيتتى.

بىر كېچە ئويناپ يۇخادىن چىققان ئەرباب ئەتىسى چۈشكىچە ئۇخلىدى ۋە ئايجامال تەييارلىغان ئاچچىق ـ چۈچۈك شورپا بىلەن ناشتا قىلغاندىن كېيىن، نېمىگىدۇر كۆزى قىيمىغان ھالدا يولغا چىقتى. ئۇ ئولتۇرغان ماش رەڭلىك جىپ يېكەنلىكتىن «راكېتا»غا تۇتىشىدىغان ئاچا يول ئېغىزىغا بارغاندا چىپپىدە توختىدى. ئەرباب ماشىنىدىن چۈشۈپ، تېخىچە قول پۇلاڭلىتىپ تۇرغان توختايۇپقا، توغرىسى ئاشخانىنىڭ ئالدىدا ياغلىقىنى غىجىملىغىنىچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئايجامالغا قاراپ ئاخىرقى قېتىم قول پۇلاڭلاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ماشىنا چاتقاللار بىلەن

دەل ـ دەرەخلەر گىرەلىشىپ كەتكەن تويىلىق يولدا ئاسمان ـ پەلەك تويا ـ چاڭنى ئەگەشتۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

## 32

كۆپ ئۆتمەي يېكەنلىك مەيدان ئۆزىنىڭ چوڭ ئەترەت باشلىقى بىلەن مەشھۇر ئاشپىزىدىن ئايرىلىپ قالدى. مۇشۇ مەيدان بارلىققا كەلگەندىن باشلاپ قازان بېشىدىن نېرى بارمىغان ئايجامال بىلەن شېرىن ـ سۆخەن تىلى، لىق جېلىل سادىق ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىنىڭ بىر پارچە ئۇقتۇرۇشى بىلەنلا قايتىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ نەگە ئىشقا چۈشىدىغانلىقىنى توختايۇپتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

يولغا چىقىدىغان ئاخشىمى ئايجامال تويۇقسىزلا خۇدابەردىنى ئىزدەپ كېلىپ قالدى. بۇ چاغدا ئۇ ئايجامالنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغاچان ئاڭلاپ بولغان ۋە ياتاقنىڭ كەينىدىكى دۆڭگە چىقىپ، كۆڭلى يېرىم ھالدا موخوركا چېكىپ ئولتۇرغانىدى. يىراقتا پارقىراپ تۇرغان قۇياش بارغانسېرى پەسلەپ، قايسىبىر دۆڭنىڭ كەينىدىكى تۇرالغۇسىغا باش قويۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇنىڭدىن تاراۋاتقان قىزغۇچ نۇر يەر يۈزىدىكى زىرائەتلەرنى، دەل ـ دەرەخلەرنى، مەيىن شامالدا چايقىلىپ تۇرغان قومۇشلارنى، پۆپۈكلىرى قۇرۇشقا باشلىغان چىغلارنى شەپەق رەڭگىگە كىرگۈزگەنىدى. زاۋالنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن شەپەق بەخش ئەتكەن قىزىللىق يوقاپ، ئەتراپ كۆڭۈلسىز بىر كەيپىياتتا قېتىپ قالغانىدى. ئادەمنىڭ كۆڭلىگە سوغۇق تەسىرات بېرىدىغان بۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ، خۇدابەردىنىڭ قەلبى ئاجايىپ بىر غېرىبلىقنى ھېس قىلدى. ئۇ موخوركىسىنى ئۈزمەي چېكىپ، ئاشۇ قارىيىۋاتقان ئۈپۈق سىزىقىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

— خۇدابەردى... — كەينى تەرەپتىن تونۇشلا بىر ئاۋاز ئۇنى چاقىرىپ قالدى. خۇدابەردى ئەتىياز پەسلىدە داللاردا كېزىپ يۈرگەن مەيىن شامالنىڭ شەپىسىنى ئەسلىتىدىغان مۇشۇ ئاۋازنى زارىقىپ كۈتكەن ۋە ئۇنى ئاڭلىمىغىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. ئۇ ئاستا كەينىگە بۇرۇلدى. ئاشۇ گۇگۇم قوينىدا قىزىل ياغلىق چىگكەن ئايجامال شەپەق نۇرىغا چۆمۈلگەن قومۇش پۆپۈكىدەك چايقىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چوڭقۇر خىياللار دولقۇنى ئۆركەشلەپ تۇرغان مۇڭلۇق كۆزلىرى ياشقا تولغانىدى.

— مەن كېتىدىغان بولدۇم، — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— مۇبارەك بولسۇن، — دېدى خۇدابەردىمۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — قازان بېشىدا تۇتۇن يەيدىغان كۈنلەردىن قۇتۇلۇپسىز. سىزنى تەبرىكلەيمەن.

— بىراق...

— بولدى، ئايجامال، ئارىسالدى بولماڭ، — دېدى خۇدابەردى سوغۇق كۈلۈپ قويۇپ، — ئەپسۇسلانغۇدەك ئىش يوق. خاتىرجەم يولغا چىقىۋېرىڭ. بىراق، بۇ يەردىكى ھەممەيلەن سىزگە قەرزدارمىز. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىز ئۈچۈن سەدپارە بولۇپ، خۇددى كۆيۈمچان ئانىلاردەك تۇز بەرگەنىدىڭىز. مۇشۇلارنى ئويلىسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ، سىزدىن ئايرىلىشقا قىيمايمەن. ئەمما، بۇ يەردىن كەتكىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. ئاز كۈندىن كېيىن بىزمۇ يېكەنلىكتىن بىر - بىرلەپ قايتىپ كېتىمىز. تۇرمايدىغان مېھمانىنىڭ كەتكىنى تۇزۇك دەپتىكەن، ھامىنى كېتىدىغان بولغاندىكىن، ئايرىلىدىغان گەپ. بۇنىڭغا ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ.

— سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، — دېدى ئايجامال قارا يامغۇردەك ياش تۆككىنىچە، — بەزى ئىشلارنى سىزگە چۈشەندۈرۈشكە ئاجىزمەن. مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

— بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئەپۇ قىلالمىغۇدەك ھېچ ئىش يوق، بۇ جەھەتتە تولۇق خاتىرجەم بولسىڭىز بولىدۇ. ئادەمنىڭ

نەپسىنى قىسىدىغان تارچۇق ئالەمدە سىز ياخشىراق كۆن كۆرسىڭىز، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. بولدى، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان بۇ گەپلەرنى ئەمدى تىلغا ئالمايلى. سىز بۇ يەردىن كۆز يېشى قىلىپ ئايرىلسىڭىز بولمايدۇ. ھەقىقىي كۆز يېشى قىلىدىغان ئادەم سىز ئەمەس، شۇڭا ھېچ ئىش بولمىغاندەك مېڭىۋېرىڭ. ئېھتىمال سىزنى ئۆزىتىپ چىقالماسلىقىم مۇمكىن. بۇنىڭ سەۋەبى سىزگىمۇ ئايان. ھەممە دەردنى ماڭا قالدۇرۇپ، كۆلۈمسىرىگەن پېتى يولغا چىقىڭ.

— مېنىڭ بىرەر ياردىمىم كېرەكمۇ؟ — سورىدى ئايجامال ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا.

— قانداق دەيسىز؟

— مەسىلەن، بۇ يەردىن تېزرەك كېتىش دېگەندەك. — ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، يەنە قوشۇپ قويدى، — قۇمۇدىرغا يالۋۇرۇپ باقسام...

— ياق! — خۇدابەردى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلدى، — مەن باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىنىشنى خالىمايمەن، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ دۆلىتىدە راھەت كۆرۈشنى تېخىمۇ خالىمايمەن. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆز قابىلىيىتىمگە تايىنىپ بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتالىسام بولدى. سىزگە رەھمەت، مەن ئۇچۇن ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار بىر - بىرىگە تىكىلگىنىچە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالدى. نەملەنگەن كىرپىكلەر قېتىپ قالغاندى. جۇدالىق سۇنغان ئاچچىق ئازابتىن تولغىنىپ كەتكەن يۈرەكلەر قانداقتۇر بىر بوشلۇقتىن ھالقىپ ئۆتۈشكە ئاجىز ئىدى. ئاخىر خۇدابەردى ئۇنىڭغا قاراپ بېشىنى چايقىدى.

— بولدى، ئايجامال، مەن سىزگە بەخت تىلەيمەن. ئەمدى قايتىپ كېتىڭ. كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۇچرىشىپ قالساق، سىزنى بەختىيار ھالەتتە كۆرۈشنى خالايمەن. بىراق، مەن سىزنىڭ بەختنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىشىڭىزنى، ئۆزىڭىزگە تەۋە

بەختنى ۋىجدانىڭىزغا يۈز كېلەلىگەن ھالدا ئىككى قولىڭىزغا تاپىنىپ يارىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. شۇنداق قىلالىسىڭىزلا ئەلكۈننىڭ ئالدىدا يۈزىڭىز يورۇق، ئىناۋىتىڭىز ئۈستۈن بولىدۇ. ئەكسىچە بولسا ئېرىشكەن دۆلەت ئادەمنىڭ چىرايىغا چىقمايدۇ. سىڭمەيدىغان تاماقنى يېمىگەن تۈزۈك. بولدى، ئەمدى قايتىڭ. مېنى مۇشۇ يەردە بىردەم يالغۇز قويۇڭ، بولامدۇ؟

ئايجامال بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كەينىگە ياندى. خۇدابەردى قىزنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچى ئاغرىدى. ئايجامالنىڭمۇ ئېغىر روھىي بېسىم ئاستىدا قېلىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بىراق، تەقدىرنىڭ مۇشۇنداق ئېغىر سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئادەم كىمدىن ئاغرىنىدۇ؟ بۇنىڭ ئەيىبكارى كىم؟ بۇ سوئالغا بەلكىم ئايجامال بىر ئۆمۈر ئىزدىنىپمۇ ئېنىق جاۋاب بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭىمۇ ئۇ كىملەردۇر يارىتىپ بەرگەن ياخشى پۇرسەتلەرگە ئېرىشتى. بىراق، چىن سۆيگۈدىن مەھرۇم قالدى. بۇنىڭ پايدا ـ زىيىنىنى بەلكىم ئۇ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ھېس قىلالماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغان چاغقا يەتكەندە، ئۆزىنىڭ نېمىنى قولدىن بېرىپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ، بىر ئۆمۈر پۇشايمان ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا سولۇپ كېتىشى مۇمكىن. نېمىلا قىلغان بىلەن ھاياتتا خاتا بېسىلغان بىر قەدەم ئادەمنى ئۆمۈرلۈك پۇشايمانغا قويىدۇ. بۇنداق پۇشايمان ھەر مىنۇت ـ ھەر دەقىقە سېنىڭ يۈرىكىڭنى قۇرتتەك غاجايدۇ....

يېكەنلىك مەيداندا يىغىلىقلار ئارقا ـ ئارقىدىن كۆرۈلۈشكە باشلىدى. ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئالدىراشلىقلىرى بېسىقىپ، ھەممەيلەننىڭ پۈت ـ قولى بوشاپ تۇرۇشىغا ناھىيىدىن ئىمتىھان ئالىدىغانلىق ھەققىدە خەۋەر كەلدى. يۈزلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان قۇ مۇدىر يەنە ئىككى كادىرنى باشلاپ خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى ئاتايىن ئۆزى كەلگەنىدى. ئىمتىھانغا تىزىملىتىش بىرەر كۈنچە

داۋام قىلدى. ھاياجاندىن يۈرەكلىرى ئويناپ كەتكەن ياشلار بۇ يەردىكى زېرىكىشلىك تۇرمۇشنىڭ تېزرەك ئاخىرلىشىشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. ئىمتىھاننىڭ ئېلىنىشى ئۇلار ئۈچۈن يېڭى بىر ئۈمىد بولۇپ قالغانىدى. ھەممەيلەن ئۆز ئالدىغا چوت سوقۇپ، كېيىنكى كۈنلىرىنىڭ خەيرلىك بولۇشىنى تىلەيتتى.

— سېنىڭچە، بۇ ئىمتىھاننىڭ ئايىغى چىقارمۇ؟ — دېدى شەمشىدىن خۇدابەردىنى ئىزدەپ كېلىپ، — ياكى يول ئايلىخانىغا، ئىش سارىخانىغا بولۇپ، ئېگىلگەن قول ئەگرى پېتى قالارمۇ؟

— مېنىڭچە، بۇ ئىشتىن بەك چوڭ يوچۇق چىقماسلىقى مۇمكىن، زىيالىي ياشلارنى ئىمتىھان ئېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىدىغان بۇنداق چوڭ خىزمەت بىر ئادەمنىڭ سامان سورىشى بىلەن پۈتىدىغان خامان ئىشى ئەمەس. مېنىڭچە، قابىلىيىتى بارلار چوقۇم ئۆزىنىڭ يولىنى تاپىدۇ.

— شۇنداق بولسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى، — دېدى شەمشىدىن موخوركىنى كۈچەپ شوراپ، ئىسىنى ھالقا شەكلىدە پۈۋلىگىنىچە، — سەنمۇ تىزىملاتقانسەن؟

— «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دەپتىكەن، بۇ ئىشتا سىلەر بىلەن تەڭ تۇرمىسام، باشقىلار مېنى قۇلىقى كېسىلگەن ئېشەكچىلىكمۇ كۆرمەسلىكى مۇمكىن. شۇڭا، مەنمۇ مەيدانغا چۈشۈپ، ئۆزۈمنى بىر چاغلاپ باقاي دەۋاتىمەنغۇ؟

— بوپتۇ ئاداش، تىزىملىتايلى، ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسەك بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتارمىز، ئۆتەلمىسەك يېكەنلىككە ئۇۋا سالغان ياۋا ئۆردەكتەك بۇ يەردە داۋاملىق قالارمىز. بىز دېگەن ياش، پۇرسەت دېگەن جىق. ئالتۇن دېگەن بەرىبىر ئالتۇن، ئۇ توپىنىڭ ئاستىدا مىڭ يىل ياتسىمۇ پارقىراقلىقىنى يوقاتمايدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇيا؟

خۇدابەردى بېشىنى لىڭشىتتى. شەمشىدىن موخوركىنىڭ قالدۇقىنى يەرگە تاشلاپ، پۇتى بىلەن ئېزىپ توپىغا پاتۇرغاندىن كېيىن ياتاق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. خۇدابەردى قانداقتۇر بىر

ناخشىغا ئىسقىرتقىنىچە ئامبارنىڭ ئىچىدە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان نەرسە - كېرەكلەرنى رەتلەشكە تۇتۇندى.
ھەممەيلەننى تەقەززا قىلغان ئىمتىھانىمۇ ئېلىنىپ بولىدى. ئىككى ھەپتىدىن كېيىن نەتىجىمۇ يېتىپ كەلدى. يېكەنلىكتىكىلەردىن خۇدابەردى، ئابدۇللا ھەزرەت، ئىمىن ئەلا، قاسىم پەيزى ۋە شەمشىدىنلەر ناھىيە بويىچە يۇقىرى نومۇر ئالغانىدى. نەتىجە ئۇقتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەن بىر - بىرىنى تەبرىكلەشتى. شەمشىدىن ئۇنى بىر چەتكە تارتتى.
— مەن دېگەنغۇ؟ ئالتۇن دېگەن بەربىر ئالتۇن. سەن نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆكۈز ھارۋىسى بىلەن ھەپىلىشىپ، ئامبارنىڭ تۈپىسىنى يەپ يۈرسەڭمۇ، ئىچىڭدىكىنى ھۆپۈپتەك بىر يولىلا سىپىستىۋەتمەپسەن. ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ئۈمىدى يەردە قالمىدى، ئاداش. مۇبارەك بولسۇن، سەن ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن، خۇدابەردى. ياخشى كۈنلەر قۇچاق ئېچىپتۇ. بىرەر ئەمەلگە تەيىنلىنىپ قالساڭ، بىزدەك قوڭالتاقلارنى ئۇنتۇپ قالمىغىن.
— سېنىڭ نەتىجەڭمۇ تۆۋەن ئەمەس ئىكەنغۇ؟ — دېدى خۇدابەردى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، — بەلكىم بىز يەنە بىر ئورۇندا ئىشلەپ قېلىشىمىز مۇمكىن. ھەي، ناۋادا تاشپولات تۇرسۇن ئارىمىزدا بولغان بولسا، بىزدىنمۇ يۇقىرى نومۇر ئالاتتى. ئۇ مەيلى بىلىم، مەيلى ئادىمىيلىك پەزىلەت جەھەتتە بولسۇن ھەممىمىزدىن ئۈستۈن تۇراتتى. مەن ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىمەن.
— بۇ ئالەمدىكى ھەرقانداق ئىش قانۇنىيەتنىڭ سىرتىدا بولمايدۇ، — شەمشىدىن ئۇنىڭ يەنە تاشپولاتنىڭ گېپىنى چىقارغىنىغا ئىچى پۇشقاندەك قولىنى سىلكىپ قويدى، — ئۇنىڭ پېشانىسىگە جاڭگالدا ئۆلۈمنى كۈتۈش پۈتۈلگەن بولسا، ئۇنى توسۇپ قېلىش سەن - بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ - دە. بولدى ئاداش، ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشۋەرمە. كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان ئەسلىمە ئىچىدە ياشاش ئادەمنى تەركىدۇنيا قىلىپ

قويدۇ. ئىشلار كەتتى، يوق بولدى، ئەمدى ئۆكۈنگەننىڭ پايدىسى يوق. ئاققان سۇلار كەينىگە يانمايدۇ، ئۆتكەن كۈنلەر قايتىلانمايدۇ. بىز ئەمدى كەينىمىزگە ئەمەس، ئالدىمىزغا قارىشىمىز لازىم.

— پات - پات كەينىگە قاراپ تۇرغانلىقىمۇ زىيىنى يوق، — دېدى خۇدابەردى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ چىرايى سەل ئۆڭگەن هالدا، — ئادەمنىڭ هاياتىدا كەينىگە قاراپ قويۇشى هېچبولمىسا ئەگرى بېسىلغان قەدىمىنى رۇسلىۋېلىشقا ئەسقېتىپ قالىدۇ. مەيلى سەن نېمە دېگىن، بۇ ماڭا بەرىبىر. قەلبىمدىكى تاشپولات تۇرسۇننىڭ ئوبرازىنى هېچقايسىڭلار ئۆچۈرۈپ تاشلىيالمايسىلەر. ئۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ سېغىنىشلىق ئەسلىمە. مەن ئۇنىڭ بىلەن خىيالەن سىرداشقان ۋاقتىمدا ئۆزۈمنى زېھنىم ئېچىلىپ قالغاندەكلا سېزىمەن، هەرگىزمۇ تەركىدۇنيا بولۇپ كەتكەندەك هېس قىلمايمەن.

شەمشىدىن سەن بىلەن تالاشمايمەن دېگەندەك قولىنى سىلكىپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايىدا خۇدابەردىگە نىسبەتەن هېچقانداق ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يېكەنلىك مەيداندا روي بېرىۋاتقان ئۆزگىرىشلەر ۋە مەيداندا قىن - قىنىغا پاتماي سەكرىشىپ يۈرگەن باللارغا قاراپ بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئىشقىلىپ ئاداش، بىزنىڭ يېكەنلىك مەيدانغا چۈشكىنىمىز تەقدىرنىڭ بىزگە قويغان بىر سورىقى بولۇپ قالدى. بىز بۇ يەردە جاپالىق ئەمگەككە قاتنىشىپ نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەنگەن بولساقمۇ، زېھنىمىز بەكلا خوراپ كەتتى. ئويلاپ باقسام، مەكتەپتىكى ئوقۇشقا هېچ نەرسە يەتمەيدىكەن.

— دېگىنىڭ توغرا، شەمشىدىن، — دېدى خۇدابەردى ئىچ - ئىچىدىن چىقىرىپ ئۇھ تارتىپ، — ئەسلىدە مېنىڭمۇ قايتا تەربىيىگە چۈشمەي ئوقۇش خىيالىم بار ئىدى. بىراق، هەممىڭلار ماشىنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مەيدەڭلەرگە قىزىل گۈل تاقاپ تويغا

ماڭغاندەك جابدۇنۇپ يېزىغا ئاتلاندىڭلار. بىزنىڭ شۇنداق ياخشى، نۆۋەر چاغلىرىمىز يېكەنلىكىنىڭ بوزلۇقلىرىغا يەم بولدى. مۇشۇ يەردە ئۆتكەن ئىككى يىللىق ھايات بىھۇدە ئاققان سۇدەك بىزگە قىلچىلىك نەپ بەرمىدى. بۇنىڭ دەردىنى بىر ئۆمۈر تارتىشىمىز مۇمكىن، — خۇدابەردى ئىختىيارسىز موخوركا ئوراشقا باشلىدى، — راستىنى دېسەم، شۇ چاغدا ھېچبولمىسا بىرەر ـ ئىككىڭلار ئوقۇيلى دېگەن بولساڭلار، بىرى مېنى ئالتۇن زەنجىردە باغلىسىمۇ بۇ يەرگە كەلمەيتتىم. مانا، كېچىكىپ بولسىمۇ پۈرسەت بىزگە قۇچاق ئاچتى. ناۋادا ماڭا يەنە قايتا ئوقۇش نېسىپ بولسا، مەن ئۇنى ھېچنېمىگە تېگىشمەيمەن. مېنىڭ ئوقۇش ئارزۇيۇم ھازىرغىچە بېسىلغىنى يوق. ئۆگەنگەن بىلىمنىڭ ھامان ئەسقاتىدىغانلىقىغا كۆز يۇمۇش ھاماقەتلىك.

شەمشىدىن توغرا دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

— يېڭى خىزمەت ئورنىمىزنىڭ ئۇقتۇرۇشى كېلىپ بولغۇ- چە «راكېتا»دىكى دوستلار بىلەن خوشلىشىۋالساقمىكىن دەيمەن، — دېدى شەمشىدىن پۈتىنىڭ ئۇچىدا يەرنى جىجاپ تۇرۇپ، — ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگىنىمىزگىمۇ خېلى ئۇزاق بوپتۇ. شەھەرگە كىرگەن ئوغرىدەك يېكەنلىكتىن جىممىدە قاچساق، خەقنىڭ كۈلكىسىگە قالىمىز.

خۇدابەردىنىڭ يەلكىسىدە بىردىنلا قۇرتلار مىغىلداشقاندەك سېزىم پەيدا بولدى. ئۇ قاشلىرىغا دەمدەك ئوسما قويغان گۈلقەلەمنىڭ ئۇزاق بارماقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئاشۇ قېتىم كىنو كۆرۈۋاتقان قىز بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ يەلكىسىنى سىلاپ، كۆڭلىدىكى يۈگۈرۈك تۇيغۇلىرىدىن بېشارەت بەرگەنىدى. خۇدابەردى ئاشۇ مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىردىنلا كۈلۈپ قويدى. قىزنىڭ ساددا ھەرىكەتلىرى يەنە تەكرارلىنىۋاتقاندەك ئىچىدە خۇدۇكسىرىدى. گۈلقەلەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىغا پاللىدە ئاپتاپ چۈشكەندەك كۆڭلى يورۇپ قالدى.

— ئۇلار بىلەن ياخشىراق خوشلاشماي بولمايدۇ، — دېدى خۇدابەردى شەمشىدىندىن كۆزلىرىنى قاچۇرغان هالدا، — ئۇلار يامان چاغدا بىزگە دوستلۇق قولىنى سۇنۇپ، بۇ يەردىكى زېرىكىشلىك كۈنلىرىمىزگە يېڭى مەنە بېغىشلىغان. شۇڭا، خوشلىشىپلا قالماي ئوبدانراق رەھمەتمۇ ئېيتىشىمىز كېرەك. سېنىڭچە، بىز «راكېتا»غا بارىمىزمۇ ياكى ئۇلارنى بۇ يەرگە چاقىرىپ كېلەمىزمۇ؟

— «راكېتا»غا بارساقمىكىن، — دېدى شەمشىدىن خۇددى هازىرلا يولغا چىقىشقا تەمشەلگەندەك قىمىرلاپ قويۇپ، — ئاشۇ قېتىم ئۇلار بۇ يەرگە كەلگەندە نەجمىدىنگە ۋەدە بەرگەنمەن. بىزنىڭمۇ ئۇ يەرگە ئۆتىدىغان يولىمىز بار. بىز ماڭماقچى، يېقىنلىككە كېلىپ ئۈزىتىپ قويۇڭلار، دېگەندەك ئىش قىلساق بولماس.

— بوپتۇ ئەمىسە، «راكېتا»غا بارايلى، — خۇدابەردى بېشىنى لىڭشىتتى، — بۇ ئىشنى يەنە كەينىگە سۈرۈشنىڭ هاجىتى يوق. كېچىككەن ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى قۇم باسىدىكەن. مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە بېرىپ كېلەيلى.

ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى.

## 33

«راكېتا» ئۇلار دەسلەپ كەلگەن چاغدىكىدىن هېچقانچە ئۆزگەرمىگەندى. كۈز كېلىش بىلەن تەڭ يول بويلىرىدىكى جىگدىلەر بىراقلا قىزىرىپ، خۇددى مارجان ئېسىپ قويغاندەك غۇچچىدە ساڭگىلاپ تۇراتتى. سارغايغان ياپراقلار كۈز شامىلىدا لەرزان چايقىلىپ، ئاستا - ئاستا تۆكۈلمەكتە ئىدى. بوزارغان داللاردا قويۇن كېزىپ يۈرەتتى. بېغىشى پىشقان قومۇشلار ئورۇۋېلىنغان، چەللىلەرگە ئېلىنغان پىچان دۆۋىسى ئارىسىدىن

قۇشقاچلارنىڭ ۋىچىرلاشقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. غازاڭ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن باغلارنىڭ بۇزۇلغان چىتلاقلىرىغا ياماشقان چىڭگىلىكلەر ئاللىقاچان قۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ سامان غوللىرى قۇم دۆڭلىرىنىڭ يانباغىرلىرىدىن چىقىپ تۇرغان يۇلغۇن كۆتەكلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى. غېرىبانە باغلار، يالىڭاچلانغان دەرەخلەر، سۇۋاقلىرى ئاجراپ بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان كونا ئۆيلەر ئەتراپىدىن پاختەكنىڭ گۇگۇلىغىنى ئاڭلىنىپ، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تېخىمۇ يېرىم قىلاتتى. كەچ كىرىش بىلەن تەڭ يوغان تاغارلىرىنى يۇدۇشكىنىچە ئېتىزدىن قايتقان دېھقانلارنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر ھارغىنلىق ئەكس ئېتەتتى. ئۇلارنىڭ سارغايغان يۈزلىرىمۇ كۈزنىڭ شەپىسىنى سەزگەن دالانىڭ سىياقىغا كىرىپ قالغانىدى.

شەمشىدىن بىلەن خۇدابەردى ئوبۇلتالىپ بىلەن دىلمۇراتنى ئەگەشتۈرگىنىچە يىلان باغرى سوزۇلغان توپىلىق يوللاردا كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار مەھەللىگە كىرگەندىن كېيىن نەجمىدىننىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ قەدىمىنى تېزلەتتى. گۇلقەلەمنى ئويلىسىلا خۇدابەردىنىڭ ھاياجاندىن بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلەتتى. ئۇنىڭ نەپىسى ھاۋا يېتىشمىگەندەك قىسىلغان بولۇپ، خۇددى ئىسسىق قۇمغا باغرىنى يېقىپ ياتقان كېلەردەك ئېغىزىنى يوغان ئاچقىنىچە ھاسىرايتتى.

ئۇلار نەجمىدىننىڭكىگە بارغاندا كۈن ئولتۇرغانىدى. بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتقان گۇگۇم پەردىسى ئىچىدە مورىسىدىن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئىس چىقىپ تۇرغان بۇ ئۆي يەنىمۇ كونىراپ، ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. شەمشىدىن ھويلا ئىشىكىنى تاراقلاتتى. ھايالشىمايلا نەجمىدىننىڭ ئايالى خانزادىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى

— كىم؟

— مەن، شەمشىدىن، — دېدى ئۇ ئايالنىڭ سوئالىغا جاۋا-بەن، — يېكەنلىك مەيداندىن سىلەرنى يوقلاپ كەلدۇق. نەجمىدىن

ئۆيدە بارمۇ؟

— ۋاي خۇدايىم، — ھويلىدىن ئايالنىڭ ئاۋازى كەلدى، — بار، بار، قېنى كىرىشسىلە، — ئۇ ھويلا ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ ئۆيگە قاراپ ۋارقىرىدى، — ھوي دادىسى، مېھمان كەلدى، تېز بولسىلا...

— بىمەھەل چاغدا كېلىپ سىلەرنى ئاۋارە قىلدۇقمۇ، نېمە؟ — دېدى شەمشىدىن ئايالنىڭ ھودۇقۇپ تۇرغان چىرايىغا مۇنداقلا بىر قاراپ قويۇپ، — تازا يامان چاغدا پەيزىڭلارنى بۇزغان ئوخشىمامدۇق؟

— توۋا دېسىلە، — ئايال پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى، — توخۇ قونداقتا چىقماستا نەدىكى پەيزى ئىكەن ئۇ؟ شۇ قىلغىلى قىلىق تاپالماي، بىكارچىلىقتا زېرىكىپ ئولتۇرغان گەپ ئۆزى...

— كىمۇ، قىلغىلى قىلىق تاپالمىغان؟ — نەجمىدىن شۇنداق دېگىنىچە ئۆيدىن چىقتى ۋە شەمشىدىنلەرنى كۆرۈپ بىردىنلا تىزىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كەتتى، — ۋاي - ۋۇي، زامان ئاخىرى بولدىمۇ، نېمە؟ كىمنى ئويلىسا شۇ پەيدا بولۇۋاتىدۇغۇ مۇشۇ كۈندە. بارمۇ سىلەر، ھوي باللا؟ تېخى ھازىرلا سىلەرنى ياد ئېتىپ ئولتۇرغانىدىم، ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ھويلامدا تۇرىسىلەرغۇ ئەمدى؟ قېنى كېلىڭلار، سىلەرنى ئوبدانراق بىر كۆرۈۋالايچۇ مەن، — ئۇ شۇنداق دېگىنىچە غۇلىچىنى ئېچىپ ھەممەيلەن بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، — بارمۇ سىلەر ھوي، ئىنەك قوغلاپ كەتكەن بۇقىدەك كۆرۈنمەيلا كەتتىڭلارغۇ؟ ھەرنېمە بولسا «راكېتا»نىڭ يولىنى تېپىپ كەپسىلەر، بېشىڭلاردىن ياغاچ ئۈشتۈۋېتەيمۇ قانداق؟

— ئۆزۈڭلىچۇ؟ بىز ئىنەك قوغلاپ كەتكەندە سىلى نەدە قالغان؟ — دېدى شەمشىدىن كۈلۈپ تۇرۇپ، — يېكەنلىك مەيداندا ئاداۋەتىڭلار باردەك، بىر كەتكەنچە قايتا ئاياغ بېسىپمۇ قويمىدىڭلار. مانا، سىلەر بارمىغان بىلەن بىز كەلدۇق، قانداق، بىئەپ ئەمەستۇ؟

— نېمىسى بىئەپ بولىدۇ؟ تازا ۋاقتىدا كەلدىڭلار، — دېدى نەجمىدىن ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ، — سەللا كىچىككەن بولساڭلار ماۋۇ شەيتان نەسلى مېنى ئازدۇرۇپ كېتەتتى. ئەتىدىن بېرى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، بەز سېغىنغان مۈشۈكتەك مىياڭلاپ، سۈۋۈنۈپ يۈرۈپ بېشىمنى ئوچاق قىلدىغۇ بۇ خوتۇن. «بىر خوتۇن مىڭ دۆگە تېتىيدۇ». دېگەن راست گەپ ئىكەن، تازا ۋاقتىدا كەلگەن ياردەمچى قوشۇندەك جانغا بىر ئەسقاتتىڭلارغۇ بۇگۈن...

— هەي - هەي، ئادەم بار يەردە تولا ئېشىۋالمىسىلا، — دېدى ئايالمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆي ئالدىغا كەلگەن ئابدالغىمۇ بىر نان بەرسەم كېتەتتى. بىراق، بىر نانغا شۈكۈر قىلمايدىغان، ئەتىدىن كەچكىچە قورساق غېمىدىلا يۈرىدىغان سىلىدەك ئىنسابسىز ئابدالنى كۆرمەپتىكەنمەن. ئەمدى «سەن تاز دېگۈچە مەن دەۋالاي» دېگەندەك، يېكەنلىكتىن كەلگەن دوستلىرى ئالدىدا ئۆزلىرىنى ئاشۇرۇپ، ئەنقا تۇخۇمىدەك ئەتىۋار قىلامدىلا؟ ئەتىدىن بېرى قېرى خورازدەك بازغىپ، جۇگۇ - جۇگۇ دېگەن كىم ئۆزى...

— ئەنقا تۇخۇمىدەك ئەتىۋار بولمىسام، ئاناڭلىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرماي نېمە بار بۇ يەردە سىلىگە؟ — دېدى نەجمىدىن خىر - خىر كۈلۈپ قويۇپ، — بولدى خوتۇن، ئەمدى تولا ئەزۋەيلىمەي قازىنىڭلىغا قاراڭلا، هە راست، توختى بىلەن جامالغىمۇ هوشت دەۋەتسەك بولاتتى. دېسەم - دېمىسەم ئۇلارمۇ خوتۇنلىرى ئېتىپ بەرگەن شۈڭگۈتماقنى ئىچكۈسى كەلمەي، بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرغاندۇ بۇ چاغقا.

— شۈڭگۈتماقنىڭمۇ بولغىنى ياخشى، — دېدى چوكان قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — كامىنا ۋاقتىدا بىر قاچا شۈڭگۈتماق بولسىدى، كوپىراتسىيىنىڭ قازىنىنى قىرىمەن دەپ ئوچاققا چۈشۈپ كېتىپ پېشانىسىگە ئەن سېلىپ يۈرمەستى ئۇ دوقا ماڭلاي؟ قانداق؟ ئايال كىشى دېگەن بارغۇ هەرقايسىلىرىدەك تەلپىكىدە تورغاي ئۇۋۇلايدىغان بوز يىگىتلەر تېپىپ بەرگەننى ئېتىمىز. تولا يوغان گەپ قىلىپ، قوۋۇرغامنى ئەگمىسىلە

مېنىڭ.

— ۋاي بولدى، — دېدى نەجمىدىن پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇرۇپ، — زادى خوتۇن ئالغاندا نېمىدە ئېغىزلاندۇرغىنىنى بىر سوراپ كۆرگۈلۈك ئىكەن، ئاغىنىلەر. مەندىن سىلەرگە پەندىيات، بىر ئېغىز گەپكە سېغىزغاندەك شاراقلاپ ئون ئېغىز جاۋاب قىلىدىغان بۇنداق خوتۇندىن ھەزەر ئەيلەڭلار جۇمۇ. قېينانام دېگەن ساراڭ قۇشقاچ پوقىدا ئېغىزلاندۇرۇپىمىدىكىن بۇ خوتۇننى؟

— ناۋاتتا دېسىلە، ناۋاتتا، — چوكان مەيدىسىگە چۈشۈۋالغان بىر ئۆرۈمە چېچىنى شوخلۇق بىلەن كەينىگە ئاتتى، — ئانىكام ناۋاتتا ئېغىزلاندۇرغاچ، مەنمۇ ناۋاتتەك تاتلىق ئەمەسمۇ؟ بولمىسا سىلىدەك خوتۇن بىدىكىنىڭ قولىدا شۇنچە ئۇزاق تۇرۇپ قالامدىم مەن؟ بىلمەس بولۇۋالمىسىلا جۇمۇ، سەن پاتقۇدەك چەينەك بولسا، ناۋات ئورنىدا دەملەپ ئىچسەم، دېگەنلىرى يادىلىرىدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

— خوتۇن كىشىنىڭ ئېغىزى ئېچىلىپ قالغاندا ئون ماتا چەكمەنمۇ ياماق بولالماس دېگەن شۇدە، — نەجمىدىن خوتۇنغا گەپتە تەڭ كېلەلمەي قىزارغىنىچە گەدىنىنى قاشلىدى، — مۆرىمەس كالىدىن يىغلاڭغۇ بالا ياخشى دېگەنىدەك، بەزىدە خوتۇن دېگەننىڭ مۇشۇنداق ئاز - تولا شاراق - شۇرۇقى بولمىسىمۇ كۆڭۈل ئېچىلمايدۇ. بوپتۇ خوتۇن، سىلى ناۋاتتىنمۇ تاتلىق، ھەسەلدىنمۇ شېرىن، بولدىمۇ؟ ئەمدى تولا نايناقلىماي قازانغا قاراپ بېقىڭلا. ئى سامانلىقتىكى قارا مېكىياننىڭ ماڭا ئاتاپ قويغان تۇخۇمىدىن بولسا غاچچىدە قورۇپ بېرىڭلا. يەنە ... قالغىنىنى ئۆزۈڭلا بىلىسىلىغۇ؟ مۇشۇنداق يېرىڭلىنى دېمىسەم، ئېتىز قىغلىغلى سەھرا دېگەندە ئوغۇت كەم ئەمەس.

چوكان ئۆي بىلەن قازناق ئارىسىدا پالاقلاپ يۈرۈپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. قازناقتىن چۆمۈچنىڭ قازانغا تەگكەندىكى تاراڭ - تۇرۇڭلىرى ۋە ئايالنىڭ تۇتۇن يەپ قېقىلىپ يۆتەلگەن ئاۋازى

ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر پەستە ئۆي ئىچىنى كەندىر يىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى بىر ئالدى. ئايال كۆزىدىن ئاققان ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە سۇپىغا داستىخان سالدى.

دەل شۇ چاغدا ئىشىك تاراقلاپ ئېچىلىپ، قانداقتۇر بىر ناخشىغا غىڭشىغىنىچە گۈلقەلەم كىرىپ كەلدى. كېپىنەك قوغلاپ يۈرگەن ئارسلاندەك شوخ بۇ قىز سۇپىدا باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان شەمشىدىنلەرنى كۆرۈپ، ھودۇقىنىدىن قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇ سۇپىدىكىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ، بولۇڭدا ئولتۇرغان خۇدابەردىنى كۆردى ـ دە، بىردىنلا قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.

— ۋاي خۇدايىم، — دېدى ئۇ ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە، — ھېچبىر شەپە چىقارماي، كاتەكنىڭ ئالدىدا كەپتەر مارىغان مولۇندەك ئولتۇرغىنىنى ماۋۇ ئادەملەرنىڭ؟ ئىزادىن ئۆلەي دېدىمغۇ مەن... — ئۇ قازناققا قاراپ ئۆزىنى ئاتتى.

— كاساپەتنىڭ خۇلقىنىزە، — دېدى نەجمىدىن خىرىلداپ كۈلۈپ، — قانداقراق ئادەمنىڭ قولىغا چۈشەركىن بۇ مېكىجىن؟ خېلى ـ خېلى يەرلەردىن كەلگەن ئەلچىلەرنى قۇرۇق قول ياندۇردى. مانا ئەمدى بۇ يەردە ئەركىلەپ، شاش بايتالدەك ئويناقشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئاچىسىنى قويۇپ بېرىپ، سىڭلىسىنى ئالاي دېسە تېخى بولمىغان...

— نىيەتنى يامان قىلمايلى، نەجمىدىنئاخۇن، — دېدى شەمشىدىن ئۇنىڭغا موخوركا سۇنۇۋېتىپ، — «نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك» دېگەن گەپ بار. ئالىمادىس قازاندىن چاتاق چىقسا، خارلىقتا قالىدىغىنى قورساق. ئەر كىشى دېگەن قورساقتىن ئايرىلىپ قالسا، سامان قاچىلايدىغان كۆشۈكتىن پەرقسىز بولۇپ قالىدۇ.

— ۋاي شۇ قىزىقچىلىق ئۈچۈن دېيىلگەن گەپلەرغۇ بۇ؟ — دېدى نەجمىدىنمۇ تىزىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — ئانىسى بىلەن بالىسىنى ئايرىيالمايدىغان بوز ھاڭگا ئەمەسقۇ بىز؟ بەلەن

قىز بولدى بۇ گۇلقەلەم، نەرخىگە يەتمىگەن مالدەكلا قارا قورساق بىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتەرمۇ دەپ يۈرىكىم سىۇ. راستىنى دېسەم، بۇ قىز ئاچىسىغا قارىغاندا ئوبدانلا تۈزۈك.

— هاي، هاي، غەيۋەت قىلمايلى، — قازناقتىن چوكاننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

بىرپەستىن كېيىن پىياز كۆيدۈرۈپ، تۇخۇم چېكىپ ئەتكەن سۇيۇق ئاش داستىخانغا تارتىلدى. ئاچىسىغا ياردەملىشىپ ئاش توشۇۋاتقان قىزنىڭ يۈزى تېخىچە شەلپەردەك قىزىرىپ تۇراتتى.

— هەرقايسىلىرىنىڭ كېلىشىنى بىلمەي تەييارلىقسىز قالغانىكەنمىز، — دېدى چوكان ئۆزرە ئېيتىپ، — قازاننى شۇنچە تاراڭلىتىپ يۇرۇپ ئەتكىنى ئارانلا سۇيۇقئاش ئىكەن، دەپ قېلىشمىسىلا. مەن يەنە...

— بولدى كايىماڭ، ئەسلىدە بۇنچە كەچ كېلىپ سىلەرنى ئاۋارە قىلمىساقمۇ بولاتتى، لېكىن يەنىلا كۆڭۈل تارتىپ كېلىپ قالدۇق. بىر قاچا سوغۇق سۇ بولسىمۇ سىلەردىن رەنجىشمىز يوق. ئەمدى ئارام ئېلىڭ. هېلىمۇ بىرمۇنچە كايىپسىز.

— ئەمدى سىلى غاچچىدە بېرىپ جامال بىلەن توختىنى چاقىرىپ كېلىڭلا، — دېدى نەجمىدىن ئايالىغا قاراپ، — يېكەنلىكتىكى بۇرادەرلەر كەپتۇ دېسەڭلا، قالغىنىنى ئۆزلىرى بىلىدۇ. كېچىچە ئولتۇرىمىز، تەمبۇر - دۇتارلىرىنى ئالغاچ كەلسۇن.

— ماقۇل، — ئايال شۇنداق دېگىنىچە سىرتقا ماڭدى. سۇپىدا ئولتۇرغانلار قاچىلىرىنى ئالدىغا تارتىپ، ئاشقا تۇتۇش قىلدى.

— گۇلقەلەم، — دەپ چاقىردى نەجمىدىن قازناققا قاراپ، — ماۋۇ ئاكىلىرىڭىزغا سوۋۇتقۇ ئەكېلىڭ. ئاش بەك قىزىق ئىكەن.

گۇلقەلەم ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەكلا، يۇيۇپ پارقىرىتىۋېتىلگەن بىرنەچچە پىيالىنى كۆتۈرۈپ قازناقتىن چىقتى. ئۇ هەممەيلەنگە ئېگىشىپ تۇرۇپ بىردىن پىيالىنى سۇندى. نۆۋەت خۇدابەردىگە كەلگەندە ئۇ پىسسىڭىدە كۈلۈپ

قويدى. قىزنىڭ كۈلكىسىدىن ھودۇقۇپ كەتكەن خۇدابەردى ئۇ سۇنغان پىيالىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتكىلى تاسلا قالدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — سورىدى شەمشىدىن ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — قېيىنانىسىنىڭ ئالدىدا يەل قويۇۋېتىپ، ئۇياتقا قالغان يېڭى كېلىندەك ئەجەب تەمتىرەپ كېتىۋاتىسەنغۇ؟ بىرەر ئىش بولمىغاندۇ؟

— ھېچ ئىش يوق، — دېدى خۇدابەردىمۇ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ تۇرۇپ، — شۇ چىنىنى ئوبدان تۇتالماي...

— سېنىڭ ئوبدان تۇتالمىغان نەرسىلىرىڭ خېلى بار، — شەمشىدىن پىچىرلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭ يۈزىگە ئاخىر سالدى، — مەن ساڭا بۇرۇنلا دېگەن، كۆمسەم پىشارمۇ، ياپسامۇ دەپ يۈرسەڭ، باشقىلار سەندىن چاققان چىقىپ كېتىدۇ دەپ. شۇنداق ئوبدان بىر قىزنى قولدىن چىقىرىپ قويدۇڭ. سېنىڭ ئاشۇنداق لىڭتاسىملىق قىلىدىغانلىقىڭنى بۇرۇنراق بىلگەن بولسام، سېنى ئاياپ ئولتۇرماستىن، تۆمۈرنى قىزىقىدا ئۆزۈم سوقاتتىم. ئىشقىلىپ، سەن ئايجامالغا يۈز كېلەلمەيسەن، ئاداش. ئەمدىلىكتە چىنىنى بولسىمۇ چىڭراق تۇت. شۇ نەرسە ئېسىڭدە بولسۇنكى، چىنە چۈشۈپ كەتسە سۇنىدۇ. بىر چىنىنىڭغۇ كارايىتى چاغلىق، بىراق دەز كېتىدىغىنى چىنە بولماستىن قىزنىڭ نازۇك كۆڭلى بولۇپ قالسا، ئىش چاتاق.

— نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — سورىدى ئوبۇلتالىپ ئالىقىنى بىلەن ئېگىكىگە ساقىپ چۈشكەن ئاش سۈيىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— بىزنىڭ نېمە دېيىشىمىزنىڭ سەن بىلەن ئالاقىسى يوق، — دېدى شەمشىدىن قوپاللىق بىلەن، — ساقىلىڭغا تۆكۈلۈپ يۈرمەي ئېشىڭنى ئىچىۋەرمەمسەن؟ بولدى خۇدابەردى، سەنمۇ قورسىقىڭنى تېزرەك ئەستەرلە. سۇيۇقئاش سوۋۇپ قالسا، ھەممىدىن قۇرۇق قالغان يىگىتتەك تەمىدىن كېتىدۇ. ئۇنى قىزىقىدا ئىچسە ئاندىن تېتىيدۇ. قېنى، چاققان بول، ئېشىڭنى سوۋۇتۇپ قويما...

خۇدابەردى ئۇنىڭ زەي قامچىدەك تېگىۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ يەرگە قارىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇڭايسىزلانغىنىدىن قوشۇقنىمۇ تۇتالماي قالغانىدى. شەمشىدىن جەينىكى بىلەن ئۇنى ئاستا نوقۇدى. ئۇ شەمشىدىنگە قاراپ سوغۇق كۈلۈمسىرىدى ۋە لام - جىم دېمەستىن، ياغاچ قوشۇقنى ئېلىپ ئاش ئىچىشكە تۇتۇندى. دەل شۇ چاغدا تەمبۇر - دۇتار ۋە بىر باك مەيزابىنى كۆتۈرگەن جامال بىلەن توختى ئۆيگە كىردى. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن بىر ئاز رەنجىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— نېمە قىلغىنىڭلار بۇ ؟ — دېدى جامال گۇر - گۇر گۇركىرەپ، — ئادەمنى مۇشۇنداقمۇ ئوسال قىلامسىلەر؟ بۇگۈن كېلىدىغان ئادەم ھېچ بولمىسا تۇنۇگۇنلەردىن بىر ھوشت دەۋەتمىگۇلۇكمۇ؟ كەچ بولغاندا ھېچ نەرسە تاپالماي ئابدۇل كاسكىنىڭ بىر خورىزىنى تۇتۇپ كەلدۇق. پەيلىرىنى چوڭقۇر كۆمۈۋەتمىسەك ئەتىلىككە ئۇ توخۇ پوقىدىن قۇتۇلمىقىمىزمۇ بىر گەپ بولىدۇ ئەمدى.

— نېمە؟ توخۇ ئوغرىلاپ كېلىشتىڭمۇ بۇ ئۆيگە؟ — نەجمىدىنىنىڭ قاپىقى ناسۋال قۇتىسىدەك ساڭگىلىدى، — ھەرنېمە قىلىشساڭ، تېزرەك بولۇش، ئابدۇل كاسكا ئەتىۋارلىق خورىزىنىڭ پەيلىرىنى بىزنىڭكىدە كۆرۈپ قالىدىغان بولسا ئىشنىڭ تۈگەشكىنى شۇ. قىلغۇلۇقنى سەنلەر قىلىپ، غۇسلىسىغا مەن قالماي يەنە...

— ئاللا خۇدايىم، نېمە كۈن بۇ ماڭا؟ كۆڭلىكىڭىزنىڭ ئېتىكى كەڭ بولغاندىكىن دەپ خورازنى قوينۇمغا تىقىپ قويۇشۇپ، غىد-قىلداپ زادى ئارام بەرمىدىغۇ بۇ پەسەندى، — نەجمىدىنىنىڭ ئايالى ئىشىكتىن قاقشىغان پېتى كىرىپ كەلدى.

— بوشراق، بوشراق، — دېدى جامال چوكاننىڭ ئېغىزىنى تۇتۇۋېلىپ، — خورازنىڭ غىتقىلدىشىدىن سىزنىڭ كاركىرىشىڭىز يامان چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، خانئاچا. پەسرەك گەپ قىلىڭ. بىزنى بالاغا تىقاي دەۋاتامسىز؟ ئابدۇل كاسكىنى بىلمەيدىغاندەك

كوتۇلداۋەرمەڭا، ھېلى بىكار بىر خوراز ئۈچۈن قىيامەت قايىم بولۇپ كېتىدۇ بۇ ئۆيدە.

— شۇنى بىلگەندىكىن، خەقنىڭ خورىزىغا قانات سۆرەشمىسەك بولمامدۇ؟ — دېدى نەجمىدىن ئۇلارنىڭ ئىشىغا يا كۈلۈشنى، يا يىغلاشنى بىلەلمەي، — تېخى بىزنىڭ خوتۇنىمۇ شالتاق قىلىپ، بۇ ئىشىڭغا چېتىشىۋاپسەن، ھەي پەسەندىلەر، ئۆتكەندە ئۇنىڭ بىر توخۇسىنى يەپ كەتكەن قاسىم كۈچۈكنىڭ قانداق كۈنگە قالغىنىنى بىلىشمەمسەن؟ ئادەم تېپىلمىغاندەك ئابدۇل كاسكىنىڭ خورىزىنى تۇتۇپ كەلگىنىڭلارنى كۆرمەمدىغان؟ يېكەنلىكىتىكى ئاغىنىلەرنىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ يۈزىنى قويمىدىڭلارغۇ مانا؟

— ۋاي - ۋۇي، توخۇ ئوغرىلاشقا كەلگەندە سەنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر تۈلكىغۇ؟ — دېدى توختى خىر - خىر كۈلگىنىچە، — بۈگۈنرە ئالدىمىزغا خوتۇنۇڭنى چىقىرىپ قويۇپ، ئۆزۈڭ خۇددى تەسۋى سىيرىپ ئولتۇرغان موللىدەك ئاق بالىخان بولۇۋالامسەن. تولا بىزنى ئەيىبلەۋەرمە. كونىلار: «گالدىن ئۆتكەن غەنىيمەت» دەپتىكەن. قېنى نەجمىدىن، نوچى بولساڭ بىزگە قارا بوراندەك گۈركىرەۋەرمەي ئاۋۇ ۋىتىلداق خوتۇنىڭغا ئوبدانراق تاپىلاپ قوي، خورازنى پاكىز يۇڭدىسۇن. ئۇ يەر - بۇ يېرىدىن تۈك چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ئەندامىسىغا چاپلاپ قويىمەن تازا...

شەمشىدىن بىلەن خۇدابەردى ھەيران بولغىنىچە بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. ئۇلارنىڭ كۆز بېقىشقىنىنى كۆرۈپ قالغان نەجمىدىن پوكاندەك قىزارغىنىچە ئورنىدىن تۇردى.

— بولار ئىش بوپتۇ، — دېدى ئۇ گەدىنىنى قاشلاپ تۇرۇپ، — ھەرقايسىڭلارنىڭ ئالدىدا سەت بولدى. بىراق، مەن ئەتىلا ئابدۇل كاسكىنى رازى قىلىپ، خورازنىڭ ھەققىنى ساقايتىۋېتىمەن. باشقىچە ئويلاپ قالماڭلار، ئەمدى ئاغىنىلەرمۇ سىلەرنى ياخشىراق كۈتۈشنىڭ غېمىدە مۇشۇ پوقنى يەپ ساپتۇ. بۇ ئىشنى گۈل گۈلگە كەلتۈرۈپ ئەتىلا ئوڭشىۋېتىمەن.

قازناق تەرەپتىن خورازنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ كاركىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ كىمدىندۇر مەدەت تىلەۋاتقاندەك چىرقىرىماقتا ئىدى.

ــ بولدى، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار! ــ دېدى خۇدابەردى بىردىنلا ئەقلىنى تېپىپ، ــ كۆڭلۇڭلار بىزگە تېگىل بولدى. ئەتە ـ ئاخشام راۋۇرۇس چىللاپ، «راكېتا»نى غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان بۇ خورازنى قاراپ تۇرۇپ نەپسىمىزگە ئۇرۇشقا چىدىمىدىم. ئۇنى ئۆلتۈرگەن تەقدىردىمۇ گالدىن ئۆتمەيدۇ. بولدى ئاغىنىلەر، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار.

ــ توغرا، ــ دېدى شەمشىدىنمۇ ئۇلارغا قاراپ، ــ بىز ھەرقاچانقىدەك نەغمە ـ ناۋالىرىمىز بىلەنمۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرالايمىزغۇ؟! بولدى، ئۇنى قويۇۋېتىڭلار. بىز خوراز گۆشىگە ئېغىز تەگكەندەك بولدۇق. داستىخاندا بىر زاغرا بولسىمۇ زاكۇسكىغا يېتىدۇ. ئارتۇقچە جوۋاشنىڭ ھاجىتى يوق.

نەجمىدىن ئۇلارنىڭ چىرايىدىكى قەتئىيلىكنى كۆرۈپ سەل ئوڭايسىزلانغان ھالدا قازناققا قاراپ ۋارقىرىدى:

ــ بولدى، ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئاستا ئاپىرىپ شەپە چىقارماي قوندىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇڭلار. ھېچكىم تۇيمىسۇن.

ــ ئەمدى ئۇنى كىم تۇتقان بولسا، شۇ ئاپىرىپ قويسۇن، ــ دېدى نەجمىدىننىڭ ئايالى ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا، ــ شۇ چاغقىچە بىرىنىڭ بىر باش چامغۇرىغا قارا سانىغان ئادەم ئەمەس ئىدىم. قورقۇپ جېنىم چىقتى دېسە. ئوغرىلىق دېگەن ئادەمنى مۇشۇنداق دەككە ـ دۈككىگە سالىدىغان ئىش بولسا، ئاچ قېلىپ ئۆلسەم رازىمەنكى، خەقنىڭ بىر تال جىگدىسىنى ئالماسمەنا...

ــ ئەستا، قىزىقچىلىقنىڭ كەينىگە كىرىپ قىلغان ئىشقۇ بۇ، ــ توختى خورازنى قولتۇقىغا قىسىپ غودۇرۇغىنىچە قازناقتىن چىقىپ كەلدى، ــ ئەمدى ئاغىنىلەر، بۇ بىرنېمىنى قونداقنىڭ يېنىدا كاركىرىتىپ يۈرگۈچە جىممىدە يەۋەتسەك بولمامدۇ؟ ئۇنى جىم تۇر دېسە يا ئاڭلىمىغان. بۇ ھارامزادىنىڭ

غەلۋىسىدىن ئابدۇل كاسكا تۇيۇپ قالىدىغان بولسا ئىشىنىڭ ئوخشىغىنى شۇ. ئۇ قارا تايغاننىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ.

— بولدى، سەنمۇ كاسكىلاپ تۇرماي مېھمانلار قويۇۋەت دېگەندىكىن، ئاستاغىنا ئاپىرىپ قوي، بەك كاركىراپ كەتسە قونداقنىڭ يېنىدىلا قويۇۋەتسەڭ بولمامدىمۇ؟ شاققىدە تاشلاپ قويۇپ، ئالدى ـ ئارقاڭغا قارىماي يۈگۈرۈپ كەلسەڭ، ھېچ ئىش چىقمايدۇ.

— ھە راست، بىرى پىشۇرۇپ قويغاندەك ئۇدۇل بۇ يەرگە يۈگۈرمەي، ئىزنى باشقا ياققا سېلىپ قويارسەن...

توختى نەجمىدىنگە يالۋۇرغاندەك قاراپ قويۇپ ئاستا سىرتقا ماڭدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ قىزارغان ھالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. توختىنىڭ شۇ تاپتىكى تۇرقىدىن بىر خىل خىجىللىق ھېسسىياتى چىقىپ تۇراتتى.

— سەت ئىش بولدى، — دېدى ئۇ يەرگە قاراپ تۇرۇپ، — شۇ كەمگىچە بىر كىمنىڭ يىپ ـ يىڭنە چاغلىق نەرسىسىگە قول ئۇزىتىپ باقمىغانىدىم. بۈگۈن نېمە بولدى، ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، ئابدۇل كاسكىنىڭ چىتلىقى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئۇ بىرنېمىنىڭ كاركىرىغىنى ئېسىمدە، قارىسام، بىردەمدىلا خوراز قولۇمغا چىقىپ قاپتۇ. مېنى پىشقان ئوغرىمىكىن دەپ قالماڭلار، ئوغرىنى كۆرسەممۇ يىراق قاچىدىغىنىدىن ئىدىم. بۈگۈن داستىخاننى بىر ئوينىتاي دەپ ئالدىڭلاردا سەت ئىش قىلىپ قويدۇم.

— ۋاي بولدى، ياش چېغىدا گۇناھ دېگەننى يەتكۈچە قىلىپ، قېرىغاندا جاينامازدىن چۈشمىگەن بۇۋى خېنىمدەك ئۆزۈڭنى ئاقلاپ يۈرمەي سۇپىغا چىقە، ئاداش، — دېدى جامال ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، — ھاي دېسەممۇ قۇلىقىڭغا كىرمىدى. ئەمدى بولغۇلۇق بولۇپ بولغاندا، مىڭنى تىل چاينىغىنىڭ بىلەن ھەممىسى بىكار. قېنى بۇ ياققا ئۆت. سورۇننى باشلايمىز.

توختى بېشىنى ساڭگىلاتقان ھالدا سۇپىغا چىقىپ،

نەجمىدىننىڭ يېنىغا چۆكتى.

— شۇنداق قىلىپ، سورۇننى ئاددىيلا باشلىۋالىدىغان بولدۇق، — دېدى نەجمىدىن پىيالىلەرگە مەيزاب قۇيغاندىن كېيىن، — قانداقلا بولسۇن، بىزنى ياد ئېتىپ «راكېتا»غا كەلگىنىڭلارغا رەھمەت. بىرەر پىيالىدىن ئىچكەچ تۇرايلى، ئۆيدە بىر نەچچە توپ ئاق تورۇپ بار، خوتۇن ئۇنى قازاندا ئۇتلەپ سەي قىلىپ بېرىدۇ. ئەتىدىن كەچكىچە ئىشەكنىڭ ئۇنى بىسىقمايدىغان بۇ قارغىش تەگكۇر يەردە بار - يوقنىڭ ھەممىسى شۇ. ئاددىي كۆرمىگەيسىلەر.

— بولدى، بولدى، تېخى بۇگۇن تونۇشقان ئەل - ئاغىنىلەر بولمىغاندىكىن، بەك تۇزۇت قىلىپ كېتىشمەيلى، — دېدى شەمشىدىن پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، — مۇشۇنداق كەچتە تەرەپپاللا كېلىپ سىلەرنى ئاۋارە قىلغىنىمىزنى كەچۈرگەيسىلەر. بىز كېتىدىغان بولدۇق. يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى سىلەر بىلەن خوشلاشماي مېڭىشقا كۆڭلىمىز ئۇنىمىدى. شۇڭا، ئاتايىن سىلەرنى يوقلاپ كەلدۇق.

— نېمە؟ كېتىمىز؟ — نەجمىدىن بىلەن جامال تەڭلا سوراشتى، — نەگە كېتىدىكەنسىلەر؟ بۇ راستمۇ؟

— نەگە بېرىشىمىز تېخى ئېنىق ئەمەس، — شەمشىدىن پىيالىدە چايقىلىپ تۇرغان ئاتىنىڭ قېنىدەك مەيزابقا تىكىلگىنىچە پەس ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە ئۇقتۇرۇش كېلىشى مۇمكىن. ئېھتىمال ئېلىۋېدى، بىز ئۆتۈپتۇق. كادىر بولغۇدەكمىز.

— ياخشى گەپ ئىكەنغۇ، — دېدى نەجمىدىن قولىدىكى پىيالىنى شەمشىدىننىڭ قولىدىكىگە يېنىك تەگكۈزۈپ قويۇپ، — مۇبارەك بولسۇن، «كادىر بولساڭ گىردە يەيسەن، دېھقان بولساڭ جىگدە» دەپتىكەن. خۇدا ئۇرغۇر زاغرىنى بىزگىلا قويۇپ بېرىڭلار ئاغىنىلەر، ھەرنېمە بولسا كەتمەن بىلەن تاغاردىن قۇتۇلۇپسىلەر. سىلەر ئۈچۈن خۇشال بولۇۋاتىمەن. قېنى ئەمىسە، ھەممەيلەننىڭ

ئايلىقنى جىق ئالىدىغان كادىر بولۇشى ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.

پىيالىلەر يېنىك جىرىڭشىدى. شەمشىدىن ئارتۇق بىر نەرسە دېمەستىن پىيالىنى گۈپپىدە كۆتۈرۈۋەتتى.

— شۇنداق قىلىپ، كېتىدىكەنسىلەر - دە، — دېدى نەجمىدىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويۇپ، — ھەرقايسىڭلار بىلەن كۆنۈشۈپ قاپتىكەنمىز. بىر قاچا ئۇماچ تاپساقمۇ سىقىناتتۇق. بىراق، كادىر بولغىنىڭلار ياخشى بوپتۇ. ئېتىمىز - ئېرىقنىڭ مۇشەققىتى دېگەن خۇيى ئەسكى خوتۇندەك تۇيدۇرمايلا جاننى ئالىدىغان نەرسە ئىكەن. مانا، بىزنى ئوتتۇزغا كىردى دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ. ساقالنى بىرلا قويۇۋېتىدىغان بولساق، ئۆتۈكنىڭ قونچىغا ئۇسۇرۇپ، ساقالغا تۈكۈرۈپ يۈرگەن بوۋاينىڭ نەق ئۆزى بولىمىز، ئاغىنىلەر. ھەي، بىزدەك رىزقىنى توپىدىن تېپىپ يەيدىغان ئادەمنىڭ كۈنىدىن داڭگال تاتىلاپ يۈرگەن توخۇنىڭ كۈنى ياخشىراق.

ئەمدى نۆۋەت خۇدابەردى بىلەن جامالغا كەلگەنىدى.

— ھەرقانچە يوغان باشلىق بولۇپ كەتسەڭلەرمۇ «راكېتا»نى، بىزدەك توخۇ ئوغرىلىرىنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، — دېدى ئۇ پىيالىسىنى خۇدابەردىنىڭ پىيالىسىگە سوقۇپ تۇرۇپ، — يامان كۈندە تونۇشقان بۇرادەرلەر ئىدۇق، ئايرىلىش تەس كېلىۋاتىدۇ. ئاللا نېسىپ ئەتسە يەنە كۆرۈشۈپ تۇرارمىز. قېنى خوشە...

خۇدابەردىنىڭ كۆڭلى يەنە بىر قېتىم تاش چۈشكەن كۆل سۈيىدەك چايقىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قۇملۇقنىڭ بىر يېرىدە بويىنىنى قىسىپ ئولتۇرغان تاشپولات تۇرسۇننىڭ مىسكىن چىرايى پەيدا بولغانىدى. ئۇ يوغان پىيالىنى كۆتۈرۈپلا كۆزلىرىدىن تاشاي دەپ قالغان ياشلىرىنى توسۇۋالدى.

— نېمە گەپ بۇ؟ — قازناقتىن بىر تەخسە تۇرۇپ قورۇمىسىنى كۆتۈرۈپ چىققان چوكان ھەممەيلەننىڭ چىرايىدىكى مەيۈسلۈكنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىچە سورىدى، — ئەتە قىيامەت بولىدىغاندەك دېمىڭلار ئىچىڭلىگە چۈشۈپ كېتىپتۇ يا؟

— قىيامەت راستلا قايىم بولۇۋاتىدۇ، — دېدى توختى چوكانغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، بىراق ئۇنىڭ كۈلكىسى بەكمۇ سوغۇق، مەنىسىز كۆرۈنەتتى، — بۇلار مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە يېكەنلىكتىن كېتىدىكەن، كادىر بولغۇدەك. ئەل - ئاغىنىلەردىن ئايرىلىش ھەممەيلەنگە تەس كېلىۋاتىدۇ.

— كادىر دېگەننىڭغۇ ئەزەلدىن بىر يەردە قوڭى ئىسسىمايدۇ، — دېدى چوكان ئۇلارغا قاراپ مەڭدەپ بىر ئاز تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، — بولۇپمۇ مەن ھەرەمنىڭ خورمىسىدەك ئەتىۋار بۇ يىگىتلەرنىڭ مۇشۇ يەردە مەڭگۈ يىلتىز تارتىشىغا ئىشەنمەيتتىم. شەھەرلىك دېگەن سەھرايى قىيامەتكە باغلاپ قويسا تۇرۇۋېرىدىغان كوپىراتسىيىنىڭ چىچقاق كالىسى ئەمەس. پاشا - چىۋىن ئازراقلا خاپا قىلسا، قۇيرۇقىنى ئەلەم تىكلەپ كېتىۋېرىدۇ.

— ئىشەنسەڭمۇ، ئىشەنمىسەڭمۇ ساڭا نېمە پايدا؟ — تېرىكتى نەجمىدىن ئايالىنى سىلكىپ، — ياكى بۇلارغا ئاتاپ بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغان قىزىڭ بارمىدى؟ ئەجەب چىشىڭنى قېرىشتۇرىدىغۇ بۇ ساراڭ.

— ساراڭ دېگەن ئۆزۈڭ، — ئايالمۇ بوش كەلمىدى، — مۇشۇ سەپرالىقى قاچانمۇ قالار بۇ زاغۇن يېغىنىڭ؟ ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ بولغۇچە نەشىسى تۇگىگەن بەڭگىدەك چىچاڭشىغان.

دەل شۇ چاغدا قازناق بوسۇغىسىدا گۈلقەلەم پەيدا بولدى. ئۇ ھەممىنى ئاڭلىغانىدى. قىزنىڭ سەل قىزارغان كۆزلىرى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان خۇدابەردىگە تىكىلدى. ئاشۇ مۇلايىم قوي كۆزلەردىن، سىزمۇ كېتەمسىز، دېگەن مەنە ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. خۇدابەردى لېۋىنى چىشلىگىنىچە يەرگە قارىۋالدى.

— بولدى، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى تەگەۋەرمەي سورۇنغا كېلەيلى، — دەپ ئەسكەرتتى جامال دۇتارنى ئېلىپ تىرىڭلىتىپ قويۇپ، — قۇشلار ئۇچمەن دېسە ئامال يوق. تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى. بۇرادەرلەرنىڭ يېكەنلىك مەيداندىن كېتىشى ھازىرنى ئويلىغاندا بىزگە سەل ئېغىر كەلسىمۇ،

كېيىنلىكنى ئۆيلىغاندا خۇشال بولغۇدەك ئىش ئىكەن. بۇلار ھېچبولمىسا دېھقانچىلىقنىڭ مۇشەققىتىدىن قۇتۇلۇپ، ياقىسى پارقىراپ تۇرىدىغان كادىر بولغۇدەك. ئەمدى بۇلارغا دېھقان قىزلىرىنىڭ ئۇسسىغىنى بىكار، كادىر دېگەن ياغلىقنى كەيىندىن چىگىدىغان خانىم ئالىدۇ. شۇنداق ياخشى ئىش ئۇچۇن قايغۇرۇپ نېمە كەپتۇ؟ قېنى، بۇگۈن شۇنداق بىر ئوينايلىكى، بۇرادەرلەرنىڭ ئېسىدىن مەڭگۇ چىقمىسۇن. قانداق دېدىم؟

— چالە دۇتارىڭنى، — دېدى توختىمۇ تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ، — دېگىنىڭ راست، دېھقان بولغاندىن كادىر بولغان ياخشى. مۇشۇنداق ياخشى ئىش ئۇچۇن خۇشال بولساق ئەرزىيدۇ. ئەمىسە باشلىدىم ـ ھە.

— نۆۋىتىڭنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، ئاندىن ئۆندەرىگىن، — دېدى نەجمىدىن ئىككى پىيالىگە مەيزاب قۇيۇپ، ئوبۇلتالىپ بىلەن ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ، — گېلىڭنى ئازراق نەمدىۋالمىساڭ، ھېلى بىكار سۇنايدىن يەل قاچىدۇ، ئاداش. قېنى ئەمىسە، گۇپپىدە...

ئۇلار پىيالىنى بىكارلىغاندىن كېيىن نەغمىسىنى باشلىۋەتتى.

تاشلاپ كېتىمەن دېدىڭ،
كۆز يېشىم تارام بولدى.
بىر قېتىم كۇلۇپ قويدۇڭ،
بىر يىللىق ئارام بولدى.
...

تەمبۇر بىلەن دۇتارغا تەڭكەش قىلىنغان ناخشىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېيتىلماقتا ئىدى. ناخشا تۇۋلاۋاتقان جامالنىڭ بويۇن تومۇرلىرى چوكىدەك كۆپكەن بولۇپ، ئۇ كۆزلىرىنى چىڭ يۇمغىنىچە ناخشىنىڭ كۇيىگە سىڭىپ كەتكەنىدى.

بەش ئاي بولدى كۆيگىلى،
يا بولمىدى سۆيگىلى.
سەن يارىمىنىڭ دەردىدە
تاسلا قالدىم ئۆلگىلى.
...

خۇدابەردى يەر تېگىدىن گۈلقەلەمگە قارىدى. كىرپىكلىرى نەمدەلگەن قىز بۇ ناخشىلار خۇددى ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقاندەك ھاياجانغا چۆمگەنىدى. ئۇمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خۇدابەردىگە قارىدى. ئىككى جۈپ كۆزدىن چاچرىغان ھاياجانلىق چېقىنلار بىر نۇقتىدا ئۇچرىشىپ قالدى. قىزنىڭ ۋۇجۇدى سىلكىندى. خۇدابەردىنىڭ تىنىقىمۇ ئىختىيارسىز تېزلەشتى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە ئەلەم بىلەن قاراپ قېلىشتى.

يارىمىنىڭ قارا قويى
ئوتلايدۇ تېرىقلىقتا.
يارىم كېتىپ، مەن قالدىم
بۇ يۇرتتا غېرىبلىقتا.
...

خۇدابەردىمۇ ھەيران قالدى. جامالنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇلاپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ــ جۇدالىق كويى گۈلقەلەم بىلەن خۇدابەردى ئۈچۈنلا ئوقۇلۇۋاتقاندەك ئىدى. گۈلقەلەمنىڭ كۆز ياشلىرى ئاخىر توسمىنى بۇزۇپ يار ئالغان كۆچلۈك سەلدەك قۇيۇلدى. ئۇ ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى ياپقىنىچە قازناقتا كىرىپ كەتتى. قىزنىڭ بۇ نازۇك ھەرىكىتىنى سەزگەن چوكان تەئەججۈپلۈك نەزىرىنى خۇدابەردىگە ئاغدۇردى. ئۇ ئىتتىكلا يەرگە قارىۋالدى.

جامال ناخشىسىنى داۋام قىلماقتا ئىدى:

كۆڭلۈمدىكى شۇ يارىم
ئەتە ـ ئۆگۈن كەتكۈدەك.
نەچچە ۋاقتىن كۆيگۈنۈم
ئەمدى زايا كەتكۈدەك.

ئاق تاۋارنىڭ گۈلىمەن،
كۆك تاۋارنىڭ گۈلىمەن.
خاپا بولماڭ ئۆز يارىم،
مەن تەشكىلنىڭ قۇلىمەن.
...

خۇدابەردىنىڭ ئىچى سىقىلغاندەك بولۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇنىڭ تۇمانلىشىپ كەتكەن قەلب قەسرى قانداقتۇر بىر مەۋھۇملۇق ئىلكىدە قالايمىقان سىزىلغان سىزىقلار بىلەن توشۇپ كەتكەندى. ئۇنىڭ جامالغا بىردىنلا ئاچچىقى كەلدى. نەدىن تاپقان قوشاقلار بۇ، ساپلا يۈرەكنىڭ بىغىشىغا قامچىدەك تېگىدىغان؟ ئۇ بىراقتا، بەكمۇ يىراقتا نېمە قىلىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئايجامالنى يادىغا ئالدى. بەلكىم ئۇ مۇشۇ تاپىنىڭ ئۆزىدە شېرىن ئۇيقۇغا كەتكەندۇ ۋە بەلكىم ئۇ ئۆتمۈش ئەستىلىكلىرى ئىچىدە ئۇيقۇسى قېچىپ، چار يىلاندەك تولغىنىپ ياتقاندۇ. بەلكىم ئۇ يەنە قانداقتۇر بىر كۆي ئەۋجىدە هاياجاندىن خۇدىنى يوقاتقاندۇ؟! ئىشقىلىپ، ئايجامال نېمىلا قىلسۇن، خۇدابەردى ئۇچۇن بەرىبىر. بىراق، گۈلقەلەم... خۇدابەردى قىزنىڭ ئۆزىگە چىن كۆڭلىدىن ئاشىق ئىكەنلىكىنى ئاخىر هېس قىلدى. ئاشۇ مۇڭسىراپ، جىيەكلىرى ئاق توشقانىنىڭكىدەك قىزىرىپ كەتكەن قوي كۆزلەر ئۇنىڭغا هەممىنى دەپ بەرگەندى. ئۇ هويلىغا، ئاندىن ئادەم ئايىغى بېسىلىقان توپىلىق يولغا چىقتى. كوچا بويلاپ سوقۇپ تۇرغان غۇر ـ غۇر شامال ئۇنىڭ ئەسەبلىرى تارتىشىپ تۇرغان مېڭىسىنى خېلىلا سەگىتتى. ئۇ ساپ هاۋادىن چوڭقۇر نەپەس

ئالغىنچە يۇلتۇزلىرى جىمىرلىشىپ تۇرغان ئاسمانغا قارىدى. خۇددى ھېلىلا بىرى سامان ئېلىپ ماڭغاندەك كۆرۈنىدىغان يۇلتۇزلار تۈركۈمى ئۇنىڭ باش ئۈستىدە چاراقلايتتى. ناۋادا مەن مۇشۇ يول بىلەن ماڭسام، تاشپولات تۇرسۇننى تاپالارمەنمۇ دېگەننى خىيال قىلدى ئۇ. بىراق، بۇ ئۇنىڭ مەيزاب قىزىتقان كاللىسىدىكى شېرىن خىيالدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاشۇ سامان يولىدا مىڭ يىل ماڭسىمۇ قەدىردان دوستىنى مەڭگۈ تاپالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— خۇدابەردى، قېنى سەن؟ نەگە قاچتىڭ؟ تېز بۇياققا كىر، — ھويلىدىن ئوبۇلتالىپنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ خېلىلا يەڭگىللەشكەن بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە ھويلىغا كىردى.

— ھېچكىمگە دەپ قويماي، غارالدىن قېچىپ چىققان قوزىدەكلا يوقاپ كېتەمسەن؟ — دېدى ئوبۇلتالىپ ئۇنى ئەيىبلەش تەلەپپۇزىدا، — ساقىينىڭ سېنى كۈتۈپ ئولتۇرغىنىغا نېكەم؟ تېز بول، ھەممەيلەن ساڭا قاراپ قالدى.

ئۇلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆيگە كىردى.

— نەگە بارغانىدىڭ؟ — سورىدى شەمشىدىن ئىككى تەرىپىگە سەل قىمىرلاپ قويغاندىن كېيىن، — سورۇن تۈگىگۈچە بىردەم بېسىپ ئولتۇرساڭ بولمامدۇ؟ شۇنچە ئادەم بىز ئۈچۈن پايپېتەك بولۇۋاتسا، غىپپىدە چىقىپ كەتكىنىڭ نېمىسى؟ ئەدناسى سازنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشنىمۇ بىلمەمسەن؟

— كەچۈرگىن، — دېدى خۇدابەردى ئەيىبكارلارچە بېشىنى ئېگىپ، — ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، نېمىشقىدۇر ئىچىم سىقىلىپ، كۆڭلۈم سىرتنى خالاپ قاپتۇ. ئەمدى يېنىڭدىن ھېچ يەرگە بارمايمەن.

— بولدى، بولدى، بۇ دوستىمىزنى سوراققا تارتمۇەرمە، — دېدى كۆزلىرى خۇمارلاشقان نەجمىدىن قولىنى چايقاپ، — ھېچقىسى يوق، بەزىدە ئادەم دېگەن شۇنداق بولۇپ قالىدۇ. تالاغا چىقىپ سوغۇق ھاۋادا بىر تىنىۋالسا كۆڭلى - كۆكسى يايراپ

كېتىدىغان گەپ. قېنى خۇدابەردى ئاداش، بۇ ئىككى پىيالە بىزنىڭ، كادىر بولۇپ شەھەرگە كەتكەندە بىزدەك سەھرالىق تومپايلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىڭ ئۈچۈن بىر قەدەھتىن سوقۇۋېتەيلى، خوش قېنى...

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز، نەجمىدىن؟ — خۇدابەردى ئۇنىڭغا نارازى بولغاندەك قاراپ قويدى، — بىز مەيلى ئەرشئەلاغا چىقايلى، مەيلى تەھتىساراغا چۈشەيلى، يەنىلا بىز. بىر تال بۇغدايغا ئۇلاشقاندا سەمرىپ، بىر تال قوناققا قالغاندا ئورۇقلاپ كېتىدىغانلاردىن ئەمەس. مەيلى بىز نەدە بولايلى، سىلىدەك ئالتۇنغا بەرگۈسىز دوستلارنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمايمىز. بۇ مېنىڭ چىن سۆزۈم. قېنى، مەڭگۈلۈك دوستلۇقىمىز ئۈچۈن خوشە !

بىر باك مەيزاب تۈگىگۈچە كېچە يېرىملىشىپ، ھەممەيلەن خۇش كەيپ بولغان، قېنى قىزىپ، ئۇششاق تىللى سايراشقا باشلىغانىدى. شۇ تۇرقىدا ھېچكىمنىڭ سورۇننى يىغقۇسى كەلمەيتتى. شەمشىدىن بىلەن نەجمىدىن بىر - بىرىنىڭ بويىنىغا ئېسىلغىنىچە قەلب ئىزھار قىلىشماقتا ئىدى. ئوبۇلتالىپ ئاللىقاچان تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇيقۇغا كەتكەن، دىلمۇراتنىڭمۇ بېشى چاترىقىغا ساڭگىلىغان، جامال بىلەن توختىمۇ ئۆزىنىڭ پارىڭى بىلەن ئولتۇراتتى. بىر چاغدا قازناقنىڭ ئىشىكىدە خانزادىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ سورۇندىكىلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، خۇدابەردىگە قازناقنى كۆرسىتىپ شەرەت قىلدى.

— ئاۋۇ ساراڭنىڭ سىزگە دەيدىغان گېپى بار ئوخشايدۇ، — دېدى چوكان خۇدابەردى قازناققا كىرگەندە، تۇمشۇقى بىلەن گۇلقەلەمنى شەرەت قىلىپ، — بۇ ئەقىلسىز ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلاپ يەي دەۋاتسا كېرەك. قېنى ئاڭلاپ بېقىڭ.

ئۇ شۇنداق دەپلا سىرتقا چىقىپ كەتتى. قازناق ئىچىدە خۇدابەردى بىلەن گۇلقەلەم بىر - بىرىگە قاراشقىنىچە يالغۇز

قالدى.

ــ شۇ... شۇنداق قىلىپ، سىزمۇ كېتىدىكەنسىز ـ دە، ــ دېدى گۈلقەلەم تىترەڭگۈ ئاۋازدا، ــ نەگە بارىدىكەنسىز؟

ــ بۇنى تېخى ئۇقمىدىم، ــ يۈرىكى داپ چېلىپ، يۈزى چىپ ـ چىپ تەرلەپ كەتكەن خۇدابەردى پات ـ پات تاشقىرىقى ئۆي تەرەپكە قارىغىنىچە پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى، ــ ئىشقىلىپ، مۇشۇ نەچچە كۈن ئىچىدە نەگە بېرىشىمىز بەلگىلىنىپ بولىدۇ. ئېھتىمال بەك يىراققا كەتمەسلىكىم مۇمكىن.

قىز بېشىنى سالغىنىچە ئۈندىمەستىن بىر ئاز ئولتۇردى. تاشقىرىقى ئۆيدىن قىزىپ قالغان شەمشىدىنلەرنىڭ غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ــ بارىدىغان يېرىڭىزگە بىللە كەتسەم بولارمۇ؟ ــ تۇيۇقسىز سورىدى گۈلقەلەم. خۇدابەردى چۆچۈپ كەتتى. ئۇ قىزنىڭ ئۆزىدىن بۇنداق سوئالنى سورايدىغانلىقىنى ئويلاپ باقمىغانىدى.

ــ بۇ... بۇ... نېمە دېسەم بولار؟ ــ دېدى ئۇ كېكەچلەپ تۇرۇپ، ــ هازىرچە مېنىڭ نەگە بېرىشىم ئېنىق ئەمەس. جامالنىڭ ناخشىسىنى بايا سىزمۇ ئاڭلىدىڭىز. مەن دېگەن تەشكىلنىڭ قولى. ئوتقا كىر دېسە ئوتقا، سۇغا كىر دېسە سۇغا كىرمەي ئامالىم يوق. مېنىڭ پېشىمنى تۇتسىڭىز، بىر ئۆمۈر جاپاغا قېلىشىڭىز مۇمكىن. شۇڭا، ياخشىراق ئويلىنىپ باقسىڭىز. مېنىڭچە...

ــ بولدى، چۈشەندۇرمەڭ، ــ دېدى گۈلقەلەم مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى ئالىقىنى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، ــ مېنىڭ پېشىمنى تۇتسىڭىز، بىر ئۆمۈر جاپادا قېلىشىڭىز مۇمكىن دېگۈچە، ماڭا بىر ئۆمۈر يۈك بولۇپ قالىسىز، دېسىڭىز توغرا بولاتتى. ئەمدى چىقىپ كېتىڭ. مەن شۇنى بىلمەكچىدىم.

خۇدابەردى يا ئالدىغا، يا كەينىگە يانالماي تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ بەكمۇ تەڭقىسلىقتا قېلىۋاتقىنى چىرايىدىن بىلىنىپ

تۇراتتى. ئۇ مۇرىلىرىنى سىلكىتىپ يىغلاۋاتقان گۈلقەلەمگە نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنىمۇ بىلمەي قالغانىدى. شۇڭا، ئۇ قىزغا قاراپ جىممىدە تۇرۇپ قالدى.

— خۇدابەردى، قېنى سەن؟ — سىرتتىن شەمشىدىننىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ خۇددى قىش كۈنلىرى قىپيالىڭاچ كاچكۇلغا سەكرىگەندەك تىترەپ كەتتى. مۇشۇ تۇرقىدا ھە دەپلا قازناقتىن چىقىدىغان بولسا، شەمشىدىن تۇرماق، نەجمىدىننىڭمۇ كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئۇلار چاقىرغانىكەن، خۇدابەردىگىمۇ چىقماي ئىلاج يوق. ئۇ يىغلاپ ئولتۇرغان قىزغا ئاخىرقى قېتىم بىر قارىغاندىن كېيىن، كۆزىنى يۇمۇپلا قازناقتىن چىقىپ كەتتى.

— ھۇي، سەن ئۇ يەردە نېمە قىلىسەن؟ — دېدى شەمشىدىن ھەيران بولۇپ، — ئاداش، بۇگۈن نېمە بولدى ساڭا؟ مەددە قۇرت خاپا قىلغاندەك بىر يەردە ئولتۇرالمايلا كەتتىڭغۇ؟ نەجمىدىننىڭ قازنىقىدا نېمە بار ساڭا؟ توختا، توختاپتۇر، مەن شاققىدە قاراپ باقاي، سېنى ئۇ يەرگە تارتىپ كىرگەن نېمىكىن؟

نەجمىدىنمۇ ئۇنىڭ ئۆز قازنىقىدىن چىقىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپ قالغانىدى. شەمشىدىننىڭ قازناققا ماڭغىنىنى كۆرۈپ ئۇمۇ ئەگەشتى. ئۇلار قازناققا كىرگەندە گۈلقەلەم ئوچاقنىڭ كۈلىنى ئېلىۋاتاتتى. قىز ئۇستاتلىق بىلەن كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئۈلگۈرگەنىدى. ئۇنى كۆرۈپ شەمشىدىن كۈلۈپ كەتتى.

— بەللى خۇدابەردى ئاداش، ئەسلىي قازناقتا كۈل ئالىدىغان ئىش بار ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بىراق، ساڭا ئاشماپتۇ - دە، بۇ ئىش...

شەمشىدىنلەر ئاخىر ئۇزىدى. ئۇلار ئىشىك ئالدىدا «راكېتا»لىق دوستلىرى بىلەن قايتا - قايتا قۇچاقلاشتى. بىر - بىرىگە ھاياجانلىق ۋەدىلەرنى بېرىشتى، دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈلۈك ئىكەنلىكى ھەققىدە قەسەملەر ئىچىشتى. ئاقىۋەت گەپ - سۆزلەر

توگەپ، ئايرىلىش مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەنىدى. خۇدابەردى ھويلا دەرۋازىسىنىڭ كېشىكىگە يۆلەنگىنىچە پارلاپ تۇرغان چولپان يۇلتۇزغا تىكىلىپ قاراۋاتقان گۈلقەلەمگە يەر تېگىدىن قاراپ قويدى. قىز پەرۋاسىز ھالەتتە تۇراتتى. خۇدابەردى لېۋىنى چىشلىگىنىچە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

## 34

كۈتكەن كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇلار «راكېتا»دىكى دوستلىرى بىلەن خوشلىشىپ قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى يۇقىرىنىڭ خىزمەت تەقسىمات ئۇقتۇرۇشى يېتىپ كەلدى. شەمشىدىن ۋىلايەتلىك سېمونت زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا، خۇدابەردى ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىگە كادىرلىققا تەقسىم قىلىنغانىدى. يەنە جاپپار ئۈرۈمچىدىكى قايسىدۇر بىر ئالىي مەكتەپكە، ئابدۇسادىق بىلەن قاسىم پەيزى ۋىلايەتتە يېڭىدىن ئېچىلىدىغان ئالىي تېخنىكومغا قوبۇل قىلىنغانىدى. ئۇقتۇرۇشنى كۆرۈپ، جاپپار مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى. ئىمىن ئەلا بىلەن قاسىم پەيزى ئۇقتۇرۇشلىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇدۇللا ھۈسىيىن مۇدىرنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— بىزنىڭمۇ ئىشچى بولغۇمىز بار ئىدى، — دېدى قاسىم پەيزى قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — ناھىيە بىلەن ئالاقىلىشىپ، بىزنىمۇ ئىشچىلىققا قوبۇل قىلدۇرۇپ قويغان بولسىلا، مۇدىر.

— ئەمدى بۇ چاغ بولغاندا مەكتەپتە ئوقۇپ نېمىمۇ قىلارمىز؟ — دېدى ئىمىن ئەلا خورسىنىپ.

ھۈسىيىن مۇدىر ئۇلارغا قاراپ سەل تۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلگەنىدى. ئۇ گەپ - سۆز قىلماستىن بىر تال موخوركا ئورىدى ۋە ئوت تۇتاشتۇرۇپ بىرنەچچىنى شورىغاندىن

كېيىن، ئىسىنى ھالقا شەكلىدە پۈۋلىگىنىچە ئېغىز ئاچتى.

— ھەي، ئەقىلسىزلەر، سىلەرنىزە، بۇ ئىشىڭلارغا نېمىمۇ دەي ئەمدى؟ كۈمۈش بىلەن كۈلنىڭ نەرخىنى بىلمىگىنىڭلار نېمىسى؟ ۋاي ئەقلى دۈمبىسىگە چىقىپ قالغان ھاماقەتلەر، سىلەرگە كەلگۈسىدە ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى ئالىي مەكتەپتە ئۆگەنگەن بىلىم! ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلسەڭلار، ئىشچى بولغاندىنمۇ يوغانراق بىر ئىشلارنى باشقا ئېلىپ چىقالايسىلەر ئەمەسمۇ؟ سامان بىلەن بۇغداينىڭ پەرقىنى بىلمىگەن كالىدەك ئىش قىلماي، مەكتىپىڭلارغا ئىسسىقىدا كېتىۋېلىڭلار. كېيىنكى پۇشايمان ئادەمگە زىيان قىلىدۇ...

توختايۇپنىڭ نەچچە كۈندىن بېرى جىمىپ كەتكەن ئېغىزى يەنە ئېچىلدى.

— شۇنداق قىلىپ، ھەممەيلەن قۇش بالىلىرىدەك ئۇچۇرۇم بولۇۋاتىسىلەر، بىراق بۇ دېگەن ئۇزۇن جاھان. كىمنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇچۇشىنى بىلگىلى بولمايدۇ. ئازراق نەتىجىدىن كۆرەڭلەپ كەتمەڭلار. ئۇلۇغ داھىيىمىز ماۋجۇشى: «مەغرۇرلۇق ئادەمنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ» دەپ ناھايىتىمۇ توغرا ئېيتقان. كەمتەرلىك ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق ئادەمنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ. بۇ كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت! قارىسام، بەزىلەرنىڭ ئېشىكى تۆت چىشلىق بوپتۇ، قېنى كۆرىمىز، كىم ئاخىرىغىچە كۈلەلەركىن؟

ئۇ خۇدابەردىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى.

يېڭى خىزمەت ئورنىغا تىزىمغا ئالدۇرىدىغان ۋاقىت قىسقا بولغاچقا، خۇدابەردى قولىدىكى ئىشلارنى تېزرەك ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىغا چۈشكەنىدى. شەمشىدىنلەرنىڭغۇ ئۆتكۈزىدىغان ئالاھىدە بىر ئىشلىرىمۇ يوق، كەتمەن بىلەن تاغارنى تاشلاپ بەرسىلا بولاتتى. ھەممە كەلگۈلۈك خۇدابەردىنىڭ بېشىغا كەلگەنىدى. ئۇ نەچچە ئايدىن بېرى يىغىلىپ قالغان ھېسابلارنى توختايۇپقا قۇلىقىدىن تۇتۇپ بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك ئىدى.

بىراق، دەل شۇ چاغدا توختايۇپ نەگىدۇر يوقالغانىدى. ئۇنى بىر كۈن ساقلاپمۇ، ھەممە يەرنى ئىزدەپمۇ تاپالمىغان خۇدابەردى بەكلا تىت - تىت بولماقتا ئىدى.

— سەن كېتىۋەر، — دېدى ھۆسىيىن مۇدىر يىغلىغۇدەك بولۇپ ئولتۇرغان خۇدابەردىنىڭ ياتىقىغا كىرىپ، — قولۇڭدىكى ھۆججەت - پۈججەت دېگەنلەرنى ماڭا ئۆتكۈزۈپ بەر. ناھايىتى شۇ ئارغامچا - توقۇناق، تاغار - چىپتە دېگەنلەرنىڭ ھېسابىغۇ بۇ. بۇنىڭدىن چوڭ چاتاق چىقماسلىقى مۇمكىن. توختايۇپ مۇدىر پەيدا بولغاندا، ئۇنىڭغا مەن ئۆتكۈزۈپ بېرىمەن. يېڭى خىزمەت ئورنىڭغا دېگەن چاغدا يېتىپ بارمىساڭ، تەشكىلگە ياخشى تەسىر بەرمەسلىكىڭ مۇمكىن. شۇڭا تېزرەك يولغا چىققىن.

خۇدابەردى ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى ۋە قولىدىكى ھېسابات تالونلىرىنى ھۆسىيىن مۇدىرغا بىرمۇ بىر ئۆتكۈزدى.

ئۇ يولغا چىقىدىغان چاغدا ھۆسىيىن مۇدىرنىڭ كۆز چىيەكلىرىدە ئۇششاق شەبنەملەر پەيدا بولغانىدى. ھۆسىيىن مۇدىر ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىسقىنىچە پەس ئاۋازدا دېدى:

— خوش خۇدابەردى، ئاقىيول بولسۇن، بۇ يەردە نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقلارنى باشتىن كەچۈردۇڭلار، كىچىك تۇرۇپ نۇرغۇن دەرد تارتتىڭلار، ئۆتكەن كۈنلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالما. يېڭى ئورنۇڭدا ياخشى ئىشلە، ئاقىيول بولسۇن، يىگىت!

خۇدابەردى خۇددى ئۆز دادىسى سەپەرگە ئۇزىتىۋاتقاندەك ئۆپكىدەپ كەتتى. ئۇ كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا ھۆسىيىن مۇدىرنى مەھكەم قۇچاقلىدى.

— سىلەر بەزىدە ئۇۋالچىلىققا قالغاندا، مەن مېكىيانچىلىك بولسىمۇ قانات ئاستىمغا ئېلىپ، سار - تازقارالاردىن قوغداپ قالالمىدىم، — دېدى ھۆسىيىن مۇدىر بوغۇلۇپ تۇرۇپ، — بەزىدە ئاچچىق يۇتۇپ قالساڭلار، دەردىڭلارغا دەرمان بولالمىدىم. مەن مۇشۇنداق ئىچىمجەز ئادەم ئىكەنمەن. شۇنچە يىلدىن بېرى كېرەك بولغاندا سىلەرگە ئەسقاتالماي، دەردىمنى موخوركىدىن ئېلىپ

كەلدىم. مانا ئەمدى سىلەر بىر ـ بىرلەپ كېتىۋاتىسىلەر، يېكەنلىك بارغانسېرى چۆلدەرەپ قېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردىكى كۈنلىرىمىزنىڭ قاچانغىچە داۋاملىشىدىغانلىقىنى ھازىرچە بىلمەيمەن. سىلەر بولساڭلارمۇ مېڭىپ تۇرۇڭلار، نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ يەردە ھېچكىم قالمايدۇ.

— سىلىمۇ ئۆزلىرىنى ئاسىرىسىلا، مۇدىر، — خۇدابەردى چىرايىغا زورىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم سىقتى، — ناھىيە بازىرى دېگەن بۇرنىمىزنىڭ ئاستىدىلا، پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇرۇشقا پۇرسەت چىقىدۇ. ھېچبولمىسا مەن سىلىنى يوقلاپ تۇرىمەن.

— رەھمەت ، ئەمدى يولغا چىق. كەچ قالساڭ قاتناش تاپالمايسەن.

خۇدابەردى ياتاقنىڭ كەينىدىكى دۆڭگە چىقتى. ئۇ ئاشۇ دۆڭنىڭ كەينىدە مۇڭسىراپ ياتقان قۇم بارخانلىرىغا ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن قاراپ كەتتى. ئۇ ئاشۇ جاڭگالدىكى كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ياتقان دوستى تاشپولات تۇرسۇن بىلەن ئاخىرقى قېتىم خىيالەن خوشلاشتى.

— خەير دوستۇم، — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن، — سېنىڭ مۇشۇ يەردە قېلىپ قالغىنىڭغا پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. سېنى تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم. پۇرسەت بولسىلا جاڭگالغا كىرىپ روھىڭ بىلەن سىردىشىپ چىقىمەن. تىنچ يات، ئەلۋىدا، دوستۇم...

ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

خۇدابەردى ئاخىر يېڭى خىزمەت ئورنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ يوتقان ـ كۆرپە، كىيىم ـ كېچەك دېگەندەك نەرسىلەر تېڭىلغان بوپىسىنى دەرۋازا ئالدىدا قويۇپ، ئالدىغا نەچچە تۈپ قارا سۆگەت سېلىنغان ناھىيىلىك پارتكومنىڭ ئىشخانا بىناسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككى رەت قىلىپ سېلىنغان بىنا ئىچىدىكى

كارىدوردا كېلىۋېتىپ قىيا ئوچۇق تۇرغان بىر ئىشخانىنىڭ بېشىدىكى «تەشۋىقات بۆلۈم» دېگەن خەتنى كۆردى ـ دە، يېنىك تىنىپ قويدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا نەپەسىنى رۇسلاپ ئازراق تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئىشىكنى ئاۋايلاپ چەكتى.

— كىرىڭ.

ئۇ قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن بېشىنى تىقتى. ئىشخانىنىڭ بۇلۇڭىدىكى ئۇستەلدە ئورۇقىنا بىر ئادەم گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ساقال باسقان قارامتۇل چىرايى ئادەمگە ئۇزۇن يىل كېسەل تارتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. ئوتتۇرا بوي، كۆك خادانىدىن تىكىلگەن چاپىنى ئورۇق بەستىگە خۇددى تېرىسىنى شىلىۋېلىپ قايتىدىن چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم يۇقىرى گرادۇسلۇق كۆزەينىكىنىڭ تېگىدىن خۇدابەردىگە قاراپ قويدى.

— بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — سورىدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا.

— مەن يېكەنلىك مەيداندىن كەلدىم، — دېدى ئۇ يانچۇقىدىن ئۇقتۇرۇشنى چىقىرىپ، — ئىسمىم خۇدابەردى. ئۆزۈمنى مەلۇم قىلغىلى كەلگەنىدىم...

— ھە، خۇدابەردى دېگەن سىز ئىكەنسىز ـ دە، — ھېلىقى ئادەم ئىتتىكلا ئورنىدىن تۇردى، — سىزنىڭ بۈگۈن كېلىدىغانلىقىڭىزدىن خەۋىرىم بار. قېنى كېلىڭ، بۇ ياققا ئۆتۈڭ، — ئۇ ئۇستىلىنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئەكەلدى، — مېنىڭ ئىسمىم قۇدرىتىللا، ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولىمەن. ئىمتىھاندىكى نەتىجىڭىزگە قاراپلا سىزنى ئۆزۈم تاللىغانىدىم. سىز تەسەۋۋۇرۇمدىكىدىنمۇ ياش ۋە ئېغىر ـ بېسىق يىگىت ئىكەنسىز. سىزنى كۆرۈپ بەكلا خۇشال بولدۇم. نەرسە ـ كېرەكلىرىڭىزنى ئالغاچ كەلدىڭىزمۇ؟

— ئېلىپ كەلدىم، دەرۋازا ئالدىدا قالدى.

— سىزگە ياتاقمۇ تەييارلاپ قويغان، — دېدى قۇدرىتىللا قوللىرىنى ئىشقىلاپ تۇرۇپ، — سىز ئاۋۋال ياتاققا

ئورۇنلىشىپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىگىزنى جايلاشتۇرۇۋېلىڭ. چۈشتىن كېيىن يىغىلىپ قالغان بىرمۇنچە گېزىت بار. شۇلارنى كۆرۈپ، ناھىيىمىز ھەققىدە يېزىلغان خەۋەرلەر بولسا ماۋۇ دەپتەرگە تىزىملاپ چىقىڭ. قالغان ئىشلارنى ئەتىلىككە مەسلىھەت قىلارمىز، بولامدۇ؟

خۇدابەردى بولىدۇ، دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى.

ئۇ قۇدرىتىللا چاقىرىپ كىرگەن ئۆزى دېمەتلىك بىر يىگىتنىڭ يول باشلىشى بىلەن نەرسە ـ كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈپ، پارتكوم ئائىلىلىكلەر قورۇسىنىڭ كەينىدىكى بىر ئېغىزلىق ياتاققا ئورۇنلاشتى. دېرىزىلىرىگە يېڭىدىن ئەينەك سېلىنىپ، تاملىرى ئاقارتىلغان ياتاق ئادەمگە بەكمۇ مېھرى ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۇ يېڭىدىن ئورنىتىلغان كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ، ھاردۇق يەتكەن جىسمىنى ئاز ـ تولا ئارام ئالدۇرماقچى بولدى.

چۈشتىن كېيىن خۇدابەردى ئىشخانىغا دەل ۋاقتىدا كەلدى. قۇدرىتىللا ئۇنىڭغا قاراپ رازىمەنلىك بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ قويغاندىن كېيىن، بىر دۆۋە گېزىتنى ئۈستەلگە يايدى.

— ئەمىسە مەن دېگەندەك قىلىڭ، — دېدى ئۇ سېرىق قەغەزدە تاشلانغان دەپتەر بىلەن ئۇزاق يىل ئىشلىتىلگەنلىكتىن سىرلىرى ئۆڭۈپ كەتكەن بىر قەلەمنى خۇدابەردىگە سۇنۇپ، — ئەستايىدىل كۆرۈڭ، ناھىيىمىز ھەققىدىكى بىرمۇ خەۋەر تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالمىسۇن.

— خاتىرجەم بولسىلا، بۇ ئىشتا چوقۇم ئەستايىدىل بولىمەن.

ئۇ يېرىم كۈنلۈك ۋاقتىنى گېزىت كۆرۈش ۋە مۇشۇ ناھىيە ھەققىدە يېزىلغان خەۋەرلەرنى تىزىملاش بىلەن ئۆتكۈزدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى گېزىت دېگەننىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي ئۆتۈپ كەتكەن خۇدابەردىگە بۇ ئىش بەكمۇ ئەھمىيەتلىكتەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ گېزىتلەرگە بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ھەر ئىستونغا بېرىلگەن خەۋەرلەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، دۇنيادا مۇنداقمۇ ئىشلار باركىنا دەپ تاڭ قالاتتى. ئۇ ۋاقىتنىڭ

قانداقسىگە مۇنچە تېز ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. بىر دەمدىلا ۋاقىت توشۇپ ئىشتىن چۈشىدىغان چاغ بولۇپ قالغانىدى.

— كەچلىك تاماقنى بىزنىڭكىدە يەڭ، — دېدى سىرتتىكى ئىشلىرىنى تۈگىتىپ قايتىپ كىرگەن قۇدرىتىللا قول سومكىسىنى ئۈستىلىگە قويۇۋېتىپ، — ۋاي ئاللا. بەكمۇ ھېرىپ كەتتىمغۇ بۈگۈن. يۈرۈڭ ئۇكام، ئۆيگە بارايلى.

خۇدابەردى قەلبىدە ئۆركەشلىگەن ھاياجانلىق دولقۇنلارنى تەسلىكتە بېسىۋالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئېغىزىغا گەپمۇ كەلمىگەنىدى. خۇدابەردى چىرايىغا تەپكەن قىزىللىقنى تەسلىكتە يوشۇرۇپ، ھارغىن قەدەملەر بىلەن سىرتقا ماڭغان قۇدرىتىللاغا ئەگەشتى. ئالدىدا بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كېتىۋاتقان بۇ ئادەم ئۇنىڭغا خۇددى ئۆز قېرىندىشىدەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

خۇدابەردى تۇنجى قېتىم ئۆزىگە تەۋە ئۆيدە قونىدى. بۇ ئۇنىڭ چىشى چىقىپ، ئەقلىگە كېلىپ، مۇشۇنداق شارائىتقا تۇنجى ئىگە بولۇشى ئىدى. بوران - شامالدىن دالدا بولىدىغان، يەنە كېلىپ، ئاچقۇچنى ئۆزى تۇتىدىغان بىر ئۆيگە ئېرىشكەندە، ئەلۋەتتە ئادەمدە بىراقلا چوڭ بولۇپ كەتكەندەك تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇنداق تۇيغۇ نۇرغۇن ئىسسىق - سوغۇقنى كوللېكتىپ ئىچىدە يۈرۈپ باشتىن كەچۈرگەن ئادەمدە تېخىمۇ چوڭقۇر بولىدۇ. مانا، خۇدابەردىمۇ بىر ياتاققا ئېرىشىۋىدى، ئۆزىنى تازا قىران چاغلىرىغا يەتكەندەك ھېس قىلدى. ئەمدى بۇ ئۆيگە بىرلا نەرسە — ئۇنىڭ خېمىنى پىششىق، قاتتىقىنى يۇمشاق قىلىدىغان، ئاچقاندا ئاش، قاچقاندا تاش بولىدىغان بىر ئايال كەملىك قىلاتتى. ئۇ ياتىقىدا تورۇسقا قاراپ يېتىپ ئايجامالنى خىيال قىلدى. بىراق، ئۇنىڭ چىرايى مۇزنىڭ تېگىدە قالغان رەسىمدەك بەكلا غۇۋا ۋە تۇتۇق كۆرۈنەتتى. ئايجامالنىڭ ئاشۇ يۇپيۇمىلاق چىرايىدا نېمە مەنە بارلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى. ئۇ «راكېتا»دىكى گۈلقەلەمنى يادىغا كەلتۈردى. بىچارە قىز تېخىچە

مۇرىلىرىنى سىلكىتىپ يىغلىماقتا ئىدى. ئۇ كېچەككە يۆلىنىپ تۇرۇپ، يىراق ئاسماندا كۆز قىسىۋاتقان چولپانغا قارىغىنىدا، بەلكىم ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى پۈتۈنلەي ئۈزگەن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ خوشلىشىدىغان چاغدا خۇدابەردىگە قاراپمۇ قويمىغانىدى. ئۇ يەنە يېكەنلىك مەيداندىكى نۇرغۇن قىزلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. بىراق، ھېچقايسىسى ئۇنىڭدا ئەسلىگۈدەك، ھەمىشە ياد ئەتكۈدەك ھېچقانداق تەسىرات قالدۇرمىغانىدى.

خۇدابەردى شۇنداق ئوي - خىياللار بىلەن يېتىپ كۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالدى. ئۇ ئويغانغاندا ئاللىقاچان تاڭ ئاتقان، ئەتراپ شەپەق نۇرىغا چۆمۈلۈشكە باشلىغانىدى. خۇدابەردى ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە يۈزىنى چالا - بۇلا يۇيۇپلا ئىشقا ماڭدى. ئەپسۇس، ئۇ زور ئۈمىدلەر بىلەن كىرىپ كەلگەن ئىشخانىدىن سۇغا چۈشكەن قەغەزدەك بوشاپ قايتىپ چىقتى.

— سىز يەنىلا يېكەنلىك مەيدانىغا بىر بېرىپ كەلسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى قۇدرىتىللا ئۇنى كۆرۈپ سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — تېخى ھېلىلا ناھىيىلىك قايتا تەربىيە ئىشخانىسىدىن ماڭا تېلېفون كەلدى. مەيداندىن سىزنىڭ ئۈستىڭىزدە ئەرز كەلگەن ئوخشايدۇ. ئاڭلىسام، مەيداندىكىلەر سىزدە ئىقتىسادىي مەسىلە بار، دېگۈدەك. مۇنداق بولسۇن ئۇكام، مەن سىزگە بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بېرەي، شۇ ۋاقىت ئىچىدە ئىشلىرىڭىزنى بىر ياقلىق قىلىپ، تېزرەك قايتىپ كېلىڭ. ئەڭ ياخشىسى، سىز قايتىش ئالدىدا مەيداننىڭ سىزدە ھېچقانداق مەسىلە يوقلۇقى ھەققىدە يېزىپ بەرگەن ئىسپاتىنى ئالغاچ كېلىڭ. ناۋادا بىر ھەپتىگىچە ئىشلار تۈگىمىسە، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق. ئۇ چاغدا ھەممىنى پېشانىدىن كۆرمەي بولمايدۇ.

خۇدابەردىنىڭ چىكىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن موخوركا ئوراۋاتقان قۇدرىتىللاغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى. ئۇنىڭ قارامتۇل چىرايى بوگۈن

تېخىمۇ قارىداپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىغىنىچە توختىماستىن ئېغىر تىناتتى. شۇ تاپ خۇدابەردى بۇ كىشىنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ناۋادا سەن بىراۋغا زور ئۈمىد باغلىساڭ، بىراق ئۇ سېنىڭ كۈتكەن يېرىڭدىن چىقماي قويسا، سەن ئەقىدەڭ ئۆچۈن مانا مۇشۇنداق ھەسرەت چېكىسەن ! بىچارە ئادەم دەل مۇشۇنداق ھېسسىياتتا پۇچۇلانماقتا ئىدى.

خۇدابەردىنىڭ ھەقىقەتەن بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ يېڭى ئورنىغا كېلىپلا بۇنداق كېلىشمەسلىكنىڭ يۈز بېرىشىنى ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئىشنىڭ بىسمىللىسىدا قۇدرىتىللاغا ياخشى تەسىر بەرمىگەنلىكىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. كىمدۇر بىرىنىڭ ئىچى قوتۇرلۇق قىلىپ ئەرز قىلىشى ئۇنى ئاسماندىن بىراقلا موللاق ئېتىپ، يەتتە قات يەرنىڭ تەكتىگە چۈشۈپ كەتكەندەك تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە مەسىلە بار دېگەنلىك ــ خىيانەتچى دېگەنلىك، بۇنداق ئادەم ھېچ ۋاقىت باشقىلارنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنمەيدۇ، شۇنداقلا نىجاسەتكە مىلەپ بېسىلغان بۇنداق تامغا ئاسانلىقچە پېشانەڭدىنمۇ كەتمەيدۇ. ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا ئىشخانىدىن قايتىپ چىقتى. ئەمدى ئۇنىڭغا يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق بولۇپ تۇيۇلماقتا ئىدى.

ئۇ ياتاقىمۇ كىرمەستىن ئالدىراپ يېكەنلىككە مېڭىشنىڭ كويىغا چۈشتى. بىر ھەپتە دېگەن كۆزنى يۇمۇپ – ئاچقۇچىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. قۇدرىتىللا ھېلىمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ئېتىبار قىلغانىدى. بەلكىم ئۇ ئۆزى تاللىغان ئادەمدە بۇنداق مەسىلىنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنگەندۇ؟ بەلكىم ئۇنىڭ يېڭىلگىنىگە تەن بەرگۈسى كەلمىگەندۇ. نېمىلا قىلسۇن، ئۇ كۆتەر قاسقىنىڭنى، دېمەستىن خۇدابەردىگە بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بەردى. ناۋادا مەسىلە چوڭ بولمىسا بىر ھەپتە دېگەنمۇ ئاز ۋاقىت ئەمەس، ناۋادا مەسىلە ئېغىر بولسا بىر ھەپتە دېگەن قىسقا ۋاقىتمۇ ئەمەس ! ئىشقىلىپ، ئۇ بەكمۇ ئاقىلانە قارار چىقارغانىدى.

خۇدابەردى ناھىيە بازىرىدا قاتراپ يۈرۈپ «راكېتا»غا بارىدىغان بىر تراكتورنى تاپتى. خاپىنىغا لىققىدە تاش بېسىلغان تراكتور قۇلاقنى پاڭ قىلغۇدەك تاقىلداپ، تولغاق يېگەن ئايالدەك چىڭقىلىپ كۈچەپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن مەنزىلگە يەتتى. كۆز كېچىسىنىڭ سوغۇقىنى ئوبدانلا تېتىغان خۇدابەردى يېكەنلىك مەيدانىغا تۇتىشىدىغان يول ئېغىزىغا كەلگەندە تراكتوردىن چۈشۈپ قالدى.

تەقدىرنىڭ ئىشلىرى دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن، ئۇ يېكەنلىكتىن ناھىيىگە ماڭغاندا ئۆزىنى خۇددى پۈۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇشتەك يېنىك ھېس قىلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئۆزىنى قورام تاشتەك ئېغىر سەزمەكتە. گەرچە بۇ توپىلىق يول ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تونۇش بولسىمۇ، ئۇ قانداقتۇر بىر ئىشتىن يېتىرقاۋاتقاندەك بەكمۇ تەمتىلەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ كىمنىڭ ئۆزى ئۇستىدە ئەرز قىلغىنىنى پەرەز قىلالاتتى. كۆز ئالدىدىن نۇرغۇن تونۇش سىيمالار بىر - بىرلەپ ئۆتەتتى. خىيال قۇشلىرى ئايلىنىپ بېرىپ بىرلا شاخقا قوناتتى. ئۇنىڭ گۇمانىمۇ بىرلا ئادەمگە مەركەزلىشەتتى. بۇ ئەرزنى چوقۇم توختايۇپ قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلايتتى ئۇ يول بويى ئاھ ئۇرۇپ. يېكەنلىك مەيدانىغا يېقىنلاپ بارغانسېرى ئۇنىڭ ئەتلىرى تىكەنلىشىپ كەتتى.

— قايتىپ كەپسەنغۇ؟ — دېدى ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدىكى مەيداندا كېرىلىپ تۇرغان توختايۇپ ئۇنى كۆرۈپلا چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — بىرەر نەرسەڭ ئۇنتۇلۇپ قاپتىمۇ، نېمە؟ ئۆزۈڭ ئاتايىن كېلىپ يۈرگۈچە بىرەرىدىن ئەۋەتىۋەتسەڭ، بىز ناھىيىگە بارغاندا ئالغاچ باراتتۇق ئەمەسمۇ؟ بىزگە ئىشەنچ قىلالماپسەن - دە، خۇدابەردى؟!

ئۇ توختايۇپقا قاراپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپ ئۇ بۇ ئادەمگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى پەقەتلا بىلەلمىگەنىدى. ئارىنى بىرئاز سۈكۈت باستى.

— ئاڭلىسام، مەيداندىن مېنىڭ ئۈستۈمدە ئەرز بارغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئاخىر زۇۋانغا كېلىپ، — شۇڭا سىلىگە ھېساب بەرگىلى كەلدىم. تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ماڭا بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بەردى. شۇنىڭغىچە مەيداننىڭ مەندە ئېلىشى بولسا تاپشۇرۇۋالسىلا، توختايۇپكا.

— كىمنىڭ قىلغان ئىشى بۇ؟ شۇنچىلىك ئىشقىمۇ ئەرز قىلىپ يۈرگەن بارمۇ؟ — دېدى توختايۇپ ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى قاچۇرغان ھالدا، — ئىچى قارىلىق دېگەننىڭمۇ چېكى بولۇشى كېرەك - دە! قاراپ تۇرۇپ بىرىنىڭ قاچىسىدىكى ئاشقا تۇپا چاچقان قايسى بەتنىيەت بولغىيدى، ئۇكام؟ سېنىڭچە، بۇ ئىشنى كىم قىلغاندۇ، خۇدابەردى؟

— كىمنىڭ قىلغىنىنى مەن نەدىن بىلەي؟ — دېدى خۇدابەردى ئۇنىڭغا مىختەك قادالغان ھالدا، — بىراق، پەرىزىم شۇكى، بۇ ئەرزنى ئۆزۈڭدىن بېرى مەندىن باشقىچىرەك ھېساب ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، لېكىن پۇرسەت تاپالمىغان بىر ناكەسنىڭ قىلغىنى راست. مەن بۇ يەردىكى ئادەملەرنى ئۆزۈمدەكلا بوش چاغلاپتىمەن. ئۇلار پۇرسەتنى تۇتۇشنى بىلىدىكەن. يا بۇرۇن ئەمەس، يا كېيىن ئەمەس، دەل مۇشۇ چاغنى تالالاپ ئەرز قىلغىنىنى كۆرمەمدىغان؟ توختايۇپكا، ئۇبدان چاغدا كەپتىمەن، سىلىمۇ بار ئىكەنلا. مەندىن ئېلىشقا تېگىشلىك ھېساب بولسا تولۇق ئېلىپ، مېنى بىر ئاقلاپ قويسىلا. بۇ ئىشتا سىلى ئېغىز ئاچمىسىلا بولمايدۇ.

— مەنمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن، — دېدى توختايۇپ ئۆزىچە كۈلۈپ قويۇپ، — ھەر ئىش بولسا ئەرز قىلىپ يۈرگۈچە مۇنداق گەپ ئىدى، دەپ قۇلاقتا پىچىرلاپ قويسا بولمىدىمۇ؟ مېنىڭچە، بۇ ئىشتا چوقۇم ھۇسىيىننىڭ قولى بار. ئۇ قايسى كۈنى سەن بەرگەن ھۆججەتلەرنى ماڭا ئۆتكۈزۈۋاتقاندا بىرمۇنچە غوتۇلداپ، «بۇلارنىڭ تولىسى ئاق ھۆججەت ئىكەن، بۇنداق ھۆججەت دېگەننى ئىشىكنى تاقاپ ئولتۇرۇپ يازغىلى تۇرساق، يېكەنلىك تۇرماق،

بىر ناھىيىنىمۇ پاك -پاكىز قۇرۇتۇۋەتكىلى بولغۇدەك» دېگەن. ئۇنىڭ ساڭا ئىلگىرىمۇ قورساق كۆپۈكى بار ئىدى.

— بوپتۇ، بۇ ئىشنى ھۇسيىن مۇدىر قىلغانمۇ بولسۇن، ئۇ قىلغان يالا - تۆھمەتنى ئاغدۇرۇش، قارىنى ئاقارتىش سىلىنىڭ قوللىرىدىن كېلىدۇ، تۇ مۇدىر. ھېسابنى ئۆز قوللىرى بىلەن ئېلىپ، مېنى ئاقلاپ قويسىلا. تەشۋىقات بۆلۈمىدىن بەرگەن مۆھلەت ئارانلا بىر ھەپتە. شۇنىڭغىچە ئۈلگۈرۈپ بارالمىسام، ھەممە ئىش بىر تىيىن بولىدۇ.

— ئالدىرىما، — توختايۇپ موخوركا ئوراپ تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر ئىشتا پۇخادىن چىققاندەك كېرىلىپ قويدى، — مەن شۇ تۇرقىدا ناھىيىگە يىغىنغا ماڭغىلىۋاتقان. بۇگۈن بارسام، تاڭلا كەچكىچە قايتىپ كېلىمەن. سەن بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قىلىپ بولالمىغۇدەك قانچىلىك ھېساب بار دەيسەن؟ يېرىم كۈنگە قالماي ئۆردىكى بىلەن غازىنى ئايرىپ بولىمىز. سەن يېكەنلىكتە دوستلىرىڭ بىلەن ئويناپ تۇر. «راكېتا»غا بېرىپ كەلسەڭمۇ مەيلى. ئىشقىلىپ، سېنى دېگەن مۆھلەت ئىچىدە يولغا سېلىپ قويىمەن. خاتىرجەم بول.

— تۇ مۇدىر، — دېدى خۇدابەردى ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ، — قايسى كۈنى سىلى يېكەنلىكتە بولغان بولسىلا مۇشۇ ئىشمۇ يوق. ئەمدى ھېساب توغرىلاشنى يەنە كەينىگە سۈرمىسىلە، مېنىڭ نېسىدىن ئەزەلدىن تەلىيىم يوق. بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويساق، پۇشايماننى ئالغىلى قاچا تاپالماي قالىمەن. مېنى بىكارلاپ قويۇپ، ئاندىن ماڭسىلا.

— ئۇكام، بۇ يەرنىڭ شارائىتىنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەن، سەللا كېيىن قالسام، قاتناش تاپالماي ئەتكى يىغىنغا كېچىكىپ قالىمەن. مەن دېدىمغۇ، چوڭ ئىش يوق، بىرەر سائەتكە قالماي سېنى ئاق بالىخان قىلىۋېتىمەن. بىراق، ھازىرلا يولغا چىقمىسام بولمايدۇ. سەن تۇرۇپ تۇر، تاڭلا كەچكىچە نەدە بولسام، قانات چىقىرىپ بولسىمۇ كېلىپ بولىمەن، دېدىمغۇ؟

— ناۋادا يەنە بىر ئىشلىرى چىقىپ قالسىچۇ؟

— ھەرقانداق ئىشىم بولسىمۇ قويۇپ كېلىمەن، چۈنكى سىنىڭ ئىشىڭ مېنىڭ ئىشىم. بىر ئادەم بولسىمۇ ياخشىراق كۆن كۆرسە ھەممىمىزگە ياخشى ئەمەسمۇ؟ سىنىڭ ناھىيە مەركىزىدە ئىشلىگىنىڭ يېكەنلىك مەيداننىڭ شەرىپى، ئۇكام. خاتىرجەم بول، مەن چوقۇم دېگەن ۋاقىتتا كېلىپ بولىمەن. سىنى ئۆگۈنلۈككە چۈشتىن بۇرۇن ئۆزۈم يولغا سېلىپ قويىمەن.

خۇدابەردى ئېغىزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قالدى. توختايۇپ سىرىق رەڭلىك برىزېنت سومكىسىنى ئېسىپ، خۇددى بىرى قوغلىغاندەك ئالدىراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقان جىسمى خۇدابەردىگە قاراپ كۆلۈۋاتقاندەك قىلاتتى.

ئۇ ئاستا قەدەملەر بىلەن ياتاق تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

35

توختايۇپ شۇ كەتكەنچە يېكەنلىك مەيدانغا بىر ھەپتىگىچە قايتىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ يولىغا قاراپ، خۇدابەردىنىڭ كۆزلىرى ئېقىپ بولاي دېگەندى. ئۇ ئەنە كېلىپ قالار، مانا كېلىپ قالار، دېگەن ئۈمىد بىلەن كۈنلەرنى بىر - بىردىن ئۇزاتماقتا ئىدى. بىر ھەپتە توشۇپ، ئۇنىڭ ھەممە ئۈمىدى يوققا چىقتى. خۇدابەردى ئىچ - ئىچىدىن بوغۇلۇپ ئاھ ئۇراتتى. ھۆسىيىن مۇدىرنىڭمۇ غەزەپتىن چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەندى. ئۇ ناھىيىگە ئارقا - ئارقىدىن خەۋەر يوللىغان بولسىمۇ، توختايۇپتىن ھېچبىر سادا بولمىدى. ئۇ خۇددى قۇدۇققا چۈشكەن تاشتەك غايىب بولغانىدى.

— بۇ ئادەمنىڭ قورسىقىدا جىن بولمىسا ھېلىغىچە قايتىپ كېلەتتى، — دېدى ھۆسىيىن مۇدىر چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — قارا نىيەتلىك قىلىپ، بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى بىلەن شۇنداقمۇ ئويناشقان بارمۇ؟ ھەي ئىسىت، بىر ئوبدان پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالدى - دە ! ئوغۇل بالا دېگەنگە بۇنداق پۇرسەت ئۆمرىدە بىرلا قېتىم كېلەتتى.

خۇدابەردىنى يىغا تۇتاتتى. ئۇ كۈن بويى يېكەنلىك مەيدانىنىڭ ئەتراپىدىكى چاتقاللىقلاردا ئايلىنىپ يۈرەتتى. بەزىدە پىغانى ئۆرلەپ قالسا، قومۇشلۇقلارغا كىرىپ ئولتۇرۇپ ھۆڭگىرەپ يىغلايمۇ كېتەتتى. ئۇ كۆپ ھاللاردا قەلبىدىكى تاشپولات تۇرسۇن بىلەن مۇڭدىشاتتى، ئۇنىڭغا ھال ئېيتاتتى، دەرد ـ ھەسرەتلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بوراندا قالغان توزغاقتەك توزۇيتتى. توختايۇپنىڭ قىلغانلىرىنى ئويلىسا، ئۇنىڭ ھاياتتىن بەكلا رايى قايتاتتى.

توختايۇپ ئاخىر قايتىپ كەلدى. بىراق، ئۇ كەلگەن كۈن قۇدرىتىللا بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەتتىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىتقا توغرا كەلدى.

— يىغىن يىغىنغا ئۇلىشىپ كېتىپ ۋاقتىدا قايتالمىدىم، — دېدى ئۇ قىلچە ئىزا تارتماستىن خۇدابەردىنىڭ مۈرىسىگە شاپىلاقلاپ تۇرۇپ، — مۇنداق بولسۇن، بىز ھېسابىنى بىرقۇر تەكشۈرۈپ چىقايلى، ئالاھىدە مەسىلە بولمىسا تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئۆز قولۇمدا خەت يېزىپ بېرەي. مېنىڭ خېتىمنى كۆرسە، ئۇلار چوقۇم ياق دېمەيدۇ.

خۇدابەردى بېشىنى چايقىدى. ئەمدى ئۇنىڭغا نىسبەتەن پۇرسەت كەتكەن، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا بىرلا قېتىم كېلىدىغان قىممەتلىك پۇرسەت قولغا ئۆگەنمىگەن قۇشتەك ئۇچۇپ كەتكەنىدى. تەقدىرنىڭ بۇ يازمىشىغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەي ئامال يوق ئىدى.

توختايۇپنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھېساب تەكشۈرۈش باشلاندى.

— ماۋۇ نېمە چىقىم؟ — دەيتتى ئۇ خۇدابەردىگە ئاللىقانداق ھۆججەتلەرنى كۆرسىتىپ.

— كۈزگى بۇغداي ئۇرۇقى ئېلىش ئۈچۈن سېتىۋالغان چىپتە تاغارنىڭ ھۆججىتى، — دەيتتى خۇدابەردى چۈشەندۈرۈپ.

— مېنىڭ ھېچ خەۋىرىم يوققۇ؟ — دەيتتى توختايۇپ بەقەمدەك قىزىرىپ تۇرغان كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ.

— تاغار سېتىۋېلىشقا ئۆزلىرى بۇيرۇغانغۇ؟

— ياق، بۇ ئىشتىن مېنىڭ قەتئىي خەۋىرىم يوق، ھە راست، ماۋۇ نېمە چىقىم؟

— بۇ كوپىراتىپتىن سېتىۋالغان ئارغامچىنىڭ ھۆججىتى، ماۋۇ ھاپىز تۆمۈرچىدىن سېتىۋالغان ئورغاقنىڭ ھۆججىتى، قوناق چاپقاندا سېتىۋالغان....

— بۇ ھېسابنى بىز ئاللىقاچان قىلىپ بولغان، ھۆججەت ئىككى قات يېزىلىپ قالدىمۇ، نېمە؟

مانا مۇشۇنداق ئايىغى چىقماس دەتالاشلار بىلەن ھېساب تەكشۈرۈش ئىككى ھەپتىلەرگە سۈرۈلۈپ كەتتى. توختايۇپ نۇرغۇن چىقىملاردىن تېنىۋالدى. ئاقىۋەت خۇدابەردىنىڭ گەدىنىگە ئىككى يۈز قىرىق سەككىز كوي خىيانەت چىگىلىپ قالدى. يېشى خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان بۇ ئادەمنىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ ئۆزى بۇيرۇغان ئىشلاردىن تېنىۋېلىشى خۇدابەردىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى. يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش ئۇنىڭغا ھەقىقەتەن ئېغىر كەلگەنىدى.

— بۇنى ۋاقتىدا ساقايتىۋەت، ئۇكام. ھېلىمۇ ساڭا يول قويدۇق، ناۋادا يۇقىرىغا مەلۇم قىلىدىغان بولساق، بۇنچىلىك خىيانەتكە بىرنەچچە يىل كېسىلىپ كېتىشىڭ مۇمكىن. مەن بەكلا ئاق كۆڭۈل، باشقىلارغا ئۇۋال قىلىشنى خالىمايدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۇنداق قىلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. مەن ئىلگىرىمۇ دېگەن، ھۆكۈمەتنىڭ مۈلكى ئوتتا كۆيمەيدۇ، سۇدا ئاقمايدۇ. بۇ پۇللارنى ۋاقتىدا ھېسابقا ئۆتكۈزۈۋەت. يېپىق قازان يېپىقچە قالسۇن. ئالىمادىس بىرەر ئىچى قوتۇر يۇقىرىغا مەلۇم قىلىپ قويسا، مېنىڭمۇ ئامالىم يوق.

خۇدابەردى دورا يېگەن بېلىقتەك تۈگىشىپلا كەتكەنىدى. ئۇ موخوركىنى ئۈزمەي چېكىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئاقىۋەت ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەندى. ئۆزىنىڭ نېمىشقا خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلىنغىنىنىڭ تېگىگە يەتتى. گەرچە ئۇنىڭ توختايۇپ بىلەن ئالاھىدە بىر ئۆچ – ئاداۋىتى بولمىسىمۇ، ئايجامالنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈشى سەۋەبلىك

قوزغالغان زىيادە كۈنداشلىقنىڭ بۇ ئادەمنى مۇشۇنداق قىلىشقا قىستىغانلىقىنى بىلىپ يەتتى. بۇ ئىشتا خۇدابەردى تاش سانىغان بولسا، توختايۇپ قۇم سانىغانىدى.

ھۈسىيىن مۇدىر مالىيە ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان بولغاچقا، يەنە كېلىپ، توختايۇپ بۇ ئىشنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ تۇرۇۋالغاچقا، بۇ قېتىممۇ ئامالسىز قالدى. ئۇ خۇدابەردىنى توخۇ چۈجىسىدەك قانات ئاستىغا ئالالمىدى، بىراق چىشىنىڭ كاۋىكىدا يىغىپ كەلگەن مائاشى بىلەن خۇدابەردىنىڭ خىيانىتىنى تۆلىۋەتتى. ئۇ ھۈسىيىن مۇدىرنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ ھۆڭگىرەپ يىغلىدى.

— يىغلىما، خۇدابەردى، — دېدى ھۈسىيىن مۇدىر ئۇنىڭ يەلكىسىگە بوشقىنا ئۇرۇپ تۇرۇپ، — بۇنچىلىك ئىشلارغا يىغلىغىلى تۇرساق كۆز چىدىمايدۇ. «نى - نى بالالار كېلىدۇ ئوغۇل بالىنىڭ باشىغا، سايدا تۇغمەن چۆرگىلەيدۇ كۆزىدىن ئاققان ياشىغا» دېگەن قوشاقنى ئاڭلىمىغانمۇ سەن؟ قازاننىڭ قېشىغا بارساڭ قارىسى يۇقىدۇ. بۇ ساڭا نىسبەتەن بىر قېتىملىق ساۋاق بولسۇن، بۇنىڭدىن كېيىن توختايۇپتەك قازانلارنىڭ يېنىغا بارغاندا ئېھتىيات قىلىشنى ئۆگەن. بولدى يىغلىما، يېشىڭنى سۈرت! كىچىككىنە ئىشقا مىشىلداپ يۈرسەڭ، باشقىلارنىڭ ئارزۇسىدەك ئىش قىلغان بولىسەن.

دەل شۇ كۈنى خۇددى بىرى چاقىرىپ كەلگەندەك يېكەنلىكتە سۈپۈركە سەيدى پەيدا بولۇپ قالدى. دادىسىنىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىنى كۆرۈپ خۇدابەردىنىڭ يۈرىكى پىچاقتا تىلغاندەك ئېچىشىپ كەتتى. بوۋاي ئېشەكتىن چۈشۈپلا ئوغلىنى باغرىغا باستى.

— بالام، — دېدى ئۇ كۆز ياپراقلىرىدەك تىترەپ تۇرۇپ، — يېقىندىن بۇيان تولا چۈشۈم بۇزۇلۇپ، ئۇيقۇمنىڭ پەيزى قاچتى. ھەمىشە بېشىڭنى قان - يىرىڭ ئېقىپ تۇرىدىغان يارا قاپلاپلا چۈشەيمەن. تۈنۈگۈن كېچە ئاناڭمۇ شۇنداق چۈش كۆرۈپتۇ. كېچىچە سېنىڭ بېشىڭدىكى تازنى ئادالىيالماي قوللىرى قان

بولۇپ كەتكەنمىش. تۇنۇگۇن ئەتىگەن تۇرۇپلا ئۆز بېشىغا ئۆزى ئۇرۇپ يىغلاپ، بېشىمنى ئۇچاق قىلدى. خۇدابەردى بالامغا بىر ئىش بوپتۇ، بالامنى تېپىپ بەرسىلە، دەپ يىتتىۋالدى. ئاناڭنىڭ زارىغا تاقەت قىلالماي ئىشەككە مىنىپلا يول ئالدىم. ساڭا بىر ئىش بولمىغاندۇ، جېنىم بالام؟

— ساق بېشىم راستلا تاز بولدى دادا، يېكەنلىكتە ئىككى يىل ئىشلەپ خىيانەتچى بولۇپ قالدىم، — دېدى خۇدابەردىمۇ ئۆپكىدەپ تۇرۇپ. ئۇلار قۇچاقلىشىپ خېلى ئۇزاق تۇرۇشتى. خۇدابەردى دادىسىنىڭ كىچىكىدىن باشلاپ تونۇش بولۇپ كەتكەن ھىدىنى قانغۇچە ھىدلىدى. ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەن كەلگۈلۈكلەرنىڭ چۇش بولۇپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ كۆڭلىگە يەتكىنىدىن ھەيران قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنقى ئەھۋالىنى سۇپۇركە سەيدىگە بىرمۇبىر سۆزلەپ بەردى.

— بوپتۇ بالام، «ھەركىم قىلسا ئۆزىگە، تويا كىرەر كۆزىگە» دېگەن گەپ بار. ئاللا - ئىگەم سېنى زار يىغلاتقانلارنىڭ كۆڭلىگە ئىنساب بېرەر. قىلغان - ئەتكىنى بالا - چاقىسىدىن يانار، بۇ دېگەن ئۆتنە ئالەم، تاز قوچقارنىڭ ئەنتى مۇڭگۈزلۈكتە قالمايدۇ. ئىسسىق ئۆيۈڭدىن ئايرىلىپ، مۇشۇ يەردە توپا - تۇمان يەپ، پاشا - چۇسلارغا تالىنىپ، ئاخىر كېلىپ خىيانەتچى ئاتالغان بولساڭ، ئەمدى باشقىلاردىن ئۇمىد كۈتۈپمۇ يۈرمە. ھۇسىيىن مۇدىرنى چاقىر، ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىۋېتەيلى، بالا - چاقىلىق ئادەمگە بۇنچىلىك پۇل دېگەن ئېغىر كېلىدۇ. توختايۇپ مۇدىر بولسا ئۇنىمۇ چاقىر، ئاتلىق يولۇم بىلەن ئۇ كىشىگە دەيدىغان ئىككى ئېغىز گېپىم بار. ئاندىن ئۆيگە كېتەيلى، بالام. بىزلا بولساق سېنى ئاچ قويماسمىز.

خۇدابەردى ھۇسىيىن مۇدىرنى چاقىرىپ كەلدى. ئۇ سەل خىجىللىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىنى بوۋايدىن قاچۇرغان ھالدا يەرگە قارىۋالدى. سۇپۇركە سەيدى ئۇنىڭ قولىنى چىڭ قىستى.

— ئوغلۇم ئۇچۇن جىق ئاۋارە بوپتىلا، — دېدى ئۇ مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا ھۇسىيىن مۇدىرنىڭ قولىنى

سىقىپ، — سىلىگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشنى بىلمەيلا قالدىم. ياخشىلىقلىرى بىزدىن يانمىسا، ئاللادىن يانار. ئاز بولسىمۇ بۇنى يانچۇقلىرىغا سېلىپ قويسىلا، بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ھەر ئائىلىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق يېغىرى بار. ھەممەيلەن دەردىمىزنى ئۆزىمىز بىلىمىز. سىلىگە ئېغىرىمىزنى سالساقمۇ بولماس. قېنى ئالسىلا.

سۇپۇركە سەيدى شۇنداق دەپ، بىر تۇتام پۇلنى ھۇسىيىن مۇدىرنىڭ يانچۇقىغا سېلىپ قويدى.

— ھەي، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ — دېدى ھۇسىيىن مۇدىر قىزىرىپ تۇرۇپ، — مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشىپ كېتىمىزمۇ؟ بولدى، ئۇنداق قىلمىسىلا.

— ياق غوجام، تىكەن دېگەننىمۇ كىرگەن يەردىن ئالمىساق بولمايدۇ. ئوغلۇم پەيدا قىلغان شالتاقنى سىلىگە ئادالاتساق، ئاللامۇ راۋا كۆرمەيدۇ. بالىنىڭ قەرزى دادىغا ھېساب. بولدى، ئېلىپ قويسىلا.

سۇپۇركە سەيدى ھۇسىيىن مۇدىرنىڭ يانچۇقىنى كولاۋاتقان قولىنى تۇتۇۋالدى. بوۋاينىڭ چىرايىدىكى قەتئىيلىكنى كۆرۈپ ئۇمۇ بولدى قىلدى. دەل شۇ چاغدا ياتىقىدىن چىققان توختايۇپ ئالچاڭلاپ مېڭىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— سىلىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى بوۋاي توختايۇپنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ، — ئوغلۇم مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئاق قەغەزدەك بالا ئىدى. بۇ يەرگە كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدە خىيانەتچى بولۇپ يېتىلىپتۇ. بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق ئاتاققا ئىگە بولمىقىمۇ ئاسان ئەمەس. بۇ ئىشتا سىلى كۆپ جاپا چېكىپتىلا، ئۆزلىرىگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن. ئۆزلىرىنىڭ ئوغلۇمدىن ئالىدىغان يەنە قانداق ئېلىشلىرى بارىكىن؟ بىز كېتىپ بولغاندا چىقىپ قالسا، قەغەز - قەلەم ئىزدەپ يەنە ئاۋارە بولمىسىلا. بۈگۈن ھەممىنى تۆلەپ، كۆڭۈللىرىنى تىندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن يولغا چىقىمىز.

— يو... يوق، يوق، ھەممىسى تۈگىدى، — توختايۇپ كېكەچلەپ قالدى. ئۇنىڭ قارىداپ كەتكەن يۈزلىرىگىمۇ ئاز - تولا قىزىللىق يۈگۈرگەندەك بولدى، — ئەمدى ئۇنىڭ گەدىنىدە ھېچنېمە قالمىدى. خاتىرجەم بولسىلا، ئاقساقال. مەن ئەمدى يەنە بىر كىملەرنىڭ خۇدابەردىنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشىغا يول قويمايمەن.

— ماڭ بالام، ئۆيگە كېتەيلى، باشقىلار سېنى قارا دېگەن بىلەن، سەن بىزگە مەڭگۈ ئاق، يۇرتقا بارساق، سەن قىلغۇدەك ئىش تېپىلىپمۇ قالار. بولمىسا ئۆيدە ئاناڭغا ھەمراھ بولارسەن. سېنى ئاچ قويماسمىز، قېنى ئېشەككە مىن، سەپەردىن قالمايلى، — سۇپۇركە سەيدى ئېشەكنىڭ ئارغامچىسىنى يەشتى.

توختايۇپ ھېچ نەرسە دېيەلمىدى. ئۇنىڭ بەقەمدەك قىزىرىپ تۇرغان كۆزلىرى دەممۇدەم چىمچىقلايتتى. ئاق سانجىلغان ساقىلى كىرپە تىكىنىدەك دىردىيىپ تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ ئۈستىرا كۆرۈشكە ئۇلگۈرمىگەن ساقىلىنى سىلىغىنىچە لام - جىم دېيەلمەستىن تۇرۇپ قالدى. سۇپۇركە سەيدى ئوغلىنى كەينىگە سالغىنىچە ئېشەكنى يېتىلەپ يولغا چىقتى. بوۋاينىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىدا كىملەرگىدۇر نەپرەت قېتىپ قالغانىدى.

خۇدابەردى يول بويى ئۇندىمەستىن ماڭاتتى. كۆڭلىگە پۈككەن ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ مۇشۇنداقلا بەربات بولغىنىنى ئويلىسا يۈرىكى ئېچىشاتتى. مەكتەپتە ئوقۇپ يۈرگەن كۈنلىرىدە تەسەۋۋۇر قىلغان كېلەچەكتىن ئەمدى ئۈمىد كۈتۈش ھاجەتسىز. ئۇ يېكەنلىكتە گەرچە ئىككى يىل تۈرمىدە بولسىمۇ، نۇرغۇن سەرگۈزەشتىلەرگە ئىگە بولدى. بەزىدە يۈرەكنى تاتىلاپ زار - زار يىغلىغۇدەك دەردلىرىنىمۇ تارتتى. بىراق، ھەممىسى ئۆتۈپ كەتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئېشەككە مىنگەن دادىسى — سۇپۇركە سەيدىنىڭ كەينىدىن جىممىدە ماڭماقتا. دۇنيادا ھەممىدىن مەھرۇم بولۇپ، تولىمۇ بىچارە ھالەتتە دادىسىغا ئەگىشىپ ماڭغان چوپچوڭلا بىر يىگىت ئۇچۇن بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر كۈن بولماس. ئۇنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەنىدى.

## ئونىنچى باب

# يېكەنلىكتە كۆز

## 36

خۇدابەردىنىڭ ئەسلىمىسىنىڭ چېكى يوق ئىدى. ئاشۇ غۇۋا يورۇپ تۇرغان ياتاق ئىچىدە يېتىپ بۇنىڭدىن ئوتتۇز يىل بۇرۇنقى كەچمىشلەرنى بىر قۇر ۋاراقلاش ئادەمنى بەكلا چارچىتىۋېتىدىغان ئىش. بىراق، يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن ئورۇن ئالغان ئاشۇ كەچمىشلەرنى ئۇنتۇپ كېتىش خۇدابەردىنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. ئۇ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ دېرىزە ئالدىغا كەلدى. تاڭ يېقىنلاپ قالغانىدى. يامغۇر بىلەن يۇيۇلغان ئاسماننىڭ يۈزى سۈزۈلگەن، يىراق ئۇپۇق بېلىق قورسىقىدەك ئاقارغان، توختىماستىن كۆز قىسىۋاتقان يۇلتۇزلار ئاستا - ئاستا خىرەلەشمەكتە ئىدى. شەھەرنىڭ ئەتىگەنكى شاۋقۇن - سۈرەنلىرى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى.

خۇدابەردى تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ يۈز - كۆزىنى يۇدى. كۆز يېشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مۇزدەك سوغۇق سۇ ئۇنىڭ كىچىچە خىيال سۈرۈپ چارچىغان نېرۋىلىرىغا ئاراملىق بەخش ئەتتى. ئۇ تامئەينەككە قاراپ، كۆز ئەتراپىنىڭ كۆكىرىپ كەتكىنىنى، چېكىسىدە ئاق چاچلارنىڭ كۆپىيىپ قالغىنىنى كۆردى. يىللار ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىدىغىنىنى ئاياپ ئولتۇرماستىن بۇرۇنلا بەرگەنىدى. پېشانىسىدىكى يول - يول قورۇقلار، كۆز ئەتراپىدىكى

ئۆششاق سىزىقلار، بېشىدىكى ئاقلىرى كۆنسېرى كۆپەيگەن شالاڭ چاچلار، نۇرى قاچقان بىر جۈپ كۆز... ئۇ ئۆزىنى تونۇيالمىغىلى تاسلا قالدى.

خۇدابەردى تولىمۇ ھارغىن ھالەتتە تازىلىق ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنى يەنە بىر قۇر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەزگىلسىز قېرىپ كەتكەندى. پەقەت شەمشىدىنلا جىق ئۆزگەرمىگەن، يۈزلىرى مايلىغاندەك پارقىراپ تۇراتتى. ئەمەلدارلىق بىلەن ئۆتكەن ھايات ئۇنى جىق خورىتالمىغانىدى. ئۇ ئايجامالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— بىچارە، — دېدى ئۇ چوڭقۇر خورسىنىپ، — قارىغاندا، كۆنلىرى بەختلىك ئەمەس ئوخشايدۇ. ئاشۇ چاغدا قازان بېشىدا تىنىم تاپمايدىغان بۇ قىزنىڭ بەلگە بولغۇدەك ھېچ يېرى قالمىغانىدى. ئۇنىڭ چىرايى بەئەينى ئۇزاق يىل كىيىلگەن كىيىمدەك ئۆڭۈپ، پۈرلىشىپ كەتكەن، ئۈستۈۋېشىمۇ ئادەتتىكىچە ئىدى.

خۇدابەردى ئەمدى ھېچنېمىنى ئويلىماسلىققا تىرىشتى. بىراق، كاللىسىدىكى گادىرماچ خىياللار خۇددى دېڭىز يۈزىدە كۆتۈرۈلگەن دولقۇنلاردەك بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىپ مېڭىسىنى ئۈماچ قىلىۋەتتى. ئاشۇ ئاساۋ ئاتتەك تەرسا خىياللار ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە ئارام بەرمەيدىغاندەك قىلاتتى.

تاڭ ئاتتى. يامغۇردىن كېيىنكى ئاسمان بەكمۇ سۈزۈك ئىدى. ئاپئاق بۇلۇتلار توپ - توپى بىلەن شەرققە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان ئاسماندا كۆز قۇياشى پارلاپ تۇراتتى. ئېگىز بىنالارنىڭ يامغۇردا يۇيۇلغان دېرىزىلىرى پارقىراپ، كۆزنى قاماشتۇراتتى. شەھەردىكى ھەممە نەرسە ئادەمگە باھار مەۋسۇمىدەك، يېڭىدىن ھاياتىي كۈچكە تولغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى.

— ئوبدان تۇرۇپسىلەرمۇ؟ — دېدى شەمشىدىن مېھمانخانا زالىدا توپلىشىپ تۇرغانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ھەممەيلەنگە سالام قىلغىنىچە، — قانداق، ھاردۇقلار خېلى چىقىپ قاپتۇمۇ، نېمە؟

بۈگۈن ھەممەيلەننىڭ كەيپى چاغ تۇرىدۇغۇ؟

— يامغۇردىن كېيىن ھاۋامۇ ئېچىلىپ كەتتى، — دېدى ئوبۇلتالىپ بۇرنىنى تارتىپ قويۇپ، — مۇشۇ ئوتتۇز يىلدا بىزمۇ نۇرغۇن يامغۇرلۇق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈردۇق. ئۆمۈر ئاسمىنىمىزدا بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئاپتاپ چىقسا ھېچ ئىش بولماس؟

— ئوھوي، بىزنىڭ ئوبۇلتالىپمۇ شائىرلاردەك سۆزلەيدىغان بولۇپ كېتىپتۇ دېسە، — شەمشىدىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — بەللى ئاداش، سۆزلە قېنى، راست، بىزنىڭمۇ كۆڭۈل ئاسمىنىمىزدا بىرەر قېتىم ئاپتاپ چىقسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ بۇ ئوبدان گەپ بولدى. قېنى ساۋاقداشلار، دوست ـ بۇرادەرلەر، ئەتىگەنلىك ناشتا «چىمبۇلاق» ئاشخانىسىدا بولىدۇ. بۇ مېھمانخانىغا يېقىنلا يەردە. پىيادە ماڭساق بەش مىنۇتلۇقلا يول، ماڭا ئەگىشىپ مېڭىڭلار. ئاۋۋال ناشتا قىلىۋېلىپ، ئاندىن باشقا ئىشلارغا تۇتۇش قىلارمىز.

شەمشىدىن يول باشلاپ ئالدىدا ماڭدى. قالغانلارمۇ بىردىن ـ ئىككىدىن بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگەشتى. خۇدابەردى يول بويلىرىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنى، پىيادىلەر يولىدا بوغچىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭغان ئوماق باللارنى تاماشا قىلغاچ ئارقىدا كېلىۋاتاتتى. بىر قول ئۇنىڭ مۈرىسىگە يېنىكلا قويۇلدى. چۆچۈپ كەتكەن خۇدابەردى يېنىغا قارىدى. تونۇشلا بىر چىراي، توغرا، دىلمۇرات. ئۇنىڭ ئاق سېرىق يۈزىنى تەمرەتكە بېسىپ كەتكەن بولسىمۇ، شوخلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئاشۇ چاغدىكىدەك يالقۇنجاپ تۇراتتى. ئۇنى بىر قاراپلا تونۇۋالغان خۇدابەردى گەپ ـ سۆز قىلماستىن، بارلىق مېھرى بىلەن چىڭ قۇچاقلىدى.

— بۇ سەنمۇ، دىلمۇرات؟ — دېدى ئۇ ھاياجاندىن تىترەپ تۇرۇپ، — ئۆلمىسەك يۈز كۆرۈشۈشكە پۇرسەت دېگەن چىقىپ قالىدىكەن، قانداق ئاداش، ئوبدان تۇردۇڭمۇ؟ بالا ـ ئۇششاقلىرىڭ ئامان ـ ئېسەنمۇ؟ تۈنۈگۈن يوققۇ سەن؟ قاچان كېلىۋالدىڭ؟

— خۇداغا شۈكۈر ئاداش، ھەممەيلەن ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى دىلمۇراتمۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ. — سىلەرنىڭ يىغلىدىغانلىقىڭلاردىن تېخى ئاخشاملا خەۋەر تاپتىم. كېچىچە كۆزۈمگە تۈزۈكرەكمۇ ئۇيقۇ كەلمىدى. ۋېلىسىپىتكە مىنىپ تاڭ يورۇماستا يولغا چىققانىدىم، ئەبجەق ھارۋىنىڭ زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كېتىپ يولدا خېلى ئاۋارە قىلدى. شەھەرگە كېلىپ جېلىل سادىقتىن سىلەرنىڭ چۈشكەن ئورنۇڭلارنى ئېنىقلىۋالدىم ـ دە، بۇ يەرگە قاراپ چاپتىم. مېھمانخانا ئالدىغا كەلسەم، بۇ ياققا مېڭىپسىلەر. ھارۋىنى جايلاشتۇرۇپ بولغۇچە سەل ھايال بولدۇم. قانداق ئاداش، ئۆزۈڭنى قەيەردىن سورايمىز؟ ئاشۇ يىلى يېكەنلىكتە خوشلاشقانچە بىرەر قېتىم يۈز كۆرۈشۈشكىمۇ پۇرسەت بولماپتۇ. باللارغا سېنىڭ گېپىڭنى تولا قىلىپ بېرىمەن. بولۇپمۇ ئىككىمىزنىڭ بىر دۆۋە ئوتۇنغا ئوت ياققىنىمىز، مۈشت ـ پەشۋا بىلەن بۇرنىمىزنى يارغىنىمىز. ھەي، ئالامەت چاغلار ئىدى ئۇ. مانا شۇنىڭغا كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ دېسە. يىللار ئادەمگە باقمايدىكەن، ئاداش.

— شۇنداق، — دېدى خۇدابەردىمۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، — بىراق ئاشۇ ئىشلار خاتىرەمدە تېخى تۈنۈگۈن بولغاندەكلا تۇرىدۇ، ئاداش. ناۋادا تاشپولات تۇرسۇنمۇ ھايات بولسىدى، مۇشۇ سورۇندا بىز بىللە كۈلۈپ يۈرگەن بولاتتى. ھەي، ئاشۇ ئىشلار مېنى بىر ئۆمۈر ئازابلاپ ئۆتىدىغان ئوخشايدۇ. ئاشۇ جاڭگالدىكى قۇم بارخانلىرى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا پارقىراپ تۇرۇپتۇ. قانداق ئاداش، بالا قانچە؟ قولى ئىشقا تەگكەنلەردىن بارمۇ؟

— ئۈچ بالىغا ئاتا بولدۇق، — دېدى دىلمۇراتمۇ كۆزلىرىدە لىغىرلاپ قالغان ياشلارنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتۈپ تۇرۇپ، — چوڭى ئوغۇل ئىدى، ئىككى يىل بۇرۇن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، ھازىر ئىش كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتىدۇ. كىچىكلىرى تېخى ئوقۇۋاتىدۇ. سېنىڭچۇ؟ سەنمۇ سالتاڭ يۈرمىگەنسەن؟

— مېنىڭمۇ ئىككى ئوغلۇم بار، — خۇدابەردى يىراقتا قالغان بالىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىچە ئۇھ تارتىپ قويدى، — ئۇلار ھازىر مۇئەللىم بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، ئاداش. رىزقىنى خىزمەتتىن تېپىپ يۈرۈۋاتىدۇ.

— راست، ئۆزۈڭ نەلەردە بولدۇڭ؟ — دېدى دىلمۇرات ھېلىقى سوئالىنى تەكرارلاپ، — دەسلەپتە سېنى ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشۈپتۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم. كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ دېگەن خەۋەر كەلدى. نەگە قايتقىنىڭنى پەقەتلا ئۇقالمىدىم.

— نەگە بولاتتى، ئاداش، يېكەنلىك مەيداندىن رىزقىم كۆتۈرۈلمىگەنىكەن، شۇ يەرگە قايتتىم، — دېدى خۇدابەردى چوڭقۇر خورسىنىپ قويۇپ، — تەشۋىقات بۆلۈمىدە ئارانلا يېرىم كۈن خىزمەت قىلالىدىم. كېيىن مېنى يېكەنلىك مەيدانغا چاقىرتىشتى. قايتىپ بېرىپ خىيانەتچى بولدۇم. شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن رايىم قايتتى. ھەي، بۇلارنى بىر ئېغىز گەپ بىلەنلا ساڭا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، ئاداش. پۇرسىتى كەلسە ھەممىنى باشتىن سۆزلەپ بېرىشىم مۇمكىن. قېنى تېزرەك ماڭ، ئاۋۇلارغا يېتىشىۋالايلى.

ئۇلار قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئالدىدا كېتىۋاتقانلارنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ھەممەيلەن باغچىغا بېرىشتى. ئۇ يەردە سەيلە قىلىشقاچ سۈرەتكە چۈشۈشتى. خۇدابەردى، شەمشىدىن، دىلمۇرات، ئوبۇلتالىپ تۆتەيلەن ئاپپاراتنىڭ كۆزىگە توغرىلانغاندا، ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار بىراقلا چۇرقىراشتى.

— ۋاھ، بۇ تۆتىنى نىمانداق ئايرىلماي يۈرەتتىكىن دېسەك، ئەسلىدە بىر - بىرى بىلەن ئېقى كېلىشىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— ئاشۇ چاغدا بىز بىلەن ئۇماچ ئىچىپ يۈرگەندىكىن، تازا زەن قويمىغانىكەنمىز.

— بۇلارنىڭ قاچانلا قارىسا قومىچى بىر، بېشى بىر يەرگە

كەلسىلا ئىشنىڭ ئوخشىغىنى شۇ.

— تۆتىڭلار بىر يەرگە كەلسەڭلا، ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز قويغاندەك يارىشىدىكەن، — دېدى مەلىكىزادىمۇ پىخىلداپ كۈلۈپ.

— نېمە دېگىنىڭلار بۇ؟ — سورىدى شەمشىدىن ھەيران بولۇپ.

— بىز نېمە دەيتتۇق؟ — دېدى ئايجامالمۇ ھەييارلىق بىلەن قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — ناۋادا سىلەر تۆت كىشىلىك گۇرۇھقا ئايلىنىپ كەتكەن بولساڭلار، يېكەنلىكتە كۆرىدىغان كۈنىمىز تېخىمۇ قاتتىق بولىدىكەن، دېيىشتۇق مانا...

قاراپ تۇرغانلار تىزلىرىغا مۇشتلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— بىراق، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ بولۇش ئۈچۈن، چوقۇم تۆتەيلەندىن بىرى ئايال بولۇشى كېرەكقۇ دەيمەن؟

— ئايال ئىزدەپ يۈرۈشمۇ گەپمۇ؟ مانا، يېنىڭلاردىكى ئايجامال ياكى مەلىكىزادىتىن بىرنى قوشۇۋالساڭلارلا بولمىدىمۇ؟ ھېچبولمىسا ئوبۇلتالىپ ئازراق گىرىم قىلسا، ئايالنىڭ رولىنى يامان ئەمەس قاملاشتۇراتتى...

كىمدۇر بىرىنىڭ بۇ چاقچىقى بىلەن كۈلكە تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلدى.

— ھوي خېنىم، خۇدابەردى بىلەن بىر پارچە سۈرەتكە چۈشۈپ قويامسىز؟ — دېدى شەمشىدىن بىر چەتتە قاتتىق كۈلۈۋېرىپ كۆزىدىن سىرغىپ چىقىۋاتقان ياشلىرىنى سۈرتۈۋاتقان ئايجامالغا قاراپ. ئايجامالنىڭ داغ چۈشۈپ ئۆلگۈرگەن يۈزلىرى بىردىنلا قىزىرىپ كەتتى. خۇدابەردىمۇ شەمشىدىنىنىڭ بۇنداق دەيدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇنىڭ ساقال باسقان يۈزلىرىگىمۇ سۇس قىزىللىق يۈگۈردى.

— قېنى تېزرەك بولۇڭلار، — سۈرەتچى يىگىت ئۇلارنى ئالدىراتتى، — بۈگۈن باغچىدا ئادەم كۆپ، تېزرەك بولمىسام يېتىشەلمەيمەن.

ئايجامال گەپ - سۆز قىلماستىنلا خۇدابەردىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئاپپاراتقا توغرىلاندى. چاس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ سۈرەتچى ئىشنى تۈگەتتى.

— قىز چېغىڭدا چۈشەلمىگەن سۈرەتنى جۇۋان بولغاندا چۈشتۈڭمۇ نېمە، ئايجامال؟ — دېدى بىر چەتتە قاراپ تۇرغان مەلىكىزاد مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويۇپ، — قارىغىنا، خۇدابەردىنىڭ ئىشتانىغا چىقىرىۋەتكەن كىچىك بالىدەك قىزىرىپ - تاتىرىپ كەتكىنىنى، دېسەم - دېمىسەم بۇ سۈرەت ھېچقايسىڭلارنىڭ ئالبومىدىن ئورۇن ئالالمايدۇغۇ ئاخىر.

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟ — دېدى ئايجامال ئۇنىڭغا مىختەك قادىلىپ، — ھەي ئۇكام، مۇشۇ سۈرەتنى چوڭايتىپ رامكىغا ئېلىپ بېرەلەمسەن؟ — ئۇ سۈرەتچىدىن سورىدى.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ئاچا، قانچىلىك چوڭايتىمەن؟

— ئى بەش بارمىقىنى جۈپلەپ، ئالىقىنىنى ئالدىغا سوزۇپ تۇرغان داھىيىنىڭكىدەك چوڭايتالامسەن؟

— پۇللا بولسا، قانچىلىك دېسىڭىز شۇنچىلىك چوڭايتىپ بېرىمەن.

— ئەمىسە ئەڭ چوڭ قىلىپ يۇيۇپ بەر، — دېدى ئايجامال مەغرۇر قىياپەتتە، — رامكىسىغا ئالتۇن رەڭ بەرسەڭ بولىدۇ. مېھمانخانا ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغۇدەك سۈرەت بولسۇن. ئۇقتۇڭمۇ؟

خۇدابەردى ئۇنىڭغا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى. مانا، ئايجامال يېكەنلىكتىكى ۋاقتىدىمۇ ئۇنىڭدىن يۈرەكلىك ئىدى. ئۇ ھېلىھەم مۇشۇ ئايالچىلىك بولالمايۋاتىدۇ. خۇدابەردىنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ كەتتى.

— ماڭىمۇ بىر نۇسخا چوڭايتىپ بەر، — دېدى ئۇ سۈرەتچىگە قاراپ، — ئابايا چۈشكەن تۆت كىشىلىك گۇرۇھتىنمۇ بىر نۇسخا رامكىلاپ بەر. پۇلىنى ھازىرلا تۆلەمدىمەن ياكى سۈرەتنى ئالغاندىمۇ؟

— سىزگە قايسىسى قۇلاي بولسا، شۇنداق بولسۇن، — دېدى سۇرەتچى.

— ئىشلار ئەسلىدىلا شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، — دەپ پىچىرلىدى شەمشىدىن خۇدابەردىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپ، — سەن چىشىڭ چىقىپ تۇنجى قېتىم ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلدىڭ، ئاداش. شۇ تۇرقىدا بېشىڭدىن بىر تال ياغاچ ئۇشتۇۋەتكۈم كېلىۋاتىدۇ.

مەلىكىزاد نېمىگىدۇر رەنجىگەندەك دومسايغىنىچە يىراق كەتتى. سۇرەتكە چۈشۈش خېلى بىر چاغقىچە داۋاملاشتى.

— ئەمدى ئىختىيارىي پائالىيەت، — دېدى شەمشىدىن باغ سەيلىسى ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا ۋارقىراپ تۇرۇپ، — كىمنىڭ كۆڭلى كىمنى تارتسا، شۇنىڭ بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى تۆكۈۋالسا بولىدۇ. كەچلىك پائالىيەتمۇ ھەم شۇنداق. ئەتە ئەتىگەن توختايۇپنىڭ تۇپراق بېشىغا چىقىمىز. ئاندىن ھۇسەيىن مۇدىر بىلەن ئىبراھىم مۇئەللىمنىڭ ئۆيىنى پەتلەيمىز. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قېتىملىق يىغىلىشىمىز ئاخىرلىشىدۇ. ئەمىسە خالىغانچە بازار ئايلىنىپ، تاماشا قىلىڭلار. ھە راست، ماۋۇ تۆت كىشىلىك گۇرۇھقا جىددىي يىغىن بار. قالغانلار تارقىساڭلار بولىدۇ.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشكىنىچە ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. بىردەمدىلا دەرۋازا ئالدىدا ھېلىقى تۆتەيلەندىن باشقا ھېچكىم قالمىدى.

— مېنىڭ سىلەرگە ئايرىم قويىدىغان ئازراق چېيىم بار، — دېدى شەمشىدىن خۇدابەردى بىلەن ئوبۇلتالىپنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ تۇرۇپ، — بىز تۆت بۇرادەر «راكېتا»دىكى دوستلارنىڭكىدىن قايتقاندىن كېيىن، قايتا كۆرۈشمىگىنىمىزگە ئوتتۇز يىلدىن ئېشىپتۇ. شۇ چاغقىچە يىغىلىپ قالغان نۇرغۇن كۆڭۈل سىرلىرىمىز بار. ئارامخۇدا ئولتۇرۇپ قانغۇدەك بىر مۇڭدى-

شىۋالىيلى، بولامدۇ؟
ئۇلار ماقۇل دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىشتى.
— ئەمىسە يۇرۇڭلار، — دېدى شەمشىدىن بىر تاكسىنى توسۇپ، — ئالدىمىزدا بىر رېستوران بار، شۇ يەرگىلا چۆكەيلى، ئاغىنىلەر. قانداق دەيسىلەر؟
— بۇ يەرنىڭ ئەلمى - تەلمىنى سەن بىلمىسەڭ، بىز نەدە يۇرۇپ بىلەتتۇق؟ — دېدى ئوبۇلتالىپ ئۇھ تارتىپ قويۇپ، — شۇ تۇرقىدا بىرەر شەھەرلىك بىزنى باشلاپ ئاپىرىپ بىرەرىگە سېتىۋەتسىمۇ ئۇقمايدىغان ئادەملەرمىز. نەگە باشلىساڭ، جان دەپ بارىمىز، ئاداش.
ئۇلار ماشىنىغا چىقىپ، ئىككى تەرىپىدە ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرگەن ئاسفالىت يول بىلەن خېلى ئۇزاق مېڭىشتى. كوچىلار شۇنچىلىك كەڭرى ھەم پاكىز ئىدىكى، ئادەم توپا - چاڭغا مىلەنگەن ئايىغى بىلەن دەسسەشتىنمۇ ئەيمىنەتتى. خۇدابەردى ئاشۇ كەڭرى يوللاردا خىرامان كېتىۋاتقان ئادەملەر توپىغا قاراپ بىردىنلا جاڭگالدىكى قۇم بارخانلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئاسمىنى كەڭرى، شاۋقۇن - سۇرەنلەردىن خالىي، ئادەمزاتنىڭ ئايىغى تەگمىگەندەك تىپتىنچ كۆرۈنىدىغان جاڭگال كىشىنىڭ تالچىقان نېرۋىلىرىغا ئالەمچە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. ئۇ ھەر قېتىم ئاشۇ يەردە شىۋىرلاپ ئېقىۋاتقان قۇم چەشمىلىرىگە سائەتلەپ قاراپ ئولتۇرغىنىدا، ئۆزىنىڭ روھىي جەھەتتىن بارغانسېرى ياشىرىپ كەتكىنىنى ھېس قىلاتتى. كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان بۇنداق ھۇزۇرنى ئادەملىرى مىغىلدىشىپ يۈرگەن بۇ شەھەردىن تېپىش ھەرگىزمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
تاكسى بىرنەچچە دوقمۇشتىن قايرىلغاندىن كېيىن بىر رېستوراننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئەتراپىدا كىچىك زىننەت چىراغلىرى يۇلتۇزلاردەك كۆز قىسىشىپ تۇرىدىغان، « خان ئوردىسى» دېگەن خەت چۇشۇرۇلگەن يوغان ۋىۋىسكا رېستوراننىڭ پېشانىسىدە قەد كۆتۈرگەنىدى. شەمشىدىن كەلدۇق دېگەندەك

مۆرىسىنى قىسىپ قويۇپ، ئۇلارنى بىر ئايرىمخانىغا باشلىدى. دېرىزىسىدىن كۆز ياپراقلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئايرىمخانا ئەتىر ھىدى بىلەن تولغانىدى. سەندەل ياغىچىدىن ياسالغان، يۇمىلاق شىرەنى چۆرىدەپ قويۇلغان ئورۇندۇقلار تورۇستىكى ئاسما چىراغنىڭ يورۇقىدا كۆزنى قاماشتۇرۇپ پارقىرايتتى. شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان بىر دەستە گۈل ئادەمنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. چاقماق گۈللۈك خىش ياتقۇزۇلغان پولغا يىڭنە چۈشۈپ كەتسە تاپقىلى بولاتتى. ئىشىكنىڭ قارشىسىدىكى تامغا يوغان رامكىلىق ماي بوياق رەسىم ئېسىلغان بولۇپ، ئاستىغا «خامان» دەپ ماۋزۇ قويۇلغانىدى. رەسىمدە ئۆز ئارا چېتىلغان بىر توپ كالا مومىنى چۆرىدەپ ئايلىنىپ، ئايىغى ئاستىغا تاشلانغان چەشلەرنى يۇمشاتماقتا ئىدى. سەل چەتتىكى بىر كالىغا بېشىغا چىغ قالپاق كىيىۋالغان ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلاردىكى بىر بالا مىنىۋالغان بولۇپ، بىر قولىدا يۇلغۇن تايىقى تۇتقان، يەنە بىر قولىدا ئوڭ قۇلىقىنى تۇتۇپ، لاي - لاي ناخشىسى ئوقۇماقتا ئىدى. خاماننىڭ بىر چېتىدە ياغاچ ئارىنىڭ دەستىسىگە تايانغان بىر بوۋاي بالىنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سالغىنىچە كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇراتتى. رەسىم شۇنچىلىك ئۇستىلىق بىلەن سىزىلغانكى، ئۇنىڭدىكى ھەربىر ئىنچىكە تەپسىلات نەزەردىن ساقىت قىلىنمىغانىدى. رەسىمنى كۆرۈپ ھەممەيلەن ئېغىزىنى ئاچقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ خىيالىدا ئاشۇ خامان تېپىۋاتقان بالا ئەينى چاغدىكى ئۆزلىرى بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. شۇنداق، ئۇلارنىڭمۇ ئاشۇ بالىدەك ئون ئۈچ - ئون تۆت ياشلىق چاغلىرى بولغانىدى. ئاشۇ يېشىدا ئۇلارمۇ كالىغا مىنىپ يۈرۈپ خامان تېپىشكەنىدى. كۈنۈ تۈن لاي - لاي ناخشىسى ئوقۇپ ئېغىزى تالمايتتى. بىر چەتتە خامانغا ئاياغ تاشلاۋاتقان بوۋىلىرى ناخشا ئاڭلاپ قانمايتتى. گەرچە ئۇ بەكلا جاپالىق يىللار بولسىمۇ، ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان شۇنداق گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغانىدى.

— قېنى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى شەمشىدىن رەسىم ئالدىدا تۇرۇپ قالغان دوستلىرىنى شىرەگە تەكلىپ قىلىپ، — مۇلازىم قىزلار كۆرۈپ قالىدىغان بولسا، سىلەرنى شەھەر كۆرمىگەن سەھرالىق ئىكەن دەپ قالمىسۇن يەنە. تېز ئولتۇرۇۋېلىڭلار. رەسىم دېگەننىچۇ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ يىراقتىن كۆرىدىغان نېمە ئۇ. قېنى خۇدابەردى، سەن يېنىمدا ئولتۇر. سەندىن سورايدىغان گەپلىرىم بار.

— خوپ، پەرمانبەردارمەن!

ئۇلار شەمشىدىن كۆرسەتكەن ئورۇنلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. غۇنچە بوي بىر قىز كىرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانلارغا چاي قۇيدى. شەمشىدىن ئۇنىڭغا ئەكىرىۋېرىڭلار، دەپ ئىشارەت قىلغاندىن كېيىن، ھەممەيلەنگە بىر تالدىن تاماكا تۇتتى.

— ئۇيچە سورۇندا قانغۇدەك مۇڭداشقىلى بولمايدىكەن، — دېدى ئۇ پاس قىلىپ چاقماق چېقىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، — مېنىڭ يەنىلا سىلەر بىلەن قانغۇدەك بىر مۇڭداشقۇم كەلدى. دېمىسىمۇ ئارىدىن نۇرغۇن يىل ئۆتتى. ئاداش خۇدابەردى، قېنى دېگىنە، ئەسلىي سەن كادىر بولۇپ، تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشىدىغان بولغان. بىز يېڭىلىكتە خوشلاشقاندىن كېيىن سېنىڭ پەقەتلا دېرىكىڭنى ئالالمىدىم. بىر قېتىم بۇ ناھىيىگە كېلىپ تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئىزدەپ بارسام، بىزدە بۇنداق ئادەم يوق، دېيىشتى. شۇنچە ئۇزاق ۋاقىتتىن بېرى نەلەردە يۈردۈڭ؟ بۈگۈن ھەممە گەپنى سەندىن ئاڭلايمىز، ئاداش. سەن بىرنەرسە دېمىگۈچە ھېچقايسىمىز ئېغىز ئاچمايمىز، قانداق دېدىم، ئاغىنىلەر؟

— بەلەن گەپ، — دېدى دىلمۇرات ئىستاكاندىكى چايدىن ئوتلاپ قويۇپ، — شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى مەنمۇ بۇ دوستۇمنى كۆپ ياد ئەتتىم. بىراق، قاتمۇقات كەلگەن تۇرمۇش بېسىملىرى ئالدىدا ئۇھ دېگۈدەك ماجالىم قالماي، ئۇنى ئىزدىيەلمىگەنىدىم.

مانا، سېنىڭ تەشەببۇسۇڭ بىلەن بىز دىدارلىشىپ، بىر شىرەدە دەرقەمتە ئولتۇرۇۋاتىمىز. دەيدىغاننى ئالدى بىلەن خۇدابەردى دېسۇن. ئاندىن قالغانلىرىمىزنىڭمۇ دەيدىغانلىرىمىز بار. ھەممەيلەن بېشىمىزدىن ئۆتكەن قىسمەتلەرنى ھېكايە قىلىشارمىز.

خۇدابەردى ئۇلارغا بىرمۇبىر قاراپ ئايانچلىق كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئۇششاق سىزىقلار چوڭقۇر ئورۇن ئالغان كۆز جىيەكلىرى ياشقا تولدى. ئۇ تاماكىسىنى كۈچەپ بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن، ئېغىز - بۇرنىدىن پۇرقىرىتىپ ئىس چىقاردى. شۇ تاپتا ئۇ گەپنى نەدىن باشلاشنى بىلمەي قىينالماقتا ئىدى.

ئايرىمخانىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ، تاۋاق - تاۋاقتا قورۇمىلارنى كۆتۈرگىنىچە بىرنەچچە قىز كىرىپ كېلىشتى. بىرپەستە ئۈستەل ئۈستى ھەر خىل قورۇمىلار بىلەن توشۇپ كەتتى. قورۇما توشۇيدىغان مۇلازىم قىزلارنىڭ تېخىچە ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتاتتى. بۇنىڭغا قاراپ ئوبۇلتالىپنىڭ ئېغىزى ئېچىلدى.

— ئاداش شەمشىدىن، بۇلارغا ئېيت، ئەمدى بولدى قىلىشسۇن، ئاشۇ چاغدا بىر قاچا ئۇماچقا كېكىرىپ كېتىدىغان قورساق بۇ. قورۇمىلارنى بۇنداق دۆۋىلىۋەتسە ئىسراپ بولىدۇ. ياكى سەن ئەمىلىڭنى بىزگە بىر كۆز - كۆز قىلىۋالاي دەۋاتامسەن، ئاداش؟ شۇنداق نىيىتىڭ بولسا مەيلى، بولمىسا ئەمدى ئۇلارغا ئېيت، ئۈستەلنى ئۈستىدىكىسىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ. ئەمدى بولدى قىلىشسۇن.

— ئوبۇلتالىپ توغرا دېدى، ئۇلارغا دېگىن، ئەمدى قورۇمىلارنى ئەكىرىشنى توختاتسۇن.

— بىرەر قېتىم ئىسراپچىلىق قىلغانغا نېمە بولىدۇ؟ — دېدى شەمشىدىن پەرۋاسىز قىياپەتتە، — ئەينى چاغدا بىزنىڭ كۆڭلىرىمىز داش قازانغا تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتكەنىدى، كېيىن بىز ھەر تەرەپكە قۇمدەك چېچىلىپ كەتتۇق. مانا، ئوتتۇز يىلدىن

كېيىن ئاران بىر جەم بوپتۇق. پۇخادىن چىققۇدەك يەپ، ئاشۇ چاغدىكى قورساق غېمىدە قازان بېشىدىن كېتەلمىگەن كۈنلىرىمىزنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىكىنى تەبرىكلەيلى، قېنى ئېلىڭلار، قورۇمىلار ئىسسىق چېغىدا ئېغىز تەگمىسەك، خۇدابەردى بىلەن ئايجامالنىڭ بۈگۈن سۈرەتكە چۈشكىنىدەك ئىش بولىدۇ. قېنى ئېلىڭلار.

ھەممەيلەن ئايرىمخانىنىڭ تورۇسىنى ئۆرۈۋەتكۈدەك كۈلۈپ كېتىشتى. خۇدابەردى يەنە بىر قېتىم چوغلۇق گۈلىدەك قىزىرىپ كەتتى.

— شەمشىدىن، چاقچاق دېگەننىڭمۇ ھېسابى بار، ئاداش، — دېدى ئۇ قولىدىكى چوكىنى چاي ئىستاكانىغا بوش ئۇرۇپ قويۇپ، — بىز دېگەن ئاللىقاچان تۇرمۇش قايناملىرىغا غەرق بولۇپ كەتكەن ئادەملەرمىز. ھەممىمىزنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوچىقى، ئۆز ئالدىغا قازىنى ھەم ئۆز ئالدىغا دەردى بار. ئۆتكەن كۈنلەرنى ھەرقانچە تەگىگەن بىلەن چىققان كۆز ئورنىغا كەلمەيدۇ. بۈگۈن مېنى بالىلارنىڭ ئالدىدا بەكلا خىجالەت قىلدىڭ، ئاداش. باغچىدا يۈرگەندە ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنداق چاقچاقىڭنى ئەمدى قىلما، بولامدۇ، ئاداش؟

— بولدى خۇدابەردى، سەن تېخىچە ئاشۇ چاغدىكى مىجەزىڭدىن قالماپسەن. بىر قېتىم سۈرەتكە چۈشكەنگە نېمە بولىدۇ؟ ساڭا قارىغاندا يەنىلا ئايجامال يۈرەكلىك ئىكەن. دەپ بولغۇچە يېنىڭغا كېلىپ، ئاپپاراتقا قاراپ سەپراس بولۇپ تۇردى. ناۋادا بىز بولمىغان بولساق، مۈرەڭگە بېشىنى قويۇشتىنمۇ يانمايدىكەن. بىر ئايال شۇنچىلىك پىداكارلىق كۆرسىتىۋاتقان يەردە ساڭا قىزىرىپ - تاتىرىشنى كىم قويۇپتۇ؟ سەن ھازىر ئوتتۇز يىل ئىلگىرىكى تارتىنچاق يىگىت ئەمەس، قۇۋۇرغىسى قاتقان ئەركەكتەك ئىش قىلمىساڭ، سېنى غايىبانە سېغىنىپ كېلىۋاتقانلارنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىسەن. مانا، مېنىڭ بىر

ئېغىز چاقچىقىم بىلەن بىر ئوبدان سۈرەتكە چۈشۈۋالدىڭلار. تېخى سۈرەتتىڭلار بەش بارمىقىنى جۈپلەپ، ئالدىغا چىقىرىپ تۇرغان داھىيىنىڭكىدىن قېلىشمىغۇدەك چوڭايتىلىپ، ئالتۇن رەڭلىك رامكىغا ئېلىنىپ، ئايجامالنىڭ مېھمانخانىسىدىن ئورۇن ئالىدىغان بولدى. ماڭا رەھمەت دېسەڭ بولىدۇ، خۇدابەردى.

— ئەمىسە سەنمۇ قوۋۇرغىسى قاتقان ئەركەك بولغاندىكىن، ئايشەم، مەلىكىزادىلار بىلەن سۈرەتكە چۈشمىدىڭغۇ؟

— ئۇلار بىلەن نېمىدەپ ئايرىم سۈرەتكە چۈشكۈدەكمەن؟ — دېدى شەمشىدىن قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ، — ئۇلار بىلەن مېنىڭ ئالاھىدە مۇناسىۋىتىم بارمىدىيا؟ ھەممەيلەن ئوپچە سۈرەتكە چۈشتۇقغۇ؟! ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، ئاداش، بولدى، بۇ گەپ ئەمدى مۇشۇ يەردە قالسۇن. ئاۋۋال تاماق يەيلى، ئاندىن بىر ـ ئىككى رومكىدىن ئىچىشكەچ مۇڭلىرىمىزنى تۆكۈشەرمىز. قېنى ئېلىڭلار.

ئۇلار قورۇمىلارغا ئېغىز تېگىپ قورساقلىرىنى ئەستەرلەشتى. تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن، شەمشىدىن مۇلازىم قىزلارغا بۇيرۇپ ئىككى بوتۇلكا ھاراق ئەكەلدۈردى.

— ئەمىسە بۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئىچىشكەچ ئولتۇرايلى. گالنى نەمدەپ تۇرمىساق يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭ چىقمايدۇ، قانداق دېدىم؟

ھەممەيلەن بېشىنى لىڭشىتىشتى.

شەمشىدىن تېزلىك بىلەن رومكىنى ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. ھەممەيلەن گەپ ـ سۆز قىلىشماستىن نۆۋىتىنى جىممىدە ئىچىشەتتى. ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر بوتۇلكا قۇرۇقدالدى. شەمشىدىن يەنە بىر بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئاچتى.

— قېنى باشلا، — دېدى ئۇ رومكىلارغا ھاراق قۇيۇۋېتىپ خۇدابەردىگە قاراپ ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نەلەردە يۈرگىنىڭنى بايان قىل. ھەممەيلەننىڭ قۇلىقى سەندە!

خۇدابەردى ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ قويۇپ، ئۆزىگە

قاراپ ئولتۇرغان دوستلىرىغا بىرمۇبىر قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ ھېلىلا ئېچىلغان چىرايىنى قايتىدىن تۇمان باستى. ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى.

ــ سىلەردىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى كەچمىشلىرىمنىڭ سۆزلىگۈدەك ئالاھىدە بىر يېرىمۇ يوق، ــ دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، ــ ھەممىڭلار ئىشچىلىقنى تاللاپ تەقسىملەنگەن ئورنۇڭلارغا كەتكەندىن كېيىن، مەنمۇ ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىگە ئىشقا چۈشتۈم. بىراق، «يېتىمنىڭ ئېغىزى ئاشقا تېگىپ بولغۇچە بۇرنى تاشقا تېگىپتۇ» دېگەندەك، ئاران يېرىم كۈنلا خىزمەت قىلالىدىم. يېكەنلىكتىن بىرى مەن توغرۇلۇق ئەرز قىپتۇ. تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئىشلىرىمنى بىر ياقلىق قىلىۋېلىش ئۈچۈن ماڭا بىر ھەپتىلىك مۆھلەت بەرگەندى. يېكەنلىككە بارسام توختايۇپ قېچىپ يۈرۈپ، ئالتۇندەك پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدۇم. كېيىن ھېساب تەكشۈرۈپ، مېنى خىيانەتچى قىلىپ قويدى. ئاشۇ قېتىم دادامغا ئەگىشىپ يۇرتقا ماڭغاندا روھىم تېنىمدىن چىقىپ كەتكەندەكلا بولۇپ قالغانىدىم. ئۆيدە يېرىم يىلدەك لاغايلاپتىمەن. تۇرمۇشۇمدا قانداقتۇر بىرنەرسە كەمدەك، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ يەرگە پەقەتلا مېھىر بېرەلمىدىم. روھىمدىن ئايرىلغان تېنىم لېشى ئېلىۋېتىلگەن قاپاقتەك غوڭۇلداپ تۇراتتى. دادام خېلى كۆپ ئورۇنلار بىلەن ئالاقىلىشىپ بېقىپتۇ. بىراق، مېنىڭ ئارخىپىمغا خىيانەتنىڭ گېپى يېزىلغان بولغاچقا، ھېچقايسى ئورۇن ئېلىشقا پېتىنالماپتۇ. ئانامدىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تېخىمۇ يېرىم بولدى. كېيىن ئويلاپ باقسام، تومۇرۇم يېكەنلىك تامان سوقىدىكەن. بىر كۈنى ئۆيدىكىلەرگىمۇ دېمەستىن، تراكتورغا ئولتۇرۇپ يېكەنلىككە باردىم. بۇ چاغدا ھەممەيلەن قايتىپ بولۇشقان، توختايۇپمۇ، ھۆسىيىن مۇدىرمۇ كەتكەنىكەن. يېكەنلىك مەيدان «راكېتا»نىڭ بىر ئەترىتى قىلىپ قوشۇۋېتىلىپتۇ. «راكېتا»دا ئادەم ئاز

بولغاچقا، بۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىدىغانلار ئانچە كۆپ ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار يېڭىدىن نوپۇسقا كىرىدىغانلارنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىدىكەن ۋە مۇشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرىدىكەن. مەنمۇ «راكېتا»غا نوپۇسقا كىردىم. ئاشۇ چاغدىكى ياتىقىمىزنى ماڭا بېرىشتى. ھەر قېتىم ئىشتىن يېنىپ ياتاققا كەلسەم، سىلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. كېيىن توي قىلدىم. بالىلىق بولدۇم. ئاتا ـ ئاناممۇ مېنىڭ تاللىشىمغا رازى بولدى. شۇنىڭدىن بۇيان ھېچقايسىڭلارغا كۆرۈنمەي ئاشۇ يەردە تىپتىنچ ياشاپ كەلدىم. ھازىر ئىككى ئوغلۇم بار، ئۇلارنى ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇتتۇم، ھازىر ئۇلار خىزمەتتە. ئوغۇلنىڭ چوڭى ئالىقاچان ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولۇپ بىر بالىغا دادا بولدى. كىچىكىمۇ ئېڭەككە تاقىشىپ، كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراۋاتىدۇ. ئېھتىمال ئۇنى كېلەر يىلى ئۆيلەپ قويۇشۇم مۇمكىن.

— ئالغان خوتۇن «راكېتا»لىقمۇ؟

— شۇنداق.

— ئۇنى بىز تونۇيمىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە تونۇيسىلەر. سىلەر ئۇنى كۆرگەن.

— ئەمىسە كىم ئۇ؟

— گۈلقەلەم.

— ئوھوي، ھېلىقى نەجمىدىننىڭ قېينىسىڭلىسى شۇمۇ؟

— دەل ئۆزى.

— مولۇننىڭ قازناققا كىرىشى بىكاردىن ئەمەس ئىكەن ـ دە، — دېدى شەمشىدىن تىزىغا مۇشتلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — ۋاي كاساپەت، بۇ ئىشتا مەن سېنى خام ساناپ يۈرۈپتىمەن. ئەسلىدە سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ يۈگۈرتۈپ يۈرۈپتىكەنسەن ـ دە؟ قارىغىنا ئۇستاتلىقىڭنى، بىزنى مەيزابىقا چىلاپ قويۇپ، قازناققا كىرىپ قىز كەلتۈرۈشنى كىمدىنمۇ ئۆگەنگەنسەن ـ ھە؟ ھە راست، يېكەنلىكتە بولساڭ، «راكېتا»لىق ئاغىنىلەر بىلەن كۆندە

بولمىسىمۇ، كۈنىدە دىدارلىشىپ تۇرىدىكەنسەن ـ دە؟ قېنى ئېيتقىنا، ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟ نەجمىدىنلەر ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ؟ ھەي، شۇ خىزمەتنىڭ ئالدىراشلىقى بىلەن بىزمۇ ۋەدىمىزدە تۇرالمىدۇق. ئۇلارنى يوقلاپ «راكېتا»غا بىرەر قېتىممۇ بارالمىدۇق ئەمەسمۇ؟

— ھەممىسى سالامەت، جاھان ئۆزگىرىپ، يەرلەر ئائىلىلەرگىچە ھۆددە بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇلارمۇ «راكېتا»دا بىرمۇنچە يەرنىڭ تانابىنى تارتىپ يۈرۈشكەندى. كېيىن ئۇلارمۇ يېكەنلىك مەيدانىغا كۆچۈپ كېلىشتى. بىز بىرلىشىپ ئېگىلىك تىكلەشنى مەسلىھەتلىشىپ، يېكەنلىك مەيدانىنى كۆتۈرە ئالدۇق. ھازىر ھەممەيلەن شۇ يەردە ئىشلەۋاتىمىز. ھازىر دېگەن يېكەنلىك مەيدان ئادەم كىرسە چىققۇسى كەلمىگۈدەك باغچىغا ئايلىنىپ كەتتى. پۇرسەت بولسا كۆرۈپ كېلىڭلار.

— سەن مۇنداق دېگەندىكىن، ئەلۋەتتە بارىمىز ـ دە، ئەمدى.

— شۇنداق، بارماي بولمايدۇ، ھېچبولمىسا نەجمىدىنلەرنى يوقلاپ كەلگىنىمىز بولۇپ قالسۇن.

— كىرسە چىققۇسى كەلمەيدىغان باغچەڭلارنى بىزمۇ كۆرۈپ كېلەيلى، ئاداش. ئاشۇ چاغدا مەيزاب ئىچىپ ئۇخلاپ قالمىغان بولسام، بولغۇسى يەڭگەمنى مەنمۇ كۆرۈۋالار ئىكەنمەن، ھەي...

ئارىنى بىرپەس سۈكۈت باستى.

— ئەسلىدە ئۆكۈز ئۆلمىگەن بولسا، مەنمۇ خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولماي ھارۋىنىڭ كەينىدىن جىم يۈرگەن بولسام، بەلكىم خىيانەتچى بولۇپمۇ قالماسلىقىم ھەم ياخشى ئورۇندا خىزمىتىمنى قىلىپ، ئارامخۇدا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگەن بولاتتىم. توختايۇپ تېنىۋالغان ئاشۇ ئىككى يۈز قىرىق نەچچە يۈەن مېنى نابۇت قىلدى، ئىستىقبالىمنى تۇگەشتۇردى. شۇڭا، ھەممىدىن ئۆمىدىمنى ئۈزۈپ، كەتمەننىڭ قۇلى بولۇپ يۈرۈۋاتىمەن. ئاشۇ ئادەمنىڭ ماڭا قىلغىنى ھېچ ۋاقىت ئېسىمدىن

چىقمايدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى نەپرەتلىنىمەن.

— گەپ سىنىڭ خوجىلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغىنىڭدا ئەمەس، — دېدى دىلمۇرات گېلىنى قىرىپ قويۇپ، — بەلكىم باشقىچە بىر سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بولمىسا توختايۇپ بىكاردىن - بىكارغا ئۇنچىلىك پۇلغا تېنىۋېلىپمۇ يۈرمەس ئىدى.

— كىچىككىنە بىر ئىشنى ئارخىپقا يېزىپ قويغىنى يامان بوپتۇ، — دېدى ئوبۇلتالىپمۇ بېشىنى چايقاپ، — هازىر دېگەن يۈز نەچچە كوي ئەمەس، مىڭلاپ، تۈمەنلەپ يېگەنلەرمۇ كۆزىنى مىت قىلىپ قويماي، تېخى كىيىمىنىڭ نوچىسىنى كىيىپ، گالستۇكىنىڭ چىرايلىقىنى تاقاپ، بەتىنكىسىگە تۇپا قوندۇرماي يۈرمەمدۇ؟

— بىراق، ئۇ چاغدىكى ئىككى يۈز نەچچە كوي دېگەنمۇ ئاز پۇل ئەمەس - دە؟ قېنى قايسىڭلار شۇ چاغدا ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئەللىك كوينى تۇتۇپ باققان؟

شەمشىدىنىڭ سوئالىغا هەممەيلەن بېشىنى چايقاش بىلەن جاۋاب بېرىشتى.

— دىلمۇراتنىڭ دېگىنى توغرا، — دېدى شەمشىدىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ يەردىكى تۈپ مەسىلە يەنىلا ئايجامال. توختايۇپنىڭ كۆنداشلىقى ئېغىر ئادەم. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قېرى هاڭگىنىڭمۇ ئايجامالغا كۆزى چۈشۈپ، پۇرسەت تاپسىلا ئۇنىڭغا قانات سۆرەپ يۈرگىنىنى مەنمۇ هېس قىلغان. ئۇ ئايجامالنىڭ تومۇرىنىڭ خۇدابەردىگە سوقىدىغانلىقىنى بىلىپ قالغاچقىلا، «ئېشەككە كۆچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك هەممە ئاچچىقىنى خۇدابەردىدىن ئالغان گەپ. قۇددۇس بىلەن سانىيەنىڭ ئىشىنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟ ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشىمۇ چىللاغا چىقارغۇدەك ئىش ئەمەس ئىدى. بىراق، ئاشۇ ئادەمنىڭ كۆنداشلىقى بۇ ئىككىسىنى چوڭ يىغىن سەهنىسىگە سۆرەپ چىقتى. ئاقىۋەت ئۇلار بۇ ئادەمنىڭ چاڭگىلىدىن قېچىش

بىلەنلا قوتولدى ئەمەسمۇ؟

— ھە راست شەمشىدىن، ئۇلارنىڭ دېرىكىنى ئالالىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئوبۇلتالىپ.

— ئۇلار ھازىر ئۈرۈمچىدە ئىكەن، تىجارەت قىلىشىۋېتىپتۇ. يىغىنغا چىققان ۋاقىتلىرىمدا بىرنەچچە قېتىم ئۇچرىشىپمۇ قالدىم. كۆڭلىرى ياخشى ئىكەن. مېنى ئۇنىمىغىنىمغا قويماي رېستورانلاردا مېھمان قىلىشتى. بىراق، بۇ قېتىمقى يىغىلىشنىڭ ئالدىدا شۇنچە قىلغان بولسامۇ، ئۇلار بىلەن ئالاقىلىشەلمىدىم. شۇڭا، ئۇلارنى بۇ قېتىمقى يىغىلىشقا چاقىرىش مۇمكىن بولمىدى.

رومكىلار يەنە بىر قېتىم ئايلاندى.

— ئەمدى گەپنى دىلمۇراتتىن ئاڭلايلى، — دېدى شەمشىدىن ھەممەيلەنگە بىر تالدىن تاماكا تۇتۇۋېتىپ، — قېنى بۇرادەر، سەنمۇ ئۆزۈڭ ھەققىدە سۆزلەپ بەر.

— ماڭا يەنە بىر رومكا بەرگىنە، — دېدى ئۇ لېۋىنى يالاپ قويۇپ، — سىلەر بىلەن بىللە ئىچكەن ھاراق قومغا تۆكۈلگەن يامغۇردەك سىڭىۋاتىدۇ دېسە. ئۇزاق بوپتىكەن، مۇنداق بىر ئېچىلىپ ئولتۇرمىغىلى، ئەكېلە رومكاڭنى.

ئۇ شەمشىدىن سۇنغان بىر رومكا ھاراقنى گۇپپىدە ئېچىۋەتتى. ئالىقىنى بىلەن جاۋغايلىرىنى سۈرتىۋەتكەندىن كېيىن تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى.

— سۆزلەپ كەلسەم، دەردىم تولا، — دېدى ئۇ تاماكا ئىسىنى تۇرۇسقا پۈۋلىگىنىچە، — ئاشۇ چاغدا مۇشۇنداق كۈنگە قېلىشىمنى بىلگەن بولسام، ئىشچى بولغۇچە مەنمۇ خۇدابەردىدەك يېكەنلىككە قايتىپ، ئۆز ئالدىمغا ئىگىلىك تىكلەپ ئۆتەر ئىكەنمەن. كادىر بولىسەن دېسە ئۇنىماي، توختايۇپ دېگەن قىزىلكۆزگە مىڭ تاغار يالۋۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا كىرگەنىدىم. دەسلەپ زاۋۇتنىڭ تۆمۈر

تاۋلايدىغان ئوچىقىغا ئوت قالاپ يۈردۈم. كېيىن، مېنى كۆمۈر توشۇش ئەترىتىگە يۆتكىۋەتتى. كۈن بويى كۆمۈر بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەچكە، يۈز ـ كۆزلىرىم قارىدىن ئاجرىمايتتى. كېيىن زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان بىر قىزغا ئۆيلەندىم. بالىلىق بولدۇق. بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى تۇغۇلغان بالىلار بىزنى سۆيۈندۈرەتتى. يىللار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ يۈرۈپ بالىلارنىڭمۇ ئالدى تولۇقنى پۈتتۈرۈپ، ئالىي مەكتەپكە يول ئالدى. بىراق، دەل شۇ كۈنلەردە كەلگۈلۈك بىزنىڭ بېشىمىزغا تاغدەك يىقىلدى. زاۋۇت بىر كېچىدىلا ۋەيران بولدى. بىز ئۇۋىسى بۇزۇلغان مېكىياندەك تالادا قالدۇق. كىچىكىپ تۇغۇلغان بالىنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى ئوقۇشى دەل خىراجەتنى ئۆزى كۆتۈرىدىغان مەزگىلگە توغرا كېلىپ قالغاچقا، ئۇنى ئوقۇتۇش بىزگە ئاسانغا چۈشمىدى. مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ بىر تىرىلىپ يۈرۈپ ئۇنى بەش يىل ئارانلا ئوقۇتتۇق. شۇنىڭغىچە مېنىڭ يولۇنۇم ئۈزۈلگىلى تاسلا قالدى. بىراق، ئۇنىڭ ئوقۇشى تۈگىگەن بىلەن خىزمەتنى يەنىلا ئۆزىمىز تاپىدىغان گەپ ئىكەن. قۇرۇق قول بېرىپ ئىشنىڭ چەككەنگە ھېچكىمنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلمايدىكەن. بالا ھازىرغىچە ئۆيدە ئىش كۈتۈۋاتىدۇ. قىلاي دېسەك ئىش يوق، تىجارەتكە دەسمايە كېتىدىكەن، بار ـ يوقىنى بالىنىڭ ئوقۇشىغا ئىشلەتكەچكە، يانچۇقىمۇ قۇرۇق. شۇڭا، بىزمۇ ھۆكۈمەت بېرىۋاتقان تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتىگە قاراشلىق بولۇپ قالدۇق. ھازىر بالىلارنىڭ كىچىكلىرى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. بالىلارنىڭ كىيىنلىكىنى ئويلىساملا، بېشىمنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتىدۇ. ھازىر مەن يېزىغا قايتىپ، ئاتا ـ ئانامدىن قالغان نەچچە ئېغىزلىق ئۆيدە تۇرۇۋاتىمەن. شەھەردىن ئۆيمۇ ئالالمىدىم. ھازىر ماڭا ئۆيدە ئۇن ـ ياغ ئۆكسۈمەي بىر كۈن ئۆتسە، شۇنىڭ ئۆزى ئالاھىدە خۇشاللىق بولۇپ تۇيۇلىدۇ. مېنىڭ سىلەرگە سۆزلەپ بېرىدىغانلىرىم مۇشۇنچىلىك...

ئولتۇرغانلار ئۇنىڭ سولغۇن چىرايىغا قاراپ، يۈرىكىنىڭ ئېچىشىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھالدا ئۇھ تارتىشتى.

— مېنىڭ ئەھۋالىمنى دىلمۇراتنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ، — دېدى ئوبۇلتالىپ ئېغىر تىنىپ قويۇپ، — مەنمۇ تۇرمۇشتا بىر قېتىم راۋۇرۇس پېلىشىپ، كېيىن يولۇمنى تېپىۋالغان ئادەم. ئاشۇ چاغدا مېنىڭ ۋىلايەتلىك يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشچىلىققا كىرگىنىمنى ھەممىڭلار ئوبدان بىلىسىلەر. شۇ چاغدا مەن بەخت پەيزىدىن مەست بولۇپ، ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ كەتكەنىدىم. ئۇ چاغدا يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىنىڭ بوسۇغىسى شۇنچىلىك ئېگىز، ئالاھىدە ئىمتىيازى بولمىغان ئادەمنىڭ ئۇ يەرگە ئىشچىلىققا كىرىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. خۇشاللىقىمدا بىر كېچە كىرپىك قاقماي چىققىنىم ھازىرمۇ ئېسىمدە بار. راستىنى دېسەم، شۇ چاغدا مەن ھەممىڭلارنى مەنسىتمىگەن، ھېچقايسىڭلارنى ماڭا يەتمەيدۇ دەپ قارىغانىدىم. كۈتكەن كۈنلەر ئاخىر يېتىپ كەلدى. يىپەك توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا ئىشقىمۇ چۈشتۈم. كۆڭلۈم بەكلا خۇشال، زاۋۇتتىكى كۈنلىرىمدىن ئۆزۈممۇ رازى ئىدىم.

مۇشۇ كۈنلەردە تەقدىر ماڭا ئوڭ كۆزىدە قاراۋاتاتتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتەر - ئۆتمەيلا خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق كېلىپ، زاۋۇت باشلىقىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ قالدىم. قەدىرىيە ئىسىملىك بۇ قىز دەسلەپ كۆزۈمگە بەكلا ئىسسىق كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇمۇ مەن بىلەن بىر سېختا بولۇپ، شۇ چاغلاردا ئۇ ئون سەككىزنى ئەمدىلا تۇگەتكەنىكەن. ياش قىز ماڭا دالىدا ئېچىلغان چوغلۇقتەك شۇنچىلىك جازىبىلىك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرغاچقا، ئۇنىڭغىمۇ ئىسسىق ئۆتۈپ قاپتۇ. بىر - ئىككى قېتىم ئايرىم كۆرۈشۈپلا ئېشىمىز پىشىپ قالدى. گەرچە قەدىرىيەنىڭ دادىسى، بىزنىڭ زاۋۇت باشلىقىمىز بۇ تويغا دېگەندەك رازى بولمىغان بولسىمۇ، مەن يەنىلا زاۋۇتتىكى

تەڭتۇشلىرىمنىڭ كۆزىنى قىزارتقان بۇ تويىنى ئاخىر قىلدىم. تويدىن كېيىن قېيناتامىمۇ ماڭا باشقىچە قارىمىدى. كۈنلىرىمىز ياغىنىڭ ئېچىدىكى بۆرەكتەك شۇنداق بەختلىك ئۆتمەكتە ئىدى. زاۋۇتتىن ئىش ھەل قىلىدىغانلار بىۋاستە زاۋۇت باشلىقىنى ئىزدەشكە پېتىنالمىسا، بىزنىڭكىگە كېلىشەتتى. سۇدەك ئېقىۋاتقان سوۋغا ـ سالامنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بىر يىلغا قالماي بىزمۇ خانىلىرى ئوبدان سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۈچ ئېغىزلىق بىر قورۇنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدۇق.

ئەپسۇس، كۈنلەر ئۆتكەنسېرى قەدىرىيەنىڭ خۇيى تۇتۇشقا باشلىدى. مېنىڭ ئىشلىرىمدىن بىرەر قۇسۇر تاپمىسا، ئۇنىڭ كۈنى كەچ بولمايدىغان بولۇپ قالدى. مەن بېشىمنى سىلكىۋېتىپ ئەقىل كۆزۈم بىلەن نەزەر سالسام، قەدىرىيە بەكلا ئۆزۈمچى، مېنىڭلا راست دەيدىغان تەرسا مىجەزلىك قىز ئىكەن. توي قىلىپ بىر يېرىم يىلغا بارمايلا پاختىمىزغا ئوت كېتىپ، مېزىمىزنىڭ تۈتۈنى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. جېدەل ـ ماجىرا ئۆكسۈمەيدىغان ئۆي دېگەن بۇ ئائىلىدىكى دوزاخ ئىكەن. مەن بۇ دوزاختا ساق ئىككى يىل قىينالدىم.

بىر كۈنى دەردىمنى ھاراقتىن ئېلىپ، تازا مەست بولۇپ قايتىپ كەلسەم، ئۇ يەنە ئۆينى بېشىغا كىيىپ جېدەلنى باشلىدى. ئاخىر بولماي، ئۇنى بىرمۇنچە دۇمبالاپ، مەستلىكىمدە تالاق قىلىۋېتىپتىمەن. ئەتىسى ئويغىنىپ بولغان ئىشلارنى ئاڭلاپ يۈرىكىمنىڭ بىر يەرلىرى ئېچىشقاندەك بولدى. ھاياتتا خۇدىنى بىلمەي قالغان ئادەمنى خۇدا مۇشۇنداق ئۇرىدىكەن. ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ بىر ئاي بولمايلا ئەسلىدىكى ئورنىمدىن يىپەك تارتىش سېخىغا يۆتكىۋېتىلدىم. بۇ بەكلا سېسىق پۇرايدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەر كۈنى قولنى سۇغا تىقمىسا بولمايدىغان ھۆلچىلىك يەر بولغاچقا، نەچچە كۈن ئۆتمەيلا مېنى داد دېگۈزدى. ئويلاپ كۆرسەم، مەن قەدىرىيەنى ئەمەس، ئۇ مېنى تالاق قىلغانىكەن.

بارلىق دەرد مەن بىلەنلا قالدى. چىشىمنى چىشلەپ يۆرۈپ نەچچە يىلنى ئۆتكۈزدۈم. كېيىن، زاۋۇت تۆۋىدىن زەيلەپ كەتكەن تامدەك قىڭغىيىشقا باشلىدى. بازاردا يىپەكنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتكەچكە، بىزنىڭ كۈنلىرىمىزمۇ دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. قارا بۇلۇتتىن شەپە كەلسە، يامغۇر ياغماي قالمايدىكەن. ئاخىر زىيانغا ماڭغان زاۋۇت زور كۆلەمدە خادىم قىسقارتىشقا مەجبۇر بولدى. قانداق، ئەمدى سىلەر مەندەك كۆرەڭلەپ كەتكەن بايۋەچچىنىڭ بېشىغا قانداق كۈننىڭ قۇچاق ئاچقىنىنى ھېس قىلغانسىلەر؟ قامچىنىڭ باش بۇرنى مېنىڭ بېشىمغا تەگدى. مۇشۇ چاغدىلا قەدرىيەنى مەن ئەمەس، مېنى ئۇنىڭ ئالغانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. بىرىنچى تۇركۇمدە زاۋۇتتىن قىسقارتىلدىم. زاۋۇتتىن ئازراقلا بىر نەرسە بېرىپ، مېنى بوسۇغىسى ئېگىز ئاشۇ دەرۋازىدىن چىقىرىۋەتتى. ئۆز ئالدىمغا بىر ئىش قىلاي دېسەم، قولۇم قىسقا، دەسمايىنىڭ تايىنى يوق. قولۇمدىكى نەچچە مىڭ كوي تۆشۈك خالتىغا ئۇسقان قۇمدەك كۈندىن - كۈنگە ئاز قالماقتا ئىدى. يېرىم يىلغا بارماي يانچۇقۇم چاشقان كىرسە يامانلاپ چىققۇدەك قۇرۇقدىلىپ قالدى.

بىر كۈنى بازاردا لاغايلاپ يۈرسەم جېلىل سادىق ئۇچراپ قالدى. بەستىگە ئەت قونۇپ، قورساق سېلىپ، بىر چىرايلىق ئادەم بولۇپ قاپتۇ. پاراڭ ئارىلىقىدا ئۇنىڭ بىر ئىدارىگە باشلىق بولغانلىقىنى ئاڭلىدىم ۋە ئىدارىسىدە مەن قىلغۇدەك ئىشنىڭ بار - يوقلۇقىنى سۈرۈشتۈردۈم. ئۇ ماڭا قاراپ بىرھازا تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، مەسخىرە قىلغاندەك مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى.

— نېمە ئىش قىلغۇڭ بار؟ — دېدى ئۇ كۆرەڭلىك بىلەن.

— نېمىلا ئىش بولسا ماڭا بەرىبىر، — دېدىم ئۇنىڭغا تاماكا تۇتۇۋېتىپ. ئۇ مەن سۇنغان تاماكىنىڭ ماركىسىغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، كۆزۈمچىلا يەرگە تاشلاپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئېزىۋەتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدا ئېزىلگىنى مەن

سۇنغان تاماكا ئەمەس، تېپىچەكلەپ تۇرغان يۈرىكىمدەك ھېس قىلىپ تولغىنىپ كەتتىم. ئۇ يانچۇقىدىن مەن مۇشۇ يېشىمغىچە كۆرۈپ باقمىغان، ئالاھىدە پارقىراپ تۇرىدىغان بىر قاپ تاماكا چىقىرىپ، بىر تال سۇغۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۇت تۇتاشتۇردى.

— بىر ئىدارە دېگەندە قىلاي دېسىغۇ ئىش تېپىلىدۇ، — دېدى ئۇ تاماكا ئىسىنى يۈزۈمگە پۈۋلەپ تۇرۇپ، — بىراق ئۇنىڭ رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش سەل قىيىنراق. بەك كۆچەپ كېتەرسەنمىكىن؟

— ئۆزلىرى بولغاندىكىن، — دېدىم ئۇنى سەنلەپ قويۇشتىن قورقۇپ ، — يېكەنلىكتىكى نەچچە يىللىق بۇرادەرچىلىكىمىزنىڭ يۈزى ئۈچۈن بولسىمۇ ياردەملىرىنى ئايىمىغايلا، ئىدارە باشلىقى.

— ھازىر دېگەن ئىسلاھات ۋاقتى، كونا خامانىنى سورۇيدىغان چاغ ئەمەس، — دېدى ئۇ توڭلۇق بىلەن، — ھەممە ئىشلار رەسمىيەت بىلەن پۈتىدىغان زامان بۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى دېسەم، يانچۇقتا مانچىلىك بىرنەرسە بارمۇ؟ — ئۇ بەش بارمىقىنى كۆرسەتتى.

— بە...بەش يۈز كويمۇ؟ ئۇنچىلىك ئاقچا دېگەن تېپىلىدۇ.

جېلىل سادىق ماڭا قاراپ سوغۇق كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ تازا بىر ئەسنىگەندىن كېيىن، ماڭا بۇرۇلدى:

— ھەي ئوبۇلتالىپ، ئۇنچىلىك بىرنەرسىگە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ؟ بەش مىڭ ! ـ

ئۇ مېنى مەسخىرە قىلغاندەك چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ قويدى.

— ماڭا قارا، — دېدى ئۇ سائىتىگە قارىۋالغاندىن كېيىن، — مېنىڭ بۇ يەردە سەن بىلەن تېپىشماق تېپىپ ئويناشقا ۋاقتىم يوق، شۇ تۇرقىدا بىر ئىدارىنىڭ ھەممە ئىشلىرى ماڭا قاراشلىق. ھازىرلا يولغا چىقمىسام بولمايدۇ. ناۋادا ئىشلىگۈڭ بولسا،

يانچۇقنى ئوبدان تومىلاپ ئاندىن مېنى ئىزدە. قۇرۇق گەپكە ھاپىزكامنىڭ دەمدىرىمۇ ئۇنىلەپ بەرمەيدۇ. ئەمىسە شۇنداق بولسۇن، كېيىن كۆرۈشەيلى.

ئۇ خوشمۇ دېمەستىن نېرىقى بىنانىڭ ئالدىدا توختىتىپ قويۇلغان ماشىنىنىڭ يېنىغا ماڭدى. مەن ئۇنىڭغا ئۇمىد باغلاپ، خىزمەت توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقىنىمغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدىم. بىرنەچچە كۈنگىچە ھارام بىرنەرسە يەۋالغاندەك كۆڭلۈم غەش يۈردۈم. ھارىقىڭدىن بىر رومكا بەرگىنە شەمشىدىن، گېلىم بەكمۇ قۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ.

شەمشىدىن ئۇنىڭغا بېلىق كۆزى قىلىپ بىر رومكا ھاراق قۇيۇپ بەردى.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئىشچىلىق دېگەننىڭ گۆرىگە ئوت كەتسۇن، دەپ ئوقۇش نىيىتىگە كەلدىم. ئالىي تېخنىكومدا ئىشلەۋاتقان قاسىم پەيزىنى ئىزدىدىم. ئۇمۇ ئەھۋالىمنى ئۇقۇپ بەكلا ئېچىندى ۋە مەكتىپىدە ئېچىلىدىغان ئىشتىن سىرتقى تەربىيىلەش كۇرسىغا تىزىملىتىپ قويدى. مەن بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇپ ئىككى يىلدا ئالىي مەكتەپنى تۈگەتكەن بولدۇم. كېيىن كادىر تولۇقلاش ئىمتىھانىغا قاتناشتىم. ئۆگەنگەنلىرىم ئەسقېتىپ قالدى. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ چارۋىچىلىق ئىدارىسىگە ئىشقا چۈشتۈم. مانا، بەش يىل بولاي دېدى، بىر ئوبدان ئىشلەۋاتىمەن. ھازىر ناھىيىلىك چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ قالدۇق، — ئوبۇلتالىپ يەنە بىر رومكىنى قۇرۇقدىغاندىن كېيىن ئۇھ تارتقىنىچە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ئاشۇ چاغدا مەن جېلىل سادىقتىن بەكمۇ رەنجىگەنىدىم. نەچچە يىل بىر قازاننىڭ ئېشىنى ئىچىپ، بىر تۇغقاندەك بولۇپ كەتكەن ئادەمنىڭ قولىدىن كەلگىنى شۇ بولسا، يەنە كىمنىڭ ئالدىدا بويۇن قىسىپ يۈرەرمەن؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئوقۇغىنىم تۈزۈك، دېگەننى ئويلاپ ئالىي مەكتەپتە ئىشتىن

سىرت ئوقۇغانىدىم. مانا ئەمدى ئويلىسام، جىلىل سادىقتىن رەنجىشىم ئارتۇقچە ئىكەن. تېخى ئۇنىڭغا رەھمەت دېسەم بولىدىكەن. ئۇ ئاشۇنداق يوغانچىلىق بىلەن غورۇرۇمغا قامچا ئۇرمىغان بولسا، ئوقۇش ئارزۇيۇم نەلەردە يۈرەتتىكىن؟ مەن يەنە خىزمەت تەلەپ قىلىپ، كىملەرنىڭ ئالدىدا چىراي سارغايتىپ يۈرەتتىمكىن؟

ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ، ئالدىدا تۇرغان تاماكا قېپىدىن بىر تال تاماكا چىقاردى. خۇدابەردى چاقماق يېقىپ، ئۇنىڭ تاماكىسىغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ بەردى. ئۇ بۇلتالىپ تاماكىسىنى تازا كۆچەپ بىرنەچچىنى شورىغاندىن كېيىن، پۇخادىن چىققاندەك كېرىلىپ قويدى.

— ئىشقىلىپ، ھازىرقى كۈنلىرىمدىن رازىمەن، — دېدى ئۇ تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىۋېتىپ، — ئىدارىدە مېنەي دېسەم ماشىنام تەييار، خىزمىتىم كۆڭۈللۈك، ئىدارە مەسئۇلىمىزمۇ بىزگە ئوخشاش يېزىغا چۈشۈپ قايتا تەربىيە ئالغان ئادەم. گەپ - سۆزىمىز بىر يەردىن چىقىدۇ. بىر - بىرىمىزنى قوللاپ شۇنداق ئوبدان ئىشلەۋاتىمىز. بىراق، مۇشۇ كۈنلەردە تۇرمۇشۇمدا بىرنەرسە كەمدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدىم. قايتا ئۆيلىنىدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى...

— راستىنى دېسەم، مەنمۇ سېمونت زاۋۇتىدا ئارانلا ئۈچ يىل تۇرالىدىم، — دېدى شەمشىدىن كۈلۈپ قويۇپ، — زاۋۇتتىكى ئىشلار بەكلا ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن كۆڭۈللۈك ئىدى. مەن ئىشداشلىرىم بىلەن ھەر كۈنى ماشىنىلار ئېلىپ كەلگەن تۈگمەن تېشىدەك چوڭلۇقتىكى رۇدىلارنى ئوچاقنىڭ يېنىغا چۈشۈرەتتىم. گەرچە ئىش ئېغىر بولسىمۇ، بۇ يەردىكىلەر تەڭ دېمەتلىك بالىلار بولغاچقا، كۈلكە - چاقچاق بىلەن ئېغىر بىلىنمەيتتى. زاۋۇتقا ئىشقا چۈشۈپ بىر يىلدىن كېيىن باشلىق ئالماشتى. يېڭى كەلگەن باشلىق خۇددى توختىيۈپتەك ئىچى تار، ئەتراپىدىكى

ئادەملەرنى چۈشىنى قورۇغاندەك مەنپەئەتكە يېقىن يولاتمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن پەقەتلا پۈرچىقىم پىشمىدى. بىر يىلچە خىرقىرىشىپ يۈرۈپ ئاخىر ئىش تاشلىدىم. ئۆيگە قايتىپ بىر ـ ئىككى ھەپتە ئارام ئالغاندىن كېيىن، دادامنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردىم. كۆپ ئۆتمەي نەتىجىمۇ كەپتۇ. قارىسام، ئۆتۈپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن شىنجاڭ ئىقتىساد مەكتىپىگە ئوقۇشقا كەتتىم. چوڭ شەھەرلەردە يۈرۈپ كۆزۈم باشقىدىن ئېچىلدى. نەزەر دائىرەممۇ كېڭەيدى. جاھان يېكەنلىك مەيداندەك، سىمونت زاۋۇتىدەك ئۇنچىۋالا كىچىكمۇ ئەمەس ئىكەن. شەھەر تۇرمۇشى مېنىڭ بېكىنمە روھىي ھالىتىمنى بىراقلا ئۆزگەرتىۋەتتى. ئادەم دېگەننىڭ جاھانغا بىرلا قېتىم كېلىدىغانلىقىنى، ھاياتنىڭ شۇنچىلىك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى، بىر كۈننىڭ سەن يىغلىساڭمۇ، كۈلسەڭمۇ ئوخشاشلا ئۆتۈۋېرىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. شۇنىڭ بىلەن ئاران تەستە بەكمۇ كېچىكىپ قولغا كەلگەن ئوقۇش پۇرسىتىمنى قەدىرلەپ تىرىشىپ ئۆگەندىم. نەچچە يىللىق ئوقۇش ھاياتىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مېنى مەكتەپتە ئېلىپ قالماقچى بولۇشتى. بىراق، مېنىڭمۇ ئويلىغىنىم بار ـ دە، شۇڭا ئىككى تايىن بولمايلا يۇرتقا قايتىپ كەلدىم. ناھىيىلىك پىلان كومىتېتىغا تەقسىم قىلىشتى. ئۇ يەردىمۇ تىرىشىپ ئىشلىدىم. ئىدارە باشلىقى بولدۇڭ، دېدى. ھە دەپ قويۇپلا ئىشىمنى قىلىۋەردىم. كېيىن مېنى ۋىلايەتكە يۆتكەشتى. ھازىرقى ئەھۋالىم ۋە مەنسەپ كۈرسۈمدىن سىلەرنىڭ خەۋىرىڭلار بار. مەن شۇنچە يىلدىن بېرىكى قايتا تەربىيە ۋە كېيىنكى خىزمەت ھاياتىمدىن شۇ نەرسىنى يەكۈنلىدىم. بىر ئىش قىلماقچى بولساڭ، چوقۇم ئەستايىدىل بول، ھەتتا ئۇ يېڭىنىگە يىپ ئۆتكۈزىدىغان ئىش بولسىمۇ! كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەن ۋە تىرىشىپ ئىشلە ! ھەممىدە ئەتراپىڭدىكىلەرنىڭ ھالىغا يەت، ئۇلارغا ئۆز ئەمەلىيىتىڭ بىلەن

ئۇلگە بول ! شۇنداق قىلساڭلا، باشلىغان ئىشلىرىڭ نۇرانە مەنزىلىنى بەرپا قىلالايدىكەن. جاپپارنى مىسال قىلسام، ئۇ يېكەنلىك مەيداندىكى ۋاقتىدا ھېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقماي جىملا يۈرگەن بالا ئىدى. ئۇنىڭ نەدە، نېمە قىلىۋاتقىنى بىزنىڭ نەزىرىمىزگە ئانچە چېلىقمايتتى. ئالىي مەكتەپكە بارغاندىن كېيىن بەكمۇ ياخشى ئوقۇپتۇ. ئوقۇشى تۈگىگەندىن كېيىن مەكتەپتە ئېلىپ قاپتۇ. مەن ئوقۇشقا چىققاندا ئۇ ياپونىيىگە بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتكەنىكەن. كېيىن بىز بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشتۇق. ھازىر سىلەر ئۇنى كۆرسەڭلار چوقۇم تونۇيالمايسىلەر. ئۇ دېگەن شىنجاڭدىلا ئەمەس، مەملىكەت تەۋەسىدىمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى. ئىلمىي لېكسىيە بېرىش ئۈچۈن چەت ئەللەرگىمۇ چىقىپ تۇرىدۇ. بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا ئىبراھىم مۇئەللىم ئالىملار ھەققىدە ھېكايە سۆزلەپ بەرسە، قانداقراق ئادەم ئالىم بولىدىغاندۇ؟ ئالىم دېگەن قانداق بولار؟ دەپ ھەر خىل چىرايلارنى پەرەز قىلىشاتتۇق. مانا، يېكەنلىك مەيدانىمۇ بىر ئالىم يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئۇ بىزنىڭ پەخرىمىز، ئاغىنىلەر!

ھەممەيلەن ھەۋەس بىلەن بىر ـ بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

— ئابدۇسادىقمۇ خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى، — دېدى شەمشىدىن چايدىن بىر ئوتلىۋالغاندىن كېيىن، — ئۇ مۇشۇ نەچچە يىل ئىچىدە ئۈچ رومان، نۇرغۇن ھېكايە يازدى. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى قويماي ئوقۇپ كېلىۋاتىمەن. ھەربىر پارچە ئەسىرىدە يېكەنلىكنىڭ سايىسى بار. ئۇ ئۆتكەن كۈنلەر ھەققىدە ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك پىكىرلەرنى قىلىدۇ. ھەربىر پېرسوناژىدىن سىلەرنىڭ سېيمايىڭلار چىقىپ تۇرىدۇ. خۇدايىم قولىغا دەرد بەرمىسۇن، يازغۇچى دېگەن خەلق تەشنا بولغان ئەتىر سوپۇن، ئۇ كىشىلەر قەلبىدىكى دەۋر قوندۇرغان چاڭ ـ توزانلارنى، كىر ـ پاسكىنىچىلىقلارنى يۇيۇپ چىقارغۇچى. شۇڭا،

بىزدە يازغۇچى بولمىسا بولمايدۇ. بىر كىتابتىن مۇنداق بىر گەپنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە، يازغۇچىسى بولمىغان مىللەتنىڭ كەلگۈسىمۇ بولمايدۇ. بۇ گەپنىڭ ھەقىقەتەن جېنى بار. قاسىم پەيزىنىڭمۇ ئەھۋالى ياخشى. ئۇ ھازىر ۋىلايەتتىكى ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ئالىي مەكتەپنىڭ مۇدىرى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ يېكەنلىكتىكى مىجەزى پەقەتلا ئۆزگەرمىدى. ھېلىمۇ شۇنداق كىچىك پېئىل، باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى بىلىدۇ. ھە راست، دىلمۇرات، بىر بالام ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ ئىش كۈتۈۋاتىدۇ دېدىڭمۇ؟

— شۇنداق.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن ئاداش، ئۇ ھازىرچە بىزنىڭ ئىدارىدە ۋاقىتلىق ئىشلەپ تۇرسۇن، كېيىن ئىمتىھانغا قاتنىشتۇرۇپ رەسمىيلەشتۈرۈۋالارمىز. كىچىكلىرى تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرسە، قاسىم پەيزىنى ئىزدە. قاسىم پەيزى دېگەن كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئوبدان ئادەم، بەزى ئىشلارغا ئۇ چوقۇم ياردەم بېرىدۇ. ئارىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالسام مەنمۇ تاپىلاپ قويىمەن. سېنىڭ بالاڭ مېنىڭ بالامغا ئوخشاش، ئۇلار سېنىڭ سەۋەبىڭ بىلەن جاپادا قالسا بولمايدۇ. ناۋادا دادام يېزىغا چۈشمەي ياخشىراق ئوقۇپ، بىرەر ئورۇندا ئىشلەپ قالغان بولسا، بىزمۇ بۇ كۈنگە قالمىغان بولار ئىدۇق دەپ ئويلاپ قالسا، بۇ ھەممىمىز ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. بالىلارنى ئوبدان تەربىيىلىگىن، ئاغىنە.

دىلمۇراتنىڭ چاناقلىرى ياشقا تولدى. ئۇ شەمشىدىننىڭ قولىنى ھاياجان ئارىلىشىپ كەتكەن مىننەتدارلىق ھېسسىياتىدا چىڭ سىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تىلىغا زۇۋان كەلمىگەنىدى. ئۇ كۆز يەتكۈسىز تاقىر سايلىق ئىچىدە چاڭقاپ، ھاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەندە، تۇيۇقسىز بۇلاقنى كۆرگەندەك ھاياجانغا چۆمگەنىدى.

— رەھمەت، — دېدى ئۇ ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — رەھمەت ساڭا،

رەھمەت سىلەرگە، ھەممىڭلەرگە مىڭلارچە رەھمەت. مېنىڭ مۇشۇنداق قۇرۇق رەھمەت دېيىشتىن باشقىسى قولۇمدىن كەلمەيدۇ ئاغىنىلەر. مەندىن يانمىسا خۇدادىن يانار.

— راست، بۇ قېتىمقى يىغىلىشىمىزغا جېلىل سادىق قاتناشمىدىغۇ؟ — خۇدابەردى ئىچىنى كۆيدۈرۈپ تۇرغان بۇ سوئالنى ئاخىر سورىدى، — ياكى بۇ كاتتا غوجامنىڭ بىزدەك ئېغىزىدىن ئۇماچ پۇراپ تۇرىدىغان ساۋاقداشلىرىنى كۆرۈشكە ۋاقتى يەتمەمدىكەن؟

— ھەي، — ئېغىر خورسىندى ئوبۇلتالىپ، — كىيىمىڭدە نىجاسەت بولسا، ھامىنى پۇرىماي قالمايدىكەن. ھازىر دوستىمىزنىڭ ھالى چاتاق، ئاڭلىسام، ئۇنى تەكشۈرۈۋېتىپتۇ، شۇڭا بۇ قېتىمقى يىغىلىشىمىزغا قاتنىشالمىدى.

ئايرىمخانا ئىچى سۈكۈتكە چۆمدى. ھەممەيلەن تاماكىلىرىنى پۇرقىرىتىپ چېكىشكىنىچە بىرپەس ئولتۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئېغىر تىنىقىغا جېلىل سادىققا بولغان سېغىنىش ۋە ئېچىنىشمۇ ئارىلىشىپ كەتكەنىدى...

ئۇلار كەچ كىرگۈچە ئىچىشتى. سىردىشىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنىڭ خېلى كەچ كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلغان شەمشىدىن پېشانىسىگە پاققىدە بىرنى ئۇردى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى ئۇ سورۇندىكىلەرگە قاراپ، — كاللامغا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. بىز ئەتە ئىبراھىم مۇئەللىم بىلەن ھۇسىيىن مۇدىرنى يوقلاپ بولغاندىن كېيىن يېكەنلىككە بېرىپ كەلسەك، قانداق دەيسىلەر؟ ئالدى بىلەن خۇدابەردىنىڭ قارا قۇمچاق گۈلقەلىمىگە سالام بېرىپ، ئاندىن نەجمىدىن، جامال، توختىلار بىلەن كۆرۈشۈپ، ئەينى چاغدا ئۇلارغا بەرگەن ۋەدىمىزنى بىر ئاقلىساق دەيمەن. ئاندىن بۇ قېتىم يىغىلغان قىزلار ئىچىدە سالتاڭ يۈرگەنلىرى بولسا ئوبۇلتالىپقا ئەلچى بولۇپ بېشىنى قوشۇپ قويساق، ئوتتۇز

يىلدىن كېيىنكى يىغىلىشىمىزنىڭ ھەقىقىي مەنىسى بولارمىكىن دەيمەن. قانداق دەيسىلەر؟

— پاھ، يەنىلا باشلىقنىڭ ئەقلى يىراقنى كۆرىدۇ - دە، — دېدى دىلمۇرات لەۋلىرىنى تامشىپ، — بىراق، دوستىمىز ئوبولتالىپنىڭ خوتۇنغا تاۋى قانداقكىن؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سالتاڭ يۈرۈپ كۆنۈپ قالغان ئادەمگە خوتۇن ئال دېسە، نېمە دەر؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە خوتۇن دېگەننىڭ چىقىمى يامان. قورسىقىدىن باشلاپ ئۈستىۋاشلىرىغىچە، ئاندىن روھىي ئوزۇقلىرىغىچە ئىگە بولىدىغان گەپ. ناۋادا ئوبۇلتالىپنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى دات بېسىپ تۇرغان پىچىقى كەسمەس بولۇپ قالغان بولسا، بىز ئەلچىلەرنىڭ يۈزى سۆرۈن بولۇپ، قىزلارنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىك تارتىپ يۈرمەيلى يەنە. ئايالLار ئۈچ ئىشتىن پاناھلىق تىلەپ ئىگەمگە يىغلايمىش، كەسمەس پىچاقتىن، ئوت كۆيمەس ئوچاقتىن، يەنە...

— خاتىرەڭنى جەم قىلە، ئاداش، — دېدى ئوبۇلتالىپ ئۇنىڭ سۆزىنىڭ بېلىگە تېپىپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى چىڭقىلىپ تۇرغان ئامبارنىڭ تۈگىنىنى بىر ئاچىدىغان بولسام، سەن ئەلچىلىكنى قىلغان جۇۋان ھەققىڭدە دۇئا قىلىپ جايىنامازدىن چۈشمەيدۇ.

ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

— ناۋادا يېكەنلىككە بارىمىز دېسەڭلار، قوي سويۇپ مېھمان قىلاتتىم، — دېدى خۇدابەردىمۇ خۇشال بولۇپ، — ئاشۇ چاغدىكىدەك گۈلخان سېلىپ تاڭ ئاتقۇچە مەشرەپ قىلاتتۇق.

— بۇ گەپنى بايىلا دېيىشكەنىدۇققۇ؟ يېكەنلىككە چوقۇم بارىمىز. خۇدابەردىنىڭ ئادەم كىرسە چىققۇسى كەلمەيدىغان باغچىسىنى زادى بىر كۆرمەي بولمايدۇ. ماشىنىنى مەن چىقىرىمەن. ھۇسىيىن مۇدىرنىمۇ ئېلىۋالايلى. ئۆتكەن كۈنلەرنى قايتىدىن ئەسلەش ئادەمنى ياشارتىۋېتىدۇ. بولۇپمۇ ياشلىق

چاغلىرىڭ ئۆتكەن يەرلەرنى كۆرۈش تېخىمۇ شۇنداق. ھەي، شۇ تاپتا بەكمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىمەن جۇمۇ.

شەمشىدىن ئوبۇلتالىپنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى لىڭشىتتى ۋە ئاخىرقى ئىككى رومكىنى خۇدابەردى بىلەن سوقۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى بەختىيارلىق ئىلكىدە چاقناپ كەتكەنىدى.

## 37

يەتتە ئادەم چۈشكەن بولكىۋاي ماي ياتقۇزۇلغان يولدا غۇيۇلداپ ماڭماقتا ئىدى. كۈز شاملى تۆكۈپ تۇرغان ئالتۇن رەڭ ياپراقلار ماشىنىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ خېلى بىر يەرگىچە ئۇچۇپ بېرىشاتتى. يول بويلىرىدىكى غۇچچىدە قىزىرىپ پىشقان جىگدىلەر، ئوتقاشتەك جۇلالاپ تۇرغان ئۆرۈك غازاڭلىرى، ئۇستا رەسسامنىڭ قولىدىن چىققان ماي بوياق رەسىمنى ئەسلىتىدىغان توغراقزارلىقلار، قوناقلىرى چېپىۋېلىنغان، كۈزگى تېرىپ تاختىلانغان ئېتىزلار، ئاپتاپلىقتا پارقىراپ تۇرغان قوناق خامانلىرى، يىراق - يىراقلاردا ئوتلاۋاتقان قوي پادىلىرى...ھەممە نەرسىدىن بىر خىل سېغىنىش پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. ماشىنىنى ئوبۇلتالىپ ئۆزى ھەيدىگەن بولۇپ، ئالدى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ھۇسىيىن مۇدىر قولىياغلىقى بىلەن ياشاڭغۇراپ تۇرغان كۆزلىرىنى دەممۇدەم سۈرتمەكتە ئىدى. ماشىنىنىڭ ئالدى ئورۇندۇقىدا ئايشەم، دىلمۇرات، شەمشىدىنلەر، كەينىدىكى ئورۇندۇقىدا ئايجامال بىلەن خۇدابەردى يانمۇيان ئولتۇرغانىدى. بۇلارنىڭ يېكەنلىك مەيدانىغا بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئايجامال بىلەن ئايشەم بىزنىمۇ ئېلىۋالساڭلار، دەپ تۇرۇۋالغانىدى. ئۇلار بۇنىڭدىن ئوتتۇز نەچچە يىل بۇرۇن توپىلىرى ئۆرلەپ تۇرىدىغان بۇ يولدا قارا ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ماڭغانىدى. مەيدىسىگە گۈل

قاداپ، تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچ بىلەن كەلگۈسىگە تەلپۈنۈپ ماڭغان ياشلارنىڭ يۈرىكى ئۇچۇشقا تەمشەلگەن قۇشتەك سەكرىشەتتى. مانا ئەمدى... ئاشۇ چاغدىكىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەن ئاسفالىت يولدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، بىر ئىشلارغا ئاسانلىقچە ھاياجانلانمايدىغان، يۈرىكى تۇرمۇش دوقاللىرىدا قېتىپ كەتكەن بىر توپ ئوتتۇرا ياشلىقلار كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ چاغدىكى قىزغىنلىقى بىلەن ھازىرقى روھىي ھالىتىنى سېلىشتۇراتتى. دېرىزىدىن قاراپ غۇيۇلداپ ئۆتۈۋاتقان مەنزىرىلەردىن ئۆزىگە تونۇش بولغان بىرەر بەلگىنى تاپماقچى بولغاندەك ئەتراپقا سىنچىلاپ قارىشاتتى. ئۆتمۈش ئەستىلىكلىرى بىلەن ھازىرقى ئوي - خىياللىرىنى باغلىماقچى بولاتتى. ئۇلارنىڭ نۇرغۇن گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرى پايخان بولغان بۇ زېمىنمۇ ئۇلارغا يۈز كېلەلمەيۋاتقاندەك سۈكۈتكە پاتقانىدى.

— ئايجامال، — دېدى خۇدابەردى دېرىزە كۆزنىكىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن مەيىن شامالدا چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ھەمراھىغا قاراپ، — ئۆزىڭىز ھەققىدە كۆپرەك سۆزلەپ بەرسىڭىز بولاتتى. ئاشۇ قېتىم سىز يېكەنلىكتىن كەتكەندىن كېيىن، ناھىيىلىك زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىغا ئىشقا چۇشۇپتۇ، دەپ ئاڭلىغۇدىم. بىر ناھىيىدە بولغاندىكىن، پۇرسەت بولسا كۆرۈشۈپ تۇرارمىز دەپ ئويلىغان، كېيىن ئۆزۈم يېكەنلىككە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدۇم. سىزنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىڭىزدىن خەۋەرسىزمەن، شۇنىڭدىن كېيىن نەلەردە بولدىڭىز؟

— ھەي، نېمىسىنى سورايسىز، خۇدابەردى؟ — ئايجامال ئۇنىڭ ئاقارغان چېكە چاچلىرىغا نەزەر تاشلىغىنىچە چوڭقۇر خورسىندى، — بىر ئايالنىڭ تارتقۇلۇقى تۈگىمىسە، ئۇ مەيلى نەدە بولسۇن، ھامان پېشانىسىگە پۈتۈلگىنىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىكەن، ئاشۇ قېتىم قۇ مۇدىر يېكەنلىك مەيدانىغا

بارغاندا ماڭا تالاي ۋەدىلەرنى بېرىپ كەتكەندى. مەنمۇ يېكەنلىكتىن، ئېنىقىنى دېسەم توختايۇپتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا ماقۇل بولغاندىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق ئۆتمەي مېنى زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىغا چاقىرتىشتى. سىز بىلەن خوشلاشماي مېڭىشقا كۆڭلۈم ئۇنىماي سىزنى ئىزدەپ باردىم. ئاددىيلا خوشلاشتۇق، كۆڭلۈمدە بىر ھېسابتا بۇمۇ بولغىنى، ئۇنىڭغا يۈز كېلەلمەي سىقىلىپ يۈرگەندىن بۇ يەردىن تېزرەك كەتكىنىم ياخشى دەپلا يولغا چىقتىم. بىراق، زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىغا كەلگەندىن كېيىن، يۈز بەرگەن ئىشلارنى سىزگە قانداق ئېيتىشنىمۇ بىلەلمەيۋاتىمەن. ھېلىقى قۇ مۇدىر دېگەنمۇ توختايۇپتىن قېلىشمىغۇدەك ئادەم ئىكەن. زىيالىي ياشلار ئىشخانىسىغا كەلگەن تۈنجى كۈنۈملا ئۆزىچە شالۋاقلىرىنى ئېقىتىپ ماڭا ساقال تاشلىدى. مەن ئۇنىڭغا قاتتىق ئالايدىمۇ، باشقا گەپ قىلمىدىم. ماڭا جاھان يەنىمۇ تارلىشىپ كەتكەندەك بىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىشخانىدا ئادەم بولمىسىلا قوناقنى جىق يەۋالغان خورازدەك بازغىپ، ماڭا قانات سۆرىگىنى سۆرىگەن. بىر قېتىم ئۇ مېنى كۆتۈرۈپلا ئۇستەلگە باستى. دەل شۇ چاغدا ئىشخانىغا جېلىل سادىق كىرىپ قالدى. ئۇنى كۆرۈپ خۇددى قۇتقۇزغۇچى خىزىرنى كۆرگەندەك بەكمۇ خۇشال بولدۇم. بىراق، جېلىل سادىق ئەربابتىن ئۆزرە سوراپ ئۆزىنى ئىتتىكلا دالدىغا ئالدى. نومۇستىن يۈرىكىم ۋاژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. نەچچە يىل تۈز بەرگىنىمنىڭ ھەققىگە جېلىل سادىق ماڭا قارانچۇقچىلىك بولسىمۇ ئەسقاتالمىدى. ئىشخانىدا يالغۇز قالغان قۇ مۇدىر يەنە ئەلپازىنى بۇزۇپ ماڭا تاشلاندى. شۇنىڭ بىلەن كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. بىر چاغدا قارىسام، قۇ مۇدىرنىڭ چېكىسىدىن قان ئېقىۋېتىپتۇ. ئەسلىدە ئۇستەل ئۈستىدىكى كولداننى ئېلىپلا ئۇنىڭ بېشىغا سالغانىكەنمەن. مەن نېمە دەيمەن؟ ھەممە دەردىمنى لېۋىمدىن ئالماقچى بولغاندەك

قاتتىق چىشلىدىم. شۇ ئىشتىن ھەپتە ئۆتۈپ ئۆزۈمنى يېمەك - ئىچمەك شىركىتىدە كۆردۈم. ھەي، بۇ دۇنيادا ئايال بولۇش بەك تەس ئىكەن، بولۇپمۇ چىراي - شەكلى قاملاشقان ئايالنىڭ ياشىمىقى ئاسان ئەمەس ئىكەن، خۇدابەردى. مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كەلگۈلۈكلەرنى خۇدايىم بەندەم دېسە، قىزلىرىمنىڭ بېشىغا سالمىسۇن. ئارىدىن شۇنچە يىل ئۆتۈپ بىر قېتىملىق سورۇندا ھېلىقى قۇ مۇدىر مەستلىكىدە مېنىڭ گېپىمنى چىقىرىپتۇ. ئۆزىچە مېنى ئەينى چاغدا ئۇنداق قىلغانمەن، مۇنداق قىلغانمەن، دەپ بىرمۇنچە پو ئاتقان بولسا كېرەك، شۇ سورۇندا ئېرىممۇ بار ئىكەن. ھەي، توختايۇپنىڭ ھىيلە - مىكىرى، زورلۇق - زومبۇلۇقى بىلەن يېكەنلىكتە سىزدىن ئايرىلغانىدىم، ئەمدى كېلىپ قۇ مۇدىرنىڭ مەستلىكتىكى ئالجوقا گەپلىرى بىلەن ئېرىمدىن ئايرىلدىم. ئۇ شۇ ئاخشامدىن باشلاپ ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ھازىر ئۈچ بالامنى بىر يالغۇز بېقىۋاتىمەن. كېيىن ھېس قىلدىمكى، باشقىلاردىن زىيادە ئۈمىد كۈتۈش ھاماقەتلىك ئىكەن. تۇرمۇشتا ئۆزۈڭگە، خىزمەتتە قابىلىيىتىڭگە تايانمىساڭ، باشقىلارغا ئۈمىد تۇلپىرىڭنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ قويساڭ، كۆرىدىغىنىڭ ئارزۇيۇڭنىڭ ئەكسىچە مەنزىرە بولىدىكەن. مەنمۇ نەچچە قېتىم بۇرنۇمغا يېگەندىن كېيىن، ھەممىشە سەندىن پايدا ئالساملا دەپ تۇرىدىغان ئۇنداق ناكەسلەرگە يېلىنمايدىغان بولدۇم. ھازىر گەرچە مەن ئىشلەۋاتقان يېمەك - ئىچمەك شىركىتى ۋەيران بولغان بولسىمۇ، يېكەنلىكتە ئۆگەنگەن ئاشپەزلىك ھۈنىرىم ئەسقېتىپ قالدى. بىر ئوبدان ئاشخانا ئېچىۋالدىم. سودامۇ ياخشى...

خۇدابەردى يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قېتىدىن چىقىرىپ ئۇھ تارتتى. ئايجامال ئۇنىڭ سولغۇن يۈزىگە، پاخپىيىپ قالغان چاچلىرىغا قاراپ ئېغىر خورسىندى.

— سىزنىڭمۇ چېكىلىرىڭىزگە ئاق كىرىپتۇ، — دېدى ئۇ

خۇدابەردىنىڭ ئاق چاچلىرىنى سىلاپ قويۇپ، — يىللار ئادەمگە باقمايدىكەن، ئاشۇ چاغدىكى شوخ، جەسۇر، ئۆتكۈر، بىراق سەل تارتىنچاق بىر يىگىتنى قانداقسىگە مۇنچە تېز قېرىتىۋەتكەن — ھە؟ ئويلىسام، شۇ ئىشلار تېخى تۈنۈگۈن يۈز بەرگەندەكلا تۇيۇلىدۇ. ھاياتتا كۈنلەر تەس كەچ بولغان بىلەن يىللار شامالدەكلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن، ھەممىمىز شۇنداق تېز قېرىپ كېتىپتۇق، خۇدابەردى.

— شۇنداق، — دېدى ئۇ يىراقلارغا تىكىلگىنىچە، — ھەممەيلەن پېشانىمىزگە يېزىلغاننى كۆردۇق. تارتقۇلۇقىمىز ھېلىھەم تۈگىگىنى يوق. ھەممەيلەننىڭ ئۆزىمىزگە يارىشا دەردىمىز بار.

ئۇلار بىر - بىرىگە يۆلەنگىنىچە جىم بولدى. ماشىنا ئىچىدە ماتورنىڭلا گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— راست، توختايۇپنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ — سورىدى خۇدابەردى.

— مەن بىر ئۆمۈر مۇشۇ ئىشىمدىن نەپرەتلىنىپ كەلدىم، — دېدى ئايجامال تۇزۇپ تۇرغان چاچلىرىنى ئوڭشىغاچ، — سىز رۇخسەت ئېلىپ يۇرتقا كەتكەن ئاشۇ ۋاقىتتا بۇ ئادەمنىڭ ماڭا قىلغىنى ئۆمۈر بويى ئېسىمدىن چىقمايدۇ. ئۇ كۈنى توختايۇپ مېنى ياتىقىغا چاقىرتىپتۇ. كىرسەم، جېلىل سادىق يەڭلىرىنى جەينىكىگىچە تۈرۈۋېلىپ، كالتە ئىشتان بىلەنلا دۈم ياتقان توختايۇپنىڭ ئۇچىسىنى تۇتۇۋاتقانىكەن. مېنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تاتىراڭغۇ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى. ئېسىقتەك ياتقان توختايۇپنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ دەرھال چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم. بىراق، جېلىل سادىق شەيتاندەكلا كۆزدىن غايىب بولدى. توختايۇپ بولسا سەكرەپ قوپۇپ مېنى كارىۋاتقا باستى... ۋارقىرىدىم، يالۋۇردۇم، يېلىندىم، يىغلىدىم، ھەممىسى بىكار بولدى. ياتاقتىن قانداق چىققىنىممۇ ئېسىمدە يوق، ئەرز قىلايمۇ دېدىم، بىراق ئۇنىڭغا

قانۇنىنىڭ كۈچى يەتكەن بىلەن، مېنى نومۇس كۈچى بىر ئۆمۈر ئازابلايدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ يۈزىگە قارىيالماي ئۆتىدىغان كۈنلىرىمنىڭ شۇنىڭ بىلەن باشلىنىدىغانلىقىنى ئويلاپ، دەردىمنى خۇداغا قويدۇم. ئاشۇ ئىشتىن كېيىن سىزگە قارايدىغان يۈزۈم يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمنى سىزدىن چەتكە ئالدىم... يېكەنلىكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاشۇ ئىش تۈپەيلى ئۆزۈمنىڭ بىر ئۆمۈر بەختسىز بولۇپ قالغىنىمنى ھەقىقىي ھېس قىلدىم. ھەي خۇدابەردى، پىغانىم ئۆرلەپ قالغان كۈنلىرى سىزنى ئويلايمەن، باشقىلاردىن ئازار يەپ قالغان چاغلىرىمدا سىزنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرىمەن. بىراق، نېمە ئامال؟ چىققان كۆزنى جايىغا كەلتۈرمەك ئادەم بالىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن. مەن ئەمدى بۇ دۇنيادىن مۇشۇنداق ھەسرەت يۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. نەچچە يىل ئىلگىرى توختايۇپنىڭ ئېغىر كېسەل بولۇپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغىنىنى ئاڭلىدىم. گەرچە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن يامانلىقلارنى كۆرگەن ۋە ئۆمۈر بويى نەپرەتلىنىدىغان بولساممۇ، يەنىلا يوقلاپ قويۇش نىيىتىگە كەلدىم. دوختۇرخانىغا بارسام، ئۇ ئاللىقاچان ئادەم تونۇماس بولۇپ قاپتىكەن. ئۇنىڭغا قاراۋاتقان شىرەم تۇغقىنىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ زۇۋاندىن قالغىنىغا ئۇزاق بوپتۇ. ھازىر تەرىتىنىمۇ تۇتالمايدىكەن، ياتاق ئىچىنى سېسىقچىلىق قاپلاپ كەتكەنىدى. مەنمۇ ئۇزاق تۇرالمىدىم. خۇدانىڭ ئارغامچىسى ئۇنچىۋالا ئۇزۇنمۇ ئەمەس ئىكەن، ھەممە ئادەم ئۆزى تېرىغاننىڭ ھوسۇلىنى ئالىدىكەن. گەرچە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىچ ـ ئىچىمدىن نەپرەت قايناپ تۇرسىمۇ، يەنىلا كۆڭلۈم يېرىم بولدى. ئاپارغان سوۋغىلىرىمنى كېسەلگە قارىغۇچىغا بېرىپلا قايتىپ كەلدىم. كۆپ ئۆتمەي ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. مانا، ھايات دېگەن شۇنچىلىكلا نەرسە، ئاشۇ چاغدا ئۇ يېكەنلىكتە خۇددى ئۆلمەيدىغاندەك ياشايتتى،

ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى. ئاڭلىسام، ياراتقان ئىگەمنىڭ ئەڭ ئۆچ كۆرىدىغىنى تەكەببۇرلۇق ئىكەن، توختايۇپ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا شۇ قىلمىشىنىڭ جازاسىنى تارتتى.

خۇدابەردى يەنە بىر قېتىم ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا جېلىل سادىقنىڭ ئاشۇ چاغدىكى مەسخىرە كۈلكىسى پارلاپ تۇرغان چىرايى قايتىدىن زاھىر بولدى. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى.

ماشىنا ئالاھازەل ئۈچ سائەتتەك مېڭىپ «راكېتا» بىلەن يېكەنلىك مەيدانغا تۇتىشىدىغان ئاچا يول ئېغىزىغا كېلىپ قالدى. ئۇبۇلتالىپ ماشىنىنى توختاتتى. چوڭقۇر خىياللار قوينىغا غەرق بولغان ئايجامال بىلەن خۇدابەردى ماشىنىنىڭ تورمۇزلىنىشى بىلەن چۆچۈشكىنىچە ئېسىگە كەلدى. دېرىزىدىن ئۇرغۇپ كىرگەن شامالدا چاچلىرى تۇزۇپ كەتكەن ئايجامال كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا باشقىلارغا ئەگىشىپ ماشىنىدىن چۈشتى.

يولنىڭ نېرىسىدا، سارغىيىشقا باشلىغان قومۇش، يۇلغۇن، چېقىرتىكەن، بۇيا، لويىلىلارنىڭ ئۇستىدىن بىر پارچە ئورمانلىق كۆزگە چېلىقتى. ئاشۇ قارىيىپ كۆرۈنگەن ئورمانلىقلارنىڭ ئۇستىدە توپ - توپ كەپتەرلەر ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. شېرىن پىچىرلاپ تۇرغان كۆز شامىلى مەي باغلاپ پىشقان ئالمىلارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى. ھەممە ياقتىن مول ھوسۇل شادلىقى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

خۇدابەردى ئاشۇ كۆز يەتكۈسىز قۇم بارخانلىرى قورشاۋىدا تۇرغان بىر پارچە بوستانلىققا پەخىرلىك تۇيغۇلار ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرىدە قاراپ قويدى. دېمىسىمۇ يېكەنلىكنىڭ ئاسمىنىدا ئىلگىرىكىدەك قۇم - بوران ئەمەس، ئۆتكۈر مېۋە ھىدى كېزىپ يۈرەتتى.

— ياز كۈنلىرى يېكەنلىك مەيدان خۇددى ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ

ياپيېشىل ياقۇت كۆزىدەك شۇنداق چىرايلىق كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئۇ چىرايىغا تەپكەن مەمنۇنىيەت كۈلكىسىنى باسالمىغان ھالدا.

— ماشىنىغا چىقىڭلار، — دېدى ئوبۇلتالىپ ھاياجان ئىلكىدە، — بىز ئەمدى خۇدابەردىنىڭ بېغىغا بارايلى، باغ دېگەننى يىراقتىن ئەمەس، ئىچىگە كىرىپ تاماشا قىلسا پەيزى بولىدۇ.

ئۇ بىر ئوچۇم توپىنى قولىغا ئېلىپ بارماقلىرى ئارىسىدىن قويۇۋەتتى. يىرىك قۇمساڭغۇ توپىراق مەيىن شامالدا پۇرۇلداپ ئۇچۇپ كەتتى.

ماشىنا قوزغىلىپ، يېكەنلىك مەيدانىغا تۇتىشىدىغان يولغا كىردى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تاشلىنىپ قالغان ئېتىزلاردا قومۇشلار بولۇق ئۆسكەنىدى. كۆز شامىلى ئويناۋاتقان قومۇش پۆپۈكلىرى لەرزان يەلپۈنەتتى. تاشلاندۇق يەرلەردە ئۆسۈپ قالغان يۇلغۇنلار، چېقىرتىكەنلەر، بۇيا - قامغاقلار پۈتۈنلەي قۇرۇغان، ئۇلارنىڭ ھاياتقا تەۋە رەڭگى - روخسارىدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ماشىنا ئەينى چاغدىكى ئىككى رەت قىلىپ سېلىنغان ياتاقلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ھەممەيلەننىڭ كۆزلىرىدىن يامغۇردەك ياش قۇيۇلدى. زەيلەپ تۈۋى بوشىغان ياتاقلار بىر تەرەپكە قىڭغايغان بولسىمۇ، ئەينەن ساقلىنىپ قالغانىدى. ئۇلارنىڭ يوغان، كۆركەم دېرىزىلىرى شۇ پېتىچە تۇراتتى. كەڭرى مەيدانغا بېتون ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ يەردە سىرلىرى پارقىراپ تۇرغان تراكتور، چاتما كوزۇپ، تېرىقچىلىق سايمانلىرى قويۇلغانىدى. بىرنەچچە ئايال باش كۆتۈرمەستىن مەيداننى تازىلاۋاتاتتى. شەمشىدىن بىر قاراپلا ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى خانزادىنى تونۇدى. قەددى سەل ئېگىلگەن، چاچلىرىغا ئاق كىرگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جىسمىدىن چاققانلىق، تېتىكلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشتا پىشقان يېزا ئاياللىرىغا خاس تىمەنلىكنى ساقلاپ قالغانىدى.

ئايجامال بىلەن ئايشەم ئۇن قويۇپ يىغلىۋەتتى. ئايجامال

يىغلىغىنىچە بىرىپ، ئەينى چاغدا ئۆزى ئاشخانا قىلغان ئۆينىڭ تاملىرىغا چوڭقۇر سېغىنىش ئىلكىدە يۈزىنى ياقتى. ئۇنىڭ ئازاب ئىسكەنجىگە ئالغان تۇرقىدىن ئۆتكەن كۈنلەرنى سېغىنىش، ئۆزى ئېرىشكەن ۋە قولدىن بېرىپ قويغانلىرىغا نىسبەتەن پۇشايمان، ئۆكۈنۈش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەممەيلەننىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى....

— ئاۋۇ كۆرۈنگەن بىزنىڭ ئۆي، — دېدى خۇدابەردى ياتاقلارنىڭ كەينىدىكى دۆڭگە سىلىنغان، چەللىلىرىدىن قومۇش پىچىنىمىنىڭ قۇلاقلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بىر قورۇنى كۆرسىتىپ، — ماۋۇ ياتاقلاردا نەجىمىدىنلەر تۇرىدۇ. مەن ئۇلارغا تونۇگۈنلا تېلېفون بېرىۋەتكەن، ئېھتىمال ئۇلار تەييارلىقلارنى گۈل - گۈلىگە كەلتۈرۈپ قىلىپ بولدى. بۈگۈن كەچ ئاياغقىمىدا گۈلخان سېلىپ، ئاشۇ چاغدىكىدەك مەشرەپ ئوينايمىز، ئاغىنىلەر. ھوي، قاراڭلار، بىزنىڭ قارىۋايمۇ ئاچىسى بىلەن ئۆپكە قويۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟

پاكىز سۈپۈرۈلگەن مەيداننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى لەمپىنىڭ ئاستىدا ئىككى ئايال ئۆپكە قۇيماقتا ئىدى. ياغاچ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ شىرە سىقىۋاتقان، ياغلىقىنى كەينىچىلەپ چىگىۋالغان بىرى ئۇلارغا قاراپ پىسىڭغىدە كۈلۈپ قويدى. ئۇنىڭ ئاپتاپ كۆيدۈرگەن قارامتۇل يۈزىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى پارقىرايتتى. ئاشۇ كۈلكىسىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ مەڭزىدە چىرايلىق ئىككى قاينام پەيدا بولدى. خۇدابەردىمۇ كۈلكىگە جاۋابەن قولىنى پۇلاڭلاتتى...

— سەن بۇ يەردە يېكەنلىكىنلا كۆكلەتمەپسەن، — دېدى ئوبۇلتالىپ ھەييارلىق بىلەن سول كۆزىنى قىسىپ قويۇپ، — قارىغىنا گۈلقەلىمىڭنى، ئۇنىمۇ قويۇۋاتقان ئۆپكىسىدەك سەمىرىتىپ، پارقىرىتىۋېتىپسەن ئەمەسمۇ، خۇدابەردى؟

— شۇنداق، خوتۇن كىشىمۇ ئېغىلىڭدىكى ساغلىقىقا

ئوخشايدۇ، ئوبدان بىقىش تاپسا سەمرىيدۇ، ئوبۇلتالىسپ.

ھۇسىيىن مۇدىرنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈپ كېتىشتى.

دەل شۇ چاغدا مەيدانغا تونۇر كاۋىپىنىڭ مەززىلىك ھىدى تارىدى. ھەممەيلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشتى، نەجمىدىن بىلەن جاپپار قىزىرىپ پىشقان بىر قوينىڭ كاۋىپىنى كۆتۈرگىنىچە ياتاقنىڭ كەينىدىن چىقىپ كېلىشتى. ئۇلار خۇدابەردىنىڭ يېنىدا تۇرغان شەمشىدىنلەرنى كۆرۈپ، كاۋاپنى بىر ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويۇشتى ـ دە، غۇلىچىنى كەڭ ئاچقىنىچە ئۇلار تەرەپكە ئېتىلدى...

شەمشىدىنمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا نەجمىدىن بىلەن خۇدابەردىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلىدى. قالغانلارمۇ بىر ـ بىرلەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى. ھەممەيلەن قايتىدىن قۇچاقلىشىپ، بىر گەۋدىگە ئايلاندى.

— سەن بۇ يەرنىڭ تىرىك شاھىتىغا ئايلىنىپسەن، — دېدى ھۇسىيىن مۇدىر بوغۇلۇپ تۇرۇپ، — ئەينى چاغدا ساڭا بەكلا ئۇۋال بولغاندى. بىراق، سەن بۇنىڭلىق بىلەن تۈگىشىپ كەتمەپسەن. سېنىڭ ئاشۇ چاغدىكى دوستلىرىڭغا زور ئەقىدە باغلاپ، يېكەنلىكنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرمەي كەلگىنىڭدىن بەكمۇ سۆيۈنۈۋاتىمەن. راست، بۇ يەر ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىدىغان باغچىغا ئايلىنىپتۇ. ئەجرىڭگە بارىكاللا. كەل بالام، سېنى ئوبدانراق بىر باغرىمغا بېسىۋالاي.

ھەممەيلەن باچكىلىرىدىن ئايرىلغان دەمدەردەك بوقۇلداپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇ يىغىسىغا ئۆتمۈش خاتىرىلىرى-مۇ، يېكەنلىكنىڭ ئەينى چاغدىكى ۋەيرانە ھالىتىمۇ، بوگۇنكى مول ھوسۇللۇق قۇچاقلىرىمۇ، كېلەچەكنىڭ گۈزەل كۆرۈنۈش-لىرىمۇ سىڭىپ كەتكەندى. ئۇلارنىڭ كۆز يامغۇرىدەك تۆكۈلۈۋات-قان ئاچچىق ياشلىرى يېكەنلىكنىڭ قۇمساڭغۇ توپىلىرىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭمەكتە ئىدى...

# جەزىرە (رومان)

ئاپتورى: تۇرسۇنجان مۇھەممەت
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزۇگۇل كېرەم
تەكلىپلىك كوررېكتورى: ۋەلى زەيدۇن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 2827472 - 0991
پوچتا نومۇرى: 830001
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
فورماتى: 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 15.875
قىستۇرما بېتى: 2
نەشرى: 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 5000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-228-12647-7
باھاسى: 36.00 يۈەن